# حُقُوقٌ و وَاجِبَاتٌ

## شَرَعَهَا اللهُ لِلْعِبَاد

## اللّه تائالا بەندىلەرگە بېكىتكەن

# ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر


ئەبۇ بەسىر تارتۇسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ سالاھىدىن



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

# حُقُوقٌ و وَاجِبَاتٌ

## شَرَعَهَا اللّٰهُ لِلْعِبَاد

اللّٰه تائالا بەندىلەرگە بېكىتكەن

# ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر

ئەبۇ بەسىر تارتۇسى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ سالاھىدىن

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.......................... 3

مۇقەددىمە.......................... 4

الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 8

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 35

ساھابىلەرنىڭ ھەقلىرى.......................... 60

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 138

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 179

ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى.......................... 210

ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى.......................... 238

مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 260

الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ھەقلىرى.......................... 307

قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 327

مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 343

پۇقرالارنىڭ ئەمىر ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 374

ئالىمنىڭ ھەقلىرى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى.......................... 395

مېھماننىڭ ساھىبخانا ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 434

نەپسىنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 465

مالنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 497

يولنىڭ ھەقلىرى.......................... 541

خىزمەتكار ۋە قۇللارنىڭ خوجايىنى ئۈستىدىكى ھەقلىرى.......................... 555

يېتىمنىڭ ھەقلىرى.......................... 592

مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدىلەشكەن زىممىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ........ 604
ھايۋاناتلارنىڭ ھەقلىرى ........ 626
جىننىڭ ھەقلىرى ........ 663
خاتىمە ........ 671

# كىرىش سۆز

ئۇشبۇ كىتابىمنى يۇرەك پارىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشىش پىراقىدا ئۆتتۈز يىلدىن بېرى كۆزى ياشتىن قۇرۇمىغان، بېلى مۇكچەيگەن، تېنى ئاجىزلىغان بىر ئايالغا بېغىشلايمەن. ئوغۇللىرىغا ئىلىم ئۆگىتىشتە كۆز ياشلىرى سىياھ بولغان، كۆچەتلىرى مېۋە بەرگەنگە قەدەر ئۇنى سۇغا قاندۇرغان بىر ئايالغا ھەدىيە قىلماقچىمەن، ئۇ ئايال دەل مېنىڭ ئانامدۇر. الله تائالا ئانامنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئاخىرقى نەتىجىلىرىنى گۈزەل قىلسۇن، ئانامنى ئانا ئۆز بالىسى سەۋەبلىك ئېرىشىدىغان ئەڭ ياخشى مۇكاپات بىلەن مەمنۇن قىلسۇن!

شۇ ئانىنىڭ يۈرەك پارىسى ۋە كۆز ياشلىرىنىڭ مېۋىسى ـــ ئابدۇلمۇئمىن.

# مۇقەددىمە

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار الله قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە الله ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّه حَقَّ تُقَاتِهِ وَلا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمُ الَّذِي خَلَقَكُمْ مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنْهَا زَوْجَهَا وَبَثَّ مِنْهُمَا رِجَالاً كَثِيراً وَنِسَاءً وَاتَّقُوا اللَّه الَّذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّه كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيباً**﴾ «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[②].

---

[①] سۈرە ئال ئىمران 102 ـ ئايەت.

[②] سۈرە نىسا 1 ـ ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّه وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا۝ يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعِ اللَّه وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا۝﴾ «ئى مۇئمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار [70]. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ [71]» ①.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئەڭ راست سۆز الله تائالانىڭ كىتابىدۇر. توغرا يول مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىدۇر. ئەڭ يامان ئىش يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلاردۇر. يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەممە ئىش بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقتۇر، ئازغۇنلۇقنىڭ ھەممىسى دوزاختا بولىدۇ». ②

كۆنىمىزدىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن كىشى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ماتالىرىغا چۆكۈپ ئاخىرەتنى ئۇنتۇغانلىقىنى ھەمدە الله تائالا بەندىلەرگە پەرز قىلغان شەرئىي مەجبۇرىيەتلەر ۋە ھەقلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ناھەقچىلىك، زۇلۇم ۋە سەل قاراشنىڭ ھەممە ساھەلەردە كەڭ ئەۋجگە چىققانلىقىنى ئويلاپ يېتەلەيدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىنسانلارغا ۋاجىب بولغان شۇ ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر ھەققىدە ئىزدىنىشنى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارىدىم. بۇ ھەقتىكى ھەدىس ۋە ئەسەرلەردىن سەھىھ بولغانلىرىنى چۈشىنىشلىك ھالەتتە بايان قىلدىم.

بارلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئۇشبۇ كىتابنىڭ ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئايرىلالمايدىغان، ھەربىر مۇسۇلمان كىشى يېنىدا ساقلاشقا تېگىشلىك بىر كىتاب بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇڭلاشقا بۇ كىتابتىن ھەرقانداق مۇسۇلمان ئايرىلالمايدۇ.

① سۈرە ئەھزاب 70 ـ، 71 ـ ئايەتلەر.

② نەسائى توپلىغان.

ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىگە خاس ۋە مۇھىم بولغان كۆپىنچە قىيىنچىلىقلىرىنى بۇ كىتاب ئارقىلىق ھەل قىلالايدۇ. بۇ كىتاب ھەربىر مۇسۇلماننىڭ يېنىدىن ئايرىمايدىغان قىممەتلىك ھەمراھى بولۇشقا لايىقتۇر. مۇسۇلماننىڭ مەرتىۋىسى ۋە خىزمىتى قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇ كىتابتىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

ئۇشبۇ كىتاب تۆۋەندىكى ھەقلەرنى بايان قىلىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ:

1. الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
2. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
3. ساھابىلەرنىڭ (الله  ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ھەقلىرى؛
4. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
5. پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
6. ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى؛
7. ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى؛
8. مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
9. الله  يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ھەقلىرى؛
10. قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
11. مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ پۇقرالار ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
12. پۇقرالارنىڭ ئەمىر ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
13. ئالىمنىڭ ھەقلىرى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى؛
14. مېھماننىڭ ساھىبخانا ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
15. نەپسنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
16. مالنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛
17. يولنىڭ ھەقلىرى؛
18. خىزمەتكارنىڭ ئۇنى ئىشلەتكەن كىشى ئۈستىدىكى ۋە قۇلنىڭ خوجايىنى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛

19. يېتىمنىڭ ئۆزىگە كېپىل بولغان كىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛

20. مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدىلەشكەن زىممىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى؛

21. ھايۋاناتلارنىڭ ھەقلىرى؛

22. جىننىڭ ھەقلىرى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھەرخىل سەۋىيەدىكى ئوقۇرمەننىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ھەدىسلەردىن ئېلىنغان بەزى فىقھى مەسىلىلەرنى ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، ھەدىسلەردىكى يېڭى سۆزلەرنى مۇۋاپىق ھالەتتە شەرھلىدىم. بۇ كىتابىمنىڭ نامىنى «الله تائالا بەندىلەرگە بېكىتكەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر» دەپ ئاتىدىم.

الله تائالادىن ھەقكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى ۋە كىتابىمنىڭ ئاسمان ـ زېمىندا قوبۇل قىلىنىشىنى ھەمدە بۇ ئەمەلىمنى ياخشىلىقنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە يامانلىقنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب قىلىشىنى سورايمەن! الله تائالا ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە بەكمۇ يېقىن زاتتۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

ــــ ئەبۇ بەسىر تارتۇسى

# 1 ـ باب

## اللهنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى

اللهنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرى ــ الله تائالاغىلا ئىبادەت قىلىش، اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكتۇر. الله تائالا شۇ غايىدە مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن ۋە كىتابلارنى چۈشۈرگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً﴾ «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهاً وَاحِداً لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «(ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا (يەنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللهتىن باشقا) ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، الله ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىدىن پاكتۇر»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُمْ فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَى لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُمْ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْناً يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً وَمَنْ كَفَرَ بَعْدَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾ «الله ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە،

---

[①] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە تەۋبە 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.

ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر»[1].[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: <مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار> دەپ ۋەھيي قىلدۇق»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ أَرْضِي وَاسِعَةٌ فَإِيَّايَ فَاعْبُدُونِ﴾ «ئى مۇئمىن بەندىلىرىم! مېنىڭ زېمىنىم ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولاً أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: <الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، شەيتاندىن (يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا، كاھىنلارغا ئوخشاش ھەرقانداق مەبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن) يىراق بولۇڭلار> دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق»[5].

---

[1] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەت.

[2] زېمىندا ھۆكۈمران قىلىش، ئاجىزلىقتىن كېيىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىش، تاللىغان دىنىنى مۇستەھكەم قىلىپ بېرىش، قورقۇنچىسىنى ئەمىنلىككە ئايلاندۇرۇپ بېرىش قاتارلىق ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكىدەك سۈپەتكە ئىگە بولۇش كېرەك: ﴿يَعْبُدُونَنِي لا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئاً﴾ «ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ». ئۈممەت غەلىبە ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن تەۋھىدنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە تەۋھىد ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشى كېرەك. تەۋھىدتىن چەتنەپ، تەۋھىدتىن باشقا يوللاردىن غەلىبە ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ئىزدىگەن كىشىلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ ۋە ھالاك بولىدۇ. بۈگۈنكى ئۈممەت تەۋھىد يولىدىن چەتنىگەنلىكى ۋە ئۇ يولغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراپ، ئاز بولمىغان ئاچچىق ساۋاقلارغا ئىگە بولماقتا.

[3] سۈرە ئەنبىيا 25 ـ ئايەت.

[4] سۈرە ئەنكەبۇت 56 ـ ئايەت.

[5] سۈرە نەھل 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**1. عن معاذ بن جبل رضي اللّٰه عنه، قال: «قال النبي ﷺ: <يا معاذ أتدري ما حق اللّٰه على العباد؟>، قال: «اللّٰه ورسوله أعلم». قال: «أن يعبدوه ولا يشركوا به شيئاً، أتدري ما حقهم عليه؟>، قال: <اللّٰه ورسوله أعلم>. قال: <أن لا يعذبه>». متفق عليه.**

1. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئى مۇئاز! الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟> دەپ سورىدى، مەن: <بۇنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىلىدۇ> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <بەندىلەرنىڭ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىشى الله نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىدۇر> دېدى. ئاندىن: <بەندىلەرنىڭ الله نىڭ ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟> دەپ سورىدى، مەن: <بۇنى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بىلىدۇ> دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ: <(الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلغانلارنى) ئازابلىماسلىق[1] بەندىلەرنىڭ الله ئۈستىدىكى ھەققىدۇر> دېدى».[2]

**2. عن جابر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «ثنتان موجبتان»، قال رجل: «يا رسول اللّٰه ما الموجبتان؟». قال: «من مات لا يُشرك باللّٰه شيئاً دخل الجنة، ومن مات يُشرك باللّٰه شيئاً دخل النار». مسلم.**

2. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئىككى ۋاجىب قىلغۇچى بار» دېگەندە، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى ۋاجىب قىلغۇچى نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ۋاپات تاپقان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، الله قا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرگەن ھالدا ۋاپات تاپقان كىشى

---

[1] الله تائالا ئازابلىمىغان بەندىسىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئاخىرەتتە پەقەت جەھەننەم ۋە جەننەتتىن ئىبارەت ئىككىلا مەنزىل بولىدۇ.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جەھەننەمگە كىرىدۇ» دېدى.[1]

3. عن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: «قال رجل: <يا رسول اللَّه! أي الذنب أكبر عند اللَّه؟>، قال: <أن تدعو مع اللَّه ندا وهو خلقك>، قال: <ثم أي؟>. قال: <أن تقتل ولدك خشية أن يطعم معك>. قال: <ثم أي؟>، قال: <أن تزاني حليلة جارك>». متفق عليه.

3. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نەزىرىدە قايسى گۇناھ ئەڭ چوڭ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <الله سېنى ياراتقان تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ>[2] دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: <ئۇندىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <پەرزەنتىڭنى يېمەك-ئىچمىكىڭگە ھەمراھ بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈشۈڭ> دېدى. ئۇ كىشى يەنە: <ئۇندىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ> دەپ جاۋاب بەردى».[3]

4. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «أتى أعرابي النبي ﷺ فقال: <دلني على عمل إذا عملته دخلت الجنة>». قال: «تعبد اللَّه ولا تشرك به شيئا، وتقيم الصلاة المكتوبة، وتؤدي الزكاة المفروضة، وتصوم رمضان»، قال: «والذي نفسي بيده لا أزيد على هذا شيئا ولا أنقص منه». فلما ولى، قال النبي ﷺ: «من سرّه أن ينظر إلى رجل من أهل الجنّة، فلينظر إلى هذا». متفق عليه.

4. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بىرەر مەخلۇقنى الله تائالاغىلا خاس بولغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، قانۇن چىقىرىش ۋە ھالال ھارامنى ئايرىشنى الله تىن باشقا مەلۇم بىر كىشى ياكى تەشكىلاتقا خاس دەپ قاراش، مۇئەييەن بىر كىشى قىلغان ئىشنى سەۋەبلىك سورالمايدۇ ۋە ئەيىبلەنمەيدۇ دەپ قاراش، الله تىن باشقا بىرەر مەخلۇقنى غەيبنى بىلىدۇ ۋە زىياننى قايتۇرالايدۇ ياكى مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ دەپ قاراش شېرىكنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر. ھالبۇكى، قىلغان ئىشلىرىدىن سورالماسلىق، غەيبنى بىلىش، زىياننى قايتۇرۇش ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈش الله تائالاغىلا خاستۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُ مَفَاتِحُ الْغَيْبِ لا يَعْلَمُهَا إِلَّا هُوَ﴾ «غەيبنىڭ خەزىنىلىرى الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا الله بىلىدۇ» (سۈرە ئەنئام 59- ئايەت). الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقُلْ إِنَّمَا الْغَيْبُ لِلَّهِ﴾ «ئېيتقىنكى، <غەيبنى بىلىش پەقەت الله قا خاس>» (سۈرە يۇنۇس 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[3] مۇسلىم توپلىغان.

«بىر ئەئرابى پەيغەمبەرﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <مېنىڭ جەننەتكە كىرىشىمگە تۈرتكە بولىدىغان بىر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويغىن، مەن شۇنى قىلاي> دېگەنىدى، پەيغەمبەرﷺ: <الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلغىن، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرز زاكاتنى تولۇق بەرگىن، رامىزان روزىسىنى تۇتقىن> دېدى. ئۇ كىشى: <جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن زىيادە قىلمايمەن ۋە كەممۇ قىلمايمەن> دېدى. ئۇ كىشى ئۆرۈلۈپ ماڭغاندا پەيغەمبەر ﷺ: <قانداق بىر كىشىنى جەننەت ئەھلىگە قارىۋېلىش خۇشاللاندۇرسا، مۇشۇ كىشىگە قارىسۇن> دېدى».[1]

5. عن أنس رضي اللَّه عنه، أن النبي ﷺ ومعاذ رديفه على الرحل، قال: يا معاذ، قال: لبيك يا رسولَ اللَّه و سعديك، قال: «يا معاذ»، قال: «لبيك يا رسول اللَّه وسعديك» ـ ثلاثاً ـ قال: «<ما من أحد يشهد أن لا إله إلا اللَّه وأن محمدا رسول اللَّه>، صدقا من قلبه، إلا حرمه اللَّه على النار»، قال: «يا رسول اللَّه! أفلا أخبر الناس فيستبشروا؟»، قال: «إذاً يتَّكلوا». فأخبرهم بها معاذ عند موته تأثماً. متفق عليه.

5. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مۇئاز بىر ئۇلاغقا مىنگەن ئىدى. پەيغەمبەرﷺ: «ئى مۇئاز!» دېدى، مۇئاز: «خوش، الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى. پەيغەمبەرﷺ: «ئى مۇئاز!» دېدى، مۇئاز: «خوش، الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دېدى. پەيغەمبەرﷺ: «ئى مۇئاز!» دېدى، مۇئاز: «خوش، الله نىڭ پەيغەمبىرى!» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «بىر بەندە چىن قەلبىدىن راستچىللىق بىلەن: <بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى> دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدۇ» دېدى. مۇئاز: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى خەۋەرلەندۈرەيمۇ، ئۇلارمۇ خۇش بېشارەت ئالسۇن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداق قىلساڭ، ئۇلار بۇ سۆزگە يۆلىنىۋالىدۇ» دېدى. مۇئاز ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئىلىمنى يوشۇرغان بولۇپ قالماي دەپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشىلەرگە بۇنى سۆزلەپ بەرگەن.[1]

6. وعن عبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسول اللَّه ﷺ: <من شهد أن لا إله إلا اللَّه وحده لا شريك له، وأن محمداً عبدُه ورسولُه، وأن عيسى عبدُ اللَّه ورسولُه، وابنُ أَمَتِه وكلمته ألقاها إلى مريم، وروحٌ منه، والجنة والنار حق>، أدخله اللَّه الجنةَ على ما كان من العمل». متفق عليه.

6. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى: <يەككە-يېگانە الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، الله نىڭ ئايال بەندىسىنىڭ ئوغلى، ئۇ الله نىڭ مەريەمگە تاشلىغان كەلىمىسى ۋە الله تەرەپتىن كەلگەن بىر روھتۇر. جەننەت ۋە دوزاخ ھەقتۇر> دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، الله ئۇنى قىلغان ئەمىلىگە كۆرە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».[2]

7. وعن معاذ رضي اللَّه عنه، قال: «قلت: <يا رسول اللَّه! أخبرني بعمل يدخلني الجنة، و يباعدني من النار>. قال: <لقد سألت عن أمر عظيم، وإنه ليسير على من يسره اللَّه تعالى عليه: تعبدُ اللَّه ولا تُشرك به شيئا، وتقيم الصلاة، وتؤتي الزكاة، وتصوم رمضان، وتحج البيت ثم قال: ألا أدلك على أبواب الخير؟ الصومُ جُنَّةٌ، والصدقةُ تُطفئ الخطيئة كما يُطفئ الماء النار، وصلاة الرجل في جوف الليل ثم قال: ألا أدلك برأس الأمر وعموده، وذروة سنامه؟ قلت بلى يا رسول اللَّه، قال: رأسُ الأمر الإسلام، وعمودُه الصلاة، وذروةُ سَنامه الجهاد ثم قال: ألا أخبرك بملاك ذلك كله؟>، قلت: <بلى يا نبيَّ اللَّه!>. فأخذ بلسانه فقال: <كُفَّ عليك هذا>، فقلت: <يا نبي اللَّه! و إنا لمؤاخذون بما نتكلم به؟>، قال: <ثكلتك أمك يا معاذ! وهل يُكِبُّ الناسَ في النارِ على وجوههم، أو على مناخرهم، إلاحصائدُ ألسنتهم>». رواه أحمد و الترمذي

7. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ۋە دوزاختىن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يىراقلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى دەپ بەرگەن بولساڭ> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <سەن ناھايىتى چوڭ بىر ئىش توغرۇلۇق سورىدىڭ. بىراق ئۇ ئىش الله تائالا ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر. الله قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلغىن، نامازنى جايىدا ئادا قىلغىن، زاكات بەرگىن، رامىزان روزىسىنى تۇتقىن، ھەج قىلغىن. مەن ساڭا بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ئىشىكلىرىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ روزا ئىنسانغا (گۇناھتىن ساقلايدىغان) قالقان؛ سەدىقە ۋە كىشىنىڭ يېرىم كېچىدە ئوقۇغان نامىزى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ> دېدى. ئاندىن: <مەن ساڭا بۇ ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە يۈكسەك چوققىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟> دېۋىدى، مەن: <شۇنداق قىلغىن! ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى ناماز، چوققىسى جىھادتۇر> دېدى. ئاندىن: <مەن ساڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇختىلايدىغان نەرسىنى دەپ بېرەيمۇ؟> دېدى، مەن: <شۇنداق قىلغىن! ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: <تىلىڭنى يىغقىن!> دېدى. مەن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز سۆزلىرىمىزدىنمۇ ھېساب بېرەمىزمۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى مۇئاز! ھالىڭغا ۋاي. كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم تاشلايدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ تىللىرى بولماي نېمە؟> دېدى». ①

**8. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، قال: «أوصاني خليلي ﷺ: <أن لا تُشرِك باللَّه شيئاً وإن قُطِّعتَ أو حُرِّقت، ولا تترك صلاة مكتوبة متعمداً، فمن تركها متعمداً فقد برئت منه الذمة، ولا تشرب الخمر؛ فإنها مفتاحُ كلِّ شرٍّ>».** رواه ابن ماجه، والبيهقي.

8. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <گەرچە پارچە-پارچە

---

① ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىنساڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە[1] ، پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتمە. كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە ئۇ كىشىدىن الله نىڭ ئەھدىسى چوقۇم ئۈزۈلىدۇ. ھاراق ئىچمە، ھاراق ھەرقانداق يامانلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر> دەپ ۋەسىيەت قىلدى».[2]

9. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ثلاثٌ من كُنَّ فيه وجَد حلاوةَ الإيمان: أن يكونَ اللَّه ورسولُه أحبَّ إليه مما سواهما، وأن يُحبَّ المرءَ لا يُحبه إلا للَّه، وأن يَكره أن يعودَ في الكفرِ بعد أن أنقذه اللَّه منه كما يَكرهُ أن يُقذَفَ في النار». متفق عليه.

9. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، كىمدە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىش تېپىلسا، ئۇ كىشى ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ. بۇلار: الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى بارلىق نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش، بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، الله كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن كۇپۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر».[3]

10. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أوثقُ عُرى الإيمان: الموالاةُ في اللَّه، والمعاداتُ في اللَّه، والحبُّ في اللَّه، والبُغضُ في اللَّه». أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الجامع الصغير: 2539.

10. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىماننىڭ مۇستەھكەم تۇتقۇسى الله رازىلىقى ئۈچۈن دوستلىشىش، الله رازىلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلىشىش، الله ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، الله ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈشتۇر».[4]

**❖ الله تائالا بەندىنىڭ شېرىكتىن باشقا ھەرقانداق گۇناھىنى خالىسا**

---

[1] كاپىرلار تەرىپىدىن شېرىككە مەجبۇرلانغاندا شەرىئەتتىكى رۇخسەت ھۆكمىگە ئېسىلغاندىن، ھەقتە مۇستەھكەم تۇرۇپ كۇفرى سۆزنى قىلماي ئۆلۈپ كېتىش ئەۋزەلدۇر.

[2] ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**كەچۈرۈۋېتىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، لېكىن شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى كەچۈرمەيدۇ**[1]

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّ اللَّه لا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ**﴾ «الله  ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[2].

**11. عن عبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسول اللَّه ﷺ ، وحوله عصابة من أصحابه: <بايعوني على أن لا تُشركوا باللَّه شيئاً، ولا تَسرقوا، ولا تَزْنوا، ولا تقتلوا أولادَكم، ولا تأتوا ببهتان تفترونه بين أيديكم وأرجلكم، ولا تعصوا في معروف. فمن وفىَّ منكم فأجره على اللَّه، ومن أصابَ من ذلك شيئاً فعُوقِب به في الدنيا، فهو كفَّارة له، ومن أصاب من ذلك شيئاً ثم ستره اللَّه عليه في الدنيا، فهو إلى اللَّه إن شاءَ عفا عنه وإن شاء عاقبَهُ>، فبايعناه على ذلك». متفق عليه.**

11. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدا ساھابىلەردىن بىر جامائەت بار ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ بىزگە: <ماڭا اللهقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى (كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، ئۆز ئالدىڭلارغا بوھتان ئويدۇرۇپ چىقماسلىققا ۋە ياخشى ئىشلاردا ماڭا ئاسىيلىق قىلماسلىققا بەيئەت بېرىڭلار. كىمكى ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا ئۇنىڭ ئەجرىنى الله  بېرىدۇ. كىمكى شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىگە چېتىلىپ قېلىپ شۇ سەۋەبتىن دۇنيادا جازالانسا، ئۇ جازا شۇنىڭغا كەففارەت بولىدۇ. كىمكى شۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى سادىر قىلىپ، الله  ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئۇنىڭ ئىشى اللهقا تاپشۇرۇلىدۇ. الله  خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئاشۇ ماددىلارنىڭ ھەممىسىگە بەيئەت قىلدۇق».[3]

[1] بۇ اللهقا شېرىك كەلتۈرگەن ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما، ئۆلۈپ كېتىشتىن ئاۋۋال تەۋبە قىلغان بولسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، تەۋبىسى ئۇ كىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئىلگىرىكى شېرىكلىكتە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ.

[2] سۈرە نىسا 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

12. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «قال اللّه تعالى: <من عَلِمَ أني ذُو قدرةٍ على مغفرة الذنوب غفرتُ له ولا أبالي، ما لم يُشرك بي شيئاً>». رواه الطبراني، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 4330

12. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا: <كىمكى مېنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىمنى بىلسە ۋە ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭ گۇناھىنى ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن مەغپىرەت قىلىمەن> دېگەن».[1]

14. وعن أبي الدرداء رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: قال اللّه تعالى: «يا ابن آدم! مهما عبدتني ورجوتني ولم تُشرك بي شيئاً غفرتُ لك على ما كان منك، وإن استقبلتني بملء السماءِ والأرض خطايا وذنوباً استقبلتك بملئهنَّ من المغفرة، وأغفر لك ولا أبالي». رواه الطبراني، صحيح الجامع الصغير: 4341.

14. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: الله تائالا ئېيتىدۇ: «ئى ئادەم بالىسى! قاچانكى ماڭا ئىبادەت قىلساڭ، ماڭا سېغىنساڭ ۋە ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسەڭ، سېنىڭ خاتالىقلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن. دەرگاھىمغا ئاسمان ـ زېمىن توشقۇچىلىك خاتالىق ۋە گۇناھلار بىلەن كەلسەڭمۇ، سېنى جاھان توشقۇچىلىك مەغپىرەت بىلەن قارشى ئالىمەن. ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن».[2]

### ❖ بەندىلەر بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا زۇلۇم قىلغۇچىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ

15. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من كانت له مظلمةٌ لأخيه من عِرضه أو شيءٌ فليتحلَّله منه اليوم قبل أن لا يكون دينارٌ ولا درهمٌ، إن كان له عملٌ صالحٌ أُخِذَ منه بقدر مظلَمَته، وإن لم يكن له حسناتٌ أُخِذَ من سيئات صاحبه فحُمِلَ عليه».

---

[1] تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 4330 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 4341 ـ ھەدىس.

البخاري.

15. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ئارقىلىق ياكى بىرەر نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان بولسا، ئۇ قېرىندىشىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرەي دېسە دىنارمۇ يوق، دەرھەممۇ يوق بولغان، قىلغان زۇلۇمىغا چۇشلۇق ياخشى ئەملى بولسا ياخشى ئەمىلىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ گۇناھلىرى ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ قويۇلىدىغان قىيامەت كۈنى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ زۇلۇمدىن ئۆزىنى خالاس قىلىۋالسۇن». [1]

16. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لتؤدُّنَّ الحقوقَ إلى أهلها يوم القيامة، حتى يُقادُ للشاةِ الجلحاء، من الشاة القَرناء». مسلم

16. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بارلىق ھەق ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزلۈك قويدىن مۈڭگۈزسىز قوينىڭ ھەققى[2] ئېلىپ بېرىلىدۇ». [3]

17. وعنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «أتدرونَ ما المفلِسُ؟» قالوا:« المفلِسُ فينا من لا دِرهمَ له ولا متاعَ». فقال: «إن المُفلسَ من أمتي، مَن يأتي يومَ القيامةِ بصلاةٍ وصيام وزكاة، ويأتي قد شَتمَ هذا، وقَذَفَ هذا، وأكلَ مالَ هذا، وسفَكَ دمَ هذا، وضَربَ هذا، فيعُطَى هذا من حسناتِه وهذا من حسناته، فإن فَنيَت حسناتُه، قبل أن يُقضى ما عليه، أُخِذ من خطاياهُم فطُرِحَت عليه، ثم طُرِحَ في النار». مسلم.

17. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «مۇفلىسنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دېگەن: مەندىن: «قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلغان چۈمۈلىدىن قىيامەتتە ھېساب ئېلىنامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، مەن مۇنداق جاۋاب بەردىم: «چۈمۈلە ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ ياكى كىچىك ھايۋانلار بولسۇن، زۇلۇم قىلغۇچىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىغا ئىنتىقام ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن، ئۇلار قىيامەتتە كەلتۈرۈلىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى بۇنىڭغا ئالاقىدار دەلىل مۇشۇ ھۆكۈمنى ئۇقتۇرىدۇ».

[3] مۇسلىم توپلىغان.

«مۇفلىس دېگەن بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى پۇل-ماللىرى يوق كىشىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەرﷺ: «مۇفلىس دېگەن مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قىيامەت كۈنى ناماز، روزا ۋە زاكاتتىن ئىبارەت ياخشى ئەمەللەر بىلەن كەلگەن، بىراق (ئۇ دۇنيادىكى چېغىدا) بىرىنى تىللىۋالغان، بىرىگە بوھتان چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن ۋە بىرىنى ئۇرۇۋالغان كىشىلەر بولۇپ، گۇناھلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن ياخشىلىقلىرىدىن ئۇنىڭغا ئاززاق، بۇنىڭغا ئاززاق بېرىپ، ھەتتا ياخشىلىقلىرى تۈگەپ كەتكەندە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن دوزاخقا تاشلانغان كىشىدۇر» دېدى.[1]

### ❖ الله قا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ ئەملى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە قىيامەتتە ئەملى پايدا يەتكۈزمەيدۇ

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَقَدْ أُوحِيَ إِلَيْكَ وَإِلَى الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكَ لَئِنْ أَشْرَكْتَ لَيَحْبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾** «ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر) لەرگە: <ئەگەر سەن الله قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن> دەپ ۋەھيي قىلىندى»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَلَوْ أَشْرَكُوا لَحَبِطَ عَنْهُمْ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾** «ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَمَنْ يَكْفُرْ بِالْإِيمَانِ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ وَهُوَ فِي الْآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ﴾** «كىمكى ئىماندىن يېنىۋالىدىكەن (ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن)، ئۇنىڭ ئەملى (نىڭ ساۋابى) يوققا چىقىرىلىدۇ، ئاخىرەتتە

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە زۇمەر 65- ئايەت.

[3] سۈرە ئەنئام 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىدۇ»①.

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَدِمْنَا إِلَى مَا عَمِلُوا مِنْ عَمَلٍ فَجَعَلْنَاهُ هَبَاءً مَنْثُوراً﴾ «بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز)»②.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**18. عن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: قلت: «يا رسول اللَّه ابن جَدْعَان كان في الجاهلية يَصِلُ الرحمَ، ويُطعِمُ المسكين، فهل ذلك نافِعُهُ؟» قال: «لا ينفعه؛ إنه لم يقل يوماً: ربِّ اغفر لي خطيئتي يومَ الدين»** مسلم.

18. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى جەدئان جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلە ـ رەھىم قىلاتتى، مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى، بۇ ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «مەنپەئەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر كۈنمۇ: <ئى پەرۋەردىگارىم! ھېساب كۈنى مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن> دېمىگەن تۇرسا» دەپ جاۋاب بەردى.③

**19. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: إنَّ اللَّه لا يَظلِمُ مؤمناً حَسَنَةً؛ يُعطِي بها في الدُّنيا، ويَجزِي بها في الآخِرَة، وأمَّا الكافِرُ فيُطْعَمُ بحسناتِ ما عَمِلَ بها للَّه في الدُّنيا، حتى إذا أفضى إلى الآخِرةِ لم تَكُنْ لهُ حسنَةٌ يُجْزَى بها».** مسلم.

19. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله  تائالا ھەقىقەتەن مۆئمىنگە زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا قارىتا دۇنيادىمۇ رىزىق بېرىدۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ مۇكاپاتلايدۇ. ئەمما كاپىرغا كەلسەك، كاپىرنىڭ الله قا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىپ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادىلا بېرىلىدۇ، لېكىن

① سۈرە مائىدە 5ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە فۇرقان 23ـ ئايەت.

③ مۇسلىم توپلىغان.

ئاخىرەتتە ساۋاب ئالغۇدەك ھېچقانداق ياخشىلىقى بولمايدۇ».[1]

20. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لا يَجتَمِعُ الإيمانُ والكُفرُ في قلبِ امرئٍ». أخرجه ابن وهب في الجامع، السلسلة الصحيحة: 1050.

20. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر قەلبتە ئىمان بىلەن كۇفرى جەملەنمەيدۇ».[2][3]

**❖ قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ﷺ الله تائالاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ۋاپات بولغان كىشىلەرگىلا شاپائەت قىلالايدۇ[4]**

21. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «لكلِّ نبي دعوةٌ مُستجابةٌ، فتعجَّلَ كلُّ نبيٍّ دعوتَه، وإني اختبأتُ دعوتي شفاعةً لأمتي يومَ القيامة، فهي نائلةٌ إن شاء اللَّه من ماتَ من أمتي لا يُشرك باللَّه شيئاً». مسلم.

21. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئاسى بار، ھەممە پەيغەمبەر دۇئاسىنى قىلىپ بولدى. ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم. الله خالىسا شاپائىتىم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ۋاپات بولغان

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ۋەھبى توپلىغان.

[3] بۇ ھەدىس، ئەمەل قىلغۇچىغا مەنپەئىتى يېتىدىغان ئەسلى ئىمان بىلەن كۇفۇرلۇقنىڭ بىر ئىنسان قەلبىدە قەتئىي جەملەنمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. «ئىمان بىلەن كۇفرى بىر قەلبتە جەم بولىدۇ» دېيىش خۇددى بىر-بىرىگە تۈپتىن قارشى كېلىدىغان ئىككى نەرسىنى بىر قاچىدا جەم بولىدۇ دېگەنلىككە ئوخشايدۇ. لېكىن، ئەمەل قىلغۇچىغا مەنپەئەت بېرىدىغان ئەسلى ئىماننىڭ كىچىك كۇفرى ياكى كىچىك شېرىك بىلەن بىرلىكتە مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى، چوڭ كۇفرى ياكى چوڭ شېرىكتىن تۆۋەن بولغان چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ سالغان گۇناھكار مۇئمىنلەرگە قىيامەتتە ئۇلارنىڭ ئىمانى مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇ ــ ھەدىس ۋە ئىجما بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر.

[4] كىشى ھاياتىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھى الله قا شېرىك كەلتۈرۈش دەرىجىسىگە يەتمىگەنلا بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شاپائىتى ئۇنىڭغا يېتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ وَمَنْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ فَقَدِ افْتَرَى إِثْمًا عَظِيمًا﴾ «الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ» (سۈرە نىسا 48- ئايەت).

كىشىلەرگە يېتىدۇ». ①

**22. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أُعطيتُ الشَّفاعة؛ وهي نائلةٌ من لا يُشرك باللَّه شيئاً». أخرجه ابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 803.**

22. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا شاپائەت قىلىش هوقۇقى بېرىلدى، ئۇنىڭغا الله قا هېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەنلەر نائىل بولىدۇ». ②

**23. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أسعدُ الناسِ بشفاعتي يومَ القيامةِ؛ من قال: <لا إله إلا اللَّه>، خالِصاً من قلبه». البخاري.**

23. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە نائىل بولىدىغان ئەڭ بەختلىك كىشى، چىن قەلبىدىن <**لا إله إلا اللَّه**> <الله تىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق> دېگەن كىشىدۇر». ③

### ❖ مىساق ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش ۋە الله تائالانىڭ بىرلىكىنى ئۇقتۇرىدىغان دۇنيادىكى مۆجىزىلەر ھەققىدە

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي آدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ ۞ أَوْ تَقُولُوا إِنَّمَا أَشْرَكَ آبَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ ۞**﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەم بالىلىرىنى (يەنى نەسلىنى) ئۇلارنىڭ (ئاتىلىرىنىڭ) پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: <مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟> دېدى (يەنى الله ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئىكەنلىكىگە ۋە بىرلىكىگە ئادەم بالىلىرىنى ئىقرار قىلدۇردى،

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ئاسىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى توپلىغان.

ئۇلار ئىقرار قىلىپ بۇنى ئۆز ئۇستىگە ئالدى). ئۇلار: <ھەئە، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزدۇرسەن، گۇۋاھلىق بەردۇق> دېدى. (ئۇلارنى گۇۋاھلىق بەرگۈزگەنلىكىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: <بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز> دېمەسلىكلىرى، ياكى <ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى (ساڭا بۇتلارنى) شېرىك كەلتۈرگەن ئىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار (يەنى بىزنىڭ ئۆزرىمىز بار) گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟> دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر [172ـ173]»①.

**24. عن أنس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «يقولُ اللّه لأهونِ أهل النارِ عذاباً يوم القيامة: <يا ابنَ آدم كيف وجدت مَضجعَك؟>، فيقول: <شَرَّ مضجعٍ>، فيُقال له: <لو كانت لك الدنيا وما فيها أكنت مفتدياً بها؟>، فيقول: <نعم>، فيقول: <كَذبت وقد أردتُ منك أهونَ من هذا وأنت في صِلب آدم أن لا تُشرِك بي شيئاً ولا أُدخلك النار، فأبيت إلا الشركَ>، فيُؤمر به إلى النار». متفق عليه.**

24. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغان كىشىگە: <ئى ئادەم بالىسى! سەن ياتىدىغان جاي قانداق ئىكەن؟> دەيدۇ، ئۇ: <ئەڭ قەبىھ ئورۇن ئىكەن> دەيدۇ. ئۇنىڭدىن: <دۇنيا ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە سېنىڭ بولسا، سەن ئاشۇ نەرسىلەرنى بېرىپ بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى خالامسەن؟> دەپ سورايدۇ، ئۇ: <ھەئە، شۇنداق> دەپ جاۋاب بېرىدۇ. الله تائالا: <يالغان ئېيتتىڭ، سەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇلبىدىكى ۋاقتىڭدا، مەن سەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئاددىي بولغان ماڭا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك سېنى دوزاخقا تاشلىماسلىقنى ئېيتقان ئىدىم، لېكىن سەن شېرىك كەلتۈردۈڭ> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى دوزاخقا تاشلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ».②

**25. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «يُؤتى بالعبد يوم القيامة،**

① سۈرە ئەئراف 172ـ ۋە 173ـ ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**فيُقَال له: <ألم نجعلْ لك سمعاً، وبصَراً، ومالاً، وولداً، وسخَّرتُ لك الأنعامَ والحرثَ، وتركتُكَ ترأسُ وتَرْبَعُ فكنت تظنُّ أنَّك مُلاقي يومَكَ هذا؟>، فيقول: <لا>، فيقولُ له: <اليومَ أنساكَ كما نسيتني>». مسلم.**

25. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىر بەندە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ بەندىگە: <بىز ساڭا قۇلاق، كۆز، مال-مۈلۈك ۋە بالىلارنى ئاتا قىلمىدۇقمۇ؟ چارۋا ۋە زىرائەتنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدۇقمۇ؟ سېنى ئەتائەت قىلىنىدىغان باشلىق قىلمىدۇقمۇ؟ سەن بۈگۈنكى كۈنگە ئۇچرىشىشنى ئويلىغانمىدىڭ؟> دېيىلىدۇ، ئۇ كىشى: <مەن ئويلاپ باقمىغان ئىدىم> دەيدۇ. ئاندىن الله تائالا ئۇ كىشىگە: <بۈگۈن سەن مېنى ئۇنتۇغانىدەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇيمەن> دەيدۇ».[1]

**❖ تەۋھىدنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىنسانلارنى بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن الله قا قۇلچىلىق قىلىشقا ۋە تاغۇتقا بويسۇنۇشتىن الله تائالاغىلا ئىمان كەلتۈرۈشكە يېتەكلەش ئۈچۈن جىھاد قىلىش**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَقَاتِلُوهُمْ حَتَّى لا تَكُونَ فِتْنَةٌ وَيَكُونَ الدِّينُ كُلُّهُ اللَّه فَإِنِ انْتَهَوْا فَإِنَّ اللَّه بِمَا يَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾** «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّه وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّه وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾** «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىيسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە ئەنفال 39- ئايەت.

(ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِنْ بِاللَّه فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى لا انْفِصَامَ لَهَا وَاللَّه سَمِيعٌ عَلِيمٌ**﴾ «كىمكى تاغۇت (يەنى الله تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**26. عن ابن عمر رضي اللَّه عنهما: «أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: أُمِرتُ أن أقاتلَ الناسَ حتى يشهدوا أن لا إله إلا اللَّه، وأن محمداً رسولُ اللَّه، ويُقيموا الصلاةَ، ويُؤتوا الزكاةَ، فإذا فعلوا ذلك عَصَمُوا مني دماءَهُم وأموالَهم إلا بحقِّ الإسلام، وحسابُهم على اللَّه» . متفق عليه.**

26. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ﷺ نىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ناماز ئوقۇپ، زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشلارنى قىلسا، قانلىرى ۋە جانلىرىنى مەندىن ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ[3]، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئالىدۇ».[4]

**27. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ قال: «أُمرتُ أن أقاتلَ الناسَ**

---

[1] سۈرە تەۋبە 29ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 256ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

حتى يشهدوا أن لا إله إلا اللَّه، ويؤمنوا بِي وبما جِئتُ به، فإذا فعلوا ذلك عَصَمُوا مني دماءَهم وأموالَهُم إلا بحقها، وحسابُهم على اللَّه». مسلم.

27. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن، ماڭا ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ئىسلامغا ئىشەنگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار بۇلارنى ئىجرا قىلسا، مەندىن قانلىرى ۋە ماللىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئالىدۇ».[1]

28. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: لمعاذ بن جبل حين بعثَهُ إلى اليمن: «إنك ستأتي قوماً من أهلِ الكتاب؛ فإذا جئتهُم فادعهُم إلى أن يشهدوا أن لا إله إلا اللَّه وأن محمداً رسولُ اللَّه، فإن هم أطاعوا لك بذلك، فأخبرهُم أنَّ اللَّه قد فرضَ عليهم خمسَ صلوات في كل يوم وليلة، فإن هم أطاعوا لك بذلك، فأخبرهم أن اللَّه قد فرضَ عليهم صدقةً، تُؤخَذُ من أغنيائهم، فترَدُّ على فقرائهم، فإن هم أطاعوا لك بذلك، فإيَّاك وكرائمَ أموالهم، واتقِ دعوةَ المظلوم، فإنه ليس بينَهُ وبين اللَّه حجاب». البخاري.

28. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان چاغدا، ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلغان: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان بىر قەۋمنىڭ يېنىغا بارىسەن. ئۇلارنى بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا، ئاندىن ئۇلارغا الله نىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار ئاشۇنىڭغا بويسۇنسا، الله تائالانىڭ زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى، زاكاتنىڭ بايلاردىن ئېلىنىپ كەمبەغەللەرگە بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار شۇنىڭغىمۇ بويسۇنسا، ئۇلارنىڭ ئېسىل ماللىرىنى ئېلىۋېلىشتىن ھەزەر قىل.

[1] مۇسلىم توپلىغان.

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورقىن، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن الله ئوتتۇرىسىدا (دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا) پەردە يوقتۇر» دېدى.[1]

**29. عن أبي مالك الأشجعي رضي اللَّه عنه، عن أبيه، عن النبي ﷺ قال: «من وحَّدَ اللَّه تعالى، وكفرَ بما يُعبَدُ من دونه، حُرِّمَ مالُه ودمُه، وحسابُه على اللَّه». مسلم.**

29. ئەبۇ مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «كىمكى الله تائالانى يەككە-يېگانە دەپ بىلسە، الله تىن باشقا بارلىق مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە ۋە جېنىغا چېقىلىش ھارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ».[2]

**30. وفي رواية: «من قال: <لا إله إلا اللَّه>، و كفَر بما يُعبَدُ من دون اللَّه، حَرُمَ مالُه ودمُه، وحسابُه على اللَّه. مسلم.**

30. يەنە بىر نەقىلدە: «كىمكى <**لا إله إلا اللَّه**> <الله تىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق» دېسە ۋە الله تىن باشقا مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ مېلى ۋە قېنىغا چېقىلىش ھارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ» دەپ كەلگەن.[3]

**❖ ئىبادەتتە الله تائالانىڭ رازىلىقىنىلا كۆزلەش ئىبادەتنىڭ توغرا ۋە قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر. ئەگەر رىيا ئارىلاشسا ئەمەل بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ.**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا﴾** «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن[1]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا جَعَلْنَا مَا عَلَى الْأَرْضِ زِينَةً لَهَا لِنَبْلُوَهُمْ أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «ئىنسانلارنىڭ قايسىلىرىنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەر يۈزىنىڭ زىنىنىتى قىلدۇق»[3].

﴿أَيُّهُمْ أَحْسَنُ عَمَلاً﴾ ــــ «ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەمىلى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ خالىس» دېگەنلىكتۇر.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي خَلَقَ الْمَوْتَ وَالْحَيَاةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، الله ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى»[4].

﴿أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا﴾ ــــ «سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمىلى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ خالىس» دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

31. **عن أبي أمامة الباهلي رضي اللّه عنه، قال: «جاء رجلُ إلى النبي ﷺ فقال: <أرأيتَ رجلاً غزا يَلتمِسُ الأجرَ والذِّكرَ ما لَه؟> فقال رسول اللّه ﷺ: <لا شيءَ له>، ثم قال: <إن اللّه لا يقبلُ من العملِ إلا ما كان له خالصاً وابتُغِيَ به وجهه.** رواه أبو داود، والنسائي، **صحيح سنن النسائي:** 2943.

31. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئەجىر ئېلىش ۋە نام ئاتاقتا ئېرىشىش مەقسىتىدە غازاتقا چىققان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئۇ ئاخىرەتتە نېمىگە ئېرىشىدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە:

---

[1] ئالىملار ئەمەلنىڭ الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئەمەلدە مۇنداق ئىككى شەرت تېپىلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ: بىرىنچىسى، الله تائالانىڭ رازىلىقى مەقسەت قىلىنغان بولۇش؛ يەنە بىرى، سۈننەتكە ئۇيغۇن بولۇش. ئەگەر بۇ ئىككىسىدىن بىرى بۇزۇلسا، ئەمەل بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

[2] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە كەھف 7 ـ ئايەت.

[4] سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

<ھېچقانداق ئەجىر بولمايدۇ> دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلدىن باشقا ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ> دېدى». [1]

32. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إن أوَّلَ الناسِ يُقضَى عليه يوم القيامة رجلُ استُشهد؛ فأُتي به فعرَّفَهُ نعمتَه فعرَفَها، فقال: <ما عملتَ فيها؟> قال: <قاتلتُ فيك حتى استشهدتُ>. قال: <كذبتَ؛ ولكنك قاتلتَ لأن يُقال: جريء، فقد قِيل>، ثم أُمِرَ به فسُحِبَ على وجهه حتى أُلقِي في النار. ورجلٌ تعلَّم العلمَ وعلَّمَه، وقرأ القرآنَ، فأُتي به فعرَّفه نِعمَه فعرفَها، قال: <فما عملتَ فيها؟> قال: <تعلمتُ العِلمَ وعلَّمتُه، وقرأتُ فيك القرآن>. قال: <كذبتَ، ولكنك تعلمتَ العلمَ ليُقال إنك عالم، وقرأتَ القرآن ليُقال هو قارئ، فقد قِيل>، ثم أُمِرَ به فَسُحِبَ على وجهِهِ حتى أُلقِي في النار. ورجلٌ وسَّعَ اللَّه عليه وأعطاه من أصناف المالِ كُلِّه، فأُتي به فعرَّفه نعمَه فعرَفَها، قال: <فما عملتَ فيها؟> قال: <ما تركتُ من سبيلٍ تحبُّ أن يُنفقَ فيها إلا أنفقتُ فيها لك>. قال: <كذَبتَ، ولكنك فعلتَ ليُقال: هو جواد؛ فقد قِيل>، ثم أُمر به فسُحِب على وجهه ثم أُلقي في النار». مسلم.

32. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشى <شەھىد> بولغان ئادەمدۇر. ﷲ ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. ﷲ ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: <سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدۇم> دەيدۇ. ﷲ ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ ۋە بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، شۇنداقلا قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. ﷲ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ،

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. الله ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم: <ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم> دەيدۇ، الله ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن ئالىم دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن الله تۈرلۈك مال-دۇنيالارنى بېرىپ كەڭچىلىك ئاتا قىلغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. الله ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ، ئۇ ئادەم: <سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل-مال سەرپ قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان يوللاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلدىم> دەيدۇ، الله ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن سېخىي دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ». [1]

33. **وعن محمود بن لبيد رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «إن أخوفَ ما أخافُ عليكم الشركَ الأصغر». قالوا: «وما الشركُ الأصغرُ يا رسولَ اللَّه؟»، قال: «الرياء»؛ يقول اللَّه إذا جزى الناسَ بأعمالهم: «اذهبوا إلى الذين كنتم تُراؤون في الدنيا، فانظروا هل تجدون عندهم جزاء»**. رواه أحمد، وغيره، **صحيح الترغيب والترهيب**: 29

33. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەردىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش كىچىك شېرىكتۇر» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ «رىيا» دەپ جاۋاب بېرىپ: «الله تائالا كىشىلەر ئۆز ئەمەللىرى بىلەن مۇكاپاتلىنىدىغان ۋاقىتتا: <سىلەر دۇنيادىكى ۋاقىتىڭلاردا ئەمەللىرىڭلارنى رىيا قىلغان كىشىلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇلارنىڭ قېشىدىن مۇكاپاتىنى تاپالامسىلەركىن؟> دەيدۇ» دېدى.①

34. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه ،أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «قال اللَّه: <أنا أغنى الشركاء عن الشرك، فمن عملَ لي عملاً أشرك فيه غيري فأنا منه بريء، وهو للذي أشركَ>». رواه ابن ماجه وغيره، صحيح الترغيب: 31

34. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مېنىڭ شېرىككە ھېچ ئېھتىياجىم يوق. كىمكى ماڭا باشقا بىرىنى شېرىك قىلىپ تۇرۇپ بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ ئەمەلدىن مەن بىزار. ئۇ كىشىنى ئۆزىنىڭ شېرىكى بىلەن قالدۇرىمەن (يەنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئەجىر بەرمەيمەن)>».②

35. وعن أبي سعيد بن أبي فضالة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إذا جمع اللَّه الأولين والآخرين ليوم القيامة؛ ليوم لا ريب فيه، نادى مُنادٍ: <من كان أشركَ في عمله للَّه أحداً، فليطلُب ثوابَه من عنده، فإن اللَّه أغنى الشركاءِ عنِ الشرك>». رواه الترمذي، وابن ماجه، وابن حبان، صحيح الترغيب: 30

35. ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ فۇزالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنى الله بارلىق خالايىقنى توپلىغاندا، بىر جاكارچى: <كىمكى ئۆز ئەمەلىدە الله تىن باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان بولسا، ساۋابىنى شۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن! چۈنكى الله شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت زاتتۇر> دەيدۇ».③

36. وعن الضحَّاك بن قيس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «إنَّ اللَّه يقول: <أنا خيرُ شريكٍ؛ فمن أشرك بي أحداً فهو لشريكي. يا أيها الناس! أخلصوا الأعمالَ للَّه؛ فإن اللَّه لا يقبلُ من العملِ إلا ما خَلُصَ له، ولا تقولوا: هذا للَّه وللرحم، وليس للَّه منه شيء، ولا تقولوا: هذا للَّه ولوجوهكم، فإنه لوجوهكم، وليس للَّه منه شيء>». السلسلة الصحيحة: 2764.

36. زەھھاك ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

① ئەھمەد توپلىغان.

② ئىبنى ماجە توپلىغان.

③ تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: <شېرىكنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن. كىمكى ماڭا بىر كىشىنى شېرىك قىلسا، ئۇ شېرىك قىلىنغان كىشىگە تاشلاپ بېرىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! ئەمەللەرنى اللە ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە تائالا خالىس قىلىنغان ئەمەلدىن باشقا ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ. سىلەر ئاۋۇ ئەمەل اللە تائالا ئۈچۈن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق ئۈچۈن دېمەڭلار، چۈنكى ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەل اللە تائالا ئۈچۈن قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ. سىلەر ماۋۇ ئەمەل اللە تائالا ئۈچۈن ۋە سىلەرنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىڭلار ئۈچۈن دېمەڭلار، چۈنكى يۈز ـ ئابرۇي ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەل اللە تائالا ئۈچۈن قىلىنغان ھېسابلانمايدۇ>». [1]

37. **وعن أبي موسى الأشعري رضي اللّه عنه، قال: «خطبنا رسولُ اللّه ﷺ ذات يوم فقال: <أيها الناسُ! اتقوا هذا الشرك، فإنه أخفى من دبيب النَّملِ>. فقال له من شاء اللّه أن يقول: <وكيف نتَّقيه وهو أخفى من دبيب النمل يا رسولَ اللّه!> قال: قولوا: <اللَّهم إنَّا نعوذُ بك من أن نُشركَ بك شيئاً نعلمُه، ونستغفركَ لما لا نعلمه>».** رواه أحمد، والطبراني، **صحيح الترغيب**: 33.

37. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەلۇم بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەپ: <ئى ئىنسانلار! مانا بۇ شېرىكتىن (رىيادىن) ساقلىنىڭلار! چۈنكى بۇ شېرىك چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلىشىدىنمۇ مەخپىيدۇر> دېدى. اللە دېيىشنى خالىغان بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! چۈمۈلىنىڭ ئۆمىلىشىدىنمۇ مەخپىي بولغان بۇ شېرىكتىن قانداق ساقلىنىمىز؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنۇ دۇئانى ئوقۇڭلار دېدى: <اللَّهم إنَّا نعوذُ بك من أن نُشركَ بك شيئاً نعلمُه، ونستغفركَ لما لا نعلمه> <ئى اللە ! بىز بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈشتىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، بىلمەي تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈپ سالغان بولساق سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز>». [2]

---

[1] «السلسلة الصحيحة» 2764 ـ ھەدىس.

[2] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

ھەربىر ئىنسان ئۆزى ۋە دىنىغا ئاگاھ بولۇشى، نىيىتىنى دائىم تەكشۈرۈپ ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى نىيەتكە باغلىقتۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە كەلگەندەك، نىيەت ساپ بولسا ئەمەلمۇ ياخشى بولىدۇ، نىيەت بۇزۇلسا ئەمەلمۇ بۇزۇلىدۇ.

38. **عن عمر ابن الخطّاب رضي اللّه عنه قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «إنَّما الأعمالُ بالنِّيَّاتِ، وإنَّما لِكُلِّ امرئٍ ما نَوَى، فمَن كانت هِجْرَتُهُ إلى اللّه ورسولِه فهجْرَتُهُ إلى اللّه ورسُولِه، ومن كانت هِجرَتُهُ لِدُنيا يُصِيبُها، أو امرأةٍ يتَزَوَّجُها، فهِجْرَتُه إلى ما هاجَرَ إليه». متفق عليه.**

38. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ».[①]

الله تائالادىن سۆز ۋە ئەمەللىرىمىزگە ئىخلاسنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ ئۆز نەپسىمىزگە تاشلاپ قويماسلىقىنى، چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شېرىكتىن بىزنى يىراق قىلىشىنى سورايمىز ۋە تەۋھىدتە مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئىخلاسمەن بەندىلىرىدىن قىلىشىنى سورايمىز!

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

الله تائالا پەيغەمبەرﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن! (ئامىن)

# 2 ـ باب

## پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەر ئۇستىدىكى ھەقلىرى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىشىلەر ئۇستىدىكى ھەقلىرى قاتارىدىن، ئۇ زاتقا ئىمان كەلتۈرۈش، الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرىنى تەستىقلاش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ھېچبىر ئىشتا ئاسىيلىق قىلماسلىق، ھۆكۈملەرنى ئۇنىڭدىن سوراش① ھەمدە ھۆكمى، بۇيرۇق ـ چەكلىمىلىرى ۋە سۈننىتىگە قارشى كېلىدىغان ئىش، چۈشەنچە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتتىگە خىلاپ كېلىدىغان بىرەر سۆزنى ئۇنىڭ سۆزىدىن ئەۋزەل بىلمەسلىكتۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»②.③

---

① ھۆكۈملەرنى پەيغەمبەر ﷺ دىن سوراش بولسا ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ «سەھىھ» ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ دىن «سەھىھ» سەنەد بىلەن نەقىل قىلىنغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت، ئىقرار. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۈننەتتۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى رەت قىلىش پەيغەمبەر ﷺ ھايات ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، رەت قىلغانغا باراۋەردۇر.

② سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

③ بۇ ئايەت نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكى، پەيغەمبەر ﷺ گە ئىتائەت قىلىشنىڭ الله تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقى. الله تائالانىڭ بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار ئۇنى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار دېگەن سۆزىدىن سۈننەتنىمۇ الله تائالانىڭ ساقلايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، الله تائالانىڭ ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىشلارنى بىر نەرسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئاندىن كېيىن شۇ نەرسىنىڭ ساقلانماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. ھەقىقەتەن كىتاب ۋە سۈننەتتە تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ھەرقانداق مەسىلىنىڭ يېشىمى بار.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ**﴾ «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن،[①] يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُقَدِّمُوا بَيْنَ يَدَيِ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلَا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تَشْعُرُونَ ۞**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله نىڭ ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [1]. ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى

---

① ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئىتائەت قىلىش ھەققىدىكى مەزمۇندىن 33 نى تاپتىم». ئاندىن كېيىن ئىمام ئەھمەد ﴿**فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ**﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپ ئۇنى تەكرار ئوقۇغان ۋە مۇنداق دېگەن: «<پىتنە> دېگەن نېمە؟ پىتنە — شېرىكتۇر، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى سۆزىنى ئىنكار قىلىش قەلبنى ھەقتىن تايدۇرۇپ قويىدۇ-دە، نەتىجىدە ئۇ كىشى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ».

② سۈرە نۇر 63- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە نىسا 65- ئايەت.

ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ [2]»①. ②

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**39. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ، أنه قال: «والذي نفسُ محمدٍ بيده لا يسمعُ بي أحدٌ من هذه الأمة يهودي ولا نصراني، ثم يموتُ ولم يؤمن بالذي أُرسلت به إلا كان من أصحاب النار». مسلم**

39. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىي ياكى خىرىستىئان بولسۇن، مەيلى كىم بولسا بولسۇن، مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، مەن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن باش تارتقان ھالدا ۋاپات بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم دوزاخقا كىرىدۇ». ③

**40. وعن علي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ : «لا يؤمنُ عبدٌ حتى يؤمنَ بأربعٍ: يَشهد أن لا إله إلا اللَّه، وأني رسولُ اللَّه بعثني بالحق، ويؤمن بالموتِ والبعث بعد الموت، ويؤمن بالقدَرِ». رواه الترمذي، وابن ماجه، قال الشيخ ناصر: سنده صحيح.**

40. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر بەندە الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقى ۋە مېنىڭ ھەقىقەتەن الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىم، ئۆلۈمنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە تەقدىردىن ئىبارەت بۇ تۆت ھەقىقەتكە چىن قەلبىدىن ئىشەنمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ». ④

---

① سۈرە ھۇجۇرات 1 ـ، 2 ـ ئايەتلەر.

② ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەمەللەرنى پەقەت كۇفرىلىق بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلىق ھالىتىدە ۋاپات بولغان كىشى دوزاخقا كىرگەن تەقدىردىمۇ ھامان جەننەتتىكى ئورنىغا قايتىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كەتسە ئۇ قەتئىي جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، چۈنكى ئەمەللەرنى پەقەت ئەمەللەرگە قارشى بولغان نەرسىلەرلا بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ، ئەمەللەرگە قارشى كېلىدىغان نەرسە بولسا پەقەت كۇفرىلىقتۇر.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

41. عن المقدام بن معد يكرب الكندي رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «يُوشِكُ الرجلُ مُتكئاً على أريكَته يُحَدَّثُ بحديثٍ من حديثي، فيقول: بيننا وبينكم كتابُ اللَّه ، فما وجدنا فيه من حلالٍ استحلَلْناه، وما وجدنا فيه من حرامٍ حرَّمناه، ألا وإنَّ ما حرَّمَ رسولُ اللَّه مثل ما حرَّم اللَّه صحيح سنن ابن ماجه: 12.

41. مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كەلگۈسىدە كارىۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان بىرىڭلارغا مېنىڭ ھەدىسىم سۆزلەنسە، مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: <بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا الله نىڭ كىتابى بار، شۇ يېتەرلىك. الله نىڭ كىتابىدا ھالال دېگەننى ھالال، ھارام دېگەننى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىمىز، شۇ يېتەرلىك، خالاس>. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنداق كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ: <ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن الله نىڭ ئەلچىسى ھارام قىلغان نەرسە الله ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشلا ھارامدۇر> دېگەن».[1]

42. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «كلُّ أمتي يَدخلون الجنة إلا من أبى»، قيل: «ومن يأبى يا رسولَ اللَّه؟» قال: «من أطاعني دخل الجنة، ومن عصاني فقد أبى». البخاري.

42. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇممەتلىرىمدىن پەقەت يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەنىدى، ساھابىلەرنىڭ بىرى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! يۈز ئۆرۈگەن كىشى كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ماڭا ئىتائەت قىلغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ماڭا ئاسىي بولغان كىشى يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ» دېدى.[2]

43. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه ،أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «<لا تمنعوا إماءَ اللَّه أن يصلين في المسجد>. فقال ابنٌ له: <إنا لنمنعهنّ>َ فقال: <فغضب غضباً شديداً، وقال: أحدث عن رسولِ اللَّه ﷺ وتقول إنا لنمنعهنّ>». صحيح سنن ابن ماجه

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

43. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ <ئاياللارنى مەسجىدتە ناماز ئوقۇشتىن توسماڭلار> دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغاندا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى بىلال: <الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئاياللىرىمىزنى مەسجىدتىن توسىمىز> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ: <مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن دەۋاتسام، سەن يەنە توسىمىز دەۋاتىسەنغۇ> دېدى».[①]

44. وعن أبي سلمة أن أبا هريرة رضي اللّه عنه، قال لرجل: «يا ابن أخي، إذا حدثتُكَ عن رسولِ اللّه ﷺ حديثاً فلا تضرب له الأمثال». صحيح سنن ابن ماجه

44. ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر ئادەمگە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇنىڭغا باشقا مىسال ئەكىلىپ يۈرمە!».[②③]

45. وعن جابر رضي اللّه عنه ،أن عمر بن الخطاب، أتى رسولَ اللّه ﷺ بنسخةٍ من التوراة، فقال: يا رسولَ اللّه! هذه نسخة من التوراة، فسكت، فجعل يقرأ ووجه النبِّي يتغير، فقال أبو بكر: ثكلتك الثواكل! ما ترى ما بوجه رسول اللّه ﷺ ؟! فنظر عمر إلى وجهِ رسولِ اللّه ﷺ ، فقال: أعوذُ باللّه من غضب اللّه وغضب رسوله، رضينا باللّه رباً، وبالإسلامِ ديناً، وبمحمدٍ نبياً. فقال رسول اللّه ﷺ : والذي نفسُ محمدٍ بيده، لو بدا لكم موسى فاتبعتموه وتركتموني لضللتم عن سواء السبيل، ولو كان حيّاً وأدركَ نبوتي لاتّبعني. رواه الدارمي، مشكاة المصابيح: 194، وانظر صحيح الجامع الصغير: 5308.

45. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەۋراتتىن بىر نۇسخىنى ئېلىپ

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دېگەن: كۈنىمىزدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىنى بىر چەتتە قويۇپ، ئۆزىنىڭ مەزھەب ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۈچلۈك بىلىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ. سىز ئۇلارغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن» دېسىڭىز، ئۇلار جۈرئەت بىلەن: «لېكىن پالانى مۇنداق دېگەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ تەۋراتنىڭ نۇسخىسى› دېدى، پەيغەمبەر ﷺ سۈكۈتتە تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقۇشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئىسىت ساڭا! رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىغا قارىمامسەن؟› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ: ‹الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ غەزىپىدىن الله قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! الله نىڭ رەببىمىز، ئىسلامنىڭ دىنىمىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇق› دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ناۋادا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردا بولغان بولسا، سىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مېنى تەرك ئەتسەڭلار، ھەق يولدىن ئەلۋەتتە ئېزىپ كەتكەن بولاتتىڭلار.[1] ئەگەر مۇسا ئەلەيھىسسالام ھايات بولۇپ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى تاپقان بولسا، ماڭا ئەگەشكەن بولاتتى› دېدى».[2]

46. **وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: «لما استوى رسولُ اللَّه ﷺ، يوم الجمعة، قال: ‹اجلسوا›، فسمع ذلك ابن مسعود، فجلسَ على بابِ المسجد، فرآه رسولُ اللَّه ﷺ، فقال: ‹تعالَ يا عبدَ اللَّه بنَ مسعود›». صحيح سنن أبي داود:** 966.

46. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەرگە چىقىپ بولۇپ: ‹ئولتۇرۇڭلار› دېدى، بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال مەسجىد دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىدىلا ئولتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۆرۈپ: ‹ئى ئابدۇللاھ

---

[1] مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ مۇھەممەد ﷺ نى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ھالى بۇنداق بولغان يەردە، مۇھەممەد ﷺ نى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى تاشلاپ، گۇللىنىش پارتىيىسى، كوممۇنىست پارتىيىسى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار دىيارلىرىغا خوجا بولۇۋالغان كوممۇنىزم ۋە دېموكراتىيە پارتىيىلىرىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار-ھە! ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ داۋراڭ سالسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوقتۇر.

[2] دارىمى توپلىغان.

ئىبنى مەسئۇد! بۇياققا كەلگىن> دېدى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش ۋە ھۆرمەتلەش ــــ ئىماننىڭ تەلەپلىرى ۋە شەرتلىرىدىندۇر**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنْ كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُمْ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّى يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى، <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى الله نىڭ جازاسى ۋە ئازابى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ>».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِتُؤْمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُعَزِّرُوهُ وَتُوَقِّرُوهُ﴾ «سىلەرنىڭ الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۇلۇغلىشىڭلار ۋە ھۆرمەتلىشىڭلار ئۈچۈن».[3]

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

47. عن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يؤمنُ أحدُكم حتى أكونَ أحبَّ إليه من والدِه وولده، والناسِ أجمعين». متفق عليه.

47. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بالا ـ ۋاقىسى ۋە

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] سۇرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.
[3] سۇرە فەتىھ 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

جىمى ئىنسانلاردىن ئارتۇق ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ».[1]

48. وفي رواية مسلم: «لا يؤمنُ عبدٌ حتى أكونَ أحبَّ إليه من أهلِه ومالِه والناسِ أجمعين».

48. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە: «بەندە مېنى ئۆزىنىڭ ئەھلى، مېلى ۋە جىمى ئىنسانلاردىن ئارتۇق كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ» دەپ كەلگەن.[2]

49. وعن عبد اللَّه بن هشام رضي اللَّه عنه، قال: «كنا مع النبي ﷺ وهو آخذ بيد عمر بن الخطاب، فقال له عمر: <يا رسول اللَّه لأنت أحب إلي من كل شيء إلا من نفسي>، فقال النبي ﷺ: <لا والذي نفسي بيده حتى أكونَ أحبَّ إليكَ من نفسِك>، فقال له عمر: <فإنه الآن واللَّه لأنت أحبُّ إليَّ من نفسي>، فقال النبي ﷺ : <الآن يا عمر>». البخاري.

49. ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا ئۆز جېنىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن> دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى مەن ساڭا ئۆز جېنىڭدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك بولمىغۇچە (ئىمانىڭ مۇكەممەل) بولمايدۇ> دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھازىر ماڭا ئۆز جېنىمدىنمۇ بەك سۆيۈملۈك> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <مانا ئەمدى (ئىمانىڭ مۇكەممەل) بولدى> دېدى».[3]

50. وعن أنس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ثلاثة من كنَّ فيه وجدَ حلاوةَ الإيمان: أن يكونَ اللَّه ورسولُه أحبَّ إليه مما سواهما، وأن يحبَّ المرءَ لا يحبه إلا للَّه، وأن يكره أن يعودَ في الكفر كما يكره أن يُقذَف في النار». متفق عليه.

50. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئىش بولۇپ، كىمدە بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىش تېپىلسا، ئۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

كىشى ئىمانىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ. بۇلار: الله  ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى بارلىق نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش، بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرسە ئۇنى پەقەت الله  رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش، كۇفۇرلۇققا قايتىشنى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر».[1]

### ❖ سەلەف ـ سالىھلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى ھۆرمەتلەش كۆرۈنۈشلىرى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا ئىمام مالىكنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى، ھەتتا ئۇ ئىختىيارسىز ئېگىلىپ قالاتتى. بۇنداق ھالەت ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا قىيىن تۇيۇلاتتى. بىر كۈنى ئىمام مالىكتىن بۇ ھەقتە سورىلىۋېدى، ئۇ: «كاشكى، مەن ئۇچراتقان كىشىلەرنى كۆرگەن بولساڭلار، مېنى توغرا چۈشەنگەن بولاتتىڭلار. مەن قارىلارنىڭ ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىرنى كۆرگەن ئىدىم، بىز ئۇنىڭدىن ھەدىس ھەققىدە سوراپ قالساق، ئۇ يىغلاپ تاشلايتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالاتتۇق. يەنە جەئفەر ئىبنى مۇھەممەدنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان خۇش چاقچاق كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا رەڭگى سارغىيىپ كېتەتتى» دېدى.

ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ چىرايىغا قارايدىغان بولساق چىرايى تاتىرىپ قىزىرىپ كېتەتتى ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىنى تاپالمايتتى.

مەن (ئىمام مالىك) زۇھرىنى كۆرگەنىدىم، ئۇ خۇشچىراي كىشى ئىدى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا خۇدىنى يوقىتاتتى. مەن ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ يېنىغا باراتتىم، ئۇنىڭ يېنىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا يىغلاپ تاشلايتتى، ھەتتا يېشى قۇرۇپ كېتەتتى. مەن سەفۋان ئىبنى سۇلەيمىنىڭ يېنىغا باراتتىم، ئۇ تولىمۇ تەقۋا ۋە ئابىد كىشى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا پەيغەمبەرﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنسىلا يىغلاپ كېتەتتى، ھەتتا كىشىلەر يېنىدىن چىقىپ كەتكۈچە يىغىسىنى توختىتالمايتتى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن، ناسارالارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغىنىغا ئوخشاش كۆككە كۆتۈرۈۋەتمەستىن، الله تائالانىڭ مۇكەممەل بەندىسىنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش ـــ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۇممىتىنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الْحَمْدُ اللَّهِ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا**﴾ «جىمى ھەمدۇ-سانا الله قا خاستۇركى، ئۇ بەندىسى (يەنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد) گە توغرا، ھېچقانداق قىڭغىرلىق (يەنى ئىختىلاپ، زىددىيەت) بولمىغان قۇرئاننى نازىل قىلدى»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**تَبَارَكَ الَّذِي نَزَّلَ الْفُرْقَانَ عَلَى عَبْدِهِ لِيَكُونَ لِلْعَالَمِينَ نَذِيرًا**﴾ «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (الله نىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان الله نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى**﴾ «الله بەندىسىگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھىيلەرنى ۋەھيي قىلدى»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ**﴾ «الله (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد

---

[1] ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) «مجموع الفتاوى» ناملىق كىتابىنىڭ 1- توم 226- بېتىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەسەرلەرنى قازى ئىياز، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ مەشھۇر شاگىرتلىرىنىڭ كىتابلىرىدىن نەقىل قىلغان».

[2] سۈرە كەھف 1- ئايەت.

[3] سۈرە فۇرقان 1- ئايەت.

[4] سۈرە نەجم 10- ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنَّهُ لَمَّا قَامَ عَبْدُ اللَّهِ يَدْعُوهُ كَادُوا يَكُونُونَ عَلَيْهِ لِبَدًا﴾ «الله نىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) الله قا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئولىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا تاس قالدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر»[3].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**51. عن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا تَطروني كما أطرت النصارى ابنَ مريم، فإنما أنا عبدُه؛ فقولوا عبد اللَّه ورسوله». البخاري.**

51. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ناسارالار مەريەم ئوغلى ئىيسانى ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتكەندەك، (سىلەرمۇ) مېنى چەكتىن ئارتۇق ماختاپ ئۇچۇرۇۋەتمەڭلار، مەن الله نىڭ بەندىسى بولىمەن، مېنى الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار» دېگەن.[4]

**52. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لعنَ اللَّه اليهودَ والنصارى، اتخذوا قبورَ أنبيائهم مساجد». متفق عليه.**

52. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله تائالا يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا لەنەت

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە جىن 19 ـ ئايەت.
[3] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇخارى توپلىغان.

قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى» دېگەن.[1]

**53. وعن الرُّبَيِّع بنتِ مُعوِّذٍ رضي اللّٰه عنها، قالت: «دخل عليَّ النبيُّ ﷺ غداة بُنِيَ عليَّ، كمجلِسِكَ مني، وجويرات يضربن بالدُّف، يَنْدُبْنَ من قُتل من آبائي يومَ بدر، حتى قالت جارية: ‹وفينا نبيٌّ يعلمُ ما في غدِ!› فقال النبي ﷺ : ‹لا تقولي هكذا وقولي ما كنتِ تقولين›». البخاري.**

53. رۇبەيىئ بىنتى مۇئەۋۋىز رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ تويۇم بولغان كۈنى ئەتىگەندە مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ، خۇددى سەن (خالىد ئىبنى زەكۋان) مېنىڭ ئالدى تەرىپىمدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرغان ئىدى. قىزلار داپ چېلىپ، بەدردە ئۆلتۈرۈلگەن ئاتا-بوۋىلىرىمغا مەرسىيە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىز: ‹ئىچىمىزدە ئەتىكى ئىشنى بىلىدىغان پەيغەمبەر بار› دېۋىدى[2]، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇنداق دېمە، بايىقى سۆزلىرىڭنى داۋاملاشتۇرغىن!› دېدى».[3]

**54. وعن أنسٍ رضي اللّٰه عنه ،أن ناساً قالوا: «يا رسول اللّٰه يا خيرَنا وابنَ خيرنا، وسيدنا وابنَ سيدنا»، فقال: «يا أيها الناس قولوا بقولِكم ولا يستهوينَّكم الشيطانُ، أنا محمد عبد اللّٰه ورسولُه، ما أحب أن ترفعوني فوق منزلتي التي أنزلني اللّٰه». رواه أحمد، والنسائي، وصححه الشيخ ناصر، إصلاح المساجد: 102.**

54. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر بۆلۈك كىشىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئى بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ئەڭ ياخشى كىشى ۋە ئەڭ ياخشى كىشىنىڭ ئوغلى! سەييىدىمىز ۋە سەييىدىمىزنىڭ ئوغلى!› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: ‹ئى ئىنسانلار! سىلەر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى بىلىش پەقەت الله تائالاغىلا خاس بولغان غەيب ئىشلاردىندۇر. الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ كُنْتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لَاسْتَكْثَرْتُ مِنَ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِيَ السُّوءُ﴾ «ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى-يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ)» (سۈرە ئەئراف 188- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

[3] بۇخارى توپلىغان.

سۆزلىرىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار، شەيتان سىلەرنى ئازدۇرۇپ كەتمىسۇن. مەن مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىمەن. سىلەرنىڭ مېنى الله تائالا ماڭا بەرگەن مەرتىۋىدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋېتىشىڭلارنى ياخشى كۆرمەيمەن>».①

55. **وفي رواية عند أبي داود، «فقلنا <أنت سيدنا>، فقال: <السيّدُ اللَّه تبارك وتعالى>»**.

55. ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقلىدە: «<سەن بىزنىڭ سەييىدىمىز> دېۋىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: <سەييد الله تائالادۇر> دەپ جاۋاب بەردى» دەپ كەلگەن.②

56. **وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: «قال رجل لرسول اللَّه ﷺ : <يا خيرَ البريَّةِ>، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <ذاكَ إبراهيم>». رواه مسلم، والترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود:** 3906.

56. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى!> دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ (يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر> دېدى».③

57. **وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: جاء رجلٌ إلى النبي ﷺ : فراجعه في بعض الكلام، فقال: ما شاءَ اللَّه وشِئتَ! فقال رسولُ اللَّه ﷺ : أجعلتني مع اللَّه ندّاً؛ لا بل ما شاء اللَّه وحده. رواه أحمد، وابن ماجه، والبيهقي، والطبراني في الكبير، السلسلة الصحيحة:** 139.

57. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ بەزى سۆز توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپ: «ما شاءَ اللَّه وشِئتَ» «الله خالىسا ۋە سەن خالىساڭ» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «مېنى الله قا شېرىك قىلامسەن، بەلكى <ما شاء اللَّه وحده» <الله

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

③ مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خالىسا> دېگىن» دېدى.[1]

**58. وعن أبي مسعود البدري رضي اللّٰه عنه، قال أتى النبيَّ ﷺ رجلٌ، فكلمه فجعلَ ترتعدُ فرائِصُه، فقال له: «هوِّن عليك؛ فإنِّي لستُ بملِكٍ، إنَّما أنا ابنُ امرأةٍ من قريش، كانت تأكلُ القديدَ». رواه ابن ماجه، والحاكم في المستدرك، صحيح الجامع الصغير: 7052.**

58. ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە گەپ قىلىۋېتىپ لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە: «مەن پادىشاھ ئەمەس، ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت! مەن قۇياش نۇرىدا تۇزلاپ قۇرۇتۇلغان گۆشنى يەيدىغان قۇرەيشلىك بىر ئايالنىڭ بالىسىمەن» دېدى.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نى كەمسىتكەن، تىللىغان، مەسخىرە قىلغان ۋە باشقا ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇنى چۈشۈرگەن كىشى مۇرتەد كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنداق كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ**[3]

---

[1] ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى ۋە تەبەرانى توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] پەيغەمبەر ﷺ نى تىللىغان كىشى ئەگەر قولغا (مەھكىمىگە) چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىپ، «كۇفرى» ھۆكمى ساقىت قىلىنىپ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ؛ ئەگەر قولغا (مەھكىمىگە) چۈشكەندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، «كۇفرى» دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئەمما تەۋبىسى سەممىي بولغان بولسا ئاخىرەتتە «كۇفرى» ھۆكمى ساقىت قىلىنىپ، تەۋبىسى مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمىتى ساقلىنىدۇ. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، كىمكى بىرەر پەيغەمبەرگە تەنە قىلىش، تىللاش، مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق ئەزىيەت بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ھۆكمى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە ئەزىيەت بەرگەن كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. بەزى كىشىلەر: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنى تىللىغان ۋە تۇرلۇك ئىشلار بىلەن ئەزىيەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرگەن، بەزىسىنى كەچۈرۈۋەتكەن. ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەققىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كەچسە بولىۋېرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ سەممىي تەۋبە قىلغان كىشىلەردىن ياكى ئۆلتۈرمەسلىك مەنپەئەتلىك دەپ قارىغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغان ۋە خالىغان كىشىلەرنى ئەپۇ قىلماي ئۆلتۈرگەن. لېكىن، پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈممەتنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت يەتكۈزگەنلەرنى ئەپۇ قىلىش ھەققى بولمايدۇ، ھېچبىر كىشى بۇ ھەقنى دەۋا قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ساھابىلەر ۋە سەلەف-سالىھلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن): «پەيغەمبەر ﷺ گە يامانلىق قىلغان ۋە يۈز-ئابرۇيىنى تۆككەن كىشىلەرگە، ئۇلار تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلە توغرىسىدا «تنبيه الغافلين إلى حكم شاتم اللّٰه والدين» «الله نى ۋە دىنىنى تىللىغان كىشىنىڭ ھۆكمىدىن غاپىل قالغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش» ناملىق كىتابىمدا تەپسىلىي توختالدىم، خالىغان كىشىلەر شۇ كىتابىمغا مۇراجىئەت قىلسۇن.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ نَكَثُوا أَيْمَانَهُمْ مِنْ بَعْدِ عَهْدِهِمْ وَطَعَنُوا فِي دِينِكُمْ فَقَاتِلُوا أَئِمَّةَ الْكُفْرِ إِنَّهُمْ لَا أَيْمَانَ لَهُمْ لَعَلَّهُمْ يَنْتَهُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ ۞ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ﴾ «<(بۇ مۇناپىقلارغا) سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار»②.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

59. عن ابن عباس رضي اللَّه عنه، «أن أعمى كانت له أمُّ ولد، تشتمُ النبيَّ ﷺ ، وتقعُ فيه، فينهاها فلا تنتهي، ويزجرُها فلا تنزجر. قال: فلما كانت ذات ليلة جعلت تقع في النبي وتشتمُه، فأخذ المغوَلَ فوضعه في بطنها، واتكأ عليها فقتلها، فوقع بين رجليها طفلٌ، فلطَّخت ما هناكَ بالدم، فلما أصبح ذُكِر ذلك لرسول اللَّه ﷺ ، فجمع الناسَ فقال: <أُنشدُ اللَّه رجلاً فعلَ ما فعل، لي عليه حق إلا قام> ، فقام الأعمى يتخطَّى الناسَ، وهو يتزلزل حتى قعد بين يدَي النبي ﷺ ، فقال: <يا رسول اللَّه! أنا صاحبها، كانت تشتمك وتقع فيك فأنهاها فلا تنتهي، وأزجرها فلا تنزجر، ولي منها ابنان مثل اللؤلؤتين، وكانت بي رفيقة، فلما كانت البارحة جعلت تشتمك وتقع فيك، فأخذت المغول فوضعته في بطنها واتكأت عليها حتى قتلتها>، فقال النبي ﷺ : <ألا اشهدوا أن دمَها هَدْرٌ>». رواه أبو داود، والنسائي، صحيح سنن أبي داود: 3665.

59. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كور ئادەمنىڭ بىر دېدەكى بار بولۇپ، ئۇ دېدەك پەيغەمبەر ﷺ نى تىللايتتى ۋە

① سۇرە تەۋبە 12 ـ ئايەت.

② سۇرە تەۋبە 65 ـ ۋە 66 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

ئۇ ھەققىدە ناھايىتى بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى. خوجايىنى ئۇنى توسسىمۇ توختىمايتتى، كايىسىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى. بىر كېچىسى ئۇ دېدەك يەنە پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ، تىللاشقا باشلىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن خوجايىنى خەنجەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا تىقتى، ئاندىن ئۆزىنى ئۇ دېدەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ خوتۇننىڭ قورسىقىدىكى بالا چۈشۈپ كېتىپ، قان ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بۇلغىۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئەتىسى سەھەردە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ جامائەتنى توپلىدى ۋە: <الله نىڭ نامى بىلەن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى قىلغان ۋە ماڭا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار بولغان ئادەم ئورنىدىن تۇرسۇن!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن كور ئادەم تىترىگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى ۋە كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم. ئۇ خوتۇن سېنى تىللايتتى ۋە سېنىڭ ھەققىڭدە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلاتتى، مەن ئۇنى توسسامۇ توختىمايتتى، كايىسامۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمايتتى. لېكىن، ئۇ ماڭا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭدىن گۆھەردەك ئىككى ئوغلۇممۇ بار ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ سېنى تىللاپ بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ قورسىقىغا تىقتىم ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: <ئى خالايىق! گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلاركى، بۇ خوتۇننىڭ خۇنى بىكار قىلىندى> دېدى». ①

60. وعن أبي برزة الأسلمي رضي اللَّه عنه، قال: «أغلظ رجلٌ لأبي بكر الصديق، فقلت: <أقتلُه>، فانتهرَني، وقال: <ليس هذا الحد لأحدٍ بعد الرسولِ ﷺ>». صحيح سنن النسائي: 3790.

60. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قوپاللىق قىلدى. مەن

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: <ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتەيمۇ؟> دەپ سورىسام، ئۇ مېنى توسۇپ: <رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن باشقا كىشىگە قوپاللىق قىلغان كىشى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ> دېدى».[①]

## ❖ پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدە يالغاننى توقۇغان كىشىلەر ھەققىدە

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**61. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «مَن كذبَ عليَّ متعمِّداً فليَتبوَّأ مقعدَهُ من النار». البخاري.**

61. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مېنىڭ ھەققىمدە قەستەن يالغان سۆز توقۇسا، دوزاختىن ئۆزىگە ئورۇن تەييارلىغان بولىدۇ».[②]

**62. وعن المُغيرة رضي اللَّه عنه، قال: «سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: <إنَّ كَذِباً عليَّ ليس ككذبٍ على أحدٍ؛ من كذَبَ عليَّ متعمداً فليتبوَّأ مَقعدَهُ من النار>». البخاري.**

62. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ھەققىمدە يالغان سۆز توقۇش باشقا ئادەم ھەققىدە يالغان سۆز توقۇشقا ئوخشىمايدۇ. كىمكى مېنىڭ ھەققىمدە قەستەن يالغان سۆز توقۇسا (يەنى قەستەن ھەدىس توقۇسا)، دوزاختىن ئۆزىگە ئورۇن تەييارلىغان بولىدۇ>».[③]

**63. وعن سلمَةَ رضي اللَّه عنه، قال: «سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: <من يَقُل عليَّ ما لم أقل فليتبوَّأ مقعدَهُ من النار>» . البخاري.**

63. سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <كىمكى مەن دېمىگەن نەرسىنى دېدى دېسە، دوزاختىن ئۆزىگە ئورۇن تەييارلىغان بولىدۇ>».[④]

---

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ بۇخارى توپلىغان.

64. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه ،أن رسول اللّه ﷺ قال: «إن الذي يَكذبُ عليَّ يُبنَى له بيتٌ في النار». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1618.

64. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ماڭا يالغان ئېيتقان كىشىگە دوزاختىن بىر ئۆي تەييارلىنىدۇ».[1]

65. وعن أبي قتادة رضي اللّه عنه، قال سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «إياكم وكثرة الحديث عني؛ من قال عليَّ فلا يقولنَّ إلا حقّاً أو صدقاً، فمن قال عليَّ ما لم أقل، فليتبوَّأ مقعده من النار». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1753.

65. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مەندىن ھەدىسنى كۆپ سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار! مەن توغرىسىدا گەپ قىلماقچى بولغان كىشى ھەقىقەتنى، راستنى دېسۇن. كىمكى ماڭا مەن دېمىگەننى دېدى دەپ يالغان سۆزلىسە، ئۇ كىشى ئۆزىگە دوزاختىن ئورۇن تەييارلىغان بولىدۇ».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا ئۇنىڭغا دۇرۇت يوللاش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەقلىرىدىندۇر، ئۇنىڭغا دۇرۇت يوللىمىغان كىشى بېخىللىق ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1618 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1753 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

چىقارغۇچىدۇر)» [1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

66. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «من ذُكِرتُ عندهُ فنسي الصلاةَ عليَّ، خَطِئ به طريقُ الجنة». السلسلة الصحيحة: 2337.

66. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت يوللاشنى ئۇنۇتقان كىشى جەننەت يولىدىن ئاداشقان بولىدۇ» [2].

67. وعن علي رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «كلُّ دعاءٍ محجوبٌ حتى يُصلَّى على النبي». صحيح الجامع الصغير: 4523.

67. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر قىلىنغان دۇئا ماڭا دۇرۇت يوللىمىغۇچە توسۇلۇپ تۇرىدۇ» [3].

68. وعن عمر ابن الخطاب رضي اللَّه عنه موقوفاً، قال: «إن الدعاءَ موقوفٌ بين السماء والأرض؛ لا يَصعدُ منه شيءٌ حتى تُصلِّي على نبيِّك». رواه الترمذي، صحيح الترغيب: 1676.

68. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇ: «دۇئا ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا توختىتىپ قويۇلىدۇ، تاكى پەيغەمبەر ﷺ گە دۇرۇت يوللىمىغۇچىلىك (دۇئادىن) ھېچبىر نەرسە (الله نىڭ ھۇزۇرىغا) كۆتۈرۈلمەيدۇ» [4].

69. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من ذُكِرتُ عنده فليصلِّ عليَّ، فإنَّ من صلَّى عليَّ مرةً صلى اللَّه عليه عشراً». رواه الترمذي، صحيح الجامع الصغير: 6246.

69. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كىشىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام، ئۇ كىشى ماڭا دۇرۇت

---

[1] سۈرە ئەھزاب 56- ئايەت.

[2] «السلسلة الصحيحة» 2337- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] «صحيح الجامع الصغير» 4523- نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 6246- نومۇرلۇق ھەدىس.

يولـلـىسۇن! ھەقىـقەتەن كـىـم مـاڭـا بـىـر قېـتـىـم دۇرۇت يولـلـىـسا، الله  تائالا ئۇ كـىشـىگە 10 قېـتـىـم رەھـمـەت يولـلايدۇ». [1]

70. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من صلى عليَّ واحدةً، صلى اللَّه عليه عشرَ صلواتٍ، وحطَّ عنه عشرَ خطيئاتٍ، ورفع له عشر درجات». رواه أحمد والنسائي، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 6359.

70. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر كىشى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، الله  تائالا ئۇ كىشىگە 10 قېتىم رەھمەت يوللايدۇ ۋە 10 خاتالىقىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى 10 دەرىجە كۆتۈرىدۇ». [2]

71. وعن أبي بُردة بن نيار رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «مَن صلَّى عليَّ من أمتي صلاةً مخلصاً من قلبه؛ صلَّى اللَّه عليه بها عَشر صلواتٍ، ورفعه بها عشْرَ درجاتٍ، وكتبَ له بها عشر حسنات، ومحا عنه عشرَ سيئاتٍ». رواه النسائي وغيره، صحيح الترغيب: .1659

71. ئەبۇ بۇردە ئىبنى نىيار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشى چىن قەلبىدىن ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، الله  تائالا ئۇ كىشىگە شۇ بىر دۇرۇتنىڭ سەۋەبى بىلەن 10 رەھمەت يوللاپ، 10 دەرىجە كۆتۈرۈپ، 10 ياخشىلىق يېزىپ، 10 يامانلىقىنى ئۆچۈرىدۇ». [3]

72. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «أكثروا الصلاةَ عليَّ يومَ الجمعةَ؛ فإنه أتاني جبريلُ آنفاً عن ربِّه فقال: <ما على الأرضِ من مسلمٍ يُصلي عليكَ مرةً واحدةً؛ إلا صلَّيْتُ أنا وملائكتي عليه عشراً>». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: .1662

72. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇرۇت يوللاڭلار! بايا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 4523 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 6359 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] نەسائى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1659 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كېلىپ ماڭا الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى: <زېمىن ئۈستىدىكى بىرەر مۇسۇلمان سىزگە بىر قېتىم دۇرۇت يوللىسا، مەن ۋە مېنىڭ پەرىشتىلىرىم ئۇ كىشىگە 10 قېتىم رەھمەت يوللايمىز>».①

**73. وعن ابن مسعود رضي اللَّه عنه ،أن رسول اللَّه ﷺ قال: «أولى الناسِ بي يومَ القيامة أكثرُهم عليَّ صلاةً». رواه الترمذي وقال: حديث حسن،**

73. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ماڭا كىشىلەردىن ئەڭ يېقىن بولىدىغىنى، ماڭا ئەڭ كۆپ دۇرۇت ئېيتقان كىشىدۇر».②

**74. وعن أُبي بن كعب رضي اللَّه عنه، قال: «فقلت: <يا رسول اللَّه! إنِّي أُكثِرُ الصلاةَ عليكَ، فكم أجعل لك من صلاتي؟>، قال: <ما شِئتَ>. قال: <قلتُ الرُّبعَ؟>، قال: <ما شِئتَ، وإن زدتَ فهو خيرٌ لك>. قلت: <النُّصفَ؟>، قال: <ما شِئتَ، فإن زدتَ فهو خيرٌ لك>. قال: <قلتُ ثُلُثَين؟>، قال: <ما شِئتَ، وإن زدتَ فهو خيرٌ لك>. قال: <أجعَل لك صلاتي كُلَّها؟>، قال: <إذاً تُكفَى همُّكَ، ويُغفَر لك ذنبُكَ>». أخرجه أحمد، والترمذي، والحاكم، صحيح الترغيب: 1670.**

74. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! دۇئالىرىمدا ساڭا كۆپرەك دۇرۇت يوللاي دەيمەن، نەچچىلىكىنى ساڭا قاراتسام بولار؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <خالىغىنىڭچە> دېدى. مەن: <تۆتتىن بىرى بولارمۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <خالىغىنىڭچە يوللا. ئەگەر كۆپ قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر> دېدى. مەن: <يېرىمىنى قىلايمۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <خالىغىنىڭچە يوللا. ئەگەر كۆپ قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر> دېدى. مەن: <ئۈچتىن ئىككىسىنى قىلايمۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <خالىغىنىڭچە يوللا. ئەگەر كۆپ قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر> دېدى. مەن: <ھەممىسىنى سىلىگە دۇرۇت ئوقۇشقا

---

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1662 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

قاراتسامچۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇ چاغدا غەملىرىڭدىن قۇتۇلىسەن، گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈلىدۇ> دېدى». [1]

75. وفي رواية لاحمد عنه، قال: قال رجل: «يا رسول اللَّه! أرأيتَ إن جعلتُ صلاتي كلها عليك؟»، قال: «إذاً يَكفيكَ اللَّه تبارك وتعالى ما أهمَّك من دنياكَ وآخرتك».

75. ئەھمەدنىڭ نەقلىدە ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن دۇئايىمنىڭ ھەممىسىدە سىلىگە دۇرۇت يوللىسام قانداق بولىدۇ؟ شۇنىڭدىن خەۋەر بەرسىلە» دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداق بولغاندا، ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە ئۇستۇن الله تائالا سېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەملىرىڭگە كۇپايە قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

76. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أكثروا من الصلاةِ عليَّ يومَ الجمعة؛ فإنه مشهودٌ تشهدُه الملائكةُ، وإنَّ أحداً لن يُصلي عليَّ إلا عُرِضت عليَّ صلاتُه حتى يفرغَ منها». قال: قلت وبعد الموت؟ قال: إنَّ اللَّه حرَّم على الأرض أن تأكلَ أجساد الأنبياء، فنبيُّ اللَّه حيٌّ يُرزَق.أخرجه ابن ماجة، صحيح الترغيب: 1672.

76. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «جۈمە كۈنى ماڭا كۆپ دۇرۇت يوللاڭلار! چۈنكى، جۈمە كۈنى پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ. بىر كىشى ماڭا دۇرۇت يوللىسا، دۇرۇتتىن بىكار بولماي تۇرۇپ شۇ كىشىنىڭ دۇرۇتى ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ» دېگەنىدى، مەن: «سىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسەدىنى چىرىتىشنى زېمىنغا ھارام قىلغان، الله نىڭ پەيغەمبىرى تىرىك رىزىق بېرىلىپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. [2]

77. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: رَغِمَ أنف رجلٍ ذُكرت عنده فلم يصلِّ عليَّ». رواه الترمذي، وقال: حديث حسن.

---

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1670 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1672 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

77. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا، ماڭا دۇرۇت ئېيتمىغان كىشى خار بولۇپ كەتسۇن!».[1]

**78. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «قال رسول اللّه ﷺ : البخيل من ذُكِرتُ عنده فلم يصلِّ عليَّ**. رواه الترمذي»، **وقال: حديث حسن.**

78. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بېخىل كىشى ــ مېنىڭ نامىم تىلغا ئېلىنغاندا ماڭا دۇرۇت يوللىمىغان كىشىدۇر».[2]

**79. وعن جابر رضي اللّه عنه، قال: «قال رسولُ اللّه ﷺ : «من قال حينَ يسمعُ النداءَ: <اللّهمَّ رب هذه الدعوة التامَّة، والصلاةِ القائمة، آتِ محمداً الوسيلةَ والفضيلةَ، وابعثه مقاماً محموداً الذي وعدته>، حلَّت له شفاعتي يوم القيامة»**. رواه أحمد والبخاري، وأصحاب السنن، **صحيح الجامع الصغير**: 6423.

79. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەزاننى ئاڭلىغاندا: <ئى مۇشۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ (يەنى ئەزاننىڭ) ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى الله ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ۋەسىلە» نامىلىق مەرتىۋىنى ۋە يۈكسەك پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان مەدھىيەگە لايىق ماقامغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت قىلىش ماقامىغا) يەتكۈزگىن> دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە مېنىڭ شاپائىتىم نېسىپ بولىدۇ».[3]

**80. وعن جابر بن سمرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ : «أتاني جبريل فقال: <يا محمد!من ذُكِرتَ عنده فلم يصلِّ عليكَ فماتَ فدخل النار فأبعدَهُ اللّه، قل: آمين>، فقلت: <آمين>»**. رواه الطبراني، **صحيح الجامع الصغير**: 75.

80. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 6423 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ماڭا: <ئى مۇھەممەد! سىزنىڭ نامىڭىز تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتا سىزگە دۇرۇت يوللىمىغان كىشى ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ، الله ئۇنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن! ئامىن دەڭ> دېگەنىدى، مەن <ئامىن> دېدىم».[①]

81. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه ،أن النبيَّ ﷺ قال: «لما رقيتُ الدرجةَ الأولى ـ أي من المنبر ـ جاءني جبريل فقال: <شَقِيَ عبدٌ ذُكِرْتَ عنده ولم يُصلِّ عليك>، فقلت: <آمين>». صحيح الأدب المفرد: 500

81. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن مۇنبەرنىڭ بىرىنچى پەشتىقىغا چىققان ۋاقتىمدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: <سىزنىڭ نامىڭىز تىلغا ئېلىنغان ۋاقىتتا سىزگە دۇرۇت يوللىمىغان بەندە بەختسىز بولۇپ كەتسۇن> دېدى، مەن <ئامىن> دېدىم».[②]

82. وعن الحسين بن علي رضي اللَّه عنهما، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «حيثما كنتم فصلُّوا عليَّ؛ فإن صلاتكم تبلُغني». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 1665.

82. ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر نەدە بولساڭلار ماڭا دۇرۇت يوللاڭلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ يوللىغان دۇرۇتۇڭلار ماڭا يېتىدۇ».[③]

83. وعن عمار بن ياسر رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: إن اللَّه وكَّلَ بقبري ملَكاً أعطاهُ اللَّه أسماءَ الخلائقِ؛ فلا يُصلِّي عليَّ أحدٌ إلى يوم القيامة إلا أبلغني باسمه واسم أبيه: <هذا فلانُ ابنُ فلانٍ قد صلَّى عليكَ>». رواه البزار، صحيح الترغيب: .1667

83. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا قەبرەمدە بىر پەرىشتە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا خالايىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى بەرگەن. قىيامەتكە قەدەر كىم ماڭا دۇرۇت

---

[①] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 75 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الأدب المفرد» 500 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1667 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

يوللىسا، ئۇ پەرىشتە: <پالانچىنىڭ ئوغلى پالانچى ساڭا دۇرۇت يوللىدى> دەپ، ئۇنىڭ ۋە دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ماڭا يەتكۈزىدۇ».[1]

84. **وعن أبي بكر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ : «أكثروا الصلاةَ عليَّ، فإن اللَّه وكَّلَ بي ملَكاً عند قبري، فإذا صلَّى عليَّ رجلٌ من أمتي، قال لي ذلك الملَك: <يا محمد إن فلانَ ابنَ فلان صلَّى عليك السَّاعة>».** رواه الديلمي في مسنده، صحيح الجامع الصغير: 1207.

84. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا كۆپ دۇرۇت يوللاڭلار! ھەقىقەتەن الله تائالا قەبرەمگە بىر پەرىشتىنى تەيىنلىدى، مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر كىشى ماڭا دۇرۇت يوللىسا، شۇ پەرىشتە: <ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! پالانىنىڭ ئوغلى پالانى سىزگە مۇشۇ ۋاقىتتا دۇرۇت يوللىدى> دەپ يەتكۈزىدۇ».[2]

ئى الله ! سېنىڭ بەندەڭ ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ﷺ گە قىيامەت كۈنىگە قەدەر مەخلۇقاتلىرىڭنىڭ سانى، ئۆزۈڭنىڭ رىزاسى، ئەرشىڭنىڭ ۋەزنى، كەلىمىلىرىڭنىڭ سىياسى مىقدارىچىلىك ھەر ۋاقىت رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلغىن!

[1] بەززار توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1667 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] دەيلەمى توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 1207 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

# 3 ـ باب

## ساھابىلەرنىڭ ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ االلَّه عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۇ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[①]. [②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ رَضِيَ اللَّه عَنِ الْمُؤْمِنِينَ إِذْ يُبَايِعُونَكَ تَحْتَ الشَّجَرَةِ فَعَلِمَ مَا فِي قُلُوبِهِمْ فَأَنْزَلَ السَّكِينَةَ عَلَيْهِمْ وَأَثَابَهُمْ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ وَمَغَانِمَ كَثِيرَةً يَأْخُذُونَهَا﴾ «الله مۇئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيىدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەر

---

① سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەت.

② بۇ ئايەت ـــ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان ساھابىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئەگەشكەن ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلاردىن الله تائالانىڭ رازى بولغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ. رافىزىي شىئەلەر ساھابىلەرنى تىللايدۇ، ئۇلارنى كۇفرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئازغۇنلۇققا نىسبەت بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار ساھابىلەرگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئەگەشكەنلەر ئەمەس. ئۇلار دۇنيادا ھېچبىر كىشىگە قىلمىغان دۈشمەنلىكنى ساھابىلەر ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە قىلىدۇ، بۇنى قەلبلىرىدە يوشۇرىدۇ. ئۇلار شۇ يامان كۆرۈشىنى «دىن» دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ، بەلكى بۇ ئۇلار «دىن، الله قا يېقىنلىشىش» دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىسىنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. ئۇلارنىڭ دىنى تەنە قىلىش، يالغان ئېيتىش، يالغاننى تەستىقلاش ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى دۈشمەن تۇتۇۋاتقان بۇ كىشىلەر ھەرگىزمۇ مۇسۇلمان ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى يالغانغا چىقىرىدۇ، ھۆكۈملىرى ۋە گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىدۇ.

بىلەن مۇكاپاتلىدى»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعاً سُجَّداً يَبْتَغُونَ فَضْلاً مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَاناً سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْراً عَظِيماً﴾ «مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار، ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان، ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلۇقى ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى بىلەن، دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان بىر زىرائەتكە ئوخشايدۇ، (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر، الله ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ۋەدە قىلدى»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِنْ سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنْتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ۞ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُمْ بَعْدَ إِيمَانِكُمْ إِنْ نَعْفُ عَنْ طَائِفَةٍ مِنْكُمْ نُعَذِّبْ طَائِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار: <بىز (راست ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق> دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا) <سىلەر الله نىڭ دىنىنى، الله نىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟> دېگىن [65]. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە

[1] سۈرە فەتىھ 18 ـ ئايەت ۋە 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە فەتىھ 29 ـ ئايەت.

قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز [66]»①.

### ❖ ساھابىلەرنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى ۋە ھەقلىرى

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**85. عن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «أكرموا أصحابي، فإنّهم خيارُكم». رواه النسائي، وأحمد، والحاكم، وصححه الشيخ ناصر في تحقيقه لمشكاة المصابيح: 6003.**

85. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى ھۆرمەتلەڭلار! ھەقىقەتەن ئۇلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر». ②

**86. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «يأتي على الناس زمانٌ فيغزُو فِئامٌ من النَّاس، فيقولون: ‹هل فيكم مَن صاحبَ رسولَ اللّه ﷺ›. فيقولون: ‹نعم›. فيُفتَح لهم، ثم يأتي على الناسِ زمانٌ، فيَغزُو فِئَامٌ من الناسِ، فيُقال: ‹هل فيكم مَن صاحَبَ أصحابَ رسولِ اللّه ﷺ؟› فيقولون: ‹نعم›، فيُفتَح لهم، ثم يأتي على الناسِ زمانٌ فيغزو فئامٌ من الناس، فيُقال: ‹هل فيكم من صاحَبَ مَن صَاحَبَ أصحابَ رسولِ اللّه ﷺ؟› فيقولون: ‹نعم›، فيُفتح لهم». متفق عليه.**

86. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر توپ كىشى غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن: ‹ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ گە ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟› دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: ‹ھەئە بار› دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئۇلارغا فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇلاردىن بىر توپ كىشى غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن: ‹ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىگە

---

① سۈرە تەۋبە 65- ۋە 66- ئايەت.

② ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، «مشكاة المصابيح» 6003- نومۇرلۇق ھەدىس.

ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟> دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: <ھەئە، بار> دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر زامان كېلىدۇكى، يەنە بىر تۈركۈم كىشى غازاتقا چىقىدۇ، ئۇلاردىن: <ئاراڭلاردا ساھابىلەرگە ھەمراھ بولغانلارغا ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟> دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: <ھەئە، بار> دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ».[1]

87. **وفي رواية لمسلم: «يأتي على النَّاسِ زمانٌ، يُبعَثُ منهم البَعْثُ فيقولون: <انظروا هل تجدون فيكُم أحداً من أصحابِ النبيِّ ﷺ ؟> فيوجَدُ الرجُلُ، فيُفتَح لهم به، ثم يُبعثُ البعثُ الثاني، فيقولون: <هل فيهم من رأى أصحابَ النبيِّ ﷺ؟> فيُفتَح لهم به، ثم يُبعَثُ البَعْثُ الثالث، فيُقال: <انظرُوا هل ترون فيهم مَن رأى من رأى أصحابَ النبيِّ ﷺ؟> ثم يكون البعثُ الرابعُ فيُقال: <انظرُوا هل تَرَونَ فيهم أحداً رأى مَن رأى أحداً رأى أصحابَ النبيِّ ﷺ>، فيوجَدُ الرجلُ، فيُفتَحُ لهم به».**

87. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر قوشۇن غازاتقا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلارغا: <ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار!> دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ساھابە تېپىلىدۇ، شۇ ساھابىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇلارغا فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىككىنچى تۈركۈم قوشۇن غازاتقا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلارغا: <ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار> دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تابىئىن تېپىلىدۇ، شۇ تابىئىننىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى تۈركۈم قوشۇن غازاتقا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلارغا: <ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەن كىشى بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار!> دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تەبئى تابىئىن تېپىلىدۇ. شۇ تەبئى تابىئىننىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن تۆتىنچى تۈركۈم

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قوشۇن غازاتقا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلارغا: <ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەن تەبىئىي تابىئىننى كۆرگەن كىشى بارمۇ؟ قاراپ بېقىڭلار> دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تەبىئىي تابىئىننى كۆرگەن كىشى تېپىلىدۇ، شۇ تەبىئىي تابىئىننى كۆرگەن كىشىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ».

88. وعن أبي بُرْدَةَ رضي اللَّه عنه، عن أبيه، قال: «رفَعَ ـ يعني النبي ﷺ ـ رأسَهُ إلى السَّماءِ، وكان كثيراً مِمَّا يَرفَعُ رأسَهُ إلى السماءِ. فقال: <النجوم أَمَنَةٌ للسَّماءِ، فإذا ذهَبت النُّجُومُ أتى السَّماءَ ما تُوعَدُ، وأنا أَمَنَةٌ لأصحابي، فإذا ذَهَبتُ أنا أتى أصحابي ما يُوعَدون، وأصحابي أمَنَةٌ لأُمَّتي، فإذا ذهَبَ أصحابي أتى أُمَّتي ما يُوعَدون>» .مسلم.

88. ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا شۇنداق قىلاتتى. ئاندىن: <يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ خاتىرجەملىكىنىڭ ئالامىتىدۇر، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەندە ئاسمانغا ۋەدە قىلىنغان كۈن كېلىدۇ؛ مەن ساھابىلىرىمنى خاتىرجەم قىلغۇچىمەن، مەن كەتسەم ساھابىلىرىمغا ۋەدە قىلىنغان (پىتنىلەر) كېلىدۇ؛ ساھابىلىرىم ئۈممىتىمنى خاتىرجەم قىلغۇچىدۇر، ئۇلار كەتسە ئۈممىتىمنىڭ بېشىغا ۋەدە قىلىنغان (قىيىنچىلىقلار) كېلىدۇ> دېدى».[1]

89. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا ذُكِرَ أصحابي؛ فأمسِكُوا، وإذا ذُكِرَ النجومُ؛ فأمسِكوا، وإذا ذُكِرَ القدَرُ؛ فأمسكوا». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 34.

89. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىم تىلغا ئېلىنغاندا سۈكۈت قىلىڭلار! يۇلتۇزلار تىلغا ئېلىنغاندا سۈكۈت قىلىڭلار! قەدەر تىلغا ئېلىنغاندا سۈكۈت

[1] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىڭلار!». [1][2]

90. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: «قال النبيُّ ﷺ : لا تَسُبُّوا أصحابي، فلو أنَّ أحدَكُم أنفقَ مِثلَ أُحُدٍ ذَهبَاً ما بَلَغ مُدَّ أحَدِهم ولا نَصِيفَه» .متفق عليه.

90. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار! چۈنكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد[3] چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ». [4]

91. وفي رواية لمسلم: «لا تَسُبُّوا أحداً من أصحابي؛ فإنَّ أحدَكم لو أنفَقَ مِثْلَ أُحُدٍ ذهَباً، ما أدرَكَ مُدَّ أحَدِهِم ولا نَصِيفَهُ».

91. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ساھابىلىرىمدىن ھېچبىرىنى تىللىماڭلار! ھەقىقەتەن بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن چىقىم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ بىر مۇد ياكى يېرىم مۇد چىقىم قىلغاندىكى ئەجرىگە ئېرىشەلمەيدۇ».

92. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من سَبَّ أصحابي، فعليه لَعنَةُ اللَّه والملائكَةِ والنَّاسِ أجمعين». رواه الطبراني وغيره، السلسلة الصحيحة: 2340.

92. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى تىللىغان كىشىگە الله نىڭ لەنىتى، پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتى، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن!». [5]

93. وعن عُويم بن ساعدة رضي اللَّه عنه ،أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إنَّ اللَّه تبارَكَ وتعالى اختارني، واختارَ لي أصحاباً؛ فجَعلَ لي منهم وزراءَ، وأنصاراً، وأصهاراً، فمَن سَبَّهم فعليه لعنَةُ

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 34 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] يۇقىرىقىلار ھەققىدە ياخشى سۆز قىلىش ياكى سۈكۈت قىلىش كېرەك. ناۋادا بىر كىشى بۇ ھەقتە ناتوغرا گەپ قىلىپ سالسا، چەكلەنگەن بىر ئىشنى قىلىپ سالغان بولىدۇ.

[3] كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا بىر مۇد 510 گىرامغا تەڭ.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[5] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2340ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**اللَّه والملائكةِ والناسِ أجمعين، لا يُقبلُ منه يومَ القيامَةِ صَرفٌ، ولا عَدْلٌ». أخرجه الحاكم في المستدرك** 632/3.

93. ئۇۋەيم ئىبنى سائىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا مېنى تاللاپ، ماڭا ساھابىلىرىمنى تاللاپ بەردى. ماڭا ئۇلاردىن ياردەمچىلەر ۋە قۇدا-باجىلارنى بەردى. ئۇلارنى تىللىغانلارغا الله نىڭ لەنىتى، پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتى ۋە پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن! قىيامەت كۈنى ئۇنداق كىشىنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[1]

**94. وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه قال: مَن عادَى لي وليّاً فقد آذَنْتُهُ بالحَرب». البخاري.**

94. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن>».[2]

**95. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «لا تَسُبُّوا أصحابَ محمَّدٍ ﷺ ، فلَمَقامُ أحَدِهم ساعَةً، خيرٌ من عمَلِ أحدِكُم عُمره». صحيح سنن ابن ماجه:** 133.

95. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنى تىللىماڭلار! ئەلۋەتتە ئۇلاردىن بىرىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر سائەت ئولتۇرۇشى، سىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى قىلغان ئىبادىتىڭلاردىن ياخشىدۇر».[3]

**96. وعن عبد اللَّه بن مسعو رضي اللَّه عنه، قال: «إنَّ اللَّه نظرَ في قلُوبِ العبادِ، فوجَدَ قلْبَ محمد ﷺ خيرَ قُلوبِ العبادِ، فاصطفاه لنفْسِه؛ فابتعثَهُ برسالَتِه، ثمَّ نظَرَ في قلوبِ العبادِ بعد قلْبِ محمدٍ، فوجَدَ قلوبَ أصحابه خيرَ قلوبِ العبادِ، فجعلَهُم وزراءَ نبيِّه، يُقاتلون على دينِهِ، فما رأى المسلمون حسَناً فهو عندَ اللَّه حَسَنٌ، وما رأوا سيئاً فهو عند اللَّه سيئٌ».**

---

[1] ھاكىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رواه أحمد في المسند " 3600

96. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الله تائالا بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىگە قاراپ، مۇھەممەد ﷺ نىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى تاپتى. ئاندىن ئۇ زاتنى ئۆزى ئۈچۈن تاللىدى ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن ئەۋەتتى. مۇھەممەد ﷺ نىڭ قەلبىدىن كېيىن بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىگە قارىدى. قەلبلەر ئىچىدە ئۇ زاتنىڭ ساھابىلىرىنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى تاپتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان، ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن قىلدى. ئۇلار ياخشى دەپ قارىغان نەرسە الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ياخشىدۇر، ئۇلار يامان دەپ قارىغان نەرسە الله تائالانىڭ نەزىرىدە ياماندۇر».[1]

### ❖ بالدۇر ئىمان ئېيتقان ساھابىلەرنىڭ كېيىنكى ساھابىلەردىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ھەققىدە

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَداً ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «سىلەردىن مەككە فەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە فەتھى

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] سۇرە تەۋبە 100 ـ ئايەت.

قىلمىغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە فەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلمىشلاردىن خەۋەرداردۇر»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

97. عن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، قال: كنت جالساً عند النبي ﷺ إذْ أقبلَ أبو بكرٍ آخذاً بطرَفِ ثوبهِ حتى أبدَى عن رُكبَتِه، فقال النبيُّ ﷺ: أمَّا صاحِبُكم فقد غامَرَ، فسَلَّم وقال: إنِّي كان بيني وبينَ ابنَ الخطاب شيءٌ، فأسرَعتُ إليه، ثم ندِمْتُ، فسألتُه أن يَغفِرَ لي، فأبى عليَّ! فأقبلتُ إليك. فقال: يَغْفِرُ اللَّه لكَ يا أبَا بكر، ثلاثا، ثمَّ إنَّ عمرَ نَدِمَ، فأتى منزلَ أبي بكر فسأل: أثَمَّ أبُو بكر؟ فقالوا: لا، فأتى إلى النبيِّ ﷺ فسَلَّمَ، فجعلَ وجهُ النبيِّ ﷺ يَتمعَّرُ حتى أشفَقَ أبُو بكر، فجَثَا على رُكبَتَيهِ فقال: يا رسولَ اللَّه! واللَّه أنا كنتُ أظلَمُ، مرتين. فقال النبيُّ ﷺ: إنَّ اللَّه بعثني إليكُم، فقلتم: كذَبْتَ، وقال أبو بكر: صَدَقَ، وواسَاني بنَفْسِه ومالِه، فهل أنتم تارِكُوا لي صاحبي مرتين، فما أُوذِيَ بَعدَها. البخاري.

97. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، ئەبۇبەكرى كىيىمىنى تىزىغىچە تۈرگەن ھالدا ئالدىراش يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇرادىرىڭلار بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالامدىن كېيىن:

— ئۆمەر بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى، مەن ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ ئۈچ قېتىم:

— الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇبەكرى! — دېدى. كېيىن ئۆمەر

[1] سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پۇشايمان قىلىپ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە باردى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇدۇل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەبۇبەكرى ئۆمەرگە بىر نەرسە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قايتا ـ قايتا:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتا مەن يولسىزلىق قىلدىم، ــــ دەپ يالۋۇردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــــ الله مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، سىلەر ماڭا: «يالغان سۆزلىدىڭ» دېدىڭلار، لېكىن ئەبۇبەكرى: «راست ئېيتتىڭ» دەپ تەستىقلىدى. ئۇ گاھ جېنىنى، گاھ مېلىنى ئاتاپ، ماڭا يار ـ يۆلەك بولۇپ كەلدى. بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟ ــــ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن، ھېچكىم ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئازار بېرىپ باقمىدى.[1]

**98. و في رواية: فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «هل أنتُم تارِكُونَ لي صاحِبي، هل أنتُم تارِكُونَ لي صاحِبي، إنِّي قلتُ: يا أيُّها النَّاسُ إنِّي رسولُ اللَّه إليكُم جميعاً، فقلتُم كَذَبْتَ، وقال أبو بكرٍ: صَدَقْتَ.البخاري.**

98. يەنە بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ: «بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر، بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟ ئى ئىنسانلار! <مەن الله تەرىپىدىن ھەممىڭلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن> دېگەن ۋاقتىمدا، سىلەر ماڭا: <يالغان سۆزلىدىڭ> دېدىڭلار، ئەبۇ بەكرى: <راست سۆزلىدىڭ> دەپ تەستىقلىغان» دېدى.[2]

**99. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: «كان بين خالد بن الوليد وبين عبد الرحمن بن عوف كلام، فقال خالد لعبد الرحمن: <تستطيلون علينا بأيامٍ سبَقْتُمونا بها؟! فبلغنا أن ذلك**

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

**ذُكِرَ للنبي ﷺ>، فقال: <دَعُوا لي أصحابي، فوالذي نفسي بيدِه لو أنفَقْتُم مِثْلَ أُحُدٍ أو مِثْلَ الجبالِ ذَهباً ما بلَغْتُم أعمالَهُم>». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:** 1923.

99. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئارىسىدا تالاش-تارتىش يۈز بەردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <سىلەر بىزدىن ئىلگىرى ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئىشىمىزغا ئارىلىشىۋاتامسىلەر؟> دېدى. ئاڭلىشىمىزچە بۇ تالاش-تارتىش پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزۈلگەن ئىكەن، پەيغەمبەر ﷺ: <ساھابىلىرىمغا ئازار بەرمەڭلار! جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر الله يولىدا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلساڭلارمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيسىلەر> دېگەن ئىكەن». [1][2]

**100. وعن مُعَاذ بن رِفَاعَةَ بن رافِعٍ الزُّرَقِيِّ، عن أبيه: وكان أبوه من أهلِ بَدْرٍ قال جاءَ جبريلُ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «ما تَعُدُّون أهلَ بَدرٍ فيكم؟»، قال: «من أفضَلِ المُسلمِين». قال: «وكذلك من شَهِدَ بَدْراً مِن الملائِكَةِ». البخاري.**

100. مۇئاز ئىبنى رەفائە ئىبنى رافىئ زۇرەقى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: ئۇنىڭ دادىسى بەدر ئەھلىدىن ئىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئاراڭلاردىكى بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بەدر غازىتىغا

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1923-نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ: <خالىد الله نىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ، بەنى مەخزۇملۇق بۇ ياش نېمىدېگەن ياخشى-ھە!> دېگەن تۇرۇپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندە، خالىد ۋە كېيىن مۇسۇلمان بولغان باشقا ساھابىلەر ئالدىدا خالىدنىڭ قىلغىنىنى ئەيىبلەپ: <ساھابىلىرىمغا ئازار بەرمەڭلار! جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن سەرپ قىلساڭلارمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيسىلەر> دېگەن».

قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ ھەم شۇنداق» دېدى.[1]

**101. وعن عليٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ : «لَعلَّ اللَّه اطَّلَعَ إلى أهلِ بَدْرٍ فقال: <اعملوا ما شِئتُم؛ فقد وجبَت لكم الجنَّةُ>، <أو فقد غَفَرتُ لكُم>». متفق عليه.**

101. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ ئۇلارغا: <خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرگە جەننەت ۋاجىب بولدى> ياكى <مەن سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىۋەتتىم> دەۋەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس».[2]

**102. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه : «أنَّ عَبداً لحاطِب جاءَ رسولَ اللَّه ﷺ يَشكُو حاطِباً، فقال: <يا رسولَ اللَّه! ليدخُلَنَّ حاطِبٌ النَّارَ!> فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <كذَبتَ؛ لا يدخُلُها، فإنَّه شَهِدَ بَدراً والحُدَيْبيَةَ>». مسلم.**

102. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ھاتەبنىڭ قۇلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ھاتەب ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ھاتەب ئەلۋەتتە دوزاخقا كىرىدۇ> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <يالغان ئېيتتىڭ، ئۇ بەدر ۋە ھۇدەيبىيەگە قاتناشقان سەۋەبلىك دوزاخقا كىرمەيدۇ> دېدى».[3]

**103. وعنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لن يدخُلَ النارَ رجلٌ شَهِدَ بدراً والحُدَيْبيَةَ». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 2160.**

103. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەدر ۋە ھۇدەيبىيەگە قاتناشقان كىشى ھەرگىز دوزاخقا كىرمەيدۇ».[4]

**104. وعنه، قال: أخبرتني أُمُّ مُبَشِّرٍ أنَّها سمِعَت النبيَّ ﷺ يقولُ عندَ حفصَةَ: لا يَدخُلُ**

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2160 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

النارَ إن شاءَ اللَّه من أَصحَابِ الشَّجَرة؛ أحدٌ من الذينَ بايَعوا تحتَها، قالت: بلى، يا رسولَ اللَّه! فانتهرَها، فقالت حفصَةُ: ﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا﴾.مريم:71. فقالَ النبيُّ ﷺ : قد قالَ اللَّه تعالى: ﴿ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا﴾. مريم:72. مسلم.

104. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ مۇبەششىر رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ھەفسەنىڭ قېشىدىكى چاغدا: «دەرەخ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلاردىن بىرەرسىمۇ دوزاخقا كىرمەيدۇ، ئىنشا الله !» دېدى. ھەفسە: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! كىرىدۇ» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئۇنداق دېمەسلىككە بۇيرىدى. ھەفسە: «ئۇنداقتا، <سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ>[1] دېگەن ئايەتچۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله تائالا: <ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز>[2] دېدى» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

105. وعنه، قال: «كنَّا يومَ الحديبية ألفاً وأربعمائة. قال لنا النبيُّ ﷺ: <أنتم اليومَ خيرُ أهلِ الأرضِ>». متفق عليه

105. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ھۇدەيبىيە كۈنى بىز 1400 كىشى ئىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ بىزگە: <بۈگۈن سىلەر زېمىندىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرسىلەر> دېگەن ئىدى».[4]

### ❖ مۇھاجىرلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِلْفُقَرَاءِ الْمُهَاجِرِينَ الَّذِينَ أُخْرِجُوا مِنْ دِيَارِهِمْ وَأَمْوَالِهِمْ يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا وَيَنْصُرُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «(ئۇ

[1] سۈرە مەريەم 71- ئايەت.
[2] سۈرە مەريەم 72- ئايەت.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

غەنىيمەتنىڭ بىر قىسمى) دىيارىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، مال - مۈلكىدىن ئايرىلغان پېقىر مۇھاجىرلارغا خاستۇر، ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئەنە شۇلار (ئىماندا) سادىق ئادەملەردۇر»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**106. عن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «أتعلم أوَّلَ زُمرةٍ تدخلُ الجنةَ من أمتي؟» قلت: «اللَّه ورسولُه أعلم». فقال: «المهاجرون؛ يأتون يومَ القيامَةِ إلى باب الجنَّةِ ويَستَفْتِحُون، فيقول لهم الخزنة: <أوَقَد حُوسِبتُم؟> فيقولون: <بأيِّ شيءٍ نُحَاسَب؟! وإنما كانت أسيافُنا على عَواتِقِنَا في سبيلِ اللَّه حتى مِتنا على ذلك>. قال: فيُفْتَحُ لهم، فيَقِيلُون فيه أربعينَ عاماً قبل أن يدخلَها الناسُ». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة:** 853.

106. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى، مەن: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار مۇھاجىرلاردۇر، ئۇلار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جەننەتكە مۇئەككەل پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سىلەردىن ھېساب ئېلىنىپ بولدىمۇ؟> دەپ سورايدۇ، ئۇلار: <قىلىچلىرىمىز ھەر دائىم الله يولىدا مۈرىلىرىمىزدە ئېسىقلىق تۇرسا، ھەتتا شۇ يول ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلگەن تۇرساق، بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇلار جەننەتكە كىرىپ ئارام ئالىدۇ»[2].

**107. وعنه قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ أوَّلَ ثلَّةٍ تَدخلُ الجنَّةَ، الفقراءُ**

---

[1] سۈرە ھەشر 8 - ئايەت.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 853 - نومۇرلۇق ھەدىس.

المهاجرون الذين تُتَّقَى بهم المكَاره، إذا أُمِرُوا سمعُوا وأطاعُوا، وإن كانت لرجلٍ منهم حاجَةٌ إلى السُّلطانِ لم تُقضَ لهُ حتى يموتَ وهي في صَدْرِه». أخرجه الحاكم في المستدرك 72/2،

107. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. باشقىلار ئۇلار ئارقىلىق خېيىم-خەتەرلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ھەققە بويرۇلسا ئاڭلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلاردىن بىرىنىڭ سۇلتانغا ھاجىتى بولسىمۇ، لېكىن ھاجىتى ئورۇنلانماي كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ».①

108. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ : «للمهاجرين مَنَابِرُ من ذَهَبٍ يَجلِسونَ عليها يومَ القيامَةِ، قد أَمِنُوا من الفَزَعِ. أخرجه ابن حبّان وغيره». السلسلة الصحيحة: 3584.

108. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۇھاجىرلار ئالتۇندىن بولغان تەختلەر ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ، ئۇلار قىيامەتنىڭ قورقۇنچىدىن خاتىرجەم بولىدۇ».②

### ❖ ئەنسارىلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ تَبَوَّءُوا الدَّارَ وَالْإِيمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّونَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُونَ فِي صُدُورِهِمْ حَاجَةً مِمَّا أُوتُوا وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾ «ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارىلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز

① ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3584- نومۇرلۇق ھەدىس.

نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ تَابَ اللَّهُ عَلَى النَّبِيِّ وَالْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ الَّذِينَ اتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ الْعُسْرَةِ مِنْ بَعْدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٍ مِنْهُمْ ثُمَّ تَابَ عَلَيْهِمْ إِنَّهُ بِهِمْ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئەينى زاماندا) ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. الله ئۇلارغا تولىمۇ مەرھەمەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

109. وعن البرَاء بن عازِب رضي اللَّه عنه، قال: قال النبيُّ ﷺ: «الأنْصَارُ لا يُحِبُّهُم إلا مُؤمنٌ، ولا يُبْغِضُهُم إلا مُنَافِقٌ، فمَن أحبَّهُم أحبَّهُ اللَّه، ومَن أبغَضَهُم أبغَضَهُ اللَّه». متفق عليه.

109. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەنسارىلارنى پەقەت مۇئمىن كىشىلەرلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلارلا يامان كۆرىدۇ. كىمكى ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ؛ كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، الله ئۇنى يامان كۆرىدۇ»[3].

110. وعن أنسِ بنِ مالكٍ رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «آيَةُ الإيمانِ حُبُّ الأنصارِ، وآيَةُ النِّفَاقِ بُغْضُ الأنصَارِ». متفق عليه.

110. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر، ئۇلارنى ئۆچ كۆرۈش بولسا نىفاقنىڭ ئالامىتىدۇر»[4].

111. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «لا يُبْغِضُ الأنصَارَ رجلٌ

[1] سۇرە ھەشر 9- ئايەت.
[2] سۇرە تەۋبە 117- ئايەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**يُؤمِنُ باللَّه واليَومِ الآخِرِ». مسلم.**

111. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئەنسارىلارنى يامان كۆرمەيدۇ».[1]

**112. وعن الحارث بن زِياد السَّاعِدي الأنصاري رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: والذي نفسُ محمد بيدِه لا يُحِبُّ رجلٌ الأنصارَ حتى يَلْقَى اللَّه تبارَكَ وتعالى، إلا لَقِيَ اللَّه تبارَكَ وتعالى وهو يُحِبُّه، ولا يَبْغُضُ رجلٌ الأنصارَ حتى يَلْقَى اللَّه تبارَكَ وتعالى، إلا لَقِيَ اللَّه تبارَكَ وتعالى وهو يَبغُضُه».أخرجه أحمد، والطبراني، السلسلة الصحيحة: 1672.**

112. ھارىس ئىبنى زىياد سائىدى ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىرەر كىشى ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرۈپ الله قا ئۇچراشسا، الله تائالامۇ ئۇ كىشىگە ئۇنى ياخشى كۆرگەن ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ؛ بىرەر كىشى ئەنسارىلارنى يامان كۆرۈپ الله قا ئۇچراشسا، الله تائالامۇ ئۇ كىشىگە ئۇنى يامان كۆرگەن ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ».[2]

**113. وعن أنسِ بنِ مالك رضي اللَّه عنه ،«أنَّ النبيَّ ﷺ رأى صِبياناً ونساءً مُقبلِينَ من عُرْسٍ، فقامَ نبيُّ اللَّه مُمْثِلاً، فقال: <اللَّهمَّ أنتُمْ مِن أحبِّ الناسِ إلِيَّ، اللَّهمَّ أنتُمْ مِن أحبِّ الناسِ إلِيَّ ، يعني الأنصار>». متفق عليه.**

113. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ تويدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئايال ۋە باللارنى كۆرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە: <ئى الله! سىلەر ئەنسارىلار ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرسىلەر، سىلەر ئەنسارىلار ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەرسىلەر> دېدى».[3]

**114. وعنه، قال: كانت الأنصارُ يومَ الخندَقِ تقول: نحنُ الذين بايعوا مُحمَّداً على الجهادِ ما حَيِينا أبدًا. فأجابهم: اللَّهمَّ لا عَيْشَ إلا عَيْشُ الآخِرَه، فأكرِمِ الأنصارَ والمُهاجِرَه. متفق**

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1672 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

عليه.

114. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەنسارىلار خەندەك كولىغاندا:

بىز ساڭا بەيئەت قىلدۇق، ئەي مۇھەممەد!
جىھاد قىلىمىز دەپ تىنىماي تا ئەبەد.

دەپ شېئىر ئوقۇغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ:

ئى الله ! ئاخىرەت ھاياتى ھەقىقىي ھايات،
مۇھاجىر، ئەنسارغا قىلغىن ئىلتىپات.

دېگەن.[1]

115. وعن عائشة رضي اللّه عنها ،قالت: قالَ رسولُ اللّه ﷺ: «ما ضرَّ امرأةً نزَلَت بين بيتين من الأنصار، أو نزَلتْ بين أبَوَيْها». أخرجه ابن حبان، والحاكم، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 3434.

115. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئەنسارىنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارىسىدا تۇرغان ئايالغا ھېچ نەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».[2]

116. وعن أنَس رضي اللّه عنه، قال: «مرَّ أبو بكرٍ والعبَّاسُ بمجلسٍ من مجالِسِ الأنصارِ وهم يَبكُون فقال: <ما يُبكِيكُم؟> قالوا: <ذكَرنا مجلِسَ النبِّي ﷺ منَّا، فدخَلَ على النبيِّ ﷺ ، فأخبَرَه بذلك>، قال: فخرجَ النبيُّ ﷺ وقد عَصَبَ على رأسه حاشيَةَ بُرْد، فصَعدَ المنبَرَ ولم يصعَدْهُ بعد ذلك اليومِ. فحَمِدَ اللّه وأثنى عليه. ثم قال: <أُوصِيكُم بالأنصارِ، فإنهم كَرِشِي وعَيْبَتي، وقد قَضَوا الذي عليهم، وبَقِي الذي لهم، فاقبَلُوا من مُحْسِنِهم، وتجاوَزُوا عن مُسِيئهم>» . البخاري.

116. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى ئەنسارىلارنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3434- نومۇرلۇق ھەدىس.

يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يىغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <نېمىگە يىغلايسىلەر؟> دەپ سورىغان ئىدى، ئۇلار: <پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىزگە دەۋەت قىلىپ بېرىدىغان سورۇنىنى ئەسلەپ يىغلاۋاتىمىز> دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى تاڭغان ھالدا مۇنبەرگە چىقتى (بۇ ئۇنىڭ مۇنبەرگە ئاخىرقى قېتىم چىقىشى ئىدى). پەيغەمبەر ﷺ الله تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن: <ئەنسارىلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار! چۈنكى ئۇلار مېنىڭ يېقىنلىرىم ۋە سىرداش دوستلىرىمدۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى، ئەمما ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات تېخى بېرىلمىدى. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار، يامانلىقىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار!> دەپ نەسىھەت قىلدى». [1]

117. وعنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «الأنصارُ كَرِشِي وعَيْبَتي، والنَّاسُ سيَكثُرُون ويَقِلُّونَ، فاقبَلُوا من مُحْسِنِهم، وتجاوزوا عن مُسِيئِهم» متفق عليه.

117. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەنسارىلار مېنىڭ يېقىنلىرىم ۋە سىرداش دوستلىرىمدۇر. يېقىندا ئىنسانلار كۆپىيىپ ئەنسارىلارنىڭ سانى ئاز بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشىنى ئەپۇ قىلىۋېتىڭلار». [2][3]

118. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ النّاسَ يَكثُرونَ، وتَقِلُّ الأنصارُ حتى يكونوا كالمِلْحِ في الطَّعامِ، فمَن وَلِيَ منكم أمراً يَضُرُّ فيه أحداً أو يَنفَعُهُ؛ فليَقبَلْ من مُحْسِنِهم، ويَتجاوَزْ عن مُسِيئِهم» .البخاري.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەنسارىلار جىھاد قىلىش، قۇربانلىق بېرىش ۋە پىدائىيلىق ئىشلىرىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، دۈشمەندىن ئەڭ خەتەرلىك ۋە ھالقىلىق پەيتلەردە شۇلار ئارقىلىق قوغدىلىنىدۇ. شۇنداق كىشىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئاز بولىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن).

118. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار كۆپىيىپ ئەنسارىلارنىڭ سانى ئاز بولىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدا تاماقتىكى تۇزچىلىك قالىدۇ. ئاراڭلاردىن كىمكى بىرىگە پايدا، يەنە بىرىگە زىيان يەتكۈزەلەيدىغان بىرەر ئىشقا ئىگە بولسا (ھوقۇق تۇتسا)، ئۇلار (يەنى ئەنسارىلار)نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن».[1]

119. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لو أنَّ الأنصارَ سلَكُوا وادياً، أو شِعْبَاً، لَسَلَكْتُ في وادِي الأنصَارِ، ولولا الهِجْرَةُ لكُنتُ امرأً من الأنصار». البخاري.

119. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ناۋادا ئەنسارىلار بىرەر يول ياكى ۋادىغا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان ۋادىغا ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ماڭىمەن. ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارىلاردىن بىرى بولغان بولاتتىم».[2]

120. وعن أبي قتادة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول على المنبر للأنصار: «ألا إنَّ الناسَ دِثاري، والأنصارَ شِعارِي، لو سلَكَ الناسُ وادياً، وسلكَتِ الأنصارُ شُعبةً؛ لإتبعتُ شُعبَةَ الأنصارِ، ولولا الهجرةُ لكنتُ رجلاً من الأنصارِ، فمن ولِيَ أمرَ الأنصارِ؛ فليُحسِنْ إلى مُحسِنِهم، وليتجاوَزْ عن مُسِيئهم، ومن أفزَعهم فقد أفزَع هذا الذي بين هاتين؛ وأشارَ إلى نفسهِ».أخرجه الحاكم، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 917.

120. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ ئەنسارىلار ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <بىلىڭلاركى، ئەنسارىلار ئىچ كىيىمگە، باشقا ئىنسانلار تاش كىيىمگە ئوخشايدۇ. ئەگەر كىشىلەر بىر ۋادىدا، ئەنسارىلار بىر چىغىر يولدا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان چىغىر يولدا ماڭىمەن. ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارىلاردىن بىرى بولغان بولاتتىم. كىمكى ئەنسارىلارنىڭ ئىشىغا

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئىگە بولسا، ئۇلار (يەنى ئەنسارىلار)نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن. قانداق بىر كىشى ئۇلارنى قورقۇتسا، بۇ ئىككى ياغاچ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان كىشىنى قورقۇتقان بولىدۇ> دەپ ئۆزىگە ئىشارەت قىلدى».①

**121. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رضي اللّه عنه، قال: «خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللّه ﷺ ، فَقَالَ: <أَلَا إِنَّ لِكُلِّ نَبِيٍّ تَرِكَةً وَضَيْعَةً، وَإِنَّ تَرِكَتِي وَضَيْعَتِيَ الْأَنْصَارُ، فَاحْفَظُونِي فِيهِمْ. أخرجه الطبراني في المعجم الأوسط>»، السلسلة الصحيحة:** 3560.

121. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ مۇنداق دېدى: <بىلىپ قويۇڭلاركى، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ تەۋەررۇكى ۋە مەخسۇس كىشىلىرى بولغان، مېنىڭ تەۋەررۇكۇم ۋە مەخسۇس كىشىلىرىم ئەنسارىلاردۇر. ئەنسارىلار ھەققىدە مېنىڭ ھەققىمگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار!>».②③

**122. وعن زَيْدِ بنِ أرقَمَ رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «اللّهمَّ اغفِرْ للأنصارِ، ولأبناءِ الأنصارِ، وأبناءِ أبناءِ الأنصار». مسلم.**

122. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! ئەنسارىلارنى، ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىنى ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن».④

**123. وعن أنسٍ رضي اللّه عنه ،أن النبيَّ ﷺ قال: «اللّهمَّ اغفِرْ للأنصارِ، ولأبناءِ الأنصارِ، ولأبنَاءِ أبناءِ الأنصار، ولِنساءِ الأنصار». صحيح سنن الترمذي:** 3068.

123. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! ئەنسارىلارنى، ئەنسارىلارنىڭ بالىلىرىنى،

① ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3560ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 917ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئەنسارىلار ھەققىدە مېنىڭ ھەققىمگە كۆڭۈل بۆلۈڭلار» دېگىنى ـــ ئەنسارىلارنىڭ ھەققىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەقلىرىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق مېنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىمنى ئادا قىلىڭلار» دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى ئەنسارىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ.

④ مۇسلىم توپلىغان.

بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنى ۋە ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىنى مەغپىرەت قىلغىن». [1]

124. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «جاءت الحُمَّى إلى النبيِّ ﷺ فقالت: ‹ابْعَثْنِي إلى آثَرِ أهلِكَ عندَكَ›، فبَعثَها إلى الأنصار، فبَقيَت عليهم سِتَّةَ أيَّامٍ ولياليهنَّ، فاشتَدَّ ذلك عليهم، فأتاهم في دِيارِهم، فشَكَوا ذلك إليه، فجعلَ النبيُّ ﷺ يَدخلُ داراً داراً، وبيتاً بيتاً؛ يدعو لهم بالعافِيَة. فلما رَجعَ تَبِعَتْهُ امرأةٌ منهم فقالت: ‹والذي بَعثَكَ بالحقِّ إنِّي لَمِنَ الأنصارِ، وإنَّ أبي لَمِنَ الأنصار، فادْعُ اللَّه لي كما دَعَوْتَ للأنصار!›، قال: ‹ما شِئتِ؛ إنْ شِئتِ دَعوتُ اللَّه أن يُعافِيَكِ، وإنْ شِئتِ صَبَرتِ ولكِ الجَنَّة›. قالت: ‹بل أصْبِرُ، ولا أجعَلُ الجَنَّةَ خَطَراً›». صحيح الأدب المفرد: 387.

124. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «قىزىتما كېسىلى بولۇپ قالغان بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹مېنى سىلى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئائىلىگە ئەۋەتكەن بولسىلا› دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى ئەنسارىلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئايال ئەنسارىلارنىڭ ئائىلىسىدە ئالتە كۈن تۇردى، بۇ ئىش ئەنسارىلارغا ئېغىر كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ مەھەللىلىرىگە كەلگەندە، ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺ گە شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئۇلارنىڭ سالامەت بولۇشىغا دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ قايتقان ۋاقىتتا (باشقا) بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىپ: ‹سىلىنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلغان زات الله بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ ۋە ئاتاممۇ ئەنسارىلاردىن، شۇڭلاشقا ئاۋۇ ئەنسارىلارغا دۇئا قىلغاندەك ماڭىمۇ دۇئا قىلغان بولسىلا› دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹قايسىنى خالايسىز؟ ئەگەر خالىسىڭىز الله تائالانىڭ كېسىلىڭىزگە شىپالىق بېرىشىگە دۇئا قىلاي ياكى سەۋر قىلىڭ، سىزگە جەننەت بار› دېدى، ئۇ ئايال: ‹ئۇنداقتا سەۋر قىلاي، مەن كېسىلىمنىڭ ساقىيىشىنى جەننەتتىن ئۈستۈن كۆرمەيمەن› دېدى». [2]

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 387 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

## ❖ توغرا يولدىكى تۆت خەلىپىنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ھەقلىرى

### • ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى

بۇ ھەقتە كەلگەن ئايەت ـ ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِلَّا تَنْصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُوا ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا**﴾ «ئەگەر سىلەر الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (الله ياردەم قىلىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: <غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە دەيتتى>»[①].[②]

125. **عن أبي بَكْرٍ رضي اللَّه عنه، قال: «قُلتُ للنبيِّ ﷺ وأنا في الغارِ: <لو أنَّ أحدَهم نظَرَ تحتَ قدَمَيه لأبصَرَنا>، فقال: <ما ظَنُّكَ يا أبا بكرٍ باثنَينِ اللَّه ثالِثُهُما>. متفق عليه.**

125. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن غاردىكى ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ گە: <ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرەرسى پۇتىنىڭ ئۇچىغا قارىسىلا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇبەكرى! ئىككىمىزدىن باشقا ئۈچىنچى زات بولغان الله تائالا بىز بىلەن بىرگىدۇر، ئارتۇقچە ئەندىشە قىلمىغىن> دېدى».[③]

126. **وعن ابن عُمرَ رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال لأبي بَكرٍ: «أنتَ صاحِبي على الحَوْضِ، وصاحِبي في الغَارِ». أخرجه الترمذي، وقال: هذا حديث حَسَنٌ غَريبٌ صحيح.**

126. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[①] سۈرە تەۋبە 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىدى. ئۇنىڭ «سىددىق» دەپ ناملىنىشىدىكى سەۋەب، قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ﷺ نى يالغانغا چىقارغاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرۋەردىگارىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەربىر خەۋىرىنى تەستىقلىشى تېز بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. دوزاختىن ئازاد قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «ئازاد قىلىنغۇچى» دەپ ئاتالغان.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سەن ماڭا غاردا ھەمراھ بولغاندەك، ھەۋزى كەۋسەردىمۇ ھەمراھ بولىسەن» دېگەن.①

127. وعن أبي سعيد الخُدْرِي رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ مِن أمَنِّ الناسِ عليَّ في صُحْبَتِه وماله أبَا بكرٍ، ولو كُنْتُ مُتخِذاً خليلاً غيرَ ربِّي لاتَّخَذْتُ أبا بَكرٍ، ولكِنْ أُخوَّةُ الإسلامِ ومَوَدَّتُهُ، لا يَبقَيَنَّ في المسجدِ بابٌ إلا سُدَّ إلا بابَ أبي بَكرٍ». متفق عليه.

127. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەمراھ بولۇش ياكى مال-مۈلكىنى چىقىم قىلىش جەھەتتە بولسۇن، كىشىلەر ئىچىدە ئەبۇبەكرىدىن مىننەتدارمەن. ئەگەر مەن رەببىمدىن باشقا يەنە بىر سىرداش دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرىنى سىرداش دوست تۇتقان بولاتتىم. لېكىن ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە ئىسلامىي دوستلۇق كۇپايە قىلىدۇ. مەسجىدكە ئېچىلغان ئىشىكلەردىن ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقىسى تاقىۋېتىلسۇن».②

128. وعن ابن عبَّاس رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لو كنتُ متخذاً من أمتي خليلاً، لاتخَذتُ أبا بكرٍ، ولكن أخي وصاحِبي». البخاري.

128. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىمدىن سىرداش دوست تۇتقان بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرىنى تۇتقان بولاتتىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ھەمراھىمدۇر».③

129. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لو كنتُ متخذاً خَليلاً لاتخذْتُ أبا بكرٍ خَليلاً، ولكنه أخي وصاحبي، وقد اتَّخَذَ اللّه صاحِبَكُم خليلاً» .مسلم.

129. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن سىرداش دوست تۇتقان بولسام ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرىنى تۇتقان بولاتتىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ھەمراھىمدۇر.

① تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن غەرىب ۋە سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى توپلىغان.

الله تائالا ھەمراھىڭلارنى (يەنى پەيغەمبەر ﷺ نى) ئۆزىگە سىرداش دوست تۇتتى». ①

130. وعن عائشة رضي اللّه عنها، أن رسول اللّه ﷺ قال: «ما نَفَعَنا مالُ أحدٍ، ما نَفَعَنا مالُ أبي بكرٍ». أخرجه ابن راهويه في المسند، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2717.

130. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھېچكىمنىڭ مېلى بىزگە ئەبۇبەكرىنىڭ پۇل-مېلىدەك ئەسقاتمىدى». ②

131. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «ما أحدٌ أعظَمَ عندي يَداً من أبي بكرٍ، واسَاني بنَفْسِه ومالِه، وأنكَحَني ابنَتَهُ». أخرجه الطبراني، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2214.

131. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئەبۇبەكرىدىن بەكرەك ياردەم قولىنى سۇنغان يەنە بىر كىشى يوق. ئۇ ماڭا ئۆز مېلى ۋە جېنى بىلەن غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى، قىزىنى ماڭا نىكاھلاپ قويدى». ③

132. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ما لأحَدٍ عندَنا يَدٌ إلاَّ وَقَد كافَيناهُ، ما خَلا أبَا بَكرٍ، فإنَّ لَهُ عِندنا يَداً يُكَافِيهِ اللّه بها يَومَ القيامَةِ، وما نَفَعَني مالُ أحَدٍ قَطُّ ما نَفَعَني مالُ أبي بَكر، ولو كُنتُ مُتّخِذاً خَليلاً لاتخذتُ أبا بكر خَليلاً، ألا وإن صاحِبَكم خَليلُ اللّه». صحيح سنن الترمذي: 2894.

132. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغانلاردىن ئەبۇبەكرىدىن باشقا ھەممىسىنى مۇكاپاتلىدۇق، ئەبۇبەكرىنى بولسا الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۆزى مۇكاپاتلايدۇ. ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇبەكرىنىڭ پۇل-مېلىدەك ئەسقاتمىدى. مەن بىرىنى سىرداش دوست تۇتماقچى بولسام ئەلۋەتتە

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى راھەۋىي توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2717- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2214- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئەبۇبەكرىنى تۇتقان بولاتتىم. بىلىڭلاركى، مەن الله نىڭ سىرداش دوستىدۇرمەن». [1]

133. وعن عائشة رضي اللَّه عنها: «أن أبا بكر دخلَ على رسولِ اللَّه ﷺ، فقال: <أنتَ عَتِيقُ اللَّه من النَّارِ>، فيومئذٍ سُمّي عَتيقاً». صحيح سنن الترمذي: 2905.

133. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <سەن الله تائالا دوزاختىن ئازاد قىلىنغۇەتكەن كىشىسەن> دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ئەتىق (يەنى ئازاد قىلىنغۇچى) دەپ ئاتالغان». [2]

134. وعن عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، قال: أمرَنا رسولُ اللَّه ﷺ أن نتصدَّقَ، ووافقَ ذلك عندي مالاً، فقلتُ: «اليومَ أسبِقُ أبا بكرٍ إن سبقته يوماً»، قال: فجئتُ بنصفِ مالي. فقال رسول اللَّه ﷺ: «ما أبقيتَ لأهلِك؟»، قلتُ: «مثلَهُ». وأتى أبو بكرٍ بكلِّ ما عندَه. فقال: «يا أبَا بكرٍ ما أبْقَيْتَ لأهلِكَ؟»، فقال: «أبقيتُ لهم اللَّه ورسولَهُ». قلت: «لا أسبِقُه إلى شيءٍ أبَدَاً». صحيح سنن الترمذي: 2902.

134. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى (الله يولىدا) مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: «بۈگۈن ئەبۇبەكرىدىن ئۆتۈپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس» دېدىم ـ دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «يەنە مۇشۇنچىلىك قالدۇردۇم» دېدىم. ئەبۇبەكرى سىددىق بولسا ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم» دېدى. مەن: «سەندىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن»

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېدىم. ①

135. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ :مَنْ أصبَحَ مِنكُم اليومَ صائماً؟ قال أبو بكر: أنا، قال: فمَن اتَّبَعَ منكُم اليومَ جنازَةً؟ قال أبو بكر: أنا، قال: فمَن أطعَمَ منكُم اليومَ مِسْكِيناً؟قال أبو بكر: أنا، قال: فمَن عادَ منكم اليومَ مريضاً؟ قال أبو بكرٍ: أنا، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: ما اجتَمَعْنَ في امرِئٍ إلا دخَلَ الجنَّةَ . مسلم.

135. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ:

— بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— قايسىڭلار جىنازا نامىزىغا قاتناشتىڭلار؟ — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— قايسىڭلار بىرەر مىسكىنگە تائام بەردىڭلار، — دەپ سورىغانىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— قايسىڭلار كېسەل يوقلىدىڭلار؟ — دەپ سورىغانىدى، يەنە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ:

— كىمكى مۇشۇ ئىشلارنى بىر كۈندە قىلغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ، — دېدى. ②

136. وعن جُبَير بن مُطعِم رضي اللَّه عنه، قال: «أتتِ امرأةٌ النبيَّ ﷺ فكلَّمَتْهُ في شيءٍ، فأمَرَها أن ترجِعَ إليه، قالت: <يا رسولَ اللَّه! أرأيتَ إن جِئتُ ولم أجِدْكَ؟> كأنها تُرِيدُ

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى توپلىغان.

الموتَ. قال: <إن لم تجدِيني فأتي أبا بَكرٍ>». متفق عليه.

136. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى باشقا بىر ۋاقىتتا كېلىشكە بۇيرۇغانىدى، ئۇ ئايال: <ئى رەسۇلۇللاھ! مۇبادا مەن كېلىپ سىلىنى تاپالمىسامچۇ؟> دەپ سورىدى. ئۇ ئايال (بۇ سۆزىدىن) ئۇنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشىنى كۆزدە تۇتقانىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <مۇبادا مېنى تاپالمىسىڭىز، ئەبۇبەكرىنىڭ ئالدىغا بېرىڭ!> دېدى». [1]

137. وعن عائِشَةَ أُمِّ المؤمنين رضي اللَّه عنها، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال في مرضه: «مُرُوا أبا بكر يُصلِّي بالنَّاسِ»، قُلتُ: «إنَّ أبا بكر إذا قامَ في مَقامِكَ لم يُسْمِعِ النَّاسَ مِنَ البُكاء، فَمُرْ عُمَرَ فَلْيُصَلِّ». فقال: «مُرُوا أبا بكر فليُصلِّ بالنَّاسِ». فقلتُ لِحَفْصَةَ: «قُولي إنَّ أبا بَكرٍ إذا قامَ في مَقامِكَ لم يُسْمِعِ النَّاسَ مِنَ البُكَاء، فَمُرْ عُمَرَ فَلْيُصَلِّ بالنَّاسِ»، ففَعَلَتْ حفصَةُ، فقالَ رسولُ اللَّه ﷺ «إنَّكُنَّ لأنتُنَّ صَواحِبُ يوسُف، مُرُوا أبا بَكرٍ فليُصلِّ للنَاسِ». فقالت حَفْصَةُ لِعائشَةَ: «ما كُنتُ لأُصيبَ مِنكِ خيراً». متفق عليه.

137. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى ۋە: «ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇبەكرى سىنىڭ ئورنۇڭغا چىقسا، ئۇنى يىغا تۇتۇپ ئاۋازىنى جامائەتكە ئاڭلىتالمايدۇ، شۇڭا ئۆمەرنى ئىمام بولۇشقا بۇيرۇغان بولساڭ» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن» دېدى. ئاندىن مەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئەبۇبەكرى سىنىڭ ئورنۇڭغا چىقسا ئۇنى يىغا تۇتۇپ ئاۋازىنى جامائەتكە ئاڭلىتالمايدۇ، شۇڭا ئۆمەرنى ئىمام بولۇشقا بۇيرۇغان بولساڭ> دېگىن» دېدىم. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا دېگىنىمدەك قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ قاتتىق نارازى بولغان كەيپىياتتا: «سىلەر ھەزرىتى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يۇسۇفكە ھىيلە ئىشلەتكەن خوتۇنلارنىڭ ئۆزى ئىكەنسىلەر. ئەبۇبەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا: «سەندىن ماڭا ياخشىلىق كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.①

138. وعن عبدِ اللَّه بن زُمعَة رضي اللَّه عنه، قال: «لمَّا استُعِزَّ برسولِ اللَّه ﷺ ، وأنا عِندَهُ في نفَرٍ من المسلمين، دعاهُ بِلالٌ إلى الصَّلاةِ، فقال: <مُروا من يُصلي للناس>، فخرج عبدُ اللَّه بن زمعة، فإذا عمر في الناس، وكان أبو بكر غائِباً، فقلت: <يا عمر، قُمْ فَصَلِّ بالناس>، فتقدَّم فكَبَّر، فلما سمِعَ رسولُ اللَّه ﷺ صَوتَهُ، وكان عمرُ رجلاً مُجَهّراً؛ قال: <فأين أبو بكر؟ يأبى اللَّه ذلك والمسلمون». يأبى اللَّه ذلك والمسلمون ، فبعث إلى أبي بكرٍ فجاء بعد أن صلى عمر تلك الصلاة فصلى بالناس». صحيح سنن أبي داود: 3895.

138. ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، مەن قاتارلىق بىر توپ جامائەت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ پەيغەمبەر ﷺ نى نامازغا چاقىرغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بىرەيلەننى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا چاقىرىڭلار> دېدى. سىرتقا چىقىپ قارىسام ئۆمەر تۇرغانىكەن، ئەتراپتا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <ئى ئۆمەر! جامائەتكە ئىمام بولغىن> دېسەم، ئۇ مېھرابقا چىقىپ نامازغا تۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: <ئەبۇبەكرى قېنى؟ الله بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ھەم شۇنداق> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرىپ كېلىنىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازنى قايتىدىن ئوقۇدى».②③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇ ھەدىس ـــ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ دىن كېيىنكى خەلىپە ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

139. وفي رواية عنه، قال: لما سمِعَ النبيُّ ﷺ صوتَ عمر قال ابن زُمعة: «خرَجَ النبيُّ حتى أطلَعَ رأسَهُ من حُجْرَتِه، ثم قال: <لا، لا، لا، لِيُصلِّ للنَّاس ابنُ أبي قُحَافة، قال ذلك مُغْضَباً». صحيح سنن أبي داود: 3896.

139. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: ئىبنى زەمئە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھۇجرىدىن بېشىنى چىقاردى ـ دە، ئاچچىق بىلەن: <ياق، ياق، ياق! كىشىلەرگە ئىبنى ئەبۇ قۇھافە (ئەبۇبەكرى سىددىق) ئىمام بولسۇن> دېدى».①

140. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال لي رسولُ اللَّه ﷺ في مرَضِه: «ادعِي لي أبا بَكرٍ أبَاكِ، وأخاكِ، حتى أكتُبَ كِتاباً؛ فإني أخافُ أن يَتمنَّى مُتَمَنٍّ، ويقولُ قائلٌ: <أنا أولى>؛ ويأبَى اللَّه والمؤمنونَ إلا أبا بَكرٍ». مسلم.

140. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ كېسەل بولۇپ ياتقان ۋاقىتتا ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەبۇبەكرى بىلەن قېرىندىشىڭنى چاقىرغىن، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي. مەن خەلىپىلىكنى تاما قىلىدىغان بىرىنىڭ: <مەن خەلىپە بولۇشقا ئەبۇبەكرىدىن ھەقلىق> دېيىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. الله بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، مۇئمىنلەرمۇ قوشۇلمايدۇ> دېدى».②

141. وعنها، قالت: «لما ثَقُلَ رسولُ اللَّه ﷺ قال لعبدِ الرحمن بن أبي بكرٍ: ائتني بكَتِفٍ أو لوحٍ حتى أكتبَ لأبي بكرٍ كتاباً لا يُختلَفُ عليه ، فلما ذهبَ عبد الرحمن ليقوم، قال: «أبى اللَّه والمؤمنون أن يُختلَفَ عليك يا أبا بَكرٍ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 690.

141. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «الله تائالا رازى بولمايدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ھەم شۇنداق» دېگىنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدا ئوقۇلغان ناماز دۇرۇستۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىدىن كېيىن ئۇممەتنىڭ ئىشىغا ئىگە بولىدىغان ئورۇنباسار خەلىپىنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ «معالم السنن» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. ـــ تەرجىماندىن

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

«رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسەللىك ئېغىرلاشقان ۋاقىتتا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <ماڭا تاغاق سۆڭەك ياكى تاختاي ئېلىپ كەلگىن، ئەبۇبەكرى ھەققىدە ئىختىلاپ بولماسلىقى ئۈچۈن خەت يېزىپ بېرەي> دېدى. ئابدۇراھمان ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇبەكرى! سېنىڭ خەلىپە بولۇشۇڭ ھەققىدە ئىختىلاپ بولسا، الله  بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، مۆئمىنلەرمۇ قوشۇلمايدۇ> دېدى». ①

142. وقال عمر رضي اللَّه عنه ،لأبي بكرٍ: بل نُبايِعُكَ أنتَ؛ «فأنتَ سيِّدُنا، وخيْرُنَا، وأحبُّنَا إلى رسولِ اللَّه ﷺ». البخاري.

142. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ساڭا بەيئەت قىلىمىز. سەن بىزنىڭ سەييىدىمىز، ياخشىمىز ۋە ئارىمىزدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسەن» دېگەن ئىدى. ②

- **ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى**

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

143. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه: «أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: <اللَّهمَّ أعِزَّ الإسلامَ بأحبِّ هذينِ الرَّجُلينِ إليكَ؛ بأبي جَهْلٍ، أو بِعُمَرَ بنِ الخطَّابِ>، قال: وكان أحَبُّهما إليه عُمَرُ». صحيح سنن الترمذي: 2907.

143. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله ! ئەبۇ جەھىل ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىككىسىدىن ساڭا ئەڭ يېقىن بولغىنى بىلەن ئىسلامنى كۈچلەندۈرگىن> دەپ دۇئا قىلدى. نەتىجىدە، (ئۇ ئىككىسىدىن) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله قا يېقىن بولۇپ چىقتى». ③

144. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،أن النبيَّ ﷺ قال: «اللَّهمَّ أعِزَّ الإسلامَ بعمرَ بنِ الخطَّابِ خَاصَّةً». أخرجه ابن حبان، السلسة الصحيحة: 3225.

---

① ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 690 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى توپلىغان.

③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

144. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! ئىسلامنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەزىز قىلغىن». ①

145. وعن عبد اللّٰه بن مسعود رضي اللّٰه عنه، قال: «ما زِلنا أَعِزَّةً مُنذُ أسلَمَ عُمَرُ». البخاري.

145. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كۈچىيىپ كەتتۇق». ②

146. وعن عُقبة بن عامر رضي اللّٰه عنه، قال: «قال رسولُ اللّٰه ﷺ: <لو كان نبيٌّ بعدي، لكان عُمَرَ بنَ الخطَّابِ>». صحيح سنن الترمذي: 2909.

146. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە ئۆمەر پەيغەمبەر بولغان بولاتتى> دېگەن». ③

147. وعن ابن عمر رضي اللّٰه عنه: أنَّ رسولَ اللّٰه ﷺ قال: «إنَّ اللّٰه جَعَلَ الحقَّ على لِسانِ عُمرَ وقَلْبِه». قال ابنُ عُمرَ: «ما نزَلَ بالنَّاسِ أمرٌ قط قالوا فيه، وقال فيه عمر إلا نزلَ فيه القرآن على نحو ما قال عُمر». صحيح سنن الترمذي: 2908.

147. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۆمەرنىڭ دىلى ۋە تىلىدا ھەقنى ئورناتتى». ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، باشقىلار بىرخىل پىكىرنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا بىرخىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرى (مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە نازىل بولغان) ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىگە ئۇدۇل چىقىپ قالاتتى». ④

① ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3225 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى توپلىغان.

③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

148. وعن أنسٍ رضي اللّه عنه، قال: قال: عُمَرُ: «وافَقتُ اللّه فِي ثَلاثٍ، أَوْ وَافَقَنِي رَبِّي في ثلاثٍ، فقُلتُ: <يَا رَسولَ اللّه، لَو اتخّذتَ مَقامَ إبراهيم مُصَلّى>، فنَزَلت: ﴿وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى﴾ البقرة: 125، وقلتُ: <يا رَسولَ اللّه، يَدخلُ عليكَ البَرُّ والفاجِرُ، فَلَو أمَرتَ أُمَّهاتِ المؤمنين بالحِجاب>، فَأَنزَل اللّه آيةَ الحِجاب، قال: وبَلَغَني مُعاتَبةُ النبيِّ ﷺ بعضَ نسائه، فَدَخَلتُ عَلَيهِنَّ، قُلتُ: <إن انتَهَيتُنَّ أو ليُبدِّلَنَّ اللّه رسولَهُ خيراً منكُنَّ>، حَتَّى أَتَيْتُ إحدَى نسائِه، قالَت: <يا عُمَرُ، أَما في رسولِ اللّه ﷺ مَا يَعِظُ نِساءَهُ، حَتَّى تَعظَهُنَّ أنتَ؟>. فَأَنزَلَ اللّه: ﴿عَسَى رَبُّهُ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبْدِلَهُ أَزْوَاجاً خَيْراً مِّنكُنَّ مُسْلِمَاتٍ مُّؤْمِنَاتٍ قَانِتَاتٍ تَائِبَاتٍ عَابِدَاتٍ سَائِحَاتٍ ثَيِّبَاتٍ وَأَبْكَارًا﴾ التحريم:5». متفق عليه.

148. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئىش ھەققىدىكى سۆزۈم پەرۋەردىگارىمنىڭ ھۆكمىگە ئۇدۇل كېلىپ قالدى: بىرىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلغان بولساق> دېدىم، كۆپ ئۆتمەي <(كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق)>[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى؛ ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆيۈڭگە ياخشى ـ يامان ھەممە ئادەم كىرىدۇ، شۇڭا مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنى ھىجابلىنىشقا بۇيرۇغان بولساڭ> دېدىم، يەنە كۆپ ئۆتمەي ھىجاب ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولدى؛ ئۈچىنچىسى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ئاياللىرىدىن خاپا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ: <ئەگەر سىلەر كۆندەشلىك قىلىشتىن توختىمىساڭلار، الله تائالا ئەلچىسىگە سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ> دېدىم. ئاخىرىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ نەسىھەت قىلغان ئىدىم، ئۇ ماڭا: <ئى ئۆمەر! پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا قىلغۇدەك نەسىھەتى قالماي، سەن نەسىھەت قىلىۋاتامسەن؟> دېدى، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: <ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى،

[1] سۈرە بەقەرە 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (الله قا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن>[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».[2]

149. وفي رواية: فقلت لهن: ﴿عَسَى رَبُّهُ إِن طَلَّقَكُنَّ أَن يُبْدِلَهُ أَزْوَاجاً خَيْراً مِّنكُنَّ﴾، فنزلت هذه الاية. متفق عليه.

149. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: مەن: «ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى ئاياللارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن» دېگەنىدىم، كۆپ ئۆتمەي يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولدى.

150. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسُولُ اللَّه ﷺ: «لقد كان فيمَا قبلَكُم مِنَ الأمَمِ مُحَدَّثُون، فإنْ يَكُ في أُمَّتِي أحَدٌ فإنهُ عُمَرُ». البخاري.

150. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە ئىلھام بېرىلىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىمۇ شۇنداق بىر كىشى بار دېيىلسە، شۈبھىسىزكى، ئۇ كىشى ئۆمەردۇر».[3]

151. وفي رواية عنه: «قال النبي صلى االلَّه عليه وسلم «لقد كان فيمن كان قبلكم من بني إسرائيل رجال، يكلمون من غير أن يكونوا أنبياء، فإن يكن من أمتي منهم أحد فعمر». البخاري.

151. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرى بەنى ئىسرائىل ئىچىدە پەيغەمبەر بولمىسىمۇ ئىلھام بېرىلگەن كىشىلەر بولغانىدى. ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىمۇ شۇنداق كىشىلەر بار دېيىلسە، ئۇ كىشى ئۆمەردۇر».

---

[1] سۈرە تەھرىم 5 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

152. وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إيهاً يا ابنَ الخطَّاب، والذي نفسي بيدِه، ما لقيكَ الشيطانُ سالِكاً فجّاً قَطُّ إلا سلَكَ فجّاً غيرَ فَجِّكَ». متفق عليه.

152. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىبنى خەتتاب! سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر. جېنىم قولىدا بولغان زات اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەيتان بىر يولدا مېڭىۋېتىپ ساڭا ئۇچرىشىپ قالسا، چوقۇم باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ».①

153. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إني لأنظرُ إلى شيَاطِينَ الجنِّ والإنسِ قد فرُّوا من عُمَرَ». صحيح سنن الترمذي: 2914.

153. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىنسى ـ جىن شاياتۇنلارنىڭ ئۆمەردىن قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن».②

154. وعن بُريدة رضي اللَّه عنه، قال: «خرج رسولُ اللَّه ﷺ في بعضِ مغازيه، فلما انصرَفَ، جاءت جاريةٌ سوداءَ، فقالت: <يا رسول اللَّه إني كنتُ نذرتُ إن ردَّك اللَّه سالماً أن أضربَ بين يدَيكَ بالدُّفِّ وأتغنَّى>. فقال لها رسولُ اللَّه ﷺ: <إن كُنْتِ نذَرْتِ فاضرِبي، وإلا فَلا>. فجعلت تَضربُ، فدخلَ أبو بكرٍ وهي تَضرِبُ، ثم دخل عليٌّ وهي تضرب، ثم دخل عُثمانُ وهي تضربُ، ثم دخل عمرُ، فألقَتِ الدُّفَّ تحت اسْتِها، ثم قعَدَت عليه، فقال رسول اللَّه ﷺ: <إن الشَّيطانَ ليخافُ منكَ يا عمرُ، إني كنتُ جالِساً وهي تَضرِبُ، فدخلَ أبو بكرٍ وهي تَضرِبُ، ثم دخل عليٌّ وهي تضرِبُ، ثم دخل عُثمانُ وهي تَضرِبُ، فلمَّا دخلتَ أنت يا عمَرُ ألقَت الدُّفَّ>». صحيح سنن الترمذي: 2913.

154. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە، بىر قارا تەنلىك چۆرە ئايال ئالدىغا چىقىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! اللە سىنى ئامان ـ ئېسەن قايتۇرۇپ كەلسە داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا قەسەم قىلغان ئىدىم> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

‹قەسەم قىلغان بولساڭ مەيلى (چالغىن)، بولمىسا چالمىغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ داپ چېلىشقا باشلىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرگەنىدى، ئۇ توختىماي چېلىۋەردى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرگەنىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرگەنىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرگەنىدى، داپنى تاشلاپ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى ئۆمەر! سەندىن شەيتانمۇ قورقىدىكەن. مەن ئولتۇرسام، بۇ قىز داپ چېلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى كىرىۋېدى، يەنە چېلىۋەردى. ئەلى كىرىۋېدى، يەنە چېلىۋەردى. ئوسمان كىرىۋېدى، يەنە چېلىۋەردى. سەن كىرىۋېدىڭ، داپنى تاشلىۋەتتى› دېدى».[1]

155. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ أنه قال: «بَيْنَا أنا نائمٌ إذ رأيتُ قَدْحاً أُتيتُ به فيه لَبَنٌ، فشَربتُ منه حتى إني لأَرَى الرِّيَّ يجري في أظفَاري، ثم أَعْطَيتُ فضلي عُمرَ بنَ الخطابِ»، قالوا: «ماذا أوَّلتَ ذلك يا رسولَ اللَّه؟» قال: «العِلْمُ». متفق عليه.

155. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چۈشۈمدە ماڭا بىر قاچا سۈت كەلتۈرۈلدى، سۈتتىن قانغۇچە ئىچتىم، ھەتتا سۈت تىرناقلىرىمنىڭ ئاستىدىن ماڭغاندەك بولدى. ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بەردىم» دېدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىلىمنىڭ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

156. وعن أبي سعيد الخدريِّ رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «بَيْنَا أنا نائمٌ رأيتُ الناسَ عُرِضُوا عليَّ، وعليهم قُمُصٌ، فمِنهَا ما يبلُغُ الثَّديَ، ومنها ما يَبلُغُ دونَ ذلك، وعُرِضَ عليَّ عمَرُ وعليه قَميصٌ اجْتَرَّهُ»، قالوا: «فما أوَّلتَه يا رسولَ اللَّه؟» قال: «الدِّينَ». متفق عليه.

156. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «چۈشۈمدە كىشىلەر بىر-بىرلەپ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈلدى. ھەممىسىنىڭ ئۇچىسىدا كۆڭلەك بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كۆڭلىكى كۆكرىكىنى ئاران ياپسا، بەزىلىرىنىڭ كۆكرىكىنىمۇ ياپمايتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ ئالدىمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىكى (ئۇزۇنلۇقتىن) يەرگە سۆرۈلۈپ قالغانىدى» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «دىنىنىڭ» دەپ جاۋاب بەردى.①

157. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «بَيْنَا أنا نائمٌ رأيتُني على قَلِيب عليها دَلْوٌ، فنَزَعتُ منها ما شاء اللّه، ثم أخذَها ابنُ أبي قُحَافَة فنَزَعَ منها ذنوباً أو ذَنُوبَين وفي نَزْعه ضَعْفٌ، واللّه يَغفِرُ له، ثم استحالَت غَرْبَاً فأخذَها ابنُ الخطَّاب، فلَم أرَ عَبْقَرِيَّاً من النَّاسِ يَنْزِعُ نَزْع عمرَ بنِ الخَطَّابِ؛ حتى ضَرَبَ الناسُ بِعَطَنٍ». متفق عليه.

157. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «چۈشۈمدە ئۆزۈمنى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىدا كۆردۈم. قۇدۇق بېشىدا بىر سوغا (ياغاچ چېلەك) تۇراتتى. سوغىنى قولۇمغا ئېلىپ الله خالىغان مىقداردا سۇ تارتتىم، ئاندىن سوغىنى ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى (يەنى ئەبۇبەكرى)گە بەردىم. ئۇ بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇ تارتتى، ئۇ سۇنى كۈچسىز تارتتى، الله ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى مەغپىرەت قىلسۇن! ئاندىن كېيىن سوغا يوغىناپ كەتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كېلىپ سوغىنى قولىغا ئالدى. مەن ئۆمەردەك كۈچلۈك ۋە تېز سۇ تارتىدىغان ئەزىمەتتىن بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. (سۇدىن قانغۇدەك ئىچكەن) مۇسۇلمانلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوتلاقتا تارقالدى».②③

158. وفي رواية لمسلم: «فجاء ابنُ الخطابِ فأَخذَ منهُ، فلم أرَ نَزْع رجلٍ قطُّ أقوى منه،

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇ ــ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئادىللىقىدىن ناھايىتى كۆپ پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

**حتى تولَّى الناسُ، والحوضُ مَلآنُ يتفجَّر».**

158. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئاندىن ئۆمەر كېلىپ ئەبۇبەكرىدىن سوغىنى ئالدى، مەن ئۆمەردىنمۇ كۈچلۈك سۇ تارتىدىغان بىرەر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ھەتتا كىشىلەر قايتىپ كەتكەن ۋاقىتتا كۆل لىق توشقان بولۇپ، كۆلدىن سۇ تېشىپ تۇراتتى».

159. وفي رواية: **ثم جاء عُمرُ فاستقَى، فاستحالت غَرْباً، فلَمْ أرَ عَبْقَرِياً من الناسِ يَفْرِي فَرْيَهُ، حتى رَوِيَ النَّاسُ، وضَرَبُوا العَطَنَ.**

159. يەنە بىر نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ سۇ تارتماقچى بولۇۋېدى، سوغا يوغىناپ كەتتى. مەن كىشىلەر ئىچىدە ئۆمەردەك پۇختا ئىش قىلىدىغان كۈچلۈك ھېچبىرىنى كۆرمىدىم. ھەتتا كىشىلەر سۇغا قېنىپ، قۇدۇق ئەتراپىغا چېدىر تىكىشتى».

**• ئەبۇبەكرى سىددىق ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى**

160. **عن عليٍّ بن أبي طالب رضي اللَّه عنه، قال: «كنتُ مع رسول اللَّه ﷺ ، إذ طلعَ أبو بكر وعمر، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <هذان سيِّدا كُهولِ أهلِ الجنَّة من الأولين والآخرِين، إلا النبيِّين والمُرسَلين، يا عليُّ لا تُخبِرْهُما>».** صحيح سنن الترمذي: 2897.

160. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇشتۇمتۇت ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار كۆرۈنگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ ئىككىسى جەننەت ئەھلى ئىچىدىكى نەبى ۋە مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۇممەت ياشلىرىنىڭ سەردارىدۇر. ئى ئەلى! بۇنى ئۇلارغا ئېيتمىغىن> دېدى».[1]

161. **وفي رواية لابن ماجه: «لا تُخبرهما يا عليُّ ما داما حَيَّيْنِ».** صحيح سنن ابن ماجه 78.

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

161. ئىبنى ماجەنىڭ نەقىلىدە «ئۇ ئىككىيلەن ھاياتلا بولىدىكەن، بۇنى ئۇلارغا ئېيتمىغىن!» دەپ كەلگەن.①

162. وعن عبدِ اللَّه بنِ حَنْطَبٍ رضي اللَّه عنه: «أن النبيَّ ﷺ رأى أبَا بكرٍ وعمرَ، فقال: <هَذان السَّمْعُ والبَصَرُ>». صحيح سنن الترمذي: 2899.

162. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنتەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى كۆرۈپ: <بۇ ئىككىسى قۇلاق ۋە كۆزدۇر> دېدى».②

163. عن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أبو بكرٍ وعُمَرُ من هذا الدين كمنزِلَةِ السَّمْعِ والبَصَرِ من الرَّأسِ». أخرجه الطبراني، والخطيب في تاريخ بغداد، السلسلة الصحيحة: 815.

163. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بۇ دىنغا نىسبەتەن باشتىكى كۆز ۋە قۇلاقنىڭ ئورنىدىدۇر».③

164. وعن أبي سعيد الخُدري رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: إنَّ أهلَ الدَّرجاتِ العُلَى يَراهُم مَنْ أسفَلَ منهم كما يُرَى الكوكَبُ الطَّالِعُ في الأفُقِ من آفاقِ السَّماءِ، وإنَّ أبا بكرٍ وعُمَرَ مِنهُم، وأنْعَمَا». صحيح سنن ابن ماجه: 79.

164. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشىلەرنى ئۇلاردىن تۆۋەن دەرىجىدىكى كىشىلەر ئاسماندا چاقنىغان يۇلتۇزنى كۆرگەندەك كۆرەلەيدۇ. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇ ئىككىسى باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ».④

165. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سَمِعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «بَيْنَما رجلٌ

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئىبنى ھىببان ۋە خەتىب توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3225 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئىبنى ماجە توپلىغان.

يَسُوقُ بَقَرَةً إذْ رَكِبَها فضَرَبَها، فقالت: <إنَّا لم نُخْلَقْ لهذا، إنَّمَا خُلِقْنا لِلْحَرْثِ>، فقال النَّاسُ: <سُبحانَ اللَّه بَقَرَةٌ تَكَلَّمُ>، فقال: <فإنِّي أومِنُ بهذا أنا وأبو بَكرٍ وعُمَرُ وما هُمَا ثَمَّ >. وبَينَما رجلٌ في غَنَمِه إذْ عَدَا الذِّئبُ فذَهَبَ منْها بِشاةٍ، فطَلَبَ حتَّى كأنَّه استنقَذَها منه، فقالَ لهُ الذِّئبُ هذا: <استَنْقَذْتَهَا مِنِّي، فَمَنْ لَها يومَ السَّبْعِ، يومَ لا رَاعٍ لها غَيري>، فقال الناسُ: <سُبحانَ اللَّه ذِئبٌ يتكَلَّمُ>، قال: <فإنِّي أُومِنُ بهذا أَنا وأبو بكرٍ وعُمَرُ ، وما هُمَا ثَمَّ>». متفق عليه.

165. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «بىر كىشى كالىغا مىنىپ كېتىۋېتىپ كالىنى ئۇرۇۋېدى، كالا: <بىز بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان> دېدى» دېگەنىدى، كىشىلەر: «سۇبھانەللاھ! كالىمۇ گەپ قىلامدۇ؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئىككىسىمۇ ئىشىنىدۇ» دېدى. ئۇ سورۇندا ئەبۇبەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار يوق ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بىر پادىچى قويلىرىنى بېقىۋاتاتتى. بىر بۆرە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قويدىن بىرنى ئېلىپ قاچتى. پادىچى بۆرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ قوينى قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى، بۆرە پادىچىغا بۇرۇلۇپ: <بۇنىڭغۇ مەندىن تارتىۋالدىڭ، مەندىن باشقا پادىچى قالمايدىغان قىيامەت كۈنىدە قويلارنى كىم قوغدايدۇ؟> دېدى» دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «سۇبھانەللاھ! بۆرىمۇ سۆزلەمدۇ؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسىمۇ ئىشىنىدۇ» دېدى. ئۇ سورۇندا ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار يوق ئىدى.[1]

166. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: وُضِعَ عُمرُ على سريره، فتكَنَّفَهُ النَّاسُ يَدعون ويُصَلُّونَ قبلَ أن يُرفَعَ، وأنا فيهم، فلم يَرُعْني إلا رجلٌ آخِذٌ مَنْكبي؛ فإذا عليُّ بنُ أبي طالب، فترحَّم على عُمرَ، وقال: «ما خَلَّفْتَ أحداً أحبَّ إليَّ أن ألقى اللَّه بمثلِ عَمَلِه منكَ، وأيْمُ اللَّه إنْ كُنتُ لأظُنُّ أن يَجعلَكَ اللَّه مع صاحِبَيك، وحسِبتُ: إنِّي كُنتُ كثيراً أَسمَعُ النبيَّ ﷺ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**يقول: <ذَهَبتُ أنا وأبو بكرٍ وعُمرُ، ودخلتُ أنا وأبو بكرٍ وعُمَرُ، وخَرَجْتُ أنا وأبو بكرٍ وعُمَرُ>». متفق عليه.**

166. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېيىتى تاۋۇتقا قويۇلغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ تاۋۇتى ئەتراپىدا تۇرۇپ دۇئا قىلىشتى. تاۋۇتى كۆتۈرۈلمەستىلا نامىزى چۈشۈرۈلدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىم. بىرىنىڭ قولىنى مۈرەمگە قويۇشى بىلەن چۆچۈپ ئارقامغا قارىسام، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىچ ئاغرىتقان ھالدا مۇنداق دېدى: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالاغا سېنىڭ ئەمىلىڭدەك ئەمەل بىلەن مۇلاقات بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇلايمەن، الله تائالانىڭ سېنى ئىككى ھەمراھىڭ بىلەن بىللە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى پەيغەمبەرﷺ نىڭ: <ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە ماڭدۇق. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە چىقتۇق. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە كىردۇق> دېگىنىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم».[①]

167. **وفي رواية: «كُنتُ وأبو بكرٍ وعُمرُ، وفعلتُ وأبو بكرٍ وعمرُ، وانطلَقتُ وأبو بكرٍ وعُمَرُ». .متفق عليه.**

167. يەنە بىر نەقىلدە «مەن ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن بىرگە ئىدىم. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن مۇنداق قىلدىم. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن بىرگە ماڭدۇق» دەپ كەلگەن.[②]

168. **وعن حُذيفة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اقْتَدُوا باللَّذَيْنِ مِن بَعْدِي؛ أبي بكرٍ، وعُمَرَ». رواه ابن ماجه والترمذي، صحيح سنن الترمذي:** 2895.

168. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن مۇشۇ ئىككى كىشىگە، يەنى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرگە ئەگىشىڭلار!».[③]

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

169. وفي رواية، عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إني لا أَدري ما بقَائي فِيكُم، فاقتَدُوا باللَّذينِ من بَعْدِي» وأشار إلى أبي بكرٍ وعُمرَ. صحيح سنن الترمذي: 2896.

169. يەنە بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ: «مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا قانچىلىك تۇرۇشنى بىلمەيمەن، مەندىن كېيىن مۇشۇ ئىككى كىشىگە ئەگىشىڭلار!» دەپ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا ئىشارەت قىلدى.[1]

170. وعن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه ،أن النبيَّ ﷺ بعثَه على جيشِ ذاتِ السَّلاسِلِ، فأتيتُهُ، فقُلتُ: «أيُّ الناسِ أَحبُّ إليكَ؟»، قال: «عائشةُ». فقلتُ: «من الرِّجالِ؟»، فقال: «أبُوها». قلت: «ثم مَن؟» قال: «عُمرُ بنُ الخَطَّابِ». فعدَّ رِجالاً، فسَكَتُّ مخافَةَ أن يجعَلَني في آخِرِهِم. متفق عليه.

170. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، زاتۇسسەلاسىلغا ئەۋەتكەنلىكىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «(ئىنسانلاردىن) كىم سىلىگە ئەڭ سۆيۈملۈك؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئائىشە» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «ئەرلەردىنچۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۇنىڭ دادىسى» دېدى. مەن: «ئۇندىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب» دەپ بىرقانچە كىشىنى ساندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېنى ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىم تۇردۇم.[2]

171. عن محمَّد بن الحَنَفِيَّةِ رضي اللَّه عنه، قال: قُلتُ لأبي: «أيُّ النَّاسِ خَيْرٌ بَعْدَ رَسولِ اللَّه ﷺ؟»، قال: «أَبُو بَكرٍ». قلت: «ثُمَّ مَن؟»، قال: «ثُمَّ عُمَرُ»، وخَشَيتُ أن يَقُولَ «عُثمانُ»، قُلتُ: «ثم أنتَ؟»، قال: «مَا أنا إلا رَجُلٌ مِنَ المُسلِمينَ». البخاري.

171. مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇ: مەن دادامدىن (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن): «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قالسا كىم ئەڭ ياخشى؟» دەپ سورىغانىدىم، ئۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئەنھۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «ئاندىن قالسچۇ؟» دېسەم، ئۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مەن ئۇنىڭ «ئوسمان» دېيىشىدىن ئەنسىرەپ ئارقىدىنلا: «ئاندىن قالسا سەن، شۇنداقمۇ؟» دېگەنىدىم، ئۇ: «مەن پەقەت مۇسۇلمانلاردىن بىرىمەن» دېدى.[①②]

172. وعن عبد اللّه بن سلَمَةَ رضي اللّه عنه، قال: «سمعتُ علياً يقول: <خيرُ الناسِ بعدَ رسولِ اللّه ﷺ، أبو بكرٍ وعُمَرُ>». صحيح سنن ابن ماجه: 86.

172. ئابدۇللاھ ئىبنى سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: <رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردۇر> دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم».[③]

173. وعن أبي جُحَيْفَة رضي اللّه عنه، قال: كنتُ أَرى علياًّ أفضلَ الناسِ بعدَ رسول اللّه ﷺ، فذكَرَ الحديث، قلتُ: «لا واللّه يا أميرَ المؤمنين، إني لم أكنْ أَرى أنَّ أحداً مِنَ المسلمين بَعدَ رسولِ اللّه ﷺ أفضَلَ منك»، قال: «أَفَلا أُحدِّثُكَ بأَفضَلِ الناسِ كانَ بعدَ رَسولِ اللّه ﷺ؟». قال: قلت: «بَلَى»، فقال: «أبو بكر»، فقال: «أفَلا أُخْبرك بخَير الناسِ كان بعدَ رسولِ اللّه ﷺ وأبي بكرٍ؟». قلت: «بلى»، قال: «عُمَر». أخرجه أحمد في المسند، وصححه الشيخ أحمد شاكر في التخريج: 1054.

173. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايتتىم. ئۇ ھەدىسنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن بىرەرىنى سەندىن ئەۋزەل دەپ قارىمايمەن» دېسەم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ھەققىدە بەرگەن بۇ گۇۋاھلىقى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى يىراق ـ يېقىندىكى ھەممە كىشىلەرگە مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ «مەن پەقەت مۇسۇلمانلاردىن بىرىمەن» دېگەن سۆزىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر كەمتەر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

③ ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەۋزىلىنى دەپ بىرەيمۇ؟» دېدى. مەن: «شۇنداق قىلغىن» دېسەم، ئۇ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى، مەن: «شۇنداق قىلغىن» دېسەم، ئۇ: «ئۇلاردىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر» دېدى.[1]

174. وعَن عَبدِ اللَّه بن شقيق رضي اللَّه عنه، قال: «قلتُ لعائشة: <أيُّ أصحابِ النبيِّ ﷺ كانَ أحب إليه؟> قالت: <أبو بكر>، قلتُ: <ثُمَّ مَنْ؟> قالت: <ثُمَّ عُمَرُ>، قلت: <ثم مَن؟> قالت: <ثم أبو عُبَيْدَة بنُ الجَرَّاحِ>، قُلتُ: <ثُمَّ مَن؟> فسَكَتَت». صحيح سنن الترمذي: 2958.

174. ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: <پەيغەمبەر ﷺ گە ساھابىلىرىنىڭ قايسىسى ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ> دەپ جاۋاب بەردى. مەن: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دېسەم، ئۇ: <ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ> دېدى. مەن: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دېسەم، ئۇ: <ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ> دېدى. مەن يەنە: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دېسەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا گەپ قىلمىدى».[2]

175. وعن أبي هُريرة رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: نِعْمَ الرَّجُلُ أبُو بَكْرٍ، نِعْمَ الرَّجُلُ عُمَرُ، نِعْمَ الرَّجُلُ أَبو عُبيْدَةَ بنُ الجَرَّاح». صحيح سنن الترمذي: 2959.

175. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەبۇبەكرى نېمىدېگەن ياخشى، ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ نېمىدېگەن ياخشى».[3]

- **ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى**

176. عن عمْرو القُرَشي رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من يحفر بِئرَ رُوميةَ فله

[1] ئەھمەد توپلىغان، شەيخ ئەھمەد شاكىر «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**الجنَّةُ» ، فحفَرها عُثمانُ، وقال: «من جَهَّزَ جيشَ العُسْرَةِ فله الجنَّةُ»، فجهَّزَه عُثمانُ. البُخاري.**

176. ئەمىر قۇرەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «رۇمە دېگەن جايغا كىم قۇدۇق قازسا، ئۇ كىشىگە جەننەت بار» دېۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ جايغا قۇدۇق قازدى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «قىيىنچىلىقتا قالغان قوشۇننى كىم تەييارلاپ قويسا، ئۇ كىشىگە جەننەت بار» دېۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ قوشۇنلارنى تەييارلاپ قويدى.[①]

**177. وعن عبد الرحمن بن سمرة رضي اللّه عنه، قال: جاءَ عثمانُ إلى النبيِّ ﷺ بألفِ دينار في كُمِّهِ حين جهَّزَ جيشَ العُسْرَةِ، فَنَثَرَها في حِجْره. قال عبد الرحمن: فرأيتُ النبيَّ ﷺ يُقَلِّبُها في حِجرِه ويقول: «ما ضَرَّ عُثمانَ ما عَمِلَ بعد اليومِ» مَرَّتَين. صحيح سنن الترمذي: 2920.**

177. ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغاندا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېڭىدە 1000 تىللا ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا تۆكتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇچىقىدىكى تىللالارنى ئۆرۈپ-چۆرگەن ھالدا ئىككى قېتىم: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلىپ سالغان ئىشلارنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ» دېگەنىدى.[②]

**178. وعن جابر بن عبد اللّه رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «عُثمانُ في الجنَّةِ». رواه ابن عساكر، السلسلة الصحيحة: 1435.**

178. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئوسمان جەننەتتە بولىدۇ» دېگەن.[③]

**179. وعن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: «كان رسولُ اللّه ﷺ مُضْطَجِعاً في بيتِي، كاشِفاً عن فَخِذَيه أو ساقَيْه، فاستَأذَن أبو بكر، فأَذِن له وهو على تلك الحَال، فتَحَدَّثَ، ثم استَأذَن عُمرُ، فأَذِنَ له وهو كذلك، فتَحَدَّث، ثم استَأذَن عُثمانُ، فجَلَسَ رسولُ اللّه ﷺ وسَوَّى**

---

① بۇخارى توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، زەھەبى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1435 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ثيابَه، فدخَلَ فتَحَدَّث، فلمَّا خرَجَ قالت عائشةُ: <دخلَ أبو بكرٍ فلم تَهْتَشَّ له، ولم تُبالِه، ثم دخلَ عُمرُ فلم تهتَشَّ له ولم تُبالِه، ثم دخل عثمانُ فجَلَسْتَ وسَوَّيْتَ ثيابَكَ»، فقال: <ألا أستَحِي من رَجُلٍ تَسْتَحِي منه الملائِكَةُ>». مسلم.

179. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ ئۆيۈمدە يوتىسىنى ياكى پاچىقىنى ئېچىپ يېنىچە ياتقان ئىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنىلا شۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇنىڭمۇ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ پاراڭلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ (يېنىچە ياتقان ھالىتىدىن) رۇسلىنىپ كىيىمىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىردى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ بىلەنمۇ پاراڭلاشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەتكەندە، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرسە ئۇنىڭغا ئورنۇڭدىن قوزغالمىدىڭ ۋە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرسە ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئورنۇڭدىن قوزغالمىدىڭ ۋە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، لېكىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرسە ئولتۇرۇپ كىيىملىرىڭنى تۈزەشتۈردۇڭغۇ؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <پەرىشتىلەر ھايا قىلىدىغان كىشىدىن مەن ھايا قىلمايمەنمۇ؟> دېدى». [1]

180. وفي رواية: «إنَّ عُثمانَ رجلٌ حَيِيٌّ، وإنِّي خَشِيتُ، إن أذِنتُ له على تِلكَ الحَالِ أن لا يَبْلُغَ إليَّ في حاجَتِه». مسلم.

180. يەنە بىر نەقىلدە: «ئوسمان بەكمۇ ئۇياتچان ئادەم. ئۇنىڭ مېنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ھاجىتىنى ئېيتالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇردۇم» دەپ كەلگەن.①

181. وعن كعب بن عُجْرة رضي اللّه عنه قال: «ذَكَرَ رسولُ اللّه ﷺ فتنةً فقرَّبها، فمَرَّ رجلٌ مُقنَّعٌ رأسُه، فقال رسولُ اللّه ﷺ: ‹هذا يومَئذ على الهُدَى›. فوثَبتُ فأخَذتُ بِضَبْعَي عُثمانَ، ثم استَقبَلتُ رسولَ اللّه ﷺ، ‹فقلتُ: هذَا؟› قال: ‹هذَا›». صحيح سنن ابن ماجه: 89.

181. كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بىر پىتنە توغرۇلۇق سۆز قىلىپ ئۇنىڭ پات يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى، دەل شۇ پەيتتە يېنىمىزدىن بېشىنى يۆگىۋالغان بىر كىشى ئۆتتى (ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى). پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇ كىشى شۇ كۈندە ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ› دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم ۋە: ‹مۇشۇ كىشى شۇمۇ؟› دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ھەئە› دېدى».②

182. وعن عائشة رضي اللّه عنها: «أن النبي ﷺ قال: ‹يا عثمانُ إنَّه لعَلَّ اللّه يُقَمِّصُكَ قَمِيصَاً فإن أرادُوكَ على خَلْعِه فلا تخلَعْهُ لهم›». صحيح سنن الترمذي: 2923.

182. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئوسمان! ئۈمىدكى، الله تائالا ساڭا بىر كۆڭلەك بېرىشى مۇمكىن، ئەگەر كىشىلەر سەندىن بۇ كۆڭلەكنى (خەلىپىلىكنى) سالدۇرماقچى بولسا، ھەرگىز سېلىپ بەرمە» دېدى.③

183. وفي رواية لابن ماجه: «يا عُثمانُ إنْ ولاَّكَ اللّه هذا الأمرَ يوماً، فأرادَكَ المنافقون أن تَخْلَعَ قَميصَكَ الذي قَمَّصَكَ اللّه، فلا تَخْلَعْهُ ، يقول ذلك ثلاثَ مرَّاتٍ». صحيح سنن ابن ماجه: 90.

183. ئىبنى ماجەنىڭ نەقلىدە: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى ئوسمان! الله سېنى كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ ئىشقا (يەنى خەلىپىلىككە) ئىگە قىلىدۇ. الله تائالا

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ساڭا ئاتا قىلغان بۇ كۆڭلەكنى مۇناپىقلار سەندىن سالدۇرماقچى بولسا، بۇ كۆڭلەكنى ئۇلارغا سېلىپ بەرمە> دەپ ئۈچ قېتىم دېدى» دەپ كەلگەن.[1]

**184. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ في مَرَضِه: «وَدِدْتُ أنَّ عِنْدِي بَعْضَ أَصْحَابِي»، قُلْنَا: «يَا رَسُولَ اللَّه! أَلا نَدعُو لَكَ أَبا بَكْرٍ؟» فَسَكَتْ. قُلْنَا: «أَلا نَدعو لكَ عُمَرَ؟»، فَسَكَتَ. قُلْنا: «أَلا نَدعُو لَكَ عُثمَانَ؟» قال: «نَعم». فجَاء، فَخَلا به، فَجَعَلَ النبي ﷺ يُكَلِّمُه، وَوَجْهُ عُثمانَ يَتَغَيَّرُ. قالَ قَيسٌ: فَحَدَّثَني أَبُو سَهْلَةَ، مولى عثمان: «أَنَّ عُثمانَ بن عفانَ قال، يومَ الدَّارِ: إِنَّ رَسولَ اللَّه ﷺ عَهِدَ إليَّ عهداً، فَأَنا صائِرٌ إليه» .صحيح سنن ابن ماجه: 91.**

184. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ كېسەل بولۇپ قالغاندا: «بەزى ساھابىلىرىمنىڭ يېنىمدا بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن» دېدى، بىز: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! سىلىگە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ بېرەمدۇق؟» دېسەك، پەيغەمبەر ﷺ جىم تۇردى. بىز: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ بېرەمدۇق؟» دېسەكمۇ جىم تۇردى. بىز يەنە: «ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ بېرەمدۇق؟» دېسەك، ئۇ: «ھەئە» دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە بىر گەپلەرنى دېيىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

قەيس مۇنداق دېگەن: ماڭا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازاد قىلغۇەتكەن قۇلى ئەبۇ سەھلى مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى: «بىز ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىغا قامىلىپ قالغان كۈنى، (ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمامدۇق؟> دېسەك، ئۇ: <ياق، ئۇرۇش قىلمايمىز). پەيغەمبەر ﷺ ماڭا بىر ئەھدىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مەن شۇنىڭ ئۈستىدە سەۋر قىلىپ مۇستەھكەم تۇرىمەن> دېدى».[2]

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

185. وفي رواية للترمذي: عن أبي سهلة، قال: قال لي عُثمانُ يومَ الدَّارِ: إنَّ رسولَ الله ﷺ قد عَهِدَ إليَّ عَهْداً فأنا صابِرٌ عليه.

185. تىرمىزى توپلىغان نەقىلدە، ئەبۇ سەھلە مۇنداق دېگەن: بىز ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىغا قامىلىپ قالغان كۈنى، ئۇ ماڭا: «پەيغەمبەر ﷺ ماڭا بىر ئەھدىنى ۋەسىيەت قىلغان ئىدى، مەن شۇنىڭ ئۈستىدە سەۋر قىلىپ مۇستەھكەم تۇرىمەن» دېدى.

186. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «ذَكَرَ رسولُ اللَّه ﷺ فتنةً، فقال: <يُقْتَلُ هذا فيها مَظلُوماً، لعثمان بن عَفَّان رضي اللَّه عنه>». صحيح سنن الترمذي: 2925.

186. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ پىتنىنى تىلغا ئېلىپ: <ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ پىتنىدە زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلىدۇ> دېدى».[1]

**● ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى**

187. عن أنس بن مالكٍ رضي اللَّه عنه: «أنَّ النبي ﷺ صَعدَ أُحُداً، وأبو بكرٍ وعمرُ وعُثمانُ، فرجَفَ بهم، فضرَبَه برِجْلِه، فقال: <اثبُتْ أُحُدُ، فإنَّما عليكَ نبيٌّ وصِدِّيقٌ وشَهِيدان>» . البخاري.

187. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرگە ئۇھۇد تېغىغا چىققاندا تاغ تىترىگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ تاغنى پۇتى بىلەن كۈچەپ دەسسەپ تۇرۇپ: <ئى ئۇھۇد! تىترىمە، چۈنكى ئۈستۈڭدە بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق ۋە ئىككى شەھىد بار> دېدى».[2][3]

188. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «كُنَّا في زَمَنِ النبِّي ﷺ لا نَعْدِلُ بأبي بَكرٍ أَحَداً، ثمَّ عمرَ، ثم عُثمانَ، ثم نتركُ أصحابَ النبيِّ ﷺ لا نُفاضِلُ بينهم» .البخاري.

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ھەدىستە كۆزدە تۇتۇلغان سىددىق — ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىككى شەھىد بولسا ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.

188. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھېچكىمنى تەڭ قىلمايتتۇق. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئۇنىڭدىن قالسا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھېچكىمنى تەڭ قىلمايتتۇق. ئۇلاردىن باشقىلارغا كەلسەك، بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن كۆرمەيتتۇق».[1]

189. وفي رواية لأبي داود، عن ابن عمر رضي اللّه عنه، قال: «كُنَّا نقولُ ورسولُ اللّه ﷺ حَيٌّ: أفضلُ أمَّةِ النبيِّ ﷺ بَعدَهُ أبو بكرٍ، ثم عمرُ، ثم عثمانُ». صحيح سنن أبي داود: 3871.

189. ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقىلىدە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قالسا ئۇممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن قالسا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاندىن قالسا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيتتۇق».[2]

190. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللّه عنه، قال: بينما رسولُ اللّه ﷺ في حائطٍ من حوائطِ المدينةِ، وهو مُتَّكِئٌ يَركُزُ بعودٍ معه بين الماءِ والطينِ، إذا استَفْتَحَ رَجُلٌ، فقال: «افتَحْ، وبَشِّرْهُ بالجنَّةِ»، قال أي أبو موسى الأشعري: فإذا أبو بكرٍ، ففَتَحتُ له وبَشَّرْتُهُ بالجنَّةِ، ثم استَفْتَحَ رجلٌ آخَرُ، فقال: «افتَحْ، وبَشِّرْهُ بالجنَّةِ»، قال: فذهبتُ، فإذا هو عُمَرُ، ففتحتُ له وبَشَّرْتُهُ بالجنَّةِ، ثمَّ استفتحَ رجلٌ آخَرُ، قال: فجلسَ النبيُّ ﷺ فقال: «افتَحْ وبَشِّرْهُ بالجنَّةِ على بَلْوَى تكونُ». وفي رواية: «ائذَن لهُ وبَشِّرْهُ بالجنَّةِ»، على «بلْوَى سَتُصيبُهُ»، قال: فذَهبتُ فإذا هو عُثمانُ بنُ عفانَ ، ففَتَحْتُ وبَشَّرْتُهُ بالجَنَّةِ، وقلتُ الذي قال، فقال: «اللَّهمَّ صَبراً، واللَّه المُستعَانُ». متفق عليه.

190. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنە باغلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر سۇ بويىدا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى تاياقنى سۇغا سانجىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا بىرى كېلىپ باغنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن!» دېدى. قارىسام ئۇ ئەبۇبەكرى

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردىم ۋە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردىم. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن، ئۇنىڭغىمۇ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن!» دېدى. بېرىپ قارىسام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، ئۇنىڭغىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ ئۇنىڭغا جەننەتتىن خۇش بېشارەت بەردىم. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ تۇرۇلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگىن!» دېدى. يەنە بىر نەقىلدە «ئىشىكنى ئېچىپ بەرگىن» دېگەننىڭ ئورنىدا «ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغىن ۋە بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن!» دەپ كەلگەن. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بېرىپ قارىسام ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىپ جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەردىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۈم، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: <ئى الله ! ماڭا سەۋر ئاتا قىلغىن، الله ياردەم بەرگۈچىدۇر> دېدى».[1]

- **ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى**

191. **عن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ خَرَجَ إلى تَبُوك، واستَخْلَفَ عليّاً، فقال: «أتُخَلِّفُني في النِّساءِ والصِّبيانِ؟» فقالَ: «ألا تَرْضَى أن تكونَ مِنِّي بمنزِلَةِ هارونَ مِن مُوسى، إلا أنَّه لا نبيَّ بَعْدِي». متفق عليه.**

191. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك غازىتىغا چىققاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىگە مەسئۇل قىلىپ قويدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئايال ـ بالىلار بىلەن بىللە مەدىنىدە قويۇپ قويامسەن؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «مۇسا ئۇچۇن ھارۇننىڭ ئورنى قانداق بولسا، مەن ئۈچۈن سېنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئورنۇڭمۇ شۇنداق. سەن بۇنىڭغا رازى ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يوق» دېدى.[1]

192. وعن سَهْل بن سَعْد رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال يومَ خيبَرَ: «لأُعطِيَنَّ هذه الرَّايَةَ غداً رجُلاً يَفتَحُ اللَّه على يَدَيه، يُحِبُّ اللَّه ورسولَهُ، ويُحِبُّهُ اللَّه ورسولُه». فباتَ النَّاسُ يَدُوكونَ ليلتَهُم أيُّهم يُعْطَاها، قال: فلمَّا أصبحَ الناسُ غَدَوا على رسولِ اللَّه ﷺ كلُّهم يَرجو أن يُعْطَاها، فقال: «أينَ عليُّ بنُ أبي طالب؟» فقالوا: «هو يا رسولَ اللَّه يَشْتَكِي عَيْنَيه». قال: «فأرسِلُوا إليه»، فأُتِيَ به، فبَصَقَ رسولُ اللَّه ﷺ في عَيْنَيْه، ودعا لَهُ، فَبَرأ حتى كأَنْ لم يَكُنْ به وجَعٌ، فأعطاهُ الرَّايَةَ. متفق عليه.

192. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر غازىتى كۈنى: «ئەته مەن بۇ بايراقنى الله ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق بىزگە غەلىبە بېرىدىغان، ئۇ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىمەن» دېدى. ساھابىلەر شۇ كېچىنى: «ئۇ بايراقنى قايسىمىزغا بېرىدىغاندۇ؟» دېگەن خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈشتى. تاڭ ئاتقاندا ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ بايراقنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب قېنى؟» دېگەنىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتىڭلار» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ كېلىنگەندە پەيغەمبەر ﷺ (مۇبارەك) تۈكۈرۈكىنى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە سۈرۈپ دۇئا قىلغانىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى ھېچ ئاغرىپ باقمىغاندەك ساقىيىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ بايراقنى ئۇنىڭغا بەردى.[2]

193. وعن عليٍّ رضي اللَّه عنه، قال: «والذي فَلَقَ الحبَّةَ وبَرأَ النَّسْمَةَ إنَّهُ لَعَهدَ النبيُّ ﷺ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**الأُمِّي إليَّ: <أن لا يُحِبُّني إلا مؤمنٌ، ولا يُبْغِضُنِي إلا مُنافِقٌ>»** .مسلم.

193. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۇرۇقنى بىخلاندۇرغان ۋە ھەربىر جاننى ياراتقان الله بىلەن قەسەمكى، ساۋاتسىز پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <مېنى پەقەت مۇئمىنىنىڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقى، مۇناپىقنىڭ ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى> ئېيتقانىدى».[1]

**194. وعن أمِّ سَلَمة رضي اللَّه عنها ،قالت: «أَشهدُ أني سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <من أحَبَّ علياً فقد أَحبَّني، ومَن أَحَبَّني فقَد أحبَّ اللَّه ، ومَن أبْغَض علياً فقد أبغَضَنِي، ومَن أبغَضَني فقَدْ أبغَضَ اللَّه عَزَّ وجَلَّ>».** رواه المخلص في الفوائد المنتقاة، السلسلة الصحيحة: 1299.

194. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن: <ئەلىنى ياخشى كۆرگەن كىشى مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ، مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى الله تائالانى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ؛ ئۇنى يامان كۆرگەن كىشى مېنى يامان كۆرگەن بولىدۇ، مېنى يامان كۆرگەن كىشى الله نى يامان كۆرگەن بولىدۇ>».[2]

**195. وعن زيد بن أرقم رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: مَن كُنتُ مَولاهُ، فعليٌّ مَوْلاهُ، اللَّهمَّ وَالِ مَن وَالاهُ، وعَادِ من عَادَاهُ».** أخرجه النسائي، والحاكم، وأحمد، **السلسلة الصحيحة**: 1750.

195. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر كىشى مېنى دوست تۇتسا، ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستىدۇر. ئى الله ! ئەلىنى دوست تۇتقان كىشىنى دوست تۇتقىن، ئۇنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى دۈشمەن تۇتقىن».[3]

**196. وعن البراء بن عازب رضي اللَّه عنه، قال: «أقبلنا مع رسول اللَّه ﷺ في حجته التي حج فنزل في بعض الطريق، فأمَرَ الصلاةَ جامِعَة، فأخذ بيدِ عليٍّ، فقال: <ألَستُ أَوْلى**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇخلىس توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1299 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] نەسائى، ھاكىم ۋە ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1750 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بِالمُؤمنينَ مِن أَنفُسهم؟> قَالُوا: <بَلى>. قَالَ: <أَلَسْتُ أَولى بِكُلِّ مُؤمنٍ مِن نَفسِهِ؟> قَالوا: <بَلى>. قالَ: <فَهذَا وَلِيُّ مَنْ أَنا مَولاهُ. اللَّهمَّ وَالِ من والاهُ، اللَّهمَّ عادِ من عَاداه>». صحيح سنن ابن ماجه: 94.

196. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ھەججە ماڭغاندا بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدۇق. مەلۇم بىر يولغا كەلگەندە ئۇلاغدىن چۈشۈپ نامازنى جەملەپ ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: <مەن مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جانلىرىدىنمۇ ئارتۇق ئەمەسمۇ؟> دېۋىدى، ساھابىلەر: <ئەلۋەتتە شۇنداق> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: <مەن ھەربىر مۇئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئەمەسمۇ؟> دېۋىدى، ساھابىلەر: <ئەلۋەتتە شۇنداق> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: <مانا بۇ ئەلى مېنى دوست تۇتقان كىشىلەرنىڭ دوستىدۇر. ئى الله! ئۇنى دوست تۇتقانلارنى دوست تۇتقىن، ئۇنى دۈشمەن تۇتقانلارنى دۈشمەن تۇتقىن> دېدى».[1]

197. وعن عمران بن حُصين رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ علياً مِنِّي وأنا مِنْهُ، وهو وَلِيُّ كُلِّ مؤمنٍ مِنْ بَعْدِي». صحيح سنن الترمذي: 2929.

197. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مەن ئەلىدىن، ئەلى مەندىن. ئەلى مەندىن كېيىنكى ھەربىر مۇئمىنىنىڭ دوستىدۇر».[2]

198. وعن حَبَشِيِّ بن جُنادَةَ رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: عليٌّ مِنِّي وأنا من عَلِيٍّ، ولا يُؤدِّي عنِّي إلا أَنا أو عَلِيٌّ». صحيح سنن الترمذي: 2931.

198. ھەبەشى ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەلى مەندىن، مەن ئەلىدىن. (مەن تۈزگەن ئەھدىلەرنى) پەقەت مەن ۋە ئەلىلا كۈچكە ئىگە قىلالايمىز ياكى ئەمەلدىن

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قالدۇرالايمىز». ①

199. وعن عمرو بن شَاس رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «مَنْ آذَى عَليّاً فقَد آذَاني». رواه البخاري في التاريخ، وأحمد، وابن حبان، السلسلة الصحيحة: 2295.

199. ئەمىر ئىبنى شاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەلىگە ئەزىيەت بەرگەن كىشى ماڭا ئەزىيەت بەرگەن بولىدۇ». ②

200. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: «اشتكَى الناسُ علياً رضوانُ اللَّه عليه، فقام رسولُ اللَّه ﷺ فينا خَطِيباً، فسمعته يقول: <أيُّها النَّاسُ! لا تَشْكُوا علياً؛ فواللَّه إنَّهُ لأحسَنُ في ذاتِ اللَّه أو في سبيلِ اللَّه. من أن يُشْكَى>». أخرجه ابن إسحاق في السيرة، السلسلة الصحيحة: .2479

200. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كىشىلەر ئەلىنى شىكايەت قىلىۋىدى (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)، پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ ئىچىمىزدە تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: <ئى ئىنسانلار! ئەلىنى شىكايەت قىلماڭلار. الله بىلەن قەسەمكى، ئەلى الله ھەققىدە ياكى الله نىڭ يولىدا شىكايەت قىلىنىشتىن كۆپ ياخشىدۇر>». ③

201. عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: «كنا جلوساً ننتظرُ رسولَ اللَّه ﷺ، فخرَجَ علينا من بعضِ بيوتِ نسائه، قال: فقمنا معه، فانقطعَت نعْلَه، فتَخَلَّفَ عليها عليٌّ يَخْصِفُها، فمَضَى رسولُ اللَّه ﷺ ومَضَينا معه، ثم قامَ ينتظِرُه، وقمنا معه، فقال: <إنَّ مِنْكُم من يُقَاتِلُ على تأويلِ هذا القرآنِ، كما قَاتَلْتُ على تنْزيله>، فاستَشْرَفنا وفينا أبو بَكرٍ وعُمرُ، فقال: <لا، ولكنَّهُ خاصِفُ النَّعْلِ>. قال: «فجئنا نبَشِّره، قال: وكأنه قد سَمِعَه>». أخرجه النسائي، وابن حبان، والحاكم وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2487.

201. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل

---

① تىرمىزى توپلىغان.

② بۇخارى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2295 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئىبنى ئىسھاق توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2487 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نى ساقلاپ ئولتۇراتتۇق، ئۇ بەزى ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ قېشىمىزغا كەلدى ۋە بىز بىلەن بىرگە ئولتۇردى. ئارىدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايىغى يىرتىلىپ كەتتى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ياماش ئۈچۈن ئارىمىزدىن ئايرىلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن قوزغالغاندا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېلىشىنى ساقلىغاندا بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ساقلىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: ‹مەن قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلىنغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندەك، ئىچىڭلاردىن بىرى بۇ قۇرئاننى تەئۋىل قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ› دېدى. بىز ‹ئۇ كىشى كىمدۇ؟› دەپ ئەتراپىمىزغا قاراشقا باشلىدۇق. ئارىمىزدا ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ياق، ياق! بەلكى ئۇ كىشى ئاياغ ياماش ئۈچۈن كەتتى› دېدى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹بىز ئۇنىڭغا خۇش بېشارەت بېرىش ئۈچۈن يېنىغا بارغىنىمىزدا ئۇ خۇددى بۇنى پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلاپ بولغاندەك قىلاتتى›». [1][2]

202. **وعن ابن عباس رضي اللّٰه عنه، قال: «أوَّل مَن صَلَّى عليٌّ». صحيح سنن الترمذي:** 2935.

202. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ساھابىلەردىن تۇنجى ناماز ئوقۇغان كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

---

[1] ئەھمەد، نەسائى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2479 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] قۇرئان كەرىمدە نازىل قىلىنغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ــ قۇرئان كەرىمنىڭ الله نىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ھەمدە الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ﷺ گە الله تائالا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتۇر. بۇ ئۇرۇش ئۇلارنى قۇرئان كەرىمگە ۋە قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنغان ئەلچىگە ئىشىنىشكە چاقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنى تەئۋىل قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ــ قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكۈملىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدىغان، ئەمما ھۆكۈملەرنى خاتا تەئۋىل قىلىش (يەنى خاتا چۈشەندۈرۈش) ئارقىلىق ھارامنى ھالالغا ئۆزگەرتىدىغان، ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتۇر. خاۋارىجلار تۇنجى بولۇپ قۇرئان كەرىمنى خاتا تەئۋىل قىلغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار كاپىرلار ھەققىدە نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنى مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارغا تەتبىقلاپ ھۆرمەتلەرنى ئاياغ ـ ئاستى قىلدى، تۆكۈش ھارام قىلىنغان قانلارنى تۆكتى، يوللارنى ئۈزدى. خاتا تەئۋىل قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ تۇنجىسى بولسا پەيغەمبەر ﷺ بېشارەت بەرگەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

ئىدى».[1]

**● ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى**

**203. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، «أن رسولَ اللَّه ﷺ كان على حِرَاءٍ هو وأبو بكر، وعُمَرُ، وعليٌّ، وعُثمَانُ، وطَلْحَةُ، والزُّبَيْرُ، فتَحَرّكَت الصَّخْرَةُ، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <اهْدَأ، فمَا عليكَ إلا نبيٌّ أو صِدِّيقٌ أو شَهِيدٌ>». مسلم**

203. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئەلى، ئوسمان، تەلھە، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن بىرگە ھىرا تېغىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا، بىر چوڭ قورام تاش مىدىرلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <شۈك تۇرغىن! ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق ۋە شەھىد بار> دېدى».[2]

**204. وفي رواية عنه، «أن رسولَ اللَّه ﷺ كان على جَبَلِ حِرَاءٍ، فَتَحَرَّكَ، فقال رسُولُ اللَّه ﷺ : <اسكُنْ، حِرَاءُ! فَمَا عَلَيْكَ إلا نَبِيٌّ أو صِدِّيقٌ أَو شَهِيدٌ>، وعليه النبي ﷺ وأبو بكرٍ وعُمَرُ وَعُثمانُ وَعليٌّ وطَلحَةُ والزُّبَيْرُ وَسَعْدُ ابنُ أبي وَقَّاصٍ». مسلم.**

204. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھىرا تېغىنىڭ ئۈستىدە ئىدى، تاغ ھەرىكەتلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ھىرا! شۈك تۇرغىن، ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق، شەھىد بار> دېدى. تاغنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەر ﷺ، ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، تەلھە، زۇبەير ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار ئىدى».[3]

**205. وعن أَنَسٍ بن مالك رضي اللَّه عنه ،أَنَّ رَسُولَ اللَّه ﷺ قال: «أَرحَمُ أُمَّتي بِأمَّتِي أَبو بَكر، وَأَشَدُّهم فِي دِينِ اللَّه عُمَرُ، وَأَصدَقُهُم حَيَاءً عُثمَانُ، وأَقضَاهُم عَلِيٌّ بنُ أَبي طالب، وأَقْرَؤُهُمْ لِكِتابِ اللَّه أُبَيُّ بنُ كَعْبٍ، وأَعلَمُهُم بِالحَلالِ والحَرامِ مُعَاذُ بنُ جَبَلٍ، وأَفرَضُهُم زَيدُ بنُ**

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

**ثَابِتٍ، أَلا وإِنَّ لِكُلِّ أُمَّةٍ أَمِيناً، وأَمِينُ هذِهِ الأُمَّةِ أَبو عُبَيْدَةَ بنُ الجَرَّاحِ». صحيح سنن ابن ماجه:** 125.

205. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇممىتىم ئىچىدىن ئۇممىتىمگە ئەڭ رەھىمدىل كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، الله نىڭ ئەمرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەڭ ھايالىقى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، (شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا) ئەڭ ئىلىملىكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھالال ۋە ھارام (ھۆكۈملىرىنى) ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مىراس ئىلىمىدە ئەڭ ئىلىملىكى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ھەربىر ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى بولىدۇ، بۇ ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر».[1]

**206. وعن سعيد بن زيدِ بنِ عمرو بن نفيل رضي اللَّه عنه، قال: «كان رسولُ اللَّه ﷺ عاشِرَ عَشْرَةٍ؛ فقال: أَبُو بَكْرٍ فِي الجَنَّةِ، وَعُمَرُ فِي الجَنَّةِ، وعُثمانُ في الجَنَّةِ، وَعَلِيٌّ فِي الجَنَّةِ، وطَلَحَةُ فِي الجَنَّةِ، والزُّبَيرُ فِي الجنَّةِ، وَسَعْدٌ فِي الجنَّة، وَعَبدُ الرَّحمن فِي الجَنَّةِ ، فَقيل لهُ: <مَنِ التَّاسِعُ؟> قال: <أَنَا؟>». صحيح سنن ابن ماجه:** 110.

206. سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇ «پەيغەمبەر ﷺ ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى ئىدى» دەپ ساناپ: «ئەبۇبەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير جەننەتتە، سەئىد جەننەتتە، ئابدۇراھمان جەننەتتە» دېگەنىدى، ئۇنىڭدىن: <توققۇزىنچىسى كىم؟> دەپ سورالغاندا، ئۇ: <مەن> دەپ جاۋاب بەردى».[2]

**207. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «القائِمُ**

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان.

بعدي في الجنَّةِ، والذي يقومُ بعدَه في الجنَّةِ، والثالثُ والرَّابعُ في الجنَّةِ». أخرجه يعقوب الفسوي في المعرفة، وابن عساكر في التاريخ، السلسلة الصحيحة: 2319.

207. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مەندىن كېيىن خەلىپە بولىدىغان كىشى جەننەتتە، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلىپە بولىدىغان كىشىمۇ جەننەتتە، ئۇچىنچى ۋە تۆتىنچىسىمۇ جەننەتتە».[1]

1208. وعن العِرْباض بن سارية رضي اللَّه عنه، قال: «وعَظَنا رسولُ اللَّه ﷺ موعِظَةً ذَرَفَت منها العيون، ووجلَت منها القلوبُ، فقلنا: <يارسولَ اللَّه، إنَّ هذه لموعظةُ مُودِّعٍ، فماذا تعهَد إلينا؟> قال: <قَدْ تَرَكْتُكُمْ عَلى البَيضَاءِ؛ لَيلُهَا كَنَهَارها. لا يَزيغُ عَنهَا بَعدِي إلاَّ هَالِكٌ. مَنْ يَعِشْ مِنكُمْ فَسَيَرى اختلافاً كَثِيراً، فَعَلَيكُم بما عَرَفتُم مِن سُنَّتِي وَسُنَّةِ الخُلَفاءِ الرَّاشِدِينَ المَهدِيين، عَضُّوا علَيها بالنَواجِذِ>. وفي روايةٍ: <سَتَرَونَ مِنْ بَعدِي اختلافاً شَدِيداً، فَعَلَيكُم بِسُنَّتي وسُنَّةِ الخُلَفاءِ الرَاشِدين المَهدِيِّين، عَضُّوا عَلَيها بِالنَواجِذِ، وإِيَّاكُم والأمورَ المُحدَثَاتِ، فإنَّ كُلَّ بِدعَةٍ ضَلالة>». صحيح سنن ابن ماجه: 40-41.

208. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ناھايىتى تەسىرلىك بىر نەسىھەت قىلدىكى، كۆزلىرىمىزدىن ياش تۆكۈلۈپ، قەلبلىرىمىز تىترەپ كەتتى. بىز: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆزلەر ۋىدالاشقۇچىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىگە ئوخشاپ كەتتى، بىزگە قىلىدىغان نىمە ۋەسىيەتلىرى بار؟> دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: <مەن سىلەرنى كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك روشەن يول ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويدۇم، مەندىن كېيىن بۇنىڭدىن پەقەت ھالاك بولۇپ كېتىدىغان كىشىلا تېيىپ كېتىدۇ. ئىچىڭلاردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا، كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە، توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار. ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار (چىڭ تۇتۇڭلار)> دېدى. يەنە بىر نەقىلدە

[1] ياقۇب فەسەۋى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2319- نومۇرلۇق ھەدىس.

(پەيغەمبەر ﷺ): <مەندىن كېيىن ئېغىر ئىختىلاپلارنى كۆرىسىلەر، سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مەھكەم ئېسىلىڭلار. (دىندا) يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر> دېگەن».[1]

209. **وفي رواية لأبي داود: «فإنه من يعش منكم بعدي فسيرى اختلافا كثيرا، فعليكم بسنتي وسنة الخلفاء المهديين الراشدين، تمسكوا بها، عضوا عليها بالنواجذ، وإياكم ومحدثات الأمور؛ فإن كل محدثة بدعة، وكل بدعة ضلالة».**

209. ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئىچىڭلاردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا، كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار. ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار (يەنى چىڭ تۇتۇڭلار). (دىنغا) يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ھەقىقەتەن يېڭى پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر، ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر».[2]

### ❖ ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى

210. **عن البَرَاء بن عازِب رضي اللّه عنه، قال: «رأيتُ النبيَّ ﷺ والحسَنُ بنُ عليٍّ على عاتِقِه، يقول: <اللَّهمَّ إنِّي أُحِبُّهُ، فأَحِبَّهُ>». متفق عليه.**

210. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نى كۆردۈم، ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ مۈرىسىدە ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن> دېدى».[3]

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

211. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «ما رأيتُ حَسَناً قطّ إلا فاضَتْ عَينَاي دُمُوعاً، وذلك أن النبيَّ ﷺ خرجَ يوماً فوجَدني في المسْجِد، فأخذَ بيدِي، فانطلَقتُ معه، فما كلَّمَني حتى جِئنا سوقَ بني قَيْنُقَاع، فطافَ به ونظرَ، ثم انصرفَ وأنا معه حتى جِئْنَا المسجدَ، فجلَسَ فاحْتَبَى، ثم قال: <أين لُكَاعُ؟ ادعُ لي لُكاعَ>. فجاء حسَنٌ يَشْتَدُّ فوقَعَ في حِجْرِه، ثم أدخَلَ يدَهُ في لحيتِه، ثم جعلَ النبيُّ ﷺ يفتحُ فاهُ، فيُدْخِل فاهُ في فِيهِ، ثم قال: <اللَّهمَّ إني أُحِبُّه، فأَحْبِبْهُ، وأَحِبْ مَن يُحِبُّه>». أخرجه البخاري في الأدب المفرد، وأحمد، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 2807.

211. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرسەم كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەلۇم بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ سىرتقا چىقتى، بىز مەسجىدتە ئۇچراشتۇق. پەيغەمبەر ﷺ گەپمۇ قىلماستىن قولۇمنى تۇتۇپ يۈرۈپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ماڭدىم. شۇ ماڭغانچە قەينۇقا بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ بازارنى ئايلىنىپ ئەتراپىقا قاراپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ قايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قايتتىم. بىز يەنە ھېلىقى مەسجىدكە كەلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ: <بالام قېنى؟ (ھەسەننى دېمەكچى) ماڭا بالامنى چاقىرىپ بېرىڭلار!> دېدى. ئاندىن كېيىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىدا ئولتۇردى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساقىلىنى سىلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىغا سۆيۈپ قويۇپ: <ئى الله ! ھەقىقەتەن مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن ۋە ئۇنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ياخشى كۆرگىن> دېدى».[1]

212. وعن أُسامَةَ بن زيد رضي اللَّه عنهما: عن النبيِّ ﷺ أنه كان يأخُذُه والحَسَنَ، ويقولُ: «اللَّهمَّ إنِّي أُحِبُّهُما فأَحِبَّهُمَا». البخاري.

212. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل

[1] بۇخارى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2807 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مېنى ۋە ھەسەننى قۇچىقىغا ئېلىپ: «ئى الله ! مەن بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن» دېدى.[①]

213. وعنه، قال رسولُ اللَّه ﷺ ـ عن الحَسَن والحُسَين: «هذانِ ابْنَاي وابْنَا ابنَتي، اللَّهمَّ إنِّي أحِبُّهُما فأَحِبَّهُما، وأحِبْ مَن يُحِبُّهُما». صحيح سنن الترمذي: 2965.

213. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ھەسەن ۋە ھۇسەيىن توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىككىسى مېنىڭ بالام ۋە قىزىمنىڭ بالىلىرى. ئى الله ! مەن ئۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرگىن».[②]

214. وعن يعلى بن مُرَّة رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: حُسَيْنٌ مِنِّي، وأنا من حُسَيْن، أحبَّ اللَّه مَن أَحَبَّ حُسَيْنَاً، حُسَيْنٌ سِبْطٌ مِنَ الأَسْبَاطِ». صحيح سنن الترمذي: 2970.

214. يەئلا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھۇسەيىن مەندىن، مەن ھۇسەيندىن. كىم ھۇسەيىننى ياخشى كۆرىدىكەن، الله تائالامۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۇسەيىن ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۈممەتكە باراۋەردۇر».[③]

215. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «خرَجَ علينا رسولُ اللَّه ﷺ ومعه حَسَنٌ وحُسَينٌ، هذا على عاتقِه، وهذا على عاتقِه، وهو يَلْثُمُ هذا مرَّةً، ويَلثُمُ هذا مَرّة، حتى انتهى إلينا، فقال له رجلٌ: <يا رسولَ اللَّه، إنَّكَ تُحِبُّهما>. فقال: <من أحبَّهُما فقَد أحبَّنِي، ومَن أبغَضَهُما فقَدْ أبغَضَني>». أخرجه أحمد، والحاكم، والبزّار، السلسلة الصحيحة: 2895.

215. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمىزغا ھەسەن ۋە ھۇسەيىننى بىللە ئېلىپ چىقتى، ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۈرىسىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قېتىم ھەسەننى سۆيسە، يەنە بىر قېتىم ھۇسەيىننى سۆيۈپ قوياتتى.

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە، بىر ئادەم ئۇنىڭغا: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن ـ ھە؟> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <كىمكى بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ؛ كىمكى بۇ ئىككىسىنى يامان كۆرسە، مېنى يامان كۆرگەن بولىدۇ> دېدى». [1]

216. **وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه: «عن النبي ﷺ أنه كان يُصلِّي والحسَنُ والحُسينُ يَلعبانِ ويَقعُدانِ على ظهرِه، فأخذَ المسلمون يُميطونَهُما، فلما انصرَفَ، قال: <ذَرُوهما بأبي وأُمِّي مَن أحَبَّني فيُحِبَّ هذَينِ>». أخرجه أبو نعيم في الحلية، وغيره، السلسلة الصحيحة:** 4002.

216. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ھەسەن ۋە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئويناۋېتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالغانىدى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى توستى. پەيغەمبەر ﷺ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن: <ئۇ ئىككىسىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىڭلار! ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇنكى، مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىدۇ> دېدى». [2]

217. **وعن أبي سعيد الخُدري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «الحسَنُ والحُسَيْنُ، سَيِّدَا شَبَابِ أهلِ الجنَّةِ». صحيح سنن الترمذي:** 2965.

217. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەسەن بىلەن ھۇسەيىن جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر». [3]

218. **وعن أبي فاخِتَة رضي اللَّه عنه، قال: قال علي: «زارَنا رسولُ اللَّه ﷺ، فباتَ عِندنا؛ والحسَنُ والحُسَين نائمان، فاسْتَسْقَى الحسَنُ، فقام رسولُ اللَّه ﷺ إلى قُربَةٍ لنا، فجعلَ يَعْصِرُها في القَدْحِ، ثم يَسقيه، فتناولَهُ الحُسَيْنُ ليشْرَب فمنَعَهُ، وبدأ بالحسَنِ، فقالت فاطمةُ: <يا رسولَ اللَّه! كأنَّه أحبُّ إليكَ؟> فقال: <لا، ولكنَّه استَسْقَى أوَّلَ مرَّةٍ>. ثم قالَ**

---

[1] ئەھمەد، ھاكىم ۋە بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2895 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 4002 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**رسولُ اللَّه ﷺ: <إنِّي وإيَّاكِ، وهذين، وهذا الرَّاقِدُ ـ يعني عليّاً ـ يومَ القيامَةِ في مكانٍ واحدٍ>». أخرجه الطيالسي في مسنده، وغيره، السلسلة الصحيحة:** 3319.

218. ئەبۇ فاختە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى يوقلاپ كېلىپ ئۆيىمىزدە قونۇپ قالدى. ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، ھەسەن: <سۇ ئىچىمەن> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ تۇلۇمدىن قاچىغا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولدى. ھۈسەينمۇ قاچىغا قول ئۇزاتتى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بەرمەي ئاۋۋال ھەسەنگە بەردى. ئاندىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ئى رەسۇلۇللاھ! سىلى ھەسەننى بەكرەك ياخشى كۆرەملا؟> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ئاۋۋال سورىدى ئەمەسمۇ؟> دېدى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مەن، سىز، بۇ ئىككىسى ۋە ماۋۇ ئۇخلاۋاتقان كىشى (ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى) قىيامەت كۈنى بىر ئورۇندا بولىمىز> دېدى».[1]

219. **وعن جابر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «من سَرَّه أن ينظرَ إلى رجلٍ من أهلِ الجنَّةِ؛ فلينظُرْ إلى الحسَينِ بنِ عليٍّ». أخرجه أبو يعلى في مسنده، السلسلة الصحيحة:** 4003.

219. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمنى جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشىگە قاراش خۇرسەن قىلسا، ئەلىنىڭ ئوغلى ھۈسەينگە قارىسۇن».[2]

220. **وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: «لم يكُن أحَدٌ أشبَهَ بالنبيِّ ﷺ من الحَسَنِ بنِ عليٍّ». البخاري.**

220. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك پەيغەمبەر ﷺ گە ئوخشايدىغان يەنە بىر كىشى يوق».[3]

---

[1] تەيالىسى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3319 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ يەئلا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 4003 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇخارى توپلىغان.

221. وعن أبي بَكْرَةَ رضي اللّه عنه، قال: «رأيتُ رسولَ اللّه ﷺ على المنبرِ والحسَنُ بنُ عليٍّ إلى جَنْبِه، وهو يُقبِلُ على الناسِ مرَّةً وعليه أخْرَى، ويقول: <إنَّ ابنِي هذا سَيِّدٌ، ولعَلَّ اللّه أن يُصلِحَ به بين فئتِين عَظِيمَتين من المسلمين>». البخاري.

221. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نى مۇنبەر ئۈستىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ بېقىنىدا ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بىردە ئۇنىڭغا قارىسا، بىردە جامائەتكە قارايتتى. ئۇ شۇ چاغدا مۇنداق دېگەنىدى: <مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر. الله ئۇنىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىن ناھايىتى چوڭ ئىككى گۇرۇھنى ياراشتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن>».[1][2]

222. وعن عليٍّ رضي اللّه عنه قال: «دخلتُ على النبيِّ ﷺ ذاتَ يومٍ وعيناهُ تفيضان، قلت: <يا نبيَّ اللّه أغضَبكَ أحدٌ؟ ما شأنُ عَيْنَيْكَ تَفيضان؟> قال: <قامَ من عِندِي جبريلُ مِن قَبْلُ، فَحَدَّثَني أنَّ الحُسَين يُقتَلُ بشَطِّ الفُراتِ، فقال: هل لك إلى أن أُشِمَّك من تُرْبَتِه؟> قلت: <نعم>، فمَدَّ يدَهُ فقبضَ قبْضَةً من تُرابٍ فأعطانِيها، فلَم أملِك عينَيَّ أن فاضَتا». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 1171.

222. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كىرسەم، ئۇ يىغلاۋاتقانىكەن. مەن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىرەرسى ئاچچىقلىرىنى كەلتۈردىمۇ؟ نېمىگە يىغلايلا؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <بايا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھۇسەيننىڭ فۇرات دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ يېنىمدىن ئايرىلدى. ئۇ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى چوڭ مۇسۇلمانلار جامائىتى ــ بىرى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلەر؛ يەنە بىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلەردۇر. بۇ ئىككى جامائەت ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ۋە ئىختىلاپلار ھەممىگە ئايان بولۇپ، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى تۈگەتكەن. الله تائالا ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەۋەبلىك بۇ ئىككى چوڭ جامائەتنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش ۋە ئۇرۇش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلار جامائىتىدۇر. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ تالاش ـ تارتىشقا قاتناشقان ساھابىلەردىن بىرەرىنىڭ ئادالىتى ۋە ئىسلامىغا شەك قىلىشقا بولمايدۇ.

تۇرغان ئورۇننىڭ تۇپرىقىنى پۇراشنى خالامسەن؟> دېدى، مەن: <ھەئە، خالايمەن> دېدىم. ئۇ قولىنى سوزۇپ بىر سىقىم توپا ئېلىپ ماڭا بەردى، مەن ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتىم». [①]

223. وعن عبد الرحمن بن أبي نُعْمٍ، قال: كُنتُ شاهداً لابنِ عُمَرَ، وسألهُ رجلٌ عن دَمِ البعوضِ، وفي رواية: «وسأَلَهُ عن المُحْرِمِ يَقْتُلُ الذُّبابَ؟». فقال: «ممَّن أنتَ؟» قال: «من أهلِ العراقِ». قال: «انظرُوا إلى هذا، يسألُني عن دمِ البَعُوضِ؟ وقد قتَلُوا ابنَ النبيِّ ﷺ! وسمِعْتُ النبيَّ ﷺ يقول: <هما أي الحسن والحسين رَيْحَانَتَايَ مِنَ الدُّنْيَا>». البخاري.

223. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ نۇئمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پاشىنىڭ قېنى توغرۇلۇق سورىغاندا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا بار ئىدىم. [②]

يەنە بىر نەقىلدە ئۇ كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئېھرام باغلىغان كىشى چىۋىن ئۆلتۈرسە قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغان. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سەن قەيەرلىك؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى: «ئىراقلىق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۆز ۋاقتىدا ئىراقلىقلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئەمدىلىكتە بۇ كىشىنىڭ مەندىن پاشىنىڭ قېنى توغرۇلۇق سوراپ كەلگىنى نېمىسى؟! مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى: <بۇ ئىككىسى دۇنيالىقتىكى رەيھان گۈللىرىمدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن. [③]

224. عن يحيى بن سعيد، قال: كنا عند عليِّ بنِ الحُسَينِ فجاءَ قومٌ من الكوفيين، فقال علي: «يا أهلَ العراقِ أحِبُّونا حُبَّ الإسلامِ، سمعتُ أبي يقول: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: <يا أيُّها الناس! لا ترفعوني فوقَ قَدْرِي، فإن اللَّهَ اتخذني عَبْداً قبل أن يتَّخَذَني نَبيّاً>». أخرجه الحاكم، وقال: صحيح الإسناد، ووافقه الذهبي، وقال الشيخ ناصر في السلسلة الصحيحة.

224. يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەلى

[①] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1171 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] «پاشىنىڭ قېنى نىجىسمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئال مەقسەت قىلىنغان.

[③] بۇخارى توپلىغان.

ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق، كۇفەدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلدى. ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئىراق ئەھلى! بىزنى ئىسلامىي دوستلۇق ئاساسىدا ياخشى كۆرۈڭلار. مەن دادامدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹ئى ئىنسانلار! مېنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ھۆرمەتلىمەڭلار. الله تائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىشتىن بۇرۇن مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەتتىكى بىر ئىنسان ئىدىم›».①

❖ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِنْكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَكُمْ بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَكُمْ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ مَا اكْتَسَبَ مِنَ الْإِثْمِ وَالَّذِي تَوَلَّى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ۞ لَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بِأَنْفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَذَا إِفْكٌ مُبِينٌ۞ لَوْلَا جَاءُوا عَلَيْهِ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ فَإِذْ لَمْ يَأْتُوا بِالشُّهَدَاءِ فَأُولَئِكَ عِنْدَ اللَّهِ هُمُ الْكَاذِبُونَ۞ وَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ لَمَسَّكُمْ فِي مَا أَفَضْتُمْ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ۞ إِذْ تَلَقَّوْنَهُ بِأَلْسِنَتِكُمْ وَتَقُولُونَ بِأَفْوَاهِكُمْ مَا لَيْسَ لَكُمْ بِهِ عِلْمٌ وَتَحْسَبُونَهُ هَيِّنًا وَهُوَ عِنْدَ اللَّهِ عَظِيمٌ۞ وَلَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ قُلْتُمْ مَا يَكُونُ لَنَا أَنْ نَتَكَلَّمَ بِهَذَا سُبْحَانَكَ هَذَا بُهْتَانٌ عَظِيمٌ۞ يَعِظُكُمُ اللَّهُ أَنْ تَعُودُوا لِمِثْلِهِ أَبَدًا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [11]. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر-ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟ [12]. ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچى

---

① ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، «السلسلة الصحيحة» 2550 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ھېسابلىنىدۇ [13]. سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار [14]. ئۆز ۋاقتىدا بوھتاننى تىلىڭلار بىلەن تارقاتتىڭلار، بىلمەيدىغان نەرسەڭلارنى ئېغىزىڭلارغا ئالدىڭلار، ئۇنى سەل چاغلىدىڭلار، ھالبۇكى، الله نىڭ نەزىرىدە، ئۇ چوڭ گۇناھتۇر [15]. ئۇنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، نېمىشقا مۇنداق سۆزلەرنى قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئەمەس، (ئى الله !) سەن پاكتۇرسەنكى، بۇ چوڭ بوھتاندۇر دېمىدىڭلار [16]. الله سىلەرگە نەسىھەت قىلىدۇكى، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ھەرگىز قايتا مۇنداق سۆزلەرنى قىلماڭلار [17]»[①].[②]

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**225. عن عائشةَ رضي اللّه عنها، قالت: «قالَ رسولُ اللّه ﷺ يوماً: <يا عائِشَ هذا جبريلُ يُقرئُكِ السَّلامَ> فقلتُ: <وعليه السلامُ ورحمةُ اللّه وبركاتُهُ>، تَرَى ما لا أرى؛ تُريدُ رسولَ اللّه ﷺ». متفق عليه.**

225. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەلۇم بىر كۈنى: <ئى ئائىشە! جىبرىئىل سىزگە سالام يوللىدى> دېدى، مەن: <ئۇنىڭغا الله نىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سەن مەن كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيسەن> دېدىم».[③]

**226. وعن أنس بنِ مالك رضي اللّه عنه قال: «سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: <فضلُ عائشةَ على النساء؛ كفَضْلِ الثَّرِيدِ على سائرِ الطعامِ>». متفق عليه.**

226. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ باشقا ئاياللاردىن ئەۋزەللىكى خۇددى شورپىنىڭ باشقا تائاملاردىن ئەۋزەل بولغىنىغا ئوخشايدۇ> دېگەنلىكىنى

[①] سۈرە نۇر 11 ـ ئايەتتىن 17 ـ ئايەتكىچە.

[②] بۇ ئايەت ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇناپىقلار تارقاتقان ۋە بەزى مۇسۇلمانلار ئىككىلىنىپ قالغان بوھتاندىن پاكلىقى توغرىسىدا نازىل بولغان.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئاڭلىغان ئىدىم».[1]

227. وعن هِشامٍ ،عن أبيه، عن عائشةَ رضي اللّه عنها: أنَّ النَّاسَ كانوا يَتَحَرَّونَ بِهَدَايَاهُم يَومَ عائشةَ، يبتغون بها مرْضَاةَ رسولِ اللّه ﷺ. قالت: فَاجتَمَعَ صَوَاحِبي إلى أُمِّ سَلَمَةَ، فَقُلنَ: يَا أُمَّ سَلَمَة، واللّه إن النَّاسَ يَتَحرَّونَ بِهَداياهُم يَومَ عَائِشَةَ، وإنَّا نُرِيدُ الخَيرَ كَمَا تُرِيدُهُ عَائِشَةُ، فَمُري رسولَ اللّه ﷺ أن يَأمُرَ النَاسَ أن يُهدُوا إلَيه حيثُ مَا كانَ، أو حَيثُما دارَ، قالت: فَذَكَرَت ذلكَ أُمُّ سَلَمَةَ لِلنَبِيِّ ، قالت: فَأَعرَض عَنِّي، فَلَما عَادَ إِلَيَّ ذَكَرتُ لهُ ذاكَ فأعرَضَ عَنِّي، فَلَما كانَ في الثَّالِثَةِ ذَكَرْتُ له فقال: يَا أُمَّ سَلَمَةَ لا تُؤذِينِي فِي عائِشَةَ، فَإِنَّهُ واللَّه ما نَزَلَ عَلَيَّ الوَحيُ وأَنا فِي لِحَافِ امرَأةٍ مِنكُنَّ غَيرِهَا . متفق عليه.

227. ھىشام ئاتىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئاتىغان سوۋغاتلارنى مېنىڭ كۈنۈمگە توغرىلاپ ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇلار بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نى خۇش قىلىشنى ئويلايتتى. ھەمراھلىرىم (كۈندەشلىرىنى دېمەكچى) ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا يىغىلىپ: <ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئاتىغان سوۋغاتلارنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈنىگە توغرىلاپ ئەۋەتىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرىشكەن بۇ شەرەپنى بىزمۇ ئارزۇ قىلىمىز. ئى ئۇممۇ سەلەمە! رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دېسىڭىز، كىشىلەر ھەدىيىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قەيەردە ياكى قايسى ئاياللىرىنىڭ يېنىدا بولسا شۇ يەرگە ئەۋەتكەن بولسا> دەپتۇ». ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزگەنىدىم، ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېمىدى. يەنە بىر قېتىم نۆۋىتىم كېلىپ يېنىمغا كەلگەندە قايتا دېگەنىتىم، يەنە ھېچنېمە دېمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئايلىنىپ ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە يەنە دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئۇممۇ سەلەمە! ئائىشە ھەققىدە ماڭا ئازار بەرمەڭ. ئائىشەدىن باشقا ھېچبىرىڭلارنىڭ ھۇجرىسىدا ماڭا ۋەھيي نازىل

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولۇپ باقمىدى> دېدى».[①]

228. وفي رواية لمسلم، عن عائشةَ زوجِ النبيِّ ﷺ قالت: «أرسَلَ أزواجُ النبيِّ ﷺ فاطِمَةَ بنْتَ رسولِ اللَّه ﷺ إلى رسُولِ اللَّه ﷺ ، فاستأذَنَتْ عليه وهو مُضْطَجِعٌ مَعِيَ في مِرْطِي، فأذِنَ لها، فقالت: <يا رسولَ اللَّه إنَّ أزواجَكَ أرسَلْنَنِي إليكَ يسْألْنَكَ العدْلَ في ابنَةِ أبي قُحافَةَ>، وأنا ساكِتَةٌ، قالت: <فقال لها رسولُ اللَّه ﷺ: أيْ بُنَيَّةُ أَلَسْت تُحبِّينَ ما أُحِبُّ؟>، فقالت: <بَلى>، قال: <فأَحِبِّي هذِه. فرجَعَت إلى أزواجِ رسولِ اللَّه ﷺ فأخبَرَتْهُنَّ بالذي قالت: <وبالذي قال لها رسولُ اللَّه ﷺ. فقالت فاطِمَةُ: واللَّه لا أُكَلِّمُهُ فيها أبَداً>».

228. «سەھىھ مۇسلىم» دا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن بىلەن بىر يېپىنچىدا ياتقان ئىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىڭ سېنىڭ ئەبۇ قۇھافەنىڭ قىزى ھەققىدە ئادىللىق قىلىشىڭنى سوراپ مېنى ئەۋەتتى> دېدى، مەن لام-جىم دېمەي تۇردۇم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى قىزىم! مەن ياخشى كۆرگەننى سىزمۇ ياخشى كۆرمەمسىز؟> دېگەندى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا بۇنى (ئائىشەنى) ياخشى كۆرۈڭ!> دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دېگەنلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزگەندىن كېيىن: <الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بۇ ھەقتە ھېچبىر سۆز قىلمايمەن> دەپتۇ».[②]

229. وعن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، قال: «أتيْتُ النبيَّ ﷺ، فقُلتُ يا رسولَ اللَّه: <أيُّ الناسِ أحَبُّ إليكَ؟> قال: <عائِشَةُ>. فقلتُ: <من الرِّجالِ؟> فقال: <أبُوها>». متفق

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

عليه.

229. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئىنسانلاردىن كىم ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئائىشە> دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: <ئەرلەردىنچۇ؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئۇنىڭ دادىسى (ئەبۇبەكرى)> دېدى».[①]

230. وعن عائشة رضي اللَّه عنها: «أن رسولَ اللَّه ﷺ ذكَرَ فاطِمَةَ، قالَت: فتكلمتُ أنا، فقال: <أمَا ترضَينَ أن تَكوني زوجَتِي في الدُّنيا والآخرةِ؟> قلتُ: <بلى واللَّه!> قال: <فأنتِ زوجتي في الدُّنيا والآخرِة>». أخرجه ابن حبان، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 3011.

230. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلەتلىرىنى سۆزلىگەنىدى، مېنىڭ (ئائىشە) ھەققىمدىمۇ سۆزلىشىنى سورىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئايالىم بولۇشىڭىزغا رازى بولامسىز؟> دېۋىدى، مەن: <ئەلۋەتتە رازى بولىمەن> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <سىز مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئايالىم> دېدى».[②]

231. وعنها، قالت: «قال لي رسولُ اللَّه ﷺ: <إنه لَيُهَوِّنُ عليَّ الموتَ إن أُرِيْتُكِ زوجتي في الجنَّة>». رواه الحُسين المروزي في زوائد الزهد، السلسلة الصحيحة: 2867.

231. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق دېدى: <ئۆلۈم ماڭا ئەلۋەتتە ئاسان، چۈنكى سىزنىڭ جەننەتتىكى ئايالىم ئىكەنلىكىڭىز ماڭا كۆرسىتىلدى> دېدى».[③]

232. وعنها، قالت: «أن جبريل جاء بصورتها في خِرقَةِ حَريرٍ خضراء إلى النبيِّ ﷺ فقال: <هذه زوجَتُكَ في الدُّنيا والآخِرَةِ>». صحيح سنن الترمذي: 3041.

232. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۈرىتىنى يايپېشىل

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم تونلىغان.

[②] ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3011 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] ھۇسەين مەرۋەزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2867 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بىر پارچە يىپەك رەختتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئەكىلىپ: <بۇ سىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئايالىڭىز> دېگەن».①

233. وعن هِشام بنِ عُرْوَةَ، عن أبيه: «أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ لما كانَ في مرَضِه، جعلَ يدورُ في نِسائه، ويقول: <أينَ أنا غداً، أينَ أنا غداً>؛ حِرصاً على بيتِ عائشةَ، قالت عائِشَةُ: <فلمَّا كانَ يومِي سَكَنَ>» . متفق عليه.

233. ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ كېسەل بولۇپ قالغاندا ئاياللىرىنى نۆۋەت بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ: <ئەتە مەن قەيەردە بولىمەن؟ ئەتە مەن قەيەردە بولىمەن؟> دەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ نۆۋىتىمدە خۇشال بولۇپ قالاتتى> دېدى».②

234. وفي رواية لمسلم: عَن عائِشَة رضي اللَّه عنها قَالَت: «إن كَانَ رَسُولُ اللَّه ﷺ لَيَتَفَقَدُ يَقُولُ: <أَينَ أَنا اليومَ؟ أينَ أنا غَدَاً؟> استِبطَاءً لِيَومِ عائِشَةَ، قَالَت: <فَلَمَّا كَانَ يومِي قَبَضَهُ اللَّه بَينَ سَحْرِي وَنَحْرِي>».

234. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈنىنى كۈتۈپ: <مەن بۈگۈن قەيەردە؟ ئەتە قەيەردە؟> دەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مېنىڭ نۆۋىتىمدە كۆكرىكىم بىلەن بوغۇزۇم ئوتتۇرىسىدا قەبزى روھ قىلدى> دېگەن».

235. وعن أبي موسى رضي اللَّه عنه، قال: «ما أشْكَلَ علينا أصحابُ رسولِ اللَّه ﷺ حديثٌ قَطْ، فَسَألْنا عائشةَ إلا وجَدنَا عِندها مِنه عِلماً». صحيح سنن الترمذي: 3044.

235. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرەر ھەدىسىنى چۈشىنىشتە قىينالساق، دەرھال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورايتتۇق ۋە چوقۇم (ئۇ ھەدىس ھەققىدە) بىرەر مەلۇماتقا ئېرىشەتتۇق».③

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

236. وعن أبي سلمة بن عبد الرحمن بن عوف رضي اللَّه عنه، قال: دخلتُ على عائشةَ رضي اللَّه عنها، فقالت لي: «كانَ رسولُ اللَّه ﷺ يقول لي: <أَمْرُكُنَّ مما يَهُمُّني بعدي، ولن يَصبرَ عليكُنَّ>» وفي رواية: «لا يحنو عليكُنَّ مِن بعدي إلا الصَّابرون>. ثم قالت: <فسَقَى اللَّه أَباكَ من سلْسَبيل الجنة، وكان عبد الرحمن بن عوف قد وصلَهُنَّ بمال، فبيع بأربعين ألف>». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 1594.

236. ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇزۇرىغا كىرسەم، ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <سىلەرنىڭ مەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىڭلار مېنى بەكمۇ ئويلاندۇرىدۇ، ئەڭ سەۋرچان كىشىلەرلا سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ> دېگەنىدى» دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە: «سىلەرگە مەندىن كېيىن پەقەت سەۋرچان كىشىلەرلا كۆڭۈل بۆلىدۇ» دېگەن. ئاندىن كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ﷲ داداڭنى جەننەتنىڭ سەلسەبىل بۇلاقلىرىدىن سۇغارغاي! چۈنكى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا قالدۇرغان مېلى 40 مىڭ دەرھەمگە سېتىلغان» دېدى.[1]

237. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «خَيْرُكُم خَيْرُكُم لأهلِي من بَعْدِي». أخرجه البزار وغيره، السلسلة الصحيحة: 1845.

237. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار مەندىن كېيىن ئايال - بالىلىرىمغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر».[2]

238. وعن عائشةَ رضي اللَّه عنها ،قالت: «لما رأيتُ من النبيِّ ﷺ طِيبَ النَّفْسِ، قلت: <يا رسُولَ اللَّه! ادعُ اللَّه لي>، قال: <اللَّهمَّ اغْفِرْ لعائشةَ ما تقَدَّمَ مِن ذَنْبِها وما تأخَّرَ، وما أَسَرَّت وما أعلَنَتْ>». أخرجه البزار في مسنده، السلسلة الصحيحة: 2254.

---

[1] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1594 - نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1845 - نومۇرلۇق ھەدىس.

238. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەندىن رازى بولغانلىقىنى بىلگىنىمدە: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله قا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولسىلا> دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله ! ئائىشەنىڭ ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن> دېدى». [1]

**❖ پەيغەمبەرلىكتىن باشلانغان ئاۋۋالقى ئۈچ ئەسىرنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەقلىرى**

**239. وعن عمران بن حُصَين رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رَسُولُ اللَّه ﷺ: «خَيرُ أُمَتِي قَرْني، ثُمَّ الذِينَ يَلونَهُم، ثُمَّ الذِينَ يَلونَهُم، ثُمَّ إنَّ بَعدَكُم قَوماً يَشهَدُونَ وَلا يُستَشهَدونَ، وَيَخُونون ولا يُؤتَمَنونَ، ويَنذُرُون ولا يَفُونَ، ويَظهَرُ فِيهِم السِّمَنُ». متفق عليه.**

239. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئەسرىمدىكىلەردۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشقانلار، يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشقانلاردۇر. ئاندىن سىلەردىن كېيىن بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلار گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچ قىلىنمايدۇ، قەسەم ئىچىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشنى ئورۇنلىمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېمىزلىك ئاشكارا كۆرۈلگىلى تۇرىدۇ». [2]

**240. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، أنَّ رَسُولَ اللَّه ﷺ قال: «خَيرُ النَّاسِ قَرني، ثُمَّ الَّذِينَ يَلونَهُم، ثُمَّ الذِينَ يَلونَهُم، ثُمَّ يَجِيءُ قَومٌ تَسبِقُ شِهَادَةُ أَحَدِهِم يَمينَهُ، ويَمِينُهُ شَهَادَتَهُ». متفق عليه.**

240. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ

---

[1] بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2254 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەسىرىمىدىكىلەردۇر؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشقانلار؛ يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشقانلاردۇر. ئاندىن كېيىن شۇنداق بىر كىشلەر كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ بىرى گۇۋاھلىق بەرگەندە گۇۋاھلىقتىن كېيىن قەسەم قىلىدۇ، يەنە بىرى گۇۋاھلىقتىن ئىلگىرى قەسەم قىلىدۇ».[1]

241. وعن أبي هريرة قال: قالَ رسولُ الله ﷺ: **خيرُ أمَّتِي القرن الذي بُعِثْتُ فيهم، ثمَّ الذين يَلُونَهم ـ واللهُ أعلَم أذكَرَ الثَّالِثَ أم لا ـ ثمَّ يَخْلُفُ قومٌ يُحبونَ السَّمانَةَ، يَشْهَدُون قبلَ أن يُسْتَشْهَدُوا.** مسلم.

241. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن پەيغەمبەر قىلىنغان ئەسىردىكى كىشىلەردۇر. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشقانلاردۇر. (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈچىنچى ئەسىرنى تىلغا ئالغان ياكى ئالمىغانلىقىنى الله ئەڭ ياخشى بىلىدۇ) ئاندىن كېيىن شۇنداق بىر قەۋملەر ئىزباسار بولىدۇكى، ئۇلار سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ».

242. وعن عائشةَ رضي اللَّه عنها قالت: «سألَ رجلٌ النبيَّ ﷺ: <أيُّ الناسِ خيرٌ؟> قال: <القَرْنُ الذي أنا فيه، ثُمَّ الثاني، ثمَّ الثالِثُ>». مسلم.

242. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ دىن: <كىشىلەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ياخشى؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <مېنىڭ زامانىمدىكى كىشىلەر، ئاندىن ئىككىنچى زاماندىكى، ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى زاماندىكى كىشىلەر> دېدى».[2]

243. وعن عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ الله ﷺ يقول: **خيرُ النَّاسِ قَرْنِي الذي أنا منهم، ثمَّ الذين يَلُونَهُم، ثمَّ الذين يَلُونَهُم، ثم يَنْشَأُ أقوامٌ يَفْشُوا فِيهم السِّمَنُ، يَشهَدُون ولا يُسْتَشْهَدُون، ولهم لَغَطٌ في أسواقِهم.** أخرجه البزار في البحر الزخار،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

السلسلة الصحيحة: 3431

243. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى مەن ياشىغان ئەسىردىكىلەردۇر. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىدىغانلار، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىدىغانلاردۇر. ئاندىن كېيىن شۇنداق بىر قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېمىزلىك يامراپ كېتىدۇ. گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بازارلىرىنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغان بولىدۇ».①

244. عن جابر بن سمرة رضي اللّه عنه، قال: خطَبَنا عمرُ بن الخطاب بالجابِيَةِ، فقال: «إن رسولَ اللّهِﷺ قامَ فينا مقامي فيكم، فقال: <احفظُوني في أصحابي، ثم الذين يَلُونَهُم، ثم الذين يلونَهُم، ثم يَفْشُوا الكَذِبَ، حتى يَشهَدَ الرجلُ، وما يُسْتَشْهدُ، ويَحْلِفَ وما يُسْتَحْلَفُ. أخرجه ابن ماجه وغيره>». السلسلة الصحيحة: 1116.

244. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جابىيە دېگەن جايدا خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: «پەيغەمبەر ﷺ مەن تۇرغان مۇشۇ ئورۇندا تۇرۇپ: <ساھابىلىرىمنىڭ ئۇستۇڭلاردىكى ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ياندىشىدىغانلارنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغىمۇ ياندىشىدىغانلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. ئۇلاردىن كېيىن يالغانچىلىق تاراپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر كىشىدىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىدۇ> دېگەن ئىدى» دېدى.②

245. وعن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّهِﷺ: «أكرموا أصحابي، فإنَّهم خيارُكم، ثمَّ الذين يَلُونَهم، ثم الذين يَلُونَهم، ثم يَظْهَرُ الكَذِبُ حتى إنَّ الرجلَ ليحْلِفُ ولا يُسْتَحْلَفُ، ويَشْهَدُ ولا يُسْتَشْهَدُ». رواه النسائي، وأحمد، والحاكم، وصححه الشيخ ناصر في

---

① بەززار «البحر الزخار» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3431 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1116 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**تحقيقه لمشكاة المصابيح**: 6003.

245. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى ھۆرمەتلەڭلار! ئۇلار سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلاردۇر. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا يانداشقان كىشىلەرنى، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا يانداشقان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەڭلار. ئۇلاردىن كېيىن يالغانچىلىق ئەۋج ئالىدۇ، ھەتتاكى، بىر ئادەم قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ قەسەم قىلىدۇ ۋە گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ».[1]

**246. وعن عبد اللَّه بن بِسر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّهﷺ: «طُوْبَى لِمَنْ رآني، وطُوبى لِمَن رأَى مَن رآني، ولِمَن رأى مَن رأى مَن رآني وآمَنَ بِيَ». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة**: 1254.

246. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنى كۆرگەن كىشىگە خۇش بېشارەت بولسۇن. مېنى كۆرگەن كىشىنى كۆرگەن كىشىگىمۇ خۇش مۇبارەك بولسۇن. مېنى كۆرگەن ۋە ماڭا ئىشەنگەن كىشىنى كۆرگەن كىشىنى كۆرگەن كىشىگىمۇ خۇش مۇبارەك بولسۇن».[2]

**247. وعن واثِلَة بنِ الأَسْقَع رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّهﷺ: «لا تَزالُونَ بخيرٍ مادامَ فيكُم من رآني وصاحبني، واللَّه لا تزالون بخير مادامَ فيكم من رَأى من رآني وصاحَبَ من صاحَبَنِي، واللَّه لا تزالون بخير مادامَ فيكُم مَنْ رأى مَنْ رأى مَن رآني، وصاحَبَ مَن صَاحَبَ مَنْ صاحَبَنِي». أخرجه أبو بكر بن أبي شيبة في المصنف، السلسلة الصحيحة**: 3283.

247. ۋاسىلە ئىبنى ئەسقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىچىڭلاردا مېنى كۆرگەن ۋە ماڭا ھەمراھ بولغانلار تۇگىگەنگە قەدەر ياخشىلىق ئۈستىدە بولىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى،

[1] نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1254 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئىچىڭلاردا مېنى كۆرگەن ۋە ماڭا ھەمراھ بولغان كىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر تۇگىگەنگە قەدەر ياخشىلىق ئۈستىدە بولىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى، ئىچىڭلاردا مېنى كۆرگەن ۋە ماڭا ھەمراھ بولغان كىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر تۈگىگەنگە قەدەر ياخشىلىق ئۈستىدە بولىسىلەر».①

248. **وعن ابن عباس رضي اللّه عنه ، قال: قال رسُولُ اللّهﷺ: تَسْمَعُونَ ويُسْمَعُ مِنْكُم، ويُسْمَعُ مِمَّنْ سَمِعَ مِنْكُم. صحيح سنن أبي داود:** 3107.

248. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاڭلايسىلەر، سىلەردىن باشقىلار ئاڭلايدۇ. سىلەردىن ئاڭلىغان كىشىلەردىن باشقىلار ئاڭلايدۇ».②

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

① ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3283- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

# 4 ـ باب

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاش، ئۇلارغا كەمتەر بولۇش ۋە ياخشى ئىشتا ئىتائەت قىلىش قاتارلىق ھەقلىرى بولىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا ۞ وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا ۞**﴾ «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)،[1] ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن [23]. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن> دېگىن [24]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا**﴾ «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ

---

[1] ئىنسانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا «ئوھوي» دېيىشى (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنى قىلىشى) دۇرۇس بولمىغان يەردە، ئەرزىمەس سەۋەبلەر تۈپەيلى ئاتا ـ ئانىسىنى تىللىغان ۋە ئۇرغان كىشىنىڭ ھالى قانداق بولار ـ ھە؟ ئۇنداق كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق ئېغىر بولىدۇكى، ئۇلار ھاياتىي دۇنيادىلا خانىۋەيران بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ياشىنىپ قالغاندا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش مەجبۇرىيىتىدىن قېچىپ ئۆزلىرىدىن يىراق بولغان ساناتورىيىلەرگە ئاپىرىپ قويۇشتىن ئىبارەت ناچار ئادىتى بىزلەرگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى.

[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل 23 ـ ۋە 24 ـ ئايەت.

ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار»[1].[2]

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْنًا عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ ۝ وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ ۝﴾ «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۇستى ـ ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر [14]. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن [15]»[3].

اللہ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنْتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ

[1] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] اللہ تائالا ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ۋە ئۆزىنى يەككە ـ يېگانە بىلىشكە بۇيرۇش بىلەن ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇشنى بىر ئورۇندا بايان قىلدى. بۇ ــ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەزىلىتى ۋە بالىلىرى ئۇستىدىكى ھەققىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

[3] سۈرە لوقمان 14 ـ ۋە 15 ـ ئايەت.

بارىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشلىرىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن»[1].[2]

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**249. عن عبد اللّٰه بن مسعود رضي اللّٰه عنه، «قال: سألتُ رسولَ اللّٰه ﷺ، قلتُ: ‹يا رسولَ اللّٰه! أيُّ العملِ أفضل؟› قال: ‹الصلاةُ على ميقاتها›، قلت: ‹ثم أي؟› قال: ‹بِرُّ الوالدين›. قلت: ‹ثم أي؟› قال: ‹الجهادُ في سبيلِ اللّٰه›». متفق عليه.**

249. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟› دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز› دەپ جاۋاب بەردى. مەن: ‹ئاندىن قالسىچۇ؟› دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش› دېدى. مەن يەنە: ‹ئاندىن قالسىچۇ؟› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹الله يولىدا جىھاد قىلىش› دېدى».[3]

**250. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «لا يُجزئُ ولدٌ والدَهُ إلا أن يجِدَهُ مملوكاً فيشتريَهُ فيُعتِقَهُ». مسلم.**

250. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالا ئاتىسىنىڭ قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇچراتسا، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرغان بولىدۇ».[4]

**251. وعن عبد اللّٰه بن عمرو رضي اللّٰه عنه ، قال: «جاء رجلٌ إلى النبي ﷺ فاستأذنَه في الجهاد، فقال: ‹أحيٌّ والداك؟› قال: ‹نعم›. قال: ‹ففيهما فجاهد›». متفق عليه.**

---

[1] سۇرە ئەنكەبۇت 8- ئايەت.

[2] بۇ ئايەت — ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، بالىسىنى الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇش ھەققى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانا ئۇنداق قىلىپ قالسا، بالا ئاتا-ئانىسىغا ئىتائەت قىلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، كۈنىمىزدە كۆپىنچە دادىلار ئاجىزلىق ۋە قوبۇل قىلىنمايدىغان ئۆزرىلەر سەۋەبلىك بالىلىرىنى جامائەت نامىزى ۋە ئىلىم ئېلىش سورۇنلىرىدىن چەكلەۋاتىدۇ. ئاتا-ئانا پەرزەنتىنى پەرز ۋە ۋاجىب بولغان شەرئىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلماسلىققا بۇيرۇسا، بۇنىڭدا ھەم ئاتا-ئانا غەزەپلەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، الله  تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ۋە الله قا بولغان ئىتائەتنى ئەڭ ئالدىدا قىلىش ئەۋزەلدۇر.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

251. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: <ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟> دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، سەن ئۆيدە قېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن!> دېدى».[①]

252. وفي رواية: عن أبي سعيد رضي اللّه عنه، قال: «قال رسول اللّه ﷺ: <ارجع إلى أبوَيكَ فاستأذنهما، فإن أذنا لك فجاهد، وإلا فبرَّهما>». رواه أحمد، وأبو داود، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 892.

252. يەنە بىر نەقىلدە ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلاردىن رۇخسەت سورىغىن! ئاتا-ئاناڭ رۇخسەت قىلسا جىھاد قىلغىن، ئەگەر رۇخسەت قىلمىسا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن!».[②][③]

253. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه: «أنَّ رجلاً أتى النبي ﷺ، فقال: <إني جئتُ أبايُعكَ على الهجرةِ، ولقد تركتُ أبوَيَّ يبكيان!> قال: <ارجع إليهما فأضحكهما كما أبكيتهما>». صحيح سنن النسائي: 3881.

253. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <مەن ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ساڭا بەيئەت قىلغىلى كەلدىم، بىراق ئاتا-ئانام يىغا-زار قىلىشىپ قالدى> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇددى

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 892- نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، پەرز كۇپايە جىھادقا چىقىشنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرز ئەيندۇر. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق پەرز كۇپايە ئەمەل پەرز ئەيندىن كېيىن قىلىنىدۇ. ئەمما جىھاد پەرز ئەين بولۇپ جىھادقا چىقىش ۋاجىب بولغاندا، ئاۋۋال جىھاد قىلىنىدۇ. پەرز كۇپايە جىھادقا ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما پەرز ئەينگە ئايلانغاندا ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسىتى شەرت قىلىنمايدۇ. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

يىغلاتقىنىڭغا ئوخشاش كۈلدۈرگىن> دېدى».[①][②]

254. وعنه، قال: «أقبَلَ رجلٌ إلى رسول اللَّه ﷺ،فقال: <أُبايعك على الهجرةِ والجهادِ، أبتغي الأجرَ من اللَّه>، قال: <فهلْ من والديكَ أحدٌ حيٌّ؟>، قال: <نعم؛ بل كلاهما حيٌّ>. قال: <فتبتغي الأجرَ من اللَّه؟>، قال: <نعم>. قال: <فارجعْ إلى والديكَ فأحسِن صُحبتَهُما>». مسلم.

254. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <مەن الله تىن ئەجىر تەلەپ قىلىپ سىلىگە ھىجرەت ۋە جىھاد قىلىشقا بەيئەت قىلىمەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئاتا-ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟> دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: <ھەئە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھايات> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <الله تائالادىن ئەجىر تەلەپ قىلامسەن؟> دېۋىدى، ئۇ كىشى: <ھەئە> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <سەن ئاتا-ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتقىن، ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولغىن> دېدى».[③]

255. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه: «عن النبي ﷺ، قال: <رَغِمَ أنفُ، ثم رغِمَ أنفُ، ثمَّ رغِمَ أنفُ>، قِيل: <من يا رسولَ اللَّه؟>. قال: <مَن أدركَ أبوَيه عند الكبر أحدَهما أو كِلَيهما، فلم يدخُل الجنةَ>». مسلم.

255. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن (يەنى خارلىققا قالسۇن)! بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن! بۇرنى توپىغا مىلىنىپ كەتسۇن!> دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كىم؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئاتا-ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى قېرىلىق ھالەتكىچە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى>

[①] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②]بۇ ھەدىس ــ ئىنسان ئۆز يۇرتىدا دىنىغا ئاشكارا ئەمەل قىلالايدىغان بولۇپ، ھىجرەت قىلىش مۇستەھەب بولغان ھالەتكە قارىتىلىدۇ. ئەمما، ھىجرەت پەرز بولغاندا ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

دەپ جاۋاب بەردى».①

256. وعن جابر بن سمرة رضي اللَّه عنه، قال: «صعدَ النبيُّ ﷺ المنبرَ فقال: «أتاني جبريل فقال: <يا محمد! من أدرَكَ أحدَ أبويه فمات فدخل النار، فأبعدَهُ اللَّه>، قل: <آمين>، فقلت: <أمين>». أخرجه الطبراني صحيح الترغيب: 2491.

256. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنبەرگە چىقىۋېتىپ: «يېنىمغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ: <ئى مۇھەممەد! ئاتا-ئانىسىنىڭ بىرى بىلەن بىرگە ياشاپ، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دوزاخقا كىرىپ كەتكەن كىشىنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن، ئامىن دەڭ> دېۋىدى، مەن: <ئامىن> دېدىم» دېدى.②

257. وفي رواية من حديث أبي هريرة رضي اللَّه عنه: «ومن أدرك أبَوَيه أو أحدهما، فلم يبرُّهما فمات، فدخلَ النار، فأبعده اللَّه، قل: <آمين>. فقلت: <آمين>». أخرجه ابن حبان، صحيح الترغيب والترهيب: 2492.

257. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر نەقىلدە: «ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىككىلىسى ياكى بىرى بىلەن بىرگە ياشاپ تۇرۇپ، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلماي ئۆلۈپ كېتىپ دوزاخقا كىرىپ كەتكەن كىشىنى الله رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن! <ئامىن دەڭ> دېۋىدى، مەن: <ئامىن> دېدىم» دەپ كەلگەن.③

258. وفي رواية من حديث ابن عباس رضي اللَّه عنه: «ومن أدركَ والديهِ أو أحدَهُما فلم يبرَّهما؛ دخلَ النارَ، فأبعدَهُ اللَّه وأسحَقَهُ. قلت: <آمين>».أخرجه الطبراني، صحيح الترغيب: 2495.

258. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر نەقىلدە: «<بىر كىشى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىككىلىسى ياكى بىرى بىلەن بىرگە

① مۇسلىم توپلىغان.
② تەبەرانى توپلىغان.
③ ئىبنى ھىببان توپلىغان.

ياشاپ تۇرۇپ، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلماي ئۆلۈپ كېتىپ دوزاخقا كىرىپ كەتكەن بولسا، الله ئۇ كىشىنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن! ئۇنى ھالاك قىلسۇن! ئامىن دەڭ> دېۋىدى، مەن: <ئامىن> دېدىم» دەپ كەلگەن.[1]

259. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه ، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «رِضا اللَّه في رِضا الوالِد، وسخَطُ اللَّه في سَخَطِ الوالِد». أخرجه الترمذي وغيره، صحيح الترغيب: 2501.

259. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانا رازى بولغاندىن الله رازى بولىدۇ، ئاتا ـ ئانا نارازى بولغاندىن الله نارازى بولىدۇ».[2]

260. وفي رواية عنه: «رضا الربِّ تباركَ وتعالى في رضا الوالدين، وسخَطُ اللَّه تباركَ وتعالى في سخَطِ الوالدين». أخرجه البزار، صحيح الترغيب: 2503.

260. يەنە بىر نەقىلدە: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشىگە رەب تائالانىڭ رازىلىقى بولىدۇ؛ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان كىشىگە رەب تائالانىڭ نەپرىتى بولىدۇ» دەپ كەلگەن.[3]

### ❖ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش الله تائالاغا ۋەسىلە قىلىنىدىغان ئەۋزەل ئەمەللەردىندۇر

261. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ، قال: «خرجَ ثلاثةٌ يمشون، فأصابهم المطرُ، فدخلوا في غارٍ في جبل فانحطَّت عليهم صخرةٌ.قال: فقال بعضُهم لبعضٍ: <ادعوا اللَّه بأفضل عملٍ عملتمُوه>. فقال أحدهم: <اللَّهم إني كان لي أبَوان؛ شيخان كبيران، فكنت أخرجُ فأرعى، ثمَ أجيءُ فأحلِبُ، فأجيءُ بالحِلاب، فآتي به أبوَيَّ فيشربان، ثم أسقي الصبية وأهلي وامرأتي. فاحتُبستُ ليلةً، فجئتُ فإذا هما نائمان>. قال: <فكرهتُ أن أوقظَهُما والصِّبية يتضاغَون عند رجلي، فلم يزل ذلك دَأبي ودأبَهُما حتى طلعَ الفجرُ. اللَّهمَّ إن كنتَ تعلمُ أني فعلتُ ذلك ابتغاءَ وجهك فافرُج عنا فُرجَةً نرى منها السماء>، قال: <ففُرج عنهم...>». متفق عليه.

---

[1] تەبەرانى توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2501 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بەززار توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2503 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

261. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «(سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن) ئۈچ كىشى سەپەرگە چىققان ئىدى. ئۇلار يولدا مېڭىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يامغۇر يېغىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاغدىكى بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى. شۇ ئەسنادا تاغدىن بىر قورام تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى توسۇۋالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە: <ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللىرىمىزنى ۋەسىلە قىلىپ الله قا دۇئا قىلايلى> دېدى. ئۇلارنىڭ بىرى: <ئى الله ! مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانام بار ئىدى. مەن مال-چارۋا باققىلى چىقاتتىم، قايتىپ كېلىپ سۈتىنى سېغىپ ئاتا-ئانامغا ئەكىلەتتىم، ئاتا-ئانام ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بالىلىرىم، خىزمەتچىم ۋە ئايالىمنى غىزالاندۇراتتىم. بىر كۈنى ئۆيگە بەك كەچ قايتىپ كېلىپ قالدىم، قارىسام ئاتا-ئانام ئۇخلاپ قالغان ئىكەن، مەن ئۇلارنى ئويغىتىشنى لايىق كۆرمىدىم. كىچىك بالىلىرىم ئاچلىقتىن پۇتۇمغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتاتتى، مەن قولۇمدا قاچىنى تۇتقان پېتى ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، ھەتتا تاڭ ئېتىپ كەتتى. ئى الله ! شۇ ئىشنى سىنىڭ رازىلىقلىرى ئۈچۈن قىلغان ئىدىم، ئاسمان كۆرۈنگىدەك يوچۇق ئېچىپ بەرسىلە> دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا ئاسماننى كۆرگىدەك بىر يوچۇق ئېچىلدى...».[1]

❖ **بالا ئاتىسى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپلەر**

262. **عن عُروةَ: «أن أبا هريرة رضي اللَّه عنه ،أبصَرَ رجلين، فقال لأحدهما: <ما هذا منكَ؟> فقال: <أبي>، فقال: <لا تُسمِّهِ باسمهِ، ولا تمشِ أمامَه، ولا تجلِسْ قبلَه>». صحيح الأدب المفرد:** 32.

262. ئۇرۋەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىرىدىن: <يېنىڭدىكى كىشى سېنىڭ نېمەڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولىدۇ؟> دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: <دادام> دەپ جاۋاب بەردى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <داداڭنى ئىسمى بىلەن چاقىرما، ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرما!> دېدى».[1]

**263. وعن سهل بن سعد رضي اللّه عنه ، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لا يجلِسُ الرجلُ بين الرجلِ وابنه في المجلس». اخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 3556.**

263. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى بىر سورۇندا ئاتا ـ بالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرمىسۇن».[2]

**• بالا دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىغا دۇئا قىلىش، دادىسى ھەققىدە سەدىقە بېرىش، دادىسىنىڭ دوستلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەمدە دوستلىرى ۋە سىرداشلىرىنى يوقلاش ۋە ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق دادىسىغا ياخشىلىق قىلىشى كېرەك.**

**264. عن ابن عمر رضي اللّه عنه ، قال: قال رسولُ اللّهﷺ: إن أبَرَّ البِرِّ أن يصلَ الرجلُ أهلَ ودِّ أبيه، بعد أن يُولِّي الأبُ. رواه أحمد، ومسلم، وأبو داود، والترمذي، صحيح الجامع الصغير: 1525.**

264. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر كىشىنىڭ دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ دوستلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىشى ئەڭ چوڭ ياخشىلىقتۇر».[3]

**265. وعن أبي بردة رضي اللّه عنه، قال: قدمتُ المدينةَ، فأتاني عبدُ اللّه بنُ عمرَ، فقال: «أتدري لِمَ أتيتُكَ؟» قال: قلت: «لا»، قال: «سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: <من أحبَّ أن يصلَ أباهُ في قبره، فليصل إخوانَ أبيه بعدَه، وإنه كان بين أبي عُمرَ وبين أبيكَ إخاءٌ وودٌّ، فأحببتُ أن أصِلَ ذلك>». رواه ابن حبان في صحيحه، صحيح الترغيب: 2506.**

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 32 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3556 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

265. ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەدىنىدىكى ۋاقتىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېنىمغا كېلىپ: «نېمە ئۈچۈن كەلگىنىمنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى، مەن: «ياق» دەپ جاۋاب بەردىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىم قەبرىدىكى دادىسىغا سىلە-رەھىم قىلاي دېسە، دادىسىدىن كېيىن دادىسىنىڭ قېرىنداشلىرىغا سىلە-رەھىم قىلسۇن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن داداڭ ئوتتۇرىسىدا قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق بولغان ئىدى، مەن شۇ قېرىنداشلىقنى ئۇلاشنى ياخشى كۆردۈم» دېدى.[1]

**266. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من البرِّ أن تصلَ صديقَ أبيك». رواه الطبراني في الأوسط، صحيح الجامع الصغير:** 5901.

266. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «داداڭنىڭ دوستىغا سىلە-رەھىم قىلىشىڭ ياخشىلىقتۇر».[2]

**267. وعن أبي أُسيد رضي اللَّه عنه، قال: «أتى رسولَ اللَّه ﷺ رجلٌ من بني سلمَة، وأنا عنده، فقال: <يا رسولَ اللَّه، إن أبوَيَّ قد هلَكا، فهل بقي لي بعد موتها من برِّهما شيءٌ؟> قال رسولُ اللَّه ﷺ: <نعم؛ الصلاةُ عليهما، والاستغفارُ لهما، وإنفاذُ عهودِهما من بعدِهما، وإكرامُ صديقهما، وصِلَةُ رحمهما التي لا رحمَ لك إلا من قِبَلِهما>. قال الرجل: <ما أكثر هذا يا رسولَ اللَّه وأطيبَهُ؟> قال: <فاعمل به>». رواه ابن حبان في صحيحه، وصححه الحاكم في المستدرك:** 4/155.

267. ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىدا ئىدىم، شۇ ئارىدا بەنى سەلەمە جەمەتىدىن بىر ئادەم كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟> دەپ سورىۋىدى،

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2506-نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 5901-نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ: <ھەئە بار. ئۇلارغا دۇئا قىلىسەن، مەغپىرەت تىلەيسەن، ۋەسىيىتىنى ئورۇندايسەن، دوستلىرىنى ھۆرمەتلەيسەن ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا سىلە ـ رەھىم قىلىسەن> دەپ جاۋاب بەردى. ھېلىقى كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمىدېگەن كۆپ، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن!> دېدى». [①]

268. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «تُرفَع للميتِ بعد موته درجَتُه، فيقول: <أي رب! أي شيء هذه؟> فيُقال: <ولدُكَ استغفرَ لك>». صحيح الأدب المفرد: 27.

268. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ۋاپات تاپقان بىر كىشىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى: <ئى رەببىم! قايسى ئەمەل دەرىجەمنى كۆتۈردى؟> دەپ سورايدۇ، ئۇنىڭغا: <بالاڭ سەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدى> دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ». [②]

269. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إذا ماتَ الإنسانُ انقطعَ عنه عمَلُه إلا من ثلاثةٍ: <إلا من صدقةٍ جاريةٍ، أو علمٍ يُنتفَعُ به، أو ولدٍ صالحٍ يدعو له>». مسلم.

269. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا مۇنداق ئۈچ خىل ئەمەلدىن باشقا ئەمەلىنىڭ ئەجرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قويۇش». [③]

270. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه: «أنَّ رجلاً قال: <يا رسولَ اللَّه! إنَّ أُمِّي توفيت ولم توصِ، أفينفعها أن أتصدَّقَ عنها؟> قال: <نعم>». صحيح الأدب المفرد: 30.

270. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئانام ۋاپات بولۇپ كېتىپ ۋەسىيەت قالدۇرمىدى. ئانام

---

[①] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

[②] «صحيح الأدب المفرد» 27 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

ھەققىدە سەدىقە قىلسام، ئانامغا پايدىسى بولامدۇ؟> دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى».①

**• دادا بالىسغا بەرگەن نەرسىسنى ئېلىۋېلىشقا ئەك ھەقلىق بولۇپ، بالا ۋە بالىنىڭ مۈلكى دادىنىڭ ئەمگەك مېۋىسى قاتارىدىندۇر.**

271. **عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يحلُّ لرجلٍ أن يُعطي عطيَّةً أو يَهبَ هِبةً فيرجعَ فيها، إلا الوالدُ فيما يُعطي ولَدَه، ومثَلُ الذي يُعطي العطيَّة ثم يرجع فيها، كمثل الكلب يأكلُ، فإذا شبعَ قاءَ ثم عادَ في قَيئهِ». رواه أحمد، وأصحاب السنن، صحيح الجامع الصغير:** 7655.

271. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەقەتلا ئاتىنىڭ بالىسغا بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ باشقىلارغا بېرىپ بولغان نەرسىسىنى ياكى ھەدىيەسىنى قايتۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس. بىرنەرسىنى بېرىپ بولۇپ قايتۇرۇۋالغان كىشى ـــ تويغۇچە يەپ بولۇپ ئاندىن قۇسقان، ئاندىن ئۆز قۇسۇقىنى يالىغان ئىتقا ئوخشايدۇ».②

272. **وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن أطيبَ ما أكلَ الرجلُ من كسبه، وإنَّ ولَدَ الرجلِ من كسبه». رواه ابن ماجه، والنسائي، صحيح سنن النسائي:** 4144.

272. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆز ئەمگىكىڭلار بىلەن ئىشلەپ تاپقان يېمەكلىرىڭلار ئەڭ ھالال تاماقىڭلاردۇر. ئەر كىشىنىڭ بالىسى ئۇنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ».③

273. **وعنها، عن النبي ﷺ أنه قال: «ولدُ الرجلِ من كسبه، من أطيبِ كسبه، فكلُوا من أموالِكُم». صحيح سنن أبي داود:** 3014.

273. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

① «صحيح الأدب المفرد» 30 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 7655 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئىبنى ماجە ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشىنىڭ بالىسى ئۇنىڭ ئەڭ ھالال ئەمگەك مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بالىلىرىڭلارنىڭ ماللىرىدىن يېسەڭلار بولۇۋېرىدۇ».[1]

274. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه: «أن رجلاً أتى النبي ﷺ ، فقال: <يا رسولَ اللَّه، إنَّ لي مالاً وولداً، وإنَّ والدي يحتاجُ مالي؟>، قال: <أنتَ ومالُك لوالدك؛ إن أولادَكُم من أطيبِ كسبِكُم، فكلوا من كسبِ أولادِكُم>». رواه ابن ماجه، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 3015.

274. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر مال-مۈلكۈم ۋە پەرزەنتلىرىم بار. ئاتام مېنىڭ مېلىمغا موھتاج. قانداق قىلسام بولىدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <سەن ۋە مال-مۈلكۈڭ ئاتاڭنىڭدۇر. پەرزەنتلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئەڭ پاك مېلىڭلاردۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ تاپقان مال-مۈلكىدىن يەڭلار!> دەپ جاۋاب بەردى».[2]

275. عن عائِشةَ رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ أولادَكُم هِبةُ اللَّه لكم ﴿يَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ إِنَاثاً وَيَهَبُ لِمَنْ يَشَاءُ الذُّكُورَ﴾، فهم وأموالُهم لكم إذا احتجتُم إليها». أخرجه الحاكم وغيره، السلسة الصحيحة: 2564.

275. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلار الله تائالانىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان سوۋغىسىدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: <الله خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ>[3]. بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى سىلەر موھتاج بولغاندا سىلەرنىڭدۇر».[4]

276. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من سَعى على والديه؛

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[3] سۈرە شۇرا 49- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2564- نومۇرلۇق ھەدىس.

**ففي سبيلِ اللَّه، ومن سعى على عِيالِه ففي سبيلِ اللَّه، ومن سعى على نفسه ليُعِفَّها؛ ففي سبيل اللَّه، ومن سعى على التكاثُر؛ ففي سبيل الشيطان». وفي رواية: «الطاغوت». أخرجه البزار، والطبراني، والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 3248.**

276. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تىرىشقان كىشى الله تائالانىڭ يولىدا بولىدۇ؛ ئائىلىسىنىڭ خىراجىتىنى قىلىشقا تىرىشقان كىشىمۇ الله تائالانىڭ يولىدا بولىدۇ؛ نەپسىنى پاكلاشقا (يەنى، نەپسىنى مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىككە كۆندۈرۈش ئۈچۈن) تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن كىشىمۇ الله تائالانىڭ يولىدا بولىدۇ؛ مال ـ مۈلكىنى كۆپەيتىشكە تىرىشقان كىشى شەيتاننىڭ يولىدا بولىدۇ». يەنە بىر نەقىلدە: «تاغۇتنىڭ يولىدا بولىدۇ» دەپ كەلگەن.[1]

- **ئاتا ـ ئانىسى كاپىر بولسىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا**

**277. عن أسماء بنت أبي بكر الصديق رضي اللَّه عنه، قالت: «قدِمَت عليَّ أُمي وهي مشركةٌ في عهدِ رسولِ اللَّه ﷺ، فاستفتيتُ رسولَ اللَّه ﷺ، قلت: <قدمت علي أُمي وهي راغبةٌ، أفأصِلُ أمي؟> قال: <نعم صِلِي أُمَّك>». متفق عليه.**

277. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىسىدا ئانام مېنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: <ئانام ماڭا موھتاج بولۇپ كەپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا سىلە ـ رەھىم قىلسام بولامدۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <بولىدۇ، ئانىڭىزغا سىلە ـ رەھىم قىلىڭ!> دېدى».[2]

**278. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «مرَّ رسولُ اللَّه ﷺ على عبدِ اللَّه بن أُبيٍّ ابن سَلُول ـ رأس النفاق ـ وهو في ظلِّ أجمَةٍ ـ أي شجرة ـ فقال: <قد غبَّرَ علينا ابنُ أبي كَبشَةَ!>،**

---

[1] بەززار، تەبەرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3248 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**فقال ابنه عبد اللَّه بن عبد اللَّه: <والذي أكرمَكَ وأنزَلَ عليكَ الكتاب!، إن شِئتَ لأتيتُكَ برأسه>. فقال النبيُّ: <لا؛ ولكن برَّ أباكَ، وأحسِنْ صحبتَهُ>».أخرج ابن حبان في صحيحه وغيره، السلسلة الصحيحة: 3223.**

278. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دەرەخ تۈۋىدە سايىداپ ئولتۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ: <ئەبۇ كەبشىنىڭ ئوغلى (پەيغەمبەر ﷺ نى دېمەكچى) بىزنى چاڭ-توزاندا قويدى> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (پەيغەمبەر ﷺ گە): <سېنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ساڭا كىتاب نازىل قىلغان اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر خالىساڭ ساڭا ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەي> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ياق، لېكىن ئاتاڭغا ياخشىلىق قىلغىن، ئۇنىڭغا ياخشى ھەمراھ بولغىن!> دېدى».[①]

**• ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇ ھەمراھ بولۇشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر**

**279. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «جاء رجلٌ إلى رسولِ اللَّه ﷺ، فقال: <يا رسولَ اللَّه من أحقُّ الناسِ بحسن صحابَتي؟>، قال: <أمُّكَ>. قال: <ثم مَنْ؟> قال: <أمُّك>. قال: <ثم مَنْ؟>. قال: <أمك>. قال: <ثم من؟> قال: <ثم أبوكَ>». متفق عليه.**

279. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمغا كىم ئەڭ ھەقلىق؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئاناڭ> دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: <ئۇنىڭدىن قالسا كىم؟> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە: <ئاناڭ> دېدى. ئۇ كىشى يەنە: <ئاندىن قالسا كىم؟> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە: <ئاناڭ> دېدى. ئۇ كىشى يەنە: <ئاندىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىغانىدى،

① ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3223- نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاندىن قالسا داداڭ› دېدى». [1]

280. وعن معاوية بن جاهِمةَ رضي اللّه عنه: «أن جاهِمةَ جاء إلى النبيِّ ﷺ، **فقال**: ‹يا رسولَ اللَّه! أردتُ أن أغزو، وقد جئت أستشيرك؟› **فقال**: ‹هل لك من أمٍّ؟› **قال**: ‹نعم›. **قال**: ‹فالزمها؛ فإن الجنَّةَ عند رِجلِها›». رواه أحمد، والنسائي، والبيهقي في شعب الإيمان،

280. مۇئاۋىيە ئىبنى جاھىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئاتام جاھىمە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جىھادقا چىقىشنى خالايمەن. شۇڭا سەندىن مەسلىھەت سورىغىلى كەلدىم› دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاناڭ ھاياتمۇ؟› دەپ سورىدى. ئۇ: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىلمىغىن! چۈنكى جەننەت ئانىنىڭ ئايىغى ئاستىدا› دېدى». [2][3]

281. وفي رواية: الزمها، فإن الجنَّةَ تحت أقدامها.

281. يەنە بىر نەقىلدە: «ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن! چۈنكى جەننەت ئاناڭنىڭ تاپىنى ئاستىدا» دەپ كەلگەن. [4]

282. وفي رواية: الزم رجلها فثم الجنة.

282. يەنە بىر نەقىلدە: «ئاناڭنىڭ يېنىدىن ئايرىلما، چۈنكى جەننەتكە شۇ ئارقىلىق كىرەلەيسەن» دەپ كەلگەن. [5]

283. **وفي رواية**: **فقال النبي ﷺ**: «‹ألك والدان؟› **فقلت**: ‹نعم› **قال**: ‹الزمهما فإن الجنَّةَ تحت أرجلِها›».

283. يەنە بىر نەقىلدە: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟› دەپ سورىۋېدى، مەن: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئاتا ـ ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن، چۈنكى جەننەت ئاتا ـ ئاناڭنىڭ پۇتلىرى ئاستىدا› دېدى» دەپ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[3] پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «جەننەت ئانىنىڭ ئىككى ئايىغى ئاستىدا» دېگىنى ــ «ئاناڭنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ خىزمىتىنى ياخشى قىلساڭ، ئاناڭنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرەلەيسەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

[4] «صحيح الجامع الصغير» 1249 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[5] ئىبنى ماجە توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 7655 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كەلگەن.①

284. وعن أبي أيوب رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من فرَّق بين والدةٍ وولَدِها فرَّقَ اللَّه بينه وبين أحبَّتِهِ يومَ القيامة». رواه أحمد، والترمذي، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 6412.

284. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى ئانا-بالىنى ئايرىۋەتسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنى ئايرىۋېتىدۇ».②

285. وعن معاوية بن حيدة رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: أُمَّكَ، ثمَّ أُمَّك، ثم أمك، ثم أبَاك، ثمَّ الأقربَ فالأقرب». رواه أحمد، وأبو داود، والترمذي، والحكام، صحيح الجامع: 1399.

285. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «(ياخشىلىق قىلىشتا) ئاۋۋال ئاناڭغا، ئاندىن يەنە ئاناڭغا، ئاندىن يەنە ئاناڭغا، ئاندىن كېيىن داداڭغا، ئاندىن كېيىن تۇغقانلارغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە ياخشىلىق قىلساڭ بولىدۇ» دېگەن.③

286. وعن صعصعة المُجاشعي، أنَّ النبيَّ ﷺ قال: «أمَّك، وأبَاك، وأُختَك وأخاك، وأدناك أدناك». رواه الطبراني، والحاكم، صحيح الجامع: 1400.

286. سەئسەئە مۇجاشىئىتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «(ياخشىلىق قىلىشتا) ئاۋۋال ئاناڭ ۋە داداڭغا، قىز④-ئوغۇل قېرىنداشلىرىڭغا، ئاندىن يېقىنلىرىڭغا ياخشىلىق قىلغىن».⑤

---

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2485- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 6412- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع» 1399- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دەيدۇ: بىر تۇغقان قىز-ئوغۇللار ئارىسىدا قىزنىڭ ھەققى ئوغۇلنىڭكىگە قارىغاندا ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققى ئوغۇل قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىسلامدا ئايال كىشى ئىززەتلىنىدۇ ۋە ھۆرمەتلىنىدۇ، ئەمما بۇلارغا قانائەت قىلىدىغان ئاياللار ناھايىتى ئازدۇر. بىز ئۇلارنىڭ الله تەقسىملەپ بەرگەن ھەقلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ھېچبىر قىممىتى يوق ئەرزىمەس ھەقلەرنى (الله نىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان) بۆرىلەر ۋە ئادىمىي ھايۋانلاردىن ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىۋاتىمىز.

⑤ تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع» 1400- نومۇرلۇق ھەدىس.

**287. وعن المِقدام بن مَعدي كَرِب رضي اللَّه عنه، أنه سمع رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ اللَّه يُوصِيكم بأُمَّهاتِكم، ثمَّ يُوصيكم بأمهاتِكم، ثم يوصيكم بآبائِكم، ثم يُوصيكُم بالأقربِ فالأقرب». صحيح الأدب المفرد: 44.**

287. مىقدام ئىبنى مەئدى كەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ: «الله تائالا ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئاندىن كېيىن ئاتىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئاندىن قالسا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلارغا يېقىنلىق دەرىجىسى بويىچە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ».①

**288. وعن أبي بُردة رضي اللَّه عنه: «أنه شَهد ابن عمر، ورجلٌ يمانيٌّ يطوفُ بالبيت، حملَ أُمَّه وراء ظهره، يقول: <إنِّي لها بعيرُها المُذلَّلْ، إن أُذعِرَتْ ركابُها لم أُذْعَرْ>، ثم قال: <يا ابنَ عمر! أتُراني جزيتُها (أي كافأتها حقها علي)>؟ قال: <لا؛ ولا بزفرةٍ واحدة>». صحيح الأدب المفرد: 8.**

288. ئەبۇ بۇردە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. يەمەنلىك بىر كىشى ئانىسىنى يۈدۈگەن ھالەتتە كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ مۇنداق دەيتتى: <مەن ئانامغا نىسبەتەن كۆندۈرۈلگەن تۆگىنىڭ ئورنىدا بولىمەن، تۆگىگە مىنگەن كىشى (ئادەتتە) بىئارام بولسىمۇ، ئانام بىئارام بولمايدۇ>. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى: <ئى ئىبنى ئۆمەر! مېنى ئانامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدى دەپ قارامسەن؟> دەپ سورىۋېدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ياق! سەن (ئاناڭ سېنى تۇغقان ۋاقىتتىكى) بىر تولغاقنىڭ ھەققىنىمۇ ئادا قىلالمىدىڭ> دەپ جاۋاب بەردى».②

**289. وعن أبي مُرَّة، مولى أمِّ هانئ بنت أبي طالب: «أنه ركبَ مع أبي هريرة إلى أرضه بـالعقيق، فإذا دخَلَ أرضَه صاحَ بأعلى صوته: عليكِ السلامُ ورحمة اللَّه وبركاته يا أُمَّاه!**

---

① «صحيح الأدب المفرد» 44 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② «صحيح الأدب المفرد» 8 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

تقول: وعليك السلام ورحمة اللَّه وبركاته، يقول: رَحمكِ اللَّه كما ربيتِني صَغِيراً. فتقول: يا بُنيَّ! وأنتَ؛ فجزاك اللَّه خيراً ورَضيَ عنكَ كما بَرَرْتني كبيراً. صحيح الأدب المفرد: 11.

289. ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ مۇررەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇنىڭ ئەقىق دېگەن ئورۇندىكى ئېتىزلىقىغا بىرگە چىققانىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېتىزلىقىغا كەلگەندە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: <ئى ئانا! سىزگە الله نىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن> دەپ توۋلىۋىدى، ئانىسى: <ساڭىمۇ الله نىڭ سالامى رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن!> دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <مېنى كىچىكىمدە تەربىيىلىگىنىڭىزدەك، الله سىزگە رەھىم قىلسۇن> دېۋىدى، ئانىسى: <بالام! سەن ماڭا چوڭ ياخشىلىق قىلغىنىڭدەك، الله سېنى ياخشى مۇكاپاتلىسۇن ۋە سەندىن رازى بولسۇن> دېدى». [1]

### ❖ سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاش رىزىقنىڭ كەڭرى ۋە ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ

290. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من سَرَّهُ أن يُعظِمَ اللَّه رزقَه، وأن يمدَّ في أجلِه، فليصِل رحمه». متفق عليه.

290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ كەڭرى رىزىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان كىشى سىلە ـ رەھىمنى ئۇلىسۇن». [2]

291. وعن سلمان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يردُّ القضاءَ إلا الدعاءُ، ولا يزيدُ في العمرِ إلا البر». رواه الترمذي، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 7687.

291. سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالا ـ قازانى پەقەت دۇئالا قايتۇرالايدۇ، ئۆمۈرنى پەقەت

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 11 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ياخشىلىقلا ئۇزۇن قىلالايدۇ». [1]

292. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من سرَّه أن يُبسَطَ له في رزقه، ويُنسَأ في أثرِه، فليصِلْ رحمه». صحيح سنن أبي داود: 1485.

292. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىم رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىنى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى ياخشى كۆرسە، سىلە-رەھىم قىلسۇن». [2]

293. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن سرَّهُ أن يُمَدَّ له في عُمرِه، ويُزادُ في رزقه؛ فليَبرَّ والديه، وليصِلْ رحمَه». رواه أحمد، صحيح الترغيب: 2488.

293. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمنى ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشى خۇرسەن قىلسا، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن ۋە سىلە-رەھىم قىلسۇن». [3]

294. وعن أبي بكرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن أعجلَ الطاعةِ ثواباً لصلَةُ الرحم، حتى أن أهل البيت ليكونوا فجَرَةً، فتنموا أموالَهم، ويكثُر عددُهم إذا تواصلوا». رواه الطبراني، صحيح الجامع الصغير: 5705.

294. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساۋابى ئەڭ ئالدىرىتىلىدىغان ياخشىلىق سىلە-رەھىم قىلىشتۇر، ھەتتا بىر پاسىق ئائىلىمۇ ئۆزئارا سىلە-رەھىم قىلىشسا ئۇلارنىڭ ماللىرى ئاۋۇيدۇ، سانى كۆپىيدۇ». [4]

295. وعن سهل بن معاذ رضي اللَّه عنه، عن أبيه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «من برَّ والديه طوبى له، زادَ اللَّه في عُمره». صححه الحاكم في المستدرك: 154/4

295. سەھل ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ

---

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 7687- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2488- نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 5705- نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن، الله ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن».①

296. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «تعلموا من أنسابِكُم ما تصلونَ به أرحامَكُم؛ فإنَّ صِلَةَ الرحم محبَّةٌ في الأهلِ، مَثراةٌ في المالِ، منسأةٌ في الأثَرِ». أخرجه الترمذي، صحيح الترغيب: 2520.

296. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «جەمەتىڭلار ئىچىدىكى سىلە ـ رەھىم قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى بىلىۋېلىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلە ـ رەھىم تۇغقانلار ئارىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، پۇل ـ مالغا بەرىكەت كەلتۈرىدۇ، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ».②③

297. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «من كان يؤمنُ باللَّه واليومِ الآخر فليَصِلْ رحمَهُ». متفق عليه.

297. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنسە سىلە ـ رەھىم قىلسۇن».④

## ❖ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن ۋە ئاداۋەت ساقلىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە سەدىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى

298. عن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: «أوصاني خليلي أن أصِلَ رحمي وإن أدبَرَت». أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الترغيب: 2525.

298. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

① ھاكىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2520 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ كۈنىمىزدە كۆپ كىشىلەر نەسەبىنى بىلمىگەن سەۋەبلىك سىلە ـ رەھىم قىلالمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق ئۈزۈلۈۋاتىدۇ. شۇنداق بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىزكى، ئىنسان ئۆز نەسەبىدىن پەقەت ئانىسى، دادىسى ۋە قىز ـ ئوغۇل قېرىنداشلىرىنىلا تونۇيدۇ. كۆپىنچە كىشىلەردىن چوڭ دادىسى، تاغىسى، ھامىمىسى ۋە نەۋرىلەرنىڭ ئىسىملىرى سورالسا، ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. (ولا حول ولا قوة إلا باللَّه)

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«مېنىڭ سىرداش دوستۇم پەيغەمبەرﷺ (ئۇرۇق ـ تۇغقانلار) گەرچە يۈز ئۆرۈسىمۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈلاپ تۇرۇشۇمنى ۋەسىيەت قىلدى». ①

299. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ليس الواصِلُ بالمكافئ، ولكنَّ الواصِلَ الذي إذا قُطِعت رَحِمُه وصَلَها». البخاري.

299. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرغۇچى سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن كىشى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىدۇر». ②

300. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه: «أن رجلاً قال: <يا رسولَ اللَّه! إنَّ لي قرابةً أصِلُهم ويقطعوني، وأُحسِنُ إليهم ويُسيئون إليَّ، وأحلُمُ عليهم ويجهلون عليَّ؟>، فقال: <وإن كنتَ كما قلتَ فكأنَّما تُسِفُّهم الملَّ ـ وهو الرماد الحار ـ ولا يزالُ من اللَّه ظهيرٌ عليهم ما دمتَ على ذلك>». مسلم.

300. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بار، مەن ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىپ تۇرىمەن، بىراق ئۇلار سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ؛ مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ تۇرىمەن، بىراق ئۇلار ماڭا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ؛ مەن ئۇلارغا مېھرىبانلارچە مۇئامىلە قىلىمەن، بىراق ئۇلار ماڭا نادانلارچە جاۋاب قايتۇرىدۇ> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ھەقىقەتەن ئېيتقانلىرىڭدەك قىلغان بولساڭ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرۇپلا تۇرساڭ، الله تەرىپىدىن بىر قوغدىغۇچى ھەمىشە ساڭا ھەمراھ بولۇپ سېنى ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن قوغدايدۇ> دېدى». ③

301. وعن أم كلثوم رضي اللَّه عنها ،أن النبيَّ ﷺ قال: «أفضلُ الصدقةِ الصَّدقةُ على

---

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2525 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى توپلىغان.

③ مۇسلىم توپلىغان.

ذي الرَّحِمِ الكاشِحِ». أخرجه الطبراني وغيره، صحيح الترغيب: 2535.

301. ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەدىقىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ـــ ئاداۋەت ساقلىغان ئۇرۇق-تۇغقانغا قىلىنغان سەدىقىدۇر».[1]

302. وعن عُقبة بن عامر، قال: «لقيتُ رسولَ اللَّه ﷺ فأخذتُ بيده، فقلتُ: <يا رسولَ اللَّه! أخبرني بفواضِل الأعمالِ؟> قال: <يا عُقبةُ! صِلْ من قطعكَ، وأعطِ من حرمَكَ، وأعرض عمَّن ظلمكَ>». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2536.

302. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئېيتىپ بەرسىلە> دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئۇقبە! سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىلەرگە سىلە-رەھىم قىلغىن، سېنى مەھرۇم قويغان كىشىلەرگە بەرگىن، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىشىلەردىن يۈز ئۆرۈگىن> دېدى».[2]

303. وعن ابن عبَّاس رضي اللَّه عنه، أنه قال: «احفَظُوا أنسابَكُم، تصلوا أرحامَكُم؛ فإنه لا بُعْدَ بالرَّحِمِ إذا قَرُبَتْ وإن كانت بعيدةً، ولا قُرْبَ بها إذا بَعُدَتْ وإن كانت قريبةً، وكلُّ رحمٍ آتيةٌ يومَ القيامةِ أمامَ صاحبها؛ تَشهدُ له بصلةٍ إن كان وصَلَها، وعليه بقطِعةٍ إن كان قطَعَها». صحيح الأدب المفرد: 54.

303. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «نەسەبلىرىڭلارنى بىلىۋېلىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلارغا سىلە-رەھىم قىلىڭلار. ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ياخشى بولغاندا، گەرچە ئارىلىق يىراق بولغان تەقدىردىمۇ يىراق بىلىنمەيدۇ؛ ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مۇناسىۋەت ناچار بولغاندا، گەرچە ئارىلىق يېقىن بولسىمۇ يېقىن بىلىنمەيدۇ. ھەربىر سىلە-رەھىم قىيامەت كۈنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئەگەر سىلە-

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2535- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2536- نومۇرلۇق ھەدىس.

رەھىمنى ئۈلىغان بولسا، سىلە-رەھىم ئۇنىڭ پايدىسىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ؛ ئەگەر سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ».[1]

304. وعن سويد بن عامر الأنصاري رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «بُلُّوا أرحامَكُم ولو بالسَّلام». أخرجه وكيع في الزهد، السلسلة الصحيحة: 1777.

304. سۇۋەيد ئىبنى ئامىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى گەرچە سالام بىلەن بولسىمۇ ئۈلاپ تۇرۇڭلار».[2]

- **ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېخىللىق قىلغان كىشى ھەققىدە**

305. عن جرير بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «ما من ذي رَحِمٍ يأتي رَحِمَهُ فيسألُه فضلاً أعطاهُ اللَّه إيَّاه فيبخلُ عليه؛ إلا أُخرِجَ له يومَ القيامَةِ من جهنَّم حيَّةٌ يُقالُ لها: شَجَاعٌ يتلمَّظُ؛ فيُطوَّقُ به». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 2548.

305. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۇغقىنى قېشىغا كېلىپ الله  تائالا ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مال-مۈلكىدىن سورىسا، بېخىللىق قىلىپ بەرمىگەن كىشىنىڭ بويىنىغا قىيامەت كۈنى جەھەننەمدىن قورقۇنچلۇق چوڭ بىر يىلان چىقىرىلىپ تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ».[3]

- **سىلە-رەھىم قىلىش خاتالىق ۋە گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ**

306. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «أتى النبيَّ ﷺ رجلٌ، فقال: <إنِّي أذنبتُ ذنباً عظيماً!، فهلْ لي من توبةٍ؟>، فقال: <هل لك من أُمٍّ؟> قال: <لا>، قال: <فهل لك من خالةٍ؟>. قال: <نعم>، قال: <فَبِرَّها>». أخرجه الترمذي وغيره، صحيح الترغيب: 2504.

306. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <مەن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئاناڭ

[1] «صحيح الأدب المفرد» 54- نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] ۋەكىئ توپلىغان، «السلسلة الصحيحة » 1777- نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة » 2588- نومۇرلۇق ھەدىس.

بارمۇ؟> دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: <ياق> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ قىز بىر تۇغقىنى بارمۇ؟> دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغىن> دېدى».[1]

**307. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه: «أنه أتاهُ رجلٌ، فقال: <إنِّي خطَبتُ امرأةً فأبَت أن تَنْكحَني، وخطبها غيري فأحبَّت أن تَنكحَهُ، فغرتُ عليها فقتلتها، فهل لي من توبة؟>، قال: <أُمُّكَ حيَّة؟!>، قال: <لا>، قال: <تُبْ إلى اللَّه ، وتقرَّب إليه ما استطعت. قال عطاء بن يسار: «فذهبتُ فسألتُ ابن عباس: <لِمَ سألتَه عن حياة أُمِّه؟>، فقال: <إني لا أعلمُ عملاً أقربُ إلى اللَّه من برِّ الوالدة>». صحيح الأدب المفرد>».**

307. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى قېشىمغا كېلىپ: <مەن بىر ئايالغا توي تەكلىپى قويسام، ئۇ ئايال مېنى رەت قىلىۋېتىپ باشقا بىر كىشىنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندى. شۇ سەۋەبتىن كۈندەشلىكىم تۇتۇپ ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، ماڭا تەۋبە قىلىش يولى بارمۇ؟> دەپ سورىدى. مەن: <ئاناڭ ھاياتمۇ؟> دەپ سورىسام، ئۇ كىشى: <ياق> دەپ جاۋاب بەردى. مەن: <الله قا تەۋبە قىلغىن! تاقىتىڭنىڭ يېتىشىچە الله قا يېقىنلاشقىن> دېدىم. ئەتا ئىبنى يەسسار مۇنداق دېگەن: مەن ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: <نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئانىسىنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى سورايسىز؟> دەپ سورىسام، ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <مەن ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ بەكرەك الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى بىلمەيمەن> دەپ جاۋاب بەردى».[2]

**308. وَعَنْ طَيْسَلَةَ بْنِ مَيَّاسٍ قال: «كُنْتُ مَعَ النَّجَدَات فَأَصَبْتُ ذُنُوبًا لاَ أَرَاهَا إِلاَّ مِنَ الْكَبَائِرِ، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لاِبْنِ عُمَرَ قَالَ: <مَا هِيَ؟> قُلْتُ: <كَذَا وَكَذَا>، قَالَ: <لَيْسَتْ هَذِهِ مِنَ**

[1] تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2504 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 4 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**الْكَبَائِر، هُنَّ تِسْعٌ: الإِشْرَاكُ بِاللَّه، وَقَتْلُ نَسَمَةٍ، وَالْفِرَارُ مِنَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ الْمُحْصَنَةِ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ، وَإِلْحَادٌ فِي الْمَسْجِدِ، وَالَّذِي يَسْتَسْخِرُ، وَبُكَاءُ الْوَالِدَيْنِ مِنَ الْعُقُوقِ> ثُمَّ قَالَ لِي ابْنُ عُمَرَ: <أَتَفْرَقُ النَّارَ وَتُحِبُّ أَنْ تَدْخُلَ الْجَنَّةَ؟>، قُلْتُ: <إِي وَاللَّه>، قَالَ: <أَحَيٌّ وَالِدَاكَ؟>، قُلْتُ: <عِنْدِي أُمِّي>، قَالَ: <فَوَاللَّه لَوْ أَلَنْتَ لَهَا الْكَلاَمَ، وَأَطْعَمْتَهَا الطَّعَامَ، لَتَدْخُلَنَّ الْجَنَّةَ، مَا اجْتَنَبْتَ الْكَبَائِرَ>». صحيح الأدب المفرد: 6.**

308. تەيسەلە ئىبنى مەيياسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن نەجدادلىقلار بىلەن بىرگە ئىدىم (ئۇلار ھەرۇرىيە ۋە خاۋارىجلاردىن بولغان قەۋم ئىدى). مەن چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بىر گۇناھنى قىلىپ سالدىم. ئەھۋالنى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ: <نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟> دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا تەپسىلىي ئەھۋالنى دېدىم. ئۇ: <بۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. چوڭ گۇناھ توققۇز بولۇپ، ئۇلار: الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق قان تۆكۈش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش، ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش، جازانە يېيىش، يېتىملارنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىش، مەسجىدتە دىنسىزلىقتا تەشۋىق قىلىش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، ئاتا-ئانىغا ئاسىيلىق قىلىش> دېدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: <دوزاختىن قۇتۇلۇپ جەننەتكە كىرىشنى خالامسەن؟> دەپ سورىدى. مەن: <الله بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە شۇنداق> دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: <ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟> دەپ سورىدى، مەن: <ئانام بار> دېدىم. ئۇ: <الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن داۋاملىق چوڭ گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئاناڭغا يۇمشاق سۆز قىلساڭ ۋە ئاناڭغا تائام بەرسەڭ چوقۇم جەننەتكە كىرسەن> دېدى».[1]

**● ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش چوڭ گۇناھلاردىندۇر**

**309. عن أبي بكرة نُفَيع بن الحارث رضي اللّه عنه،قال: «قال رسولُ اللّه ﷺ: <ألا أُنبئكم بأكبرِ الكبائر؟> ـ ثلاثاً ـ قلنا: <بلى يا رسولَ اللّه>. قال: <الإشراكُ باللّه، وعقوقُ الوالدين>، وكان مُتكئاً فجلسَ، فقال: <ألا وقولُ الزُّور، وشهادةُ الزور>، فما زال يكررها حتى**

[1] «صحيح الأدب المفرد» 6- نومۇرلۇق ھەدىس.

**قلنا ليتَهُ سكَت». متفق عليه**

309. ئەبۇبەكرە نۇفەيئ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۈچ قېتىم: <مەن سىلەرگە گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، بىز: <ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلسىلا> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <الله قا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ بىردىنلا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ: <بىلىپ قويۇڭلاركى، يالغان قەسەم قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر> دەپ بۇ سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەردى. ھەتتا بىز: <كاشكى، پەيغەمبەر ﷺ توختاپ قالسا بوپتىكەن> دەپ كەتتۇق».①

**310. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن اللَّه تعالى خلق الخلقَ، حتى إذا فَرَغَ من خلقه، قامت الرَّحِمُ، فقال: <مَهْ؟ قالت: هذا مقامُ العائذِ بكَ من القطيعة>، قال: <نعم؛ أما تَرضيَن أن أصِلَ من وصلَكِ، وأقطعَ من قطَعَكِ؟>، قالت: <بلى يا رب>، قال: <فذلك لكِ>». متفق عليه.**

310. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مەخلۇقاتلارنى ياراتتى. ئۇلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئورنىدىن تۇردى. الله تائالا: <نېمە ھاجىتىڭ بار؟> دەپ سورىغانىدى. ئۇ: <بۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچىنىڭ ئورنىمۇ؟> دەپ سورىدى، الله تائالا: <ھەئە، ساڭا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزۈۋەتسەم رازى بولمامسەن؟> دېدى. رەھىم: <ئەلۋەتتە رازى بولىمەن> دەپ جاۋاب بەردى. الله : <ئۇنداق بولسا، بۇ ھەق ساڭا بېرىلدى> دېدى».②

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

311. وعنه، قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «إنَّ الرحِمَ شُجنةٌ تقول: <يا ربِّ! إني قُطِعتُ، يا ربِّ! إنِّي أُسيء إليَّ، يا ربِّ! إني ظُلِمتُ، يا رب! يا رب!>، فيجيبُها: <ألا ترضينَ أن أصِلَ من وصلَكِ، وأقطعَ من قطعَكِ>». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2530.

311. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) گىرەلەشمىدۇر. رەھىم: <ئى رەببىم! مەن ئۈزۈۋېتىلدىم، ئى رەببىم! ماڭا يامانلىق قىلىندى، ئى رەببىم ماڭا زۇلۇم قىلىندى. ئى رەببىم! ئى رەببىم!> دەيدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: <ساڭا رىئايە قىلغان كىشىگە رەھمىتىمنى يەتكۈزسەم، سېنى ئۈزۈۋەتكەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزۈۋەتسەم رازى بولماسەن؟> دەيدۇ».[①]

312. وعن سعيد بن زيد رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ هذه الرحم شُجْنَةٌ من الرحمن، فمن قطعها حرَّم عليه الجنَّةَ». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2532.

312. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) راھماندىن شاخلىنىپ چىققان سۆزدۇر. كىمكى سىلە-رەھىمنى ئۈزسە، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».[②]

313. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يدخلُ الجنَّةَ منَّانٌ، ولا عَاقٌّ، ولا مدمنُ خمر». صحيح سنن النسائي: 5241.

313. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مىننەتخور، ئاتا-ئانىنى قاقشاتقۇچى ۋە ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ».[③]

314. وعن عبد الرحمن بن عوف رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «قال اللّه: أنا الرحمنُ، وهي الرَّحِمُ، شقَقتُ لها اسماً من اسمي، من وَصَلَها وصَلْته ومن قطعَها بَتَتُّه».

[①] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2530- نومۇرلۇق ھەدىس.
[②] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2532- نومۇرلۇق ھەدىس.
[③] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**صحيح سنن أبي داود:** 1486.

314. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا: <مەن رەھماندۇرمەن، رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئىسمىمنىڭ بىر پارچىسىدۇر. كىمكى تۇغقاندارچىلىقنى رىئايە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا (رەھمىتىمنى) يەتكۈزىمەن. كىمكى ئۇنى ئۈزۈۋەتسە، مەنمۇ ئۇنىڭدىن (رەھمىتىمنى) ئۈزۈپ تاشلايمەن».[1]

315. **وعن جُبير بن مُطعِم رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يدخلُ الجنَّةَ قاطعُ رحم» .متفق عليه.**

315. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلە-رەھىمنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ».[2]

316. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إنَّ أعمال بني آدمَ تُعرَضُ كلَّ خميسٍ ليلة الجُمُعَةَ، فلا يُقبَلُ عمَلُ قاطِعِ رَحِمٍ». أخرجه أحمد، صحيح الترغيب:** 2538.

316. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى ھەر پەيشەنبە ئۆتۈپ جۈمە كۈنى كىرگەن كېچىسى كۆتۈرۈلىدۇ. سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىنىڭ ئەمىلى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[3]

317. **وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «الرَّحِمُ مُعلَّقَةٌ بالعرشِ تقول: من وصلَني وصلَهُ اللَّه، ومَن قَطَعني قطعَهُ اللَّه». متفق عليه.**

317. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رەھىم (تۇغقاندارچىلىق) ئەرشكە ئېسىقلىق ھالەتتە تۇرۇپ: <كىم مېنى ئۇلىسا الله رەھمىتىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. كىم مېنى ئۈزسە الله

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2538- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ> دەيدۇ». [1]

318. وعن المغيرة بن شُعبة رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إن اللّٰه تعالى حرَّم عليكم عقوقَ الأمَّهات». متفق عليه

318. مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله  تائالا سىلەرگە ئانىلارنى قاقشىتىشنى ھارام قىلدى». [2]

319. وعن ابن عمر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «ثلاثةٌ لا ينظرُ اللّٰه إليهم يومَ القيامة: العاقُّ لوالديه، والمرأةُ المترجِّلةُ، والديوث. وثلاثة لا يدخلون الجنة: العاقُّ لوالديه، والمدمنُ على الخمر، والمنَّانُ بما أعطى». صحيح سنن النسائي: 2402.

319. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله  تائالا قىيامەت كۈنى مۇنداق ئۈچ كىشىگە رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا-ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ئەر كىشىگە ئوخشىۋالغان ئايال؛ ئۈچىنچىسى، دەيۈز (ئايالىنى كۈنلىمەيدىغان كىشى). يەنە مۇنداق ئۈچ كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ: بىرىنچىسى، ئاتا-ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان؛ ئىككىنچىسى، ھاراقكەش؛ ئۈچىنچىسى، مىننەتخور كىشى». [3][4]

320. وعن ابن عمرو، أن النبّي ﷺ قال: رِضا الرَّبِّ في رِضا الوالدِ، وسخطُ الربِّ في سخَطِ الوالدِ. رواه الترمذي، والحاكم، صحيح الجامع الصغير: 3506.

320. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانا رازى بولغاندىن الله  رازى بولىدۇ، ئاتا-ئانا نارازى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] دەيۈزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن: ئايال كىشى سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋەلىيلىرىنىڭ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەسلىكى، ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى نامەھرەملەر بىلەن ئارىلىشىپ ئىشلەيدىغان مۇھىتتا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىشى... قاتارلىقلار.

بولغاندىن الله نارازى بولىدۇ».[1]

**321. وعنه، أن النبيَّ ﷺ قال: رِضَا الربِّ في رضا الوالدين، وسُخْطُه في سُخْطِهما. رواه الطبراني، صحيح الجامع: 3507.**

321. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن كىشىگە رەب تائالانىڭ رازىلىقى بولىدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان كىشىگە رەب تائالانىڭ نەپرىتى بولىدۇ».[2]

**322. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «مَلعونٌ من سَبَّ أباهُ، ملعونٌ من سَبَّ أمَّه، ملعونٌ من ذَبحَ لغير اللّه». رواه احمد، صحيح الجامع الصغير: 5891.**

322. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتىسىنى تىللىغان كىشى لەنەتتىدۇر، ئانىسىنى تىللىغان كىشى لەنەتتىدۇر، الله تىن باشقىسىغا ئاتاپ مال بوغۇزلىغان كىشى لەنەتتىدۇر».[3]

**323. وعن ابن عمرو رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «مِن الكبائر شَتمُ الرجلِ والديه: يَسبُّ أبا الرجلِ، فيَسُبَّ أباه، ويَسبُّ أمَّه، فيسبَّ أمَّه». متفق عليه.**

323. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تىللىشى چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بىر كىشى بىراۋنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بۇنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ ۋە بىراۋنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بۇنىڭ ئانىسىنى تىللايدۇ».[4]

**324. وعن أبي بكرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من ادَّعى إلى غيرِ أبيه وهو يعلم، فالجنةُ عليه حرامٌ». متفق عليه.**

---

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان. «صحيح الجامع الصغير» 3506- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى توپلىغان. «صحيح الجامع» 3507- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 5891- نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

324. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى باشقا بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دادىسى قىلىۋالسا، ئۇ جەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ».①

325. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أعظمُ الناسِ فريةً اثنان: شاعرٌ يهجو القبيلة بأسرها، ورجلٌ انتفى من أبيه». رواه ابن ماجه، صحيح الجامع: 1066.

325. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ چوڭ بوھتانچى ئىككى تۈرلۈك كىشىدۇر. بىرى، پۈتۈن بىر قەبىلىنى سۆككەن شائىر؛ يەنە بىرى، ئاتىسىدىن تانغۇچى».②

326. وعن عمرو بن مرة الجهني رضي اللَّه عنه، قال: «جاء رجلٌ إلى النبي ﷺ ، فقال: <يا رسولَ اللَّه! شهدتُ أن لا إله إلا اللَّه، وأنَّك رسولُ اللَّه، وصليتُ الخمسَ، وأديتُ زكاةَ مالي، وصُمتُ رمَضانَ؟>، فقال النبيُّ: <من ماتَ على هذا كان مع النبيينَ والصِّديقينَ والشُّهداءِ يوم القيامة هكذا ـ ونصبَ أُصبعيه ـ ما لمْ يَعِقَّ والِديه>». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2515.

326. ئەمرى ئىبنى مۇررە ئەلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سىلىنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكلىرىگە گۇۋاھلىق بەردىم، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇدۇم، مېلىمنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلدىم، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتتۇم. مېنىڭ ئەھۋالىم قانداق بولىدۇ؟> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى مۇشۇ ھالەتتە ۋاپات تاپسا، ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتمىغانلا بولسا قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن مۇشۇنداق ھالەتتە بىرگە بولىدۇ> دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتتى».③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، «صحيح الجامع» 1066- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2515- نومۇرلۇق ھەدىس.

**• سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن كىشى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازاب ۋە رەسۋالىققا دۇچار بولىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.**

327. عن أبي بكرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما من ذنب أجدرُ أن يُعجِّلَ اللَّه تعالى لصاحبه العقوبَة في الدنيا، مع ما يدَّخرُه في الآخرة من قطيعةِ الرَّحم، والخيانةِ، والكذب». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 5705.

327. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگەن، خىيانەت قىلغان ۋە يالغانچىلىق قىلغان كىشىنى دۇنيادىلا تېز جازالاش بىلەن بىرگە ئاخىرەتتىمۇ جازالايدۇ».①

328. وعن القاسم بن عبد الرحمن رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ ، قال: «من قَطَعَ رحماً، أو حلَفَ على يمين فاجِرةٍ، رأى وبالَه قبل أن يموت». صحيح الجامع الصغير: 6475.

328. قاسىم ئىبنى ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزسە ياكى يالغاندىن قەسەم قىلسا، ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ ۋابالىنى كۆرىدۇ».②

329. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسول اللَّه ﷺ: بابانِ مُعجَّلان عُقوبتهُما في الدنيا: البغي، والعُقوق». رواه الحاكم في صحيحه، السلسلة الصحيحة: 1120.

329. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم ۋە ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش مۇشۇ دۇنيادىلا تېز ئازابى كېلىدىغان ئىككى تۈرلۈك گۇناھتۇر».③

330. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: ثلاثُ دعواتٍ مُستجابات لهنَّ، لا شكَّ فيهنَّ: دعوةُ المظلوم، ودعوةُ المسافر، ودعوةُ الوالدين على ولدهما. صحيح الأدب المفرد: 24

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 5705 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② «صحيح الجامع الصغير» 6475 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1120 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

330. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەكسىز ئىجابەت قىلىنىدىغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك دۇئا بار: مەزلۇمنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان بەددۇئاسى».[1]

331. وعنه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليسَ شيءٌ أُطيعَ اللَّه فيه أعجَلَ ثواباً من صِلَة الرحم، وليسَ شيءٌ أعجَلَ عقاباً من البغي، وقطيعةِ الرَّحمِ، واليمينُ الفاجرةُ تدَعُ الديارَ بلاقِعَ». أخرجه البيهقي وغيره، السلسلة الصحيحة: 978.

331. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قا ئىتائەت قىلىپ قىلىنغان ئەمەلنىڭ ئىچىدە سىلە-رەھىمدەك ساۋابى تېز كېلىدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق. زۇلۇم قىلىش ۋە سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشنىڭ جازاسىدەك جازاسى تېز كېلىدىغان ھېچبىر ئىش يوق. يالغان قەسەم ئەل-يۇرتنى قاقاس چۆللۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ».[2][3]

332. وعن أبي هُريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لَمْ يَتَكَلَّمْ في المهدِ إلا ثَلاثة: عِيسى ابنُ مريم، وصاحِبُ جُرَيْجٍ، وكان جُرَيْجٍ رَجُلاً عابداً، فاتَّخَذَ صَومَعَةً، فَكانَ فِيها، فأتَتهُ أُمُّهُ وهو يُصَلِّي، فقالت: <ياَ جُرَيْجٍ!>، فقال: <يا رَبِّ! أُمِّي وَصلاتي>، فَأَقبَلَ على صلاته، فانصَرَفَتْ، فلَمَّا كَانَ مِنَ الغَدِ أَتته وَهوَ يُصَلِّي، فقالت: <يَا جُرَيْجُ!>، فقال: <يَا رَبِّ! أُمي وَصلاتي>، فأقبل على صلاته، فانصرَفَت، فَلَما كانَ مِنَ الغَد أَتته فقالت: <يا جُريْجُ!> فقال: <يا رَبِّ! أُمي وصلاتي>، فأقبل على صلاته، فقالت: <اللَّهم! لا تُمتْهُ حتى يَنظرَ إلى وجوه المُومِساتِ>، فَتَذاكر بنو إسرائيل جُرَيْجاً وعبادته، وكانت امرأةٌ بَغِيٌّ يُتَمَثَّلُ بحُسْنها، فقالت: <إن شئتم لأفتننَّهُ لَكُم>، قال: فَتَعرَّضت له فلم يَلتفتْ إليها، فأَتت راعِياً كانَ يأوي إلى صَومَعَتِه، فأَمكَنَتهُ مِن نَفسِها، فَوقَعَ عَلَيها، فَحمَلَتْ، فَلَما وَلَدَتْ، قالت: هُوَ مِن جُرَيْجٍ! فأتوه فاستنزلوه وهَدَموا صَومعَته وجَعَلوا يَضرِبونَهُ، فقالَ: <ما شأنُكم؟>، قالوا: <زَنَيْتَ بِهذه

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 24- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1120- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] يالغان قەسەم قىلىدىغان كىشى دائىم موھتاجلىقتا ياشايدۇ، ئائىلىسىدىن رىزىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. «النهاية» ناملىق كىتابتا «الله ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىدىن خاتىرجەملىكنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ ۋە بەرگەن نېئمىتىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دېيىلگەن.

**البَغِيِّ، فَوَلَدَت منْكَ>، فقال: <أين الصبي؟> فجاءوا به فقال: <دعوني حتى أُصَلي، فَصلى>، فلمَّا انصرف أتى بالصبي فَطَعَن في بَطنِهِ، وقال: <يا غلامُ! مَن أبوك؟>، قال: <فُلانٌ الرَّاعي>، قال: فأقبلوا على جُريج يُقبلونه ويتمسحون به، وقالوا: <نَبني لك صَومَعَتك من ذهبٍ>، قال: <لا؛ أَعيدوها من طينٍ كما كانت>». ففعلوا .مسلم.**

332. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچكىم بوۋاقلىقىدا گەپ قىلمىغان. ئۇلارنىڭ بىرى، مەريەم ئوغلى ئىيسا (ئەلەيھىسسالام)؛ يەنە بىرى، جۇرەيجگە تۆھمەت قىلىنىشقا سەۋەب بولغان بالا. جۇرەيج ئەسلىدە بەكمۇ ئىبادەتگۆي كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سالدۇرغان بولۇپ، شۇنىڭ ئىچىدە ياشايتتى. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ: <ئى جۇرەيج!> دەپ چاقىردى، جۇرەيج: <ئى رەببىم! ئانامنىڭ قېشىغا چىقايمۇ ياكى نامازنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟> دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئانىسى كېتىپ قالدى. ئەتىسى ئوغلى ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى يەنە كېلىپ: <ئى جۇرەيج!> دەپ چاقىردى، جۇرەيج يەنە: <ئى رەببىم! ئانامنىڭ قېشىغا چىقايمۇ ياكى نامازنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟> دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۈچىنچى كۈنى يەنە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى كېلىپ: <ئى جۇرەيج!> دەپ چاقىردى، جۇرەيج يەنە: <ئى رەببىم! ئانامنىڭ قېشىغا چىقايمۇ ياكى نامازنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟> دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى: <ئى رەببىم! ئوغلۇمغا پاھىشە ئاياللارنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى قەبزى روھ قىلمىغىن> دەپ بەددۇئا قىلدى.

ئىسرائىل ئەۋلادلىرى جۇرەيج ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىنى ماختايتتى. بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بەكمۇ چىرايلىق بىر پاھىشە ئايال بار بولۇپ، ئۇ ئايال: <ئەگەر خالىساڭلار، مەن ئۇنى ئازدۇرالايمەن> دېدى ۋە جۇرەيجنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى ئازدۇرۇشقا تىرىشتى. ئەمما جۇرەيج ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىدا يېتىپ-قوپىدىغان بىر

پادىچى بىلەن زىنا قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولدى. ئۇ ئايال بالا تۇغۇلغاندا ئۇنى جۇرەيجنىڭ بالىسى دەپ تۇرۇۋالدى. كىشىلەر كېلىپ ئۇنى ئىبادەتخانىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئىبادەتخانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. جۇرەيج: ‹نېمە ئىش بولدى؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: ‹سەن بۇ ئايال بىلەن زىنا قىلدىڭ، ئۇ سېنىڭ بالاڭنى تۇغدى› دېيىشتى. جۇرەيج: ‹بالا قەيەردە؟› دەپ سورىدى. بالا ئېلىپ كېلىندى. جۇرەيج: ‹ماڭا چېقىلماي تۇرۇڭلار، ناماز ئوقۇۋالاي› دېدى. (نامازدىن) كېيىن كېلىپ، بالىنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ تۇرۇپ: ‹ئى بالا! سېنىڭ داداڭ كىم؟› دەپ سورىغانىدى، بالا: ‹دادام پالانى پادىچى› دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر جۇرەيجنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى ۋە: ‹سېنىڭ ئىبادەتخاناڭنى ئالتۇندىن ياساپ بېرەيلى› دېيىشتى. لېكىن جۇرەيج: ‹ياق، ئۇنى بۇرۇنقىدەك لايدىن ياساپ بېرىڭلار› دېدى. كىشىلەر شۇنداق قىلىشتى».[1]

333. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أنه قال: «كان جُرَيْجٌ يتعبَّدُ في صومعةٍ، فجاءت أُمه ـ قال حُمَيْدٌ: فَوَصَفَ لَنَا أَبو رافع صِفَةَ أبي هريرة لِصفَةِ رسول اللَّه ﷺ أُمَّهُ حينَ دعَتْهُ، كيف جَعَلَت كَفَّها فوق حَاجِبها، ثم رفَعَت رأسها إليه تَدعوهُ ـ فقالت: يا جُرَيْجُ! أَنا أُمُّكَ، كَلِّمني، فَصادَفَتهُ يُصَلِّي، فَقَال: اللَّهمَّ! أُمِّي وصلاتي، قال: فاختارَ صَلاتَهُ، فَرَجَعت ثُمَّ عادَتْ فِي الثانية، فقالت: يا جُرَيْجُ! أَنا أُمُّك، فَكَلِّمني، قال: اللَّهم! أُمي وَصَلاتي، فاختار صَلاتَهُ، فقالت: اللَّهم! إنَّ هذا جُرَيْجٌ؛ وهو ابني، وإني كَلَّمْتُهُ فأَبى أن يُكَلِّمَني، اللَّهمَّ! فلا تُمِتْهُ حتى تُرِيهِ المُومِسَات. قال: وَلو دَعَت عليه أن يُفتَنَ لَفُتِن.

قال: ‹وكان راعي ضأنٍ يَأوي إلى دَيْره، قال: فَخَرَجت امرأةٌ من القرية فوقَعَ عليها الراعي، فحَمَلَت فَوَلَدَت غلاماً›، فقيل لها: ‹ما هذا؟›، قالت: ‹مِن صاحِبِ هذا الدَّيرِ›، قال: فجاءوا بفؤوسهم وَمَسَاحِيهِمْ، فَنَادَوه فَصادفوه يُصلي، فلم يُكَلِّمْهُم، قال: فأَخذوا يهدمون دَيْرَه، فلما رأى ذلك نَزَلَ إليهم، فقالوا له: سَلْ هذه، قال: ‹فتبسَّمَ ثم مَسحَ رأس الصبي›، فقال: ‹من أبوك؟›، قال: ‹أبي راعي الضَّأن›، فلما سَمِعوا ذلك منه قالوا: ‹نبني ما هدمنا

---

[1] مۇسلىم تولپىغان.

**من دَيرك بالذهب والفضة>، قال: <لا، ولكن أعيدوه تراباً كما كان>، ثم عَلاهُ». مسلم.**

333. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «جۇرەيج ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ھۇمەيدى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: <ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جۇرەيجنىڭ ئانىسى جۇرەيجنى چاقىرغاندا پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قانداق قىلغانلىقىنى بىزگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىلغىنىدەك سۈرەتلەپ بەردى. ئەبۇ رافىئ ئۇنى بىزگە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆرسىتىپ بەردى>. ئاندىن كېيىن جۇرەيجنىڭ ئانىسى جۇرەيجگە قاراپ تۇرۇپ: <ئى جۇرەيج! مەن سېنىڭ ئاناڭ، ماڭا گەپ قىلغىن> دېۋىدى، جۇرەيج: <ئى رەببىم! ئانامغا گەپ قىلايمۇ ياكى نامازنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟> دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى قايتىپ كەتتى. ئانىسى ئىككىنچى قېتىم يەنە كېلىپ: <ئى جۇرەيج! مەن سېنىڭ ئاناڭ، ماڭا گەپ قىلغىن> دېۋىدى، جۇرەيج: <ئى رەببىم! ئانامغا گەپ قىلايمۇ ياكى نامازنى داۋاملاشتۇرايمۇ؟> دەپ ئويلىدى ۋە نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئانىسى: <ئى الله ! مەن ئوغلۇم جۇرەيجگە گەپ قىلسام، ئۇ ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدى. ئى الله ! ئوغلۇمغا پاھىشە ئاياللارنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى قەبزى روھ قىلمىغىن> دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئەگەر ئانىسى جۇرەيجنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قېلىشىغا دۇئا قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قالغان بولاتتى> دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: <بىر پادىچى جۇرەيجنىڭ ئىبادەتخانىسىدا يېتىپ-قوپاتتى. بىر پاھىشە ئايال كېلىپ ھېلىقى پادىچى بىلەن زىنا قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ھامىلدار بولۇپ بىر بالا تۇغدى>. ئايالدىن: <بۇ كىمنىڭ بالىسى؟> دەپ سورالغاندا، ئۇ ئايال: <ئىبادەتخانىنىڭ ئىگىسىنىڭ بالىسى> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پالتا ۋە گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ جۇرەيجنى چاقىردى. كىشىلەر ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ۋاقىتتا كەلگەچكە، جۇرەيج ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرمىدى. شۇنىڭ

بىلەن كىشىلەر ئىبادەتخانىنى بۇزۇشقا باشلىدى. جۇرەيج بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: <ئەھۋالنى بۇ ئايالدىن سورىغىن!> دېدى. جۇرەيج تەبەسسۇم قىلىپ بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: <داداڭ كىم؟> دەپ سورىغانىدى، بالا: <دادام پادىچى> دەپ جاۋاب بەردى. كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ: <ئىبادەتخانىنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياساپ بېرەيلى> دېگەندە، جۇرەيج: <ياق، ئۇنى بۇرۇنقىدەك لايدىن ياساڭلار> دېدى. ئاندىن كېيىن ئىبادەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى». [1]

334. **وفي رواية عند البخاري في الأدب المفرد: «ثم انطُلِق به؛ فمُرَّ به على المومِسَات، فرآهُنَّ فتبسَّمَ ... قال الملِك: <فما الذي تبسَّمتَ؟>، قال: <أمراً عَرفتُه؛ أدركتني دعوةُ أُمِّي>»، ثم أخبرهم.**

334. بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا مۇنداق نەقىل قىلغان: «ئاندىن كېيىن جۇرەيج ئايلىنىپ يۇرۇپ پاھىشە ئايالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇلارغا قاراپ تەبەسسۇم قىلغان. پادىشاھ: <نېمىگە تەبەسسۇم قىلىۋاتىسەن؟> دەپ سورىغاندا، ئۇ: <مەن ئۆزۈم بىلىدىغان بىر ئىشقا تەبەسسۇم قىلىۋاتىمەن، ماڭا ئانامنىڭ دۇئاسى يەتتى> دېگەن. ئاندىن بولغان ئىشلارنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەن».

335. **وعن العوَّام بن حَوشَب، قال: نزلتُ مرةً حيَّاً وإلى جانبِ الحيِّ مقبرةٌ، فلما كان بعدَ العصر انشقَّ فيها قبرٌ، فخرجَ رجلٌ رأسُه رأسُ الحمار، وجسدُه جَسدُ إنسانٍ، فنهقَ ثلاثَ نهقاتٍ ثم انطبقَ عليه القبرُ، فإذا عَجوزٌ تَغزلُ شَعراً أو صوفاً، فقالت امرأةٌ: «ترى تلكَ العجوزَ؟»، قلتُ: «ما لها؟»، قالت: «تلك أمُّ هذا»، قلتُ: «وما كان قصَّتُه؟»، قالت: «كان يشربُ الخمرَ، فإذا راحَ، تقول له أمُّه: <يا بُني اتقِ اللَّه، إلى متى تَشرَبُ هذه الخمرَ؟!>، فيقول لها: <إنما أنتِ تنهقين كما ينهقُ الحمارُ!>». قالت: «فمات بعد العصر. قالت: فهو ينشقُّ عنه القبرُ بعدَ العصر كلَّ يومٍ فينهقُ ثلاثَ نهَقَاتٍ ثم ينطبقُ عليه القبرُ». رواه الأصبهاني. صحيح الترغيب: 2517.**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

335. ئەۋۋام ئىبنى ھەۋشەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن بىر قېتىم مەلۇم بىر كەنتكە چۈشتۇم، ئۇ كەنتنىڭ بىر تەرىپىدە قەبرىستانلىق بار ئىدى. ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئۇ قەبرىستانلىقتىن بىر قەبرە يېرىلىپ بىر كىشى چىقتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئادەمنىڭ بەدىنىگە، بېشى ئېشەكنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئۈچ قېتىم ھاڭراپ بولغاندىن كېيىن قەبرە يېپىلىپ قەبرە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇ يەردە بىر موماي يىپ ئېگىرىپ ئولتۇراتتى. بىر ئايال: «ئاۋۇ موماينى كۆرۈۋاتامسىز؟» دەپ سورىدى، مەن ئۇ ئايالغا: «نېمە بوپتۇ؟» دېسەم، ئۇ ئايال: «ئۇ موماي ھېلىقى قەبرىدىن چىققان كىشىنىڭ ئانىسى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «ئۇ كىشىگە نېمە بولغان؟» دەپ سورىسام، ئۇ ئايال مۇنداق دېدى: «ئۇ كىشى ھاراق ئىچەتتى، كەچلىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ئۇنىڭغا: <بالام! الله تىن قورقۇغىن. ھاراقنى قاچانغىچە ئىچىسىز؟> دېسە، ئۇ كىشى ئانىسىغا: <ئېشەكتەك ھاڭراۋېرىدىكەنسىز> دەيتتى». ئۇ ئايال مۇنداق دېگەن: «ئۇ كىشى ئەسىردىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن، شۇڭلاشقا ئۇ قەبرە ھەر كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئېچىلىپ ئۇ كىشى چىقىدۇ ۋە ئۈچ قېتىم ھاڭرايدۇ. ئاندىن كېيىن قەبرە يېپىلىدۇ».[①]

**• ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان ئىتائەت ۋە رازىلىقتىن ئايالىنىڭ سۆزى ۋە رازىلىقىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقانلىق ھېسابلىنىدۇ**

336. **عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «كانت تحتي امرأة وكنت أُحِبُّها، وكان عمر يكرَهُها، فقال لي: <طلقها>، فأبيت، فأتى عمرُ النبيَّ ﷺ، فذكرَ ذلك له، فقال النبي ﷺ: <طلِّقها>»**. رواه أبو داود، والترمذي، وقال: **حديث حسن صحيح**.

336. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مېنىڭ بىر ئايالىم بار ئىدى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق دادام ئايالىمنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭلاشقا ماڭا: <ئايالىڭنى تالاق قىلىۋەت!> دېدى. مەن تالاق قىلغىلى ئۇنىمىدىم. دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىغا

---

① ئەسبەھانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2517 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى سۆزلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <ئايالىڭنى تالاق قىلىۋەت!> دېدى». [1]

**337. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، أن رجلاً أتاه فقال: «إن لي امرأةً وإن أمي تأمُرني بطلاقها؟». فقال: «سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <الوالِدُ أوسَطُ أبوابِ الجنة، فإن شئتَ فأضِعْ ذلك الباب أو احفظه>». رواه الترمذي، وقال: حديث حسن صحيح .**

337. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «مېنىڭ بىر ئايالىم بار، بىراق ئانام مېنىڭ ئۇنى قويۇۋېتىشىمنى تەلەپ قىلدى» دېگەنىدى، ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلىش ئىنساننى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان ئىشىكلەرنىڭ (سەۋەبلەرنىڭ) ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا خالىساڭ ئۇ ئىشىكنى بۇزۇۋەتكىن، خالىساڭ ئۇنى مەھكەم ساقلىغىن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى. [2]

**338. وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: «أوصاني رسولُ اللَّه ﷺ، بعشر كلمات، قال: <لا تُشرك باللَّه شيئاً وإن قُتِّلتَ وحُرِّقتَ، ولا تعصي والديك وإن أمَراك أن تخرجَ من أهلِكَ ومالِك>».رواه أحمد، والطبراني، صحيح الترغيب: 569.**

338. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا 10 سۆز بىلەن ۋەسىيەت قىلىپ: <ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلما ۋە ئاتا ـ ئاناڭ سېنى ئايالىڭدىن ۋە مېلىڭدىن... ئايرىلىشقا بۇيرۇسىمۇ، ئاتا ـ ئاناڭغا ئاسىي بولمىغىن> دېدى». [3]

**339. وعن أميمة مولاة رسولِ اللَّه ﷺ، قالت: كنتُ أصبُّ على رسول اللَّه ﷺ وضوءَه، فدخل رجلٌ فقال: «أوصني»، فقال: «لا تُشرك باللَّه شيئاً وإن قُطِّعت وحُرِّقتَ بالنار، ولا تَعصي والديك، وإن أمراك أن تخلّى من أَهلِك ودنياك فتخلَّ». رواه الطبراني، صحيح**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان ۋە تىرمىزى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 569 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

الترغيب: 570.

339. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازاد قىلىنغۇچىسى قىلىنغان چۆرىسى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاھارىتىگە سۇ تەييارلاپ بېرىۋاتقان ئىدىم. بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ماڭا نەسىھەت قىلغان بولسىلا» دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «پارچە-پارچە قىلىنساڭمۇ، ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلما. ئاتا-ئاناڭ سېنى ئائىلەڭدىن ۋە مال-مۈلكۈڭدىن ئايرىلىشقا بۇيرۇسا، ئاتا-ئاناڭغا ئاسىي بولما» دېدى.[1]

الله تائالانىڭ غەزىپى ۋە ئاتا-ئانىنىڭ نارازىلىقىدىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. الله تائالادىن بىزلەرنى سىلە-رەھىمنى ئۇلايدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى سورايمىز! شەك-شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىگە بەكمۇ يېقىندۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 570- نومۇرلۇق ھەدىس.

# 5 ـ باب

## پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

بالىسىغا ئەدەپ ئۆگىتىش، ئىلىم ئۆگىتىش، نەسىھەت قىلىش، مېھرىبانلىق قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ۋە بالىلىرىغا ھەدىيە بەرگەندە ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش... قاتارلىقلار پەرزەنتلەرنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.①

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ﴾ «يېقىن خىش ـ ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللَّهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: ‹ئى ئوغۇلچىقىم، الله قا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور

① بالىلارغا بىرنەرسە بەرگەندە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋالغا قاراپ تەڭشىسە بولىۋېرىدۇ، الله خالىسا بۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما ھەدىيە بەرگەندە قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باراۋەر بولۇش ۋاجىبتۇر. ئەگەر ھەممىسىگە بېرىشكە تاقىتى يەتمەي بىرىگە بېرىش توغرىلىشىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا بېرىلمىگەنلەردىن رۇخسەت سوراش ۋە كەچۈرۈم سوراش لازىم. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

② سۈرە تاھا 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە شۇئەرا 214 ـ ئايەت.

گۇناھتۇر› دېدى»[1].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿يَا بُنَيَّ إِنَّهَا إِنْ تَكُ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ فَتَكُنْ فِي صَخْرَةٍ أَوْ فِي السَّمَاوَاتِ أَوْ فِي الْأَرْضِ يَأْتِ بِهَا اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ لَطِيفٌ خَبِيرٌ ۞ يَا بُنَيَّ أَقِمِ الصَّلَاةَ وَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ وَانْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَاصْبِرْ عَلَى مَا أَصَابَكَ إِنَّ ذَلِكَ مِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ ۞ وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ ۞ وَاقْصِدْ فِي مَشْيِكَ وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ إِنَّ أَنْكَرَ الْأَصْوَاتِ لَصَوْتُ الْحَمِيرِ ۞﴾** «(لوقمان ئېيتتى): ‹ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ﷲ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ﷲ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر [16]. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر [17]. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ﷲ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ [18]. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ يېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر› [19]»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**❖ پەرزەنتلەر ئامانەتتۇر، ئاتا بولغان كىشى ئۇلارنىڭ ھەقلىرىدىن سورىلىدۇ**

**340. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «كُلُّكُم راعٍ وكلُّكم مسؤولٌ عن رعيته؛ الإمامُ راعٍ ومسؤولٌ عن رعيَّتِه، والرَّجلُ راعٍ في أهلِه ومسؤولٌ عن رعيته، والمرأةُ راعيةٌ في بيتِ زوجِها ومسؤولة عن رعيتها، والخادمُ راعٍ في مالِ سيِّده ومسؤول**

[1] سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت.

[2] سۈرە لوقمان 16 ـ ئايەتتىن 19 ـ ئايەتكىچە.

عن رعيته، فكلكم راعٍ ومسؤولٌ عن رعيَّتِه». متفق عليه.

340. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە سىلەر ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. خەلىپىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆيدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ؛ خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرىدىن سورىلىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەر ئۆز پاداڭلاردىن سورىلىسىلەر».[1]

341. وعن ابن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «كفَى بالمرءِ إثماً أن يُضيِّعَ من يقوت». رواه أحمد، وأبو داود، والحاكم، صحيح الجامع: 273.

341. ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بولغان كىشىلەرنىڭ خىراجىتىنى قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر».[2]

### ❖ بالىنىڭ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ھەقلىرى

بالا ئۇچۇن دىندار، سالىھ ۋە ئەخلاقلىق ئانا تاللاش بالىنىڭ ئاتا ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.[3]

342. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «تُنكَحُ المرأةُ لأربع: لمالِها، ولحسَبِها، وجمالِها، ولدينها، فاظفَرْ بذاتِ الدين تربت يداك». متفق عليه.

342. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئايال كىشىگە مۇنداق تۆت تەرەپىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆيلىنىدۇ: مېلى، نەسەبى، ھۆسن ـ جامالى ۋە دىنى. سەن دىيانەتلىك ئايالنى تاللىغىن، شۇنداق قىلساڭ قولۇڭ توپىغا مىلىنىدۇ (قىلغان ئەمگىكىڭگە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] ئاتىلار بالىلىرىنى ياخشى بولغان ئىسلامىي تەربىيىدە تەربىيىلەشنى ئويلايدۇ، ئەمما بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللىماسلىق سەۋەبى بىلەن بۇ ئارزۇلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ.

مەنپەئەت يوقىدۇ)».①

343. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «الدُّنيا متاعٌ وخيرُ متاعِ الدنيا المرأةُ الصالحة». مسلم.

343. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ۋاقىتلىق نېئمەتتۇر، دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى سالىھ ئايالدۇر».②

344. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت:قال رسول اللَّه ﷺ : «تخيَّروا لِنُطَفِكُم، فأنكحوا الأكفاءَ، وأَنكِحوا إليهم». رواه ابن ماجه، والحاكم، والبيهقي، صحيح الجامع: 2928.

344. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارغا لايىق ئاياللارنى تاللاڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىن ئۆيلىنىڭلار ۋە قىزىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياتلىق قىلىڭلار».③

345. وعن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «يا رسولَ اللَّه أيُّ المالِ نتخذ؟»، فقال: «ليتخذْ أحدُكم قَلْباً شاكراً، ولساناً ذاكراً، وزوجةً مؤمنةً تُعين أحدَكُم على أمرِ الآخرة». صحيح سنن ابن ماجه: 1505.

345. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى تۈردىكى پۇل-مالنى ساقلايمىز؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «شۈكۈرچان قەلب، الله نى زىكىر قىلغۇچى تىل ۋە دىنىڭلاردا ياردەمچى بولىدىغان مۆئمىن ئايالنى ساقلاڭلار» دەپ جاۋاب بەردى.④

**• ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئىلگىرى بىسمىللاھ دېيىش ۋە الله قا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلەش ــ بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

④ ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**346. عن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال النبي ﷺ: أما لو أنَّ أحدَهم يقولُ حينَ يأتي أهلَه: بِسمِ اللَّه، اللَّهمَّ جَنِّبني الشيطانَ، وجنِّبِ الشيطانَ ما رزَقتَنا، ثم قُدِّرَ بينهما في ذلك، أو قُضيَ ولدٌ، لم يضرَّهُ شيطانٌ أبداً. متفق عليه.**

346. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئايالى بىلەن بىرگە بولماقچى بولغاندا: <الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئى الله! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن پەرزەنتىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن!> دېسە، شۇ قېتىمقى بىللە بولۇشتا الله پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا، شەيتان ئۇ بالىغا زىيان سالالمايدۇ».[①]

**● ئانا ھاملدار مەزگىلدە ئانىغا ھارامنى يېگۈزمەسلىك ــ بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر[②]**

**347. عن جابرٍ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يدخلُ الجنَّةَ لحمٌ نَبتَ من السُّحتِ، وكلُّ لحمٍ نبتَ من السُّحتِ كانت النارُ أولى به». أخرجه أحمد، والدارمي، والبيهقي في شعب الإيمان.**

347. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ئوزۇقلىنىش نەتىجىسىدە ئۆسكەن گۆش جەننەتكە كىرمەيدۇ. ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆش دوزاخقا ئەڭ لايىقتۇر».[③]

**348. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن اللَّه طيبٌ لا يقبلُ إلا طيباً، وإن اللَّه أمرَ المؤمنين بما أمرَ به المرسلين: ﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا﴾، وقال: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾. ثم ذَكرَ الرجلَ: «يُطيلُ السَّفرَ؛ أشْعَثَ أغبرَ، يَمدُّ يدَيه إلى السماءِ: <يا ربِّ! يا رب!> ومَطعمُه حرامٌ، ومشرَبُه حرامٌ، وملبَسُه حرامٌ، وغُذِّيَ بالحرامِ، فأنَّى يُستجابُ لذلك؟!» مسلم.**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] بالا ئاتىسىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدۇر. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ياكى تۇغۇلۇپ بولغاندا بولسۇن، ئاتا ئۇنىڭغا الله تائالادىن ھالال رىزىق سورىشى ۋە ھارام يولدىن تائام بەرمەسلىكى لازىم، چۈنكى ھارامدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بەدەنگە الله تائالا بەرىكەت بەرمەيدۇ.

[③] ئەھمەد، دارىمى ۋە بەيھەقى توپلىغان.

348. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله پاكتۇر، پاك نەرسىنىلا (ھالالنى) قوبۇل قىلىدۇ. الله مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان ئىشقا بۇيرۇدى. الله تائالا پەيغەمبەرلەرگە: <ئى ئەلچىلەر! ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار>[1] دېسە، مۇئمىنلەرگە: <ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار>[2] دېدى». ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ ئادەم (ھەج ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن) ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدۇ ۋە چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز-كۆزىنى توپا-چاڭ باسقان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: <ئى رەببىم! ئى رەببىم!> دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ئادەمنىڭ يېمەك-ئىچمىكى، كىيىم-كېچىكى ھارامدىن بولغان ۋە (ۋۇجۇدى) ھارام (تائام) بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟!» دېدى.[3]

**349. وعن عائشةَ رضي اللَّه عنها، قالت: «كانَ لأبي بكرٍ غُلامٌ يُخرجُ له الخَراجَ، فكان أبو بكرٍ يأكُلُ من خَراجِه، فجاءَ يوماً بشيءٍ، فأكلَ منه أبو بكرٍ، فقال له الغلامُ: <تَدري ما هذا؟>، فقال أبو بكرٍ: <وما هو؟>. قال: <كنتُ تكهَّنتُ لإنسانٍ في الجاهليَّةِ، وما أُحسِنُ الكهانَةَ إلا أنِّي خدعتُه، فلقيَني فأعطاني بذلك؛ فهذا الذي أكلتَ منهُ!> قالت: فأدخلَ أبو بكرٍ يدَهُ، فقاءَ كلَّ شيءٍ في بطنِه».البخاري.**

349. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇ تاپقان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇراتتى، ئەبۇبەكرى شۇنى خىراجەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئەبۇبەكرى خىزمەتكارى ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن يېدى. ئۇ بالا: <بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟> دەپ سورىدى، ئەبۇبەكرى: <ئۇ قانداق كەلگەن؟ > دېدى. ئۇ بالا: <مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە كاھىنلىقتىن

[1] سۈرە مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 172 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

تۇزۇك خەۋىرىم يوق تۇرۇپ بىر كىشىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا كاھىنلىق قىلىپ بەرگەن ئىدىم. بۈگۈن شۇ كىشى ئۇچراپ قېلىپ بۇ نەرسىنى شۇ چاغدىكى كاھىنلىقىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بەرگەنىدى، سەن شۇ نەرسىنى يېدىڭ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى ئاغزىغا تىقىپ قورسىقىدىكى ھەممە نەرسىنى قۇسۇۋەتتى».[1]

## ❖ بالىنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ھەقلىرى

بالا تۇغۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش، خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇش، يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسىنى قىلىش، چىرايلىق ئىسىم قويۇش ۋە چېچىنى چۈشۈرۈش — بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

350. عن أبي رافع رضي اللّه عنه، قال: «رأيتُ رسولَ اللّه ﷺ أذَّن في أُذُنِ الحسَن بن علي، حين ولدتهُ فاطِمةُ بالصَّلاةِ». رواه الترمذي، صحيح سنن أبي داود: 4258.

350. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۇغقاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى نامازغا ئەزان ئوقۇغاندەك ئەزان ئوقۇغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم».[2]

351. وعن عائشة رضي اللّه عنها ،قالت: «كان رسولُ اللّه ﷺ يُؤتَى بالصِّبيانِ فيدعو لهم بالبركة، ويحنِّكُهم». رواه مسلم، صحيح سنن أبي داود: 4259.

351. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار ئېلىپ كېلىنسە، ئۇلارغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى ۋە ئېغىزلاندۇرۇپ بېرەتتى».[3]

352. وعن سلمان بن عامر الضبي رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّهﷺ: «مع الغلامِ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[3] مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

**عقيقَتُه؛ فأهريقُوا عنه دماً وأَميطوا عنه الأذى». رواه البخاري، وأبو داود، وابن ماجه، صحيح الجامع: 5877.**

352. سالمان ئىبنى ئامىر زەببى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئوغۇل بالىنىڭ ئەقىقىسى قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن قان ئېقىتىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى يوقىتىڭلار[①]». [②]

**353. وعن سمرة بن جندب رضي اللّه عنه، أن رسول اللّهﷺ، قال: «كلُّ غلامٍ رهينةٌ بعقيقتِه، تُذبَحُ عنه يوم سابعِه، ويُحلَقُ، ويُسَمَّى». صحيح سنن أبي داود: 2463.**

353. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق ئۆز ئەقىقىسى ئۈچۈن سويۇلىدىغان مالغا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلىنىدۇ، چېچى چۈشۈرۈلىدۇ ۋە ئىسمى قويۇلىدۇ». [③]

**354. وعن أمِّ كرزٍ الكعبيَّة رضي اللّه عنها، قالت: سمعتُ رسول اللّه ﷺ يقول: «عن الغلامِ شاتان مكافِئتان، وعن الجارية شاة». قال أبو داود: سمعت أحمد، قال: «أي مستويتان أو مقاربتان». صحيح سنن أبي داود: 2458.**

354. ئۇممۇ كۇرزى كەئبىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئوغۇل ئۈچۈن ئوخشاش ئىككى قوي، قىز ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دېگەن: مەن ئەھمەدنىڭ: «ئوخشاش ياكى كۆپ پەرقلەنمەيدىغان ئىككى قوي» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. [④]

**355. وعن سمرة بن جندب رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لا تُسمينَّ غُلامَكَ:**

---

[①] بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئەزىيەت يوقىتىلىدۇ. چۈشۈرۈلگەن چاچنىڭ ئېغىرلىق باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلىش سۈننەتتۇر.

[②] بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[③] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[④] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يساراً، ولا رَباحاً، ولا نجيحاً، ولا أفلحَ». مسلم.

355. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «بالاڭغا <يەسار، رەباھ، نەجىھ، ئەفلەھ> دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويمىغىن» دېگەن.①

356. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنهما: «أنَّ ابنةً لعمر كان يُقالُ لها: <عاصيَة>، فسمَّاها رسولُ اللَّه ﷺ <جميلة>». أخرجه الترمذي، وابن ماجه.

356. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ <ئاسىيە> دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىزى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئىسمىنى <جەمىلە> گە ئۆزگەرتىپ قويغان».②

357. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه: «أن زينب بنتَ أبي سلَمَة كان اسمُها برَّة ، فقيلَ: <تُزكِّي نفسَها> فسمَّاها رسولُ اللَّه ﷺ زينَب». متفق عليه.

357. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەپنىڭ ئىسمى ئەسلىدە بەررە (ئېھسان قىلغۇچى) ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ <بەررە بۇ ئىسىم بىلەن ماختىنىدىكەن> دېگەن گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى <زەينەپ> كە ئۆزگەرتىۋەتكەن».③

358. وفي رواية عند مسلم: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا تُزكُّوا أنفسَكُم؛ اللَّه أعلمُ بأهلِ البرِّ منكم»، فقالوا: «بِمَ نُسمِّيهَا؟». قال: «سمُّوها زينب».

358. «سەھىھ مۇسلىم» دا مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆزۈڭلارنى پاك ھېسابلىماڭلار، الله سىلەردىن پاك كىشىلەرنى ياخشى بىلىدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر: «بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟» دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى <زەينەپ> دەپ ئاتاڭلار» دېگەن.

359. وعن شُريح بن هانئ رضي اللَّه عنه: «أنَّ النبيَّ ﷺ سمِعَ قوماً يُسمون رجلاً منهم عبد الحَجَر، فقال النبي ﷺ: <ما اسمُك؟>، قال: <عبد الحجر!>. قال: <لا، أنت عبدُ اللَّه>».

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن، «صحيح الترغيب» 1981- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

صحيح الأدب المفرد: 623.

359. شۇرەيھ ئىبنى ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر قەۋمنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بىر كىشىنى <ئابدۇلھەجەر> دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىدىن: <ئىسمىڭ نېمە؟> دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: <ئابدۇلھەجەر> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ياق، سېنىڭ ئىسمىڭ ئابدۇللاھ بولسۇن> دېدى». [①②]

360. وعن عائشة رضي اللَّه عنها: «أن رسولَ اللَّه ﷺ كان يُغيِّرُ الاسمَ القبيحَ». أخرجه الترمذي، صحيح الترغيب: 1980.

360. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ سەت ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى». [③]

361. وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: «وُلد لرجلٍ منا غلامٌ فسمَّاهُ <القاسمَ>، فقلنا: <لا نُكنيكَ أبا القاسم>، ولا كرامةَ فأخبرَ النبيَّ ﷺ ، فقال: <سمِّ ابنَكَ عبد الرحمن>». البخاري.

361. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئارىمىزدىن بىر كىشى يېڭى تۇغۇلغان ئوغلىغا <قاسىم> دەپ ئىسىم قويغانىدى. بىز ئۇ كىشىگە: <بىز سېنى ئەبۇلقاسىم دېگەن كۇنىيەت بىلەن چاقىرمايمىز ۋە ئۇ كۇنىيەتنىڭ سەۋەبلىك سېنى ھۆرمەتلىمەيمىز> دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئوغلۇڭغا ئابدۇراھمان دەپ ئىسىم قويغىن> دېدى». [④]

362. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لا تجمعوا بين اسمي وكنيتي؛

---

① «صحيح الأدب المفرد» 623 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دېگەن: بالىلارغا ئىسىم تاللىغاندا «گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن خالىي، الله قا ئاسىي بولغان ۋە شېرىك كەلتۈرگەن» دېگەندەك مەنىلەردىكى ئىسىملاردىن يىراق تۇرۇش ۋە مەنىسى ياخشى بولغان ئىسىملارنى تاللاشقا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. مانا بۇ ـــ ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا ئىسىم تاللىغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك شەرت ۋە قائىدىلەردۇر.

③ تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1980 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ بۇخارى توپلىغان.

أنا أبو القاسم، واللَّه يُعطي، وأنا أقسِمُ». أخرجه البخاري في الأدب المفرد، والترمذي، وابن حبان.

362. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسمىم بىلەن كۈنىيەتىمنى بىرگە قويماڭلار. مەن ئەبۇلقاسىم، الله تائالا بېرىدۇ، مەن تەقسىم قىلىپ بېرىمەن».[1]

**❖ بالىغا ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگىتىش ــــ بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

363. عن سبرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «مُروا الصبيَّ بالصلاة إذا بلغَ سبعَ سِنين، وإذا بلَغَ عشرَ سنينَ فاضربُوه عليها». صحيح سنن أبي داود: 508.

363. سەبۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار».[2]

364. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «مُروا أولادَكُم بالصَّلاةِ وهم أبناءُ سبعِ سنين، واضربُوهم عليها وهم أبناءُ عشرِ سنين، وفرِّقُوا بينهم في المضاجع». رواه أحمد، وأبو داود، والحاكم، صحيح الجامع: 586.

364. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارنى يەتتە ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان ئورنىنى ئايرىۋېتىڭلار».[3]

365. وعن أبي حفص عمر بن أبي سلمة رضي اللَّه عنه، قال: كنت غلاماً في حِجرِ رسولِ اللَّه ﷺ، وكانت يدي تَطِيشُ في الصَّحفَةِ؛ فقال لي رسول اللَّه ﷺ: «يا غلامُ سَمِّ اللَّه تعالى، وكُلْ بيمينِكَ، وكُلْ ممَّا يليكَ». فما زالت طِعمَتي بَعْدُ. متفق عليه.

365. ئەبۇ ھەفسە ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

---

[1] بۇخارى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان.

دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەربىيىسىدىكى بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قوللىرىم لېگەننىڭ مۇقىم بىر يېرىدە تۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ھەي بالا! <بىسمىللاھ> دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن» دېدى. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە: «مەن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاماقنى ئەشۇ ئۇسۇلدا يەپ كەلدىم» دېگەن.[1]

366. وعن جُندب بن عبد اللّه رضي اللّه عنه، قال: «كنَّا مع النبيِّ ﷺ ونحنُ فتيانٌ؛ فتعلَّمنا الإيمانَ قبل أن نتعلَّمَ القرآنَ، ثم تعلَّمنا القُرآنَ فازدَدْنا به إيماناً». صحيح سنن ابن ماجه: 52.

366. جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان ياش يىگىتلەر ئىدۇق. بىز قۇرئاننى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئىماننى ئۆگەندۇق، ئاندىن كېيىن قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن قۇرئانىمىز بىلەن ئىمانىمىزنى كۈچەيتتۇق».[2]

367. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: كنتُ خلفَ النبي ﷺ ، فقال: «يا فتى ألا أهَبُ لك، ألا أُعلِّمُك كلمات ينفعك اللّه بهن؟ احفظ اللّه يحفظكَ، احفظ اللّه تجدهُ أمامَك، وإذا سألتَ فاسألِ اللّه، وإذا استعنْتَ فاستعن باللّه، واعلم أنَّه قد جَفَّ القلَمُ بما هو كائنٌ، واعلم بأنَّ الخلائقَ لو أرادوكَ بشيءٍ لم يُردكَ اللّه به لم يقدروا عليه، واعلم أنَّ النصرَ مع الصبرِ، وأنَّ الفرَجَ مع الكربِ، وأن مع العُسْرِ يُسراً». رواه ابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 316.

367. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا الله تائالا مەنپەئەت بېرىدىغان بىرقانچە سۆز ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ الله نىڭ بۇيرۇقلىرىغا چىڭ يېپىشقىنىكى، الله سېنى قوغدايدۇ؛ الله نى دائىم ئەسلىگىن، الله نى كۆز ئالدىڭدا تاپىسەن؛ بىرنەرسە سورىساڭ، الله تىنلا سورىغىن؛ ياردەم تىلىسەڭ، الله تىنلا تىلىگىن. بىلىپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قويغىنىكى، قەلەم ھەقىقەتەن قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنى پۈتۈپ بولدى. بىلىپ قويغىنىكى، ھەقىقەتەن خالايىقلار ساڭا بىرەر نەرسە (پايدا ياكى زىيان) يەتكۈزمەكچى بولسا، الله خالىمىسا ئۇنى يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدۇ؛ بىلىپ قويغىنىكى، ھەقىقەتەن غەلىبە ۋە نۇسرەت سەۋر بىلەن قولغا كېلىدۇ، ئۇتۇق قازىنىش ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بىلەن بولىدۇ. ھەربىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق بار» دېدى.①

**368. وعن جابر رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ، قال: «إذا كان جُنْحُ الليلِ فَكُفُّوا صبيانَكُم؛ فإن الشياطينَ تنتشرُ حِينئذٍ، فإذا ذهبت ساعةً من العِشَاء فخلُّوهُم». متفق عليه.**

368. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قاراڭغۇ چۈشكەندە بالىلىرىڭلارنى سىرتقا قويۇۋەتمەڭلار، چۈنكى شەيتان شۇ چاغدا تارقىلىدۇ. خۇپتەندىن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭلار بولىدۇ».②

**369. وعنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «كُفُّوا صبيانَكُم عند العِشَاءِ؛ فإن للجنِّ انتشاراً وخَطَفَةً». رواه أبو داود، صحيح الجامع: 4492.**

369. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كەچ كىرگەندە بالىلىرىڭلارنى قويۇۋەتمەڭلار، چۈنكى جىنلار شۇ ۋاقىتتا تارقىلىدۇ ۋە تېزلا (بالىلارنى) ئېلىپ كېتىدۇ».③

**370. وعن أبي سعيد رضي اللّه عنه، وابن عباس، قالا: قال رسولُ اللّه ﷺ: «من وُلِدَ لهُ ولدٌ، فليُحسِن اسمه وأدَبَه، فإذا بلغَ فليُزوِّجْه، فإن بلَغَ ولم يزوجْهُ فأصابَ إثماً فإنما إثمُه على أبيه». رواه البيهقي في شُعَب الإيمان، مشكاة المصابيح: 3138.**

370. ئەبۇ سەئىد ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمنىڭ بالىسى تۇغۇلسا چىرايلىق ئىسىم قويسۇن ۋە ياخشى ئەدەپ ئۆگەتسۇن. بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنى

---

① ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «صحيح الجامع» 4492- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۆيلەپ قويسۇن. ئەگەر بالا بالاغەتكە يېتىپ ئۆيلەپ قويۇلماي گۇناھ قىلىپ قالسا، بالىنىڭ گۇناھى ئاتىسىغا بولىدۇ».[1]

**• خىراجەت ۋە ھەدىيە بېرىشتە بالىلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش ۋە ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا (مىراس ھەققىدە) بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلماسلىق[2] بالىلارنىڭ ئاتىلىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

371. عن النُّعمان بن بشير رضي اللَّه عنه، قال: «أنحلَني نُحْلاً، فقالت له أُمي عَمرةُ بنت رواحة: <إئت رسولَ اللَّه ﷺ فأشهِدْه>، فأتى النبيَّ ، فأشهدَه فذكرَ ذلك له، فقال: <إني نحلْتُ ابني النُّعمانَ نُحْلاً، وإنَّ عَمرةَ سألتني أن أُشهدَك على ذلك>، قال: <فكلُّهُم أعطيتَ مِثلَ ما أعطيتَ النعمانَ؟> قال: <لا!>. قال: <هذا جورٌ>.

ومن رواية مغيرة: <أليسَ يَسرُّكَ أن يكونوا لك في البرِّ واللطفِ سواء؟>، قال: <نعم>، قال: <فأشهِدْ على هذا غيري>

وذكر مجالد في حديثه: <إن لهم عليكَ من الحقِّ أن تعدلَ بينهم، كما أن لكَ عليهم من الحقِّ أن يبروكَ>». صحيح سنن أبي داود: 3026.

371. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «دادام بەشىر ماڭا ھەدىيە بېرىۋېدى، ئانام ئەمرە (راۋەھەنىڭ قىزى) دادامغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى گۇۋاھچى قىلىڭ> دېدى. دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <مەن ئوغلۇم نۇئمانغا بىر ھەدىيە بەرگەنىدىم، ئايالىم ئەمرە بۇ ئىشقا سىلىنى گۇۋاھ قىلىشىمنى ئېيتتى> دېۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بالىلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە نۇئمانغا بەرگەنگە ئوخشاش بەردىڭمۇ؟> دەپ سورىدى. دادام: <ياق> دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنداقتا، بۇ زۇلۇمدۇر> دېدى.

مۇغىيرەنىڭ نەقىلىدە: <بالىلىرىڭنىڭ ساڭا ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق

---

[1] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «مشكاة المصابيح» 3138 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] شەرىئەت مىراسخورلارنىڭ ھەققىگە كاپالەتلىك قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىش ھاجەتسىزدۇر. ئەگەر ۋەسىيەت قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، مىراسخورلاردىن باشقا كىشىلەرگە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ قويسا بولىدۇ. ناۋادا قالدۇرۇلغان ۋەسىيەتتە ئادىلسىزلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلار بولۇپ قالسا، مىراس قالدۇرغۇچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ.

قىلىشتا باراۋەر بولۇشى، سېنى خۇرسەن قىلامدۇ؟> دەپ سورىدى، دادام: <هەئە> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ ئىشقا مەندىن باشقا كىشىنى گۇۋاھ قىلغىن> دېدى.

مۇجالىدىنىڭ نەقىلىدە: «ئۇلارنىڭ ساڭا ياخشىلىق قىلىشى سېنىڭ هەققىڭ بولغىنىدەك، سېنىڭمۇ ئۇلارغا ئادىللىق قىلىشىڭ ئۇلارنىڭ هەققىدۇر» دەپ كەلگەن.①

**372. ومن رواية جابر رضي الله عنه: قال رسولُ الله ﷺ: «له إخوةٌ؟»، فقال: «نعم!». قال: «فكلُّهم أعطيتَ ما أعطيتَهُ؟»، قال: «لا!». قال: «فليس يَصلُحُ هذا، وإنِّي لا أَشهدُ إلا على حقٍّ». رواه مسلم، صحيح سنن أبي داود: 3029.**

372. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەقىلىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بارمۇ؟» دەپ سورىدى، دادام: «هەئە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنىڭ هەممىسىگە نۇئمانغا بەرگەندەك بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، دادام: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، مەن پەقەت هەق ئىشقىلا گۇۋاھ بولىمەن» دېدى.②

**373. وعن النعمان بن بشير رضي الله عنه، قال: قال رسول الله ﷺ: «اعدِلُوا بين أولادِكُم، اعدلوا بين أبنائِكم». مسلم.**

373. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىڭلار».③

**374. وعنه، قال: «اعدِلوا بينَ أولادِكُمْ في النُّحَلِ، كما تُحبونَ أن يَعدِلوا بينكم في البرِّ واللُّطفِ». أخرجه الطبراني، صحيح الجامع: 1046.**

374. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭلارنىڭ سىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.

كۆيۈنۈشتە ئادىللىق قىلىشىنى ياخشى كۆرگىنىڭلاردەك، ھەدىيە بېرىشتە بالىلىرىڭلار ئارىسىدا ئادىل بولۇڭلار».[①]

375. **وعن أبي أمامة رضي اللّه عنه، قال: «سمعت رسولَ اللّه ﷺ، يقول: <إنَّ اللّه قد أعطى كُلَّ ذي حَقٍّ حَقَّه، فلا وصيَّةَ لوارثٍ>». صحيح سنن أبي داود:** 2494.

375. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله بارلىق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق بەردى، شۇڭا مىراسخورغا (مىراس ھەققىدە) ۋەسىيەت قالدۇرۇش ئىناۋەتسىزدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم».[②]

376. **وعن أنسٍ رضي اللّه عنه، قال: «كان مع رسولِ اللّه ﷺ رجلٌ، فجاء ابن له فقبَّلَهُ وأجلسَهُ على فَخِذه، ثم جاءت بنتٌ له فأجلَسها إلى جنبه، قال: فهلاَّ عدَلْتَ بينهما». أخرجه الطحاوي في شرح المعاني، وغيره، السلسلة الصحيحة:** 3098

376. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر كىشى بىرگە تۇراتتى. ئۇ كىشىنىڭ ئوغلى كەلدى، ئۇ ئوغلىنى سۆيۈپ يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ قىزى كېلىۋېدى، ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. پەيغەمبەر ﷺ: <نېمە ئۈچۈن ئىككى بالاڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلمايسەن؟>[③] دېدى».[④]

### ❖ قىزلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنىڭ پەزىلىتى

377. **عن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «من ابتُلِي من هذه البنات بشيء، فأحسَن إليهنَّ، كُنَّ له سِتراً من النار». متفق عليه.**

377. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[①] تەبەرانى توپلىغان.

[②] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] بۇ ــ «نېمە ئۈچۈن ئوغلۇڭنى سۆيۈپ يوتاڭدا ئولتۇرغۇزغاندەك، قىزىڭنىمۇ سۆيۈپ يەنە بىر يوتاڭدا ئولتۇرغۇزمايسەن؟» دېگەنلىكتۇر. ھەتتا سۆيۈپ قويۇش ۋە كۆيۈنۈشتە قىز ـ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

[④] تەھاۋى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3098 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇنداق دېگەن: «قىز پەرزەنت ئاتا قىلىنغان كىشى قىزلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن بولسا، قىزلىرى ئۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ».①

378. **وعن جابر، عن النبيِّ ﷺ، قال: من عالَ ثلاثاً من بناتٍ يكفيهنَّ، ويرحمُهُنَّ، ويُرفِقُ بهنَّ، فهو في الجنَّة»**. رواه أحمد وأبو علي، والبزار، سلسلة الأحاديث الصحيحة: 2492.

378. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۈچ قىز بالىنى بېقىپ ئۇلارنىڭ چىقىمىغا ئىگە بولسا، كۆيۈنسە ۋە مېھرىبانلىق قىلسا جەننەتتە بولىدۇ».②

379. **وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: <مَن عالَ جاريتين حتى يُدرِكا، دخَلْتُ أنا وهو الجنَّة كهاتين، وضمَّ أصابعَه>»**. رواه مسلم، والترمذي، صحيح **الجامع**: 6391.

379. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى ئىككى قىزنى ھەتتا بالاغەتكە يەتكۈچە باقسا، قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن مۇشۇنداق جەننەتكە كىرىدۇ> دەپ ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى جۈپلىدى».③

380. **وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما من مُسلمٍ تُدرِكُه بنتان؛ فيُحسِنُ صُحبتَهُما إلا أدخلتاهُ الجنَّة»**. صحيح الأدب المفرد: 57.

380. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، قىزلىرىغا ياخشى ھەمراھ بولغان بولسا، ئىككى قىزى ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».④

381. **وعنه، عن النبي ﷺ قال: «سوُّوا بين أولادكُم في العَطيَّة، فلو كنتُ مُفضلاً أحداً لفضَّلتُ النِّساءَ»**. أخرجه سعيد بن منصور، والبيهقي.

381. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② ئەھمەد، ئەبۇ ئەلى ۋە بەززار توپلىغان.
③ مۇسلىم ۋە تىرمىزى توپلىغان.
④ «صحيح الأدب المفرد» 57- نومۇرلۇق ھەدىس.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالىلىرىڭلارغا بىرەر نەرسە بەرگەندە ئوخشاش بېرىڭلار. ئەگەر ئارتۇق بېرىشكە تېگىشلىك بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاياللارغا ئارتۇق بەرگەن بولاتتىم».①

382. وعن عقبة بن عامر رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا تكرهوا البنات؛ فإنهنَّ المؤنِسات الغاليات». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 3206.

382. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىزلارنى يامان كۆرمەڭلار، چۈنكى ئۇلار قىممەتلىك ئۈلپەتداشلاردۇر».②

- **قىزلارغا سالىھ ئەر تاللاپ بېرىشمۇ قىزنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُولَئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ وَيُبَيِّنُ آيَاتِهِ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ﴾ «(ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۇئمىن قۇل، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر. ئەنە شۇلار (يەنى مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار سىلەرنى) دوزاخقا چاقىرىدۇ، الله ئۆز ئىرادىسى بويىچە (سىلەرنى) جەننەتكە، مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ، كىشىلەر پەند-نەسىھەت ئالسۇن دەپ الله ئۇلارغا ئۆز ئايەتلىرىنى بايان قىلىدۇ»③.

383. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا أتاكم مَن ترضَونَ خُلُقَهُ ودينَهُ فزوِّجوه؛ إلا تفعَلُوا تَكُنْ فِتنةٌ في الأرضِ وفسادٌ عريض». صحيح سنن ابن ماجه: 1601.

383. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىيانىتى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى مەمنۇن قىلغۇدەك بىرەر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، قىزىڭلارنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىڭلار! ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە تۈگەتكۈسىز پىتنە-پاسات تېرىلىدۇ».④

---

① سەئىد ئىبنى مەنسۇر ۋە بەيھەقى توپلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3206- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ سۈرە بەقەرە 221- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

384. وعن سَهْلٍ رضي اللَّه عنه، قال: «مرَّ رجلٌ غنيٌّ على رسولِ اللَّه ﷺ ، فقال: <ما تقولون في هذا؟>، قالوا: <حريٌّ إن خَطِبَ أن يُنكَحَ، وإن شفِعَ أن يُشفَعَ، وإن قال أن يُستمعَ>. قال: ثم سكتَ، فمرَّ رجلٌ من فقراءِ المسلمين، فقال: <ما تقولون في هذا؟>، قالوا: <حريٌّ إن خَطِبَ أن لا يُنكَحَ، وإن شَفِعَ أن لا يُشفَع، وإن قالَ أن لا يُسمَعَ>. فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <هذا خيرٌ من ملءِ الأرضِ من هذا>». متفق عليه.

384. سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «باي بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ﷺ يېنىدىكىلەردىن: <بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: <ئۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر، بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، رەت قىلىنمايدۇ؛ بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى بىجا كەلتۈرۈلىدۇ؛ بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، گېپى ئۆتىدۇ> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ھېچنېمە دېمىدى. كېيىن ئۇ يەردىن بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان كىشى ئۆتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ كىشىگە قانداق قارايسىلەر؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: <بۇ بىر كەمبەغەل مۇسۇلمان. بىرىنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا قىزىنى بەرمەيدۇ؛ بىرىگە كېپىل بولسا، كېپىللىكى رەت قىلىنىدۇ؛ بىرەر ئىشقا ئارىلاشسا، ھېچكىم گېپىنى ئاڭلىمايدۇ> دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ ئادەم بايىقى ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆرمىڭلىغان كىشىلەردىن ياخشىدۇر> دېدى».[1]

385. وعن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «خيرُ النِّكاحِ أيسَرَه». صحيح سنن أبي داود: 1859.

385. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «نىكاھنىڭ ئەڭ ياخشىسى تويلۇقى ئاددىي بولغىنىدۇر».[2]

386. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسول اللَّه ﷺ: «أَنكِحُوا الأكفَاءَ، وأنكِحُوا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

إليهم». رواه ابن ماجه، والحاكم، والبيهقي، صحيح الجامع: 2928.

386. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىن[1] ئۆيلىنىڭلار ۋە قىزلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ خىلىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياتلىق قىلىڭلار!».[2]

❖ باللارغا بەددۇئا قىلىش يامان كۆرۈلىدۇ

387. قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تدعُوا على أنفُسكم، ولا تدعُوا على أولادكُم، ولا تدعوا على أموالِكم، لا تُوافِقوا من اللَّه ساعةً يُسأَلُ فيها عطاءٌ فيستجيبُ لكم». مسلم.

387. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلار، بالىلىرىڭلار، مال-دۇنيالىرىڭلارنى قارغىماڭلار. چۈنكى، ئۇ قارغىشلار الله تەرىپىدىن دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالسا، ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ».[3]

388. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَدعُوا على أنفُسكم، ولا تدعوا على أولادِكم، ولا تدعوا على خدَمِكم، ولا تدعوا على أموالِكم، لا توافقوا من اللَّه ساعةَ نَيْلَ فيها عطاء فيستجيبَ لكُم». صحيح سنن أبي داود: 1356.

388. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارنى، بالىلىرىڭلارنى، خىزمەتكارىڭلارنى ۋە مال-دۇنيالىرىڭلارنى قارغىماڭلار. چۈنكى، ئۇ قارغىشلار الله تەرىپىدىن دۇئا قوبۇل بولىدىغان ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ».[4]

❖ ئاتىنىڭ كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىسىنى ئۆلتۈرۈشى ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىندۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئًا كَبِيرًا﴾ «كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار[5].

[1] بۇنىڭدىن دىن، ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىن ئوخشاش بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
[2] ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[5] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر نامراتلىقتىن قورقۇپ ياكى نومۇس قىلىپ قىزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.

ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»[1].

**389. عن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه: «قال: <قلتُ يا رسولَ اللَّه، أيُّ الذنبِ أعظمُ؟>، قال: <أن تجعلَ للَّه نداً وهو خلقَكَ>. قلتُ: <ثم أيٌّ؟>. قال: <أن تَقتُلَ ولدَكَ من أجلِ أن يَطعمَ معَكَ>. قُلت: <ثم أيٌّ؟>. قال: <أن تُزانيَ حليلة جارِكَ>». متفق عليه.**

389. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ دىن: <قايسى گۇناھ الله نىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <الله سېنى ياراتقان تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ> دېدى. مەن: <بۇ ھەقىقەتەن ئېغىر گۇناھ، ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ> دېدى. مەن يەنە: <ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟> دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: <قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ> دېدى».[2]

**390. وفي رواية عنه: قلتُ: «ثم أيٌّ؟»، قال: «ثم أن تَقْتُلَ ولَدَكَ خشيةَ أن يَطعَمَ معكَ».البخاري. وفي رواية: «ثم أن تقتلَ ولدَكَ تخافُ أن يَطْعَمَ معَكَ».**

390. يەنە بىر نەقىلدە: مەن: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «بالاڭنى سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈشۈڭ» دېدى.[3]

يەنە بىر نەقىلدە: «سەن بىلەن بىللە تاماق يېيىشتىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈشۈڭ» دېدى.

**391. وعن المِقداد بن مَعدي كَرِبٍ رضي اللَّه عنه، أنه سمع رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «ما أطعمتَ ولدَكَ فهو لكَ صدقةٌ». صحيح الأدب المفرد: 60.**

391. مىقداد ئىبنى مەئدى كەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 31- ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بالاڭغا بەرگەن تاماق سەدىقەڭنىڭ ئورنىدىدۇر».[1]

**❖ ئاتىنىڭ بالىغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇشى ۋە مېھرىبانلىق قىلىشىنىڭ پەزىلىتى**

**392. عن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: جاء أعرابيٌّ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «أَتُقبِّلُون الصبيانَ؟ فما نقبِّلُهم!»، فقال النبيﷺ: «أوَأَملِكُ لك أنْ نَزعَ اللَّه من قلبِكَ الرحمةَ». متفق عليه.**

392. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «سىلەر كىچىك بالىلارنى سۆيۈپ قويىدىكەنسىلەر، بىز ئۇلارنى پەقەتلا سۆيمەيمىز» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله قەلبىڭدىن رەھىم-شەپقەتنى تارتىۋەتكەن بولسا، مەن ساڭا ئۇنى بېرەلەمدىمەن» دېدى.[2]

**393. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «قبَّلَ النبيُّ ﷺ الحسنَ بن علي رضي اللَّه عنهما، وعندهُ الأقرعُ ابن حابِسٍ، فقال الأقرع: <إنَّ لي عشرَةً من الولدِ ما قبَّلتُ منهم أحداً>، فنظر إليه رسولُ اللَّه ﷺ فقال: <من لا يَرحَم لا يُرحَم>». متفق عليه.**

393. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بار ئىدى. ئەقرەئ: <مېنىڭ 10 بالام بار، مەن ئۇلاردىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: <رەھىم-شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم-شەپقەت قىلىنمايدۇ> دېدى».[3]

**394. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه: «أخذَ النبيُّ ﷺ إبراهيمَ فقبَّلَه وشمَّهُ». البخاري.**

394. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر

[1] «صحيح الأدب المفرد» 60- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ سۆيۈپ قويدى». [1]

395. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: «ما رأيتُ أحداً أشبهَ برسولِ اللَّه ﷺ من فاطمة كرَّمَ اللَّه وجهها؛ كانت إذا دخلت عليه قامَ إليها فأخذَ بيدها وقبَّلَها وأجلَسَها في مجلِسه، وكان إذا دخلَ عليها قامت إليه، فأخذت بيده فقبَّلتهُ وأجلَسَتْهُ في مجلِسِها». صحيح سنن أبي داود: 4347.

395. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ بەك ئوخشايدىغان يەنە بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. الله تائالا ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلۇق قىلسۇن! فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كىرسە، پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرسە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى». [2]

396. وعن البراء رضي اللَّه عنه، قال: «دخلتُ مع أبي بكر أوَّل ما قدِمَ المدينة، فإذا عائشةُ ابنتُه مُضْجَعَةً قد أصابتْها حُمَّى، فأتاها أبو بكرٍ، فقال لها: <كيف أنت يا بُنيَّة؟> وقبَّلَ خدَّها». صحيح سنن أبي داود: 4351.

396. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قىزىتما سەۋەبلىك يېتىپ قالغانىكەن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: <قىزىم، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟> دەپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى». [3]

397. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «كان رسولُ اللَّه ﷺ، ليُدلِعُ لِسَانَهُ للحسن بن

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

علي، فيرى الصبيُّ حُمرةَ لِسانه، فيَبْهَشُ إليه». السلسلة الصحيحة: 70.

397. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاراپ تىلىنى چىقىراتتى. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تىلىنىڭ قىزىللىقىنى كۆرۈپ، قولىنى سوزۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلەتتى». ①

398. عن أُمِّ خالد بنتِ خالد بن يعيد رضي اللَّه عنها ،قالت: «أتيتُ رسولَ اللَّه ﷺ مع أبي، وعليَّ قميصٌ أصفَرُ، قال رسول اللَّه ﷺ: <سنَهْ سَنَهْ ـ أي حسنةٌ حَسَنةٌ>. قالت: فذهبتُ ألعَبُ بخاتَمِ النبوَّةِ فزَبَرَني أبي ـ أي زجرني ونهاني ـ قال رسولُ اللَّه ﷺ: <دَعْها>». البخاري.

398. خالىد ئىبنى يەئىدنىڭ قىزى ئۇممۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن دادام بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردىم، مېنىڭ ئۇستۇمدە سېرىق كۆڭلەك بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <سەنەھ، سەنەھ> (ئابدۇللاھ <سەنەھ، سەنەھ> نى، ھەبەشچە <چىرايلىق دېگەن> بولىدۇ> دېگەن)> دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى ئويناشقا باشلىغانىدىم، دادام مېنى سىلكىشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتكىن!> دېدى». ②

399. وعن أنسِ ابنِ مالك رضي اللَّه عنه، قال: «إنْ كان النبيُّ ﷺ ليُخالِطُنا حتى يقولَ لأخٍ لي صغيرٍ: يا أبا عُمَيْر، ما فعَلَ النُّغَيْرُ». البخاري.

399. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىز بىلەن كۆرۈشۈپ تۇراتتى. مېنىڭ (تومۇچۇقنىڭ بالىسىنى ئويناپدىغان) بىر ئۇكام بار بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <ئى ئەبۇ ئۇمەيىر! تومۇچۇقنىڭ بالىسى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟> دەپ قوياتتى». ③

① «السلسلة الصحيحة» 70 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

400. وعنه قال: «كان أي رسول اللَّه ﷺ أرحمَ النَّاس بالعيالِ والصِّبيانِ». السلسلة الصحيحة: 2089.

400. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىلىسى ۋە بالىلىرىغا بەكمۇ كۆيۈمچان ئىدى». [1]

401. وعنه، قال: «كان رسولُ اللَّه ﷺ يمرُّ بالغُلمانِ فيُسلِّمُ عليهم، ويدعو لهم بالبركة». رواه ابن عساكر، السلسلة الصحيحة: 1278.

401. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلارغا سالام قىلاتتى ۋە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى». [2]

402. وعن بريدة رضي اللَّه عنه، قال: خطبنا رسول اللَّه ﷺ ، فأقبَلَ الحسنُ والحسَينُ عليهما قميصان أحمران، يَعثُران ويَقومان، فنزلَ فأخذَهُما فصعَد بهما، ثم قال: «صدق اللَّه ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾؛ رأيتُ هذين فلم أصبرْ»، ثم أخَذَ في الخُطبةِ. صحيح سنن أبي داود: 981.

402. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، ھەسەن ۋە ھۇسەيىن ئىككىسى قىزىل كۆينەك كىيگەن ھالىتىدە يىقىلىپ-قوپۇپ كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ مۇنبەرگە ئېلىپ چىقتى. ئاندىن: «الله تائالا: <سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە الله تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر>[3] دەپ توغرا ئېيتىدۇ. مەن بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ سەۋر قىلالمىدىم» دېدى. ئاندىن خۇتبىسىنى داۋام قىلدى. [4]

403. وعنه، قال: كان النبيُّ ﷺ يخطُبُ فجاءَ الحسن والحُسين رضي الله عنهما،

---

[1] «السلسلة الصحيحة» 2098- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1278- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] سۈرە تەغابۇن 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

**وعليهما قميصان أحمران يَعثُران فيهما، فنزلَ النبيُّ ﷺ فقطَعَ كلامَهُ، فحملَهُما، ثمَّ عادَ إلى المنبر، ثم قال: صدق الله ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾؛ رأيتُ هذينِ يَعثُرانِ في قميصَيْهِما فلم أصبرْ حتَّى قطعتُ كلامي فحملتُهما.** صحيح سنن النسائي: 1340

403. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، ھەسەن ۋە ھۇسەين ئىككىسى قىزىل كۆينەك كىيگەن ھالىتىدە يىقىلىپ-قوپۇپ كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆزىنى توختىتىپ مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ مۇنبەرگە ئېلىپ چىقتى. ئاندىن: «الله تائالا: <سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە الله تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر>[1] دەپ توغرا ئېيتىدۇ. مەن بۇ ئىككىسىنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ سەۋر قىلالماي سۆزۈمنى توختىتىپ قويۇپ، ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتىم» دېدى.[2]

404. **وعن شدَّاد بن الهاد الليثي رضي اللَّه عنه، قال: خرجَ علينا رسولُ اللَّه ﷺ في إحدى صلاتَي العشاء، وهو حاملٌ حسناً أو حسيناً، فتقدَّم رسولُ اللَّه ﷺ فوضعَهُ، ثم كبَّرَ للصلاة، فصلَّى، فسجدَ بين ظهراني صلاته سجدةً أطالها، قال أبي: فرفعتُ رأسي، وإذا الصبيُّ على ظهرِ رسولِ اللَّه ﷺ وهو ساجدٌ، فرجعتُ إلى سُجودي، فلما قضى رسولُ اللَّه ﷺ ، قال الناسُ: «يا رسولَ اللَّه! إنَّكَ سجدتَ بين ظهراني صلاتِكَ سجدةً أطلتَها! حتى ظننَّا أنه قد حدَث أمرٌ، أو أنه يُوحى إليك»، قال: «كلُّ ذلك لم يكُن؛ ولكنَّ ابني ارتَحَلَني، فكرِهتُ أن أُعَجِّلَهُ حتَّى يَقضِيَ حاجَتَهُ».** صحيح سنن النسائي: 1093.

404. شەدداد ئىبنى ھاد لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر قېتىمقى خۇپتەن نامىزىدا يېنىمىزغا ھەسەن ياكى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى يەردە قويۇپ تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. ئۇ سەجدىنى

---

[1] سۈرە تەغابۇن 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى (سەۋر قىلالماي) بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام[1] رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈمبىسىدە ھېلىقى كىچىك بالا ئولتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن سەجدىگە قايتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندا، كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەك ئۇزۇن سەجدە قىلدىڭغۇ؟ بىز <بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ياكى ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقانمىدۇ؟> دەپ ئويلىدۇق» دېيىشكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، سىلەر ئويلىغان ئىشنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدى. بۇ بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتكۈچە سەجدىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈشنى خالىمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

405. وعن البراء رضي اللَّه عنه، قال: «رأيتُ النبيَّ ﷺ والحسَنُ على عاتقِه، وهو يقول: <اللَّهمَّ إنِّي أحِبُّه فأحِبَّه>». صحيح الأدب المفرد: 63.

405. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۈرىسىدە كۆردۈم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى الله ! ھەسەننى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن> دەپ دۇئا قىلدى».[3]

406. وعن يعلى بن مُرَّة رضي اللَّه عنه ،أنه قال: «خرجنا مع النبيِّ ﷺ، ودُعِينا إلى طعام فإذا حُسين يلعبُ في الطريق، فأسرَعَ النبيُّ ﷺ أمامَ القوم، ثم بسَطَ يديه؛ فجعلَ الغلامُ يفرُّ هاهُنا وهاهُنا، ويُضاحِكُه النبيُّ ﷺ حتى أخذَه، فجعَلَ إحدى يدَيه في ذقنه والأُخرى في رأسه، ثم اعتنَقَه، ثمَّ قال النبيُّ ﷺ: <حُسينٌ مني وأنا من حُسَين، أحبَّ اللَّه من أحبَّ حُسيناً، الحُسَينُ سَبطٌ من الأسباط>». صحيح الأدب المفرد: 279.

406. يەئلا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل

---

[1] ئەگەر ئىمام نامازدا سەجدىدىن قايتمىغان بولسا، ئارقىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان كىشى «ئىمامغا بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىمامغا قاراپ، ئاندىن يەنە سەجدىگە قايتىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، «ئىمام تەكبىر ئېيتىپ، سەجدىدىن قايتىپ بولدى» دەپ ئويلاپ قېلىپ بېشىنى كۆتۈرسە، ئاندىن ئىمام تېخىچە سەجدە قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ كىشى يەنە سەجدىگە قايتىۋالسا، بۇ كىشىنىڭ نامىزى ھەم بۇزۇلمايدۇ.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] «صحيح الأدب المفرد» 63 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىنىدۇ: «بىز چاقىرىلغان بىر تائامغا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە چىققان ئىدۇق. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا ئويناۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قولىنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن ئۇياق-بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۈلدۈرۈپ ئاخىرى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى، يەنە بىر قولى بىلەن گەدىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى ۋە: ‹ھۈسەيىن مەندىن، مەن ھۈسەيىندىن. كىم ھۈسەيىننى ياخشى كۆرسە، الله ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۈسەيىن ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۇممەتكە باراۋەر› دېدى».[1]

407. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «كنَّا نصلي مع رسولِ اللّه ﷺ العشاءَ، فإذا سجدَ وثبَ الحسَنُ والحُسين على ظهرِه، وإذا رَفَعَ رأسَه أخذَهما بيده من خلفه أخذاً رفيقاً، فوضعَهُما وضعاً رفيقاً، فإذا عادَ عادا، فلمَّا صلَّى وضعهما على فخِذَيه واحداً ههنا، وواحداً ههنا. قال أبو هريرة: ‹فجِئتُه فقلتُ يا رسولَ اللّه! ألا أذهب بهما إلى أمِّهما؟›، قال: لا، فبَرِقَتْ برقَةٌ. فقال: ‹الحَقا بأُمِّكُما، فما زالا يمشيان في ضوئها حتى دخلا إلى أُمِّهما›». أخرجه الحاكم وغيره، السلسلة الصحيحة: 3325.

407. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن خۇپتەن نامىزى ئوقۇۋاتقان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدىگە بارسا ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولسا، ئۇ ئىككىسىنى ئارقا تەرىپىدىن مۇلايىملىق بىلەن تۇتۇپ يەرگە ئېلىپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە سەجدىگە بارسا ئۇ ئىككىسى يەنە شۇنداق قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇ ئىككىسىنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئىككىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟› دېدىم. شۇ ئارىدا چاقماق چاقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: ‹ئاناڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار!› دېدى. ئۇ ئىككىسى ئانىسىنىڭ

[1] «صحيح الأدب المفرد» 279- نومۇرلۇق ھەدىس.

يېنىغا كىرىپ بولغانغا قەدەر چاقماقنىڭ يورۇقلۇقى ئۆچمىگەن ئىدى». ①

408. وعن يوسف بن عبد اللّه بن سَلاَم رضي اللّه عنه، قال: «سمَّاني رسولُ اللّه ﷺ <يوسف>، وأقعدَني على حِجْرِه، ومسَحَ على رأسي». صحيح الأدب المفرد: 282.

408. يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ماڭا <يۇسۇف> دەپ ئىسىم قويغان ۋە مېنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ بېشىمنى سىلىغان ئىدى». ②

409. وعن قُرَّة بنِ إياسٍ رضي اللّه عنه: «أن رجلاً كان يأتي النبيَّ ﷺ ومعه ابنٌ له، فقال النبيُّ ﷺ: <أتُحبُّه؟>، قال: <نعم يا رسولَ اللّه، أحبَّكَ اللّه كما أُحِبُّه!> ففقدهُ النبيُّ فقال: <ما فعلَ ابنُ فلان؟>، قالوا: <يا رسولَ اللّه ماتَ!>. فقال النبيُّ لأبيه: <ألا تُحبُّ أن لا تأتيَ باباً من أبواب الجنَّة إلا وجدتَهُ ينتَظِرُكَ؟>، فقال رجلٌ: <يا رسولَ اللّه، أله خاصَّةً، أم لكلنا؟>، قال: <بل لِكُلِّكُم>». أخرجه أحمد، والنسائي، وابن حبان في صحيحه،

409. قۇررە ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى بالىسى بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىدىن: <بالاڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟> دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: <ھەئە. ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بالامنى ياخشى كۆرگىنىمدەك الله سىلىنىمۇ ماڭا ياخشى كۆرسەتسۇن> دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ: <پالانىنىڭ بالىسى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟> دەپ سورىدى، ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىشىنىڭ بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بالىنىڭ دادىسىغا: <جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرىدە بالاڭنىڭ سېنى كۈتۈشىنى ياخشى كۆرمەمسەن؟> دېۋىدى، بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىش ئۇ كىشىگىلا خاسمۇ ياكى ھەممىمىزگىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <بەلكى ھەممىڭلارغا شۇنداق بولىدۇ> دېدى». ③

410. وفي رواية للنسائي، قال: كانَ نبيُّ اللّه ﷺ إذا جلسَ جلسَ إليه نفرٌ من أصحابه،

---

① «السلسلة الصحيحة» 3325 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② «صحيح الأدب المفرد» 282 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

فيهم رجلٌ له ابنٌ صغيرٌ يأتيهُ من خلفِ ظهره فيُقعدُه بين يديه، فهلَكَ، فامتنعَ الرجلُ أن يحضُرَ الحلَقَة لذكرِ ابنه، فحَزِنَ عليه، ففقدَهُ النبيُّ ﷺ، فقال: «ماليَ لا أرى فلاناً؟»، قالوا: «يا رسولَ اللَّه! بُنَيُّه الذي رأيتَه هلَكَ»، فلقيَهُ النبيُّ ﷺ فسألَه عن بُنَيِّه؟ فأخبره أنه هلَكَ، فعزَّاهُ عليه، ثم قال: «يا فلان، أيُّما كانَ أحبُّ إليكَ أن تُمتَّعَ به عُمُرَكَ، أوْ لا تأتي غداً إلى بابٍ من أبوابِ الجنَّة إلا وجدتَهُ قد سبقَكَ إليه يفتَحهُ لك؟»، قال: «يا نبيَّ اللَّه! بل يسبِقُني إلى بابِ الجنَّةِ، فيفتَحُها لي لهو أحبُّ إليَّ». قال: «فذاكَ لك».

410. نەسائىنىڭ يەنە بىر نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ (بىرەر يەردە) ئولتۇرسا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىغا بىر بۆلۈك كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىسى بار بىر كىشى بار بولۇپ، بالىسى ئۇ كىشىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالسا، ئۇ كىشى بالىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ بالا ۋاپات بولۇپ كەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بالىسى تىلغا ئېلىنىسىلا ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، يىغىلىش سورۇنلىرىغا بارمايدىغان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ: «پالانى كۆرۈنمەيدىغۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كىشىنىڭ ھېلىقى بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ بالىسى توغرۇلۇق سورىغانىدى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە بالىسىنىڭ ۋاپات تاپقانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە تەسەللى بېرىپ: «سەن ئۆمرۈڭدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭدىن دۇنيادىلا مەنپەئەتلىنىشنى ياخشى كۆرەمسەن ياكى جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرىدە ئۇنىڭ ساڭا جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشىنى ياخشى كۆرەمسەن؟» دېدى، ئۇ كىشى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بالامنىڭ جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىشى ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «دېگىنىڭدەك بولسۇن!» دېدى.

الله تائالادىن بىزلەرنى بالىلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىدىغان، تەلىم-تەربىيىسى ۋە ئىلىم ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى؛ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ چوڭ بولغاندا بىزگە مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلىدىغان

كىشىلەردىن بولۇشنى ھەمدە ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ياخشىلىقلىرىمىز قاتارىدىن بولۇشنى سورايمىز. الله تائالا دۇئالارنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىندۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 6 ـ باب

## ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى

ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدە نۇرغۇن ھەقلىرى بار بولۇپ، ئۇلاردىن: ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى، ياخشى ئىشلاردا ئېرىگە بويسۇنۇشى، ئېرى تۆشەككە چاقىرسا باش تارتماسلىقى، ئېرى يوق ۋاقىتتا ئۆز نەپسى ۋە ئېرىنىڭ مېلىنى ياخشى ساقلىشى، شۇنداقلا ئېرىنىڭ بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە مېھرىبانلىق قىلىشى قاتارلىقلاردۇر.

الله  تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾ «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. بۇ، الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)».[1]

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجاً لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئاياللار بىلەن ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار».[2]

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾

---

[1] سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە رۇم 21 ـ ئايەت.

«ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار». [1]

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

411. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «كلُّ نفسٍ من بني آدمَ سيِّدٌ، فالرَّجُلُ سيِّدُ أهله، والمرأةُ سيِّدةُ بيتها». صحيح الجامع: 4565.

411. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر كىشى خوجايىندۇر، ئەر كىشى ئۆز ئەھلىگە خوجايىندۇر، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىگە خوجايىندۇر». [2]

412. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «كلُّكم راعٍ وكلُّكم مسؤولٌ عن رعيته، والأميرُ راعٍ، والرجلُ راعٍ على أهلِ بيته، والمرأة راعيةٌ على بيتِ زوجِها وولده، فكلُّكُم راعٍ وكلكم مسؤولٌ عن رعيَّته». متفق عليه.

412. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. ئەمىر پادىچى، ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىگە پادىچى، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراقق تارتىلىسىلەر». [3]

413. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إذا صلَّت المرأةُ خَمسَها، وصامَت شهرَها، وحَصَّنت فرجَها، وأطاعَت زوجَها، قيل لها: ادخلي الجنَّةَ من أيِّ أبوابِ الجنَّةِ شِئتِ». رواه ابن حبان في صحيحه، صحيح الجامع: 660.

413. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئەۋرىتىنى (ھارامدىن) ساقلىسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا:

---

[1] سۇرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «صحيح الجامع» 4565 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

<جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئۆزۈڭ خالىغىنىڭدىن كىرگىن> دېيىلىدۇ».[①]

**414. وعنه قال: قال رسول اللّه ﷺ: «خيرُ النساءِ التي تَسرُّه إذا نظَر، وتُطيعُه إذا أمَرَ، ولا تُخالِفُه في نفسِها ولا مالها بما يكره».** رواه أحمد، والنسائي ، والحاكم، **صحيح الجامع:** 3298.

414. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ــ قارىسا ئېرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆزىدە ۋە مال ـ مۈلكىدە ئېرى يامان كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن ئېرىگە قارشى چىقمايدىغان ئاياللاردۇر».[②]

**415. وعن كعب بن عجرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «ألا أُخبركُم بنسائِكم من أهل الجنَّةِ؟ الودودُ، العؤود التي إذا ظُلِمت قالت: هذه يدي في يدِك، لا أذوقُ غمضاً حتى تَرضى».** رواه الطبراني، **صحيح الجامع:** 2604.

415. كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ كۆيۈمچان، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ[③] ئاچچىقىدىن تېز قايتىپ، (ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن): <مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز كۆز يۇممايمەن (ئۇخلىمايمەن)> دەيدىغان ئاياللاردۇر».[④]

**416. وفي رواية قال ﷺ: «ألا أخبركم بنسائكم في الجنَّة؟ كل ودود ولود، إذا غضبت أو أُسيء إليها أو غضبَ زوجها قالت: هذه يدي في يدِكَ، لا أكتحِلُ بغمضٍ حتى ترضى». أخرجه الطبراني وغيره، السلسلة الصحيحة:** 3380.

416. يەنە بىر نەقىلدە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان،

---

[①] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[③] «زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ» دېگەن سۆزدىن ــ ئېرى ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك نەپىقىنى كەم بېرىۋاتقان ياكى كۆپ ئاياللىق بولۇپ، تەقسىماتتا ئادىللىق قىلالمايۋاتقان بولسىمۇ ئېرىنى رازى قىلغان ئايال مەقسەت قىلىنىدۇ.

[④] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كۆپ پەرزەنت تۇغقان، ئاچچىقى كەلگەندە ياكى خاپا بولغاندا ۋە ياكى ئېرى ئاچچىقلىغان ۋاقىتتا: <مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز ئۇخلىمايمەن> دەيدىغان ئاياللاردۇر». ①

417. وعن أبي أُذينة الصدفي رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «خير نسائكم الودود الولود، المواتية ،المواسية، إذا اتقينَ اللَّه، وشرُّ نسائكم المتبرِّجات المتخيلات، وهنَّ المنافقات، لا يدخل الجنة مِنهنّ إلا مثلُ الغراب الأعصم». أخرجه البيهقي في السنن، السلسلة الصحيحة: 1849.

417. ئەبۇ ئۇزەينە سەدەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، الله تىن قورقۇپ، ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ پەرزەنت تۇغقان، (ياخشى ئىشتا ئېرىگە كۆپ جېدەل قىلماي) ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ياردەملىشىدىغان ئاياللاردۇر. ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى، (جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللاردەك) زىننەتلىنىدىغان ۋە (يامان ئىشنى) خىيال قىلىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار مۇناپىق ئاياللاردۇر. ئۇلاردىن جەننەتكە كىرىدىغانلىرى (خۇددى باشقا قاغىلارغا نىسبەتەن) تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى قىزىل قاغىلارنىڭ (ئاز بولغىنىدەك) ئىنتايىن ئازدۇر». ②

418. وعن طلق بن علي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا دعا الرَّجُلُ زوجتَهُ لحاجته فلْتأْتِه وإن كانت على التنُّورِ». أخرجه النسائي، والترمذي، صحيح الجامع: 534.

418. تەلقە ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشى ئايالىنى ھاجىتىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن». ③

**❖ ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرى ناھايىتى چوڭدۇر**

① تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ نەسائى ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

419. عن معاذ رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «لو تعلمُ المرأةُ حقَّ الزوجِ، لم تقعد ما حضرَ غداؤهُ وعشاؤه حتى يَفرغَ منه». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 5259.

419. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ ھەققىنى بىلسە ئىدى، ئېرىنىڭ ئەتىگەنلىك، كەچلىك تامىقىنى ھازىرلاش ۋاقتىدا تاكى يولدىشى تامىقىنى يەپ بولمىغۇچە ئولتۇرمايتتى».①

420. وعن أبي سعيد رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «حقُّ الزوجِ على زوجتهِ أن لو كانت به قرحةٌ، فلحَسَتها ما أدَّت حقَّهُ». رواه الحاكم، صحيح الجامع: 3148.

420. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى (شۇ دەرىجىدە چوڭكى)، ئەگەر ئەر كىشىدە بىرەر جاراھەت بولسا، ئايالى ئۇنى يالىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ②».③

421. وعن أنس رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «لا يَصلُحُ لبشر أن يَسجُدَ لبشر، ولو صَلُحَ أن يسجدَ بشرٌ لبشرٍ لأمرتُ المرأةَ أن تَسجدَ لزوجها؛ من عِظَمِ حقِّه عليها، والذي نفسي بيده، لو أنَّ من قَدمهِ إلى مَفرقِ رأسِه قُرحةً تنبجِسُ بالقيحِ والصَّديد، ثم أقبلت تَلحسَهُ ما أدَّت حقَّه». رواه أحمد، والنسائي، صحيح الجامع: 7725.

421. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئىنسانغا سەجدە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر دۇرۇس بولغان بولسا، (ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا) ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم. جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەر كىشىنىڭ قەدىمىدىن باشلاپ بېشىنىڭ چاچ ئايرىمىسىغىچە جاراھەت بولۇپ، ئۇ دائىم زەرداپ ئاقتۇرۇپ تۇرسا،

① تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ھەدىستە ئەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ جاراھىتىنى يالىشى مەقسەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى بۇنى ئايال كىشى قىلالمايدۇ. ئىسلام ھېچكىمنى قىلالمايدىغان ئىشقا مەجبۇرلىمايدۇ.

③ ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاندىن ئايالى ئالدىنى قىلىپ يالىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ». ①

422. وعن زيد بن أرقم رضي اللَّه عنه، أن معاذاً قال: يا رسولَ اللَّه أرأيتَ أهلَ الكتاب يسجدون لأساقفتهم وبطارقتهم، أفلا نسجد لك؟ قال ﷺ: «لو كنت آمراً أحداً أن يسجدَ لأحدٍ لأمرتُ المرأةَ أن تسجدَ لزوجها، ولا تؤدي المرأةُ حقَّ زوجها حتى لو سألها نفسها على قَتَبٍ لأعطته». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3366.

422. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھلى كىتابلار (يەھۇدىي ۋە ناسارالار) ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پېشۋالىرىغا ۋە پوپلىرىغا سەجدە قىلىدىكەن، بىزمۇ سىلىگە سەجدە قىلمامدۇق؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن بىر ئىنساننى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم. ھەتتا ئەر كىشى تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايالى ئېرىگە ئىتائەت قىلمىغۇچە ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ». ②

423. وفي رواية عنه، قال ﷺ: «لو أمرتُ أحداً أن يسجدَ لأحد، لأمرتُ المرأةَ أن تسجُدَ لزوجها، مِن عِظَمِ حقِّه عليها، ولا تجدُ امرأةٌ حلاوةَ الإيمانِ؛ حتى تؤدِّيَ حقَّ زوجِها، ولو سألها نفسَها وهي على ظهرِ قَتَبٍ». أخرجه الحاكم، صحيح الترغيب والترهيب: 1938.

423. يەنە بىر نەقىلدە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن بىر ئىنساننى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام، ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم. ھەتتا ئەر كىشى تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى ئايالنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايال ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ». ③

① ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

424. وعن عبد اللَّه بن أبي أوفى رضـي اللَّه عنه، قال: قال رسـولُ اللَّه ﷺ: «والذي نفسُ محمـدٍ بيـده، لا تُؤدي المرأةُ حقَّ رَبها حتى تُؤدِّي حَقَّ زوجِها كُلَّه». رواه أحمد، وابن ماجه، وابن حبان في صحيحه، صحيح الجامع: 5295.

424. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئايال ئېرىنىڭ ھەممە ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك رەببىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ».[1]

425. وعن حُصين بن مُحصن رضي اللَّه عنه، قال: حدثتني عمتي قالت: أتيت رسولَ اللَّه ﷺ في بعض الحاجة، فقال: «أي هذه أذاتُ بعل؟» قلت: نعم، قال: «كيف أنتِ له؟» قالت: ما آلوه، إلا ماعجزت عنه، قال: «فانظري أين أنتِ منه، فإنما هو جنَّتُكِ ونارُكِ». رواه الطبراني في الأوسط، والحاكم، صحيح الجامع: 1509.

425. ھۇسەيىن ئىبنى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ماڭا ھامما ئاچام بەزى ھاجەتلەر سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ماۋۇ ئايالنىڭ ئېرى بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، مەن: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ: «سىز ئېرىڭىزغا قانداق ئىتائەت قىلىسىز؟» دېۋىدى. مەن: «تاقىتىم يەتسىلا ئۇنىڭغا (خىزمەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتا) سۇسلۇق قىلمايمەن» دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «سىز ئېرىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، ئۇ پەقەت سىزنىڭ جەننىتىڭىز ۋە دوزىخىڭىز»[2] دېدى.[3]

426. وعن أبي سعيدٍ الخدري رضي اللَّه عنه، قال: أتى رجلٌ بابنته إلى رسولِ اللَّه ﷺ، فقال: إن ابنتي هذه أبت أن تتزوَّجَ، فقال لها رسولُ اللَّه ﷺ: «أطيعي أباكِ»، فقالت: والذي بعثكَ بالحق لا أتزوَّجُ حتى تُخبرني ما حقُّ الزَّوج على زوجَتِه. قال ﷺ: «حقُّ الزوج على

---

[1] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] يەنى، سىز ئېرىڭىزنىڭ رازىلىقى بىلەن جەننەتكە ئېرىشەلەيسىز، ئېرىڭىزنىڭ نارازى بولۇشى بىلەن جەھەننەمنىڭ ئوتىغا كىرىسىز، شۇڭا ئېرىڭىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ.

[3] تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

زوجتِه، لو كانت به قُرحةٌ فلحستها، أو انتثرَ منخَراه صَديداً أو دماً ثمَّ ابتلعتهُ ما أدَّت حقَّه». قالت: والذي بعثك بالحق لا أتزوَّجُ أبداً، فقال ﷺ: «لا تُنكِحوهنَّ إلا بإذنهنَّ». رواه البزار، وابن حبان، صحيح الترغيب والترهيب: 1934.

426. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بىر قىزىنى باشلاپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ قىزىم ياتلىق بولغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «داداڭغا ئىتائەت قىلغىن!» دېدى. ئۇ قىز: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىگۈچە توي قىلمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرى (شۇ دەرىجىدە كۆپكى)، ئېرىنىڭ بىر يېرىدە يىرىڭلىق يارا بولسا، ئايالى شۇنى يالىسىمۇ ياكى بۇرنىنىڭ تۆشۈكى قان-يىرىڭغا توشۇپ كەتكەن بولسا، ئايالى شۇنى يۇتۇۋەتسىمۇ ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قىز: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئاياللارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەرگە بەرمەڭلار» دېدى[1].[2]

### ❖ ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ياخشىلىقىغا تانغان ئايالغا ئاخىرەتتە رەسۋالىق ۋە ئازابىنىڭ بارلىقى ھەققىدە

427. عن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال النبي ﷺ: «أُريتُ النارَ، فإذا أكثرُ أهلها النساء يكْفُرْن»، قيل: أيكفُرنَ باللَّه؟ قال ﷺ: «يَكفُرْنَ العَشِيرَ، ويكفُرن الإحسانَ، لو أحسنتَ إلى إحداهنَّ الدهرَ ثم رأت منك شيئاً، قالت: ما رأيتُ منك خيراً قط». رواه البخاري.

427. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

[1] بۇ يەردە ئەرنىڭ ھەققىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئاياللارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەرگە بەرمەڭلار» دېگەن سۆزى، ئايالنىڭ ماقۇللۇقى ۋە رازىلىقى نىكاھنىڭ دۇرۇس بولۇشىدا شەرت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

[2] بەززار ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ﷺ: «ماڭا دوزاخ كۆرسىتىلدى، قارىسام دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى كۇفرىلىق قىلىدىغان ئاياللار ئىكەن» دېدى. ساھابىلەر: «ئۇلار الله قا كاپىر بولامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېرىگە تۇزكورلۇق قىلىدۇ ۋە ئېرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرىگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلساڭمۇ، ناۋادا سەندىن بىرەر يامانلىق كۆرسە: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ» دېدى.[1]

428. وعن أسماء ابنة يزيد الأنصاريَّة رضي اللَّه عنها، قالت: مرَّ بي النبيُّ ﷺ وأنا في جَوارٍ أتراب لي، فسلَّم علينا، وقال ﷺ: «إياكنَّ وكفرَ المنعَّمين!»، فقلتُ: يا رسولَ اللَّه وما كفرُ المنعَّمين؟ قال ﷺ: «لعلَّ إحداكنَّ تطولُ أيمَتُها من أبويها، ثم يرزقها اللَّه زوجاً، ويرزقها منه ولَداً، فتغضبُ الغضبةَ فتكْفر، فتقول: ما رأيتُ منكَ خيراً قطُّ». أخرجه البخاري في الأدب المفرد، السلسلة الصحيحة: 823.

428. ئەسما بىنتى يەزىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ماڭا تەڭتۇش چۆرىلەر بىلەن بىللە ئىدىم، يېنىمىدىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە سالام قىلىپ: «ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا تۇزكورلۇق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا تۇزكورلۇق قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «بىرىڭلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئاندىن تۇل ھالەتتە ئۇزۇن ھايات كەچۈرىدۇ. ئاندىن بىرىڭلارغا الله تائالا بىر ئەرنى، ئۇنىڭدىن بىر بالىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. بىرىڭلار قاتتىق ئاچچىقلىنىپ (ياخشىلىقىقا) تۇزكورلۇق قىلىپ: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ» دېدى.[2]

429. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا ينظرُ اللَّه إلى امرأة لا تَشكُر لزوجِها، وهي لا تَستغني عنه». رواه النسائي، السلسلة الصحيحة: 289.

429. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىھاجەت بولالمايدىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا شۈكرى قىلمىغان ئايالغا الله تائالا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ».[1]

430. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إذا دعا الرجلُ امرأتَهُ إلى فراشه فأبت، فبات غَضبانَ عليها، لعنتها الملائكةُ حتى تُصبحَ». متفق عليه.

430. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئەر ئۆز ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرغاندا، ئايالى ئۇنىماي ئەر ئۇ ئايالغا غەزەپلەنگەن ھالەتتە يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ».[2]

431. وعنه قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «والذي نفسي بيده، ما من رجل يدعو امرأتَهُ إلى فراشه فتأبى عليه، إلا كان الذي في السماءِ ساخِطاً عليها، حتى يرضى عنها». رواه مسلم.

431. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەر ئايالىنى تۆشەككە چاقىرسا، ئۇ ئايال ئۇنىمىسا، تاكى ئۇ ئەر ئايالىدىن رازى بولمىغۇچە ئاسماندا قارار ئالغان زات ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىدۇ[3]».[4]

432. وعن طَلق بن علي رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا دعا الرجلُ زوجتَه لحاجته فلتأته، وإن كانت على التنُّور». أخرجه النسائي، والترمذي، صحيح الجامع: 534.

432. تەلقە ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىنى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن».[5]

[1] نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ھەدىستىكى «ئايال ئۇنىمىسا» دېگەنلىك ــ «ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان شەرئىي ئۆزرە يوق تۇرۇپ ئۇنىمىسا» دېگەنلىك بولىدۇ. كېسەل، ھەيز، نىپاسقا ئوخشاش ئېتىبارغا ئېلىنغان ئۆزرە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

[5] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

433. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «اثنان لا تجاوز صلاتُهما رؤوسَهما: عبدٌ آبِقٌ من مواليه حتى يرجِعَ، وامرأةٌ عصَت زوجَها حتى ترجِعَ». رواه الحاكم في المستدرك، صحيح الجامع: 136.

433. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشىنىڭ نامىزى باشلىرىدىن ئۆرلىمەيدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ). بىرى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل بولۇپ، تاكى ئۇ خوجايىنىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)؛ يەنە بىرى، ئېرىگە بويۇنتاۋلىق قىلغان ئايال بولۇپ، ئۇمۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)».①

434. وعن فُضالة بن عُبيد رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ثلاثةٌ لا تَسأل عنهم: رجلٌ فارقَ الجماعةَ وعصى إمامَه، وماتَ عاصياً، وأمَةٌ أو عبدٌ أبِقَ من سيِّدِهِ فماتَ، وامرأة غاب عنها زوجها وقد كفاها مؤنَة الدنيا فتبرَّجَت بعده، فلا تسأل عنهم». رواه الطبراني والحاكم، صحيح الجامع: 3058.

434. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى ھەققىدە (قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قانچىلىك ئازاب بولىدىغانلىقىنى) سورىما. بىرىنچىسى، جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئىمامغا ئاسىي بولۇپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، خوجايىنىدىن قېچىپ كېتىپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن چۆرە ياكى قۇل؛ ئۈچىنچىسى، ئېرى يېتەرلىك دەرىجىدە دۇنيا چىقىمىنى قىلىپ بېرىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا، جاھىلىيەت ئاياللىرىدەك ياسىنىۋالغان ئايال. ئۇلار ھەققىدە سورىما».②

435. وعن سعد رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ثلاثةٌ من السَّعادة، وثلاثةٌ من الشَّقاءِ، فمن السعادةِ: المرأةُ الصالحةُ، تراها فتُعجِبُكَ، وتغيبُ عنها فتأمنُها على نفسها ومالِك. ومن الشَّقاء: المرأةُ تراها فتسوؤكَ، وتحملُ لسانَها عليكَ، وإن غِبتَ عنها لم تأمَنها

---

① ھاكىم ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تەبەرانى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**على نفسِها ومالِكَ»**. رواه الحاكم، صحيح الجامع: 3056.

435. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئىش بەخت-سائادەت قاتارىدىن ۋە ئۈچ ئىش بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەخت-سائادەتنىڭ قاتارىدىن بولغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنچىسى، قارىساڭ سېنى خۇرسەن قىلىدىغان، سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ ئۇنىڭ نەپسىدىن ۋە مېلىڭدىن سېنى خاتىرجەم قىلىدىغان سالىھ ئايال. بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنچىسى، قارىساڭ ئىچىڭنى پۇشۇرىدىغان، ساڭا تىل ئۇزىتىدىغان، سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ ئۇنىڭدىن ۋە مېلىڭدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئايال».[1]

**436. وعن معاذ بن جبل رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «لا تؤذي امرأةٌ زوجَها في الدنيا، إلا قالت زوجتُه من الحور العين: لا تُؤذيه قاتلكِ اللّٰه، فإنما هو عندك دخيلٌ، يُوشِكُ أن يُفارِقَكِ إلينا»**. رواه أحمد والترمذي، صحيح الجامع: 7192.

436. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئايال بۇ دۇنيادا ئېرىگە ئازار بەرسە، ئۇ ئەرنىڭ (ئاخىرەتتىكى) ھۆر ئەيندىن بولغان ئايالى ئۇ ئايالغا: <الله ساڭا لەنەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمە، ئۇ سېنىڭ قېشىڭدا بىر مېھماندۇر. ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلىپ بىزلەرنىڭ قېشىمىزغا كېلىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالدى> دەيدۇ».[2]

**437. وعن أبي أُمامة رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «ثلاثةٌ لا تُجاوز صلاتُهم آذانَهم: العبدُ الآبِقُ حتى يرجِعَ، وامرأةٌ باتت وزوجُها عليها ساخِطٌ، وإمِامُ قومٍ وهم له كارهون»**. رواه الترمذي، صحيح الجامع: 3057.

437. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن ئاشمايدۇ (يەنى

[1] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قوبۇل قىلىنمايدۇ): 1. قاچقان قۇل قايتىپ كەلگۈچە؛ 2. ئېرى نارازى بولغان ھالەتتە كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئايال؛ 3. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمىسىمۇ ئىمام بولغۇچى كىشى». [1]

438. وعن ثوبان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أيما امرأةٍ سألت زوجَها الطلاقَ من غير بأسٍ، فحرامٌ عليها رائحةُ الجنَّةِ». رواه أحمد، وأبو داود، والترمذي، وابن ماجه، صحيح الجامع: 2706.

438. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر ئايال سەۋەبسىزلا ئېرىدىن تالىقىنى سورىسا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارام بولىدۇ (جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ)». [2]

439. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: سمعت رسول اللَّه ﷺ يقول: «أيُّما امرأةٍ وضعت ثيابَها في غير بيتِ زوجها، فقد هتكت سِترَ ما بينها وبين اللَّه». رواه أحمد، وابن ماجه، والحاكم في المستدرك، صحيح الجامع: 2710.

439. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قايسى بىر ئايال كىيىمىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا بىر ئۆيدە سالسا[3]، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزى بىلەن ﷲ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلىغان بولىدۇ». [4]

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇ يەردە ئېيتىلغان «كىيىم سېلىش» ــ ئايال كىشىنىڭ مەيلى ئەر ياكى ئايالغا ئېچىشى دۇرۇس بولمايدىغان ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئومۇملىشىپ كەتكەن يەنە بىر ئىش شۇكى، ئايال كىشىنىڭ سېتىۋېلىشنى ئويلاشقان كىيىمنى ئۆلچەپ بېقىش مەقسىتىدە مەخسۇس ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلاردا كىيىمنى سېلىشىدۇر. بۇ دۇكانلار كۆينەكنىڭ تۈگمىسىدىنمۇ كىچىك كامېرالار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، دۇكاندىكى ھەربىر ھەرىكەتنى سۈرەتكە ئالالايدۇ. ئوغرىدىن ساقلىنىش، خېرىدارلارنى كۆزىتىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئەرلەر بۇ ئاياللارغا قاراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاياللار ئۆزلىرىگە ئاگاھ بولۇشى، باشقىلارنىڭ: «بۇ ئاياللارنىڭ مەخسۇس كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيى» دېگەن سۆزلىرىگە ئالدانماسلىقى لازىم.

[4] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

440. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليس مِنَّا من خَبَّبَ امرأةً على زوجِها، أو عبداً على سيده». صحيح سنن أبي داود: 1906.

440. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالنى ئېرىگە، قۇلنى خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلىشقا قىزىقتۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس».①

441. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ: «إن إبليس يضع عرشَهُ على الماء ـ وفي رواية: البحر ـ ثم يبعث سراياه، فأدناهم منه منزلةً أعظمهم فتنةً، يجيءُ أحدُهم، فيقول: فعلتُ كذا وكذا، فيقول: ما صنعتَ شيئاً، ثم يجيء أحدُهم فيقول: ما تركتُه حتى فرَّقتُ بينه وبين امرأته، فيُدنيه منه، ويقول: نِعمَ أنتَ!». قال الأعمش: أراه قال: «فيلتزِمُه». أخرجه مسلم وأحمد، السلسلة الصحيحة:3261.

441. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىبلىس تەختىنى سۇنىڭ ئۈستىگە (يەنە بىر نەقىلدە، دېڭىزغا) ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەڭ چوڭ پىتنىگە تاشلىغىنى ئورۇن جەھەتتە ئىبلىسقا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرى كېلىپ: <مەن مۇنداق ـ مۇنداق قىلىۋەتتىم> دېسە، ئىبلىس: <سەن ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن> دەيدۇ. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ: <مەن پالانىدىن ئايرىلماي ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى ئاجراشتۇرۇۋەتتىم> دەيدۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ: <سەن نېمىدېگەن ياخشى> دەيدۇ».

ئەئمەش: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئىبلىس ئۇ بىرىنى قۇچاقلايدۇ> دېگەنمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن.②

**❖ ئايالنىڭ ئۆز مېلىنى ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن چىقىم قىلىشى ــــ ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3261 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

442. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لا يجوزُ لامرأةٍ عطيَّةٌ إلا بإذنِ زوجِها». صحيح سنن النسائي: 3518.

442. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئاتا-ئېھسان قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ».①

443. وعنه قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لا يجوزُ لامرأةٍ هِبةٌ في مالها، إذا ملَك زوجُها عصمَتَها». أي إلا بإذنه. صحيح سنن النسائي: 3517.

443. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئەرنىڭ نىكاھىدا بولسىلا، (ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز) ئۆز مېلىدىن بىرەر نەرسىنى سوۋغا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس».②

444. وعن واثلَة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ليس للمرأة أن تنتهكَ شيئاً من مالها إلا بإذنِ زوجها». السلسلة الصحيحة: 775.

444. ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز مېلىدىن بىرەر نەرسىنى بۇزۇپ-چېچىشى دۇرۇس ئەمەس».③

445. وعن أسماء رضي اللّه عنها، أن امرأةً قالت: يا رسول اللّه إن لي ضُرَّةً، فهل عليَّ جُنَاحٌ إن تشبَّعت من زوجي غير الذي يعطيني؟ فقال ﷺ: «المتشبِّع بما لم يُعطَ كلابس ثوبي زُور». متفق عليه.

445. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئايال: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بىر كۈندىشىم بار، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزۈمنى خۇشال كۆرسەتسەم ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خۇشال كۆرسەتكەن كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى تونىنى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ».[1]

**❖ نەپلە ناماز ئوقۇش، ئۆيىگە بىرەر كىشىنى كىرگۈزۈش ئەرنىڭ رۇخسىتى ۋە رازىلىقى بىلەن بولۇشى ـــ ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

446. عن أبي سعيد رضي اللَّه عنه، قال: جاءت امراةٌ إلى رسول اللَّه ﷺ ونحن عنده، فقالت: زوجي صفوانُ بن المعطَّل يضربني إذا صليت، ويفطِّرُني إذا صُمتُ، ولا يصلي الفجرَ حتى تطلعَ الشمسُ. قال: وصفوان عنده. قال: فسأله عما قالت؟ فقال: يا رسولَ اللَّه! أما قولها: يضربني إذا صليت، فإنها تقرأ بسورتين وقد نهيتها، قال: فقال له رسولُ اللَّه ﷺ: «لو كانت سورة واحدة لكفَت الناس». قال: وأما قولها: يُفطِّرُني إذا صمت، فإنها تنطلقُ تصومُ وأنا رجلٌ شاب فلا أصبر، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَصومُ المرأة إلا بإذنِ زوجها». وأما قولها: إني لا أصلي حتى تطلعَ الشمسُ، فإنَّا أهلُ بيت عُرف لنا ذاك، لا نكاد نستيقظ حتى تطلع الشمس، قال: «فإذا استيقظتَ يا صفوان فصلِّ». رواه أبو داود، وابن ماجه، وصححه الشيخ ناصر في المشكاة: 3269.

446. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئېرىم سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ناماز ئوقۇسام مېنى ئۇرىدۇ، روزا تۇتسام روزامنى بۇزدۇرۇۋېتىدۇ، بامداتنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ» دېدى. سەفۋانمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى سورىدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ <ناماز ئوقۇۋاتسام ئۇرىدۇ> دېگىنىگە كەلسەك، مەن ئۇنى توسساممۇ، ئۇ نامازنىڭ (بىر رەكئىتىدە ئۇزۇن) ئىككى سۈرە ئوقۇۋالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «(بىر رەكئەتتە) بىر سۈرە ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. سەفۋان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇنىڭ <روزا تۇتسام روزامنى بۇزدۇرۇۋېتىدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ دائىم (نەپلە) روزا تۇتۇۋالىدۇ، مەن تېخى ياش يىگىت بولغاچقا سەۋر قىلالمايدىكەنمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەرقانداق ئايال

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز (نەپلە) روزا تۇتمىسۇن» دېدى. سەفۋان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇنىڭ مېنى <بامدات نامىزىنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، (كېچىسى ئىشلەپ كەچ يېتىش بىزنىڭ) ئائىلىمىزگە ئادەت بولۇپ قالغان، شۇڭا ئەتىگىنى كۈن چىققۇچە ئويغىنالمايدىكەنمىز» دېدى. پەيغەمبەرﷺ: «ئۇنداقتا نامىزىڭنى ئويغانغان ھامان ئوقۇغىن» دېدى.[1]

**447. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «لا تصُمْ المرأةُ وبعلُها شاهِدٌ إلا بإذنه غير رمضان، ولا تأذن في بيته وهو شاهدٌ إلا بإذنه». متفق عليه.**

447. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئېرى يېنىدا بولغان ئايال كىشى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتمىسۇن ھەمدە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت بەرمىسۇن».[2]

**448. وعن علي بن أبي طالب رضي اللّٰه عنه، قال: «نهى ﷺ عن أن تُكلَّمَ النساءُ، يعني في بيوتهنّ إلا بإذنِ أزواجهنَّ». السلسلة الصحيحة: 652.**

448. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللارنىڭ ئۆيلىرىدە باشقىلارنىڭ ئۇلارغا ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز گەپ قىلىشتىن توسقان».[3]

**❖ مەقئەتكە كېلىشتىن ھەمدە ھەيز ۋە نىپاسدار ۋاقتىدا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش شەرتى ئاساسىدا ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ــ ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇنىڭدەك، ئايالىڭمۇ شۇنداق ۋاقىتلاردا ئېرىگە بويسۇنۇشى ۋە ئىتائەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا يارالغۇچىغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە تويلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان.

[3] «السلسلة الصحيحة» 652 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى: <ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار>. الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ».[1]

449. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: كان هذا الحي من الأنصار وهم أهل وثَنٍ مع هذا الحي من يهود وهم أهل كتاب، وكانوا يرون لهم فضلاً عليهم في العلم، فكانوا يقتدون بكثيرٍ من فعلهم، وكان من أمر أهل الكتاب: أن لا يأتوا النساءَ إلا على حَرْفٍ، وذلك أسترُ ما تكون للمرأة، فكان هذا الحي من الأنصار قد أخذوا بذلك من فعلهم، وكان هذا الحي من قريش يشرحون النساءَ شرحاً منكراً، ويتلذذون منهنَّ مقبلات، ومدبرات، ومستلقيات، فلما قدم المهاجرون المدينة، تزوج رجلٌ منهم امرأةً من الأنصار، فذهب يصنع بها ذلك، فأنكرته عليه، وقالت: إنما كنا نُؤتَى على حَرفٍ، فاصنع ذلك وإلا اجتنبني، حتى شَري أمرهما، فبلغ ذلك رسولَ اللَّه ﷺ فأنزل اللَّه: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾. أي: مُقبلات، ومُدبرات، ومُستلقيات صحيح سنن أبي داود: 896.

449. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردىكى ئەنسارىلار ئەسلىدە بۇتپەرەس بولۇپ، ئەھلى كىتاب يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۇلار ئىلىم-مەرىپەتتە يەھۇدىيلارنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغاچقا، كۆپىنچە ئىشلىرىدا ئۇلارنى دورايتتى. ئەھلى كىتابلاردا ئاياللارغا پەقەتلا يانچە يېتىپ يېقىن كېلىش ئادىتى بار بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ئايال كىشى ئېچىلىپ قالمايدۇ دەپ قارايتتى. بۇ يەردىكى ئەنسارىلارمۇ بۇ ئادەتنى

[1] سۈرە بەقەرە 222- ئايەت.

ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن سىڭدۈرۈۋالغان ئىدى.

قۇرەيشلەر بولسا ئاياللىرىغا ئالدى تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن ۋە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقان ھالەتتە يېقىنچىلىق قىلاتتى. مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، بۇ ئايالغا ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىتى بويىچە يېقىنلاشماقچى بولغان ئىدى، ئايال بۇنى ئەيىبلەپ: <بىز يانچە يېتىپ يېقىنچىلىق قىلاتتۇق، سەنمۇ شۇنداق قىل، بولمىسا ماڭا يېقىن كەلمە!> دېدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىش يېيىلىپ ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ گىچە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، اللە تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار[1]>[2]».[3]

450. وعن جابر رضي اللّٰه عنه، قال: كانت اليهود تقول: إذا أتى الرجلُ امرأته مِن دُبرها في قُبُلِها كان الولد أحول! فنزلت: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾. فقال رسولُ اللّٰه ﷺ: «مقبلةً، ومدبرةً، إذا كان ذلك في الفَرْجِ». متفق عليه.

450. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار: «ئاياللارغا كەينى تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلسا بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ» دېيىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار»[4]. پەيغەمبەر ﷺ: «مەيلى ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن، بالا تۆرىلىدىغان جايغا يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى.[5]

---

[1] يەنى، ئاياللىرىڭلارغا مەيلى ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن ۋە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقان ھالىتىدە يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولۇۋېرىدۇ.

[2] سۈرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[4] سۈرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**451. وعن ابن عباس قال: جاء عمر بن الخطاب إلى رسولِ اللّه ﷺ فقال: يا رسولَ اللّه! هلكتُ. قال: «وما الذي أهلكَك؟» قال: حوَّلتُ رحلي الليلة، فلم يرد عليه شيئاً، فأوحي إلى رسول اللّه ﷺ، هذه الآية: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾، يقول: «أقبل وأدبر، واتقِ الدُّبرَ والحيضَةَ». رواه النسائي، والترمذي.**

451. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھالاك بولدۇم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ كېچە ئۇلىغىمغا تەتۈر مىنىپ سالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار»[1]. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «بەلگىلەنگەن جايغا ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن كەلسەڭ بولىدۇ، ئەمما مەقئەتكە كېلىشتىن ۋە ھەيزدار ھالەتتە يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلانغىن» دېدى.[2]

**452. وعن خزيمة بن ثابت رضي اللّه عنه: أن النبي ﷺ قال: «إن اللّه لا يستحي من الحق، لا تأتوا النساء في أدبارهِنَّ». رواه أحمد، والترمذي، وصححه الشيخ ناصر في المشكاة: 3192.**

452. خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن ھايا قىلمايدۇ، ئاياللارنىڭ مەقئەتلىرىگە كەلمەڭلار».[3]

**453. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «ملعون من أتى امرأةً في دُبُرِها». رواه أحمد، وأبو داود، صحيح الجامع: 5889.**

453. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

[1] سۈرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] نەسائى ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «ئايالىنىڭ مەقئەتىگە كەلگەن كىشى لەنەت قىلىنغان كىشىدۇر». ①

454. وعنه قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من أتى حائضاً، أو امرأةً في دُبرها، أو كاهناً فصدَّقه بما يقول، فقد كفَرَ بما أُنزل على محمدٍ». رواه الأربعة إلا النسائي، وصحَّحه الشيخ ناصر في آداب الزفاف. وفي رواية: «فقد برئ مما أُنزل على محمدٍ».

454. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلسا ياكى ئايالىنىڭ مەقئەتىگە كەلسە ۋە ياكى كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىسا، مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن دىنغا كاپىر بولغان بولىدۇ». ② يەنە بىر نەقىلدە: «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن دىندىن ئادا-جۇدا بولغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

455. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «لا ينظرُ اللَّه إلى رجلٍ جامع امرأتَهُ في دُبُرِها». أخرجه ابن ماجه، والبيهقي، صحيح الترغيب والترهيب: 2431.

455. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالىنىڭ مەقئەتىگە جىما قىلغان كىشىگە الله تائالا قارىمايدۇ». ③

456. وعن عُقبة بن عامر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لعنَ اللَّه الذين يأتونَ النساء في محاشِّهِن- أي أدبارهنَّ». أخرجه الطبراني، صحيح الترغيب: 2429.

456. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالالارنىڭ مەقئەتىگە كەلگەن كىشىلەرگە الله لەنەت قىلسۇن». ④

---

① ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2429- نومۇرلۇق ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

457. وعن خُزيمة بن ثابت رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إتيان النساء في أدبارهِنَّ حرامٌ». أخرجه النسائي، السلسلة الصحيحة: 873.

457. خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ مەقئىتىگە كېلىش ھارام».[1]

458. وعن طاوس قال: سُئِل ابن عباس عن الذي يأتي امرأته في دُبرها؟ فقال: هذا يسألُني عن الكُفر. رواه النسائي، وصححه الشيخ ناصر.

458. تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن <ئايالىنىڭ مەقئىتىگە كېلىش> توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: <بۇ كىشى مەندىن كۇفرىلىق توغرىسىدا سوئال سوراۋاتىدۇ>[2] دېگەن ئىدى».[3]

❖ ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلىشنىڭ كەففارىتى ھەققىدە

459. عن ابن عباس رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ، في الذي يأتي امرأته وهي حائض، قال: «يتصدق بدينار أو نصف دينار من الذهب». رواه أصحاب السنن، والطبراني، وصححه الشيخ ناصر.

459. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالى ھەيزدار ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن جىما قىلغان كىشى بىر دىنار ياكى يېرىم دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلسۇن».[4]

❖ ھەيزدار ئايالى بىلەن جىما قىلماستىن يېقىنچىلىق قىلسا گۇناھ بولمايدۇ

460. عن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه، أن اليهود كانت إذا حاضت منهم المرأة أخرجوها من البيت ولم يؤاكلوها ولم يشاربوها ولم يجامعوها في البيت، فسُئِل رسولُ اللّٰه

[1] نەسائى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 873ـ نومۇرلۇق ھەدىس. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇنىڭدىن ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفرىلىق مەقسەت قىلىنمايدۇ. بۇ پەقەتلا نىئمەتكە تېنىشنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى پاك ۋە ياخشىنى پاسكىنا ۋە نىجىسقا ئالماشتۇرغان، شۇنداقلا پاك ۋە ياخشى نىئمەتتىن باش تارتىپ، نىئمەتكە تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ﷺ عن ذلك، فأنزلَ اللّه سبحانه ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذىً فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ﴾ إلى آخر الآية، فقال رسولُ اللّه ﷺ: «جامعوهنَّ في البيوتِ، واصنعوا كل شيءٍ غير النِّكاح»، فقالت اليهود ما يريد هذا الرجل أن يدعَ شيئاً من أمرِنا إلا خالفنا فيه. صحيح سنن أبي داود: 231.

460. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار ئاياللىرىنى ھەيزدار ۋاقىتلىرىدا ئۆيدىن چىقىرىۋېتەتتى، ئۇلار بىلەن بىر (داستىخاندا) يەپ ـ ئىچمەيتتى، بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ ـ قوپمايتتى. پەيغەمبەر ﷺ دىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى: ‹ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار›».[1] ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئۆيدە تەڭ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇڭلار، جىمادىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى. يەھۇدىيلار: «ئۇ كىشى بىزنىڭ دىنىمىزدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارشىسىنىلا قىلىشنى خالايدۇ» دېيىشتى.[2]

461. وعن عائشة رضي اللّه عنها قالت: كان رسول اللّه ﷺ يأمر إحدانا إذا كانت حائضاً أن تتَّزِرَ، ثم يُضاجعها. متفق عليه.

461. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بىرەرىمىز ھەيزدار بولۇپ قالساق، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئىشتان كىيىشكە بۇيرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتاتتى».[3]

462. وعنها قالت: كانت إحدانا إذا كانت حائضاً، فأرادَ رسولُ اللّه ﷺ أن يباشرها، أمرها أن تتَّزِرَ في فورِ حيضتها، ثم يُباشرها. قالت: وأيكم يملكُ إربَه، كما كان النبي ﷺ

[1] سۇرە بەقەرە 222 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**يملك إِرْبَه. البخاري.**

462. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىرىدىن ھەيز كۆرۈپ قالغان بىرەرىمىز بىلەن قۇچاقلاشماقچى بولسا، ھەيز كېلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئۇنى ئىشتىنىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرۇپ ئاندىن قۇچاقلىشاتتى». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «كىم رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ؟» دېگەن.[1]

**463. وعن ميمونة رضي اللّه عنها، أن رسولَ اللّه ﷺ: كان يُباشر المرأةَ من نسائه، وهي حائض، إذا كان عليها إزارٌ إلى أنصاف الفخذين، أو الركبتين، تحتجز به. صحيح سنن أبي داود: 239.**

463. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ھەيزدار بولۇپ قالسا، ئىشتىنى يوتىسىنىڭ يېرىمى ياكى تىزىغا كەلگۈدەك توسۇپ تۇرىدىغان بولسا بىرگە قۇچاقلاپ ياتاتتى».[2]

ئىتائەت قىلىش پەقەت ياخشى ئىشتىلا بولىدۇ، چۈنكى بەندىنىڭ پەزىلىتى قانچە كاتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

ئاياللار بىلىشى لازىمكى، ئايالنىڭ ھەرقانداق ئىشتا ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى لايىق ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق ۋە الله قا ئىتائەت قىلىش ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردىلا ئىتائەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئەر ئايالىنى نامازنى تەرك ئېتىش، ھىجابنى سېلىش، يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىش... دېگەندەك الله قا ئاسىي بولىدىغان ھارام ئىشلارغا بۇيرۇسا، بۇنداق ئىشلاردا ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋە ئەگىشىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ، يامان ئىشتا بولمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا**﴾

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا﴾ «ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)»②.

گەرچە ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلار ئۈستىدىكى ھەققى چوڭ بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلار بالىلارنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، الله تائالا ئۇلارنى ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىققا بۇيرۇغان. شۇڭا ئەر ئايالىنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشكە ياكى الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇسا، ئايالىنىڭ ئەرگە ئىتائەت قىلماسلىقى تېخىمۇ لازىمدۇر. بەندىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياراتقۇچىنىڭ ھەققى ۋە ياراتقۇچىغا ئىتائەت قىلىش بەندىنىڭ ھەققىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

**464. عن علي بن أبي طالب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا طاعةَ في معصيةِ اللَّه، إنما الطاعةُ في المعروف». متفق عليه.**

464. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا (مەخلۇققا) ئىتائەت قىلىش يوق، ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ»③.

**465. وعن النوَّاس بن سمعان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا طاعة لمخلوقٍ في معصيةِ الخالق». صححه الشيخ ناصر في المشكاة: 3696.**

---

① سۈرە ئەنكەبۇت 8- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە لوقمان 15- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

465. نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا يارالغۇچىغا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر».[1]

**❖ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ تۆت ئاي 10 كۈن قارىلىق تۇتۇشى — ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا﴾ «ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم»[2].

466. **وعن أم حبيبة رضي اللّه عنها، قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لا يحلُّ لامرأة تؤمن باللّه واليوم الآخر أن تحدَّ على ميتٍ فوق ثلاثِ ليالٍ إلا زوج، فإنها تحِد عليه أربعةَ أشهرٍ وعشراً». متفق عليه.**

466. ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقاندىن باشقا، ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ».[3]

467. **وعن أم عطيَّةَ رضي اللّه عنها، قالت: «كُنَّا نُنْهَى أن نُحِدَّ على مَيِّتٍ فوقَ ثَلاثٍ، إلا على زَوجٍ، أربَعَةَ أشْهُرٍ وعَشْراً، ولا نَكْتَحِلَ، ولا نَتَطَيَّبَ، ولا نَلْبَسَ ثَوباً مَصبُوغاً، إلا ثَوبَ عَصْبٍ، وقَدْ رُخِّصَ لنا عِندَ الطُّهْرِ، إذا اغتَسَلَتْ إحدَانا مِن مَحِيضِها في نُبْذَةٍ من كُسْتِ أظفَارٍ، وكُنَّا نُنْهى عنِ اتِّباعِ الجنائزِ». متفق عليه.**

467. ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بىز ئېرىمىزگە تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتقاندىن باشقا، ئۆلۈپ قالغان يېقىنلىرىمىز ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشتىن چەكلەندۇق. قارىلىق تۇتقاندا سۈرمە

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] سۈرە بەقەرە 234_ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تارتمايتتۇق، خۇشپۇراق ئىشلەتمەيتتۇق، (پۇتۇنلەي) ئاق ۋە قارا يىپتا توقۇلغان كىيىمدىن باشقا رەڭلىك كىيىم كىيمەيتتۇق. ھەيزدىن پاك بولۇپ غۇسلى قىلماقچى بولغاندا كىست ئەزفار[1] دىن ئازراق ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىلگەنىدى. بىز يەنە جىنازىلارغا ئەگىشىشتىن چەكلەنگەنىدۇق».[2]

### ❖ ئاساسسىز شەرت

468. عن أُمِّ مبشرٍ الأنصارية رضي اللَّه عنها: أن النبيَّ ﷺ خطَبَ أم مبشرٍ بنت البراء بن معرور، فقالت: إني اشترطتُ لزوجي أن لا أتزوَّجَ بعده، فقال النبيُّ ﷺ: «إن هذا لا يصلُحُ». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 608.

468. ئۇممۇ مۇبەششىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بەرا ئىبنى مەئرۇرنىڭ قىزى ئۇممۇ مۇبەششىرگە سۆز ئېچىۋىدى، ئۇ ئايال: «مەن ئېرىمگە ئۇنىڭدىن كېيىن ياتلىق بولماسلىقنى شەرت قىلغان ئىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ شەرت دۇرۇس ئەمەس» دېدى.[3]

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھەقلەر قوپاللىق، قاتتىقلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ياكى خارلاشتىن يىراق بولۇپ، مۇھەببەت، دوستلۇق، سىلىق-سىپايىلىك ۋە كۆيۈنۈشكە تولغان بولۇشى كېرەك. الله تائالا مېھرىباندۇر، ھەممە ئىشتا مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىگە بەرمىگەن ياخشىلىقنى مېھرىبان كىشىگە بېرىدۇ. الله تائالا بىر ئۆيىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئۆيگە مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. الله تائالادىن ئۆيلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى دوستلۇق، سىلىق-سىپايىلىك ۋە رەھمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز. الله تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىندۇر، دۇئالارنى ئاڭلاپ، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

---

[1] كىست ئەزفار — ئىككى نەرسىنىڭ ئىسمى بولۇپ خۇشپۇراقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] تەبەرانى توپلىغان.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 7 ـ باب

## ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى

ئايالى بىلەن چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىش، تائام، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇسىنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلاپ بېرىش، سەت گەپ قىلماسلىق، ئۆينىڭ سىرتىدا تاشلاپ قويماسلىق، ئەگەر ئاياللىرى كۆپ بولسا ئۇلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش ـــ ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار»[1].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ «ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ»[2].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ تَسْتَطِيعُوا أَنْ تَعْدِلُوا بَيْنَ النِّسَاءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلَا تَمِيلُوا كُلَّ الْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَالْمُعَلَّقَةِ وَإِنْ تُصْلِحُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر،[3] شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى

---

[1] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئايەتتىكى قادىر بولالمايدىغان باراۋەرلىك قەلبتىكى مايىللىق بولۇپ، ئىنسان ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ، چۈنكى قەلبتىكى ئادىللىق ئىنساننىڭ تاقىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىشتۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ «قادىر بولالايدىغان ئىشلاردىمۇ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەننى ئۇقتۇرمايدۇ، قادىر بولالايدىغان ئىشلاردا ئادىللىق قىلمىغان كىشى ئۆزرىلىك ھېسابلانمايدۇ.

قوۋسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، الله ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

469. **عن معاوية بن حيدة رضي اللَّه عنه، قال: قلت يا رسولَ اللَّه ما حقُّ زوجةِ أحدنا عليه؟ قال: «أن تطعمَها إذا طَعمتَ، وتَكسوها إذا اكتَسيتَ، ولا تَضرِبْ الوجهَ، ولا تُقبِّحْ ولا تهجرْ إلا في البيتِ»**. رواه أبو داود، والطبراني، والحاكم، **صحيح الجامع**: 3149.

469. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاياللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرى قايسىلار؟» دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزگىن، كىيىم كىيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزگىن، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرمىغىن، سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىمىگىن، (ئۇنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن تۆشەكنى ئايرىغاندا) ئۆيدىن باشقا جايغا يالغۇز تاشلاپ قويمىغىن» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

470. **وعنه قال: قلت يا رسولَ اللَّه نساؤنا ما نأتي منهنَّ وما نَذَر؟ قال: «ائتِ حرثَك أنَّى شِئتَ، وأطعمها إذا طعِمتَ، واكسها إذا اكتَسَيْتَ، ولا تُقبِّح الوجهَ، ولا تضرب». أخرجه أبو داود، واحمد، السلسلة الصحيحة**: 687.

470. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىمىز ھەققىدە قايسى ئىشنى قىلىپ، قايسى ئىشتىن ساقلىنىمىز؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېكىنزارلىقىڭغا خالىغان رەۋىشتە كەلگىن، تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزگىن، كىيىم كىيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزگىن، سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىمىگىن، يۈزىگە ئۇرمىغىن» دېدى.[3]

471. **وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «كفَى بالمرء إثماً**

---

[1] سۈرە نىسا 129 ـ ئايەت.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

أن يُضيِّعَ من يَقُوت» أي من يُعيل من النساء، والأبناء، وغيرهم ممن يدخل في رعايته. أخرجه أبو داود والنسائي والحاكم، صحيح الترغيب والترهيب: 1965.

471. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنىڭ (خىراجىتىنى) قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر».① بۇ يەردە دېيىلگىنى ئەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىدىكى ئايال-بالىلار ۋە ئۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

472. وعن أبي شريح خويلد بن عمرو الخزاعي رضي اللَّه عنه، قال: قال النبي ﷺ: «اللَّهم إني أحَرِّجُ حق الضعيفين: اليتيم، والمرأة». رواه الحاكم والنسائي، صحيح الجامع: 2447.

472. ئەبۇ شۇرەيھ خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرى خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله! مەن يېتىم ۋە تۇل ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىدىن (زايە قىلىۋېتىشتىن) قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن».②

473. وعن عمرو بن الأحوص الجشمي رضي اللَّه عنه، أنه سمعَ النبِّي ﷺ في حَجَّة الوداع، يقول بعد أن حمد اللَّه تعالى وأثنى عليه ووعظ، ثم قال: «ألا واستوصوا بالنِّساءِ خيراً، فإنما هنَّ عَوانٍ عندكم ليس تملكون منهنَّ شيئاً غير ذلك، إلا أن يأتين بفاحشةٍ مبينة، فإن فعلْنَ فاهجروهن في المضاجِع واضربوهن ضَرباً غيرَ مُبرِّح، فإن أطعنَكم فلا تبغوا عليهن سبيلاً، ألا إن لكم على نسائكم حقاً ولنسائكم عليكم حقّاً؛ فحقكم عليهن أن لا يُوطِئن فرُشَكُم مَن تكرهون ولا يأذنَّ في بيوتكم لمن تَكرهون، ألا وحقهُنَّ عليكم أن تُحسِنوا إليهنَّ في كسوتِهِنَّ وطعامِهِنَّ». رواه الترمذي، وقال حديث حسن صحيح.

473. ئەمرى ئىبنى ئەھۋەس جۇشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئاگاھ

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

بولۇڭلار! ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قولۇڭلارغا چۈشكەن بىر ئەسىرگە ئوخشايدۇ. سىلەر ئۇلاردىن شۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايسىلەر. ئەگەر ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا بىرەر يامانلىق سادىر قىلسا، ئۇلارنى ياتاق ئۆيلىرىگە تاشلاپ قويۇڭلار (بىللە ياتماسلىق بىلەن جازالاڭلار) ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلماڭلار. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرىڭلار بولغىنىدەك، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقلىرى بار. سىلەرنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار بولسا باشقا كىشىلەرنى تۆشەكلىرىڭلارغا يولاتماسلىق ۋە يات كىشىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە تائاملىرىنى ياخشىلاشتۇر».[1]

474. وقال ﷺ: «إن اللَّه سائلٌ كلَّ راعٍ عمَّا استرعاهُ؛ حَفِظَ أم ضيَّعَ، حتى يسألَ الرجلَ عن أهلِ بيته». أخرجه ابن حبان، صحيح الترغيب والترهيب: 1966.

474. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا ھەربىر پادىچىنىڭ پادىچىلىق (ئامانىتىنى) ياخشى ئادا قىلغان ياكى زايە قىلغانلىقىدىن سورايدۇ. ئەر كىشىدىنمۇ ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق سورايدۇ».[2]

### ❖ تويلۇقنى ۋاقتىدا ياكى كېيىن بولسۇن چوقۇم تولۇق بېرىش لازىم

475. عن ميمون الكردي، عن أبيه قال سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «أيُّما رجلٍ تزوَّج امرأةً على ما قلَّ من المهرِ أو كثُرَ، ليس في نفسه أن يؤدِّيَ إليها حقَّها، خدَعها، فماتَ ولم يؤدِّ إليها حقَّها، لقي اللَّهَ يومَ القيامة وهو زانٍ». رواه الطبراني في الصغير، والأوسط، صحيح الترغيب والترهيب: 1807.

475. مەيمۇن كوردى ئاتىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىبنى ھىببان ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «قايسى بىر كىشى مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، بەلگىلەنگەن تويلۇقنى بېرىش نىيىتى يوق تۇرۇپ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالسا، ئۇ ئايالنى ئالدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى الله تائالاغا زىناخور ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ».[1]

**476. وعن عقبة بن عامر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ أحقَّ الشروطِ أن يوفَّى به، ما استحلَلْتم به الفروجَ». متفق عليه.**

476. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەرتلەر ئىچىدە ئەڭ ۋاپا قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى توي قىلغاندا ئايال تەرەپنىڭ سىلەرگە قويغان شەرتلىرىدۇر».[2]

**477. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه: «أن رسولَ اللَّه ﷺ نهى عن الشِّغار، والشِّغار: أن يزوِّجَ الرجلُ ابنتَه على أن يزوجَه الآخرُ بنتَه وليس بينهما صِدَاق» أي مهر. متفق عليه.**

477. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ شىغاردىن توسقان. شىغار دېگەن، بىر كىشىنىڭ ئۆز قىزىنى يەنە بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش شەرتى بىلەن بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مەھر ھەققى ئالماسلىقىدۇر».[3]

**478. وعنه مرفوعاً: «إن أعظمَ الذنوب عند اللَّه رجلٌ تزوَّجَ امرأةً، فلمَّا قضى حاجتَه منها طلَّقها وذَهبَ بمهرها، ورجلٌ اســتعملَ رجلاً فذهبَ بأجرته، وآخَرُ يقتلُ دابَّةً عَبَثاً». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 999.**

478. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھ قىلغۇچى بولسا، بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئاندىن ئۇ ئايالدىن ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىۋېتىپ، تويلۇقىنى ھەم ئېلىۋالغان كىشى؛ يەنە

[1] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىرى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى؛ يەنە بىرى، بىرەر ھايۋاننى بىھۇدە ئۆلتۈرگەن كىشى». ①

**❖ تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالغا نەپىقە ۋە تۇرالغۇ بېرىش توغرىسىدا**

**479. عن فاطمة بنت قيس رضي اللَّه عنها، قالت: أتيتُ النبيَّ ﷺ فقلت: أنا بنت آل خالد، وإنَّ زوجي فلاناً أرسلَ إليَّ بطلاقي، وإنِّي سألتُ أهلَهُ النفقةَ والسكن، فأبوا عليّ، قالوا: يا رسولَ اللَّه ﷺ إنه قد أرسلَ إليها بثلاث تطليقات، قالت: فقال رسول اللَّه ﷺ: «إنما النفقةُ والسَّكنُ للمرأة إذا كان لزوجها عليها الرَّجعةُ». أخرجه النسائي، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 1711.**

479. فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن خالىد ئائىلىسىنىڭ قىزى، مېنىڭ ئېرىم پالانى، ئۇ مېنىڭ تالىقىمنى بېرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ماڭا نەپىقە ۋە تۇرالغۇ جاي بېرىشىنى سورىغان ئىدىم، لېكىن ئۇلار مېنىڭ (تەلىپىمگە) ئۇنىمىدى» دېسەم، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ كىشى بۇ ئايالغا ئۈچ تالاقنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ» دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نەپىقە ۋە تۇرالغۇ جاي پەقەت ئەرنىڭ يارىشىۋېلىشى دۇرۇس بولىدىغان ئايالغا بېرىلىدۇ» دېدى. ②

**❖ ئايالغا سەۋرچان بولۇش، ئۇرۇش ياكى تالاق قىلىشقا ئالدىرىماسلىق**

**480. عن المقدام بن معدي كرب رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قامَ في الناسِ فحمدَ اللَّه وأثنى عليه، ثم قال: «إن اللَّه يوصيكم بالنساء خيراً، إن اللَّه يوصيكم بالنساء خيراً، فإنهنَّ أمهاتُكم، وبناتُكم وخالاتُكم، إن الرجلَ من أهلِ الكتاب يتزوجُ المرأةَ وما يعلَقُ يَداها الخيطَ، فما يرغبُ واحدٌ منهما عن صاحبه حتى يموتا هَرَماً». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 2871.**

480. مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

---

① ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «الله تائالا سىلەرنى ئايالالارغا ياخشىلىق قىلىشقىلارغا بۇيرۇيدۇ، الله تائالا سىلەرنى ئايالالارغا ياخشىلىق قىلىشقىلارغا بۇيرۇيدۇ! ھەقىقەتەن ئۇلار سىلەرنىڭ ئانىلىرىڭلار، قىزلىرىڭلار ۋە ھەدىلىرىڭلاردۇر. ئەھلى كىتابتىن بىر كىشى قولى يىپنى تۇتۇپ باقمىغان (يەنى كىچىك) بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىككىيلەن قېرىپ ئۆلگۈچە بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ[1]».[2]

481. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يَفرَكُ مؤمنٌ مؤمنةً، إن كَرِه منها خُلُقاً رضي منها آخر». مسلم.

481. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ بىر ئەخلاقىنى يامان كۆرسە، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولىدۇ».[3]

482. وعن سمرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن المرأةَ خُلِقَت من ضِلعٍ، وإنَّك إن تُرِدْ إقامةَ الضلع تكسرها، فدارِها تعِشْ بها». رواه أحمد، وابن حبان، والحاكم، صحيح الجامع: 1944.

482. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئايالالار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، چىقىشىپ ئۆتسەڭ بىرگە ياشايسەن».[4]

483. وعن أبي هريرة رضـي اللَّه عنه، قال: قال رســولُ اللَّه ﷺ: «إن المرأةَ خُلقت من ضِلعٍ، لن تستقيم لك على طريقةٍ، فإن استمتعتَ بها استمتعت بها وبها عِوَجٌ، وإنْ ذهبتَ

---

[1] بۇ ھەدىس — گەرچە ئايالالارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان كىشى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئايالالارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان كىشىنى مەدھىيىلەشكە دەلىل بولىدۇ. كىتاب ئەھلىنىڭ ئايالى بىلەن چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش ئادىتى ئەسلى ياخشى ئادەتتۇر، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە ئۇلارنىڭ بىرى بۈگۈن توي قىلىپ ئەتىسى قويۇپ بەرسە پەرۋا قىلمايدۇ.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2871- نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**تُقيمها كسرتَها، وكَسْرُها طلاقُها». أخرجه مسلم، وابن حبان، وأحمد، السلسلة الصحيحة:** 3517.

483. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ ھەرگىز ساڭا بىر خىل رەۋىشتە تۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر پايدىلىنىمەن دېسەڭ، ئەگرىلىك ھالىتىدە پايدىلىنالايسەن؛ ئەگەر تۈزەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن. ئۇ قوۋۇرغىنىڭ سۇنۇشى بولسا تالىقىنى بېرىشتۇر».[1]

**484. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن النساءَ شقائِقُ الرجال». رواه أحمد، صحيح الجامع:** 1983.

484. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر».[2]

**485. وعن إياس بن عبد اللَّه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تضربوا إمَاءَ اللَّه». فجاء عمر رضي اللَّه عنه إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: ذئِرن النساءُ على أزواجهنَّ، فرخَّص في ضربهنَّ، فأطافَ بآل رسولِ اللَّه ﷺ نساءٌ كثير يشكون أزواجَهنَّ، فقال النبيُّ ﷺ: «لقد طافَ بآلِ محمد نساءٌ كثيرٌ يشكونَ أزواجَهنَّ، ليس أولئكَ بخيارِكم». رواه أبو داود، وابن ماجه، والحاكم، صحيح الجامع:** 5137.

485. ئىياس ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ: «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار» دېدى. كۆپ ئۆتمەي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاياللار ئەرلىرىگە بويسۇنمايدىغان بولۇپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئۇلار (يەنى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئايالىنى ئۇرغانلار) ياخشى كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ» دېدى.①

**486. وعن عبد اللَّه بن زُمعَةَ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «يعمدُ أحدُكم فيجلدُ امرأتَه جلْدَ العبدِ، فلعلَّه يُضاجعُها في آخرِ يومه!». متفق عليه.**

486. ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئايالىنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلىماقچى بولىدۇ، ئۇ بەلكىم شۇ كۈنى كەچتە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشى مۇمكىن».②

**487. وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، قال: لما كان من أمرِ عثمان بن مظعون الذي كان من تركِ النساء، بعث إليه رسول اللَّه ﷺ فقال: «يا عثمان إني لم أومَر بالرهبانيَّة، أرغبتَ عن سُنتي؟!» قال: لا يا رسولَ اللَّه، قال: «إن من سُنتي أن أصلي وأنامَ، وأصومَ وأَطعَم، وأنكِحَ وأطلِّقَ، فمن رَغِب عن سُنتي فليس مني، يا عثمان إن لأهلك عليك حقّاً، ولنفسكَ عليك حقّاً». أخرجه الدارمي، السلسلة الصحيحة: 394.**

487. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاياللىرىنى تەرك ئەتكەن ئىشى (ئاشكارا) بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئى ئوسمان، ھەقىقەتەن مەن راھىب بولۇشقا بۇيرۇلمىدىم، سەن مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟!» دېۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مېنىڭ سۈننىتىم بولسا، نامازنىمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن، روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن، تالاقمۇ قىلىمەن؛ كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس. ئى ئوسمان! ھەقىقەتەن ئەھلىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، نەپسىڭنىڭ سەندە ھەققى بار» دېدى.③

---

① ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ دارىمى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 394- نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

488. وعن أنس رضـي اللّه عنه، أن نفراً من أصحاب النبيِّ ﷺ، سألوا أزواج النبي ﷺ عن عمله في السِّر، فقال بعضهم: لا أتزوَّجُ النساءَ، وقال بعضهم: لا آكلُ اللحمَ، وقال بعضهم: لا أنـامُ على فراشٍ، فحمـدَ اللَّـه وأثنى عليـه، فقـال: «مـا بالُ أقوامٍ قالوا كذا وكذا؟ ولكني أُصلي وأنام، وأصومُ وأفطر، وأتزوَّجُ النساءَ، فمن رَغِبَ عن سُنَّتي فليس مني». مسلم.

488. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرنەچچە كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەخپىي ئەمەللىرى توغرۇلۇق سورىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى: «مەن ئاياللارغا ئۆيلەنمەيمەن» دېدى، بەزىسى: «مەن گۆش يېمەيمەن» دېدى، يەنە بەزىسى: «مەن كۆرپە ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ (بۇنى ئاڭلاپ) الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن: «مۇنداق-مۇنداق گەپلەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار!؟ مەن نامازمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن، روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن؛ كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.[1]

### ❖ ئاياللىرى كۆپ كىشىنىڭ ئۇلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلىشى ۋاجىبتۇر

489. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إذا كانت عند الرجل امرأتان، فلم يعدل بينهما، جاء يومَ القيامة وشِقُّهُ ساقِطٌ». رواه الترمذي، والحاكم، صحيح الجامع: 761.

489. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلمىسا قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ يېرىمى يوق ھالەتتە كېلىدۇ».[2]

490. وعنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «من كانت له امرأتان، فمالَ إلى إحداهما، جاء

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**يومَ القيامةِ وشِقُّه مائِلٌ». رواه أحمد، وأبو داود، والنسائي، وابن ماجه، صحيح الجامع:** 6515.

490. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئايالى بولۇپ، ئىككى ئايالىنىڭ بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتكەن كىشى قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ يېرىمى مايماق ھالەتتە كېلىدۇ[1]». [2]

491. **وقال ﷺ: «إن المقْسِطين عند اللَّه على منابرَ من نورٍ، عن يمين الرحمن، وكِلتا يديه يمينٌ، الذين يعدلون في حُكمهم وأهلِيهم، وما وَلُوا». مسلم.**

491. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادىللىق قىلغۇچىلار الله نىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر. ئۇلار ئۆز ھۆكۈملىرى، ئەھلىلىرى ۋە باشقۇرۇش ئىلكىدىكى كىشىلەرگە ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر». [3]

**❖ ئەر كىشىنىڭ نىكاھىغا ئالغان قىز ياكى چوكانىنىڭ يېنىدا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە**

492. **عن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا تزوَّجَ البِكرَ على الثيِّب أقام عندها سبعاً، وإذا تزوَّج الثيِّبَ على البِكر أقامَ عندها ثلاثاً». أخرجه البيهقي وغيره، السلسلة الصحيحة:**1271.

492. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چوكان ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز ئالسا، (يېڭى نىكاھىغا ئالغان) قىز ئايالىنىڭ يېنىدا يەتتە كۈن بىرگە تۇرىدۇ؛ قىز ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە چوكان ئالسا، (يېڭى نىكاھىغا ئالغان) چوكان ئايالىنىڭ

---

[1] «ئىككى ئايالىنىڭ بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە» دېگەنلىك — ئەر ئۆزى قىلالايدىغان تۇرۇپ يەنە بىر ئايالىنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋەتكەن بولسا دېگەنلىكتۇر.

[2] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

يېنىدا ئۆچ كۈن بىرگە تۇردۇ».[①]

## ❖ ئايالىغا نەپىقە بېرىش ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى

493. عن المقدام بن معد يَكرب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما أطعمتَ زوجتَكَ فهو لك صدقةٌ، وما أطعمتَ ولدَك فهو لك صدَقةٌ، وما أطعمتَ خادمَك فهو لك صدقة، وما أطعمتَ نفسكَ فهو لك صدقة». رواه أحمد، والطبراني، صحيح الجامع: 5535.

493. مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالىڭغا بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، بالاڭغا بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، خىزمەتچىڭگە بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، ئۆزۈڭ يېگەن تائاممۇ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر[②]».[③]

494. وعن عمرو بن أمية الضُمري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما أعطى الرجلُ امرأتَه فهو صدقةٌ». رواه أحمد، صحيح الجامع: 5540.

494. ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زۇمەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا بەرگەن نەرسىسى سەدىقىدۇر».[④]

495. وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال له: «وإنَّك لن تُنفقَ نفقةً تبتغي بها وجه اللَّه إلا أُجِرتَ بها حتى ما تجعلُ في فِيّ امرأتِكَ». متفق عليه.

495. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەن الله رازىلىقىنى تىلەپ سەرپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭگە، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان بىر لوقما تائامغىمۇ چوقۇم ئەجىر ئالىسەن».[⑤]

496. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «خيارُكم خيارُكم

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] ھەدىستىكى بەرگەن تائامنىڭ سەدىقە بولۇشى ئۈچۈن نىيىتىنى الله قا خالىس قىلىش ۋە شۇ ئەمەلدە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

[③] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[④] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[⑤] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**لنسائهم». رواه ابن ماجه، صحيح الجامع:** 3265.

496. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر».[1]

**497. وعنه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «دينارٌ أنفقتَه في سبيلِ اللَّه، ودينارٌ أنفقته في رقبةٍ، ودينارٌ تصدَّقتَ به على مسكين، ودينار أنفقتَه على أهلِك، أعظمُها أجراً الذي أنفقتَه على أهلِك». مسلم.**

497. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ الله يولىدا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، قۇل ئازاد قىلىشقا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، مىسكىنگە سەدىقە قىلغان بىر دىنارىڭ ۋە ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭنىڭ ئىچىدىن ئەجرى ئەڭ كاتتا بولغىنى ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن دىنارىڭدۇر».[2]

**498. وعن ثوبان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أفضلُ دينارٍ يُنفقه الرجلُ دينارٌ يُنفقُه على عيالِه». مسلم.**

498. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ سەرپ قىلغان خىراجەتلىرى ئىچىدە ساۋابى ئەڭ كاتتىسى ئۆز ئائىلىسىگە خەجلىگەن پۇلىنىڭ ساۋابىدۇر».[3]

**499. وعن عرباض بن سارية رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا سَقى الرجلُ امرأتَه الماءَ أُجِرَ»، فقمت إليها فسقيتها وأخبرتها بما سمعت. أخرجه البخاري في التاريخ الكبير، والطبراني، السلسلة الصحيحة:** 2736.

499. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەر كىشى ئايالىغا سۇ ئىچۈرسىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ» دېۋىدى، مەن بېرىپ ئايالىمغا سۇ ئىچۈردۇم ۋە ئايالىمغا مەن ئاڭلىغان بۇ ھەدىسنى

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

يەتكۈزدۇم.[①]

500. وعن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «خيرُكم خيرُكم لأهلِه، وأنا خيرُكم لأهلي». رواه الترمذي، صحيح الجامع: 3314.

500. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال ـ بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن ئايال ـ بالىلىرىمغا سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن».[②]

501. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «خيركُم خيركُم للنساء». رواه الحاكم في المستدرك، صحيح الجامع: 3316.

501. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر».[③]

502. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «أكملُ المؤمنين إيماناً أحسنُهم خُلُقاً، وخِيارُهم خِيارُهم لنسائهم». رواه أحمد في مسنده، وصححه الشيخ شاكر في التخريج: 7396.

502. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىمانى ئەڭ كامىل كىشىلەر ئەخلاقى ياخشى بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر».[④]

503. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «كفى بالمرء إثماً أن يضيِّعَ مَن يَقوت». رواه أحمد، وأبو داود والحاكم، صحيح الجامع: 4481.

503. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

① بۇخارى «التاريخ الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2736 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنىڭ (خىراجىتىنى) قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك گۇناھتۇر».[①]

504. وعن عائشة رضي اللّه عنها أنها سئلت عن النبي ﷺ ما كان يَصنعُ في بيته؟ قالت: «كان يكون في مهنةِ أهلِه - يعني خدمة أهله - فإذا حضرت الصلاةُ، خرجَ إلى الصلاة». البخاري.

504. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئائىلىسىگە ياردەمدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى» دېگەن.[②]

**❖ ئائىلىگە دىننى ئۆگىتىش، دىنغا ۋە ئاخىرەتلىككە مەنپەئەتلىك ئىلىمنى يوشۇرماسلىق ـــ ئائىلىنىڭ ئەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن[③]، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن»[④].

505. عن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «من كتمَ عِلماً عن أهله، أُلجِمَ يومَ القيامةِ لجاماً من نارٍ». صحيح الجامع: 6517.

505. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىمنى ئەھلىدىن يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ».[⑤]

506. وعن علي رضي اللّه عنه، في قوله تعالى: ﴿قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَاراً﴾، قال: علِّموا أهليكم الخيرَ. رواه الحاكم موقوفاً، وقال: صحيح على شرطهما، صحيح الترغيب: 115.

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[②] بۇخارى توپلىغان.

[③] نامازنىڭ شەرتلىرى، پەرزلىرى، ۋاجىبلىرى ۋە مۇستەھەبلىرىنى ئۆگىتىشمۇ ئەھلىنى نامازغا بۇيرۇشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

[④] سۇرە تاھا 132 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[⑤] ئىبنى ئەدى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

506. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: «ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار »[1] دېگەن ئايىتىنى «بالا ـ چاقاڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار» دەپ چۈشەندۈرگەن.[2]

507. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تمنعوا النساءَ حظوظَهُنَّ مِن المساجِد، إذا استأذَنَّكُم». مسلم.

507. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللار سىلەردىن مەسجىدكە چىقىشقا رۇخسەت سورىسا ئۇلارنى توسماڭلار».[3]

508. وعن مالك بن الحويرث رضي اللّه عنه، قال: أتينا رسولَ اللَّه ﷺ ونحنُ شَبَبَةٌ متقاربون، فأقمنا عنده عشرين ليلةً، وكان رسولُ اللَّه ﷺ رحيماً رقيقاً، فظنَّ أنَّا قد اشتقنا أهلَنا، فسألنا عن مَن تركنا من أهلِنا، فأخبرناهُ، فقال: «ارجعوا إلى أهليكُم، فأقيموا فيهم، وعلِّموهم ومُرُوهُم، فإذا حضرَت الصلاةُ فليؤذِّنَ لكم أحدُكم، ثم ليؤمَّكم أكبرُكم». مسلم.

508. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ياش جەھەتتىن تەڭتۇش بولغان بىرنەچچىمىز (ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا 20 كۈن تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ مېھرىبان، ئاقكۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدىكى كىشىلەر توغرۇلۇق سورىدى. بىز خەۋەر بېرىۋېدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئائىلەڭلەرگە قايتىپ، شۇلار بىلەن بىللە تۇرۇڭلار. ئۇلارغا دىنىي ئىلىم ئۆگىتىڭلار، نامازغا بۇيرۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن، ياشتا چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن» دېدى.[4]

**❖ ئايالى بىلەن چىرايلىقچە تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى رىئايە قىلىشقا**

---

[1] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## تېگىشلىك ھەق ۋە ئەدەپلەر

509. عن جابر رضي اللَّه عنه، قال: قدمتُ من سفر، فأتيتُ النبيَّ ﷺ فقال: «إذا أتيتَ أهلَك فاعمل عملاً كيِّساً». فلما أتيتُ أهلي، قلتُ: إن النبيّ ﷺ قال: «إذا أتيتَ أهلَك فاعمل عملاً كيِّساً»، قالت: دونك. السلسلة الصحيحة: 1190.

509. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر ئائىلەڭگە بارساڭ زېرەك كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن»[1] دېدى. مەن ئائىلەمگە قايتىپ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ئائىلەڭگە بارساڭ زېرەك كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن> دېدى» دېسەم، ئايالىم: «شۇنداق قىلىڭ» دېدى.[2]

510. وعنه قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا أطال أحدكم الغَيبَة، فلا يَطرقْ أهلَه ليلاً». متفق عليه.

510. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلگىنىدە ئۆيىگە كېچىسى كىرمىسۇن[3]».[4]

511. وعنه قال: كنا مع رسول اللَّه ﷺ في غزاة، فلما قدِمنا المدينَة، ذهبنا لندخل فقال: «أمهلوا حتى ندخلَ ليلاً، كي تمتشِطَ الشَّعثَةُ، وتَستحِدّ المغيَّبَةُ»، قال: وقال: «فإذا قَدِمتَ، فالكَيْس الكيس». رواه مسلم.

511. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە غازاتقا چىققان ئىدۇق. غازاتتىن قايتىپ مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۆيلىرىمىزگە كىرمەكچى بولۇۋېدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «ئالدىرىماڭلار، كەچ

---

[1] «زېرەك كىشىنىڭ ئىشى» دېگىنى ــ ئايالنى ئېرىگە قىزىقتۇرىدىغان، سۆيۈندۈرىدىغان ۋە شەرئىي جەھەتتە رۇخسەت بولغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] خەتىب توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1190 ـ نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] «كېچىسى كىرمىسۇن» دېگەنلىك ــ ئايالى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆيىگە كىرمىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئەر ئالدىن بىلدۈرمەي ئۇشتۇمتۇت ئۆيىگە كىرسە، ئايالىدىن كۆزى خۇرسەن بولمايدىغان كۆرۈمسىز ھالەتنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئېرىگە پەقەت چىرايلىق ۋە گۈزەل ھالىتىنىلا كۆرسىتىشكە قىزىقىدىغان سالىھ ئايالغا ئەزىيەت بەرگەنلىك بولىدۇ.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىرگەندە كىرەيلى، ئاياللىرىڭلار چېچىنى تاراپ، سۇنەت قىلىۋالسۇن[1]» دېدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئايالىڭنىڭ قېشىغا بارساڭ ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن[2]» دېدى.[3]

512. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: كان النبيُّ ﷺ لا يطرُقُ أهلَه، كان لا يدخل إلا غدوةً أو عيشةً. البخاري.

512. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن كەلسە، ئۆيىگە ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن كىرەتتى».[4]

513. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ أقبل من غزوةٍ فقال: «يا أيها الناس! لا تطرقوا النِّساءَ ليلاً، ولا تغتروهنَّ». السلسلة الصحيحة: 3085.

513. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇشتىن قايتىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىغا كېچىسى ئۇشتۇمتۇت كىرمەڭلار».[5]

**• ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن مۇباھ ئويۇنلارنى ئويناش ــ ئاياللارغا بولغان ئەدەپ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىدىندۇر، شۇنداقلا بۇ يەنە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان ياخشى ھەمسۆھبەت بولۇشنى تولۇقلىغۇچى ئامىللارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.**

514. عن عائشة زوج النبي ﷺ قالت: دخل الحبشةُ المسجدَ يلعبون، فقال لي: «يا حُمَيْراء أتحبين أن تنظري إليهم»، يعني إلى لعب الحبشَةَ ورقصِهم في المسجد، فقلتُ: نعم، فقام على الباب، وجئته، فوضعتُ ذقني على عاتِقه، فأسندتُ وجهي إلى خدِّه، قالت:

---

[1] سەپەردىن كەلگەندە كېچىسى كىرىشكە بۇيرۇشتىن، ئۇلارغا بىلدۈرمەستىن ئۇشتۇمتۇت ئۆيىگە كىرمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆندۈزى كېلىپ: «ئالدىرىماڭلار، كەچ كىرگەندە كىرەيلى» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى كىرىشتىن توسۇش ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەدەپلىرىدىن بىرى بولۇپ، بىز شۇنىڭغا قىزىقتۇرىمىز.

[2] «ئەقلىڭنى ئىشلەتكىن» دېگەننىڭ مەنىسى: «بىرگە بولماقچى بولساڭ، ئۆيدىن ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلغانلىقىڭ سەۋەبلىك ھارامغا ياكى مەكرۇھقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىل» دېگەنلىك بولىدۇ.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

[5] بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3085 ـ نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ومن قولهم يومئذ: أبا القاسم طَيِّباً، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «حسبُكِ؟»، فقلت: يا رسول اللَّه لا تعجل، فقام لي، ثم قال: «حسبُكِ؟»، فقلتُ: لا تعجل يا رسولَ اللَّه! قالت: وما لي حبُّ النظر إليهم، ولكني أحببتُ أن يبلغَ النساءَ مقامُه لي، ومكاني منه. أخرجه النسائي وغيره، السلسلة الصحيحة: 3277.

514. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ھەبەشلەر مەسجىدكە كىرىپ ئويۇن قويۇۋاتقانىدى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ئەي ئاپئاق، ھەبەشلەرنىڭ مەسجىدتىكى ئويۇنىنى كۆرۈشنى خالامسىز؟» دېدى. مەن: «ھەئە» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئىشىك يېنىدا تۇردى. مەن كېلىپ ئېڭىكىمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يۈزۈمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەڭزىگە چاپلاپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى سۆزلىرىدە «ئەبۇلقاسىم ياخشى» دېگەن سۆز بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بولدىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ياق تېخى» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ بىردەم تۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە: «ئەمدى بولدىمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ياق تېخى» دېدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرمەيتتىم، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمنى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى باشقا ئاياللارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدىم.①

515. وعنها رضي اللَّه عنها قالت: «أنها كانت مع رسولِ اللَّه ﷺ في سفرٍ، وهي جارية، قالت: لم أحمل اللحمَ، ولم أُبْدِنْ، فقال لأصحابه: تقدموا، فتقدموا، ثم قال: تعالي أسابقُك، فسابقتُه، فسبقتُه على رجلَي، فلما كان بعدُ خرجتُ معه في سفرٍ فقال لأصحابه: تقدَّموا، ثم قال: تعالي أسابقُكِ، ونسيت الذي كان، وقد حملتُ اللحمَ، وبدَّنتُ، فقلت: كيف أسابقك يا رسولَ اللَّه وأنا على هذه الحال؟ فقال: لتفعَلِن، فسابقته، فسبقني، فجعل يضحكُ ويقول: «هذه بتلكَ السَّبقةِ». أخرجه النسائي في عشرة النساء، وأحمد، والطبراني، وصححه الشيخ ناصر في آداب الزفاف.

---

① نەسائى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3277 ـ نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

515. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك قىز بولۇپ، گۆشسىز ھەم ئورۇق ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا: «سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلەر ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئاندىن ماڭا: «كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى» دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يەنە بىر قېتىم بىرگە سەپەرگە چىقتىم. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا: «سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار» دېدى، ئاندىن ماڭا: «كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى» دېدى. مەن ئىلگىرىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم. بۇ قېتىم ماڭا گۆش تولۇپ، سەمرىپ قالغان ئىدىم. مەن: «سىلى بىلەن قانداق مۇسابىقىلىشىمەن، مەن بۇ ھالەتتە تۇرسام؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەلۋەتتە مۇسابىقىلىشەلەيسىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يېڭىلىپ قالدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «بۇ ئىلگىرىكىسى بىلەن تەڭلەشتى» دېدى.[1]

**516. وعنها رضي اللَّه عنها قالت: كُنتُ أشربُ وأنا حائضٌ، ثم أناولُه النبيَّ ﷺ، فيضع فاهُ على موضِعِ فِيَّ، فيشرَبُ، وأتعَرَّقُ العَرْقَ وأنا حائضٌ ثمَّ أناولُهُ النبيَّ ﷺ فيضعُ فاهُ على موضِعِ فِيَّ. مسلم.**

516. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيزدار ھالىتىمدە ئىچىملىك ئىچىپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ مەن ئىچكەن ئورۇنغا ئاغزىنى قويۇپ ئىچەتتى. مەن ھەيزدار ھالىتىمدە سۆڭەكلىك گۆشنى غاجىلاپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ مەن يېگەن ئورۇنغا ئاغزىنى قويۇپ يەيتتى.[2]

---

[1] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

517. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «كلُّ شيءٍ ليس من ذكر اللَّه فهو لغوٌ، ولهو أو سهو إلا أربعُ خصال: مشيُ الرَّجلِ بين الغرَضين، وتأديبُه فرسَه، وملاعبتُه أهله، وتعلُّم السِّباحة». أخرجه النسائي في كتاب عشرة النساء، والطبراني، السلسلة الصحيحة: 315.

517. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ زىكرىدىن باشقا بارلىق ئىشلار بىھۇدە ئويۇنلاردۇر ياكى غاپىللىقتۇر، لېكىن تۆۋەندىكى تۆت خىسلەت بۇنىڭ سىرتىدا: ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىش، ئېتىنى چېنىقتۇرۇش، ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش»[1].

ھەربىر كىشى شۇنى بىلىشى كېرەككى، دىن ۋە ئەقىدىگە باغلىنىشتىن كېيىنكى ئەڭ يۈكسەك باغلىنىش ۋە رىشتە بولسا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە رىشتىدۇر. ئەر-ئايالالار الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بۇ باغلىنىشنى ئاسرىسۇن. ئەگەر شەيتان ئىككىيلەننى ئازدۇرۇپ بىرەر ئىشتا تالاش-تارتىش قىلىپ قالسا، بۇ تالاش-تارتىشنى الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە رازى بولغان، بويسۇنغان ۋە تەسلىم بولغان ھالەتتە قايتۇرۇشى لازىم، شۇنداق قىلىش ئىمانىنىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً﴾ «ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[2].

---

[1] نەسائى ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 315-نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە نىسا 59-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ۋە ئۇستىگە يۈكلەنگەن ھەق ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى — ئەر-ئاياللىق ھاياتتىكى نىجاتلىقنى ئېرىشىشنىڭ زۆرۈر ئامىللىرىدىندۇر. مۇشكۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەر-ئاياللار ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ھەقلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۆزى ئۇستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىگە سەل قارىشىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 8- باب

## مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇش، چۈشكۈرگەندە «يَرحَمُكَ اللَّه» «الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!» دېيىش، ئۆيىگە چاقىرسا بېرىش، ئاغرىپ قالسا يوقلاش، ۋاپات بولغاندا جىنازىسىغا ئەگىشىش، ھەق ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، يوق ۋاقتىدا يۈز-ئابرۇيى ۋە ھۆرمەتلىرىنى قوغداش، ئەزىيەت ۋە دۈشمەنلىكنى قايتۇرۇش، نەسىھەت قىلىش، قايغۇسىغا قايغۇرۇش، خۇشاللىقىغا خۇشال بولۇش، ياخشى كۆرگىنىنى ئۇنىڭغىمۇ ياخشى كۆرۈش... قاتارلىقلار مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ**﴾ «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُقِيمُونَ الصَّلَاةَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَيُطِيعُونَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ أُولَئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ**﴾ «مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، الله قا ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا الله رەھىم قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ**﴾ «(مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار

---

[1] سۈرە ھۇجۇرات 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 71- ئايەت.

ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[1] ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله تىن قورقۇڭلار، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

518. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «للمؤمِن على المؤمن ستُّ خِصال: يعودُه إذا مرضَ، ويشهَدُه إذا مات، ويُجيبُه إذا دعاه، ويُسلِّم عليه إذا لقيَه، ويُشمِّتُه إذا عطَسَ، ويَنصحَ له إذا غاب أو شَهِد». رواه مسلم، والنسائي، وأبو داود.

518. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ مۇئمىنىدە مۇنداق ئالتە تۈرلۈك ھەققى بار: ئاغرىپ قالسا يوقلايدۇ؛ ۋاپات بولسا، نامىزىغا قاتنىشىدۇ؛ (ئۆيىگە) چاقىرسا بارىدۇ؛ ئۇچرىسا سالام قىلىدۇ؛ چۈشكۈرسە تەشمىت ئېيتىدۇ (يەنى ‹يَرحَمُكَ اللَّه› ‹الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!› دەيدۇ)؛ مەيلى ئۇ بار ياكى يوق بولسۇن، (ھەمىشە) سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدۇ».[3]

519. وعن البراء بن عازب رضي اللَّه عنه، قال: «أمرَنا رسولُ اللَّه ﷺ بسبع: أمرنا بعيادةِ المريضِ، واتباعِ الجنائز، وتَشميتِ العاطِس، وإبرارِ القسَمِ أو المُقْسِمِ، ونصْرِ المظلومِ، وإجابةِ الدَّاعي، وإفشاءِ السَّلامِ». متفق عليه.

519. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى مۇنداق يەتتە ئىشقا بۇيرۇغان: كېسەل يوقلاشقا، جىنازىغا ئەگىشىپ قەبرىستانلىققا بېرىشقا، چۈشكۈرگەن كىشىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا، قەسەمگە ۋاپا قىلىشقا ۋە قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بېرىشكە، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا ياردەم بېرىشكە، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا».[4]

---

[1] غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.

[2] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

520. وعن أسماء بنت يزيد رضي اللّٰه عنها، قالت: قال رسول اللّٰه ﷺ: «من ذَبَّ عن عِرضِ أخيه بالغَيبَة، كان حقاً على اللّٰه أن يعتِقَهُ من النَّار». رواه أحمد، والطبراني، صحيح الجامع: 6240.

520. ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشى يوق يەردە ئۇنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئۇ كىشىنى دوزاختىن ئازاد قىلىش الله تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ».[1]

521. وعن أبي الدرداء رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «مَن ردَّ عن عِرضِ أخيه، ردَّ اللّٰه عن وجهِه النارَ يومَ القيامةِ». رواه أحمد، والترمذي، صحيح الجامع: 6262.

521. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغداپ قالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى دوزاختىن قوغداپ قالىدۇ».[2]

522. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «المؤمنُ مرآةُ المؤمنِ، والمؤمنُ أخو المؤمِنِ، يكفُّ عليه ضَيعَتَهُ، ويحوطُه من ورائه». صحيح سنن أبي داود: 4110.

522. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۆئمىن مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر. مۆئمىن مۆئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۆئمىن كىشى قېرىندىشى يوق ۋاقىتتا ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئائىلىسىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. مۆئمىن كىشى مۆئمىن قېرىندىشىنى ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىدۇ».[3]

523. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، قال: «المؤمنُ مرآةُ أخيه؛ إذا رأى فيه عَيباً أصلَحَهُ». صحيح الأدب المفرد: 177.

523. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مۆئمىن مۆئمىننىڭ

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەيىبلىمىگەنىدۇر، ئۇ قېرىندىشىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى كۆرسە تۈزەيدۇ». [1]

524. **وعن تميم الداري رضي اللّٰه عنه، قال: «قال رسول اللّٰه ﷺ: <إنَّ الدينَ النَّصيحةُ، إنَّ الدينَ النصيحةُ، إنَّ الدينَ النَّصيحةُ>، قالوا: <لمن يا رسولَ اللّٰه؟>، قال: <للّٰه، وكتابِه،ورسولِه،وأئمَّةِ المؤمنين وعامَّتِهم، وأئِمَّةِ المسلمين وعامَّتِهم>». رواه مسلم، والنسائي، وأبو داود،**

524. تەمىيم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <دىن دېگەن سادىق بولۇشتۇر، دىن دېگەن سادىق بولۇشتۇر، دىن دېگەن سادىق بولۇشتۇر> دېدى. بىز: <ئى رەسۇلۇللاھ! كىمگە سادىق بولۇش؟> دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ﷺ: <الله قا، الله نىڭ كىتابىغا، الله نىڭ رەسۇلىغا، مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرلىرىگە ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا> دەپ جاۋاب بەردى». [2][3]

525. **وعن أنس رضي اللّٰه عنه، قال: «قال رسول اللّٰه ﷺ: <انصُرْ أخاكَ ظالماً أو مظلوماً>، فقال رجلٌ: <يا رسول اللّٰه أنصُرهُ مظلوماً، فكيف أنصره ظالماً؟>. قال: <تمنعُه من الظُّلمِ، فَذاكَ نَصرُكَ إيَّاه>». متفق عليه**

525. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <زۇلۇم قىلغۇچى ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى قېرىندىشىڭغا ياردەم قىلغىن> دېگەندە، بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قېرىندىشىم زۇلۇمغا ئۇچرىغان

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 177 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[3] الله قا سادىق بولۇش ـــ الله قا ئىبادەت قىلىش، الله نى يەككە ـ يېگانە بىلىش، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالەتلەردە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. الله نىڭ كىتابىغا سادىق بولۇش ـــ الله نىڭ كىتابىغا ئىشىنىش، تىلاۋەت قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىش، چەكلىمىلىرىدىن يېنىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. الله نىڭ رەسۇلىغا سادىق بولۇش ـــ الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ھۆكۈملەرنى ئۇنىڭدىن سوراش، ئۇنى دوست تۇتۇش، ھۆرمەتلەش، يۈز ـ ئابرۇيىنى ۋە سۈننەتلىرىنى قوغداش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇش ـــ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈش، قەلبىدە ئۇلارغا قىلچىلىك يامانلىق ساقلىماسلىق، ئۇلارنى ياخشىلىققا يېتەكلەش، ھېكمەتلىك ياخشى ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش، جېنى ۋە مېلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىرى ۋە يۈز ـ ئابرۇيلىرىنى قوغداش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرۇمىسىلا ياخشىلىقتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى الله قا ئاسىي بولۇشقا بۇيرۇسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ.

بولسىغۇ ياردەم قىلىمەن، بىراق زۇلۇم قىلغۇچىغا قانداق ياردەم بېرىمەن؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇۋالغىنىڭ، ئۇنىڭغا قىلغان ياردىمىڭدۇر> دەپ جاۋاب بەردى».[1]

**526. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «المسلمون تتكافأ دماؤهم، يسعى بذمَّتهم أدناهم، ويُجيرُ عليهم أقصاهم، وهم يدٌ على مَن سواهُم، يَردُّ مُشِدُّهُم على مُضعِفهم، ومُتَسَرِّعِهم على قاعِدهم، لا يُقتَلُ مؤمنٌ بكافرٍ، ولا ذُوعهدٍ في عهده». صحيح سنن أبي داود:** 2391.

526. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى باراۋەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە (مەرتىۋە جەھەتتە) ئەڭ تۆۋەن بولغان كىشىنىڭمۇ (دۈشمەن تەرەپتىن بىرەرسىگە بەرگەن ئامانلىقى) كۈچكە ئىگە بولۇپ، يىراقتىكى بىر مۇئمىنىنىڭمۇ پاناھلىق بېرىش ھوقۇقى باردۇر. مۇئمىنلەر دۈشمىنىگە قارشى بىر قولدەك ئۇيۇشقان بولىدۇ؛ (ئۇرۇشقا چىققاندا) ئالغان ئولجىنى كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرى بىلەن تەڭ بۆلۈشىدۇ؛ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەر ئارقا سەپتىكىلەر بىلەن ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ. مۇئمىننى كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ (كاپىرغا) بېرىلگەن ئامانلىق مۇددىتى تۈگىمەستىن بۇرۇن، كاپىرغا چېقىلىشقا بولمايدۇ».[2]

**527. وعن جابرٍ رضي اللَّه عنه، أن النبي ﷺ، قال: «ما من امرئٍ يَخذُلُ امرءاً مسلماً في موطنٍ يُنتقصُ فيه عِرضُه، ويُنتهكُ فيه من حُرمَته، إلا خذَلَه اللَّه تعالى في موطنٍ يُحبُّ فيه نصرَتَهُ، وما من أحدٍ ينصرُ مُسلماً في موطنٍ يُنتقَصُ فيه من عِرضِه، ويُنتهكُ فيه من حُرمتِه، إلا نصرَهُ اللَّه في موطنٍ يُحبُّ فيه نصرتَهُ». رواه أحمد، وأبو داود، صحيح الجامع:** 5690.

527. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ يۈز- ئابرۇيى تۆكۈلگەن، ھەق - ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان يەردە بار تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا، الله ئۇنى قاتتىق ياردەمگە موھتاج بولغان بىر پەيتتە ياردەمسىز تاشلاپ قويىدۇ. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ يۈز-ئابرۇيى تۆكۈلگەن، ھەق - ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلسا، الله مۇ ئۇ كىشى قاتتىق ياردەمگە موھتاج بولغان بىر پەيتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ».[1]

**528. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «والذي نفسي بيده لا يؤمنُ عبدٌ حتى يُحبَّ لأخيه ما يحبُّ لنفسِه». متفق عليه**

528. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، بەندە ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ».[2]

**529. وعنه مرفوعاً: «مَنْ نصَرَ أخاهُ بالغيبِ نصَرَهُ اللَّه في الدنيا والآخرة». رواه البيهقي في الشعب، وغيره، السلسلة الصحيحة:** 1217.

529. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قېرىندىشىغا ئۇ قېرىندىشى يوق يەردە ياردەم بەرسە، الله ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ».[3]

**530. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا عطَس أحدُكم فليقلْ: <الحمدُ للَّه على كلِّ حال>، وليقل أخوه أو صاحبُه: <يرحمُك اللَّه>، ويقول هو: <يهديكُم اللَّه ويُصلِح بالَكُم>». رواه البخاري، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود:** 4209.

530. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار چۈشكۈرگەندە: <الحمدُ للَّه على كلِّ حالٍ> <ھەرقانداق

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بەيھەقى «الشعب» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1217- نومۇرلۇق ھەدىس.

ھالەتتە اللهقا ھەمدە ئېيتىمەن> دېسۇن. يېنىدىكى قېرىندىشى ياكى ھەمراھى ئۇنىڭغا: ‹يرحمُك اللّه› <الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن> دېسۇن. چۈشكۈرگۈچى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: ‹يهديكُم اللّه ويُصلح بالَكُم› <الله سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭلارنى ياخشىلاپ بەرسۇن> دەپ جاۋاب قايتۇرسۇن». [1]

531. وعن أنس رضي اللّه عنه، قال: عطَس رجلان عند النبي ﷺ ، فشمَّتَ أحدَهما وتركَ الآخر، قال: فقيل: «يا رسول اللّه! رجلان عطسا فشمَّتَ أحدَهما وتركتَ الآخر؟»، فقال: إن هذا حَمِدَ اللّه، وإن هذا لم يحمد اللّه . متفق عليه.

531. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئىككى كىشى چۈشكۈرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ بىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ: «يرحمُك اللّه» «الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن» دېدى، يەنە بىرىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى كىشى چۈشكۈرسە، نېمىشقا بىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، يەنە بىرىگە جاۋاب قايتۇرمايلا؟» دېيىلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ اللهقا ھەمدە ئېيتتى، ئاۋۇ اللهقا ھەمدە ئېيتمىدى» دەپ جاۋاب بەردى. [2]

### ❖ مۇئمىننىڭ ئورنى ۋە مۇئمىننىڭ مۇئمىنگە بولغان ئەھمىيىتى

532. عن سهل بن سعد رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «المؤمنُ من أهلِ الإيمان بمنزلة الرأسِ من الجسد، يألَمُ المؤمنُ لما يُصيبُ أهلَ الإيمان، كما يألَمُ الرأسُ لما يصيبُ الجسدَ». رواه أحمد، صحيح الجامع: 6659.

532. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئىمان ئەھلىگە نىسبەتەن جەسەتتىكى باشنىڭ ئورنىدىدۇر. مۇئمىن ئىمان ئەھلىنىڭ مۇسىبىتىگە خۇددى باش

[1] بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جەسەتنىڭ مۇسىبىتىگە ئەلەم تارتقاندەك ئەلەم تارتىدۇ».[①]

533. وعن النعمان بن بشير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ترى المؤمنين في تراحُمِهم وتوادِّهم، وتعاطُفِهم، كمثلِ الجسدِ إذا اشتكى عضواً تداعى لهُ سائرُ الجسدِ بالسَّهرِ والحُمَّى». متفق عليه

533. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش، بىر-بىرىگە مېھىر-مۇھەببەت يەتكۈزۈشتە بىر ئەزاسى ئاغرىسا قالغان جايلىرىمۇ ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىش بىلەن تەڭ دەرت تارتىدىغان بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشاشتۇر».[②]

534. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «المؤمنون كرجلٍ واحدٍ، إذا اشتكى رأسَهُ اشتكى كلُّه، وإن اشتكى عينَهُ اشتكى كلُّه». رواه أحمد ومسلم، صحيح الجامع: 6668.

534. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا پۈتۈن بەدىنى ئاغرىيدۇ، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا يەنىلا پۈتۈن بەدىنى ئاغرىيدۇ».[③]

## ❖ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغان ۋە دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىغا ياردەم بەرگەن كىشىنىڭ پەزىلىتى

535. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن نَفَّسَ عن مُسلمٍ كُربَةً من كُرَبِ الدنيا، نفَّسَ اللَّه عنه كُربةً من كُرَبِ الآخرةِ، ومَن سَترَ على مسلمٍ ستره اللَّه في الدُّنيا والآخرةِ، واللَّه في عونِ العبدِ ما كان العبدُ في عونِ أخيه». رواه مسلم، والترمذي، وأبو داود.

535. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرىنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئاخىرەت قىيىنچىلىقىدىن بىرىنى

---

[①] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الجامع» 6659- نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله تائالامۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بىر بەندە قېرىندىشىغا ياردەملا بېرىدىكەن، الله مۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ». [1]

536. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «المسلمُ أخو المسلمِ لا يَظلِمهُ ولا يُسْلِمه، ومن كان في حاجةِ أخيه، كان اللَّه في حاجته، ومن فرَّج عن مسلمٍ كُربةً فرَّجَ اللَّه عنه كُربةً من كُرَبِ يومِ القيامة، ومن سَترَ مُسلماً سَترهُ اللَّه يومَ القيامة». متفق عليه.

536. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، كاپىرغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، الله ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلاردىن بىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ». [2]

537. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أحبُّ الناس إلى اللَّه أنفَعُهم، وأحبَّ الأعمال إلى اللَّه سرورٌ تُدخِلُه على مسلمٍ، أو تَكشُفَ عنه كربةً، أو تقضي عنه ديناً، أو تَطرُدَ عنه جوعاً، ولأن أمشي مع أخي المسلم في حاجةٍ أحبَّ إلي من أن أعتكفَ في المسجد شَهراً، ومن كفَّ غضبَه سترَ اللَّه عورتَه، ومن كظَمَ غيظاً ، ولوشاء أن يُمضيَه أمضاه، ملأ اللَّه قلبَه رضىً يومَ القيامة، ومن مشى مع أخيه المسلم في حاجةٍ حتى يُثبتَها له، أثبتَ اللَّه تعالى قدَمَه يومَ تزِلُّ الأقدامُ، وإنَّ سوءَ الخلقِ ليفسِدَ العملَ كما يُفسِدُ الخَلُّ العسلَ». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 176.

537. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈكى مۇسۇلمانلارغا پايدا يەتكۈزگەن كىشىدۇر. ئەمەللەردىن الله تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنى

---

[1] مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇسۇلماننى خۇشال قىلىش، ياكى مۇسۇلماننىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىش، ياكى مۇسۇلماننىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ياكى مۇسۇلماننىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇش قاتارلىقلاردۇر. مېنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىمنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن مېڭىشىم، مەسجىدتە بىر ئاي ئېتىكاپ قىلىشتىن سۆيۈملۈكتۇر. كىمكى ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. كىمكى ئۆچ ئالالايدىغان تۇرۇپ ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، الله قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ قەلبىنى رازىمەنلىككە تولدۇرىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن ھەتتا ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولغۇچە بىرگە ماڭسا، الله تائالا قەدەملەر تېيىپ كېتىدىغان كۈندە ئۇ كىشىنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ. خۇددى سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك، يامان ئەخلاق ئەمەلنى بۇزۇۋېتىدۇ».[1]

538. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «قال رسولُ اللّه ﷺ: أفضلُ الأعمالِ أن تُدخِلَ على أخيكَ المؤمن سروراً، أو تقضي عنه ديناً، أو تُطعمَهُ خُبزاً». صحيح الجامع: 1096.

538. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلى مۇئمىن قېرىندىشىڭنى خۇشال قىلىش ياكى مۇئمىن قېرىندىشىڭنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ياكى قېرىندىشىڭغا تائام بېرىشتۇر».[2]

539. عن ابن المنكدر رضي اللّه عنه، يرفعه إلى النبيِّ ﷺ: «من أفضلِ الأعمالِ إدخالُ السرورِ على المؤمنِ؛ تقضي عنه ديناً، تقضي له حاجةً، تنفِّسَ له كُربةً». قال سفيان بن عُيينة: «وقيل لابنِ المنكَدِرِ فما بقي مما يُستَلَذُّ؟»، قال: «الإفضالُ على الإخوان». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان، السلسلة الصحيحة: 2291.

539. ئىبنى مۇنكەدىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىننى خۇشال قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر. سەن

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 176 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 1096 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۇنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىسەن، ھاجىتىنى راۋا قىلىسەن ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىسەن». سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: ئىبنى مۇنكەدىردىن: «لەززەتلىنىدىغان يەنە نېمە قالدى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «قېرىنداشلارغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

540. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «قال رسولُ اللّه ﷺ: إنَّ اللّه يقول يومَ القيامة: <يا ابنَ آدمَ مَرضتُ فلم تَعُدْني>، قال: <يا رب كيف أعودُكَ وأنت ربُّ العالمين>، قال: <أما علِمتَ أنَ عبدي فلاناً مَرِضَ فلم تَعُدْهُ، أما علمتَ أنَّكَ لو عُدتَهُ لوجدتني عندَه!>. <يا ابنَ آدمَ استطعمتُكَ فلَم تُطعمنِي>، قال: <يا ربِّ! و كيف أطعمُكَ وأنتَ ربُّ العالمينَ؟>. قال: <أما عَلمتَ أنَّهُ استطعَمَكَ عَبدِي فلان فَلَم تُطعِمْهُ؟ أمَا عَلمتَ أنَّكَ لو أطعَمتَهُ لَوَجدتَ ذلك عِندِي؟. <يا ابن آدم! استسقيتُكَ فَلَم تُسقني>، قال: <يا ربِّ! كَيفَ أَسقِيكَ وَأَنتَ رَبُّ العَالَمينَ؟>. قال: <استَسقَاكَ عَبدِي فُلانُ فَلَم تَسْقِهِ، أَمَا إنَّك لَو أَسقَيتَهُ وَجَدتَ ذلكَ عندي>». مسلم.

540. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى، الله تائالا: <ئى ئادەم بالىسى! مەن ئاغرىپ قالسام، مېنى يوقلىمىدىڭغۇ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە: <ئى رەببىم! سېنى قانداق يوقلايمەن، سەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ؟> دەيدۇ. الله تائالا: <پالانى بەندەمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىڭ، ئۇنى يوقلىمىدىڭ. ئەگەر ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئۇنىڭ يېنىدىن مېنى تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟> دەيدۇ. ئاندىن: <ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن تائام سورىسام، ماڭا بەرمىدىڭغۇ؟> دەيدۇ، ئۇ بەندە: <ئى رەببىم! مەن ساڭا قانداقمۇ تائام بېرەلەيمەن، سەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئىگىسى تۇرساڭ؟> دەيدۇ. الله تائالا: <مېنىڭ پالانى بەندەمنىڭ سەندىن تائام سورىغانلىقىنى بىلەتتىڭ-يۇ، لېكىن سەن ئۇنىڭغا تائام بەرمىدىڭ. ئەگەر ئۇنىڭغا تائام بەرگەن بولساڭ، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى

[1] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2291- نومۇرلۇق ھەدىس.

بىلمەمتىڭ؟› دەيدۇ. ئاندىن: ‹ئى ئادەم بالىسى! مەن سەندىن سۇ سورىسام بەرمىدىڭغۇ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ بەندە: ‹ئى رەببىم! مەن ساڭا قانداقمۇ سۇ بېرەلەيمەن، سەن دېگەن پۈتكۈل ئالەملەرنىڭ ئىگىسى تۇرساڭ؟› دەيدۇ. ﷲ تائالا: ‹بىلمەسەن؟ پالانى بەندەم سەندىن سۇ سورىغانىدى، سەن بەرمىدىڭ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن بولساڭ، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپقان بولاتتىڭ› دەيدۇ».[1]

541. وعن أمامة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من شَفِعَ لأخيه بشفاعةٍ، فأهدى له هديَّةً عليها فقبِلَها، فقد أتى باباً عظيماً من أبوابِ الرِّبا». رواه أحمد، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 3025.

541. ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قېرىندىشىغا مەلۇم بىر ئىشتا شاپائەت[2] قىلغاندىن كېيىن، ئۇ قېرىندىشى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى ھەدىيە قىلسا ۋە ئۇ كىشى ئۇ ھەدىيىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ كىشى جازانىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن بولىدۇ».[3]

542. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّهﷺ: «إنَّ للَّه أقواماً اختصَّهم بالنَّعمِ لمنافع العبادِ، يُقرُّهم فيها ما بذَلوها، فإذا مَنعُوها نزعَها منهم؛ فحوَّلها إلى غيرِهم». رواه ابن أبي الدنيا والطبراني، صحيح الترغيب: 2617.

542. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا بەندىلەرگە مەنپەئەتلىك بولغان ياخشىلىقلارغا ئىگە قىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بار. ئۇلار ئۇ ياخشىلىقتىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرسە، ﷲ تائالا شۇ ياخشىلىقلارنى ئۇلارنىڭ قولىدا

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، بىرەر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ياكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش مەقسىتىدە ئەمىرلەرگە ۋاستىچى بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۇ قېرىندىشىغا شاپائەت قىلغانلىق ۋە بىرگە تۇرۇشۇپ بەرگىنىنىڭ ھەققىگە قېرىندىشىدىن ھەدىيە قوبۇل قىلسا جازانىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشىكلىرىدىن كىرگەن بولىدۇ.

[3] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلار ياخشىلىقتىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۇرمىسە، الله تائالا ياخشىلىقنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ، باشقىلارغا بېرىدۇ». ①

**543. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّهﷺ: «ما مِن عبدٍ أنعمَ اللَّه عليه نعمةً فأسبغها عليه، ثم جعلَ من حوائجِ الناس إليه فتبرَّمَ؛ فقد عرَّضَ تلك النعمةَ للزوال». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 2619**

543. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا قايسى بىر بەندىگە بىر نېئمەتنى بېرىپ، ئۇ بەندىدە نېئمەتنى تولۇق قىلىش بىلەن بىرگە كىشىلەرنى شۇ كىشىگە موھتاج قىلغان بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى باشقىلارغا ياردەم بەرمىسە، ئۇ كىشى شۇ نېئمەتنى يوق قىلىشقا ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ». ②

**544. عن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه: «أنَّ عمر بن الخطاب قال عامَ الرَّمادة وكانت سَنةٌ شديدةٌ مَلمَّةٌ، بعدما اجتهدَ عمر في إمداد الأعراب بالإبل والقمح والزيت من الأرياف كلها مما جَهدَها ذلك، فقام عمر يدعو، فقال: <اللَّهمَّ اجعل رزقَهم على رؤوسِ الجبالِ، فاستجابَ اللَّه له وللمسلمين، فقال حين نزلَ به الغيثُ: الحمدُ اللَّه، فواللَّه لو أنَّ اللَّه لم يُفرِّجها ما تركتُ أهلَ بيتٍ من المسلمين لهم سَعةٌ إلا أَدخَلْتُ معهم أعدادَهم من الفقراء؛ فلم يكن اثنان يَهلَكان من الطعامِ على ما يُقيمُ الواحد>». صحيح الأدب المفرد: 438.**

544. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ئەسەردە مۇنداق كەلگەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىماد يىلى (ئۇ قاتتىق ئاپەت بولغان يىل ئىدى) ھەممە يېزىلاردىن كەلگەن ئەئرابىلارغا تۆگە، بۇغداي ۋە ياغ بىلەن ياردەم قىلىپ پۈتۈن تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ: <ئى الله! كىشىلەرگە تاغ چوققىلىرىدىن رىزىق بەرگىن> دەپ دۇئا قىلغان، ئاندىن الله تائالا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. ئۆمەر

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2617- نومۇرلۇق ھەدىس.

② تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2619- نومۇرلۇق ھەدىس.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يامغۇر ياغقاندا: ‹الله تائالاغا چەكسىز ھەمدىلەر بولسۇن! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر الله تائالا بۇ قۇرغاقچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتمىگەن بولسا، الله ئۆز پەزلىدىن باي قىلغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ سانىچىلىك كەمبەغەللەرنى كىرگۈزگەن بولاتتىم، چۈنكى بىر كىشىگە يېتىدىغان تائامنى ئىككى كىشى ئاچلىق سەۋەبىدىن يېسە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ› دېدى».[1]

❖ الله رازىلىقى ئۈچۈن قېرىندىشىنى يوقلىغان كىشىنىڭ پەزىلىتى

545. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّهﷺ: «مَن عادَ مريضاً، أو زارَ أخاً له في اللَّه، ناداه منادٍ: ‹أنْ طِبتَ وطابَ ممشاكَ، وتبوَّأتَ من الجنةِ منزلاً›». رواه الترمذي، وابن ماجه، صحيح الجامع: 6387.

545. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كېسەلنى ياكى الله يولىدا دوستلاشقان بىر قېرىندىشىنى يوقلىسا، بىر نىدا قىلغۇچى ئۇنىڭغا: ‹ياخشى ئىش قىلدىڭ، قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! جەننەتتىن بىر ئورۇن تەييارلىدىڭ› دەپ نىدا قىلىدۇ».[2]

546. وعن عليٍّ رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما من مُسلم يعودُ مسلماً غَدوةً، إلا صلى عليه سبعون ألفَ ملَكٍ حتى يُمسي، وإن عادَه عَشيَّةً، صلى عليه سبعون ألف ملَكٍ حتى يُصبحَ، وكان له خريفٌ في الجنة». رواه الترمذي، صحيح الجامع: 5767.

546. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئەتىگەندە يوقلىسا، 70 مىڭ پەرىشتە كەچكىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئەگەر كەچتە يوقلىسا، 70 مىڭ پەرىشتە تاڭ ئاتقۇچە مەغپىرەت

[1] «صحيح الأدب المفرد» 438 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

تىلەيدۇ. ئۇ كىشىگە جەننەتتىن بىر باغ بېرىلىدۇ». [1]

547. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: «مَن عادَ مريضاً خاضَ في الرحمة، حتى إذا قعدَ استقرَّ فيها». صحيح الأدب المفرد: 407.

547. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا، رەھمەت ئىچىدە بولىدۇ. ھەتتا كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋاقىتتا رەھمەتنىڭ ئىچىگە ئورۇنلىشىپ كېتىدۇ». [2]

548. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ: «أنَّ رجلاً زارَ أخاً له في قريةٍ أخرى، فأرصَدَ اللَّه له على مَدْرَجَتِه ملَكاً، فلما أتى عليه، قال: <أين تُريد؟>، قال: <أريدُ أخاً لي في هذه القريةِ>، قال: <هل لكَ عليه من نعمةٍ تَرُبُّها؟>، قال: <لا؛ غير أني أُحبُّه في اللَّه>. قال: <فإنِّي رسولُ اللَّه إليك؛ بأنَّ اللَّه قد أحبَّكَ كما أحببتَهُ فيه>». مسلم.

548. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى باشقا بىر كەنتتىكى قېرىندىشىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغانىدى، الله تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى كۆزەتچىلىككە تۇرغۇزۇپ قويىدى. ئۇ ئادەم پەرىشتىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، پەرىشتە: <نەگە بارىسەن؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم: <بۇ كەنتتىكى قېرىندىشىمنى يوقلاپ ماڭدىم> دېدى. پەرىشتە: <ئۇنىڭدا ئېلىشىڭ بارمىدى؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ: <ياق، مەن ئۇنى الله ئەززە ۋە جەللىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن> دېدى. پەرىشتە: <ئۇنداقتا، بىلىپ قويغىنىكى، مەن الله نىڭ ساڭا ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولىمەن. سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولساڭ، الله مۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ> دېدى». [3]

549. وعن ثَوبان مولى رسولِ اللَّه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «من عاد مريضاً، لم يزَلْ في

---

[1] تىرمىزى توپلىغان.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 407- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

خُرْفَةِ الجنة حتى يرجِعَ». قيل: «يا رسول اللّه وما خُرفةُ الجنَّة؟»، قال: «جَنَاهَا». مسلم.

549. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى بىر كېسەل ئادەمنى يوقلىسا، ئۇ كىشى قايتىپ كەتكۈچىلىك جەننەتنىڭ خۇرپىلىرىدا بولىدۇ» دېگەنىدى. بەزى ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەتنىڭ خۇرپىلىرى دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «جەننەتنىڭ باغلىرى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

❖ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ياخشى كۆرگەن كىشى ھەققىدە

550. عن المِقدام بن مَعدي كَرِب رضي اللّه عنه، قال: قال النبيُّ ﷺ: «إذا أحبَّ أحدُكُم أخاه، فليُعلِمه أنه أحبَّه». أخرجه أبو داود، والترمذي،

550. مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسۇن».[2]

551. وفي رواية: «إذا أحبَّ الرجلُ أخاه فليُخبرهُ أنه يحبُّه».رواه الترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 4273.

551. يەنە بىر نەقىلدە: «بىر كىشى قېرىندىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېسۇن» دەپ كەلگەن.[3]

552. وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، قال: «مرَّ رجلٌ بالنبيِّ ﷺ وعنده ناسٌ، فقال رجلٌ ممن عنده: <إنِّي لأحبُّ هذا للّه>، فقال النبيُّ ﷺ: <أعلَمْتَهُ؟>، قال: <لا>، قال: فقم إليه فأعلِمْهُ، فقام إليه فأعلَمَهُ، فقال: <أحبَّكَ الذي أحببتني له>. قال: ثم رجعَ إلى النبيِّ ﷺ فأخبره بما قال، فقال النبيُّ ﷺ: <أنتَ مع من أحببتَ، ولك ما احتسَبتَ>». رواه عبد الرزاق في المصنف وغيره، السلسلة الصحيحة: 3253.

552. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقىتتا بىر كىشى ئۇلارنىڭ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يېنىدىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىكىلەردىن بىرى: ‹مەن ئۇ كىشىنى اللە ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويدۇڭمۇ؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: ‹ياق› دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئورنۇڭدىن تۇر! ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويغىن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھېلىقى كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇۋېدى، ئۇ كىشى: ‹مېنى اللە رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، اللە مۇ سېنى ياخشى كۆرسۇن› دېدى. ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ گە قېرىندىشىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزۈۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىرگە بولىسەن، ساڭا بۇرۇن بىلدۈرۈپ قويغانلىقىڭنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ› دېدى».①

**553. وعن أنسٍ رضي اللّه عنه، قال: قال النبيُّ ﷺ: «ما تحابَّا الرجلان إلا كانَ أفضلُهما أشدَّهُما حُبًّا لصاحبه». صحيح الأدب المفرد: 423.**

553. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشى دوستلاشقان بولسا، دوستىنى ئەڭ ياخشى كۆرگىنى ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ».②

**554. وعن أبي الدرداء رضي اللّه عنه، مرفوعاً: «ما من رجلين تحابَّا في اللّه بظهرِ الغيبِ؛ إلا كانَ أحبُّهما إلى اللّه أشدَّهما حُبًّا لصاحِبه». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 3273.**

554. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشى بىر-بىرىنى كۆرمەي تۇرۇپ اللە ئۈچۈن دوستلاشقان بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن دوستىنى بەك ياخشى كۆرگىنى اللە تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولىدۇ».③

---

① ئابدۇرازاق «المصنف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» ناملىق كىتاب 3253 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② «صحيح الأدب المفرد» 423 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3273 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

555. وعن أبي أُمامَة رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «ما أحبَّ عبدٌ عبداً للَّه إلا أكرمَهُ اللَّه». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1256.

555. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر بەندە يەنە بىر بەندىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، الله تائالا ئۇ بەندىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلىدۇ».[1]

556. وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: «إذا أحببتَ أخاً فلا تُماره، ولا تُشاره، ولا تسأل عنه؛ فعسى أن توافِيَ له عدواً، فيُخبركَ بما ليس فيه، فيُفرِّق بينك وبينه». صحيح الأدب المفرد: 424.

556. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەگەر بىرەر قېرىنداشىڭنى ياخشى كۆرسەڭ ئۇنىڭ بىلەن جېدەللەشمە، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلما، قېرىنداشىڭ توغرۇلۇق (باشقىلاردىن) سورىما. ناۋادا ئۇنداق قىلماي، قېرىنداشىڭنىڭ دۈشمىنىگە ئۇچراپ قالساڭ، ئۇ ساڭا قېرىنداشىڭدا بولمىغان ناچار ئەخلاقنى ئېيتىپ ئىككىڭلارنى ئايرىۋېتىدۇ».[2]

557. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «يُبصِرُ أحدُكم القَذاةَ في عينِ أخيه، وينسى الجِذْل ـ أو الجِذْعَ ـ في عين نفْسِه». صحيح الأدب المفرد: 460.

557. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىدىكى چوڭ ئەيىبنى ئۇنتۇپ، قېرىنداشىدىكى كىچىككىنە نۇقسانىنى كۆرىدۇ».[3]

### ❖ مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدىغان ئىشلار

- **سالامنى ئومۇملاشتۇرۇش**

558. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «والذي نفسي بيده لا تدخلوا

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1256 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 424 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] «صحيح الأدب المفرد» 460 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

الجنَّةَ حتى تُسْلموا، ولا تُسْلِموا حتى تحابُّوا، وافشوا السلامَ تحابُّوا، وإياكُم والبُغضَةَ؛ فإنها هي الحالقة، لا أقولُ لكم: تحلقُ الشَّعرَ، ولكن تحلق الدينَ». صحيح الأدب المفرد: 197.

558. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۇسۇلمان بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە كامىل مۇسۇلمان بولمايسىلەر. ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار، ئاندىن بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرىسىلەر. ئاداۋەتلىشىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاداۋەتلىشىش ئۇستىرىغا ئوخشايدۇ، مەن سىلەرگە چاچنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ دېمەيمەن، لېكىن ئۇ (خۇددى ئۇستىرا چاچنى چۈشۈرۈۋەتكەندەك) دىننى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىدۇ». [1]

559. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا تدخلوا الجنَّةَ حتى تُؤمنوا، ولا تُؤمنوا حتى تَحابُّوا، ألا أدلُّكُم على شيءٍ إذا فعلتموه تحاببتُم؟ أفْشُوا السلامَ بينكُم». مسلم.

559. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. سىلەر ئۆزلەشتۈرسەڭلار بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويايمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار». [2]

560. وعن أبي أمامة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنَّ أوْلى الناسِ باللَّه من بدأَهم بالسَّلامِ». رواه أبو داود وغيره، صحيح الترغيب والترهيب: 2703.

560. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا بۇرۇن سالام قىلغان كىشى الله تائالانىڭ رەھمىتىگە ئەڭ يېقىن بولغان كىشىدۇر». [3]

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 197 - نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

561. وفي رواية عند الترمذي: قيل: «يا رسولَ اللَّه الرجُلانِ يلتقيان أيُّهما يبدأُ بالسَّلامِ؟»، قال: «أولاهما باللَّه تعالى. أي أقربهما إلى اللَّه وأحبهما إليه».

561. تىرمىزىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا قايسىسى سالامنى بۇرۇن قىلىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلاردىن الله قا يېقىن ۋە سۆيۈملۈك بولغىنى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

562. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا لقي أحدُكم أخاهُ فليُسلِّم عليه، فإن حالَ بينهما شجرةٌ أو جِدارٌ أو حجرٌ ثمَّ لقيَهُ فليُسلِّم عليه». صحيح سُنن أبي داود: 4332.

562. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرەرسىڭلار قېرىندىشىغا ئۇچراشسا ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، گەرچە ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى دەرەخ ياكى تام ۋە ياكى چوڭ تاش ئايرىۋېتىپ قايتا ئۇچراشسىمۇ، ئوخشاشلا قايتا سالام قىلسۇن».[1]

563. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «كنا إذا كنَّا معَ رسولِ اللَّه ﷺ فتُفَرِّقُ بيننا شجرةٌ؛ فإذا التقينا يُسلِّمُ بعضُنا على بعضٍ». رواه الطبراني، صحيح الترغيب والترهيب: 2706.

563. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا، ئارىمىزنى دەرەخ ئايرىۋېتىپ قايتا ئۇچراشساق بىر-بىرىمىزگە سالام قىلاتتۇق».[2]

564. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه: أن رجلاً سألَ رسولَ اللَّه ﷺ: «أيُّ الإسلامِ خير»، قال: «تُطعِمُ الطَّعامَ، وتَقرأُ السَّلامَ على من عَرفتَ ومن لم تعرف». مسلم.

564. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئىسلامنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى قايسىلار؟» دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: «پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
[2] تەبەرانى توپلىغان.

قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە تونۇغان-تونۇمىغان ھەممىسىگە ئوخشاش سالام بېرىش» دەپ جاۋاب قايتۇردى.[1]

**565. وعن الأغرِّ ـ أغرِّ مُزينَةَ رضي اللّٰه عنه، قال: «كان رسول اللّٰه ﷺ أمرَ لي بجزء من تمرٍ عند رجلٍ من الأنصار، فمَطَلني به، فكلمت فيه رسولَ اللّٰه ﷺ ، فقال: <أُغدُ يا أبا بكرٍمعه؛ فخُذ له تَمْرَهُ>. فوعدني أبو بكرٍ المسجدَ إذا صلينا الصُّبحَ، فوجدتُه حيثُ وعدني، فانطلقنا، فكلما رأى أبو بكرٍ رجُلاً من بعيدٍ سلَّم عليه، فقال أبو بكر: <أما تَرى ما يصيبُ القومُ عليكَ من الفضل؟ لا يسبِقُكَ إلى السَّلام أحدٌ>. فكنا إذا طَلِعَ الرجلُ من بعيدٍ بادرناه بالسَّلام قبلَ أن يُسلِّمَ علينا»**. رواه الطبراني، **صحيح الترغيب**: 2702

565. ئەغەر مۇزەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر ئەنسارىنىڭ يېنىدىكى بىر بۆلۈك خورمىنى ماڭا بۇيرۇپ بەرگەنىدى، ئۇ كىشى خورما بېرىشنى كەينىگە سوزۇۋەتتى. مەن بۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇبەكرى! ئەتىگەندە سەن بىرگە بېرىپ خورمىنى ئېلىپ كەلگىن> دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا بامدات نامىزىدا مەسجىدتە ئۇچرىشىشنى ۋەدە قىلدى. مەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەسجىدتە كۆرۈشكەندىن كېيىن خورمىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدۇق. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىراقتىن بىرەر كىشىنى كۆرسىلا ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <كىشىلەرنىڭ پەزىلەتتە سەندىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ بىرەر كىشى ساڭا ئىلگىرى سالام قىلىۋالمىسۇن> دېدى. شۇ سەۋەبتىن، بىز يىراقتىن بىر كىشىنى كۆرسەكلا ئاۋۋال سالام قىلىۋېلىشقا ئالدىرايتتۇق».[2]

**566. وعن بُشَيْر بن يسار، قال: «ما كان أحدٌ يبدأ ـ أو يبدرُ ـ ابن عمر السلامَ. أي كان هو دائماً يُبادرهم السلام، فيكون هو السابق والبادئ!». صحيح الأدب المفرد.**

566. بۇشەيىر ئىبنى يەسساردىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىبنى ئۆمەر

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2702- نومۇرلۇق ھەدىس.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالام قىلىشقا ئەڭ ئالدىرايدىغان كىشى ئىدى، يەنى ئۇ دائىم كىشىلەرگە باشقىلاردىن بۇرۇن سالام قىلاتتى».[1]

567. وعن الطُّفَيل بن أُبي بن كعب رضي اللَّه عنه: «أنه كان يأتي عبدَ اللَّه بن عمر فيغدو معه إلى السوقِ، قال: فإذا غدونا إلى السوق لم يمرَّ عبدُ اللَّه بن عمر على سقَّاط ـ الفقير الذي يبيع سَقَطَ المتاع ورديئه ـ ولا صاحب بيعة، ولا مسكينٍ، ولا أحدٍ إلا ويُسلِّمُ عليه!

قال الطُّفَيل: فجئتُ عبدَ اللَّه بن عمر يوماً، فاستَتْبَعَني إلى السوق، فقلت: <ما تصنعُ بالسوقِ، وأنت لا تقِفُ على البيعِ، ولا تسألُ عن السِّلَعِ، ولا تَسومُ بها، ولا تجلسُ في مجالس السوق، فاجلس بنا هنا نتحدَّث؟!>، فقال لي عبد اللَّه: <يا أبا بطنٍ ـ وكان الطفيل ذا بطنٍ ـ إنما نغدو من أجل السَّلام؛ نُسلِّمُ على من لقينا>». صحيح الأدب المفرد: 770.

567. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى تۇفەيلدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا باراتتىم، ئىككىمىز بىرگە بازارغا چىقاتتۇق. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بازاردىكى مەيلى ئۇششاق ـ چۇششەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان كىشى بولسۇن، تىجارەتچى بولسۇن، مىسكىن بولسۇن، ئىشقىلىپ قانداقلا بىر كىشىنىڭ قېشىدىن ئۆتسىلا ئۇنىڭغا سالام قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا بارسام، يەنە بىرگە بازارغا بېرىشنى ئېيتتى. مەن: <سەن يا سودا ـ سېتىق قىلمىساڭ، يا مال باھاسىنى سورىمىساڭ، يا باھا تالاشمىساڭ ياكى بازاردا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارغا داخىل بولمىساڭ، بازارغا چىقىپ نېمە قىلىسەن؟ بىكاردىن ـ بىكارغا بازارغا بېرىپ يۈرمەي ئۆيدىلا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايلىمۇ؟> دېگەنىدىم، ئۇ: <ھەي سېمىز! بىز بازارغا ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ئادەمگە سالام قىلىش ئۈچۈن بارىمىز> دېدى».[2]

- **قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش**

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 753 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 770 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

568. عن البراء بن عازب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما من مُسلِمَينِ يلتقيانِ فيتَصافحَانِ إلا غُفِرَ لهما قبلَ أن يفترِقا». صحيح سنن أبي داود: 4343.

568. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى مۇسۇلمان ئۇچراشقان ۋاقىتتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، بىر-بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[1]

569. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا لقي المُسلمُ أخاهُ المُسلِمَ، فأخذ بيدِهِ فصافحَهُ، تناثرت خطاياهُما من بين أصابِعِهما كما يتناثرُ ورقُ الشَّجَرِ بالشِّتاء». السلسلة الصحيحة: 2004.

569. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلمان قېرىندىشى بىلەن ئۇچراشقاندا بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئۇ ئىككىيلەننىڭ خاتالىقلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن خۇددى قىشتا دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ».[2]

570. وعن البراء بن عازِب رضي اللَّه عنه، قال: «من تمام التحيَّةِ أن تُصافِحَ أخاكَ». صحيح الأدب المفرد: 745.

570. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ قېرىندىشىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىڭ سالامنى تولۇق قىلغانلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ».[3]

571. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «كان إذا صافَحَ رجلاً لم يَترُك يدَهُ حتى يكونَ هو التارك ليدِ رسولِ اللَّه». السلسلة الصحيحة: 2485.

571. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىرەر كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2004- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] «صحيح الأدب المفرد» 745- نومۇرلۇق ھەدىس.

تەرەپ قولىنى قويۇۋەتمىگۈچە قولىنى تارتىۋالمايتتى».①

572. وعنه، قال: «كان أصحابُ النبيِّ ﷺ إذا تَلاقَوا تَصافَحوا، وإذا قَدِموا من سفرٍ تعانَقُوا». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 2647.

572. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئۇچراشقاندا ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەتتى».②

- **ھەدىيە بېرىش**

573. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «تهادُوا تحابُّوا». صحيح الأدب المفرد: 462.

573. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ـ بىرىڭلارغا ھەدىيە بېرىڭلار، ئۇ ئارقىلىق ئۆزئارا دوستلۇق ئورنىتىسىلەر».③

574. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: «يا بُنيَّ تباذَلُوا بينكم؛ فإنه أَوَدُّ لما بينكم». صحيح الأدب المفرد: 463.

574. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئى بالىلىرىم! ئۆزئارا ئېھسان قىلىشىڭلار، چۈنكى ئېھسان ئاراڭلاردىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ».④

575. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «لقد أتى علينا زمانٌ ـ أو قال: حينٌ ـ وما أحدٌ أحقُّ بديناره ودرهمه من أخيه المسلم، ثم الآن الدينار والدرهم أحب إلى أحدنا من أخيه المسلم». صحيح الأدب المفرد: 81.

575. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىزگە شۇنداق بىر زامانلار كەلگەنكى، ھېچ بىر كىشى ئۆزىنىڭ دىنار ۋە دەرھىمىگە

① ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2485 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2647 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ «صحيح الأدب المفرد» 745 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ «صحيح الأدب المفرد» 745 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇسۇلمان قېرىندىشىدىنمۇ بەك ھەقلىق ئەمەس ئىدى، ئەمما ھازىر دىنار ۋە دەرھەم بىزگە مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتتى».[①]

**• مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلىش**

576. **عن أم الدرداء، رضي اللَّه عنها ،قالت: فإنَّ النبيَّ ﷺ كان يقول: «دعوةُ المرء المسلم لأخيه ـ بظهرِ الغيب ـ مُستجابةٌ عندَ رأسِه ملَكٌ؛ كلما دعَا لأخيه بخيرٍ، قال الملكُ الموكَّلُ به: <آمين، ولَكَ بِمِثْلٍ>»**. مسلم.

576. ئۇممۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن يوق يېرىدە قىلغان دۇئاسى ئىجابەتتۇر. ئۇنىڭ بېشىدا بىر مۇئەككەل پەرىشتە بولۇپ، ھەر قېتىم ئۆز قېرىندىشىغا ياخشىلىقنى تىلىگەندە مۇئەككەل پەرىشتە: <ئامىن، ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن> دەيدۇ».[②]

577. **وعن أبي بكر الصديق رضي اللَّه عنه: «إنَّ دعوةَ الأخ في اللَّه تُستجَاب»**. **صحيح الأدب المفرد**: 486.

577. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «الله ئۈچۈن دوستلاشقان قېرىنداشنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ».[③]

**• مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تەبەسسۇم قىلىش**

578. **عن أبي ذر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «تبسُّمُكَ في وجهِ أخيكَ صدقةٌ، وأمرُكَ بالمعروف ونهيُكَ عن المنكر صدقةٌ، وإرشادُكَ الرجلَ في أرضِ الضَّلال لك صدَقةٌ، وإماطَتُكَ الأذى والشَّوكَ والعظمَ عن الطريقِ لك صدقةٌ، وإفراغُكَ من دَلوكَ في دلو أخيكَ لك صدقةٌ»**. رواه الترمذي وغيره، **صحيح الترغيب والترهيب**: 2685.

578. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ قارىشىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر. ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر.

[①] «صحيح الأدب المفرد» 81 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] مۇسلىم توپلىغان.

[③] «صحيح الأدب المفرد» 486 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئېزىپ قالغان كىشىنى توغرا يولغا باشلاپ قويۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر. يولدىن شوخا، سۆڭەكتەك ئەزىيەتلەرنى يوقۇتۇشۇڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر. قېرىندىشىڭنىڭ چېلەكىگە چېلىكىڭدىن سۇ ئېلىپ بېرىشىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر». ①

579. وعن أبي جُريّ الهجيمي رضي اللّه عنه، قال: «أتيتُ رسولَ اللّه ﷺ فقلتُ: <يا رسولَ اللّه إنا قومٌ من أهلِ الباديةِ، فعلمنا شيئاً ينفعنا اللّه به؟>، فقال: <لا تحقِرنَّ من المعروفِ شيئاً، ولو أن تُفرِغَ من دلوكَ في إناء المُستقي، ولو أن تُكلِّمَ أخاكَ ووجهُكَ إليه مُنْبَسطٌ>». رواه أبو داود، والترمذي، وقال: حديث حسنٌ صحيح،

579. ئەبۇ جۇرەي ھۇجەيمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سەھرادا ياشايمىز، بىزگە الله تائالا تەرىپىدىن ئەجىر بېرىلىدىغان بىرەر ئىش ئۆگىتىپ قويغان بولساڭ> دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <مەيلى سۇ سورىغان كىشىنىڭ قاچىسىغا چېلىكىڭدىن سۇ ئېلىپ بېرىش بولسۇن، مەيلى قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن سۆز قىلىش بولسۇن، ھېچبىر ياخشىلىقنى كىچىك كۆرمىگىن> دېدى». ②

580. وفي رواية للنسائي وأحمد، فقال: «لا تحقِرنَّ من المعروفِ شيئاً أن تأتيَهُ ولو أن تهَبَ صِلةَ الحبلِ، ولو أنْ تُفرِغَ من دَلوِكَ في إناءِ المُستَقِي، ولو أن تَلقَى أخاكَ المسلمَ ووجهُكَ بِسْطٌ إليه ـ أي منبسطٌ منطلق ـ ولو أن تؤنِسَ الوحشانَ بنفسك؛ ولو أن تهَبَ الشَّسْعَ. والشَّسْعُ: الشيء أو الخيط الذي يُربَط به النعل ويُشَد».

580. نەسائى ۋە ئەھمەدنىڭ نەقلىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئارغامچا سورىغان كىشىگە ئارغامچاڭنى بېرىپ تۇرۇش بولسۇن، سۇ سورىغان كىشىنىڭ قاچىسىغا چېلىكىڭدىن سۇ ئېلىپ بېرىش بولسۇن، مۇسۇلمان قېرىندىشىڭغا ئوچۇق چىراي بولۇشۇڭ بولسۇن، يالغۇزسىراپ قالغان كىشى

① تىرمىزى توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

بىلەن ئۇلپەتلىشىش بولسۇن، ھەتتا ئاياغ چىگىدىغان بوغقۇچنى بېرىش بولسۇن، ياخشىلىقتىن ئازغىنە بىر ئىشنىمۇ كىچىك كۆرمىگىن».

- **قېرىنداشلارنى يوقلاپ تۇرۇشتا نورمال بولۇش**

**581. عن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «زُرْ غِبّاً تَزْدَدْ حُبّاً». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 2583.**

581. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشلارنى پات-پات يوقلاپ تۇرغىن، بۇ ئارقىلىق دوستلۇقنى كۈچەيتىسەن».[1]

- **الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقنى دوستىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش**

**582. عن علي بن الحسين مرفوعاً: «إذا أحبَّ أحدُكم أخاه في اللَّه فليُبيِّنْ له، فإنَّه خيرٌ في الألفةِ، وأبقَى في المودَّةِ». السلسلة الصحيحة: 1199.**

582. ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىنى الله ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويسۇن. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئۇلپەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە دوستلۇقنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرىدۇ».[2]

❖ **الله تائالا ئۈچۈن دوستلاشقانلارغا بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋاب ھەققىدە**

**583. وعن أبي مسلم، قال: قلت لمعاذ: «واللَّه إنِّي لأحبُّكَ لغير دُنيا أرجو أن أصيبَها منكَ، ولا قرابَةٍ بيني وبينَك»، قال: «فلأيِّ شيءٍ؟». قلتُ: «للَّه»، قال: فجذَب حبوتي، ثم قال: «أبشِرْ إن كنتَ صادقاً؛ فإنِّي سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <المتحابُّون في اللَّه في ظلِّ العرشِ يومَ لا ظِلَّ إلا ظِلُّه، يَغبِطُهم بمكانهم النبيُّون والشُّهداءُ>». قال: ولقيتُ عُبادةَ بن الصامت فحدثتُه بحديث معاذ، فقال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقولُ عن ربِّه تبارَك وتعالى: «حَقَّت محبَّتي على المتحابِّين فيَّ، وحَقَّت محبَّتي على المتناصِحين فيَّ، وحَقَّت محبتي على المُتَباذِلين فيَّ، هم على منابِرَ من نورٍ، يغبطُهُم النَّبيُّون والشُّهداء والصِّديقُون». رواه**

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2583- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «السلسلة الصحيحة» 1199- نومۇرلۇق ھەدىس.

**ابن حبان وغيره، صحيح الترغيب والترهيب:** 3019.

583. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «الله بىلەن قەسەمكى، ئارىمىزدا ھېچقانداق ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق يوق تۇرۇپ مەن سېنى مال ـ دۇنيانى مەقسەت قىلماستىن ياخشى كۆرىمەن ۋە شۇ دوستلۇققا ئېرىششىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېۋىدىم، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىۋېدىم، ئۇ مېنىڭ كىيىمىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر بۇ سۆزۈڭدە راستچىل بولىدىغان بولساڭ خۇش بېشارەت ئالغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <الله ئۈچۈن دوستلاشقانلار الله نىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە (قىيامەت كۈنىدە) ئەرشنىڭ سايىسىدە بولىدۇ، ئۇلارغا پەيغەمبەر ۋە شەھىدلەرمۇ ھەۋەس قىلىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. ئەبۇ مۇسلىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بېرىۋېدىم، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىپ الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: «مېنىڭ مۇھەببىتىم مەن ئۈچۈن دوستلاشقان، مەن ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشقان، مەن ئۈچۈن ئۆزئارا بىرنەرسىلەرنى بېرىشكەن كىشىلەرگە ۋاجىب بولدى، مەن ئۈچۈن دوستلاشقانلار نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ». [1]

584. **وفي رواية عنه، قال سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «قالَ اللّه: <المُتحابُّون في جَلالي لَهُم منابِرُ من نورٍ، يَغبطُهُم النبيُّون والشُّهداءُ>».**

584. يەنە بىر نەقىلدە ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله تائالا

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان.

مۇنداق دەيدۇ: <مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەرگە نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن مەرتىۋىنى پەيغەمبەرلەر، شەھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ>».

**585. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «إن للّه جُلساءَ يومَ القيامة عن يمين العرشِ، وكلتا يدي اللّه يمينٌ، على منابرَ من نور، وجوهُهم من نور، <ليسوا بأنبياءَ ولا شُهداء ولا صدِّيقين>، قيل: <يا رسولَ اللّه من هم؟>، قال: <هم المُتحابُّون بجلالِ اللّه تبارك وتعالى>». رواه الطبراني، صحيح الترغيب والترهيب: 9022.**

585. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «قىيامەت كۈنى ئەرشنىڭ ئوڭ تەرىپىدە الله تائالاغا ھەمسۆھبەت بولىدىغان كىشىلەر بار. الله تائالانىڭ ئىككىلى قولى ئوڭدۇر، ئۇلار نۇردىن بولغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ناھايىتى نۇرلۇق بولىدۇ. <ئۇلار پەيغەمبەرلەر، شەھىدلەر، سىددىقلار ئەمەس> دېگەنىدى. ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟> دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇلار الله نىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بىر-بىرى بىلەن دوستلاشقانلار> دەپ جاۋاب بەردى».[1]

**586. وعن أبي الدرداء رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ليبعثنَّ اللّه أقواماً يومَ القيامة في وجوههم النور، على منابرِ اللُّؤلُؤ، يغبطُهُم الناسُ، ليسوا بأنبياءَ ولا شُهداءَ». قال: فجَثى أعرابيٌّ على رُكبتيْه، فقال: «يا رسولَ اللّه جَلِّهم لنا نعرفُهم؟». قال: «هم المُتحابُّونَ في اللّه من قبائل شتَّى، وبلادٍ شتَّى يجتمعون، على ذكرِ اللّه؛ يَذكرونَه». رواه الطبراني، صحيح الترغيب والترهيب: 3025.**

586. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله تائالا قىيامەت كۈنى بىر بۆلۈك كىشىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ناھايىتى نۇرلۇق بولۇپ، مەرۋايىتتىن ياسالغان مۇنبەرلەردە ئولتۇرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قارايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرمۇ، شەھىدمۇ ئەمەس» دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان بىر ئەئرابىي تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 9022- نومۇرلۇق ھەدىس.

«ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرسىلە، تونۇۋالايلى!» دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار ھەرخىل قەبىلىلەردىن، ھەرقايسى شەھەرلەردىن كەلگەن بولۇپ، الله ئۈچۈن بىر-بىرىنى دوست تۇتقان، الله نىڭ زىكرى ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان ۋە ئۇنى زىكىر قىلغان كىشىلەردۇر» دېدى. ①

587. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إنَّ للّه عباداً ليسوا بأنبياء ولا شهداءَ، يغبطُهم الشهداءُ والأنبياءُ يومَ القيامةِ؛ لقربهم من اللّه تعالى ومجلِسهم منه»، فجثَا أعرابيٌّ على ركبتيه فقال: «يا رسولَ اللّه! صِفهم لنا، وجلِّهم لنا؟»، قال: «قومٌ من أَفناءِ الناس، من نُزَّاع القبائل، تصادقوا في اللّه، وتحابُّوا فيه، يضَعُ اللّه لهم يومَ القيامةِ منابرَ من نورٍ، يخافُ الناسُ ولا يخافون، هم أولياءُ اللّه الذين ﴿لا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلا هُمْ يَحْزَنُونَ﴾». أخرجه الحاكم في المستدرك، السلسلة الصحيحة: 3464.

587. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئىچىدە پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەر ئەمەس، ئەمما پەيغەمبەرلەر ۋە شەھىدلەرمۇ ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە الله قا يېقىنلىقى سەۋەبلىك ھەۋەس قىلىدىغان بەندىلەر بار» دېگەندە، چەتتىكى كىشىلەر ئىچىدىن بىر ئەئرابى يۈكۈنۈپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەرسىلە» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار الله ئۈچۈن دوستلاشقان، الله ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، يىراق-يىراقتىكى يات قەبىلىلەردىن توپلانغان كىشىلەردۇر. الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەرنى ئاتا قىلىدۇ، كىشىلەر قورققان ۋاقىتتا ئۇلار قورقمايدۇ، ئۇلار الله تائالانىڭ دوستلىرىدۇر، بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <الله نىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە الله نىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر②>» دېدى. ③

① تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 3025- نومۇرلۇق ھەدىس.

② سۈرە يۇنۇس 62- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3464- نومۇرلۇق ھەدىس.

**❖ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا بولغان ھۆرمىتى ھەمدە مۇسۇلمان قېرىندىشىدا بولمىغان سۈپەتنى سۆزلىگەن كىشى ھەققىدە**

588. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «كلُّ المسلمِ على المسلم حرامٌ: مالُه، وعِرْضُه، ودَمُه، حَسْبُ امرئٍ من الشرِّ أن يحقرَ أخاه المسلم». مسلم.

588. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ مېلى، قېنى ۋە يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلىشى ھارامدۇر. بىر كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كەمسىتىشى ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەرلىك گۇناھتۇر».[①]

589. وعن أبي بكرة الثقفي رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ، خطبَ الناسَ فقال: «ألا تدرون أي يومٍ هذا؟»، قالوا: «اللَّه ورسولُه أعلم». قال: فسكتَ حتى ظننَّا أنه سيُسمِّيه بغيرِ اسمه، فقال: «أليس بيوم النحر؟»، قلنا: «بلى يا رسولَ اللَّه»، قال: «أي بلدٍ هذه؛ أليست بالبلدةِ الحرام؟»، قلنا: «بلى يا رسولَ اللَّه»، قال: «فإن دماءَكم، وأموالَكُم، وأعراضَكم، وأبشارَكم عليكم حرام، كحرمة يومكم هذا في شهركم هذا في بلدكم هذا، ألا هل بلَّغت؟». قلنا: «نعم»، قال: «اللَّهم اشهد، فليبلِّغ الشاهدُ الغائبَ؛ فإنه رُبَّ مُبَلِّغٍ يُبلِّغُه مَن هو أوعَى له» فكان كذلك، قال: «لا ترجعوا بعدي كفَّاراً يَضرِبُ بعضُكم رِقابَ بعضٍ». متفق عليه.

589. ئەبۇبەكرە سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: «بۇگۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر: «الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېيىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ سۈكۈتتە تۇرۇپ كەتتى، بىز پەيغەمبەر ﷺ بۇ كۈننى باشقا نام بىلەن ئاتايدىغان ئوخشايدۇ دەپ تۇرساق، ئۇ: «بۇ قۇربانلىق كۈنى ئەمەسمۇ؟» دېدى، بىز: «شۇنداق، قۇربانلىق كۈن» دەپ جاۋاب بەردۇق. ئۇ يەنە: «بۇ قايسى شەھەر؟ ھەرەم شەھرى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى، بىز: «شۇنداق، ھەرەم شەھرى» دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: «قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە يۈز-ئابرۇيىڭلارغا چېقىلىش، خۇددى

① مۇسلىم توپلىغان.

بۇ شەھەر، بۇ ئاي ۋە بۇ كۈنىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىقنىڭ ھارام بولغىنىغا ئوخشاش ھارامدۇر. ئى خالايىق! يەتكۈزدۈمۇ؟» دېدى، بىز: «شۇنداق، يەتكۈزدىلە» دېدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئى الله ! گۇۋاھ بولغىن، بۇ جايغا كەلگەنلەر كەلمىگەنلەرگە يەتكۈزسۇن، چۈنكى بەزىلەر ئۆزىدىنمۇ ياخشىراق ئەستە ساقلىيالايدىغان كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن» دېدى. ئاندىن شۇنداق بولدى (يەنى ئاڭلىغان كىشىلەرگە قارىغاندا ئاڭلىغىنى يېتىپ بارغانلار كۆپرەك بولدى). پەيغەمبەر ﷺ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەندىن كېيىن بىر-بىرىڭلارنىڭ گەدەنلىرىگە چېپىپ كۇفۇرلۇققا① قايتماڭلار!» دېدى.②

590. وعن عبد الرحمن بن سعيد رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «لا يحلُّ للرجلِ أن يأخذَ عَصا أخيه بغير طِيبِ نفسِه»؛ وذلك لشدَّة ما حرَّم رسولُ اللَّه من مالِ المسلمِ على المسلمِ. رواه أحمد، والطحاوي، وابن حبان، والبيهقي، وصححه الشيخ ناصر.

590. ئابدۇراھمان ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «بىر كىشىنىڭ قېرىندىشى رازى بولماستىن ئۇنىڭ ھاسىسىنى ئېلىۋېلىشى ھالال ئەمەس» دېدى. ئۇنداق بولۇشى، پەيغەمبەر ﷺ بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ناھەق ئېلىۋېلىشىنى قاتتىق ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ③

591. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «المسلمُ من سلِمَ المسلمون من لسانِه ويدِه، والمهاجرُ من هجَرَ ما نهى اللَّه عنه». البخاري.

591. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن سالامەت بولغان كىشىدۇر، مۇھاجىر دېگەن الله چەكلىگەن نەرسىنى تەرك

---

① بۇ يەردىكى مەقسەت ــ الله قا كاپىر بولۇش بولماستىن، بەلكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق نېئمىتىگە تېنىشتۇر، يەنى بۇ ــ «قەلبلىرىڭلارنى بىرلەشتۈرگەن الله نىڭ ئىسلامىي قېرىنداشلىقتىن ئىبارەت بۇ نېئمىتىنى ئىنكار قىلماڭلار. بۇ نېئمەتتىن يۈز ئۆرۈسەڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ ۋە ئۇنى ھالال ساناپ، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ گەدىنىگە ئۇرىسىلەر» دېگەنلىك بولىدۇ.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد، تەھاۋى، ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان.

ئەتكەن كىشىدۇر». [1]

592. وعن ابن مسعود، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «سبابُ المسلمِ فسوقٌ، وقتالُه كفرٌ». متفق عليه.

592. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كۇفۇرلۇقتۇر». [2]

593. وعن معاذ بن أنس رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «من ضيَّق منزلاً، أو قطع طريقاً، أو آذى مؤمناً، فلا جهادَ له». رواه أحمد، وأبو داود، صحيح الجامع: 6378.

593. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلار چۈشكۈن قىلغان جاينى قىستاپ يولنى ئۈزۈۋەتسە ياكى مۇئمىنگە ئەزىيەت بەرسە، ئۇنىڭغا جىھادنىڭ (ساۋابى) يوقتۇر». [3][4]

594. وعن أبي بكرة رضي اللّٰه عنه، قال: سمعت رسول اللّٰه ﷺ يقول: «إذا تواجه المسلمان بسيفَيهما فالقاتلُ والمقتولُ في النار». قال: قيل: «يا رسولَ اللّٰه هذا القاتلُ فما بالُ المقتولِ؟»، قال: «إنه قد أرادَ قتلَ صاحبه». مسلم.

594. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىككى مۇسۇلمان بىر-بىرىگە قارشى قىلىچ كۆتۈرسە، ئۆلگىنىمۇ ۋە ئۆلتۈرگىنىمۇ دوزاختا بولىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆلتۈرگۈچىغۇ دوزاختا بولار، ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى نېمە؟» دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «چۈنكى ئۇمۇ رەقىبىنى ئۆلتۈرمەكچى

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[4] مۇجاھىد قىلغان جىھادىدىن مەغرۇرلىنىپ قالماسلىقى ۋە جىھاد كارۋىنىدىكى ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا قارشى لازىم. بەزىدە ئۇنىڭ بىلمەستىن قىلغان كىچىككىنە خاتالىقى جىھادىنىڭ ئەجرىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، مۇجاھىد ئۆز جىھادىدا مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمەتلىرى ۋە يۈز-ئابرۇيلىرىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىشى لازىم. جىھاد مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بېرىش ۋە زىيان ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قىلىنمايدۇ.

ئىدى» دەپ جاۋاب بەردى.①

595. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إذا شهَرَ المسلمُ على أخيهِ سلاحاً؛ فلا تزالُ ملائكةُ اللَّه تلعنُه حتى يَشيمَهُ عنه». السلسلة الصحيحة: 3973.

595. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشى قېرىندىشىغا قورال تەڭلىسە، قورالىنى قېرىندىشىدىن چۈشۈرمىگۈچە پەرىشتىلەر ئۇ كىشىگە لەنەت ئوقۇيدۇ».②

596. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ الملائكةَ لتلعنُ أحدَكُم إذا أشارَ إلى أخيه بحديدةٍ، وإن كان أخاهُ لأبيه وأُمِّه». رواه أحمد، ومسلم، والترمذي، صحيح الجامع: 1957.

596. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا تۆمۈر تەڭلىسە، گەرچە ئۇ ئۇنىڭ ئاتا بىر، ئانا بىر قېرىندىشى بولغان تەقدىردىمۇ، پەرىشتىلەر ئۇ تۆمۈر تەڭلىگەن كىشىگە لەنەت ئوقۇيدۇ».③

597. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: «نظرَ رسولُ اللَّه ﷺ إلى الكعبة فقال: «مرحباً بكِ من بيت، ما أعظمَكِ، وأعظمَ حُرمَتكِ، ولَلْمؤمنُ أعظمُ حُرمةً عند اللَّه منكِ؛ إن اللَّه حرَّمَ منكِ واحدةً، وحرَّمَ من المؤمن ثلاثاً: دَمَه، ومالَهُ، وأن يُظنَّ به ظنُّ السُّوءِ>». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان، السلسلة الصحيحة: 3420.

597. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كەئبىگە قاراپ تۇرۇپ: <ساڭا خۇش مۇبارەك بولسۇن، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ھۆرمىتىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئەمما الله نىڭ نەزىرىدە مۇئمىننىڭ ھۆرمىتى سەندىنمۇ ئۇلۇغ. چۈنكى، الله تائالا سەندىن بىرلا نەرسىنى ھارام قىلدى، مۇئمىننىڭ بولسا قېنى، مېلى ھەمدە ئۇنىڭدىن يامان

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② «السلسلة الصحيحة» 3973- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ مۇسلىم، ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

گۇمان قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنى ھارام قىلدى> دېدى». ①

598. وعن أبي أمامة الحارثي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من اقتطعَ حقَّ امرئ مُسلمٍ بيمينِه، فقد أوجبَ اللَّه له النارَ وحرَّمَ عليه الجنَّةَ وإن كان قضيباً من أراكٍ». رواه أحمد، ومسلم، والنسائي، وابن ماجه، صحيح الجامع: 6076.

598. ئەبۇ ئۇمامە ھارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى يالغان قەسەم قىلىپ بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئېلىۋالسا، الله تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى ۋاجىب قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. گەرچە بىر غېرىچ مىسۋاك چاغلىق نەرسە بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ». ②

599. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يخطبُ الرجلُ على خِطبةِ أخيه حتى ينكِحَ أو يَترُكَ». متفق عليه.

599. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى قېرىندىشى تەلەپ قويغان قىزغا، ھەتتا ئۇ قېرىندىشى نىكاھلانغۇچىلىك ياكى ۋاز كەچكەنگە قەدەر تەلەپ قويمىسۇن». ③

600. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يبِعِ الرجلُ على بيعِ أخيه، ولا يخطِبُ على خِطبةِ أخيه إلا أن يأذَن له». مسلم.

600. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى قېرىندىشىنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، قېرىندىشى تويلاشماقچى بولغان قىزغا تەلەپ قويماقچى بولسا قېرىندىشىنىڭ رۇخسىتى بىلەن تەلەپ قويسۇن». ④

601. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه ،أن رسول اللَّه ﷺ قال: «لا يَسُمْ الرجلُ على سَومِ أخيه المسلم». رواه مسلم.

---

① بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3420 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② مۇسلىم، ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ مۇسلىم توپلىغان.

601. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزمىسۇن».[①]

602. وعن عقبة بن عامر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «المسلمُ أخو المسلم، ولا يحلُّ لمسلمٍ باعَ من أخيه بيعاً فيه عيبٌ إلا بيَّنَه له». رواه أحمد، وابن ماجه، والحاكم، صحيح الجامع: 6705.

602. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، شۇڭا بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئەيىبى بار مالنى سېتىشى توغرا ئەمەس، ئەمما ئۇ مالنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق ئېيتىپ ساتسا بولىدۇ».[②]

603. وعن أُمامة بن سهل بن حنيف رضي اللّٰه عنه، قال: «قال رسول اللّٰه ﷺ: <علامَ يقتلُ أحدُكم أخاهُ؛ إذا رأى أحدُكم من أخيه ما يعجبه فليدْعُ له بالبركةِ>». رواه النسائي، وابن ماجه، صحيح الجامع: 4020.

603. ئۇمامە ئىبنى سەھل ئىبنى ھۇنەيفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <نېمىشقا قېرىندىشىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر؟[③] بىرىڭلار قېرىندىشىدىن ھەيران قالارلىق بىرەر ئىشنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن> دېدى».[④]

604. وعن ابن مسعود رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «سبابُ المسلمِ فسوقٌ، وقتالُه كُفرٌ، وحُرمةُ ماله كحُرمَةِ دمِه». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 3596.

604. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر. مۇسۇلماننىڭ مال-مۈلكىنى ئېلىۋېلىش خۇددى ئۇنىڭ قېنىنى

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان.

[③] بۇ ــ «قېرىندىشىغا ھەسەت قىلمىسۇن» دېگەنلىك بولىدۇ، چۈنكى كۆز تېگىش ھەقتۇر.

[④] نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

تۆكۈش ھارام بولغاندەك ھارام بولىدۇ».[1]

605. وعن ابن عمرو رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «سبابُ المؤمنِ كالمُشرفِ على الهلَكةِ». صحيح الجامع: 3586

605. ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىننى تىللاش ھالاكەتكە يۈزلىنىشتۇر».[2]

606. وعن ابن عمر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «أيما امرئٍ قال لأخيه يا كافر، فقد باء بها أحدُهما؛ إن كان كما قالَ وإلا رجعت». رواه مسلم.

606. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى قېرىندىشىنى <كاپىر> دېسە، قېرىندىشى ئۇ دېگەندەك بولسا، بۇ سۆز دېيىلگۈچىگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا دېگۈچىگە قايتىدۇ».[3]

607. وعن أبي ذر رضي اللّٰه عنه، أنه سمع رسول اللّٰه ﷺ يقول: «من دعا رجلاً بالكفر أو قال عدوَّ اللّٰه، وليس كذلك، إلا حارَ عليه». رواه مسلم.

607. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى باشقا بىرىنى: <كاپىر> ياكى <الله نىڭ دۈشمىنى> دېسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ئۇنداق بولمىسا بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ».[4]

608. وعن عبد اللّٰه بن عمر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «من قال في مؤمنٍ ما ليس فيه، حُبِسَ في رَدغةِ الخبالِ حتى يأتي بالمخرجِ مما قال». رواه أحمد، وأبو داود، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 437.

608. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىننى ئۇنىڭدا يوق سۈپەت بىلەن

---

[1] تەبەرانى توپلىغان.

[2] «صحيح الجامع» 3586 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

قارىلايدىكەن، گۇناھىغا چۈشلۇق ئازابلىنىپ بولغۇچىلىك جەھەننەم ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭ پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇپ قويۇلىدۇ».[1]

609. وعن ثابت بن الضحاك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا قال الرجلُ لأخيه: يا كافر؛ فهو كقتلِه، ولعنُ المؤمن كقتلِه». رواه أحمد، والبخاري، صحيح الجامع: 710.

609. سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىغا: <ئى كاپىر> دېگەنلىكى، خۇددى قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. مۇئمىنگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر».[2]

610. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أنه قيل: «يا رسول اللَّه ما الغيبةُ؟»، قال: «ذكرُكَ أخاكَ بما يكرهُ». قيل: «أفرأيت إن كان في أخي ما أقول؟»، قال: «إن كان فيه ما تقولُ فقد اغتبتَهُ، وإن لم يكن فيه ما تقولُ فقد بهتَّهُ». رواه الترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 4079.

610. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! غەيۋەت دېگەن نېمە؟» دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «قېرىندىشىڭ ياقتۇرمايدىغان ئىشنى تىلغا ئېلىشىڭ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئەگەر قېرىندىشىمدا بار بولغان ئىشلارنى دېسەمچۇ؟» دەپ سورىلىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر ئۇنىڭدا بار ئىشنى دېسەڭ غەيۋەت قىلغان بولىسەن، يوق ئىشنى دېسەڭ تۆھمەت قىلغان بولىسەن» دېدى.[3]

611. وعن سعيد بن زيد رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «إنَّ من أَربى الربا الاستطالةُ في عِرضِ المسلم بغير حقٍّ». صحيح سنن أبي داود: 4081.

611. سەئىد ئىبنى زەيد پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا ناھەق تىل تەگكۈزۈش ئەڭ يامان

---

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 437 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[3] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جازانىدۇر».[1]

612. وعن قيس، قال: «كان عمرو بن العاص يسيرُ مع نفرٍ من أصحابه، فمرَّ على بغلٍ ميتٍ قد انتفخَ، فقال: ‹واللّه لأن يأكلَ أحدُكُم من هذا حتى يملأ بطنَهُ، خيرٌ من أن يأكُلَ لحمَ مُسلِمٍ›». صحيح الأدب المفرد: 565. أي خير من أن يغتابه ويخوض في عِرضه؛ فأكل لحم المسلم يكون بغِيبته، كما قال تعالى: ﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾. الحجرات:12.

612. قەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن مېڭىۋاتقان ئىدى. ئۇلار ئۆلۈپ قورسىقى ئىششىپ قالغان بىر قېچىرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹الله بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلارنىڭ بۇ قېچىرنىڭ گۆشىدىن تويغۇچە يېيىشى، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگىنىدىن ياخشىدۇر› دېدى».[2]

يەنى، قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ يۈز-ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن ياخشىدۇر. چۈنكى، غەيۋەت قىلىش مۇسۇلماننىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشاشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى[3] ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله تىن قورقۇڭلار. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[4].

613. وعن سلَمَةَ بن الأكوع رضي اللّه عنه، قال: كُنَّا إذا رأينا الرجلَ يلعَنُ أخاه رأيناه أن قد أتى باباً من الكبائر. أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 2649.

613. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «صحيح الأدب المفرد» 565- نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] غەيۋەتنىڭ زىيادە قەبىھ ئىكەنلىكىگە تەمسىل.
[4] سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشىنىڭ قېرىندىشىغا لەنەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، بىز ئۇ كىشىنى: <چوڭ گۇناھلاردىن بىرىنى سادىر قىلدى> دەپ قارايتتۇق».[1]

**❖ مۇسۇلمانغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىغان كىشى ھەققىدە**

**614. عن أنس بن مالك رضي اللّه عنه ،أن النبَّي ﷺ قال: لا تَباغَضُوا، ولا تحاسَدُوا، ولا تدابَرُوا، وكونوا عباد اللّه إخواناً، ولا يحلُّ لمسلمٍ أن يهجرَ أخاه فوقَ ثلاثِ ليالٍ. متفق عليه.**

614. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاداۋەتلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار. بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز دىنىي قېرىندىشىنى ئاداۋەت سەۋەبلىك گەپ قىلماي ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ».[2]

**615. وعن عائشة رضي اللّه عنها، أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «لا يكون لمسلمٍ أن يهجرَ مسلماً فوقَ ثلاثةٍ، فإذا لقيَه سلَّم عليه ثلاثَ مِرارٍ كلُّ ذلك لا يَرِدُّ عليه، فقد باءَ بإثمِه». صحيح سنن أبي داود: 4105.**

615. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى لايىق ئەمەستۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇچراشسا ئۈچ قېتىم سالام قىلىدۇ، ئۇچىلا قېتىمدا سالامنى ئىلىك ئالمىسا، ئاداۋەت تۇتقاننىڭ گۇناھى بىلەن قايتىدۇ».[4][3]

**616. وعن هشام بن عامر الأنصاري رضي اللّه عنه، أنه سمعَ رسولَ اللّه ﷺ قال: لا يحلُّ لمسلمٍ أن يُصارم مسلماً فوقَ ثلاثٍ، فإنهما ناكبان عن الحق ما داما على صِرامِهما، وإن أولهما**

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2649 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن..

[4] ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق سالام قىلىش شەرت ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدىن ئارتۇقى ياخشىلىقتۇر. بىر كىشى ئۈچ قېتىم سالام قىلىش بىلەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

فيئاً يكون كفارته عند سبقه بالفيء، وإن ماتا على صِرامهما لم يدخلا الجنَّةَ جميعاً أبداً، وإن سلَّمَ عليه فأبى أن يقبل تسليمه وسلامَه، ردَّ عليه الملَكُ، وردَّ على الآخر الشيطانُ. صحيح الأدب المفرد: 311.

616. ھىشام ئىبنى ئامىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىدىن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشى ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق بولغاندا بۇ ئىككىيلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ھەقتىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرى ئاۋۋال سالام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سالىمى گۇناھىغا كەففارەت بولىدۇ. ئەگەر ئىككىيلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە ئىككىلىسى ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر سالام قىلسا ئىلىك ئالغىلى ئۇنىمىسا، سالام قىلغان كىشىگە پەرىشتىلەر سالام قايتۇرىدۇ، يەنە بىرىگە بولسا شەيتان سالام قايتۇرىدۇ».[1]

617. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: لا يحلُّ لمسلمٍ أن يهجرَ أخاهُ فوقَ ثلاثٍ؛ فمن هجرَ فوقَ ثلاثٍ فمات، دخلَ النارَ». صحيح سنن أبي داود: 4106.

617. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال بولمايدۇ. كىمكى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە دوزاخقا كىرىدۇ».[2]

618. وعن أبي خِراش السُّلَمي رضي اللَّه عنه، أنه سمع رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من هَجرَ أخاه سنةً، فهو كسفكِ دمِه». صحيح الأدب المفرد: 313.

618. ئەبۇ خىراش سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى قېرىندىشىغا بىر يىل

[1] «صحيح الأدب المفرد» 311 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاداۋەت تۇتسا، ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندەك (گۇناھ ئىشلىگەن) بولىدۇ».[1]

619. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لو أنَّ رجُلين دخلا في الإسلامِ فاهتَجَرَا؛ لكانَ أحدُهما خارجاً من الإسلام حتى يرجعَ؛ يعني الظالم». أخرجه البزار في مسنده، السلسلة الصحيحة: 3294.

619. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلامغا كىرگەن ئىككى كىشى ئاداۋەتلىشىپ قالغان بولسا، قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلغىنى ئەپۇ سورىمىغۇچىلىك ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ».[2][3]

620. وعن أبي أيوب الأنصاري رضي اللّه عنه، أن رسول اللّه ﷺ قال: «لا يحل لمسلم أن يهجرَ أخاهُ فوقَ ثلاثة أيامٍ يلتقيان؛ فيُعرضُ هذا ويُعرضُ هذا وخيرهما الذي يبدأ بالسلام». صحيح سنن أبي داود: 4104.

620. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ۋە ئۇچرىشىپ قالغاندا (ھەر ئىككىلىسى) بىر-بىرىگە تەتۇر قاراپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس. بۇ ئىككىسىدىن ئاۋۋال سالام قىلغىنى ئەڭ ياخشىسىدۇر».[4]

621. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «تُفتَّحُ أبوابُ الجنةِ كل يوم اثنين وخميس، فيُغفرُ في ذلك اليومين لكلِّ عبدٍ لا يُشرك باللّه شيئاً، إلا مَن بينه وبين أخيه شَحناء، فيُقال: <أَنْظِروا هذين حتى يصطلحا>». رواه مسلم، والترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 4108.

621. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ھەر دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى

---

[1] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «صحيح الأدب المفرد» 313- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3294- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇ — مۇسۇلمان بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قېلىشنىڭ جازاسى ھەققىدە كەلگەن ئەڭ ئېغىر سۆزدۇر. الله تائالادىن بىزنى بۇلاردىن سالامەت قىلىشنى ۋە ئەپۇ قىلىشنى سورايمىز.

[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئېچىلىدۇ، ئۇ ئىككى كۈندە الله قا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھەربىر بەندىنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. لېكىن بىر كىشىنىڭ دىنىي قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋىتى بولسا، ‹ئۇ ئىككىسى يارىشىپ قالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار› دېيىلىدۇ».[1]

622. **قال أبو داود: «إذا كانت الهجرة للّه، فليس من هذا بشيء، وإن عمر بن عبد العزيز: غطَّى وجهه عن رجل».**

622. ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دېگەن: «بۇ (ئاداۋەتلىشىش) ــ الله ئۈچۈن بولسا ھېچ گەپ يوقتۇر. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمۇ بىر كىشىدىن يۈز ئۆرۈگەن».[2]

623. **وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إذا كنتم ثلاثةً فلا يتناجى اثنان دون الآخر حتى تختلطوا بالناس؛ من أجلِ أن يُحزِنُه». متفق عليه.**

623. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئۈچ كىشى بولساڭلار، باشقىلارغا ئارىلىشىپ كەتمىگۈچىلىك، بىرىنى ئايرىپ قويۇپ ئىككىسى پىچىرلاشمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچىنچى كىشىنى رەنجىتىپ قويىدۇ».[3]

624. **وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا لقي أحدُكُم أخاه فليسلِّم عليه، فإن حالَت بينهما شجرةٌ، أو حائطٌ، أو حجرٌ، ثم لقيه فليُسلم عليه». رواه أبو داود، وابن ماجه، صحيح الجامع:** 789.

624. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

[1] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇ يەردە ئەسكەرتىش زۆرۈر بولغان يەنە بىر مەسىلە بار. بەزىدە بىدئەت ئەھلى ۋە گۇناھ-مەئسىيەت قىلغۇچىلاردىن ئۇلار تەۋبە قىلىپ ھەققە قايتقۇچە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش شەرئىي زۆرۈرىيەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەتلا شەرئىي مەنپەئەت مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇلار يۇقىرىقى تەھدىت ھەدىسلەرنىڭ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش لايىق بولمىغان كىشىلەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە ۋاستە قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «قاچانكى بىرەرسىڭلار قېرىندىشىغا ئۇچراشسا ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، گەرچە ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى دەرەخ ياكى تام ۋە ياكى چوڭ تاش ئايرىۋېتىپ قايتا ئۇچراشسىمۇ ئوخشاشلا قايتا سالام قىلسۇن».①

❖ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىگەن كىشى ھەققىدە

625. وعن أبي برزة الأسلمي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «يا معشَرَ من آمنَ بلسانه ولم يدخُلِ الإيمانُ قلبَهُ، لا تغتابوا المسلمينَ، ولا تتبعوا عوراتِهم؛ فإنه من اتَّبعَ عوراتِهم يتَّبِعُ اللَّهُ عورتَه، ومن يتبعِ اللَّه عورَتَه يفضَحْهُ اللَّه في بيتِه». صحيح سنن أبي داود: 4083.

625. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا مۇسۇلمان بولۇپ دىلىغا ئىمان كىرمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلىماڭلار. قانداق بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىسە، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ؛ الله بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ قويسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ».②

626. وعن معاذ بن أنس الجهني رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن حمى مؤمناً من مُنافق، بَعثَ اللَّه ملَكاً يحمي لحمَه يومَ القيامة من نارِ جهنَّم، ومَن رمَى مُسلِماً بشيء يريد شَينَه به حبسَه اللَّه على جسرِ جهنَّم حتى يخرُجَ مما قال». صحيح سنن أبي داود: 4086.

626. مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىننى بىر مۇناپىقتىن قوغداپ قالسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ گۆشىنى دوزاخ ئوتىدىن قوغدايدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى كەمسىتىش ئۈچۈن بىر سۆز توقۇسا، الله ئۇنى تاكى گۇناھىدىن پاكلانغۇچە

① ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

جەھەننەمنىڭ كۆۋرۈكىگە قاماپ قويىدۇ». ①

627. عن ابي هريرة رضي اللّه عنه، ان رسول اللّه ﷺ قال: «إياكُم والظن فإن الظنَّ أكذَبَ الحديثِ، ولا تجسَّسُوا، ولا تحسَّسُوا، ولا تَباغَضُوا، وكونوا إخواناً». البخاري.

627. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «گۇمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى گۇمان قىلىش ئەڭ يالغان سۆزدۇر. بىر-بىرىڭلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنماڭلار، ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار ۋە الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار». ②

628. وعن المُسْتَوْرِد، عن النبيِّ ﷺ قال: «من أكلَ بمسلمٍ أكلةً فإن اللّه يُطعمه مثلها من جهنَّم، ومن كُسِي ثوباً برجل مسلم فإن اللّه يكسوه من جهنَّم - وفي رواية: يكسوه مِثْلَهُ في جهنَّمَ - ومن قامَ برجلٍ مسلم مقام رياءٍ وسمعةٍ فإن اللّه يقوم به مقامَ رياءٍ وسمعةٍ يوم القيامة». صحيح الأدب المفرد: 179.

628. مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ بەدىلىگە بىر لوقما تائام يېسە، الله تائالا جەھەننەمدىن شۇ لوقمىنىڭ ئوخشىشىنى ئۇ كىشىگە تائام قىلىپ بېرىدۇ؛ قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ بەدىلىگە كىيىم كىيسە، ھەقىقەتەن الله تائالا ئۇ كىشىگە جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن كىيىم كىيدۈرۈپ قويىدۇ». يەنە بىر نەقىلدە: «جەھەننەمدە شۇ كىيىمنىڭ ئوخشىشىنى كىيگۈزۈپ قويىدۇ» دەپ كەلگەن. كىمكى بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بەدىلىگە نام-ئاتاقنى ئىزدىسە، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى رىياخورلار قاتارىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ③

629. وعن أنسٍ رضي اللّه عنه: «أن رسولَ اللّه ﷺ كان قائماً يُصلِّي في بيتِه، فجاءَ رَجلٌ فاطَّلَعَ في بيتِهِ، فأخذَ رسولُ اللّه ﷺ سَهماً من كِنانتِه، فسَدَّدَه نحو عينَيه حتى انصَرَفَ».

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «صحيح الأدب المفرد» 169 - نومۇرلۇق ھەدىس.

**أخرجه البخاري في الأدب المفرد، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 612.**

629. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدى، توساتتىن بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنچە قارىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئوقدىنىدىن بىر تال ئوقنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنى نىشانلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى كەينىگە قايتتى».[①]

**630. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، أنه سمع رسولَ اللّه ﷺ يقول: «لو اطّلَعَ في بيتِكَ أحدٌ، ولم تأذَن له، خذَفتَهُ بحصاةٍ، ففقأتَ عينَه ما كان عليكَ من جُناحٍ». متفق عليه. أي من حرجٍ.**

630. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رۇخسىتىڭسىز ئۆيۈڭگە كۆز تاشلىغان ئادەمگە تاش ئېتىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسەڭمۇ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ».[②]

**631. وفي رواية: «لو أن امرأً اطَّلَعَ عليكَ بغير إذنٍ فخذَفْتَه بحصاةٍ ففقأت عينه لم يكُنْ عليكَ جُناحٌ». متفق عليه.**

631 يەنە بىر نەقىلدە: «(ئۆيۈڭدە تۇرۇۋاتقان ھالەتتە) رۇخسىتىڭسىز بىر كىشى ساڭا قارىسا، تاش ئېتىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسەڭ ساڭا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ»[③] دەپ كەلگەن.

### ❖ قېرىنداشنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش

**632. عن أنس رضي اللّه عنه، قال: «آخى رسولُ اللّه ﷺ بين قريش والأنصار، فآخى بين سعد بن الربيع، وعبد الرحمن بن عوف، فقال له سعد: <إن لي مالاً فهو بيني وبينك شطران، ولي امرأتان فانظر أيهما أحبُّ إليك، فأنا أطلقها، فإذا حلَّت فتزوَّجْها!!>، قال: <بارك اللّه لك في أهلِك ومالِك، دلُّوني؛ أي على السُّوق». رواه البخاري، والنسائي، صحيح**

---

① بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا ۋە ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 612 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سنن النسائي: 3172.

632. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىپ، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سەئىد ئىبنى رەبىئ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قېرىنداش قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئىبنى رەبىئ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹مەن مالدار كىشى، مېلىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن. ئىككى ئايالىم بار، ساڭا قايسىسى يارىسا شۇنىڭ تالىقىنى بېرەي، ئىددىتى توشقاندا نىكاھىڭغا ئالغىن› دېدى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹الله ئايال-باللىرىڭ ۋە مال-دۇنيالىرىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن› دېدى».[1]

الله تائالادىن بىز ۋە بىزدىن ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى، مۇئمىنلەرگە قارشى دىللىرىمىزدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلماسلىقىنى سورايمىز. ئى رەببىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مېھرىباندۇرسەن. الله تائالادىن سەپلىرىمىز ۋە قەلبلىرىمىزنى قۇرئان-سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە سەلەف-سالىھلارنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ بېرىشىنى، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىرلىك ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

الله تائالادىن دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بېرىشىنى سورايمىز. الله دۇئالارنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىندۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] بۇخارى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

# 9- باب

## الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ھەقلىرى

الله يولىدىكى مۇجاھىد دېگەن كىم؟

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ كَفَرُوا يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ الطَّاغُوتِ فَقَاتِلُوا أَوْلِيَاءَ الشَّيْطَانِ إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيفًا﴾ «مۇئمىنلەر الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ، كاپىرلار شەيتاننىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ؛ شەيتاننىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (سىلەر ئۇلارنى يېڭىسىلەر)، شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش-قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا

[1] سۈرە بەقەرە 244- ئايەت.
[2] سۈرە نىسا 76- ئايەت.
[3] سۈرە تەۋبە 41- ئايەت.

وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

633. **عن أبي موسى الأشعري رضي اللّٰه عنه، قال: قال أعرابيٌّ للنبي ﷺ: «الرجلُ يُقاتلُ للمغنَم، والرجلُ يُقاتلُ ليُذكَرَ، ويُقاتل ليُرَى مكانُه، مَن في سبيلِ اللّٰه؟ فقال: من قاتل لتكون كلمةُ اللّٰه هي العُليا، فهو في سبيلِ اللّٰه». متفق عليه.**

633. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.[2]

634. **وعنه، قال: جاءَ رجلٌ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «يا رسولَ اللّٰه، ما القتالُ في سبيلِ اللّٰه؟ فإنَّ أحدَنا يُقاتِلُ غضَباً، ويُقاتِلُ حميَّةً»، فرفعَ إليه رأسَهُ، قال: وما رفعَ إليه رأسَه إلا أنه ـ أي السائل ـ كان قائماً، فقال: «مَن قاتلَ لِتكون كلمَةُ اللّٰه هي العُليا، فهو في سبيلِ اللّٰه». متفق عليه.**

634. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىرىمىز ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، يەنە بىرى گۇرۇھۋازلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ

[1] سۈرە ھۇجۇرات 15 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سورىدى. سورىغان كىشى ئۆرە تۇرغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىكەن، ئەنە شۇ الله  يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.[1]

635. وعنه، قال: سُئلَ رسولُ اللَّه ﷺ: «عن الرجلِ يُقاتِلُ شَجاعةً، ويُقاتِلُ حميَّةً، ويُقاتِلُ رياءً، أي ذلك في سبيلِ اللَّه؟»، فقال رسولُ اللَّه: «مَن قاتلَ لتكونَ كلِمَةُ اللَّه هي العليا، فهو في سبيلِ اللَّه». مسلم.

635. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار؛ بۇلارنىڭ قايسىسى الله  يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله  يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.[2]

636. وعن أبي أُمَامةَ الباهِلي رضي اللَّه عنه قال: جاءَ رجلٌ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «أرأيتَ رجلاً غَزَا يَلتمسُ الأجرَ والذِّكرَ ما لَه؟»، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا شَيءَ لَهُ». فأعادَها ثلاثَ مرَّات، يقولُ له رسولُ اللَّه ﷺ: «لا شيءَ له»، ثم قال: «إنَّ اللَّه لا يقبَلُ مِن العمَلِ إلا ما كانَ له خالِصاً وابتُغِيَ به وَجْهُه». صحيح سنن النسائي: 2943.

636. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ھەم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ھەم نام ـ ئاتاقنى كۆزلەپ غازات قىلغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ئۇ ئاخىرەتتە نېمىگە ئېرىشىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىم ئۇنىڭغا: «ئاخىرەتتە ھېچنەرسە يوق» دېدى ۋە ئاندىن: «شۈبھىسىزكى، الله  تائالا پەقەت ئۆزى ئۈچۈن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خالىس قىلىنغان ۋە ئۆزىنىڭ رازىلىقى كۆزلەنگەن ئەمەلدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى.[1]

637. وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «ما من غازيَةٍ تَغزُو في سبيلِ اللَّه فيُصيبونَ الغنيمةَ، إلا تعجَّلوا تُلُثَي أجرِهم من الآخرةِ، ويبقى لهم الثُّلثُ، وإن لم يُصيبوا غَنِيمَةً تمَّ لهم أجْرُهُمْ». مسلم.

637. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ يولىدا غازاتقا چىققان ھەرقانداق بىر قوشۇن بىرەر غەنىيمەتكە ئېرىشسە، ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى (مۇشۇ دۇنيادىلا) ئېلىپ بولغان بولىدۇ، ئاخىرەتكە ئۈچتىن بىر قىسمى قالىدۇ. ئەگەر غەنىيمەتكە ئېرىشمىسە تولۇق ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».[2]

638. وعن عبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، قال: «قال رسولُ اللَّه ﷺ: من غزا في سبيلِ اللَّه، ولم ينْوِ إلا عِقَالاً، فله ما نَوى». صحيح سنن النسائي: 2941.

638. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا ئارغامچا چاغلىق نەرسىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ ئۇرۇش قىلسا، پەقەت نىيەت قىلغان نەرسىسىگىلا ئېرىشىدۇ».[3]

639. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «مثَلُ المجاهدِ في سبيلِ اللَّه، واللَّه أعلمُ بمن يُجاهدُ في سبيله، كمثلِ الصائمِ، القائمِ، وتَوكَّلَ اللَّه للمجاهدِ في سبيلِه بأن يَتَوفَّاهُ، أن يُدخلَه الجنَّةَ، أو يُرجِعَهُ سالماً مع أجرٍ أو غنيمةٍ». متفق عليه.

639. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر! روزا تۇتۇپ، قىيامدا

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تۇرغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ يولىدىكى مۇجاھىدنى ۋاپات تاپقۇزسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى».①

640. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «والذي نفْسي بيَدِه لا يُكْلَمُ أحدٌ في سبيلِ اللَّه، واللَّه أعلمُ بمن يُكلَمُ في سبيلِه، إلا جاءَ يومَ القيامَةِ، واللونُ لونُ الدَّمِ، والرِّيحُ ريحُ المِسْكِ». متفق عليه.

640. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشى ــ الله ئۆز يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىلەرنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر ــ قىيامەت كۈنى قان قانىنىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ».②

### ❖ الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا۞﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر؛ ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن) مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل ـ مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل ـ مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر ـ بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر، (ئۇلارنىڭ) ھەربىرىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله سىلەرنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[3].

641. عن عمران بن حصين رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لَقيامُ رجلٍ في سبيلِ اللّه ساعةً أفضلُ من عبادةِ ستينَ سنة». السلسلة الصحيحة: 1901.

641. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر»[4].

642. وعنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «مقامُ الرَّجُلِ في الصَّفِّ في سبيلِ اللّه، أفضَلُ عندَ اللّه من عبادةِ الرجلِ ستينَ سنةً». رواه الحاكم، وقال: صحيح على شرط البخاري، صحيح

[1] سۈرە نىسا 95 ـ ۋە 96 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە تەۋبە 20 ـ ئايەت.

[3] سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەت.

[4] بەيھەقى ۋە خەتىب توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الترغيب: 1303.

642. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ الله يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشى الله نىڭ نەزىرىدە 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر».[1]

643. وعن مجاهد، عن أبي هريرة رضي اللّه عنه أنه كان في الرِّباطِ، ففَزِعُوا، فخرَجُوا إلى السَّاحِلِ، ثم قيل: لا بأس، فانصرفَ الناسُ، وأبو هريرة واقفٌ، فمرَّ به إنسانٌ، قال: «ما يُوقفك يا أبا هريرة؟ فقال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: <موقفُ ساعةٍ في سبيلِ اللّه خيرٌ من قيامِ ليلةِ القدْرِ عند الحجرِ الأسودِ>». رواه ابن حبان، السلسلة الصحيحة: 1068.

643. مۇجاھىد ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: مەن رىباتتا تۇرۇۋاتقان ئىدىم. تۇيۇقسىز ئەنسىزلىك يۈز بېرىپ، كىشىلەر ساھىل تەرەپكە باردى ۋە مەسىلە يوق ئىكەنلىكىنى بايقاپ جايىغا قايتتى. مەن شۇ يەردە تۇرۇۋەردىم. شۇ ئارىدا بىرى يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋالدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <الله يولىدا بىر سائەت ھارىستا تۇرۇش قەدىر كېچىسى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىشتىن ياخشىدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دەپ جاۋاب بەردىم.[2]

644. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه ،أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «مثلُ المجاهدِ في سبيلِ اللّه كمثلِ الصائمِ القائمِ الدائمِ الذي لا يَفترُ من صلاةٍ، ولا صيامٍ حتى يرجعَ». أخرجه مالك في الموطأ، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2896.

644. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، خۇددى الله ئۇنى ئۆز ئائىلىسىگە قايتۇرغۇچە ناماز ۋە روزىدىن بوشاشماي قالماي قىيامدا تۇرغان ۋە

[1] تەبەرانى، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان. ھاكىم «بۇخارىنىڭ سەھىھ ھەدىس شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ».[①]

645. وعن سهلِ بن سعدِ رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «رِبَاطُ يومٍ في سبيلِ اللَّه خيرٌ من الدُّنيا وما عليها». متفق عليه.

645. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[②]

646. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيﷺ قال: «ألا أنبِّئكُم بليلةٍ أفضلَ من ليلةِ القدر؟ حارِسُ الحرَسِ في أرضِ خوفٍ لَعلَّه أنْ لا يرجِعَ إلى أهلهِ». أخرجه الحاكم، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2811.

646. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قەدر كېچىسىدىنمۇ ئەۋزەل بىر كېچىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ بىر كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىشتىن ئۈمىد ئۈزگىدەك دەرىجىدىكى خەتەرلىك بىرەر زېمىندا مۇجاھىدلارنى قوغداپ هارىستا تۇرغان كېچىسىدۇر».[③]

647. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «سُئِلَ رسولُ اللَّه ﷺعن أجرِ الرِّباط، فقال: من رابطَ ليلةً حارساً مِن وراءِ المسلمين كان له أجرُ من خَلْفَه مِمَّن صامَ وصلَّى». قال الترمذي في الترغيب والترهيب 2/:202

647. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رىباتنىڭ ساۋابى ھەققىدە سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇسۇلمانلارنى قوغداپ بىر كېچە رىباتتا تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كەينىدىكى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان كىشىلەرنىڭ ساۋابى ھەم يېزىلىدۇ» دېدى.[④]

648. وعن عثمان بن عفَّان رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺيقول: «من رابطَ

---

[①] مالىك توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2896 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] نەسائى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[④] تەبەرانى توپلىغان، تىرمىزى «تەبەرانى ياخشى ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان» دېگەن، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

**ليلةً في سبيلِ اللَّه؛ كانت كألفِ ليلةٍ صيامِها وقيامِها». رواه ابن ماجه، صحيح الترغيب والترهيب:** 1224.

648. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدا بىر كېچە رىباتتا تۇرۇش 1000 كېچە قىيامدا تۇرغانغا ۋە روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر».[1]

649. **وفي رواية عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّهﷺ يقول: «حَرَسُ ليلَةٍ في سبيلِ اللَّه أفضلُ من ألفِ ليلةٍ يُقامُ ليلُها ويُصامُ نهارُها». رواه الحاكم في المستدرك** 81/2،

649. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: <الله نىڭ يولىدا بىر كېچە كۆزەتچىلىك قىلىش — كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈلگەن 1000 كۈندىن ئەۋزەلدۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم».[2]

650. **وعن أم مُبشِّر، عن النَّبي ﷺ قال: «خيرُ الناسِ منزلةً: رجلٌ على مَتْنِ فرَسِه؛ يُخيفُ العدوَّ ويُخيفونَه». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان، السلسلة الصحيحة:** 3333.

650. ئۇممۇ مۇبەششىر رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە جەھەتتە ئەڭ ئەۋزەل كىشى — دۈشمەنلەر ئۇنى قورقۇتۇپ تۇرسىمۇ، ئېتىغا مىنىپ تۇرۇپ دۈشمەننى قورقۇتىدىغان كىشىدۇر».[3]

651. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن في الجنَّةِ مائةَ درجَةٍ أعدَّها اللَّه للمجاهدين في سبيلِ اللَّه؛ ما بين الدَّرجتين كما بينَ السماءِ والأرض». البخاري.**

651. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەتتە ھەقىقەتەن 100 دەرىجە بار، الله ئۇنى ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى گويا

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، سۇيۇتى «سەھىھ» دېگەن، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ھاكىم توپلىغان.

[3] بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاسمان ـ زېمىنندەك كېلىدۇ». [1]

652. وعن كعب بن مرّة، قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «من بَلَغَ العدوَّ بسهمٍ، رفعَ اللّه له درجةً، فقال له عبد الرحمن بن النَّحّام: وما الدَّرجةُ يا رسولَ اللّه؟ قال: أما إنها ليست بعَتَبَةِ أُمِّك؛ ما بين الدرجتين مِئةُ عامٍ». رواه النسائي، وابن حبان، صحيح الترغيب والترهيب: 1287.

652. كەئب ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى دۈشمەنگە بىر تال ئوق تەگكۈزسە، (قىيامەت كۈنى) الله ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى نەھام: «ئى رەسۇلۇللاھ! دەرىجە دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئۆيۈڭنىڭ بوسۇغىسى ئەمەس، بەلكى ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپىدۇر» دېدى. [2]

653. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: جاء رجلٌ إلى رسولِ اللّه ﷺ ، فقال: «دُلَّني على عملٍ يعدلُ الجهادَ»، قال: «لا أجدُه. قال: هل تستطيعُ إذا خرجَ المجاهدُ أن تدخلَ مسجدَكَ، فتقومَ ولا تَفْتُرَ، وتصومَ ولا تُفطِرَ؟»، قال: «ومن يستطيع ذلك؟!». البخاري.

653. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «مېنى جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى تاپالمايمەن. ئەگەر مۇجاھىد جەڭگە چىقىپ كەتسە، سەن مەسجىدكە كىرىپ چارچىماستىن قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: «كىممۇ قادىر بولالىسۇن!؟» دېدى. [3]

654. وعنه، قال: قِيلَ للنبي ﷺ: «ما يَعدلُ الجهادَ في سبيلِ اللّه؟»، قال: «لا تَستطيعونَه»، قال: فأعادوا عليه مرَّتين أو ثلاثاً، كلُّ ذلك يقول: «لا تَستطيعونَه»، وقال في الثَّالثة: «مثَلُ المجاهدِ في سبيلِ اللّه؛ كمثَلِ الصَّائمِ القائمِ القَانِتِ بآياتِ اللّه، لا يَفْتُرُ من

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

صِيامٍ ولا صلاةٍ حتى يرجعَ المجاهدُ في سبيلِ اللَّه تعالى». مسلم.

654. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «الله تائالا يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دېيىلگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سورىغۇچى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ھەمىشە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، الله يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى.[1]

655. وعن معاذ بن أنس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: أن امرأةً أتَتْهُ، فقالت: «يا رسولَ اللَّه، انطلق زوجي غازياً، وكنتُ أقتدي بصلاته إذا صلَّى، وبفعله كله، فأخبرني بعملٍ يُبْلِغُني عملَه حتى يرجعَ». فقال لها: «أتستطيعين أن تقومي ولا تَقعُدِي، وتصومي ولا تفطري، وتَذْكُري اللَّه ولا تَفْتُري حتى يرجعَ؟!». قالت: «ما أُطيق هذا يا رسولَ اللَّه!». فقال: «والذي نفْسي بيده، لو طُوِّقْتيهِ ما بَلَغْتِ العُشْرَ من عمَلِهِ». رواه أحمد، صحيح الترغيب والترهيب: 1321.

655. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! يولدىشىم جىھادقا چىقىپ كەتتى، مەن يولدىشىم بار ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامىزى ياكى باشقا ئەمەللىرى بولسۇن ھەممىسىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرگە قىلاتتىم. شۇڭلاشقا، ماڭا يولدىشىم قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئەمىلىگە باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئەمەلنى كۆرسىتىپ قويسىلا؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا: «يولدىشىڭىز قايتىپ كەلگەنگە قەدەر ئولتۇرماي قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

روزا تۇتۇشقا ۋە ھەمىشە الله نى ئەسلەشكە قادىر بولالامسىز؟» دەپ سورىدى، ئۇ ئايال: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنىڭغا تاقەت كەلتۈرەلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، سىز بۇ ئەمەللەرگە تاقەت كەلتۈرەلىگەن تەقدىردىمۇ، يولدىشىڭىزنىڭ ئەمىلىنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ ئېرىشەلمەيسىز» دېدى.①

656. وعنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «مثَلُ المجاهدِ في سبيلِ اللَّه ـ واللَّه أعلمُ بمن يجاهد في سبيلِه ـ كمثَلِ الصَّائمِ، القائمِ، الخاشِعِ، الرَّاكِعِ، السَّاجِدِ». صحيح سنن النسائي: 2930.

656. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى — الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر! — روزا تۇتۇپ قىيامدا تۇرغان، الله قا بويسۇنۇپ رۇكۇ ۋە سەجدە قىلغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».②

657. وعن النعمان بن بشير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مثَلُ المجاهدِ في سبيلِ اللَّه؛ كمثَلِ الصائمِ نهارَهُ، القائمِ ليلَهُ، حتى يرجِعَ متى يرجِعُ». رواه أحمد والبزَّار والطبراني،

657. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، مۇجاھىد قايتىپ كەلگۈچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ».③

658. عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: أتى رجلٌ إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: «أيُّ النَّاسِ أفضلُ؟»، قال: «مؤمنٌ يجاهدُ بنفسه وبماله في سبيلِ اللَّه تعالى». قال: «ثمَّ مَن؟»، قال: «ثمَّ مؤمنٌ في شِعَبٍ من الشِّعَابِ يعبدُ اللَّه، ويَدَعُ الناسَ من شَرِّه». متفق عليه.

① ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 1324 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

658. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان مۇئمىن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە الله قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

**659. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه ،أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: ألا أخبِرُكُم بخيرِ النَّاسِ مَنزِلاً؟ قلنا: بلى يا رسولَ اللَّه، قال: رجلٌ آخِذٌ برأسِ فرَسِهِ في سبيلِ اللَّه حتى يموتَ أو يُقتَلَ. صحيح سنن النسائي:** 2409.

659. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېسەك، ئۇ: «ۋاپات بولغىچە ياكى ئۆلتۈرۈلگىچە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ (جىھادقا تەييار) تۇرغان كىشى» دېدى.[2]

**660. عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أفضلُ الجهادِ عند اللَّه يوم القيامة الذين يُلْقَونَ في الصفِّ الأوَّلِ فلا يُلفِتون وجُوهَهُم حتى يُقتلوا، أولئك يَتَلَبَّطون في الغُرَفِ العُلَى من الجنَّةِ يَنظرُ إليهم ربُّك، إن ربَّك إذا ضَحِكَ إلى قومٍ فلا حِسابَ عليهم». أخرجه الطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة:** 2558.

660. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدە الله تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئەۋزەل جىھاد ــ ئاۋۋالقى سەپتە تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر (قېچىش ئۈچۈن) يۈزلىرىنى ئارقىغا بۇراپمۇ قويمايدىغان

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كىشىلەرنىڭ جىھادىدۇر. ئۇلار جەننەتنىڭ ئالىي سارايلىرىدا باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، رەببى ئۇلارغا قارايدۇ. رەببى بىر قەۋمگە قاراپ كۈلسە، ئۇلارغا ھېچبىر ھېساب بولمايدۇ».①

661. وعن عمرو بن عبسة، عن النبي ﷺ قال: «أفضلُ الجهادِ من عُقِرَ جوادُه وأُهريقَ دَمُه». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 552.

661. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەۋزەل جىھاد ــ ئىتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشىنىڭ جىھادىدۇر».②

662. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «تضَمَّن اللَّه لمن خرَجَ في سبيله، لا يُخرجهُ إلا جهاداً في سبيلي، وإيماناً بي، وتصديقاً برُسُلي، فهو عليَّ ضامِنٌ أن أُدخلَه الجنَّة، أو أَرجِعَهُ إلى مسكَنه الذي خَرَجَ منه، نائلاً ما نالَ من أجرٍ أو غنيمةٍ، والذي نفسُ محمدٍ بيدِه! ما من كَلْمٍ يُكلَمُ في سبيلِ اللَّه تعالى، إلا جاء يومَ القيامةِ كهيئَتِه حين كُلِمَ؛ لونُه لونُ دمٍ وريحُهُ مِسكٌ، والذي نفسُ محمد بيده! لولا أن يَشُقَّ على المسلمين، ما قَعَدتُ خِلافَ سَرِيةٍ تغزُو في سبيلِ اللَّه أبداً، ولكن لا أجدُ سَعَةً فأحمِلُهم، ولا يجدون سَعَةً، ويَشُقُّ عليهم أن يَتَخَلَّفُوا عني، والذي نفسُ محمدٍ بيده! لوَدِدْتُ أن أغزُو في سبيلِ اللَّه فأُقتَلُ، ثمَّ أغزُو فأُقتَل، ثم أغزُو فأُقتَلُ». مسلم.

662. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى تەستىقلىغان ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا چىقىدىكەن، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى نۇرغۇن ئەجىر ۋە ياكى نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن> دېدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا يارىلانغان كىشى قىيامەت كۈنى يارىلانغان ھالىتىدە، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى

① تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2558 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد ۋە تەبەرانى سەھىھ ئىسناد بىلەن توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ئىدى، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان ھەرقانداق بىر قوشۇندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئۇلارنى مىندۇرگىدەك ئۇلاغ تاپالمايمەن، ئۇلارمۇ ھەم تاپالمايدۇ، (مەن جىھادقا چىقىپ كەتسەم) ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىپ قېلىش تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن».[1]

663. **وعن المِقدَام بن مَعْد يَكْرِب رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «للشهيدِ عندَ اللَّه سِتُّ خِصَالٍ: يَغْفِرُ له في أَوَّلِ دُفعَةٍ من دَمِه، ويُرَى مَقعَدَهُ مِنَ الجَنَّةِ ويُجَارُ من عذابِ القبرِ ويأمَنُ من الفَزَعِ الأكبَرِ، ويُحَلَّى حُلَّةَ الإيمانِ، ويُزَوَّجُ مِنَ الحورِ العِينِ، ويُشَفَّعُ في سبعين من أقارِبِه». صحيح سنن ابن ماجه:** 2257.

663. مىقدام ئىبنى مەئدى يەكرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەر ئۈچۈن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئالتە تۈرلۈك پەزىلەت بار: تۇنجى قېنى تۆكۈلۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ ئۇ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ؛ ئىمان تونى كىيدۈرۈلىدۇ؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن جۈپ قىلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن 70 ئادەمگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ».[2]

**❖ الله يولىدا جەڭ قىلىدىغان مۇجاھىدنى جابدۇش (تەييارلاش)، ئۇنىڭ جىھادىغا جان ۋە مال بىلەن ياردەم بېرىش، ئەھلى ۋە مېلىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ھەققىدە**

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

664. عن زيد بن خالد الجُهَنِي رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «من جَهَّز غازياً في سبيلِ اللَّه فقد غزا، ومن خَلَف غازياً في أهلِه بخيرٍ فقد غزا». متفق عليه.

664. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالسا، ئۇمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[1]

665. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَنْ جهَّزَ غازِياً في سبيلِ اللَّه، كان له مِثلُ أجرِه؛ من غير أن ينقصَ من أجرِ الغازي شيئا». صحيح سنن ابن ماجه: 2229.

665. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ غازىنىڭ ساۋابى ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ».[2]

666. وعن زيد بن ثابت رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من جهَّزَ غازياً في سبيلِ اللَّه فلَهُ مثلُ أجرِه، ومن خَلَفَ غازياً في أهلِه بخيرٍ، أو أنفَقَ على أهلِه فلهُ مثلُ أجرِه». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 2690.

666. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ. كىمكى بىر غازىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مال سەرپ قىلسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[3]

667. وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «للغازي أجْرُهُ، وللجاعلِ أجرُه وأجْرُ الغازِي». رواه أبو داود السلسلة الصحيحة: 2153.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

667. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «غازى ئەجرىنى ئالىدۇ. غازىنى جابدۇپ، ئۇرۇشقا ئەۋەتكۈچى ھەم ئۆزىنىڭ ئەجرىنى، ھەم غازىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر ئالىدۇ».[1]

**668. وعن أبي أُمَامَة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من لم يغْزُ، أو يُجَهِّز غازياً، أو يُخْلِف غازياً في أهلِه بخيرٍ، أصابَه اللَّه سبحانه بقارِعة قبلَ يومِ القيامة». أخرجه أبو داود وغيره، السلسلة الصحيحة:** 2561.

668. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەتكە دۇچار قىلىدۇ».[2]

**669. وعن عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من أَظلَّ رأسَ غازٍ، أظلَّه اللَّه يومَ القيامةِ، ومَن جهَّزَ غازياً حتى يستقِلَّ بجهازِه فله مثلُ أجرِه». أخرجه الحاكم في المستدرك** 2/89،.

669. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر غازىنىڭ بېشىغا سايىۋەن قىلىپ بەرگەن بولسا، الله ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى سايە ئاتا قىلىدۇ. كىمكى غازات قىلغۇچىنى بىھاجەت بولغۇدەك دەرىجىدە جابدۇپ قويسا، غازات قىلغان كىشىگە ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».[3]

**670. وعن عُقبَةَ بن عامر الجُهني رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ اللَّه ليُدخِلَ بالسَّهم الواحدِ الثلاثَةَ الجنَّةَ: صانِعُهُ يحتسِبُ في صَنعتِهِ الخيرَ، والرَّامي به، والمُمِدَّ به». صحيح سنن ابن ماجه:** 2267.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2153- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ھاكىم توپلىغان.

670. ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بىر پاي ئوق سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار: ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ ياسىغۇچى، ئاتقۇچى ۋە ئاتقۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى».①

671. وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، أن فتىً من أسلَمَ قال: يا رسولَ اللّه! إنِّي أُريدُ الغزوَ ولَيسَ معي ما أتَجَهَّزُ، قال: ائْت فُلاناً فإنَّه قد كانَ تَجَهَّزَ فمَرضَ، فأتاهُ فقال: إنَّ رسولَ اللّه ﷺ يُقرئُكَ السلامُ ويقول: أَعطِني الذي تَجَهَّزتَ به، قال: يا فُلانة! أعطيه الذي تَجَهَّزتُ به، ولا تَحبِسي عَنهُ شيئاً، فوَاللّه! لا تَحبِسي منه شيئاً فيُبَارَكَ لكِ فيه. مسلم.

671. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇشقا قاتنىشاي دېسەم جابدۇنغىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پالانى كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ئۇرۇشقا جابدۇنغان ئىدى، ئەمما ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى ئېيتتى» دېدى. ئۇ كىشى ئايالىغا: «مەن ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەردىن ھېچبىرىنى ئېلىپ قالماي ھەممىسىنى بۇ يىگىتكە بەرگىن! الله بىلەن قەسەمكى، ھېچبىرىنى ئېلىپ قالما! ئەگەر ئېلىپ قالساڭ، ساڭا ئۇنىڭدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ» دېدى.②

## ❖ مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە يامانلىق قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەنلىكى

672. وعن بُرَيْدَةَ الأسلَمِي رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «حُرْمَةُ نساءِ المجاهدين على القاعدِين كحُرْمَةِ أُمَّهاتهم، وما مِن رجُلٍ من القاعدين يَخلُفُ رجلاً من المجاهدين في أهلِه، فيخونُه فيهم إلا وقَفَ له يوم القيامَةِ؛ فيأخُذُ من عمَلِه ما شاء، فما ظَنُّكم». مسلم.

① ئىبنى ماجە توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

672. بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمىتى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئۆز ئانىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاشتۇر. جىھادتىن ئايرىلىپ قالغان قايسىبىر كىشى مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى مۇجاھىدقا تۇرغۇزۇپ بېرىلىدۇ، مۇجاھىد ئۇ خائىنىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ. ئەجەبا سىلەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟!».[1]

**673. وفي رواية: وقال: «فخُذْ من حَسناتِه ما شِئتَ»، فالتفتَ إلينا رسولُ اللَّه ﷺ فقال: «فَمَا ظَنُّكُمْ؟». مسلم.**

673. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئالغىن دېيىلىدۇ» دېدى ۋە بىزگە قايرىلىپ قاراپ تۇرۇپ: «<ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن يەنە قېلىپ قالدۇ> دەپ ئويلامسىلەر؟» دېدى.[2]

**674. وفي رواية عند أبي داود: «حُرْمَةُ نساءِ المجاهدين على القاعدِين كحُرْمَةِ أُمَّهاتِهِم، وما مِن رجُلٍ من القاعدين يَخلُفُ رجلاً من المجاهدين إلا نُصبَ له يوم القيامة، فقيل له: <هذا قد خلَفَكَ في أهلِك فخذ من حسناتِه ما شِئت>». صحيح سنن أبي داود: 2180.**

674. ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمىتى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئۆز ئانىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاشتۇر. جىھادتىن ئايرىلىپ قالغان قايسىبىر كىشى مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ مۇجاھىد ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ مۇجاھىدقا: <مانا بۇ ئەھلىڭگە يامانلىق قىلغان كىشى، ئۇنىڭ ياخشى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەللىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالغىن> دېيىلىدۇ».[1]

675. وفي رواية عند النسائي: «قيل له يومَ القيامة: <هذا خانَكَ في أهلِكَ فخُذْ من حسناتِه ما شئت>. ثم التفت النبيُّ ﷺ إلى أصحابه فقال: <ما ظَنُّكُمْ تُرَوْنَ يدَعُ له من حسناتِه شيئاً>».

675. نەسائىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە: <مانا بۇ ئەھلىڭگە خىيانەت قىلغان كىشى، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئالغىن> دېيىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىگە قايرىلىپ قاراپ: <ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىرەر نەرسىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟> دېدى».

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## 10 ـ باب

## قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەقلىرى

قوشنىنىڭ قوشنىسى ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ ھەققى بار بولۇپ، قوشنىغا ھەق بولۇپ بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەر قوشنىدىن باشقىلارغا يۈكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك، قوشنىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش ــ باشقا كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە قارىغاندا ئېغىر ھېسابلىنىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ﴾ «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا ياخشىلىق قىلىڭلار»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

676. عن عائشة رضي اللّه عنها، أنَّ النبي ﷺ قال: «ما زالَ جبريلُ يُوصيني بالجار حتى قلتُ ليورِّثنَّه». متفق عليه.

676. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، مەن ھەتتا <قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئويلاپ قالغانىدىم».[2]

677. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه: «أنه ذبحَ شاةً، فقال: أهديتم لجاري اليهودي؟ فإني سمعت رسولَ اللّه ﷺ يقول: <ما زالَ جبريل يوصيني بالجارِ حتى ظننتُ أنه سيورِّثُه>». رواه الترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 4291.

677. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قوي سويۇپ: «بىزنىڭ

---

[1] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەھۇدىي قوشنىمىزغىمۇ ھەدىيە قىلىدىغۇلارمۇ؟ چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېگەن.[1][2]

678. وعن أبي أمامة رضي اللّٰه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللّٰه ﷺ وهو على ناقَتِه الجدعاءِ في حِجَّة الوداع يقول: «أوصيكُم بالجار، حتى أكثرَ، فقلت إنه يُورِّثُه». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 2573

678. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە جەدئا ئىسىملىك تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ: <سىلەرگە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەرگەنلىكتىن، مەن <رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشنىنى ئۆزئارا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئويلىغانىدىم».[3]

### ❖ قوشنىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەمدە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى توختاتقان كىشى ھەققىدە

679. عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «اتقِ المحارمَ تَكُن أعبدَ الناس، وارضَ بما قسمَ اللّٰه لكَ تكن أغنى الناس، وأحسن إلى جارِكَ تكن مؤمناً، وأحبَّ للناس ما تُحبُّ لنفسِكَ تكن مسلماً، ولا تُكثر الضحكِ، فإنَّ كثرة الضحك تُميتُ القلبَ». رواه أحمد، والترمذي، وابن حبان، صحيح الجامع: 100

679. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] كاپىرلارغا ياخشىلىق ۋە كەڭ قورساقلىق قىلىش ھەققىدە كەلگەن بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەر ئەھدە تۈزۈشكەن ۋە ئامانلىق بېرىلگەن ھالەتلەرگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى، ئەھدە تۈزۈلگەن ۋە ئامانلىق بېرىلگەن ھالەتتە كاپىرغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە بىلەن جەڭ ھالەتلىرىدىكى كاپىرلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ ھۆكۈملىرى ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ھەر ئىككى خىل ھالەتتىكى مۇئامىلە ھۆكۈملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس شەرئىي دەلىللىرى بار، شۇڭلاشقا بۇ ئىككى خىل ھالەتتىكى مۇئامىلە ھۆكۈملىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

[3] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2573 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ساقلانغىن، ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئىبادەتگۆي بولىسەن. الله نىڭ ساڭا تەقسىم قىلغىنىغا رازى بولغىن، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بېيى بولىسەن. قوشناڭغا ياخشىلىق قىلغىن، مۇئمىن بولىسەن. ئۆزەڭگە نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ، باشقىلارغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرگىن، مۇسۇلمان بولىسەن. كۆپ كۈلمىگىن، چۈنكى كۆپ كۈلكە قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ».[1]

680. **وعن جابر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «كلُّ معروفٍ صدقةٌ، وإن من المعروف أن تلقى أخاك ووجهكَ إليه مُنبسِطٌ، وأن تصُبَّ من دلوِكَ في إناءِ جارك»**. رواه **أحمد، والترمذي، والحاكم ، صحيح الجامع**: 4557.

680. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قېرىنداشىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇچرىشىش، چېلەكىڭدىن قوشناڭنىڭ قاچىسىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ھەرقانداق ياخشىلىق سەدىقىدۇر».[2]

681. **وعن أنسٍ رضي اللّه عنه، قال: «قال رسولُ اللّه ﷺ: والذي نفسي بيده، لا يؤمنُ عبدٌ حتى يحبَّ لجاره ما يُحبُّ لنفسِه»**. مسلم.

681. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، بەندە ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى قوشنىسىغىمۇ ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ».[3]

682. **وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من كان يُؤمن باللّه واليومِ الآخر، فليُحسِن إلى جاره»**. متفق عليه.

682. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە

---

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

قوشنىلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن».①

683. وعن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يحقرنَّ أحدُكُم شيئاً من المعروف وإذا اشتريتَ لحماً أو طبختَ قدراً فأكثر مرقتَه، وأغرِفْ منه لجارِك». رواه الترمذي، صحيح الجامع: 7634.

683. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشىلىقتىن ھېچبىر نەرسىنى تۆۋەن كۆرمىسۇن. گۆش ئالغان ياكى قازان ئاسقاندا شورپىسىنى جىقراق قىلىپ، قوشنىلىرىڭلارغىمۇ سۇنۇپ بېرىڭلار».②

684. وعنه قال: «أوصاني خليلي فقال: <يا أبا ذرٍّ إذا طبختَ مرقةً فأكثر ماءَ المرقةِ، وتعاهد جيرانَك، أو أقسم في جيرانِك>». صحيح الأدب المفرد: 83.

684. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «سىرداش دوستۇم پەيغەمبەر ﷺ ماڭا نەسىھەت قىلىپ: <ئى ئەبۇ زەر! ئەگەر شورپا قايناتساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن، ئۇنىڭدىن قوشناڭغىمۇ سۇنغىن ياكى بىر قىسمىنى قوشنىلىرىڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگىن> دېدى».③

685. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «خيرُ الأصحابِ عند اللَّه خيرُهم لصاحبه، وخيرُ الجيرانِ عند اللَّه خيرُهم لجارِه». رواه الترمذي، والدارمي، وصححه الشيخ ناصر: مشكاة المصابيح: 4987.

685. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ نەزىرىدە ھەمراھلارنىڭ ياخشىسى — ھەمراھىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر. الله نىڭ نەزىرىدە قوشنىلارنىڭ ياخشىسى — قوشنىسىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر».④

686. وعن عبد الرحمن بن أبي قُراد رضي اللَّه عنه، قال: قالَ النبي ﷺ: «من سرَّه أن

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ «صحيح الأدب المفرد» 88 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ تىرمىزى ۋە دارىمى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يحبَّ اللَّه ورسولَه، أو يحبَّهُ اللَّه ورسولُه فليَصدُقْ حديثَه إذا حَدَّثَ، وليؤدِّ أمانتَه إذا اؤتمن، وليُحسِن جوارَ مَن جاورَه». رواه البيهقي في شعب الإيمان، وحسنه الشيخ ناصر في المشكاة.

686. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ قورادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش ياكى ئۇنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ياخشى كۆرۈشى خۇرسەن قىلسا، سۆزلىسە راست سۆزلىسۇن، ئامانەت قويۇلسا تولۇق ئادا قىلسۇن ۋە قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن».[①]

687. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «يا نساء المسلمات، لا تحقرنَّ جارةٌ لجارتها ولو فِرْسِنَ شاةٍ». متفق عليه.

687. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمان ئاياللار! بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىغا قويىنىڭ تۇيىقىچىلىك نەرسىنى سۇنۇش بىلەن بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق قىلىشنى كىچىك سانىمىسۇن».[②]

688. وعن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا طبختَ مرقة فأكثر ماءَها، وتعاهد جيرانك». مسلم.

688. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر، ئەگەر شورپا قايناتساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشنىلىرىڭغىمۇ سۇنغىن!».[③]

689. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليس المؤمنُ بالذي يشبعُ وجارهُ جائعٌ إلى جنبِه». رواه الطبراني، والحاكم، والبيهقي، صحيح الجامع: 5382.

689. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆزى توق يۈرگەن كىشى مۆمىن

---

[①] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەس». [1]

690. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما آمن بي من باتَ شبعان وجارُه جائعٌ إلى جنبه وهو يعلمُ». رواه البزار، والطبراني، صحيح الجامع: 5505.

690. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى توق ھالەتتە ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ». [2][3]

691. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «كم من جارٍ متعلقٌ بجارِه يومَ القيامة، يقول: <يا ربِّ هذا أغلقَ بابَه دوني؛ فمنع معروفَه>». صحيح الأدب المفرد: 81.

691. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قىيامەت كۈنى كۆپلىگەن كىشىلەر قوشنىسىغا ئېسىلىۋېلىپ: <ئى رەببىم! بۇ كىشى مېنىڭ ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىمنى كۆرمەسكە سېلىپ، ماڭا ياخشىلىق قىلمىغان ئىدى> دەيدۇ». [4]

692. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، أن النبي ﷺ قال لها: «إنه من أُعطي حظَّه من الرفق، فقد أُعطِي حظَّهُ من خير الدنيا والآخرة، وصِلةُ الرحم، وحسنُ الخلق، وحُسنُ الجوار يُعمِّران الديار، ويزيدان في الأعمار». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 519.

692. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ماڭا مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا مېھرىبان بولغان كىشى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن نېسىۋىسىنى ئالغان كىشىدۇر. سىلە-رەھىم قىلىش ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككىسى يۇرتنى گۈللەندۈرىدۇ

[1] تەبەرانى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.
[2] بەززار ۋە تەبەرانى توپلىغان.
[3] بۇ ھەدىستىن قوشنىنىڭ ھاجىتى ۋە ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.
[4] «صحيح الأدب المفرد» 81- نومۇرلۇق ھەدىس.

ۋە ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ».[1]

❖ **قوشنىلار ئىچىدە ئىشىكى ۋە ئۆيى ئەڭ يېقىن بولغىنى ياخشىلىق قىلىش ۋە ئارتۇق كۆرۈشكە ئەڭ لايىقتۇر**

693. **عن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: «قلت يا رسول اللَّه ! إن لي جارين فإلى أيهما أهدي؟ قال: إلى أقربهما منكِ باباً». رواه البخاري.**

693. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ھەدىيە بەرسەم بولىدۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئىككىسىدىن ئىشىكى سىزگە يېقىن بولغىنىغا> دېدى».[2]

- **قوشنىنىڭ دائىرىسى**

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) دىن قوشنىنىڭ دائىرىسى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: «ئالدى تەرەپتىن 40 ئۆي، ئارقا تەرەپتىن 40 ئۆي، ئوڭ تەرەپتىن 40 ئۆي ۋە سول تەرەپتىن 40 ئۆي» دەپ جاۋاب بەرگەن.[3]

❖ **قوشنىسى مۇسۇلمان ئەمەس كىشى ھەققىدە**

694. **عن مجاهد، قال: كنت عند عبد اللَّه بن عمرو وغُلامُه يسلَخ شاةً، فقال: يا غلام! إذا فرغتَ فابدأ بجارنا اليهودي، فقال رجل من القوم: اليهودي، أصلحك اللَّه؟! قال: سمعتُ النبيَّ يوصي بالجار، حتى خشينا أو رُؤينا أنه سيورِّثُه. صحيح الأدب المفرد: 95**

694. مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئىدىم، ئۇنىڭ خىزمەتكارى قوي سويۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ: «ئى خىزمەتكار! قوينى سويۇپ بولۇپ، گۆشىنى تارقىتىشتا ئاۋۋال يەھۇدىي قوشنىمىزدىن باشلىغىن» دېدى. كىشىلەردىن بىرى: «يەھۇدىيدىن باشلامسەن؟ الله سېنى ئىسلاھ قىلسۇن» دېۋىدى، ئۇ:

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 519- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] «صحيح الأدب المفرد» 80- نومۇرلۇق ھەدىس.

«مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋەسىيەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ھەتتا بىز <پەيغەمبەر ﷺ قوشنىنى ئۆزئارا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئەنسىرىگەن ئىدۇق» دېدى.①

❖ الله تائالا قوشنىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ

695. وعن ابن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال رجل للنبي ﷺ: «يا رسولَ اللّه كيف لي أن أعلمَ إذا أحسنتُ أو إذا أسأتُ؟»، فقال النبي ﷺ: «إذا سمعت جيرانَك يقولون: <قد أحسنتَ>؛ فقد أحسنتَ، وإذا سمعتهم يقولون: <قد أسأتَ>، فقد أسأت». رواه ابن ماجه، وصححه الشيخ ناصر في المشكاة: 4988.

695. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئۆزۈمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلەلەيمەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر قوشنىلىرىڭ سېنى <ياخشى> دېسە، سەن ياخشى ئادەم؛ ئەگەر قوشنىلىرىڭ سېنى <يامان> دېسە، سەن يامان ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى.②

696. وعنه، قال: قال النبي ﷺ: «إذا أثنى عليك جيرانُك أنك <مُحسِنٌ>، فأنت محسنٌ، وإذا أثنى عليك جيرانك أنَّك <مسيءٌ>، فأنت مسيء». رواه أحمد، وابن حبان، والحاكم، والطبراني، صحيح الجامع: 277.

696. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر قوشنىلىرىڭ سېنى <ياخشى ئىش قىلىدۇ> دەپ ماختىسا، ئۇنداقتا سەن ياخشى ئادەم؛ ئەگەر ئۇلار سېنى <يامان ئىش قىلىدۇ> دەپ ئەيىبلىسە، ئۇنداقتا سەن ناچار ئادەم بولغان بولىسەن».③④

❖ ئۆي ياكى زېمىن ئاۋۋال قوشنىغا سېتىلىدۇ

---

① «صحيح الأدب المفرد» 95- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ماجە توپلىغان.

③ ئەھمەد، ئىبنى ھىببان، ھاكىم ۋە تەبەرانى توپلىغان.

④ ھەرقانداق كىشى قوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە بېرىدىغان باھاسى ۋە قانداق پىكىردە ئىكەنلىكىگە قاراپ باقسۇن، چۈنكى قوشنىلارنىڭ گۇۋاھلىقى الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

697. عن سمرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «جارُ الدار أحقُّ بدارِ الجارِ أو الأرض». رواه الترمذي، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 3003.

697. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تام قوشنا قوشنىسىنىڭ (ساتماقچى بولغان) ئۆي ياكى زېمىنىنى ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر».①

698. وعن عمرو بن الشريد، سمع أبا رافع، سمع النبي ﷺ يقول: الجارُ أحقُّ بسَبقه. رواه البخاري

698. ئەمرى ئىبنى شەرىيد ئەبۇ رافىئتىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قوشنا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر».②

699. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «الجار أحق بشفعةِ جارِه، يُنتظرُ بها وإن كان غائباً، إذا كان طريقُهما واحداً». رواه ابن ماجه، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 3004.

699. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر قوشنا يەنە بىر قوشنىسىنىڭ يەر-مۈلكىدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ئەڭ ھەقلىق③ كىشىدۇر. ئەگەر ئىككىسىنىڭ يولى بىر بولۇپ، قوشنىسى يوق بولسا، ئۇ كەلگىچە (ساتماقچى بولغان زېمىنىنى ساتماي) ساقلاپ تۇرىدۇ».④

700. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا استأذن أحدُكم أخاه أن يَغرِزَ خشبةً في جداره فلا يمنعَه». فنكَّسوا، فقال: «مالي أراكم قد أعرضتم؟! لألقينَّها بين أكتافكم». متفق عليه

700. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ:

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇ — «بىر كىشىنىڭ ساتماقچى بولغان نەرسىسىنى قوشنىسىنىڭ سېتىۋېلىشى ئەڭ ھەقلىقتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ.

④ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

«بىرىڭلاردىن قوشنىسى ئۇنىڭ تېمىغا ياغاچ تىكلەشكە رۇخسەت سورىسا، ئۇنى توسۇپ قويمىسۇن» دېگەنلىكىنى يەتكۈزگەندى، كىشىلەر باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ: «مەن سىلەرنى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى سىلەرنىڭ زىممەڭلارغا يۈكلەيمەن» دېدى.[①]

701. وعن ابن عباس مرفوعاً: «من بنى بناءً فليدعَمْه حائطُ جاره وفي لفظ: من سأله جارُه أن يدعمَ على حائطه فليدَعْهُ». أخرجه ابن ماجه وغيره، السلسلة الصحيحة: 2947.

701. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆي سالماقچى بولسا، قوشنىسىنىڭ بىر تېمىنى سالماقچى بولغان ئۆيىنىڭ بىر تېمى قىلىپ سالسۇن». يەنە بىر لەۋزىدە: «بىراۋنىڭ ئۆيىنىڭ بىر تېمىنى قوشنىسى سالماقچى بولغان ئۆيىنىڭ بىر تېمى قىلىشنى سورىسا رۇخسەت بەرسۇن» دەپ كەلگەن.[②]

**❖ قوشنىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى، قوشنىغا ئەزىيەت بەرگۈچى ھەققىدە**

702. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لا يَدخلُ الجنَّةَ من لا يأمَنُ جارُهُ بوائِقَه». رواه مسلم.

702. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».[③]

703. وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لا يستقيمُ إيمانُ عبدٍ حتى يستقيمَ قلبُه، ولا يستقيمَ قلبُه حتى يستقيمَ لسانُه، ولا يَدخلُ رجلٌ الجنَّة لا يأمن جارُهُ بوائقَه». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 2841.

703. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2947 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ تىلى دۇرۇس بولمىغۇچە قەلبى دۇرۇس بولمايدۇ، قەلبى دۇرۇس بولمىغۇچە ئىمانى دۇرۇس بولمايدۇ. قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».①

704. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «ليس بمؤمن من لا يأمَنُ جارُه غوائِلَه». رواه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 2181.

704. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى مۇئمىن بولالمايدۇ».②

705. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من كان يؤمنُ باللَّه واليومِ الآخر، فلا يؤذِ جارَه». متفق عليه.

705. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمىسۇن».③

706. وعن طلق بن علي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليس المؤمنُ الذي لا يأمَنُ جارُه بوائِقَه». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 5380.

706. تەلقى ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى مۇئمىن بولالمايدۇ».④

707. وعن أبي شريح، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «واللَّه لا يُؤمِنُ، واللَّه لا يُؤمن، واللَّه لا يؤمن». قيل: «مَن يا رسول اللَّه؟»، قال: «الذي لا يأمَنُ جارُه بوائِقَه». رواه أحمد، والبخاري، صحيح الجامع: 7102.

707. ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

---

① ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2841- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2181- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ تەبەرانى توپلىغان.

پەيغەمبەرﷺ: «الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۆئمىن بولالمايدۇ» دېدى. كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىم مۆئمىن بولالمايدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەرﷺ: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

708. وعن المقداد بن الأسود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لأَن يزني الرجلُ بعشرةِ نسوةٍ خيرٌ له من أن يَزني بامرأةِ جارِه، ولأن يَسرقَ الرجلُ من عَشرةِ أبياتٍ، أيسَرُ له من أن يَسرقَ من بيتِ جارِه». رواه أحمد، والطبراني، صحيح الجامع: 8043.

708. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ ئون ئايال بىلەن زىنا قىلىشى، ئۇ كىشىگە قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىدىن (گۇناھ جەھەتتە) يەڭگىلدۇر. بىر ئادەمنىڭ ئون ئۆيدىن ئوغرىلىق قىلىشى، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىق قىلىشىدىن (گۇناھ جەھەتتە) يەڭگىلدۇر».[2]

709. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «نزل بالنبي ﷺ أضيافٌ من البحرين، فدعا النبيُّ ﷺ بوضوئه، فتوضَّأ، فبادروا إلى وضوئه فشربوا ما أدركوه منه، وما انصبَّ منه في الأرض فمسحوا به وجوههم ورؤوسَهم وصدورَهم، فقال لهم النبي ﷺ : <ما دعاكم إلى ذلك؟>، قالوا: <حبّاً لك؛ لعل اللَّه يحبنا يا رسولَ اللَّه>. فقال: <إن كنتم تُحبون أن يُحبَّكم اللَّه ورسولُه فحافظوا على ثلاث خصال: صِدقِ الحديثِ، وأداءِ الأمانة، وحُسنِ الجوار؛ فإنَّ أذى الجار يمحو الحسنات كما تمحو الشمسُ الجليدَ>». رواه الخلعي في الفوائد، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2998.

709. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بەھرەيىندىن كەلگەن مېھمانلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ تاھارەتكە سۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ تاھارەت ئالدى، كىشىلەر ئالدىراپ كېلىشىپ پەيغەمبەرﷺ دىن ئاشقان تاھارەت سۈيىنى

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.
[2] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

ئىچىشتى ۋە يەرگە تۆكۈلگىنىنى يۈز، باش ۋە كۆكرەك قىسىملىرىغا سۈركەشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن: <نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسىلەر؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: <سېنى ياخشى كۆرىمىز. ئى رەسۇلۇللاھ! ئۈمىدكى، بۇ سەۋەبلىك الله بىزنى ياخشى كۆرىدۇ> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى خالىساڭلار راستچىل بولۇش، ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتكە كۆڭۈل بۆلۈڭلار، چۈنكى قوشنىغا ئەزىيەت بېرىش خۇددى قۇياش مۇزنى ئېرىتىۋەتكەندەك ياخشىلىقلارنى يوق قىلىۋېتىدۇ> دېدى». [1]

**710. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «قال رجلٌ: <يا رسولَ اللّه، إن فلانةَ تُذكرُ من كثرةِ صلاتها، وصيامِها، وصدقتِها، غير أنها تؤذي جيرانها بلسانها>، قال: <هي في النار>. قال: <يا رسول اللّه، فإن فلانة تُذكر قلة صيامها، وصدقتها، وصلاتها، وإنها تَصدَّقُ بالأثوارِ من الإِقطِ، ولا تؤذي بلسانها جيرانَها>، قال: <هي في الجنة>».** رواه أحمد، والبيهقي، **في شعب الإيمان، المشكاة:** 4992.

710. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايالنىڭ كۆپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقى، كۆپ روزا تۇتىدىغانلىقى ۋە كۆپ سەدىقە بېرىدىغانلىقى، بىراق قوشنىلىرىغا تىلى ئارقىلىق ئەزىيەت بېرىدىغانلىقى دېيىلىۋاتىدۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ دوزاختا> دېدى. ئۇ ئادەم يەنە: <ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايالنىڭ روزىنىمۇ ئاز تۇتىدىغانلىقى، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدىغانلىقى، نامازنىمۇ ئاز ئوقۇيدىغانلىقى ۋە قۇرۇتتىن بىرقانچە پارچىلا سەدىقە قىلىدىغانلىقى، بىراق قوشنىلىرىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بەرمەيدىغانلىقى دېيىلىۋاتىدۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ جەننەتتە> دېدى». [2]

**711. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «جاء رجل إلى النبي ﷺ يشكو جارَه، فقال:**

---

[1] خەلئى «الفوائد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2998 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

<اذهب فاصبر>، فأتاه مرتين أو ثلاثاً، فقال: <اذهب فاطرحْ متاعَك في الطريق>، فطرحَ متاعَه في الطريق، فجعلَ الناسُ يسألونَه فيُخبرهم خبَره، فجعل الناسُ يلعنونَه فعل اللّٰه به، وفعل، وفعل، فجاء إليه جارُه، فقال له: <ارجع لا ترى مني شيئاً تكرههُ>». صحيح سنن أبي داود: 4292.

711. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <قايتىپ كېتىپ سەۋر قىلغىن!> دېدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم كەلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <قايتىپ بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يولغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىغىن!> دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشى نەرسە-كېرەكلىرىنى يولغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ كىشى ئۇلارغا سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئېيتىپ: <الله ئۇنى ئۇنداق قىلىۋەتسۇن، مۇنداق قىلىۋەتسۇن> دېيىشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: <قايتىپ كەتكىن! بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ياقتۇرمايدىغان ھېچبىر ئىشنى كۆرمەيسەن> دېدى».[1]

712. وعن عُقبة بن عامر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «أوَّلُ خصمين يومَ القيامة جاران». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2557.

712. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدىكى ئىككى دەۋالاشقۇچىنىڭ تۇنجىسى ئىككى قوشنا بولىدۇ».[2]

713. وعن أبي عامر الحِمصي قال: كان ثوبان يقول: «ما من جارٍ يظلِمُ جارَه ويَقهرُه، حتى يحمله ذلك على أن يخرجَ من منزلِه، إلا هلَك». صحيح الأدب المفرد: 94.

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

713. ئەبۇ ئامىر ھىمسىي سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بىر كىشى قوشنىسىغا زۇلۇم قىلىۋېرىپ، ھەتتا شۇ زۇلۇم سەۋەبلىك قوشنىسى ئۆيىدىن كۆچۈپ كەتسە، ئۇ كىشى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ».[①]

**❖ قوشنىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان كىشى ھەققىدە**

**714. عن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إن اللَّه يُحبُّ ثلاثةً، منهم: رجلٌ كان له جارُ سوءٍ يُؤذيه فيصبِرُ على أذاهُ حتى يكفيَهُ اللَّه إيَّاه بحياةٍ أو موتٍ». أخرجه أحمد والطبراني، صحيح الترغيب:** 2569.

714. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئۈچ تۈرلۈك كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى، ئەزىيەت بېرىدىغان ناچار قوشنىسى بولۇپ، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ يامان قوشنىسىغا ھايات ياكى ئۆلۈم بىلەن كۇپايە قىلغانغا قەدەر يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان كىشىدۇر».[②][③]

**❖ بىر كىشىنىڭ قوشنىسى بىلەن ناھەق ئۇرۇشىشى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر**

**715. عن أبي موسى رضي اللَّه عنه، قال رسول اللَّه ﷺ: «لا تقومُ الساعةُ حتى يقتلَ الرجلُ جارَه وأخاهُ وأباه». صحيح الأدب المفرد:** 87.

715. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ قوشنىسى، قېرىندىشى ۋە دادىسى بىلەن ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ».[④]

---

[①] «صحيح الأدب المفرد» 94- نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

[③] ھەدىستىكى ھاياتلىق ـــ ئىككى قوشنىنىڭ بىرىنىڭ كۆچۈپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلۈم بولسا ـــ الله تائالانىڭ ئىككى قوشنىنىڭ بىرىنى ۋاپات تاپقۇزۇشىنى كۆرسىتىدۇ. («فيض القدر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى).

[④] «صحيح الأدب المفرد» 87- نومۇرلۇق ھەدىس.

### ❖ ياخشى قوشنا بەخت ـ سائادەت، ناچار قوشنا بالايى ـ ئاپەتتۇر

716. عن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «أربَعٌ من السعادة: المرأةُ الصالحة، والمسكنُ الواسِعُ، والجارُ الصالحُ، والمركَبُ الهنيءُ. وأربَعٌ من الشَّقاء: المرأةُ السوءُ، والجارُ السوءُ، والمركبُ السوءُ، والمسكنُ الضيِّقُ». رواه الحاكم، صحيح الجامع: 887.

716. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇنداق تۆت تۈرلۈك نەرسە بەخت ـ سائادەتنىڭ قاتارىدىندۇر: سالىھ ئايال، كەڭرى تۇرالغۇ، ياخشى قوشنا ۋە ياخشى ئۇلاغ. مۇنداق تۆت تۈرلۈك نەرسە بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىندۇر: ناچار ئايال، ناچار قوشنا، يامان ئۇلاغ ۋە تار تۇرالغۇ».[1]

717. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: كان من دعاء النبيِّ ﷺ: «اللَّهمَّ إنِّي أعوذُ بك من جارِ السُّوء في دار المُقام؛ فإن جارَ الدُّنيا يتحوَّل». صحيح الأدب المفرد: 86.

717. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: <ئى الله ! مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاخىرەتتىكى ناچار قوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن، چۈنكى ھاياتىي دۇنيادىكى قوشنا كېتىپ قالىدۇ>».[2]

الله  تائالادىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى قوشنىنى سورايمىز ۋە ناچار قوشنىدىن پاناھ تىلەيمىز!

الله  تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] ھاكىم توپلىغان.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 86 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

# 11 ـ باب

## مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ يۇقىرىلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ يۇقىرىلار ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ھەقلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن: ياخشى ئىشتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، چۈنكى الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مۇسۇلمان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ؛ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش، مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ خاتالىقلىرىنى سۆزلەپ يۈرمەستىن، ياخشىلىقلىقا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش لازىم؛ ئۇنىڭدىن ھۆكۈم ئەمىرلىكىنى تالاشماسلىق؛ ئۇنىڭغا قىلىچ بىلەن قارشى چىقماسلىق، پەقەت ئەمىر الله تەرىپىدىن دەلىل بولغان ئوچۇق كۇفۇر ئىشنى قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا قىلىچ بىلەن قارشى چىقىشقا بولىدۇ.

الله  تائالا مۇسۇلمان ئەمىرنىڭ ھەقلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[①].

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرگە) ئىتائەت قىلىڭلار»[②].

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ تُطِيعُوا الَّذِينَ كَفَرُوا يَرُدُّوكُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ فَتَنْقَلِبُوا خَاسِرِينَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەر كاپىرلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئارقاڭلارغا (يەنى كۇفرىغا) ياندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىيان تارتىپ قالىسىلەر»[③].

---

[①] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] سۈرە ئال ئىمران 149 ـ ئايەت.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ يَجْعَلَ اللَّهُ لِلْكَافِرِينَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ سَبِيلًا﴾ «الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۇئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ[1]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىبرىلىرىنى، راھىبلىرىنى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرىنى، ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى[3]»[4].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**718. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «مَن أطاعني فقد أطاعَ اللَّه، ومن عصاني فقد عصى اللَّه، ومن أطاع أميري فقد أطاعني، ومَن عصى أميري فقد عصاني». متفق عليه**

718. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلسا، الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ماڭا قارشى چىقسا، الله قا قارشى چىققان بولىدۇ. كىمكى قول ئاستىمدىكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئەمىرگە قارشى چىقسا، ماڭا قارشى چىققان بولىدۇ».[5]

**719. وعن أُمِّ الحصين رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن أُمِّرَ عليكم عبدٌ**

---

[1] مۇئمىنىنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كاپىرلارغا ئىتائەت قىلىشنى ئېتىراپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ دىن نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىستە: «مۇناپىقنى سەييىدىمىز دېمەڭلار، چۈنكى مۇناپىق سىلەرنىڭ سەييىدىڭلار بولىدىغان بولسا، چوقۇمكى، سىلەر رەببىڭلارنى نارازى قىلغان بولىسىلەر» دەپ كەلگەن. (سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 371ـ نومۇرلۇق ھەدىس) مانا بۇ بولسا ئەمىر مۇناپىق بولغان ھالەتتىكى ئەھۋال، ئەگەر كۇفرىلىقى ئوچۇق ـ ئاشكارا بولغان كاپىر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى بولسا ئەھۋال قانداق بولار ـ ھە؟! بۇنىڭ مۇناپىق بولغان ھالەتتىكىدىن الله تائالانى تېخىمۇ نارازى قىلىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر.

[2] سۈرە نىسا 141ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] الله ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىش ئۇلارنىڭ ھىبرىلىرى، راھىبلىرى (يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ دىنىي باشلىقلىرى، ئۆلىمالىرى)غا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدۇ. بۇنداق ئېتىقاد بىلەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلغان كىشى كاپىر بولۇپ كېتىدۇ ۋە الله نىڭ باشقىسىغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ، بۇنىڭغا رازى بولغان باشلىق ۋە ئالىملار ئۇلۇھىيەت ۋە رۇبۇبىيەتتە الله قا ئۆزىنى تەڭ قىلغان بولىدۇ.

[4] سۈرە تەۋبە 31ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مُجَدَّعٌ يقودكم بكتاب اللَّه، فاسمعوا له وأطيعوا». مسلم.

719. ئۇممۇ ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ كىتابىغا يېتەكلەيدىغان ئاجىز قۇل ئەمىر قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار». [1]

720. وعن معاوية رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إن السَّامعَ المطيع لا حُجَّة عليه، وإنَّ السَّامِعَ العاصي لا حُجَّة له». رواه أحمد، وابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 1056.

720. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغان كىشى ئۈزىگە قارشى ھۆججەت تۇرغۇزمىغان بولىدۇ. ئاڭلاپ ئاسىيلىق قىلغان كىشى ئۆزىگە قارشى ھۆججەت تۇرغۇزغان بولىدۇ». [2]

721. وعن عبد اللَّه بن عُمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من خلَع يداً من طاعةٍ لقي اللَّه يوم القيامة لا حُجَّة له، ومن مات وليس في عُنقِه بيعةً مات ميتةً جاهليةً». مسلم.

721. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى (خەلىپىگە) ئىتائەت قىلىشتىن قولىنى تارتىدىكەن، ئۇ قىيامەت كۈنى بۇ قىلمىشىغا قارىتا ئۆزىنى ئاقلىيالىغۇدەك ھۆججىتى يوق ھالەتتە الله قا ئۇچرىشىدۇ. كىمكى بوينىدا (ئىسلامىي سۇلتانلىققا) بەيئەت يوق ھالەتتە ئۆلىدىكەن، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ». [3]

722. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من خرَجَ من الطَّاعة، وفارقَ الجمَاعة، فماتَ، ماتَ مِيتةً جاهليةً، ومَن قاتلَ تحت رايةٍ عميَّةٍ يَغضَبُ لِعَصَبَةٍ، أو يدعو إلى عصبَةٍ، أو ينصرُ عصبَةٍ فقُتِل فقِتْلَتُه جاهلية، ومن خَرَجَ على أمتي يَضرِبُ بَرَّها وفاجِرها ولا يتحاشى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

**من مؤمِنها، ولا يفي لِذي عهدٍ عَهدَه، فليس مني ولَستُ منه». مسلم.**

722. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەمىرنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، جامائەتتىن ئايرىلسا ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. كىمكى غايىسى نامەلۇم بايراق ئاستىدا، (الله نىڭ سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئەمەس) تەرەپبازلىق ئۈچۈن غەزەپلىنىپ ياكى تەرەپبازلىققا چاقىرىپ ۋە ياكى تەرەپبازلىققا ياردەم بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ. كىمكى مېنىڭ ئۇممىتىمگە قارشى چىقىپ ياخشىسىنى، يامىنىنى ۋە مۇئمىنلەرنى ئايرىماستىن ئۆلتۈرسە، ئەھدە تۈزگەنلەرنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس». [1]

**❖ پەقەت ياخشى ئىشتىلا ئەمىرگە ئىتائەت قىلىنىدۇ، ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىنمايدۇ**

**723. عن ابن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «السَّمعُ والطاعةُ على المرء المسلم فيما أحبَّ وكرِه، ما لم يؤمَر بمعصية، فإذا أُمِرَ بمعصيةٍ فلا سَمعَ ولا طاعة». متفق عليه.**

732. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ (ئەمىر) ئۇنى گۇناھقا بۇيرۇمىسىلا، مەيلى ئۇ ياقتۇرسۇن ياكى ياقتۇرمىسۇن ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر گۇناھقا بۇيرۇلسا ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ». [2]

**724. وعن علي رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لا طاعةَ في معصيةِ اللّه، إنما الطاعةُ في المعروف». متفق عليه.**

724. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دېگەن: «الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا ئىتائەت قىلىش يوقتۇر، ئىتائەت قىلىش دېگەن پەقەت توغرا ئىشلاردىلا بولىدۇ».[1]

**725. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن أمركُم من الولاة بمعصيةٍ فلا تُطيعوه». رواه أحمد، وابن ماجه، وابن حبان، السلسلة الصحيحة: 2324.**

725. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىش ئىگىلىرىدىن قانداق بىر كىشى گۇناھ ئىشقا بۇيرۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز بويسۇنماڭلار».[2]

**726. وعن النَّواس بن سمعان، قال: قالَ رسول الله ﷺ: «لا طاعةَ لمخلوقٍ في معصيةِ الخالق». صححه الشيخ ناصر في المشكاة: 3696.**

726. نەۋۋاس ئىبنى سەمئاندىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياراتقۇچىغا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».[3]

**727. وعن أبي هريرة رضي الله عنه ،قال: قال رسول الله ﷺ: «طاعةُ الإمامِ حقٌّ على المرءِ المسلم، مالم يأمر بمعصيةِ الله، فإذا أمرَ بمعصيةِ الله فلا طاعةَ له». السلسلة الصحيحة: 752.**

727. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خەلىپە الله تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇمىسىلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىبتۇر. ئەگەر الله تائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».[4]

**❖ ئادىل مۇسۇلمان خەلىپىگە قىلىچ بىلەن قارشى چىققان كىشىلەرنىڭ سۈپىتى، قارشى چىقىش سەۋەبىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خەلىپىنى ئۇ كىشىلەردىن قوغداشنىڭ ھەرقانداق مۇسۇلمانغا ۋاجىبلىقى**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[3] «المشكاة» 3696- نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] «السلسلة الصحيحة» 752- نومۇرلۇق ھەدىس.

728. عن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من بايعَ إماماً فأعطاهُ صفقَةَ يدِه، وثمرةَ قلبه، فليُطعه إن استطاعَ، فإن جاء آخرُ يُنازِعُه فاضربوا عنُقَ الآخر». مسلم.

728. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى چىن قەلبىدىن بىر خەلىپىگە قولىنى بېرىپ بەيئەت قىلغان بولسا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر بىرەرسى خەلىپىلىكنى تالاشسا، تالاشقان كىشىنىڭ گەدىنىگە چېپىڭلار».[1]

729. وعن عَرْفَجَةَ قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «إنَّه ستكونُ هنَاتٌ وهنَات، فمن أرادَ أن يُفرِّقَ أمرَ هذه الأمة وهي جميعٌ، فاضربوه بالسيفِ كائِناً من كان». مسلم.

729. ئەرفەجە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «پات يېقىندا نۇرغۇن پىتنىلەر ۋە يېڭى ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ، كىمكى بۇ ئۇممەتنىڭ بىر گەۋدىلىك ھالەتتىكى ئىشىنى پارچىلىماقچى بولىدىكەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار!».[2]

730. وعن أبي سعيد رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا بُويع لخليفتين، فاقتلوا الآخرَ منهما». مسلم.

730. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈڭلار!».[3]

731. وعن عَرْفَجةَ، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من أتاكُم وأمركُم جميعٌ على رجلٍ واحدٍ يريدُ أن يشقَّ عصاكم، أو يفرق جماعتَكُم فاقتلوه». مسلم.

731. ئەرفەجەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار بىر ئادەمگە جەملىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىمكى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

سىلەرنىڭ بىرلىكىڭلارنى بۇزماقچى ياكى جامائىتىڭلارنى بۆلمەكچى بولىدىكەن ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار!». [1]

732. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لكل غادرٍ لواءٌ يومَ القيامة يُرفع له بقدرِ غَدْرِه، ألا ولا غادرٌ أعظمُ غدراً من أميرِ عامَّةٍ». مسلم.

732. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەربىر ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ساغرىسىدا بىر بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقى قانچىلىك بولسا ئۇ بايراق شۇنچە ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئومۇمنىڭ باشلىقىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرماسلىقىدىنمۇ چوڭراق ۋاپاسىزلىق بولمايدۇ». [2]

**❖ مۇسۇلمان ئەمىرلەردىن بەزى زۇلۇملار كۆرۈلسىمۇ، شۇ زۇلۇملار ئوچۇق كۇفرىلىقتا يەتمىگۈچە سەۋر قىلىش ھەققىدە**

733. عن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من رأى من أميرِه شيئاً يَكرهه فليصبر عليه، فإنه من فارَقَ الجماعة شِبراً فماتَ إلا ماتَ ميتةً جاهليَّةً». متفق عليه.

733. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەمىردىن ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلسۇن. چۈنكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلىپ ئۆلگەن كىشى، پەقەت جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ». [3]

734. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال لنا رسول اللّه ﷺ: «إنَّكم سترونَ بعدي أثرةً وأموراً تُنكرونها». قالوا: «فما تأمرُنا يا رسولَ اللّه؟»، قال: «أدُّوا إليهم حقَّهم وسَلُوا اللّه حقَّكُم». البخاري.

734. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە: «سىلەر مەندىن كېيىن يېقىن

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كەلگۈسىدە نەپسانىيەتچىلەرنى ۋە سىلەر كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى كۆرىسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟!» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار[1] ۋە الله تىن ھەققىڭلارنى سوراڭلار» دېدى.[2]

735. وعن نافع، قال: لما خلعَ أهلُ المدينة يزيد بن معاوية، جمع ابن عمر حشَمَه وولدَه، فقال: «إني سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: <يُنصَبُ لكلِّ غادرٍ لواءٌ يومَ القيامة>، وإنَّا قد بايعنا هذا الرجلَ على بيعِ اللَّه ورسولِه، وإني لا أعلمُ غدراً أعظمُ من أن يُبايَعَ رجلٌ على بيعِ اللَّه ورسولِه ثم يُنصَبُ له القتال، وإني لا أعلمُ أحداً منكم خلعَهُ ولا بايعَ في هذا الأمرِ إلا كانت الفيصلُ بيني وبينَهُ». رواه البخاري.

735. نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەدىنە خەلقى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ بەيئىتىدىن چىققان چاغدا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ۋە بالىلىرىنى يىغىپ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <ھەربىر خىيانەتخور ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بىز بۇ ئادەمگە (يەنى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەگە) الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەيئەت قىلدۇق. مەن بىر ئادەمگە الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بەيئەت قىلىپ، ئاندىن ئۇ ئادەمگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تۇغ كۆتۈرۈشتىنمۇ چوڭراق خىيانەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. مەن بىرىڭلارنىڭ ئۇنىڭ بەيئىتىدىن چىقىپ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا بەيئەت قىلمىغىنىنى ئاڭلاپ قالسام، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدىكى پۈتۈن مۇناسىۋەت ئۈزۈلىدۇ» دېدى.[3]

736. وعن حُذيفة بن اليمان رضي اللَّه عنه، قال له النبي ﷺ: «تسمعُ وتطيعُ للأميرِ،

---

[1] «ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار» دېگەندىن ــ «ئۇلارنىڭ زۇلۇمىغا زۇلۇم، يامانلىقىغا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرماڭلار. ئەگەر ئۇلار سىلەرنىڭ ھەققىڭلارغا تاجاۋۇز قىلسىمۇ، سىلەر ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا ئۇلارغا زۇلۇم قىلماڭلار» دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ يامانلىق ۋە زۇلۇمنى ئىنكار قىلىش ئەمەستۇر.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

وإن ضُرِبَ ظهركَ وأُخِذ مالك، فاسمعْ وأطِعْ». مسلم.

736. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ئەمىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلغىن، دۈمبەڭگە ئۇرۇپ مېلىڭنى ئېلىۋالسىمۇ يەنىلا قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلغىن!» دېگەن.[1]

737. وعن سلمة بن يزيد الجعفي رضي اللَّه عنه: أنه سأل رسولَ اللَّه ﷺ فقال: «يا نبيَّ اللَّه أرأيتَ إن قامت علينا أمراءُ يسألونَ حقَّهم، ويمنعونا حقَّنا، فما تأمُرنا؟». فأعرض عنه، ثم سأله فأعرض عنه، ثم سأله الثالثة، فجذبه الاشعث بن قيس، فقال رسول اللَّه ﷺ: «اسمعوا وأطيعوا، فإنما عليهم ما حُمِّلوا وعليكم ما حُمِّلتُم». مسلم.

737. سەلەمە ئىبنى يەزىد جۇئەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! خەۋەر بەرسىلە، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى سوراپ، بىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى بەرمەيدىغان ئەمىرلەر مەيدانغا كەلسە، بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيلا؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ مەندىن يۈز ئۆرۈۋالدى. مەن يەنە سورىدىم. ئۈچىنچى قېتىم يەنە سورىۋېدىم، ئەشئەس ئىبنى قەيس مېنى تارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئەمىرگە ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» دېدى.[2]

738. وعن عوف بن مالك الأشجعي رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «ألا مَن وليَّ عليه والٍ فَرآهُ يأتي شيئاً من معصيةِ اللَّه، فليَكره ما يأتي من معصية اللَّه ولا ينزعنَّ يداً من طاعة». مسلم.

738. ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، كىمكى ۋالىينىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

الله نىڭ ئالدىدا گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن بىرىنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرسە، ئۇ ئىشنى يامان كۆرسۇن، ئەمما قولىنى ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن تارتمىسۇن». ①

739. ومن حديث النبيِّ ﷺ لحذيفة بن اليمان رضي اللَّه عنه، قال: «تكونُ هِدنَةٌ على دخنٍ، ثم تكونُ دعاةُ ضلالة، قال: فإن رأيتَ يومئذٍ خليفةً في الأرض فالزمه، وإن نهكَ جسمَكَ وأخذَ مالَك، فإن لم ترَه فاهرُب في الأرض؛ ولو أن تموت وأنت عاضٌّ بجِذلِ شجرةٍ». رواه أبو دود، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 791.

739. پەيغەمبەر ﷺ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «يېقىن كەلگۈسىدە چاڭ-توزىنى بار ياخشىلىق كېلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلغۇچىلار كېلىدۇ. ئەگەر شۇ كۈنلەردە زېمىندا بىرەر خەلىپىنى ئۇچراتساڭ ئۇ سېنى ئۇرغان ۋە مېلىڭنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن. ئەگەر بىرەر خەلىپىنى ئۇچرىتالمىساڭ، دەرەخنىڭ يىلتىزىنى يەپ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ زېمىندىكى پىتنىلەردىن يىراق تۇرغىن». ②

740. وعن عبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «اسمعْ وأطِعْ في عُسْرِكَ ويُسْرِك، ومَنشطِك ومَكرهِك، وأثرَةٍ عليك وإن أكلوا مالَك وضَربوا ظهرَك». رواه أحمد، وابن حبان.

740. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق ۋاقىتلىرىڭدا، خۇش ياقىقان ۋە خۇش ياقمىغان ھالىتىڭدە، ئىش ئۈستىدىكىلەر ساڭا ھەققىڭنى بەرمەستىن شەخسىيەتچىلىك قىلغان ھالەتتىمۇ، مېلىڭنى يەۋالغان ۋە ئۇچاڭغا ئۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن ۋە ئەمرىگە ئىتائەت قىلغىن». ③

741. وعن أبي ذر رضي اللَّه عنه، قال: «أتاني رسول اللَّه ﷺ وأنا في مسجد المدينة،

① مۇسلىم توپلىغان.
② ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
③ ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

**فضربني برجله، وقال: <ألا أراكَ نائماً فيه؟>، فقلت: <يا رسولَ اللَّه غلبني عيني>. قال: <كيف تصنع إذا أُخرِجتَ منه؟>. فقلت: <إني أرضى الشامَ؛ الأرضَ المقدسَة المباركَة>، قال: <كيف تصنع إذا أُخرِجتَ منه؟>. قال: <ما أصنع، أضربُ بسيفي يا رسولَ اللَّه>، قال رسولُ اللَّه ﷺ: <ألا أدلُّك على خيرٍ من ذلك>، وأقرب رُشداً ـ قالها مرتين ـ تَسمَع وتُطِيعُ وتُسَاقُ كيفَ سَاقوكَ». رواه أحمد، وابن حبان،**

741. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن مەدىنىدىكى بىر مەسجىدتە ئۇخلاپ قالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ پۇتى بىلەن مېنى نوقۇپ: <مەسجىدتىمۇ ئۇخلامسەن؟> دېدى، مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! كۆزۈم ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كېتىپتۇ> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <سېنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتكەن كۈنلەردە قانداقمۇ قىلارسەن؟> دېدى، مەن: <بەرىكەتلىك شام زېمىنىغا كېتىمەن> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <سېنى شامدىنمۇ چىقىرىۋەتكەن چاغدا قانداق قىلارسەن؟> دېدى، مەن: <ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن قىلىچىمنى ئېلىپ ئۇرۇشىمەن> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <مەن سېنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ۋە توغرىغا باشلاپ قويايمۇ؟> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ سۆزىنى ئىككى قېتىم تەكرارلاپ: <ئۇلار سېنى قانداق يېتەكلىسە بويسۇنۇپ ئاڭلاپ ئىتائەت قىلغىن> دېدى».[1]

**742. عن وائل بن حجر رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ: ورجلٌ سأله فقال: «أرأيتَ إن كان علينا أمراء يمنعونا حقَّنا، ويسألونا حقَّهم؟»، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «اسمعوا وأطيعُوا؛ فإنَّما عليهم ما حُمِّلوا، وعليكم ما حُمِّلتُم». مسلم.**

742. ۋائىل ئىبنى ھۇجرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئەگەر بىزگە ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى سوراپ، بىزنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىزنى بەرمەيدىغان كىشىلەر ئەمىر بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سۆزىنى ئاڭلاڭلار، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلارمۇ

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن جاۋابكارلىققا تارتىلىسىلەر» دېدى.①

**❖ ئەگەر ئەمىردىن ئاشكارا كۇفرىلىق سادىر بولۇپ، بۇ قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق ئۇچۇق دەلىللەنسە، ئاندىن ئۇ ئەمىر شۇ كۇفرىلىقتىن قايتمىسا، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇممەتنىڭ قىلىچ ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىشى ۋە ئورنىغا ئادىل مۇسۇلمان ئەمىرنى تىكلىشى ۋاجىب بولىدۇ**

**743. عن عبادة بن الصامت رضي اللّٰه عنه، قال: «دعانا النبي ﷺ فبايعناه؛ فيما أخذ علينا أن بايعَنا على السمع والطاعة في مَنْشَطِنا ومكرهنا، وعُسرِنا ويُسرنا، وأثرةٍ علينا، وأن لا نُنازِع الأمرَ أهلَه، إلا أن تَروا كُفراً بواحاً عندكم من اللّٰه فيه برهان». متفق عليه.**

743. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «(ئەقەبە كېچىسى) پەيغەمبەر ﷺ بىزنى چاقىردى، بىز ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدۇق. ئۇ بىزدىن ئالغان بەيئەتنىڭ ئىچىدە مۇنۇلار بار ئىدى: بىز خۇش ياققان ۋە خۇش ياقمىغان، قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق ھالەتلىرىمىزدە (ئەمىرلەر) بىزگە ھەققىمىزنى بەرمەستىن شەخسىيەتچىلىك قىلغان ھالەتتىمۇ، ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت قىلدۇق ۋە ئەمىرلىكنى ئۇنىڭ ئەھلىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت قىلدۇق. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن ئىدى: <لېكىن سىلەر ئوچۇق كۇفرىنى كۆرسەڭلار، سىلەرنىڭ الله تائالا تەرىپىدىن ئۇنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا پاكىتىڭلار بولسا تالاشساڭلار بولىدۇ>».②

**744. وعن أمِّ سلمةَ رضي اللّٰه عنها، قالت: قال رسول اللّٰه ﷺ: «ستكونُ أمراءُ، فتعرفون وتنكرون، فمن عرف برئ، ومن أنكرَ سَلِمَ، ولكن من رضيَ وتابَع»، قالوا: «أفلا نقاتلهم؟»، قال: «لا، ما صلُّوا». مسلم.**

744. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «كەلگۈسىدە سىلەرگە بىر قىسىم كىشىلەر ئەمىر بولىدۇ، ئۇلاردىن

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ياخشى ـ يامان ئىشلار سادىر بولىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن سادىر بولغان يامان ئىشلارنى يامان كۆرسە، گۇناھتىن قۇتۇلىدۇ. كىمكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، (تۆھمەتتىن) ساقلىنىدۇ. بىراق ئۇلارغا رازى بولغان ۋە ئەگەشكەنلەر (گۇناھتىن) قۇتۇلالمايدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمامدۇق؟» دەپ سوراشقانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، ئۇلار نامازنى تاشلىمىغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.[1]

**745. وعن عوف بن مالك الأشجعي رضي اللّٰه عنه، عن رسولِ اللّٰه ﷺ قال: «خيارُ أئمتكم الذين تحبونَهُم ويحبونَكم، وتُصلون عليهم، ويُصلون عليكم، وشرارُ أئمتكم الذين تبغضونهم ويبغضونكم، وتلعونونهم ويلعنونَكُم»، قالوا: «قلنا يا رسولَ اللّٰه أفلا ننابذهم عند ذلك؟» قال: «لا ما أقاموا فيكم الصلاة، لا ما أقاموا فيكم الصلاة». مسلم.**

745. ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەمىرلىرىڭلارنىڭ ياخشىلىرى ــ سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا دۇئا قىلىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە دۇئا قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئەمىرلىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامانلىرى ــ سىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرنى يامان كۆرىدىغان، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدىغان، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇ چاغدا بىز ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، ئۇلار ئاراڭلاردا نامازنى بەرپا قىلىپ تۇرسىلا ئۇلارنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ» دېدى.[2]

**746. وعن أبي سعيد رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «يكون أمراءٌ تلينُ لهم الجلود ولا تطمئنُّ إليهم القلوبُ، ثم يكون أمراءٌ تشمئزُّ منهم القلوبُ، وتقشعِرُّ منهم الجلودُ». فقال رجلٌ: «يا رسولَ اللّٰه ! أفلا نقاتلهم؟» قال: «لا، ما أقاموا الصلاة». رواه أحمد، وابن أبي**

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

عاصم في السنة.

746. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «كەلگۈسىدە شۇنداق ئەمىرلەر بولىدۇكى، ئۇلارغا بويسۇنىسىلەر، بىراق قەلب ئۇلاردىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئاندىن كېيىن ئەمىرلەر بولىدۇ، ئۇلاردىن قەلب نەپرەتلىنىدۇ ۋە تېرىلەر قورۇلۇپ قالىدۇ» دېدى. بىركىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىزمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار ناماز ئوقۇسىلا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار» دېدى.[1]

❖ **ئەمىرگە نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش ۋە قەلبىدە يامانلىق ساقلىماسلىق ــــ تەۋھىد ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئەمىرنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

747. عن ابن عيينة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «الدينُ النصيحة»، قلنا: «لمن؟» قال: «للّه، ولكتابِه، ولرسولِه ، ولأئمة المسلمين، وعامتهم». مسلم.

747. ئىبنى ئۇيەينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «دىن دېگەن سادىق بولۇشتۇر» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىمگە سادىق بولۇش؟» دەپ سورىساق، پەيغەمبەر ﷺ: «الله قا، الله نىڭ كىتابىغا، الله نىڭ رەسۇلىغا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرىگە ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

748. وعن جبير بن مطعم، قال: قال رسول الله ﷺ: «ثَلاثٌ لا يَغِلُّ عَلَيْهِنَّ قَلْبُ الْمُؤْمِنِ إِخْلاصُ الْعَمَلِ لِلَّهِ وَالنَّصِيحَةُ لِوُلاةِ الأَمْرِ...». رواه ابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 1085.

748. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك خىسلەتنى ئۆزىدە

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆزلەشتۈرگەن مۇئمىننىڭ قەلبى خىيانەتتىن خالىي بولىدۇ: الله قا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش، ئىش ئىگىلىرىگە نەسىھەت قىلىش...».①

749. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ثلاثةٌ لا يغلُ عليهنَّ قلبُ المؤمن: إخلاصُ العملِ للَّه، والنصيحةُ لولاةِ الأمر، ولزومُ جماعتهم، فإنَّ دعوتهم تحيطُ مِن ورائهم». رواه ابن أبي عاصم في السنة.

749. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك پەزىلەتنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن مۇئمىننىڭ قەلبى خىيانەتتىن خالىي بولىدۇ: الله قا ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش؛ ئىش ئىگىلىرىگە نەسىھەت قىلىش؛ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلماسلىق. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسى ئىش ئىگىلىرىنى ئارقا تەرىپىدىن قورشاپ تۇرىدۇ».②

750. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسول اللَّه ﷺ: «من ولي منكم عملاً، فأرادَ اللَّه به خيراً، جعلَ له وزيراً صالحاً؛ إن نسي ذكَّرَه، وإن ذكَرَ أعانَه». صحيح سنن النسائي: 3920.

750. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ئىچىڭلاردىكى بىرەر ئەمەلگە تەيىنلەنگەن كىشىگە ياخشىلىقنى خالىغان بولسا، سالىھ بىر كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمىر بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئېسىگە ئالسا ياردەملىشىدۇ».③

751. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما مِن والٍ إلا وله بِطانتان: بطانةٌ تأمرُه بالمعروف وتَنهاهُ عن المنكر، وبطانةٌ لا تَألُوه خَبالاً، فمن وُقِي شرَّها فقد وُقِي، وهو مِن التي تغلِب عليه منهما». رواه أحمد، والنسائي، السلسلة الصحيحة : 2270.

---

① ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا توپلىغان.

③ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

751. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى بىر ئەمەلگە تەيىنلەنسە، ئۇنىڭ سىرداش ئىككى ھەمراھى بولىدۇ: بىرى ئۇنى ھەمىشە ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ؛ يەنە بىرى ئۇنى ھەمىشە يامانلىققا قىزىقتۇرىدۇ. يامان ھەمراھىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنالىغان كىشى يامانلىقتىن ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ، كۆپىنچە ھالدا ئىككى ھەمراھى ئىچىدە يامان ھەمراھىنىڭ يامانلىقى غالىب كېلىدۇ».[1]

752. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا أرادَ اللَّه بالأميرِ خيراً جعلَ له وزيرَ صِدقٍ؛ إن نسيَ ذَكَّرَه، وإن ذَكَرَ أعانَهُ، وإذا أراد اللَّه به غير ذلك؛ جعلَ له وزيرَ سُوءٍ؛ إن نسيَ لم يُذَكِّرْهُ، وإن ذَكَرَ لم يُعِنْهُ». صحيح سنن أبي داود: 2544.

752. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر الله بىرەر ئەمىرگە ياخشىلىقنى خالىغان بولسا، راستچىل كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمىر بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىشنى ئەمىر ئەسلىگەن بولسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بېجىرىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر الله بىرەر ئەمىرگە يامانلىقنى خالىغان بولسا، ناچار كىشىنى ئۇنىڭ ياردەمچىسى قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئەمىر بىرەر ئىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭغا ئەسلەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئەمىرنىڭ ئېسىدە بولسا، ياردەمچىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى بېجىرىشىگە ياردەم بەرمەيدۇ».[2]

753. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ثلاثةٌ لا يُكلمهم اللَّه يومَ القيامةِ، ولا ينظرُ إليهم، ولا يُزكيهم، ولهم عذابٌ أليم: رجلٌ على فضلِ ماء بالفلاة؛ يمنعه من ابن السبيل، ورجلٌ بايعَ رجلاً بسلعةٍ بعد العصْرِ، فحلف له باللَّه: لأخذَها بكذا وكذا فصدَّقَه، وهو على غير ذلك، ورجلٌ بايع إماماً لا يُبايعه إلا لدُنيا؛ فإن أعطاهُ منها وفَى، وإن

[1] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

**لم يُعطِه منها لم يَفِ». متفق عليه.**

753. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بولۇپ، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلارغا گەپ قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت نەزىرى بىلەن) قارىمايدۇ ۋە ئۇلارنى پاكلىمايدۇ. ئۇلار دەرتلىك ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بىرىنچىسى، چۆل-باياۋاندا ئارتۇق سۈيى بار تۇرۇپ، ئۇنى يولۇچىلارغا بەرمىگەن ئادەم؛ ئىككىنچىسى، ئەسىر نامىزىدىن كېيىن، مالنى ئۇنداق ئالمىغان تۇرۇپ، بىر ئادەمگە <مەن بۇ مالنى مۇنچىگە ئالدىم> دەپ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈپ مېلىنى ساتقان ئادەم؛ ئۈچىنچىسى، بىرەر خەلىپىگە پەقەت دۇنيالىقنى كۆزلەپلا بەيئەت قىلغان ھەمدە خەلىپە ئۇ ئادەمگە كۆزلىگەن مال-دۇنيادىن بەرسە ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىدىغان، بەرمىسە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم».[1]

**754. وعن محمد بن زيد: أنَّ ناساً قالوا لجدِّه عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنهما: «إنَّا ندخُلُ على سلاطِيننا فنقول لهم بخلافِ ما نتكلَّمُ إذا خَرجنا من عندِهم؟»، قال ابن عمر: «كنا نعُدُّ هذا نفاقاً على عهدِ رسولِ اللَّه ﷺ». البخاري.**

754. مۇھەممەد ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: كىشىلەر ئۇنىڭ بوۋىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا: «بىز ئەمەلدارلىرىمىزنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن چىقىپلا ئۇنىڭ قارشىسىدىكى گەپلەرنى قىلىمىز» دېگەندە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىسىدا مۇناپىقلىق دەپ ھېسابلايتتۇق» دېدى.[2]

**755. عن أبي مَعْمَر قال: «قام رجلٌ يُثني على أمير من الأمراء، فجعل المقداد يحثي في وجهه التراب، وقال: <أمرنا رسولُ اللَّه ﷺ أن نَحثي في وجوه المدَّاحين التراب>». أخرجه مسلِم، والحاكم، وأحمد،**

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

755. ئەبۇ مەئمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىرلەرنىڭ بىرىنى ماختىغىلى تۇرۇۋېدى، شۇنىڭ بىلەن مىقداد ئۇنىڭ يۈزىگە بىر سىقىم توپىنى چېچىۋېتىپ: <پەيغەمبەر ﷺ مەدداھلارنىڭ يۈزىگە توپا چېچىشقا بۇيرۇغانىدى> دېدى».[1]

**❖ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەمىرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماستىن يوشۇرۇن نەسىھەت قىلىش ـــ ئەمىرگە نەسىھەت قىلىشنىڭ ئەدەپلىرىدىندۇر**

756. **عن عياض بن غَنْم، قال لهشام بن حكيم: «ألم تسمع بقول رسول اللَّه ﷺ: <من أرادَ أن ينصحَ لِذي سلطانٍ فلا يُبدِه علانيةً، ولكن يأخذ بيدِه فيخلُو به، فإن قَبِل منه فذاك، وإلا كان قد أدى الذي عليه>».** رواه أحمد.

756. ئىياز ئىبنى غەنەم ھىشام ئىبنى ھەكىمگە: «سەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىمكى سۇلتانغا نەسىھەت قىلماقچى بولسا، ئاشكارا (ئادەم بار يەردە) نەسىھەت قىلمىسۇن، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يالغۇز يەردە نەسىھەت قىلسۇن. ئەگەر قوبۇل قىلسا قىلدى، قىلمىسا ئۇ ئادەم ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەتنى يەتكۈزگەن بولىدۇ> دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟» دېگەن.[2]

757. **وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من كانت عنده نصيحةٌ لِذي سلطانٍ فليأخذْ بيدِه، فليخلُو بِه، فإن قَبِلَها قَبِلَها، وإن ردَّها كان قد أدَّى الذي عليه».** رواه احمد، وابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 1098.

757. ئىياز ئىبنى غەنەمدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سۇلتانغا نەسىھەت قىلماقچى بولغان كىشى ئاشكارا (ئادەم بار يەردە) نەسىھەت قىلمىسۇن، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يالغۇز يەردە نەسىھەت قىلسۇن. ئەگەر قوبۇل قىلسا قىلدى، قىلمىسا ئۇ ئادەم ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەتنى يەتكۈزگەن بولىدۇ».[3]

---

[1] مۇسلىم، ھاكىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

### ❖ تۆۋەندىكىلەر زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقنى قورقماستىن سۆزلەشكە زىت كەلمەيدۇ

758. عن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «أفضلُ الجهادِ كلمةُ عدلٍ عندَ سلطانٍ جائرٍ». صحيح سنن أبي داود: 3650.

758. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتۇر».[1]

759. وفي رواية عنه: «أفضلُ الجهادِ كلمةُ حقٍّ عند سلطانٍ جائرٍ».

759. يەنە بىر نەقىلدە: «زالىم پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ھەقنى سۆزلەش» دەپ كەلگەن.[2]

760. وفي رواية عنه، أن النبيَّ ﷺ قال: «إنَّ من أعظمِ الجهادِ كلمةُ عدلٍ عندَ سلطانٍ جائرٍ».

760. يەنە بىر نەقىلدە: «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپ قىلىش ــ جىھادنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدىندۇر» دەپ كەلگەن.[3]

761. وعن جابرٍ رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «سيدُ الشهداء حمزةُ بن عبد المطلب، ورجلٌ قامَ إلى إمامٍ جائرٍ فأمرَه ونهاهُ فقتلَهُ».أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 491.

761. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەرنىڭ سەردارى ــ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ھەمدە زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، شۇ سەۋەبلىك (زالىم پادىشاھ) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر».[4]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى توپلىغان.

[4] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

762. وعن أبي أمامة رضي اللّهَ عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «أحبُّ الجهادِ إلى اللّه؛ كلمةُ حقٍّ تُقال لإمامٍ جائرٍ». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الجامع: 168.

762. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان جىھاد — زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا دېيىلگەن ھەق سۆزدۇر».[1]

**❖ ئايرىم نەسىھەت قىلىش — زالىمنى زۇلۇمدىن توختىتىش ۋە ئۇنى توغرىغا يېتەكلەشكە زىت كەلمەيدۇ**

763. عن جرير قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «ما مِن رجلٍ يكونُ في قومٍ يعملُ فيهم بالمعاصي يقدرون على أن يُغيِّروا عليه فلا يغيروا إلا أصابهم اللّه بعذابٍ من قبلِ أن يموتوا». صحيح سنن أبي داود: 3646.

763. جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قانداق بىر ئادەم بىر قەۋمدە گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە، ئۇ قەۋم ئۇنى توسۇپ ئۆزگەرتەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئۆزگەرتمىسە، الله ئۇلارنى ئۆلمەستىن بۇرۇنلا چوقۇم ئازابلايدۇ».[2]

764. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «سيكونُ أُمراءُ من بعدي؛ يقولون ما لا يفعلون، ويفعلون ما لا يُؤمَرون، فمن جاهدَهم بيده فهو مؤمن، ومن جاهدَهم بلسانه فهو مؤمن، ومن جاهدَهم بقلبه فهو مؤمِن، لا إيمانَ بعدَه». صحيح موارد الظمآن: 1298.

764. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن يېقىن كەلگۈسىدە شۇنداق ئەمىرلەر كېلىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئەمەل قىلمايدىغان ئىشنى سۆزلەيدۇ، بۇيرۇلمىغاننى قىلىدۇ. كىمكى قولى بىلەن ئۇلارغا جىھاد قىلسا ئۇ مۇئمىندۇر، كىمكى ئۇلارغا تىلى بىلەن جىھاد قىلسا ئۇ مۇئمىندۇر؛ كىمكى ئۇلارغا قەلبى

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىلەن جىھاد قىلسا ئۇمۇ مۇئمىندۇر؛ قەلبى بىلەن بولسىمۇ جىھاد قىلمىغان كىشىنىڭ ئىمانى بولمايدۇ».[①]

**❖ مۇسۇلمان ئەمىرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئىززىتىنى قىلىش پۇقرالار ئۈستىگە ۋاجىبتۇر، چۈنكى بۇ تەقۋالىق ۋە الله تائالانىڭ رازىلىقىغا سەۋەب بولىدۇ**

765. عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «نهانا كبراؤنا من أصحاب رسول اللَّه ﷺ قال: لا تسبُّوا أمراءَكم، ولا تَغشُّوهم، ولا تبغضوهم، واتقوا اللَّه واصبروا، فإنَّ الأمرَ قريب». رواه ابن أبي عاصم في السنة، وصححه الشيخ ناصر في التخريج: 1015.

765. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ چوڭلىرى بىزنى (بىر بۆلۈك ئىشلاردىن) توسۇپ: <ئەمىرلىرىڭلارنى تىللىماڭلار، ئۇلارغا خىيانەت قىلماڭلار، ئۇلارنى ئۆچ كۆرمەڭلار، الله تىن قورقۇڭلار ۋە سەۋر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئىش يېقىندۇر> دېگەن».[②]

766. وعن أبي بكرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من أهانَ سُلطانَ اللَّه، أهانَهُ اللَّه». رواه الترمذي، وابن أبي عاصم في السنة.

766. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله تەرىپىدىن سۇلتان قىلىپ بېكىتىلگەن كىشىگە ئاھانەت قىلسا، الله ئۇنى خار قىلىدۇ».[③]

767. وعنه، قال: سمعت رسولَ اللَّه ﷺ: «من أجلَّ سلطانَ اللَّه، أجَلَّهُ اللَّه يومَ القيامةِ». رواه الطبراني وغيره، صحيح الجامع الصغير: 5951.

767. ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى الله تەرىپىدىن سۇلتان قىلىپ بېكىتىلگەن كىشىنى ھۆرمەتلىسە، الله تائالا قىيامەت كۈنى

---

① «صحيح موارد الظمآن» 1289 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تىرمىزى ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان.

ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ». ①

768. وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «خمسٌ مَن فعلَ واحدةً منهنَّ كان ضامناً على اللَّه: من عادَ مريضاً، أو خرجَ مع جنازةٍ، أو خرجَ غازياً، أو دخلَ على إمامِه يريد تَعزيرَهُ وتوقيرَهُ، أو قعدَ في بيتِه فسَلِمَ الناسُ منه، وسَلِمَ منَ الناسِ». رواه أحمد، وابن أبي عاصم في السنة.

768. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش تۈرلۈك ئىش باركى، كىمكى ئۇنىڭدىن بىرىنى قىلسا، الله تائالا ئۇ ئادەمگە كېپىل بولىدۇ: كېسەل يوقلاش، جىنازا بىلەن بىرگە چىقىش، غازاتقا چىقىش، ئەمىرنىڭ قېشىغا ئۇنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىش نىيىتى بىلەن كىرىش، كىشىلەرگە زىيىنى يەتمەسلىكى ۋە باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيىدە ئولتۇرۇش». ②

769. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ مِن إجلالِ اللَّه إكرامَ ذِي الشيبَةِ المُسلم، وحامِلِ القرآنِ غيرِ الغالي فيه والجافي عنه، وإكرامَ ذي السُّلطانِ المُقْسِطِ». صحيح سنن أبي داود: 4053.

769. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياشانغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن قارىنى ھۆرمەتلەش ھەمدە ئادىل (مۇسۇلمان) ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلار الله نى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر». ③

### ❖ ئۇمۇمنىڭ مۈلكىدىن ئەمىر ھەقلىق بولىدىغان قىسمى

770. عن عبدِ اللَّه بن زُرَيْرٍ الغافقي، قال: «دخلنا على علي بن أبي طالب يوم أضحى فقدَّم إلينا خَزِيرَةً، فقلنا يا أميرَ المؤمنين لو قدَّمت إلينا من هذا البطِّ والوزِّ، والخيرُ كثير، قال: يا ابن زُرَيرٍ إني سمعت رسول اللَّه ﷺ يقول: لا يحلُّ للخليفةِ إلا قصعتان: قصعةٌ يَأكلُها

① تەبەرانى توپلىغان.

② تەبەرانى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، سۇيۇتى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

**هو وأهلُه، وقصعةً يُطعِمُها». رواه أحمد، وابن أبي الدنيا في الورع، السلسلة الصحيحة: 362.**

770. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇرەيىر غافىقى مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇربان ھېيت كۈنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا خەزىرە[1] دېگەن تائامنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىز: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىزگە ئۆردەك، غاز گۆشلىرىدىن ئەكەلسىلە، ھازىر مال ـ دۇنيا ناھايىتى كۆپ» دېۋىدۇق، ئۇ: «ئى ئىبنى زۇرەيىر! مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <خەلىپىگە پەقەت ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى تاماق يەيدىغان بىر قاچا، باشقىلارغا تائام قويىدىغان بىر قاچا جەمئىي ئىككى قاچا ھالال بولىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.[2]

**771. وعن المستورد بن شدَّاد، قال: سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: «من كان لنا عامِلاً فليَكتَسِبْ زوجةً، فإن لم يكن له خادمٌ فليكتَسبْ خادِماً، فإن لم يكن له مَسكنٌ فليكتَسِب مَسكناً، من اتخذ غير ذلك فهو غَالٌّ». رواه أبو داود، وصححه الشيخ ناصر في المشكاة: 3751.**

771. مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بىزنىڭ يېنىمىزدا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان (يەنى ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە پۇل ـ مال توپلاشقا تەيىنلەنگەن) كىشى (ئايالى بولمىسا) ئۆيلىنىۋالسۇن. خىزمەتچىسى بولمىسا، خىزمەتچى سېتىۋالسۇن، ئۆيى بولمىسا ئۆي سېتىۋالسۇن. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلغان كىشى خىيانەتچى ھېسابلىنىدۇ».[3]

**• يۇقىرىقىلاردىن ئارتۇق ئىشلەتكەنلەر ھەقلىق بولماي تۇرۇپ تەسەررۇپ قىلغان بولىدۇ**

**772. عن خولَة الأنصاريَّة رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنَّ رجالاً**

---

[1] خەزىرە ــ گۆشنى ئۇششاق توغراپ سۇغا سېلىپ، گۆش پىشقاندا ئۇنىڭغا ئۇن سېلىپ ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق.

[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 362 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يَتخوَّضُون في مالِ اللَّه بغيرِ حقٍّ، فلهم النارُ يومَ القيامة». البخاري.

772. خەۋلە ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ مېلىنى (يەنى ئۇمۇمنىڭ مېلىنى) ھەقلىق ئەمەس تۇرۇپ تەسەررۇپ قىلغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى دوزاختا لايىق بولىدۇ».[①]

**❖ زالىم، پاسىق مۇسۇلمان پادىشاھ بىلەن سۆھبەتداش بولۇش ۋە دوستلىشىش ئۇنىڭ زۇلۇم، پاسىقلىق ۋە باشقا گۇناھ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ھەققىدە**

773. عن أبي سعيد، وأبي هريرة، رضي اللَّه عنهما قالا: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليأتينَّ عليكم أمراءُ، يقربون شرارَ الناسِ، ويُؤخِّرون الصلاةَ عن مواقِيتها، فمن أدركَ ذلك منهم، فلا يَكونَنَّ عِرِّيفاً، ولا شرطيّاً، ولا جابياً، ولا خازِناً». رواه ابن حبان، السلسلة الصحيحة: 360.

773. ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە شۇنداق بىر ئەمىرلەر كېلىدۇكى، ئۇلار ناچار كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىن قىلىدۇ، نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدۇ. كىمكى ئەمىرلەردىن شۇنداق ئىشلارنى كۆرسە، ھەرگىز ئاقساقال (يەنى بىرەر قەبىلىنىڭ باشلىقى) بولمىسۇن، نە ساقچى، نە زاكات يىغىش، نە ئامبارچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمىسۇن!».[②]

774. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «يليكم عمالٌ من بعدي، يقولون ما يعلمون، ويَعملونَ بما يَعرِفُون، وطاعةُ أولئك طاعة، فتَلبثُون كذلك دهراً، ثم يليكم عمالٌ من بعدي يقولون مالا يَعلمون، ويَعملون مالا يَعرفون، فمن ناصحَهم، ووازَرَهم، وشَدَّ على أعضادِهم، فأولئك قد هلَكوا وأهلَكوا، خالِطُوهم بأجسادِكُم، وزايلوهم بأعمالِكم، واشهدوا على المحسن بأنَّه محسنٌ، وعلى المسيءِ بأنه مسيءٌ». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 457.

774. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 360- نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىگە بولىدۇ، ئۇلار بىلگىنىنى سۆزلەيدۇ ۋە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىدۇ، ئۇلارغا قىلىنغان ئىتائەت ھەقىقىي ئىتائەتتۇر. ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە بىر زامان تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئىگە بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى بىلمىگەن نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ ۋە شۇ بىلمىگەن نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. كىمكى ئۇلارغا سادىق بولسا، ئۇلارغا ياردەم بەرسە ۋە ئۇلارغا يانتاياق بولسا، ئەنە شۇلار ئۆزلىرى ۋە باشقىلارنى ھالاك قىلغان كىشىلەردۇر. ئۇلارغا جىسمىڭلار بىلەن ئارىلىشىڭلار، ئەمەللىرىڭلار بىلەن ئايرىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق، يامانلىقىغا يامانلىق دەپ گۇۋاھلىق بېرىڭلار».①

775. وعن عبادة بن الصامت رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «سيليكُم أمراءُ بعدي يُعرِّفونَكم ما تُنكِرون، ويُنكِرون عليكم ما تَعرفون، فمن أدركَ ذلك منكم، فلا طاعةَ لمن عصى اللّه». رواه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 590.

775. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا بىر بۆلۈك ئەمىرلەر ئىگە بولىدۇ. ئۇلار سىلەر (دىندىن ئەمەس دەپ) ئىنكار قىلىدىغان ئىشلارنى سىلەرگە (دىندىن دەپ) تونۇشتۇرىدۇ ۋە سىلەر (دىندىن دەپ) بىلىدىغان ئىشلارنى (دىندىن ئەمەس) دەپ ئىنكار قىلىدۇ. كىمكى شۇنداق زامانىدا ياشىسا، بىلىپ قېلىڭلاركى، الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ».②

776. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «سيلي أمورَكم بعدي رجالٌ يُطفِئون السُّنةَ، ويَعملون بالبدعة، ويُؤخِّرون الصلاةَ عن مواقيتها». فقلت: «يا رسولَ اللّه! إن أدركتُهم كيفَ أفعل؟»، قال: «تسألني يا ابنَ أمِّ عبد كيف تفعل؟ لا طاعة لمن عصى

① تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 457- نومۇرلۇق ھەدىس.
② ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 590- نومۇرلۇق ھەدىس.

اللَّه». رواه أحمد، وابن ماجه، والطبراني، السلسلة الصحيحة: 590.

776. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ: «مەندىن كېيىن سىلەرگە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئەمىر بولىدۇ، ئۇلار سۈننەتنى تەرك ئېتىدۇ، بىدئەت ئىشلارنى قىلىدۇ، نامازنىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلمايدۇ» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر مەن ئاشۇنداق ئەمىرلەرنىڭ زامانىغىچە ياشىسام قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئابدۇللاھ! قانداق قىلىدىغانلىقىڭنىمۇ مەندىن سورامسەن؟ الله قا ئاسىيلىق قىلغان كىشىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.[1]

777. وعن كعب بن عُجْرَةَ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «اسمعوا، هل سمعتم أنه سيكون بعدي أمراءُ فمن دخلَ عليهم فصدَّقَهم بكذبهم، وأعانهم على ظُلمِهم فليسَ مني ولستُ منه، وليس بواردٍ عليَّ الحوض، ومن لم يَدخُلْ عليهم ولم يُعِنْهُم على ظلمِهم ولم يُصدقهم بكذِبهم فهو مني وأنا منه، وهو واردٌ عليَّ الحوض». صحيح سنن الترمذي: 1843.

777. كەئب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار! ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ مەندىن كېيىن ئەمىرلەر كېلىدۇ. كىمكى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەم قىلسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئەمەس. ئۇ مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلەلمەيدۇ؛ كىمكى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرمىسە ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ياردەم قىلمىسا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ يالغان سۆزلىرىنى تەستىقلىمىسا، ئۇ مەندىن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن. ئەنە شۇ (ئادەم) ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمنىڭ بويىغا كېلەلەيدۇ».[2]

778. وعن النعمان بن بشير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ألا إنَّها ستكون بعدي أُمراء يظلمون ويَكذبون، فمن صدَّقَهُم بكذبهم، ومالأهم على ظُلمِهم، فليس مني، ولا

---

[1] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 590 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تىرمىزى توپلىغان.

أنا منه، ومن لم يُصدِّقهم بكذِبِهم، ولم يُمالئهم على ظُلمِهم، فهو مني وأنا منه». أخرجه أحمد، صحيح الترغيب: 2244.

778. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەندىن كېيىن يېقىن كەلگۈسىدە زۇلۇم قىلىدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان ئەمىرلەر بولىدۇ. قانداق بىر كىشى ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى تەستىقلىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشسە، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، ئۇمۇ مەندىن ئەمەس؛ قانداق بىر كىشى ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقلىرىنى تەستىقلىمىسا ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشمىسە، ئۇ كىشى مەندىن، مەن ئۇ كىشىدىن».[1]

779. وعن عبد اللَّه بن خباب عن أبيه، قال: «كنا قُعوداً على بابِ النبيِّ ﷺ فخرجَ علينا فقال: <اسمعوا>، قلنا: <سمِعْنا>. قال: <اسْمَعوا>، قلنا: <قد سمِعنا>. قال: <اسمعوا>، قلنا: <سمعنا>. قال: <إنه سيكونُ بعدي أُمراءُ فلا تُصدقوهم بكَذِبهم، ولا تُعينوهم على ظُلمهم، فإنَّ من صدَّقهم بكذِبهم، وأعانهم على ظُلمهم، لم يرِد عليَّ الحوضَ>». أخرجه الطبراني، وابن حبان، صحيح الترغيب: 2245.

779. ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب ئاتىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ: <ئاڭلىدىڭلارمۇ؟> دېدى، بىز: <ئاڭلىدۇق> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ يەنە: <ئاڭلىدىڭلارمۇ؟> دېدى، بىز يەنە: <ئاڭلىدۇق> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ ئۈچىنچى قېتىم: <ئاڭلىدىڭلارمۇ؟> دېدى، بىز يەنە ئوخشاشلا: <ئاڭلىدۇق> دېدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <مەندىن كېيىن يېقىن كەلگۈسىدە ئەمىرلەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى تەستىقلىماڭلار، زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشمەڭلار! قانداق بىر كىشى ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى تەستىقلىسا ۋە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشسە، ئەنە شۇ (ئادەم) ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈمىنىڭ بويىغا

[1] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2244 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كېلەلمەيدۇ> دېدى».[1]

780. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «سيكونُ أمراءُ تَعرفون وتُنكرون، فمن نابذَهم نجا، ومَن اعتزلهم سَلِم، ومن خالَطَهم هلَك». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 3661.

780. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يېقىن كەلگۈسىدە شۇنداق ئەمىرلەر بولىدۇكى، سىلەر (ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان ئىشلىرىنى) تونۇيسىلەر ۋە (شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلىرىنى) ئىنكار قىلىسىلەر. ئۇلاردىن يىراق تۇرغان كىشى نىجات تاپىدۇ؛ ئۇلاردىن ئايرىلغان كىشى سالامەت قالىدۇ؛ ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان كىشىلەر ھالاك بولىدۇ».[2]

781. وعن أم سلمة رضي اللّه عنها قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ستكون أمراءُ فتعرفون وتُنكرون، فمن كَرِهَ بَرِئَ، ومَن أنكَرَ سَلِمَ، ولكن مَن رَضِيَ وتابَعَ لم يَبْرَأ». مسلم.

781. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كەلگۈسىدە شۇنداق ئەمىرلەر بولىدۇكى، سىلەر ئۇلارنىڭ (شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولغان ئىشلىرىنى) تونۇيسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ (شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولمىغان ئىشلىرىنى) ئىنكار قىلىسىلەر. ئۇلاردىن سادىر بولغان يامان ئىشلارنى كۆرگەن كىشى گۇناھتىن پاك بولىدۇ ۋە ئىنكار قىلغان كىشى سالامەت قالىدۇ؛ بىراق كىمكى ئۇنىڭغا رازى بولسا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشسە گۇناھتىن قۇتۇلالمايدۇ».[3]

782. وعن أبي أُمامة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «سيكونُ في آخِر الزمانِ شَرطَةٌ يَغْدون في غَضبِ اللّه، ويَروحون في سخطِ اللّه». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 3666.

782. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

[1] تەبەرانى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2245 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 3661 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «ئاخىر زاماندا ساقچىلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار ئەتىگەندە الله نىڭ غەزىپى بىلەن چىقسا، كەچتە الله نىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ».[1]

783. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن أعانَ ظالماً بباطلٍ ليُدحِضَ بباطلِه حقًّا، فقد بَرِئَ من ذِمَّةِ اللّه وذِمَّةِ رسولِه». السلسلة الصحيحة: 1020.

783. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى زالىمنىڭ ھەقنى رەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خاتالىق بىلەن ياردەم بەرسە، چوقۇمكى، ئۇ كىشى الله نىڭ ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ».[2]

784. وعن أبي الأعور السّلمي رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إيَّاكُم وأبوابِ السلطانِ؛ فإنَّه قد أصبحَ صعباً هُبوطاً». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 1253.

784. ئەبۇ ئەئۋەر سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پادىشاھنىڭ ئىشىكلىرىگە يېقىن تۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى پادىشاھنىڭ ئىشىكلىرىگە يېقىنلىشىش كىشىنى خار قىلىۋېتىدۇ».[3]

785. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «من أتى أبوابَ السُّلطانِ افتُتِنَ، وما ازدادَ أحدٌ من السُّلطان قُرباً، إلا ازدادَ من اللّه بُعداً». رواه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1272.

785. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پادىشاھنىڭ ئىشىكلىرىگە يېقىنلاشقان كىشى يامانلىقنقا دۇچار بولىدۇ. بىر كىشى پادىشاھقا يېقىنلاشقانسېرى، الله تائالادىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ».[4]

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 3666 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «السلسلة الصحيحة» 1020 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تەبەرانى، بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1253 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1272 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

786. وعن أبي أمامة الباهلي رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «حوضي كما بين عدَن وعَمَّانَ، فيه أكاويبُ عددُ نجوم السماء، مَن شَربَ منه لم يَظمأ بعدَه أبداً، وإن ممَّن يَردُه عليَّ من أمتي: الشَّعِثَةُ رؤوسُهم، الدَّنِسَةُ ثيابُهم، لا يَنكحونَ المنعَّمَات، ولا يَحضُرونَ السُّدَدَ ـ يعني أبوابَ السلطان ـ الذين يُعطُون كلَّ الذي عليهم، ولا يُعْطَونَ كلَّ الذي لهم». أخرجه الطبراني، صحيح الترغيب: 3617.

786. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ھەۋزى كەۋسەر كۆلۈم ئەدنى دېگەن يەردىن ئۇمان دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىچىلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ سانىچىلىك كۆپ قاچىلار بار. ھەۋزى كەۋسەردىن ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. ئۈممىتىمدىن ھەۋزى كەۋسەرگە سۇ ئىچكىلى كېلەلەيدىغانلار پۇلدار ئاياللارنى نىكاھىغا ئالمىغان، سۇلتاننىڭ ئىشىكلىرىدىن ئۆمىد كۈتمىگەن، ئۇستىدىكى بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى ئادا قىلغان، ئەمما ئۆزىنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققىنى ئالالمىغان، چاچلىرى چۇۋۇق ۋە كىيىملىرى كىر كىشىلەردۇر».[①]

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەر الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان، الله تائالا بېكىتكەن شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم قىلىدىغان ۋە پۇقرالىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدا الله تىن قورقىدىغان مۇسۇلمان ئادىل سۇلتانغا قارىتىلمايدۇ. بۇنداق سۈپەتتىكى سۇلتانغا ياردەم بېرىش، سەممىمىي، سادىق بولۇش ۋە ئۇلارنى قوللاش ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا مۇكەممەل ياخشىلىق بار. سۇلتانلىق ھۆكۈملىرىدە ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى سۇلتانلىق ھۆكۈملىرىگە ئالاقىدار بولغان ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە سەل قارىغانلىقى سەۋەبلىك خاتالاشقان بولۇپ، ئۇلار ئايەت-ھەدىسلەرگە ئومۇمىي ھالەتتە ئەمەل قىلمايدۇ، ئەمەل قىلغان تەقدىردىمۇ توغرا تەتبىقلىيالمايدۇ.

[①] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 3617- نومۇرلۇق ھەدىس.

سۇلتانلىق ھۆكۈملىرىدە ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خاتالىقى — ئۇلار اللە نىڭ شەرىئىتى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادىل مۇسۇلمان سۇلتان ھەققىدە كەلگەن ھۆكۈملەرنى پاسىق ۋە زالىم ئەمىرگە، يەنە بەزىدە مۇرتەد، كاپىر ئەمىرگە تەتبىقلىغان. ئەكسىمۇ ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، بەزىلىرى پاسىق، زالىم ئەمىر ھەققىدىكى ھۆكۈملەرنى ئادىل مۇسۇلمان ئەمىرگە تەتبىقلاپ قويغان. مانا بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئىككىلىسى تۈپتىن خاتالاشقان ۋە ئازغۇنلۇق ئۈستىدىدۇر. بىرىنچى پىرقە دەۋرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيدا بولغان مۇرجىئىيلارغا مىسال بولسا، يەنە بىرى ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئاشقۇن خاۋارىجلارغا مىسال بولىدۇ.

دېمەك، ھەق بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. اللە تائالادىن بىزلەرنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراشتىن ئىبارەت ئازغۇنلۇق ئورۇنلىرىدىن يىراق قىلىشنى ۋە بۇ ئىككى پىرقىگە مايىل بولمىغان ئادىل ۋە ئوتتۇراھال كىشىلەردىن قىلىشنى سورايمىز.

اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 12 ـ باب

## يۇقىرىلارنىڭ ئەمىر ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ھەقلەر ئەمىر ۋە يۇقىرىلار ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىلارنىڭ ئەمىرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ئەمىرنىڭ يۇقىرىلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ھەقلەر پەقەت بىر تەرەپكىلا يۈكلەنمەيدۇ، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇئەييەن ھەقلىرى بولىدۇ. يۇقىرىلارنىڭ ئەمىر ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىن، كىشىلەر ئارىسىدا الله نىڭ شەرىئىتى بويىچە باراۋەرلىك ۋە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش، كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش، ھۆرمەتلىرىنى قوغداپ دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە خىزمىتى ئۈچۈن تىرىشىش، ئۇلارغا رەھىمدىل ۋە مېھرىبان بولۇش، ھاجەتلىرىنى قىسىپ قويماستىن قامداش، ئاجىز ۋە كەمبەغەللەرگە كۆڭۈل بۆلۈش... قاتارلىقلاردۇر.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

787. عن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ألا كُلُّكم راعٍ، وكُلكم مسؤولٌ عن رعيَّتِه؛ فالإمامُ الأعظمُ الذي على الناسِ راعٍ وهو مَسؤولٌ عن رعيتِه، والرجلُ راعٍ على أهلِ بيتِه وهو مسؤولٌ عن رعيَّتِه، والمرأةُ راعيةٌ على أهلِ بيتِ زوجِها وولدِه وهي مسؤولةٌ عنهم، وعبدُ الرجُلِ راعٍ على مالِ سيِّدِه وهو مسؤولٌ عنه، ألا فَكلُّكم راعٍ وكُلُّكم مسؤولٌ عن رعيَّته». متفق عليه.

787. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر. خەلىپىمۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن پادىچى بولۇپ، ئۇ ئۆز يۇقىرىلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە پادىچى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆيدىكىلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ

ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالىسىغا نىسبەتەن پادىچى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز پادىسىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مال-مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىدۇ. دېمەك، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ئۆز پاداڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر».[①]

788. وعن معقل بن يسار رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما مِن عبدٍ يَسترعيهُ اللَّه رعيَّةً، فلَم يُحِطْها بِنُصحِه لم يجدْ رائحةَ الجنَّة». متفق عليه.

788. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بىرەر خەلققە ھۆكۈمران قىلغان كىشى خەلققە سەممىمىي ساداقەت كۆرسىتىپ تۇرمىغان بولسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ».[②]

789. وعنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «ما مِن والٍ يَلي رعيَّةً من المسلمين فيموت وهو غاشٌّ لهم إلا حرَّمَ اللَّه عليه الجنَّةَ». متفق عليه.

789. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان ئەمىر پۇقرالىرىغا خىيانەت قىلغان ھالدا ۋاپات بولۇپ كەتسە، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».[③]

790. وفي روايةٍ لمسلم: «ما من عبدٍ يَسترعيَه اللَّه رعيَّةً، يموتُ يومَ يموت وهو غاشٌّ لرعيَّتِه، إلا حرَّمَ اللَّهُ عليه الجنَّة».

790. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «بىرەر قەۋمگە مەسئۇل بولۇشنى الله نېسىپ قىلغان كىشى، ئەگەر قول ئاستىدىكىلەرنى ئالدىغان ھالدا ۋاپات بولسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».[④]

791. وفي رواية: «أيما راعٍ استرعى رعيةً فغشَّها فهو في النَّار».

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[④] مۇسلىم توپلىغان.

791. يەنە بىر نەقىلدە: «ۋۇقرالارغا باشلىق قىلىنغان قايسى بىر مەسئۇل ۋۇقرالىرىغا خىيانەت قىلغان بولسا، ئۇ دوزاختا بولىدۇ» دەپ كەلگەن.①

**792. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «رجُلانِ ما تنالهما شفَاعتي: إمامٌ ظَلومٌ غَشُومٌ، وآخرُ غالٍ في الدينِ مارقٌ منه». رواه ابن أبي عاصم في السنة**

792. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشى شاپائىتىمگە ئېرىشەلمەيدۇ: بىرى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ ئېلىۋالىدىغان زالىم ئەمىر؛ يەنە بىرى، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ دىندىن چىقىپ كەتكەن كىشى»②

**793. وعن خالد بن الوليد رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أشدُّ الناسِ عذاباً للناس في الدُّنيا، أشدُّ الناسِ عَذاباً عندَ اللَّه يومَ القيامَة». رواه البيهقي، صحيح الجامع: 998.**

793. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيادا كىشىلەرنى قاتتىق ئازابلىغان كىشى قىيامەت كۈنى الله نىڭ ھۇزۇرىدا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».③

**794. وعن أبي سعيدٍ رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «أشدُّ الناسِ يومَ القيامةِ عذاباً، إمامٌ جائرٌ». رواه الطبراني في الأوسط.**

794. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغان كىشى زالىم رەھبەردۇر».④

**795. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أربعةٌ يبغضُهم اللَّه ﷻ: البيَّاع الحلاَّف، والفقيرُ المختالُ، والشيخُ الزَّاني، والإمامُ الجائِرُ». رواه النسائي، وابن**

① ئەھمەد توپلىغان.
② ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا توپلىغان.
③ ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا توپلىغان.
④ تەبەرانى توپلىغان.

حبان، السلسلة الصحيحة: 363.

795. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا تۆت تۈرلۈك كىشىنى يامان كۆرىدۇ: كۆپ قەسەم قىلىدىغان تىجارەتچى، ھاكاۋۇر كەمبەغەل، ياشىنىپ قالغاندا زىنا قىلغان كىشى، يالغانچى خەلىپە».[1]

796. وعن سلمان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ثلاثةٌ لا يدخلون الجنة: الشيخُ الزَّاني، والإمامُ الكذَّاب، والعائلُ المَزهُوّ». أخرجه البزَّار في مسنده، السلسلة الصحيحة: 3461.

796. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ: ياشىنىپ قالغاندا زىنا قىلغان كىشى، يالغانچى خەلىپە، تەكەببۇر كەمبەغەل».[2]

797. وعن عائذ بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ شَرَّ الرُّعاءِ الحُطَمَة». مسلم.

797. ئائىز ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەسئۇللارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى تاش يۈرەك زالىملاردۇر».[3]

798. وعن معاوية رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا تُقَدَّسَ أُمَّةٌ لا يُقضَى فيها بالحقِّ، ولا يأخذُ الضعيفُ حقَّهُ من القويِّ غَيْرَ مُتَعْتَعٍ». أخرجه الطبراني، صحيح الترغيب: 2191.

798. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدىغان، ئاجىزلىرى كۈچلۈكلىرىدىكى ھەققىنى ھېچبىر زىيان ـ زەخمەتكە يولۇقماستىن

[1] نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 365 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بەززار «مسنده» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3461 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئالالمايدىغان مىللەتنى الله ھېچقاچان ئىززەت-ئابرۇيغا ئىگە قىلمايدۇ».[1]

**799. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنما الإمامُ جُنَّةٌ يُقاتَل من ورائِه، ويُتَّقَى به، فإن أمَرَ بتقوى اللَّه وعدَلَ فإنَّ له بذلك أجراً، وإن أمرَ بغيرِه فإنَّ عليه وِزراً». متفق عليه.**

799. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خەلىپە بىر قالقاندۇر، ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قوغدىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ الله قا تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇسا ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا ئىشقا بۇيرۇسا، گۇناھى ئۆزىگە بولىدۇ».[2]

**800. وعن أبي أمامة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما مِن رجلٍ يلي أمرَ عشرةٍ فما فوق ذلك، إلا أتى اللَّه مَغلولاً يدَه إلى عُنقِه، فَكَّهُ برُّه، أو أوثَقَهُ إثمُه، أولها ملامةٌ، وأوسَطُها ندامةٌ، وآخِرُها خِزيٌ يومَ القيامة». رواه أحمد، صحيح الجامع: 5718.**

800. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى 10 ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەرگە ئەمىر بولسا، الله تائالانىڭ ھۇزۇرىغا قولى بوينىغا باغلانغان ھالەتتە كېلىدۇ. يا ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقى ئۇنىڭ قولىنى بوشىتىدۇ، يا گۇناھى ئۇنىڭ قولىدىكى باغلاقنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ. ئەمىرلىكنىڭ باشلىنىشى مالامەت، ئوتتۇرىسى نادامەت، ئاخىرى قىيامەت كۈنىدىكى رەسۋالىقتۇر».[3]

**801. وعن معقل بن يسار رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما من أميرٍ يلي أمرَ المسلمين، ثم لا يجهدُ لهم ويَنصح، إلا لم يدخلْ معهم الجنَّة». مسلم.**

801. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولغان كىشى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە ۋە ئۇلارغا سەمىمىي

[1] تەبەرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ھەيسەمى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان.

بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەمىر مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ». [1]

802. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: كانت بنو إسرائيل تسوسُهم الأنبياءُ، كلما هلَكَ نبٌّي خلفَه نبي، وإنَّه لا نبيَّ بعدي، وسيكون خُلفاء، فيكثرون، قالوا: «فما تأمرُنا؟»، قال: «فُوا بيعةَ الأولِ فالأول، أعطوهم حقَّهم، فإن اللَّه سائلَهم عمَّا استرعاهم». متفق عليه.

802. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «بەنى ئىسرائىلنى پەيغەمبەرلەر ئىدارە قىلاتتى. بىر پەيغەمبەر ۋاپات بولۇپ كەتسە ئورنىغا يەنە بىر پەيغەمبەر كېلەتتى. شەكسىزكى، مېنىڭدىن كېيىن پەقەت پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، (مەندىن كېيىن) خەلىپىلەر بارلىققا كېلىدۇ، ئاندىن كۆپىيىپ كېتىدۇ» دېگەنىدى. ساھابىلەر: «(شۇ چاغدا) بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بىرىنچىسىنىڭ بەيئىتىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار، (يەنى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار)، جەزمەنكى، الله تائالا ئۇلارنى مەسئۇل قىلغان نەرسە توغرىسىدا جاۋابكارلىققا تارتىدۇ» دېدى. [2]

803. وعن عائشةَ رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسول اللَّه ﷺ: «اللَّهمَّ من وليَ من أمرِ أمَّتي شيئاً فشقَّ عليهم فاشقُقْ عليه، ومَن وليَ من أمرِ أمتي شيئاً فرفَقَ بهم، فارفُقْ به». مسلم.

803. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! كىمكى ئۇممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىن؛ كىمكى ئۇممىتىمنىڭ بىرەر ئىشىغا ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇلارغا مۇلايىم بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇلايىم بولغايسەن». [3]

804. وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

**المُقْسطِين عندَ اللَّه على منابِر من نورٍ عن يمين الرحمن، وكلتا يَدَيه يمين، الذين يَعدلون في حُكمِهم، وأهلِيهم، وما وُلُّوا». مسلم.**

804. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادىللىق قىلغۇچىلار الله نىڭ دەرگاھىدا، الله نىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا قىلغان ھۆكۈملىرىدە ھەمدە ئائىلىسىدىكى ۋە باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئىشلاردا ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر». [1]

805. **وعن عياض بن حِمار رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أهلُ الجنة ثلاثةٌ: ذُو سلطانٍ مُقسِطٌ مُتصدِّقٌ مُوفَّقٌ، ورجلٌ رقيقُ القلبِ لكلِّ ذِي قُربى ومُسلم، وعَفيفٌ مُتعفِّفٌ ذُو عِيالٍ». رواه أحمد، ومسلم، صحيح الجامع:** 2637.

805. ئىياز ئىبنى ھىماد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، ئۇلار: 1. الله تەرىپىدىن ئادىللىق ئاتا قىلىنغان سېخىي پادىشاھ؛ 2. بارلىق قېرىنداشلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا رەھىمدىل ۋە مۇلايىم بولغان كىشى؛ 3. بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ۋە موھتاج تۇرۇپمۇ ئىپپەتلىك بولغان كىشى». [2]

806. **وعن معاوية بن أبي سفيان رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «يكونُ أمراءٌ فلا يُرَدُّ عليهم قولُهم يَتهافَتون في النَّار، يَتْبَعُ بَعضُهم بَعضاً». رواه أبو يعلى، السلسلة الصحيحة:** 1790.

806. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كەلگۈسىدە شۇنداق ئەمىرلەر بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى رەت قىلىنمايدۇ[3]، ئۇلارنىڭ بەزىسى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[3] ئۇلار كىشىلەرگە ناھايىتى قاتتىق زۇلۇم سالىدىغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىر كىشى ئۇلارنىڭ سۆز ياكى ھۆكمىگە قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە سۆزلىرىگە قارشى بولغان ھەرقانداق سۆزنى قوبۇل قىلمايدۇ. زامانىمىزدا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان تاغۇتلار نېمىدېگەن كۆپ ـ ھە!

بەزىسىگە ئەگىشىپ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ». [1]

807. وعن عروة: «أن حكيم بن حزام مرَّ بعمير بن سعد وهو يعذِّب الناسَ في الجزيةِ في الشمس، فقال: <يا عُمير إني سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول إنَّ اللَّه يُعذِّبُ الذين يُعذِّبون الناسَ في الدنيا. اذهَبْ فخلِّ سبيلَهم». صحيح موارد الظمآن إلى زوائد ابن حبان: 1300.

807. ئۇرۋەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ھەكىم ئىبنى ھىزام ئۇمەيىر ئىبنى سەئىدنىڭ جىزيە تاپشۇرمىغانلارنى ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ ئازابلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئۇمەيىر! مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: <دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغان كىشىلەرنى الله تائالا ئازابلايدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ئۇلارنى قويۇۋەتكىن» دېگەن. [2]

**❖ ئەمىر تاللاشتا نەسەب، قەبىلە ۋە قەۋم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، ئۇ شۇنىڭغا لايىق بولغان ئەڭ تەقۋادار، سالىھ، كۈچلۈك ۋە ئادىل كىشىلەرگە بېرىلىدۇ**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىرقانچە ئەمىرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى. الله ئۇنىڭغا: <سېنى چوقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشۋا قىلىمەن> دېدى، ئىبراھىم: <مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشۋا قىلساڭ> دېدى. الله : <مېنىڭ (پېشۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ> دېدى». [3]

808. وعن أُمِّ الحصين رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن أُمِّرَ عليكم عبدٌ مُجَدَّعٌ يقودكم بكتابِ اللَّه، فاسمعوا له وأطيعوا». مسلم.

808. ئۇممۇ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ كىتابىغا يېتەكلەيدىغان ئاجىز بىر

---

[1] ئەبۇ يەئلا توپلىغان.

[2] ئىبنى ھىببان «صحيح موارد الظمآن» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[3] سۈرە بەقەرە 124 ـ ئايەت.

قۇل ئەمىر قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار».[1]

809. **عن أبي برزة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «الأمراءُ من قُريشٍ ـ ثلاثاً ـ ما فعلوا ثلاثاً: ما حَكَموا فعَدلوا، واستُرحِموا فرحِموا، وعاهدوا فوَفَوا، فمن لم يفعلْ ذلك منهم فعليهِ لعنةُ اللّه والملائكةِ والناسِ أجمعين». أخرجه أحمد، وغيره، صحيح الترغيب:** 2189.

809. ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىكلەر ھۆكۈم قىلغاندا ئادىللىق قىلىش، رەھىم تەلەپ قىلغانلارغا رەھىم قىلىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى قىلسا، ئەمىرلەر شۇلاردىن بولىدۇ. كىمكى قۇرەيشتىن تۇرۇپ شۇ ئىشلارنى قىلالمىسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ».[2]

810. **وعن أبي موسى الأشعري رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إنَّ هذا الأمرَ في قريشٍ ما إذا استُرحِموا رَحِموا، وإذا حكَموا عَدلُوا، وإذا قَسَموا أقسَطُوا، فمن لم يفعَل ذلك منهم؛ فعليه لعنةُ اللّه والملائكةِ والناسِ أجمعين، لا يُقبَلُ منهم صَرفٌ ولا عَدْلٌ». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب:** 2190.

810. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇرەيشلىكلەر رەھىم تەلەپ قىلغانلارغا رەھىم قىلسا، ھۆكۈم ۋە تەقسىماتتا ئادىللىق قىلسا، ئەمىرلىك ئىشى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. كىمكى قۇرەيشتىن تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى قىلالمىسا ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[3]

811. **وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه، قال: «بينا نحنُ عند رسولِ اللّه ﷺ في قريب من ثمانين رجلاً من قريش، ليس فيهم إلا من قريش قال ﷺ: ‹أمّا بعد يا معشر قُريش! فإنّكم أهلُ هذا الأمرِ ما لم تعصوا اللّه، فإذا عصيتموه بعثَ إليكم من يَلْحَاكُم كما**

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان.

**يُلحى هذا القضيب>، لقضيبٍ في يده، ثم لحى قضيبَه فإذا هو أبيض يصلد». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:** 1552.

811. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز 80 گە يېقىن قۇرەيشلىك كىشى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئىچىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلىك ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر الله قا ئاسىيلىق قىلمىساڭلارلا بۇ ئەمىرلىك ئىشىغا سىلەر ئەڭ لايىق. ئەگەر الله قا ئاسىيلىق قىلساڭلار، الله سىلەرگە شۇنداق بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇكى، ئۇ بۇ شاخنىڭ قوۋزىقىنى سويغاندەك، سىلەردىن ئەمىرلىكنى تارتىپ ئالىدۇ> دەپ قولىدىكى شاخنى كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ شاخنىڭ قوۋزىقىنى سويغانىدى، شاخ ئاپئاق بولدى» .[1]

812. **وعن معاوية رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ هذا الأمرَ في قريشٍ لا يُعاديهم أحدٌ إلاَّ كبَّهُ اللَّه في النار على وجهِهِ؛ ما أقاموا الدينَ». البخاري.**

812. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قۇرەيشلەر دىنىنى بەرپا قىلغان زامانغا قەدەر بۇ ئىش (يەنى خەلىپىلىك) ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇلارغا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ. ئەگەر قارشى چىقىدىغانلار بولسا، الله ئۇلارنى دوزاخقا دۈم چۈشۈرىدۇ» .[2]

813. **وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه: «أن رسولَ اللَّه ﷺ لما بعثه إلى اليمن خرج معه يوصيه، ثم التفت رسولُ اللَّه ﷺ إلى المدينة، فقال: إنَّ أهلَ بيتي هؤلاء يرونَ أنَّهم أولى الناس بي، وليس كذلك؛ إن أوليائي منكم المتقون، من كانوا وحيثُ كانوا، اللَّهمَّ إنِّي لا أُحِلُّ لهم فسادَ ما أصلحت، وايمُ اللَّه لتُكفأنَّ أمتي عن دينها كما تُكفأنَّ الإناءُ في البطحاء». أخرجه ابن أبي عاصم في السنة، وقال الشيخ ناصر: إسناده صحيح.**

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1552 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى توپلىغان.

813. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مېنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇزاتقىلى چىققان ئىدى. ئاندىن كېيىن مەدىنە تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ: <مېنىڭ ئەھلى بەيتىم ئۆزلىرىنى ماڭا ئەڭ يېقىن دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىم ۋە قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر ئىچىڭلاردىن تەقۋادار بولغانلىرىڭلار مېنىڭ يېقىنلىرىمسىلەر. ئى الله ! مەن تۈزگەن بىرەر ئىشنىڭ ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن. مېنىڭ ئۈممىتىم خۇددى بۇتىھان دېگەن سايلىقتا قاچا ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك دىنىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ> دېدى». [1]

814. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «هلاكُ أُمَّتي على يَدَيْ غِلْمةٍ من قُريش». أخرجه أحمد والبخاري، صحيح الجامع: 7038.

814. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىم قۇرەيشتىن بولغان ئۇششاق بالىلارنىڭ قولىدا ھالاك بولىدۇ». [2]

### ❖ مىسكىن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىگە ئىشىكنى تاقىۋالغان پادىشاھ ھەققىدە

815. عن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: «كان ﷺ لا يُدفَعُ عنه الناسُ، ولا يُضرَبوا عنه». أخرجه الطبراني، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2107.

815. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ دىن كىشىلەر قايتۇرۇلمايتتى[3] ۋە توختىتىپ قويۇلمايتتى». [4]

---

[1] ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابتا توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[3] ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ھاجەتمەنلەرنى توسىدىغان ياكى ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىدىغان ئىشىك باقار بولمىغانىدى.

[4] تەبەرانى توپلىغان.

816. وعن عمرو بن مُرَّة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما مِن إمامٍ أو والٍ يُغلِق بابَه دونَ ذَوي الحاجَةِ والخَلَّةِ والمسْكَنَة، إلا أغلقَ اللَّه أبوابَ السماءِ دونَ خَلَّتهِ، وحاجَتِه، ومَسكنته». رواه أحمد، والترمذي، والحاكم، صحيح الجامع: 5685.

816. ئەمىر ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھاجەتمەن، يوقسۇل ۋە بىچارىلەرگە دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان ئەمىرگە ﷲ مۇ ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۇ ناھايىتى يوقسۇل، ھاجەتمەن ۋە بىچارە چاغدا تاقىۋالىدۇ».[1]

817. وعن أبي مريم الأزدي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن ولِيَ من أمورِ المسلمين شيئاً، فاحتجَبَ دونَ خَلَّتِهم، وحاجتِهم، وفقرِهم، وفاقتِهم، احتجَبَ اللَّه عنه يومَ القيامةِ دونَ خَلَّتِه، وحاجَتِه، وفاقَتِه، وفَقرِه». رواه أبو داود، وابن ماجه، والحاكم، صحيح الجامع: 6595.

817. ئەبۇ مەريەم ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ موھتاجلىرى، ھاجەتمەنلىرى، يوقسۇللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ﷲ مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ موھتاجلىقى، ھاجىتى، يوقسۇللۇقى ۋە پېقىرلىقىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ».[2]

818، وعن معاذ بن جبل قال: قال رسولُ الله ﷺ: «من ولِيَ من أمرِ النَّاسِ شيئاً فاحتجبَ عن أُولِي الضَّعفِ والحاجةِ، احتجبَ اللهُ عنه يومَ القيامةِ». أخرجه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 2209.

818. «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ موھتاجلىرى، ھاجەتمەنلىرى، يوقسۇللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ﷲ مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ».[3]

819. وعن عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، أنه كان إذا بعَثَ عُمَّالَه شرطَ عليهم: «أن

---

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان.

**لا تركبوا بِرْذَوناً ولا تأكلُوا نقيَّاً، ولا تلبسوا رقيقاً،ولا تُغلقوا أبوابَكم دونَ حوائجِ الناسِ، فإن فعلتُم شيئاً من ذلك؛ فقد حلَّت بكم العقوبَة، ثم يُشيِّعُهم». رواه البيهقي في شعب الإيمان، المشكاة:** 3730.

819. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (شەھەرلەرگە) ۋالىيلارنى ئەۋەتكەندە ئۇلارغا تۆۋەندىكى شەرتلەرنى قويۇپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قوياتتى: <ئېسىل ئاتقا مىنمەڭلار، تاسقالغان ئۇن يېمەڭلار، نېپىز (يەنى ئېسىل) كىيىم كىيمەڭلار ۋە كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىگە ئىشىكلىرىڭلارنى تاقىۋالماڭلار! ئەگەر شۇ ئىشلاردىن بىرەرسىنى قىلساڭلار، سىلەرگە جازا يۈرگۈزۈلىدۇ>».[1]

### ❖ ئەمىرنىڭ يۇقرالىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىشى دۇرۇس ئەمەس

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ**﴾ «(مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر»[2].

820. **عن معاوية رضي الله عنه، قال: سمعتُ رسولَ الله ﷺ يقول: «إنَّكَ إن اتَّبَعتَ عوراتِ الناسِ أفسدتَهم أو كِدتَ أن تُفسِدَهُم»، قال أبو الدرداء: «كلمةٌ سمعَها معاويةُ من رسولِ الله ﷺ نفعَه الله تعالى بها». صحيح سنن أبي داود:** 4088.

820. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سەن كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىساڭ، ئارىنى بۇزۇپ قويىسەن». ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ﷺ دىن ئاڭلىغان بۇ سۆزنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بەردى».[3]

---

[1] بەيھەقى توپلىغان.

[2] سۈرە ھۇجۇرات 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

821. وعن جبير بن نفير، وكثير بن مرة، وعمرو بن الأسود، والمقداد بن معد يكرب، وأبي أُمامة، عن النبي ﷺ قال: «إن الأميرَ إذا ابتغى الرِّيبَةَ في الناسِ أفسدَهم». صحيح سنن أبي داود: .4089

821. جۇبەيىر ئىبنى نەفىر، كەسىر ئىبنى مۇررە، ئەمرى ئىبنى ئەسۋەد، مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىب ۋە ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئەگەر ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرگە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ».[1]

822. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا تحسَّسُوا، ولا تجَسَّسوا، ولا تَدابَروا، ولا تَبَاغَضُوا، وكونوا عبادَ اللَّه إخواناً». البخاري.

822. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر-بىرىڭلارنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى تەكشۈرمەڭلار، ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، بەلكى الله نىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار».[2]

823. وعن المستورد بن شدَّاد رضي اللَّه عنه ،أن النبي ﷺ قال: «من أكلَ برجلٍ مُسلمٍ أكلَةً فإن اللَّه يُطعِمُه مثلَها من جهنَّم، ومن كُسِيَ ثوباً برجلٍ مُسلمٍ فإن اللَّه يكسُوه مثلَهُ من جهنَّم، ومن قامَ برجلٍ مقامَ سمعةٍ ورياءٍ فإنَّ اللَّه يقومُ به مقامَ سمعةٍ ورياءٍ يَومَ القيامة». صحيح سنن أبي داود: 4084.

823. مۇستەۋرىد ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بەدىلىگە بىر لوقما تائام يېسە، الله تائالا جەھەننەمدىن شۇ لوقمىنىڭ ئوخشىشىنى ئۇ كىشىگە تائام قىلىپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بەدىلىگە كىيىم كىيسە، الله تائالا جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ئۇ كىشىگە شۇ كىيىمنىڭ ئوخشىشىنى كىيدۈرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بەدىلىگە نام-ئاتاقتا ئېرىشسە،

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى رىياخورلار قاتارىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ».[1]

824. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن استمعَ إلى حديثِ قومٍ وهم يفرُّون منه، صُبَّ في أُذُنَيهِ الآنِك». صحيح الأدب المفرد: 883.

824. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر جامائەتنىڭ پاراڭلىرىنى ئۇلار خالىمىغان ياكى ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرغان ھالەتتە مەخپىي تىڭشىسا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ».[2]

825. وعن أبي برزةَ الأسلمي رضي اللَّه عنه، أن النبي ﷺ قال: «يا معشَرَ من آمنَ بلسانِه ولم يدخُلِ الإيمانُ قلبَه، لا تَغتابُوا المسلمين، ولا تَتَّبِعُوا عوراتِهم؛ فإنَّه من اتَّبعَ عوراتِهم يَتَّبِعُ اللَّه عورتَه، ومن يتَّبِعُ اللَّه عورتَه يَفضَحْهُ في بيتِه». صحيح سنن أبي داود: 4083.

825. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى تىلىدا مۇسۇلمان بولغان، بىراق دىلىغا ئىمان كىرمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلىماڭلار. قانداق بىر كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، الله ئۇنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ؛ الله بىر كىشىنىڭ ئەيىبىنى كوچىلىسا، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە بولسىمۇ رەسۋا قىلىۋېتىدۇ».[3]

### ❖ ئازغۇن ئەمىرنىڭ ئۈممەتكە بولغان خەتىرى

826. عن عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أخوف ما أخافُ على أمتي الأئمَّةُ المُضلُّون». أخرجه أبو نعيم في الحلية، وأحمد، وغيرهما، السلسلة الصحيحة: 1582.

826. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن ئەڭ بەك ئەنسىرەيدىغىنىم ئازغۇن

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 883 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەھبەرلەردۇر». ①

827. وعن أبي ذرٍّ رضي اللّه عنه، قال: «كنت مُخاصراً للنبي ﷺ يوماً إلى منزلِه، فسمعته يقول: غيرُ الدجَّالِ أخوفُ على أمتي من الدجَّال؛ الأئمة المُضلون». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1989.

827. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆيىگىچە بىرگە بارغانىدىم، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ: <ئۈممىتىمگە دەججالدىنمۇ قورقۇنچلۇق بولغىنى ئازدۇرغۇچى رەھبەرلەردۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». ②

**❖ ئەمىرلىك مەنسىپىگە ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ جاپالىق ۋە ئېغىر ئىكەنلىكى، مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغانلارنىڭ قىيامەتتە خارلىق ۋە نادامەتكە قالىدىغانلىقى، ئەمما ئەمىرلىك ھەققىنى ئادا قىلغانلارنىڭ ئۇنداق بولمايدىغانلىقى ھەققىدە**

828. عن أبي ذَر رضي اللّه عنه، قال: قلت: «يا رسولَ اللّه! ألا تَستعمِلُني؟»، قال: فضربَ بيده على منكبي، ثم قال: «يا أبا ذر إنَّك ضعيفٌ، وإنها أمانَةٌ، وإنها يومَ القيامةِ خِزيٌ وندَامَةٌ، إلا مَن أخذَها بحقِّها، وأدَّى الذي عليه فيها». وفي رواية، قال له: «يا أبا ذَر إني أراكَ ضَعيفاً، وإني أُحبُّ لكَ ما أحبُّ لنفسي، لا تأمَّرَنَّ على اثنين، ولا توَلَّيَنَّ مالَ يتيم». رواه مسلم.

828. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى بىرەر ئەمەلگە تەيىنلەپ ئىشلەتمەمسەن؟» دېگەنىدىم، ئۇ مۇبارەك قولى بىلەن مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ زەر! سەن ئاجىزسەن، ئەمەلدارلىق ئامانەتتۇر. ئەمەلدارلىق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، تولۇق ئادا قىلالايدىغان ئادەمدىن باشقىلارغا قىيامەت كۈنى خارلىق ۋە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ زەر! مەن سېنى راستىنلا

① ئەھمەد ۋە ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1582 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن. مەن ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى سېنىڭمۇ ياخشى كۆرىمەن. سەن ھەرگىزمۇ ئىككى ئادەمگە ئەمىر بولۇپ قالما ۋە يېتىمنىڭ مېلىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستۈڭگە ئالما» دېگەن.①

829. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ليتمنينَّ أقوامٌ ولُّوا هذا الأمر، أنهم خرُّوا من الثريَّا، وأنَّهم لم يَلُوا شيئاً». رواه أحمد، صحيح الجامع: 5360.

829. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەمىرلىك ئىشىغا ئىگە بولغانلار <كاشكى، ئۆكەر يۇلتۇزىدىن تاشلىنىۋېتىلگەن بولساقمۇ، ھېچبىر ئىشقا مەسئۇل بولمىساقچۇ!> دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدۇ».②

830. وعنه، أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «ويلٌ للأمراء! ليتمنينَّ أقوامٌ أنَّهم كانوا مُعلَّقين بذوائبِهم بالثريَّا، وأنهم لم يكونوا وَلُوا شيئاً قط». صحيح موارد الظمآن: 1295.

830. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋاي ئىسىت ئەمىرلەرگە! ئۇلار: <كاشكى، ئۆزۈم چاچلىرىمىزدىن ئۆكەر يۇلتۇزىغا ئېسىپ قويۇلغان بولساقمۇ، ھېچبىر ئىشقا ئىگە بولمىغان (يەنى ئەمىر بولمىغان) بولساقچۇ> دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر».③

831. وعنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «ويلٌ للأمراء، ويلٌ للعُرَفاء، ويلٌ للأُمناء؛ ليتمنَّيَنَّ أقوامٌ يومَ القيامة أنَّ ذوائبَهم معلقةٌ بالثُّريَّا يُدَلْدَلُون بين السماء والأرض، وأنهم لم يَلوا عملاً». أخرجه ابن حبان، والحاكم.

831. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋاي ئىسىت ئەمىرلەرگە! ۋاي ئىسىت ئاقساقاللارغا! ۋاي ئىسىت ئامانەتدارلارغا! ئۇلار قىيامەت كۈنى: <ئۆزۈم چاچلىرىدىن ئۆكەر يۇلتۇزىغا ئېسىپ قويۇلۇپ، ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدا ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان.

③ «صحيح موارد الظمآن» 1295 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بولغان بولساقمۇ ھېچبىر ئەمەلگە مەسئۇل قىلىنمىساق بوپتىكەن> دەپ ئارزۇ قىلىشىپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر». [1]

832. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما مِن أميرِ عشرةٍ، إلا وهو يُؤتَى به يوم القيامةِ مَغلولاً، حتَّى يَفُكَّه العدلُ، أو يوبقَهُ الجورُ». رواه البيهقي في السنن، صحيح الجامع: 5695.

832. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «10 كىشىگە ئەمىر بولغان كىشىمۇ قىيامەت كۈنى قولى باغلانغان ھالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئادىللىقى ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىدۇ ياكى زۇلۇمى ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ». [2]

833. وعن عوف بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن شئتم أنبأتُكُم عن الإمارة؛ أولُها ملامَةٌ، وثانيها ندامَةٌ، وثالِثُها عذابٌ يومَ القيامةِ؛ إلا مَن عدَل». رواه الطبراني في الكبير، صحيح الجامع: 1420.

833. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خالىساڭلار سىلەرگە ئەمىرلىك توغرىسىدا خەۋەر بېرەي. ئەمىرلىكنىڭ بىرىنچىسى مالامەت، ئىككىنچىسى نادامەت ۋە ئۈچىنچىسى قىيامەت كۈنى ئازابقا قېلىشتۇر، لېكىن ئادىللىق قىلغان كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا». [3]

834. وعن أبي موسى رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنا واللَّه لا نُولِّي على هذا العملِ أحداً سألَه، ولا أحداً حَرِصَ عليه». مسلم.

834. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، بىز بۇ ئەمىرلىككە ئۇنى سورىغان، ئۇنىڭغا قىزىققان كىشىنى تەيىنلىمەيمىز». [4]

835. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّكُم ستَحرصون على الإمارةِ،

---

[1] ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان.

[2] بەيھەقى «السنن» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[3] تەبەرانى «الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

وإنها ستكونُ ندامةً وحسرةً يومَ القيامةِ». البخاري.

835. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كەلگۈسىدە سىلەر ئەمەلدارلىققا قىزىقىسىلەر، بۇ سىلەر ئۈچۈن قىيامەت كۈنى پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ».[1]

836. وعن عبد الرحمن بن سمرة رضي اللَّه عنه، قال: قال لي رسولُ اللَّه ﷺ: «يا عبد الرحمن لا تسأل الإمارةَ، فإنَّكَ إن أُعطِيتَها عن مَسألَةٍ وُكِّلتَ إليها، وإن أُعطِيتَها عن غيرِ مَسألَةٍ أُعِنتَ عليها». مسلم

836. ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئابدۇراھمان! سەن ئەمىرلىكنى سورىمىغىن، ئەگەر سەن ئەمىرلىكنى سوراپ ئېرىشسەڭ، (الله تەرىپىدىن) ياردەمسىز قالىسەن؛ ئەگەر سەن ئۇنى سورىماستىن ئېرىشسەڭ، ئۇنى تولۇق ئادا قىلىش يولىدا (الله تەرىپىدىن) ياردەمگە ئېرىشىسەن»».[2]

837. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسُولُ اللَّه ﷺ: «تجدونَ مِن خيرِ النَّاسِ أشدَّهُم كراهيةً لهذا الأمرِ حتى يقعَ فيه». متفق عليه.

837. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەمىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشقا كىرىپ قېلىشنى ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئەمىرلىك ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشى ئادا قىلالايدىغانلار ئىكەنلىكىنى بايقايسىلەر».[3]

838. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أولُ هذا الأمرِ نبوةٌ ورحمةٌ، ثم يكونُ خلافةً ورحمةً، ثم يكونُ مُلكاً ورحمةً، ثم يَتكادَمونَ عليه تكادُمَ الحُمُرِ، فعليكم بالجهادِ، وإنَّ أفضلَ جهادِكم الرباطُ، وإنَّ أفضلَ رباطِكُم عَسْقلانُ». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3270.

838. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىشنىڭ باشلىنىشى پەيغەمبەرلىك ۋە رەھمەتتۇر. ئاندىن كېيىن خەلىپىلىك ۋە رەھمەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن پادىشاھلىق ۋە رەھمەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىنسانلار ھوقۇقىقا ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرلىرىنى خۇددى ئېشەكلەر بىر-بىرىنى چىشلىگەندەك چىشلەيدۇ. شۇ ۋاقىتتا سىلەر جىھادنى مەھكەم تۇتۇڭلار. ئەڭ ئەۋزەل جىھاد چېگرا رايونلارنى قوغداپ رىباتتا تۇرۇشتۇر، رىباتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئەسقىلاندىكى رىباتتۇر[1]». [2]

839. وعن مالك بن الحارث، عن رجلٍ قال: «استعمل النبيُّ ﷺ رجلاً على سريَّة، فلما مضى ورجع إليه قال له: <كيف وجدت الإمارة؟>، فقال: <كنت كبعض القوم؛ كنتُ إذا ركبتُ ركَبوا، وإذا نزلتُ نزَلوا>. فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <إنَّ صاحِبَ السلطانِ على باب عنَتٍ، إلا من عَصمَ اللَّه>. فقال الرجلُ: <واللَّه لا أعملُ لك ولا لغيرِكَ أبداً، فضحِكَ النبيُّ ﷺ حتى بدَت نواجِذُه>». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3239.

839. مالىك ئىبنى ھارىس بىر كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىنى بىر قوشۇنغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: <ئەمىرلىك قانداق بولىدىكەن؟> دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى: <ئىلگىرى قەۋمىمدىكى كىشىلەردىن پەرقسىز ئىدىم. ھازىر مەن ئۇلاغقا مىنسەم ئۇلارمۇ مىندى، چۈشسەم ئۇلارمۇ چۈشتى> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: <ھوقۇق تۇتقان كىشى خەتەر ئۈستىدە بولىدۇ، الله تائالا ساقلاپ قالغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا> دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى: <الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلە ئۈچۈن ۋە سىلىدىن باشقا كىشى ئۈچۈنمۇ ھەرگىز ئەمەل تۇتمايمەن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى». [3]

---

[1] ئەسقىلان پەلەستىندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ يەرنى يەھۇدىيلار بېسىۋالغان. — تەرجىماندىن

[2] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3270- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3239- نومۇرلۇق ھەدىس.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 13 ـ باب

## ئالىمنىڭ ھەقلىرى ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى

**❖ ئىلىم ئېلىشنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش، ئىلىم ئالغۇچىغا قىلىنىدىغان ھۆرمەت ۋە بېرىلىدىغان ئەجىر ـ مۇكاپات ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ**﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ الله تىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ**﴾ «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**840. عن أنس رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «طلبُ العلمِ فريضةٌ على كل مسلمٍ. رواه ابن ماجه وغيره».**

840. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئېلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر».[3]

**841. وعن صفوان بن عَسَّال المرادي رضي اللّه عنه، قال: «أتيتُ النبيَّ ﷺ وهو في**

---

[1] سۇرە تەۋبە 122 ـ ئايەت.

[2] سۇرە ئال ئىمران 104 ـ ئايەت.

[3] ئىبنى ماجە توپلىغان.

**المسجد متَّكئٌ على بُردَة له أحمر، فقلت له: <يا رسولَ اللَّه! إني جئتُ أطلبُ العلمَ>، فقال: <مَرحباً بطالبِ العِلم، إنَّ طالبَ العِلم تحفُّهُ الملائكةُ وتظلُّه بأجنحتها، ثم يَركَبُ بعضُهم بعضاً حتى يبلغوا السماءَ الدنيا من محبتِّهم لما يطلب>».** رواه أحمد، والطبراني، وابن حبان.

841. سەفۋان ئىبنى ئەسسال مۇرادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم، ئۇ مەسجىدتە ئۆزىنىڭ قىزىل تونىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلىدىن ئىلىم ئۆگىنەي دەپ كەلدىم> دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <خۇش مۇبارەك بولسۇن، چۈنكى پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنى قورشاپ، قاناتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ بۇ ئىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن بىر-بىرىگە مىنىشىپ، ھەتتا دۇنيا ئاسمىنىغىچە تۇتىشىدۇ> دېدى».[1]

**842. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من سلَك طريقاً يَلتمِسُ فيه علماً، سهَّلَ اللَّه له طريقاً إلى الجنة، وإنَّ الملائكةَ لتضعُ أجنحتها لطالبِ العِلم رِضاً بما يصنع».** رواه أبو داود، والترمذي، وابن حبان.

842. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى ئىلىم ئىزلەش يولىدا ماڭسا، الله ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ. پەرىشتىلەر ئىلىم ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ قاناتلىرىنى يېيىپ بېرىدۇ».[2]

**843. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: «منهومان لا يشبعان: صاحِبُ العِلم، وصاحِبُ الدنيا، ولا يستويان؛ أما صاحبُ العلم فيزداد رضى للرحمن، وأما صاحب الدنيا فيتمادى في الطغيان. ثم قرأ: ﴿كَلَّا إِنَّ الْإِنْسَانَ لَيَطْغَى۞ أَنْ رَآهُ اسْتَغْنَى۞﴾ العلق:7. وقال للآخَر: ﴿إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ﴾».** رواه الدارمي بسندٍ صحيح.

843. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەڭگۈ

---

[1] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[2] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

تويمايدىغان مۇنداق ئىككى ئاچ بار: بىرى، ئىلىملىك؛ يەنە بىرى، پۇلدار كىشى بولۇپ، بۇ ئىككىسى ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ. ئىلىملىك كىشى رەھمان تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ، ئەمما پۇلدار كىشى ئىزچىل ھەددىدىن ئاشىدۇ». ئاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد: «شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي ساناپ (الله قا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ»[1] ۋە «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ»[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.[3]

844. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «من يُرِد اللّٰه به خيراً، يُفقِّهُهُ في الدين». متفق عليه.

844. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله كىمگە ياخشىلىقنىڭ بولۇشىنى خالىسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ».[4]

845. وعن حذيفة بن اليمان رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «فضلُ العلمِ خيرٌ مِن فضلِ العبادة، وخيرُ دينكم الورَعُ». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 68.

845. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنىڭ زىيادە بولۇشى ئىبادەتنىڭ كۆپ بولۇشىدىن ياخشى، دىنىڭىزدىكى ئەڭ ياخشى ئەمەل تەقۋالىقتۇر».[5]

846. وعن أنس رضي اللّٰه عنه، قال: قالَ رسولُ اللّٰه ﷺ: «من خَرجَ في طلبِ العلم فهو في سبيلِ اللّٰه حتى يرجع».

846. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى (ئۆيىدىن) ئىلىم ئۆگىنىش مەقسىتىدە چىقىدىكەن، ئۇنداق ئادەم تاكى ئۆيىگە قايتىپ بارغانغا قەدەر الله نىڭ يولىدا بولغان

[1] سۈرە ئەلەق 6 ـ ۋە 7 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] دارىمى توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[5] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 68 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بولىدۇ». ①

847. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «الدنيا ملعونةٌ ملعونٌ ما فيها؛ إلا ذكرَ اللّه وما والاه، وعالماً ومتعلماً». رواه الترمذي، وابن ماجه، والبيهقي.

847. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «دۇنيا لەنەت قىلىنغان، ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگىمۇ لەنەت قىلىنغاندۇر. پەقەتلا الله نى زىكىر قىلىش ۋە الله ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر، ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچى قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا». ②

**❖ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگىتىدىغان ئالىمنىڭ پەزىلىتى ۋە الله تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت ۋە ئەجىر ـ مۇكاپات ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ**﴾ «الله قا (يەنى الله نىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە <مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن> دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟» ③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ**﴾ «الله نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە الله تىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ» ④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**شَهِدَ اللَّهُ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ وَالْمَلَائِكَةُ وَأُولُو الْعِلْمِ قَائِمًا بِالْقِسْطِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ**﴾ «الله ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» ⑤.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا**

---

① تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 88 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى توپلىغان.

③ سۈرە فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت.

④ سۈرە فاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

⑤ سۈرە ئال ئىمران 18 ـ ئايەت.

يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «ئېيتقىنكى، <بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ>»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾ «الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەردار»[2].

848. عن معاذ رضي الله عنه، قال: قال رسول الله ﷺ: «فضلُ العالِم على العابِد، كفضلِ القمرِ ليلةَ البدرِ على سائرِ الكواكبِ». صحيح الجامع: 4212.

848. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خۇددى تولۇن ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشاشلا، ئالىم كىشى ئابىدتىن ئارتۇقتۇر».[3]

849. وعن أبي الدرداء رضي الله عنه، قال: سمعتُ رسولَ الله ﷺ يقول: إن العالِمَ ليستغفرُ له مَن في السماواتِ ومَن في الأرض، حتى الحِيتان في الماءِ، وفضلُ العالمِ على العابد كفضلِ القمرِ على سائرِ الكواكب، وإنَّ العلماءَ ورثةُ الأنبياءِ، إنَّ الأنبياءَ لم يُورِّثوا ديناراً ولا دِرهماً، إنما ورَّثوا العِلْمَ، فمَن أخذَهُ أخذَ بحظٍّ وافرٍ. رواه أبو داود، والترمذي، وابن ماجه،

849. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەر (يەنى پەرىشتىلەر، ئىنسانلار ۋە جىنلار)دىن تارتىپ سۇدىكى بېلىقلارغىچە ھەممە جانلىق ئالىم ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيدۇ. خۇددى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلاردىن ئارتۇق بولغىنىغا ئوخشاش، ئالىم كىشى ئابىدتىن ئارتۇق بولىدۇ. ئالىملار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر ئالتۇن-كۈمۈش مىراس قالدۇرغىنى يوق، ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرۇپ كەتتى. كىمكى ئىلىم ئۆگەنسە

[1] سۈرە زۇمەر 9- ئايەت.

[2] سۈرە مۇجادەلە 11- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] «صحيح الجامع» 4212- نومۇرلۇق ھەدىس.

تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ». [1]

**850. وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مُعَلِّمُ الخيرِ يَسْتَغْفِرُ له كُلُّ شيءٍ حتى الحيتانُ في البحارِ. أخرجه الطبراني في الأوسط». السلسلة الصحيحة: 3024.**

850. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىق ئۆگەتكەن كىشىگە ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە ھەممە نەرسە مەغپىرەت تىلەيدۇ». [2]

**851. وعن أبي أمامة الباهلي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «فضلُ العالمِ على العابد، كفضلي على أدناكُم. إنَّ اللَّه وملائكتَهُ وأهلَ السماوات والأرض حتى النَّملَة في جُحرها، وحتى الحوتَ، ليصلون على معلِّمي الناسِ الخيرَ». رواه الترمذي، وقال: حديث حسن صحيح.**

851. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئالىمنىڭ ئابىدتىن ئارتۇقچىلىقى مېنىڭ سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىڭلاردىن ئارتۇق بولغىنىمغا ئوخشاش. كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكۈچىگە الله رەھمەت يوللايدۇ، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەردىن تارتىپ ئاسمان ـ زېمىندىكى مەخلۇقاتلار، ھەتتا ئۆۋىلاردىكى چۈمۈلىلەر ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە ھەممىسى مەغپىرەت تىلەيدۇ». [3]

**852. وعن عثمان بن عفَّان رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أفضلُكم مَن تعلَّمَ القرآنَ وعلَّمَهُ». البخاري.**

852. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكىڭلار قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر». [4]

**853. وعن مصعب بن سعد رضي اللَّه عنه، عن أبيه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «خيارُكم**

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] «السلسلة الصحيحة» 3024 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى توپلىغان.

مَن تعلَّمَ القرآنَ وعَلَّمَه». صحيح سنن ابن ماجه: 170

853. مۇسئەب ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۇنى باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىلەردۇر».[1]

**❖ ئالىم كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشىلىقى الله تائالا ئۇنىڭ ئىلمىنى مەنپەئەتلىك قىلغان مىقداردا داۋاملىشىدۇ**

854. وعن أبي أمامة الباهلي رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «مَن غدا إلى المسجدِ لا يريدُ إلا أن يتعلم خيراً أو يُعلِّمَه، كان له كأجرِ حاجٍّ تامَّاً حَجَّتُه». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 82.

854. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مەسجىدكە پەقەت ئىلىم ئۆگىنىش ياكى ئۆگىتىش مەقسىتىدىلا بارىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەجنى تولۇق ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ».[2]

855. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ أنه قال: «أيُّما داعٍ دعَا إلى ضلالةٍ فاتُّبِعَ، فإن له مثلَ أوزارِ من اتَّبعَه ولا ينقصُ مَن أوزارهم شيئاً، وأيُّما داعٍ دعا إلى الهُدى فاتُّبِعَ فإنَّ له مثلَ أجورِ مَن اتَّبعَه ولا ينقصُ من أجورِهم شيئاً». صحيح سنن ابن ماجه: 176.

855. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئازغۇنلۇققا چاقىرغۇچىغا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ؛ ھىدايەتكە چاقىرغۇچىغا ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەجرلىرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ».[3]

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] تەبەرانى توپلىغان.

[3] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

856. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ مِن الناسِ مفاتيحُ للخير مغاليقُ للشرِّ. وإنَّ من الناس مفاتيحُ للشرِّ مغاليقُ للخير، فطوبى لمن جعلَ اللَّه مفاتيحَ الخيرِ على يَدَيه، وويلٌ لمن جعلَ اللَّه مفاتيحَ الشرِّ على يدَيه. صحيح سنن ابن ماجه: 194.

856. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن ياخشىلىقنىڭ بەرپا بولۇشىغا ۋە يامانلىقنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان كىشىلەر بار؛ كىشىلەردىن يامانلىقنىڭ بەرپا بولۇشىغا ۋە ياخشىلىقنىڭ يوق بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان كىشىلەر بار. الله تائالا ئىككى قولىنى ياخشىلىققا سەۋەب قىلغانلارغا خۇش مۇبارەك بولسۇن؛ الله تائالا ئىككى قولىنى يامانلىققا سەۋەب قىلغانلارغا ھالاكەت بولسۇن».[1]

857. وعن كثير بن عبد اللَّه بن عمرو بن عوف المزنيُّ، حدثني أبي، عن جدي، أن رسولَ اللَّه قال: «من أحيا سُنَّةً من سُنَّتي فَعَمِلَ بها الناسُ، كان له مثلَ أجرِ مَن عملَ بها لا ينقصُ من أجورهم شيئاً، ومَن ابتدَع بدعةً فعُمِل بها، كان عليه أوزارَ من عَمِلَ بها لا يَنقصُ من أوزارِ من عملَ بها شيئاً». صحيح سنن ابن ماجه: 173.

857. كەسىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئەۋف مۇزەنى دادىسى ۋە بوۋىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن بىرىنى تىرىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا باشقىلار ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ؛ كىمكى بىدئەت پەيدا قىلىپ ئۇنىڭغا باشقىلار ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ بىدئەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىدەك گۇناھ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ».[2]

858. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ ممَّا يَلحقُ المؤمنَ مِن عملِه وحسناتِه بعد موتِه، علماً علَّمَه ونشرَه». رواه ابن ماجه، وغيره، صيح الترغيب: 74.

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

858. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ ئۆگەتكەن ۋە تارقاتقان ئىلمى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىگە قوشۇلىدۇ».①

859. وعنه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا ماتَ ابنُ آدم انقطعَ عملُه إلا من ثلاثٍ: صدقةٍ جاريةٍ، أو علمٍ يُنتفَعُ به، أو ولدٍ صالحٍ يدعو له». مسلم.

859. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا، مۇنداق ئۈچ خىل ئەمەلدىن باشقا ئەمەلىنىڭ ئەجرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قويۇش».②

860. وعن سهل بن معاذ بن أنس، عن أبيه، أن النبي ﷺ قال: «مَن عَلَّمَ علماً فله أجرُ مَن عمِلَ به، لا ينقصُ من أجرِ العاملِ شيءٌ». صحيح سنن ابن ماجه: 196.

860. سەھل ئىبنى مۇئاز ئىبنى ئەنەس ئاتىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرسىگە ئىلىم ئۆگەتسە، ئۆگەتكۈچىگە ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. بۇ، ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچبىرىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ».③

861. وعن أبي قتادة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «خير ما يُخلِّفُ الرجلُ من بعده ثلاثٌ: ولدٌ صالحٌ يدعو له، وصدقةٌ تجري يبلغُه أجرُها، وعِلمٌ يُعمَلُ به من بعده». رواه ابن ماجه، صحيح الترغيب: 79.

861. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىن كېيىن قالدۇرىدىغان نەرسىسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت،

① ئىبنى ماجە توپلىغان، «صيح الترغيب» 74 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ساۋابى ئۇزۇلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە ۋە مەنپەئەتلىك ئىلىم».[1]

862. وعن جرير بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: **«مَن سنَّ في الإسلام سنَّةً حسَنةً فعُمِلَ بها بعدَه، كُتبَ له مثلُ أجرِ من عملَ بها ولا ينقصُ من أجورِهم شيءٌ، ومَن سنَّ في الإسلامِ سنةً سيئةً، فعُمِلَ بها بعدَه، كُتِبَ عليه مثلُ وزرِ مَن عملَ بها، ولا ينقصُ مِن أوزارِهم شيءٌ»**. مسلم

862. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىسلامدا بىرەر ياخشى ئىشنى يولغا قويسا[2]، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسۇن، ئۇ كىشىگە ئەمەل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ؛ كىمكى ئىسلامدا بىرەر يامان ئىشنى باشلاپ بەرسە، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ ئىشنى قانچىلىك ئادەم قىلسۇن، ئۇ كىشىگە شۇ يامان ئىشنى قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ يېزىلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ».[3]

## ❖ ئىلىمگە ئەمەل قىلغۇچى ئالىملار ئېنىقسىز مەسىلىلەردە، بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەندە ۋە دىن ئىشلىرىدا مۇراجىئەت قىلىنىدىغان مەنبەدۇر

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَاسْأَلُوا أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ**﴾ «(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا جَاءَهُمْ أَمْرٌ مِنَ الْأَمْنِ أَوِ الْخَوْفِ أَذَاعُوا بِهِ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى الرَّسُولِ وَإِلَى أُولِي الْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ الَّذِينَ يَسْتَنْبِطُونَهُ مِنْهُمْ**﴾ «(مۇئمىنلەرگە ئائىت)

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، «صحيح الترغيب» 79 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] كىمكى سەدىقىگە ئوخشاش بىرەر ياخشىلىقنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولۇپ، ئاندىن باشقىلارمۇ ئۇ ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچبىرى كېمەيتىلمەيدۇ.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] سۈرە نەھل 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئامانلىقىنىڭ ياكى قورقۇنچىنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ الْمُؤْمِنُونَ لِيَنْفِرُوا كَافَّةً فَلَوْلَا نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِنْهُمْ طَائِفَةٌ لِيَتَفَقَّهُوا فِي الدِّينِ وَلِيُنْذِرُوا قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوا إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللهتىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي أَنْزَلَ عَلَيْكَ الْكِتَابَ مِنْهُ آيَاتٌ مُحْكَمَاتٌ هُنَّ أُمُّ الْكِتَابِ وَأُخَرُ مُتَشَابِهَاتٌ فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُ إِلَّا اللَّهُ وَالرَّاسِخُونَ فِي الْعِلْمِ يَقُولُونَ آمَنَّا بِهِ كُلٌّ مِنْ عِنْدِ رَبِّنَا وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّا أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇ (الله) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقىي) مەنىسىنى پەقەت الله بىلىدۇ. ئىلىمدە توشقانلار ئېيتىدۇ: <ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز

[1] سۈرە نىسا 83- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەۋبە 122- ئايەت.

تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ>»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَأُولِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[2].

**863. عن جابر رضي اللَّه عنه، قال: «خرجنا في سفرٍ، فأصابَ رجلاً منَّا حجرٌ فشجَّه في رأسِه، ثم احتلمَ، فسألَ أصحابَه، فقال: <هل تجدون لي رخصةً في التيمُّم؟>، فقالوا: <ما نجد لك رخصةً وأنتَ تقدرُ على الماء>. فماتَ! فلما قدِمنا على النبيِّ ﷺ أُخبرَ بذلك، فقال: <قتَلوهُ قتَلَهمُ اللَّه، ألا سألوا إذْ لم يعلَموا، فإنما شِفَاءُ العيِّ السؤال، إنما كان يكفيه أن يتيمَّم>». صحيح سنن أبي داود:** 325.

863. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز سەپەرگە چىققان ئىدۇق، ئارىمىزدىكى بىر كىشىگە تاش تېگىپ بېشى يېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئېھتىلام بولۇپ قېلىپ ھەمراھلىرىدىن: <ماڭا تەيەممۇم قىلىشقا رۇخسەت بارمۇ ـ يوق؟> دەپ سورىغاندا، ھەمراھلىرى: <ساڭا رۇخسەت يوق، چۈنكى سەن سۇ ئىشلىتەلەيدىغان تۇرساڭ> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى (يۇيۇنغان سەۋەبلىك) ۋاپات بولۇپ كەتتى. بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ: <الله ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن، ئۇلار ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىلمىگىنىنى سورىمايدۇ؟ چۈنكى بىلمەسلىكنىڭ داۋاسى سوراشتۇر، ئۇنىڭغا پەقەت تەيەممۇم قىلىشلا كۇپايە قىلاتتى> دېدى»[3].

**864. وعن ابن عباس مرفوعاً: «البَركَةُ مع أكابِركُم». أخرجه ابن حبان وغيره، السلسلة الصحيحة:** 1778.

864. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 7 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ چوڭلار بىلەن بىرگە بولۇشۇڭلاردا بەرىكەت بار».[1] ﷺ

**❖ اللهنىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنيالىق مەنپەئەت، مۇنازىرىلىشىش، ماختىنىش، ئالىم دېيىلىش ۋە بىرەر دۇنيا مەقسەتلىرىنى كۆزلەپ ئۆگەنگەن كىشىلەر ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَمَنْ كَانَ يَرْجُو لِقَاءَ رَبِّهِ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَالِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِ أَحَدًا**﴾ «كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن».[2]

865. **عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من تعلَّمَ عِلماً مما يُبتغَى به وجهُ اللَّه، لا يتعلَّمهُ إلا ليُصيبَ به عَرَضاً من الدنيا، لم يجدْ عَرْفَ الجنَّة يومَ القيامة. يعني ريحها»**. رواه الترمذي، وأحمد، وابن ماجه، وأبو داود، صحيح سنن أبي داود: 3105.

865. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللهنىڭ رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمنى دۇنياۋى غەرەز ئۈچۈن ئۆگەنسە، قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ھىدىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ».[3]

866. **وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تعلَّموا العِلمَ لِتُباهوا به العُلماء، أو تماروا به السُّفهاء، ولا تخيَّروا به المجالسَ، فمن فعلَ ذلك فالنَّارُ النار»**. رواه ابن ماجه، وابن حبان، والبيهقي.

866. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنى ئالىملار ئالدىدا پەخىرلىنىش ياكى نادانلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە ياكى سورۇنلاردا ھۆرمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنمەڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر».[4]

---

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1778 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان.

867. وعن كعب بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من ابتغى العِلْمَ ليُباهي به العلماءَ، أو يماري به السُّفهاء، أو تُقبل أفئدةُ الناس إليه، فإلى النار». رواه الحاكم والبيهقي، صحيح الجامع: 5930.

867. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى ئىلىمنى ئالىملار ئالدىدا پەخىرلىنىش ياكى نادانلار بىلەن جېدەللىشىش ۋە ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش مەقسىتىدە ئۆگەنسە، ئۇ كىشى دوزاخقا كىرىدۇ».[1]

868. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «من طلبَ العلمَ ليُباهي به العلماءَ، ويُماري به السفهاءَ، أو ليَصرِف وجوهَ الناسِ إليه، فهو في النار». رواه ابن ماجه، صحيح الترغيب: 104.

868. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئالىملار ئالدىدا پەخىرلىنىش، نادانلار بىلەن جېدەللىشىش ياكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنسە، ئۇ كىشى دوزاختا بولىدۇ».[2]

869. ومما جاء في الحديث الذي يرويه أبو هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «ورجلٌ تعلَّمَ العلمَ وعلَّمَه، وقرأَ القُرآن، فأُتي به فعرَّفه نعِمَه، فعَرَفها قال: <فما عملتَ فيها؟>، قال: <تعلَّمتُ العلمَ وعلَّمتُه، وقرأتُ فيكَ القرآن>، قال: <كذَبْتَ، ولكنَّك تعلمت ليُقَالَ: عالِمٌ، وقرأتَ القرآنَ ليُقال: هو قارئٌ، فقد قِيل>، ثم أُمِرَ به فسُحِبَ على وجهه حتى أُلقي في النار». مسلم.

869. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن، شۇنداقلا قۇرئان ئوقۇغان كىشى كەلتۈرۈلىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. الله ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: <ئىلىم

---

[1] ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، «صيحح الترغيب» 104- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم> دەيدۇ، الله ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن ئالىم دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۈيرۈلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ».①

870. وعن عمر بن الخطاب رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «يَظهرُ الإسلامُ حتى تختلِفَ التُّجارُ في البحرِ، وحتى تخوضَ الخيلُ في سبيلِ اللَّه، ثم يَظهر قومٌ يقرؤون القرآن، يقولون: <من أقرأُ منَّا؟ من أفقهُ منَّا؟>»، ثم قال لأصحابه: «هل في أولئكَ من خيرٍ؟»، قالوا: «اللّه ورسولُه أعلم». قال: «أولئك منكم من هذه الأمة، وأولئكَ هم وقودُ النار». رواه الطبراني، والبزار.

870. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىسلام شۇ دەرىجىدە غەلىبە قىلىدۇكى، مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ كېمىلىرى قىتئەلەر ئارا قاتنايدۇ، ئاتلىق قوشۇنلار الله يولىدا جىھاد قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇيدىغان، ئەمما <بىزدىن ئارتۇق قارى بارمۇ؟ بىزدىن ئارتۇق ئالىم بارمۇ؟> دەپ داۋراڭ سالىدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ» دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىدىن: «ئەنە شۇ كىشىلەردە ياخشىلىق بولامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار سىلەردىن، يەنى مۇشۇ ئۈممەتتىن بولۇپ، (ئۇلار) دوزاخنىڭ تۇتۇرۇقى قىلىنىدۇ» دېدى.②

871. وعن ابن عباس رضي اللّه عنه، عن رسولِ اللّه ﷺ قال: «ليأتيَنَّ على الناس زمانٌ يتعلمونَ فيه القرآنَ؛ يتعلمونه ويقرؤونه، ثم يقولون: <قد قرأنا وعَلِمْنا، فمن ذا الذي هو خيرٌ منَّا؟!>». فهل: «في أولئكَ من خيرٍ؟، قالوا: «يا رسولَ اللّه مَن أولئك؟»، قال: «أولئك منكم، وأولئك هم وقودُ النار». رواه الطبراني، صحيح الترغيب:133.

871. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەر ئۇ چاغدا

① مۇسلىم توپلىغان.

② تەبەرانى ۋە بەززار توپلىغان.

قۇرئان ئۆگىنىدۇ ۋە ئوقۇيدۇ، ئاندىن كېيىن: <بىز قۇرئان ئوقۇدۇق، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلدۇق، بىزدىنمۇ ياخشى كىشى بارمۇ؟> دەيدۇ» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەرﷺ: «ئەنە شۇ كىشىلەردە ياخشىلىق بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار سىلەردىن، ئاشۇلار دوزاخنىڭ تۇتۇرۇقلىرىدۇر» دېدى.[1]

872. وعن عُبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، قال: عَلَّمتُ ناساً من أهلِ الصُّفَّة الكتابَ والقُرآن، فأهدَى إليَّ رجلٌ منهم قَوسَاً. فقلت: «ليست بمال، وأرمي عنها في سبيلِ اللَّه، لآتينَّ رسولَ اللَّه ﷺ فلأسألَنَّه فأتيتُه»، فقلتُ: «يا رسولَ اللَّه! رجلٌ أهدَى إليَّ قَوسَاً مِمَّن كنتُ أُعَلِّمُه الكتابَ والقرآنَ، وليسَت بمالٍ، وأرمي عنها في سبيل اللَّه»، قال: «إن كنتَ تحبُّ أن تُطوَّقَ طَوقاً مِن نار»، فاقبلها فقلتُ: «ما ترى فيها يا رسولَ اللَّه؟»، فقال: «جَمرَةٌ بين كتفيك تقلَّدتَها أو تَعلَّقتها». صحيح سنن أبي داود: 2915.

872. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن «ئەھلى سۇففە» دەپ ئاتىلىپ قالغان بىر قىسىم ساھابىلەرگە خەت يېزىش ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتكەنىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ماڭا بىر ئوقيا ھەدىيە قىلدى. مەن كۆڭلۈمدە: «بۇ ئوقيا ئانچە پۇلغا ياراپ كەتمىگۈدەك، مەن ئۇنى الله يولىدا ئىشلىتىمەن» دېدىمىيۇ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ مەسىلىنى سوراپ باقماقچى بولدۇم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن خەت يېزىش ۋە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويغان ئادەملەردىن بىرى ماڭا ئانچە پۇلغا ياراپ كەتمەيدىغان بىر ئوقيا بەرگەنىدى، مەن ئۇنى ئېلىپ الله يولىدا ئىشلەتسەم بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «(بوينۇڭغا) ئوتتىن تاقاق سېلىنىشنى خالىساڭ، ئۇنى قوبۇل قىلغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ياچاقتا نېمىنى كۆرۈۋاتىلا؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەرﷺ: «ئىككى تاغىقىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چوغنى ئېسىۋالغانلىقىڭنى ياكى بىر چوغنىڭ ئېسىلىپ

[1] تەبەرانى توپلىغان، «صيح الترغيب» 133 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قالغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.①

873. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، أنه سمع النبيَّ ﷺ يقول: «تعَلَّموا القرآنَ، وسَلُوا اللَّه به الجنَّة قبلَ أن يتعلَّمَهُ قومٌ يسألونَ به الدنيا؛ فإنَّ القرآن يتعلَّمهُ ثلاثةٌ: رجلٌ يُباهي به، ورجلٌ يستأكلُ به، ورجلٌ يَقرأهُ للَّه». رواه ابن نصر في قيام الليل، وغيره، السلسلة الصحيحة:258.

873. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۆگەنگەن قۇرئانى بىلەن دۇنيا ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەر قۇرئان ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى سىلەر قۇرئان ئۆگىنىڭلار ۋە ئۇنىڭ بىلەن الله تىن جەننەتنى ئۈمىد قىلىڭلار. شەك-شۈبھىسىزكى، قۇرئاننى ئۈچ تۈرلۈك كىشى ئۆگىنىدۇ: قۇرئان بىلەن باشقىلارغا ماختىنىشنى مەقسەت قىلغان كىشى؛ قۇرئان بىلەن تائام تەلەپ قىلىدىغان كىشى؛ قۇرئاننى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان كىشى».②

874. وعن عمران بن حُصين رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «مَن قرأَ القرآنَ فليسأل اللَّه به؛ فإنه سيجيءُ أقوامٌ يقرؤون القرآنَ يسألون به الناسَ». أخرجه الترمذي وغيره، السلسلة الصحيحة: 257.

874. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى قۇرئان ئوقۇسا، ئۇنىڭ بىلەن الله تىن (سورايدىغىنىنى) سورىسۇن، كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، قۇرئان ئوقۇپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىن (ھەق) سورايدۇ».③

875. وعن ابن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: «كيف أنتم إذا لبستكُم فتنةٌ يَهرَمُ فيها الكبيرُ، ويَربُوا فيها الصغيرُ، ويَتَّخِذُها الناسُ سُنَّةً، إذا تُرِكَ منها شيءٌ، قيل: تُرِكَت السُّنَّةُ؟!» قالوا: «ومتى ذاكَ؟»، قال: «إذا ذهبَ علماؤكم، وكَثُرَت قُرَّاؤكم، وقَلَّت فقهاؤكم، وكَثُرَت أُمراؤكم، وقَلَّت أُمناؤكم، والتُمِست الدنيا بعملِ الآخرة، وتُفقِّه لغيرِ الدين». رواه الدارمي

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى نەسىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 258- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 257- نومۇرلۇق ھەدىس.

بإسنادين أحدهما صحيح والآخر حسن.

875. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «<چوڭلار قېرىپ، كىچىكلەر چوڭ بولىدىغان، كىشىلەر ئۇنى سۈننەت دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن بىرە ئىش قىلىنمىسا سۈننەت تاشلىنىپ قالدى> دەپ قارىلىدىغان چوڭ بىر پىتنە كەلسە ئەھۋالىڭلار قانداق بولار؟» دېۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «بۇ ئىش قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئالىملىرىڭلار تۈگەپ، قارىلىرىڭلار كۆپ بولسا؛ مۇجتەھىدلىرىڭلار ئاز بولۇپ، ئەمىرلىرىڭلار كۆپ بولسا؛ ئىشەنچلىك كىشىلەر ئاز بولۇپ، ئاخىرەتلىك ئىلىم بىلەن دۇنيا تەلەپ قىلىنسا ۋە دىندىن باشقا مەقسەت ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىلسە» دەپ جاۋاب بەردى[1]

**❖ كىشىلەر ئالىملارغا ئەگىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولۇشى لازىم، شۇندىلا ئۇلار ئاسمان ـ زېمىندا ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشەلەيدۇ**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ۞**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) [3]»[2].

**876. عن أسامة بن زيد رضي اللّه عنه، قال: سمعت رسول اللّه ﷺ يقول: «يُجَاءُ برجلٍ فيُطرَحُ في النار، فيطحنُ فيها كما يَطحنُ الحمارُ برحاه، فيطيفُ بهِ أهلُ النار، فيقولون: <أي فلان، ألستَ كنتَ تأمرُ بالمعروف وتَنهى عن المنكر؟>، فيقول: <إنِّي كنتُ آمرُ بالمعروفِ ولا أفعلُه، وأنهى عن المنكرِ وأفعَلُه!>». البخاري.**

---

[1] دارىمى توپلىغان.

[2] سۈرە سەپ 2ـ ۋە 3ـ ئايەتلەر.

876. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇ ئادەم دوزاختا خۇددى ئېشەك تۈگمەننى چۆرگىلىگەندەك چۆرگىلەيدۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئەھلى دوزاخ توپلىشىپ: <ھەي پالانى! سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭ ئەمەسمۇ؟> دەيدۇ. ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: <مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم، ئۆزۈم قىلمايتتىم. يامانلىقتىن توساتتىم، ئۆزۈم قىلاتتىم>».[1]

877. وعنه، قال: سمعت النبيَّ ﷺ يقول: «مَررتُ ليلة أُسرِي بي بأقوامٍ تُقرَضُ شِفاهُهم بمقاريضَ من نار، قلت: <من هؤلاء يا جبريل؟>، قال: <خُطباءُ أمَّتِكَ الذين يقولونَ مالا يفعلون>». متفق عليه.

877. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئىسرا كېچىسى (جىبرىئىل بىلەن) كېتىۋېتىپ كالپۇكلىرى ئوتتىن بولغان قايچىلار بىلەن كېسىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇق. مەن: <ئەي جىبرىئىل! بۇلار كىملەر بولىدۇ؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى دېگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغان خەتىپلەردۇر> دېدى».[2]

878. وعن أبي برزَةَ الأسلمي رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «لا تَزولُ قدما عبدٍ يومَ القيامة حتى يُسألَ عن عمره فِيمَ أفناه، وعن علمهِ فيمَ فعلَ فيه، وعن مالِه من أين اكتسبَهُ وفيم أنفَقَه؟ وعن جِسمِه فيمَ أبلاه». رواه الترمذي، وقال حديث حسن صحيح.

878. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا بەندىنىڭ ئىككى قەدىمى يۆتكەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھاياتىنى قانداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇنىڭ

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مالنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز جىسمىنى قانداق ئىشلاردا چىرىتكەنلىكى (تۈگەتكەنلىكى)دىن ئىبارەت تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ».[1]

879. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «مثلُ الذي يُعَلِّمُ الناسَ الخيرَ وينسى نفسَهُ، مثلُ الفَتيلَةِ تُضيءُ على الناسِ وتحرقُ نفسَها». رواه البزار، صحيح الترغيب: 126.

879. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم، خۇددى ئەتراپىغا نۇر چاچىدىغان، ئەمما ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان پىلىككە ئوخشايدۇ».[2]

880. وكان أبو الدرداء رضي اللَّه عنه يقول: «إنَّما أخشى من ربي يومَ القيامة أن يدعوني على رؤوسِ الخلائق، فيقول لي: <يا عُويمر!>، فأقول: <لبيك ربِّ>. فيقول: <ما عملتَ فيما علِمتَ؟>». رواه البيهقي، وغيره، صحيح الترغيب: 125.

880. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەببىم مېنى قىيامەت كۈنى خالايىقنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ: <ئى ئۇۋەيمىر!> دېگەندە، مەن: <خوش، ئى رەببىم!> دېسەم، ئاندىن رەببىمنىڭ: <ئىلمىڭگە قانداق ئەمەل قىلدىڭ؟> دېيىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەيتتى.[3]

881. وعن عمران بن حصين رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إن أخوفَ ما أخافُ على أُمتي كلُّ منافقٍ عليمِ اللسان». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 239.

881. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈممىتىمدىن ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، تىلى ئۆتكۈر مۇناپىقتۇر».[4]

### ❖ ئالىمنىڭ كىشىلەردىن ئىلىمنى يوشۇرماسلىقى ۋاجىبتۇر

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.
[2] بەززار توپلىغان.
[3] بەيھەقى توپلىغان، «صيح الترغيب» 125 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
[4] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 239 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنَ الْكِتَابِ وَيَشْتَرُونَ بِهِ ثَمَنًا قَلِيلًا أُولَئِكَ مَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ إِلَّا النَّارَ وَلَا يُكَلِّمُهُمُ اللَّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ۞ أُولَئِكَ الَّذِينَ اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَى وَالْعَذَابَ بِالْمَغْفِرَةِ فَمَا أَصْبَرَهُمْ عَلَى النَّارِ۞﴾ «الله كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) نازىل قىلغان نەرسىلەرنى يوشۇرىدىغان ۋە ئۇنى ئازغىنا پۇلغا ساتىدىغانلارنىڭ قارنىغا يېگىنى پەقەت ئوتتۇر (چۈنكى ئۇلارنىڭ يېگەن شۇ ھارام مېلى ئۇلارنى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ)، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [174]. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى گۇمراھلىققا، مەغپىرەتنى ئازابقا (يەنى جەننەتنى دوزاخقا) تېگىشتى، ئۇلار دوزاخ ئازابىغا نېمىدېگەن چىداملىق! [175]» ①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِنْ بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلْعَنُهُمُ اللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ۞ إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا وَأَصْلَحُوا وَبَيَّنُوا فَأُولَئِكَ أَتُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَنَا التَّوَّابُ الرَّحِيمُ۞﴾ «بۇ كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا الله لەنەت قىلىدۇ (يەنى رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ)؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۇئمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ [159]. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى) تۈزەتكەنلەر، يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن. ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن [160]»②.

882. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما من رجلٍ يحفظُ علماً

① سۈرە بەقەرە 174 ـ ۋە 175 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە بەقەرە 159 ـ ۋە 160 ـ ئايەتلەر.

**فيَكتُمَهُ، إلا أُتِيَ به يومَ القيامة مُلجَماً بلجامٍ من النَّار». صحيح سنن ابن ماجه:** 210.

882. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر كىشى ئىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇنى يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنغان ھالدا كېلىدۇ».①

**883. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من سُئِلَ عن عِلمٍ يَعلَمُه فكَتَمَهُ، أُلجِمَ يومَ القيامة بلجامٍ من نار». صحيح سنن ابن ماجه:** 213.

883. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى سورالغان ئىلىمنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ».②

**884. وعن ابن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أيُّما رجلٍ آتاهُ اللَّه عِلماً فكتمَهُ، ألجمَهُ اللَّه يومَ القيامَةِ بلجامٍ من نار». رواه الطبراني، صحيح الجامع:** 2714.

884. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر كىشى الله تائالا ئاتا قىلغان ئىلىمنى يوشۇرسا، الله تائالا ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىپ قويىدۇ».③

**885. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه ،أن رسول اللَّه ﷺ قال: «مثَلُ الذي يتعلَّمُ العِلمَ ثم لا يُحدِّثُ به، كمثلِ الذي يَكنزُ الكنزَ ثم لا يُنفِقُ منه». رواه الطبراني، صحيح الترغيب:** 118.

885. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئۆگەنگىنىنى سۆزلىمەيدىغان كىشى خۇددى مال-دۇنيا توپلاپ چىقىم قىلمايدىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر».④

**886. وعن ابن عمر، عن النبي ﷺ قال: «عِلمٌ لا يُقالُ به ككنزٍ لا يُنفَقُ منه». رواه ابن عساكر، صحيح الجامع:** 4023.

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 2714- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الترغيب » 118- نومۇرلۇق ھەدىس.

886. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆگىتىلمىگەن ئىلىم ساقلاپ قويۇپ چىقىم قىلىنمايدىغان مالغا ئوخشاشتۇر». [①]

**❖ ئالىم كىشى ئىلىم ئۆگەنگۈچى ۋە دىن ھەققىدە سورىغۇچىلارنى قارشى ئېلىشى، ئۇلارغا كەمتەر بولۇشى ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.**

887. **عن صفوان بن عسال المرادي رضي اللّه عنه، قال: «أتيتُ النبيَّ ﷺ وهو في المسجدِ متكئٌ على بُردةٍ له أحمرَ، فقلتُ له: <يا رسولَ اللَّه! إني جئتُ أطلبُ العلمَ>. فقال: <مرحباً بطالبِ العلم>».** رواه أحمد، والطبراني، وابن حبان.

887. سەفۋان ئىبنى ئەسسال مۇرادى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگىنىمدە ئۇ مەسجىدتە ئۆزىنىڭ قىزىل يوللۇق تونىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلىدىن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلدىم> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن> دېدى». [②]

888. **وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «سيأتيكُم أقوامٌ يَطلبون العلمَ، فإذا رأيتموهُم فقولوا لهم: <مرحباً بوصيةِ رسولِ اللَّه ﷺ، وأقنُوهم أي وعلِّموهم>». صحيح سنن ابن ماجه**:201.

888. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يېقىن كەلگۈسىدە ئىلىم ئۆگىنىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر يېنىڭلارغا كېلىدۇ. سىلەر ئۇلارنى كۆرگەن چاغدا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ تەۋسىيە قىلغان كىشىلەرنى قارشى ئالىمىز!> دەڭلار ۋە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار!». [③]

---

[①] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «صحيح الجامع» 4023ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[③] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

889. وعن أبي رفاعة رضي اللَّه عنه، قال: «انتهيتُ إلى رسولِ اللَّه ﷺ وهو يخطبُ، فقلتُ: <يا رسولَ اللَّه! رجل غريبٌ جاءَ يسأل عن دينِه، لا يدري ما دينَهُ؟>. فأقبلَ رسولُ اللَّه ﷺ وترَك خُطبتَهُ حتى انتهى إليَّ، فأُتي بكرسيٍّ خِلْتُ قوائِمَه حديداً، فقعدَ عليه رسولُ اللَّه ﷺ: فجعلَ يُعلِّمني مما علَّمه اللَّه، ثم أتى خُطبتَهُ فأتمَّها». صحيح سنن النسائي: 4970.

889. ئەبۇ رىفائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم، ئۇ خۇتبە سۆزلەۋاتقانىكەن. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بولسام دىنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، (دىن توغرىسىدا) سوئال سورىغىلى كەلگەن بىر غېرىب ئادەممەن> دېدىم، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ خۇتبىسىنى دەرھال توختىتىپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇق كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۆمۈردىن ياسالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ الله ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ئىلىملەردىن ماڭا تەلىم بەردى، ئاندىن كېيىن خۇتبىسىنى داۋاملاشتۇردى».[1]

❖ **ئالىملار دىن ئىشلىرىنى ئۆگەتكەندە ئەڭ مۇھىمغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. كىشىلەرگە ئەڭ مۇھىم دەپ قارىلىدىغان ئىلىم تەۋھىدتۇر، چۈنكى دىن تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولۇپ، تەۋھىدسىز بىنالار مۇستەھكەم بولمايدۇ ۋە ئەمەل قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئاۋۋال تەۋھىدكە ئىمان كەلتۈرسە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمىلىنى تەستىقلايتتى.**

890. عن ابن عباسٍ رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ لما بعَث مُعاذاً على اليمن، قال: «إنَّك تَقدَمُ على قومٍ أهلَ كتاب، فليكُن أوّلَ ما تدعوهُم إليه عبادَةُ اللَّه فإذا عرَفُوا اللَّه، فأخبرهُم أنَّ اللَّه قد فَرَضَ عليهم خمس صلواتٍ في يومِهم وليلَتِهم، فإذا فعلُوا فأخبرهُم أنَّ اللَّه فرضَ عليهم زكاةً من أموالهم وتُردُّ على فُقرائهم، فإذا أطاعوا بها فخذ منهم وتوَقَّ كرائِمَ أموالِ الناس». متفق عليه.

890. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] نەسائى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە يولغا سالغاندا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتاب تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارىسەن. ئۇلارنى ئالدى بىلەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن. ئەگەر ئۇلار الله نى تونۇسا، ئاندىن الله نىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قىلسا، ئاندىن الله نىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ۋە زاكاتنىڭ ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئۇلاردىن زاكات ئالغىن. (زاكاتقا) ئۇلارنىڭ ئېسىل ماللىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن».[1]

**891. وعن جندب بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: «كنا معَ النبي ﷺ ونحن فتيانٌ، فتعلَّمنا الإيمان قبل أن نتعلَّمَ القُرآنَ، ثم تعلمنا القرآنَ فازدَدْنا به إيماناً». صحيح سنن ابن ماجه: 170.**

891. جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتقان ياش يىگىتلەر ئىدۇق. بىز قۇرئاننى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئىماننى ئۆگەندۇق، ئاندىن كېيىن قۇرئاننى ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەن قۇرئانىمىز بىلەن ئىمانىمىزنى كۈچەيتتۇق».[2]

**❖ ئالىم ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا ئاڭلىغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئوتتۇراھال يول تۇتۇشى ھەمدە مۇۋاپىق بولغان ۋاقىت ۋە ئورۇن تاللىشى لازىم**

**892. عن شقيق، كان عبدُ اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه يُذكِّرُ الناسَ في كل خميسٍ، فقال له رجلٌ: «يا أبا عبد الرحمن! لوددتُ أنَّك ذكَّرتنا في كلِّ يومٍ». قال: «أما إنَّه يمنعني من ذلك أني أكره أن أُمِلَّكم، وإني أتخوَّلكم بالموعظةِ كما كان رسول اللَّه ﷺ يتخوَّلَنا بها مخافةَ السآمةِ علينا». رواه البخاري**

892. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان.

كۆپچىلىككە ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى. بىرەيلەن ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! بىزگە ھەر كۈنى ۋەز-نەسىھەت قىلغان بولساڭ» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەقەت سىلەرنى زېرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. پەيغەمبەر ﷺ بىزنى زېرىكتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارىلاپ-ئارىلاپ نەسىھەت قىلاتتى، خۇددى شۇنىڭدەك مەنمۇ سىلەرگە ئارىلاپ-ئارىلاپ ۋەز-نەسىھەت قىلىۋاتىمەن» دېدى.[1]

893. وعن عكرمة، أنَّ ابنَ عباس رضي اللَّه عنه، قال: «حدِّث الناسَ كُلَّ جمعةٍ مرَّةً، فإن أبيت فمرَّتين، فإن أكثرتَ فثلاثَ مرَّات، ولا تُمِلَّ النَّاسَ هذا القرآنَ، ولا أُلفِيَنَّكَ تأتي القومَ وهم في حديث من حديثهم فتقصُّ عليهم فتقطعُ عليهم حديثَهم فتُمِلَّهُم، ولكن أنصتْ، فإذا أمروكَ فحدِّثهم وهم يشتهونَه، وانظر السَّجْعَ من الدعاءِ فاجتنبهُ، فإنِّي عهدتُ رسولَ اللَّه ﷺ وأصحابَهُ لا يفعلون ذلك». رواه البخاري، المشكاة: 252.

893. ئىكرەمەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە ھەپتىدە بىر قېتىم دەرس سۆزلىگىن. كۆڭلۈڭ قانائەتلەنمىسە ئىككى قېتىم، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ قېتىم سۆزلىسەڭ بولىدۇ. باشقىلارنى قۇرئاندىن زېرىكتۇرمە، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ پارىڭىنى ئۈزۈۋېتىپ ۋەز-نەسىھەت قىلىشىڭنى خالىمايمەن، چۈنكى ئۇنداق قىلساڭ ئۇلارنى زېرىكتۇرۇپ قويىسەن، شۇڭا جىم تۇرۇپ گەپلىرىنى تىڭشا. ئەگەر ئۇلار سېنىڭ سۆز قىلىشىڭنى خالاپ، سېنى تەكلىپ قىلسا سۆزلىگىن، قاپىيىلىك دۇئا قىلىشتىن ئېھتىيات قىل. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابە كىراملىرى بىلەن بىر زاماندا ياشىدىم، ئۇلار قاپىيىلىك دۇئا قىلمايتتى».[2]

**❖ ئالىملار كىشىلەرگە پەتىۋا بەرگەن ۋە ۋەز-نەسىھەت قىلغاندا ئەقىل، تەبىئەت ۋە سەۋىيىلەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇلارغا خۇش بېشارەت بېرىشى ۋە**

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان، «المشكاة» 252- نومۇرلۇق ھەدىس.

**ئۇلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىكى لازىم. شۇنىڭدەك، شەرىئەت يولىغا قويىغان ئاساستا مۇلايىم بولۇشى، ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى ۋە دىنىدا چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكى كېرەك.**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ﴾ «ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى»[1].

**894. وعن أبي موسى رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ادعوا النَّاس، وبَشِّروا ولا تُنفِّروا، ويَسِّروا ولا تُعَسِّرُوا». مسلم.**

894. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە دەۋەت قىلىڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار، ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار»[2].

**895. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «عَلِّموا، ويَسِّرُوا ولا تُعَسِّروا، وبَشِّرُوا ولا تُنَفِّروا، وإذا غَضِبَ أحدُكم فليَسْكُت». رواه أحمد، صحيح الجامع: 4027.**

895. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىنىنى ئۆگىتىڭلار، قولايلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرۇۋالماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار، غەزەپلىنىپ قالساڭلار جىم تۇرۇۋېلىڭلار»[3].

**896. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، أنها قالت: «ما خُيِّرَ رسولُ اللَّه ﷺ بين أمرين إلا أخذَ أيسرَهُما، ما لم يكُن إثماً كان أبعدَ الناسِ منه، وما انتقم رسولُ اللَّه ﷺ لنفسِه، إلا أن تُنتَهك حرمَةُ اللَّه فينتقمُ للَّه بها». متفق عليه.**

896. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشتا، گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا ئەڭ

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان، «صحيح الجامع» 4027 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ئاسىنىنى تاللايتتى. گۇناھ بولىدىغان بولسا ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك يىراق تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ باققان ئەمەس، پەقەت الله نىڭ ھۆرمىتى (چەكلىمىسى) دەپسەندە قىلىنىسىلا، ئۇ ئىشتا الله ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى». [1]

897. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إيَّاكُم والغُلُو في الدين، فإنما هلَكَ من كان قبلكُم بالغلوِّ في الدين». رواه أحمد، والنسائي، وابن ماجه، وغيرهم، السلسلة الصحيحة: 1283

897. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىندا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغان ئىدى». [2]

898. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إنَّ الدينَ يُسْرٌ، ولن يُشَادَّ الدينَ أحدٌ إلا غَلبَه». البخاري

898. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر، كىمكى دىننى قىيىنلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن، ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي ئاخىرى ئۆزى مەغلۇب بولىدۇ». [3]

899. وعن بريدة الأسلمي رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «عليكُم هدياً قاصِداً، فإنَّهُ من يُغالِب هذا الدينَ يغلُبُه». رواه ابن أبي عاصم في السنة.

899. بۇرەيدە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئوتتۇراھال يول تۇتۇڭلار[4]، چۈنكى قانداق بىر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراش ئوتتۇرىسىدىكى نورماللىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «غالىب كېلىمەن دېسە» — رۇخسەت قىلىنغان ئىشلاردا شەرئىي رۇخسەت بويىچە ئىش كۆرمەي، ئىشلارنى ئۆزىگە چىڭىتىۋېلىپ ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

كىشى بۇ دىنىدىن غالىب كېلىمەن دېسە، دىن ئۇ كىشىنى مەغلۇب قىلىدۇ».[1]

900. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، قالت: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه رفيقٌ يُحبُّ الرِّفقَ في الأمرِ كُلِّه». البخاري.

900. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇلايىملىق الله نىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ھەممە ئىشتا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ».[2]

901. وعنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه رفيقٌ يُحبُّ الرِّفقَ، ويُعطِي على الرفقِ ما لا يُعطِي على العنفِ، ومَا لا يُعطي على ما سواهُ». مسلم.

901. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇلايىملىق الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، الله مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ. الله مۇلايىم بولغۇچىلارغا بېرىدىغىنىنى قوپال ۋە باشقا ناچار خۇلق ئىگىلىرىگە بەرمەيدۇ».[3]

902. وعنها، قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ الرِّفقَ لا يكونُ في شيءٍ إلا زانَهُ، ولا يُنزَعُ من شيءٍ إلا شانَه». راوه مسلم.

902. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇلايىملىق قانداق نەرسىدە بولىدىكەن، ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدۇ؛ قانداق بىر نەرسىدە بولمايدىكەن، ئۇنى سەتلەشتۈرىدۇ».[4]

903. وعن جرير بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن يُحرَمِ الرِّفقَ يُحْرَمِ الخيرَ». مسلم.

903. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇلايىملىقتىن ئايرىلىپ قالغان كىشى ياخشىلىقتىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ».[5]

---

[1] ئىبنى ئەبۇ ئاسىم «السنة» ناملىق كىتابىتا توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] مۇسلىم توپلىغان.
[5] مۇسلىم توپلىغان.

904. وعن معاوية بن الحكم رضي اللّه عنه، قال: «بينما أنا أُصلِّي مع رسولِ اللّه ﷺ إذ عَطَس رجلٌ من القوم، فقلت: <يرحمُكَ اللّه>، فرماني القومُ بأبصارهم، فقلت: <واثكل أمياه ما شأنُكم تنظرون إلي؟!>. فجَعلُوا يَضربون بأيدِيهم على أَفخاذِهم فلمَّا رأيتهم يُصمِّتُونَني، لكنِّي سكَتُّ، فلمَّا صلَّى رسولُ اللّه ﷺ ـ فبأبي هو وأمِّي، ما رأيتُ معلِّماً قبلَه ولا بعدَه أحسن تعليماً منه ـ فواللّه ما كهَرَني، ولا ضَرَبني، ولا شَتَمني، ثم قال: <إن هذه الصلاةَ لا يصلُحُ فيها شيءٌ من كلامِ النَّاس، إنما هو التَّسبيحُ والتكبيرُ وقراءةُ القرآن>». مسلم.

904. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم، جامائەت ئىچىدىن بىر كىشى تۇيۇقسىز چۈشكۈرۈۋىدى، مەن: <يرحمُكَ اللّه> <الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن> دېسەم، باشقىلار ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىلى تۇردى. مەن: <ۋاي سىلەرگە! ھەممىڭلار نېمىشقا ماڭا بۇنداق قارايسىلەر؟> دېدىم، ئۇلار قوللىرى بىلەن يوتىلىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ مېنى گەپ قىلماسلىققا ئۈندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جىم تۇردۇم. ئاتا-ئانام رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پىدا بولسۇنكى، مەن ئۇنىڭدەك ياخشى تەلىم بېرىدىغان ئۇستازنى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆرمىدىم. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنى ئۇرمىدى، تىللىمىدى، ھەتتا مېنى سىلكىپمۇ قويمىدى، بەلكى: <ھەقىقەتەن، نامازدا گەپ-سۆز قىلىش توغرا ئەمەس. ناماز پەقەت تەسبىھ ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىش ۋە قۇرئان ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر> دېدى».[1]

905. وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، قال: «بينما نحنُ في المسجدِ مع رسولِ اللّه ﷺ إذ جاءَ أَعرابي، فقامَ يبولُ في المسجِد، فقال أصحاب رسول اللّه ﷺ: <مَهْ مه!>، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: <لا تُزْرِمُوه، دَعُوه>، فتركُوه حتى بالَ. ثم إنَّ رسولَ اللّه ﷺ دعاهُ فقال له: <إنَّ هذهِ المسَاجدَ لا تَصلُحُ لشيءٍ من هذا البولِ والقذَر، إنما هي لذكرِ اللّه والصلاةِ، وقراءةِ القُرآن>. قال فأمرَ رجلاً من القوم، فجاءَ بدلوٍ من مَاءٍ، فشَنَّه عليه». مسلم.

[1] مۇسلىم توپلىغان.

905. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەسجىدتە تۇراتتۇق. تۇيۇقسىز بىر سەھرالىق ئادەم كېلىپ ئۆرە تۇرغان پېتى مەسجىدنىڭ ئىچىگە سىيىشكە باشلىدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا: <نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟> دەپ تۈۋلاشتى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى تولۇق سىيگىلى قويۇڭلار!> دېدى. ساھابىلەر ئۇنىڭغا سىيىپ بولغۇچە گەپ قىلمىدى. ئۇ سىيىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى چاقىرىپ: <شۈبھىسىزكى، بۇ مەسجىدلەرگە سىيىش، پاسكىنا قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. مەسجىدلەر پەقەت الله تائالانى ئەسلەيدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئورۇندۇر> دېگەندىن كېيىن، ساھابىلەردىن بىرىنى سۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇدى ۋە ئېلىپ كېلىنگەن بىر چېلەك سۇنى ھېلىقى سەھرالىق سىيگەن يەرگە تۆكتۇردى».[1]

906. وفي رواية عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «قام أعرابي فبال في المسجد! فتناوله الناس فقال لهم رسولُ اللّه ﷺ: <دَعُوه وأهرِيقُوا على بولِه دَلْواً مِن ماءٍ، فإنَّما بُعِثتُم مُيَسِّرين، ولم تُبعَثوا مُعَسِّرين>». رواه البخاري، والنسائي.

906. يەنە بىر نەقىلدە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر سەھرالىق كىشى مەسجىدتە تۇرۇپ سىيىشكە باشلىۋېدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا خاپا بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرگە: <ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، سىيدۈكىنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋېتىڭلار، سىلەر كىشىلەرگە مۇشەققەت تۇغدۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى ئاسانلىق تۇغدۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىڭلار> دېدى».[2]

907. وعنه: <أنَّ رجلاً سأل النبي ﷺ عن المباشرَةِ للصائم، فرَخَّصَ له، وأتاهُ آخرُ فنهاهُ؛ فإذا الذي رخَّص له شيخٌ، والذي نهاهُ شابٌّ». صحيح سنن أبي داود: 2090

907. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە نەسائى توپلىغان.

كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن روزىدار ئادەمنىڭ (ئايالىنى) قۇچاقلىشى توغرۇلۇق سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. يەنە بىر كىشى كېلىپ ئوخشاش سوئالنى سورىغانىدى، ئۇنى توستى. چۈنكى، رۇخسەت قىلغىنى ياشانغان كىشى، توسقىنى ياش يىگىت ئىدى». ①

908. وعن علي بن أبي طالب رضي اللَّه عنه، قال: «حَدِّثوا النَّاسَ بما يَعرِفُون أتحبونَ أن يُكَذَّبَ اللَّه ورسولُه». البخاري.

908. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىنسانلارغا چۈشىنىشلىك سۆزلەڭلار، سىلەر الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يالغانغا چىقىرىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟». ②

**❖ ئالىم كىشى شەرئىي رۇخسەت بويىچە ئىش كۆرۈپ، ھەقنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، كىشىلەر ھەقنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئالىم كىشى ھەقنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشى ۋە الله ھەققىدە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىقى كېرەك.**

909. عن حذيفة بن اليمان رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «والذي نفسي بيدِه لتأمُرُنَّ بالمعروفِ ولتَنْهونَّ عن المنكرِ، وليوشِكَنَّ اللَّه أن يبعثَ عليكم عِقاباً منه؛ فتدعونَه فلا يَستجيبَ لكُم». صحيح سنن الترمذي: 1762.

909. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشۇڭلار كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، الله پات يېقىندا ئۈستۈڭلارغا قاتتىق ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنمايدۇ». ③

910. وعن طارق بن شهاب رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من رأى

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ تىرمىزى توپلىغان.

منكم مُنكراً فليغيرْهُ بيدِه، فإن لم يستطِعْ فبلسانِه، فإن لم يَستطِع فبقلبِه وذلك أضعفُ الإيمان». مسلم.

910. تارىق ئىبنى شىھاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن، ئەگەر تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا قەلبىدە نارازى بولسۇن، قەلبىدە نارازى بولۇش ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر».[1]

911. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يمنعنَّ رجلاً هيبةُ الناسِ أنْ يقولَ بحقٍّ إذا عَلِمَهُ؛ فإنَّه لا يُقرِّبُ من أجلٍ ولا يُبعدُ من رِزْقٍ». رواه أحمد، والترمذي، وابن ماجه، السلسلة الصحيحة:168.

911. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقنى بىلگەن كىشى كىشىلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ھەقنى دېمەي قالمىسۇن، چۈنكى ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۆلۈمنى تېزلىتەلمەيدۇ ۋە رىزىقنى كېمەيتەلمەيدۇ».[2]

912. وعن عبادة بن الصامت رضي اللّه عنه، قال: «بايعَنَا رسولُ اللّه على أن نقولَ بالحقِّ أينما كُنَّا لا نخافُ في اللّه لومةَ لائم». متفق عليه.

912. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ گە قەيەردە بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر الله ھەققىدە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماي ھەقنى سۆزلەشكە بەيئەت قىلدۇق».[3]

913. وعن جابر رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «سيِّدُ الشُّهداء حمزةُ بنُ عبدِ المطلب، ورجلٌ قامَ إلى إمامٍ جائرٍ فأمرَه ونهاهُ فقتَلَهُ». رواه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 491.

913. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەرنىڭ سەردارى ــ ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقان، شۇ سەۋەبلىك (زالىم پادىشاھ) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدۇر».[1]

914. وعن أبي سعيد رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «أفضلُ الجهادِ كلمةُ حقٍّ عندَ سُلطانٍ جائرٍ». رواه أبو داود، والترمذي، وابن ماجه،

914. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەقنى سۆزلەش ئەڭ ئەۋزەل جىھادتۇر».[2]

915. وعن أبي أمامة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «أحبُّ الجهادِ إلى اللّه؛ كلمةُ حقٍّ تُقال لإمامٍ جائرٍ». أخرجه أحمد، صحيح الجامع: 168.

915. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان جىھاد ــ زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا دېيىلگەن ھەق سۆزدۇر».[3]

916. وعن قيس رضي اللّه عنه، قال: «قال أبو بكرٍ بعد أن حمد اللّه وأثنى عليه: يا أيُّها الناسُ، إنَّكم تَقرأون هذه الآية، وتضعونَها على غيرِ موضعها: ﴿عَلَيْكُمْ أَنْفُسَكُمْ لَا يَضُرُّكُمْ مَنْ ضَلَّ إِذَا اهْتَدَيْتُمْ﴾، وإنَّا سمعنا النبي ﷺ يقول: <إن النَّاس إذا رأَوا الظالمَ فلم يأخذوا على يدَيْهِ أوشَكَ أن يَعُمَّهم اللّه بعقاب>. وإني سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: <ما مِن قوم يُعمَلُ فيهم بالمعاصي، ثمَّ يَقدرون على أن يُغيروا، ثم لا يُغيِّرُوا، إلا يوشَكُ أن يعمَّهُم اللَّه منه بعقاب>». رواه أبو داود وغيره، صحيح سنن أبي داود: 3644

916. قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىقلار! سىلەر <ئۆزۈڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى

[1] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان.

توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ>[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتىسىلەر، لېكىن بۇ ئايەتنى ئۆز ئورنىدا قويمايۋاتىسىلەر، بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىشىلەر زالىمنى كۆرۈپ ئۇنى توسمىسا، الله تائالا ئۇلارغا پات يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك جازا بېرىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدۇق. مەن يەنە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <بىر قەۋمدە گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر بار بولسا، ئاندىن ئۇ قەۋم ئۇنى توسۇپ ئۆزگەرتەلەيدىغان تۇرۇقلۇق ئۆزگەرتمىسە، الله ئۇلارغا پات يېقىندا چوقۇم ئازاب ئەۋەتىدۇ>».[2][3]

917. **وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يَحْقِرَنَّ أحدُكم نَفسَه»، قالوا: «يا رسولَ اللَّه كيف يَحقِرُ أحدُنَا نَفْسَه؟». قال: «يَرى أمراً للَّه عليه مقالاً، ثمَّ لا يَقولُ فيه، فيقولُ اللَّه يومَ القيامة: <ما منعَكَ أن تقولَ فيَّ كَذا وكذا؟>، فيقول: <خشيةَ النَّاسِ>. فيقولُ: <فإيَّايَ كُنتَ أحقَّ أن تخشَى>».** رواه ابن ماجه، ورواته ثقاة.

917. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «بىرىڭلار ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خار قىلمىسۇن» دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى ئۆزىنى قانداقمۇ خار قىلىدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بىر كىشى الله تائالا ئۇچۇن نەسىھەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىش ھەققىدە سۆز قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن: <سەن نېمىشقا مېنىڭ ھەققىمدە شۇنداق، شۇنداق سۆزلەرنى قىلمىدىڭ؟> دەپ سورايدۇ، ئۇ كىشى: <كىشىلەردىن قورقۇپ> دەپ جاۋاب بېرىدۇ. الله تائالا ئۇ كىشىگە: <ساڭا مەندىنلا قورقۇش ئەڭ لايىق ئىدىغۇ!> دەيدۇ» دېدى.[4]

---

[1] سۈرە مائىدە 105 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇ ھەدىستىكى ئايەتتىن، «سىلەر ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ۋاجىبنى ئادا قىلساڭلار، ۋاجىبنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ھەقتىن ئېزىپ كەتكەنلەر سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.

[4] ئىبنى ماجە توپلىغان.

**❖ ئالىمنى لايىقىدا ھۆرمەتلەش، ئىززىتىنى قىلىش، سۆز ۋە مەسلىھەتتە ئاۋۋالقى ئورۇنغا قويۇش ـــ ئالىمنىڭ كىشىلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

918. عن عبادة بن الصامت رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «ليسَ مِن أُمتي مَنْ لم يُجِلَّ كبيرَنا، ويرحَم صَغيرَنا، ويَعرِف لعالِمنا». رواه أحمد وغيره، صحيح الترغيب: 96

918. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغانلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس».[①]

919. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ من إجلالِ اللَّه إكرامَ ذي الشَّيبَةِ المسلم، وحاملِ القرآنِ غيرِ الغَالي فيه والجَّافي عنه، وإكرامَ ذي السلطانِ المُقْسِط». صحيح سنن أبي داود: 4053.

919. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياشانغان مۇسۇلماننى ھۆرمەتلەش، قۇرئاننى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى تاشلاپمۇ قويماي ئۆزلەشتۈرگەن قارىنى ھۆرمەتلەش ھەمدە ئادىل (مۇسۇلمان) ھۆكۈمراننى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلار بولسا، الله نى ئۇلۇغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر».[②]

920. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليسَ مِنَّا مَن لم يَرحمْ صغيرَنا، ويَعرِف حقَّ كبيرنا». رواه الحاكم وقال: صحيح على شرط مسلم.

920. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس».[③]

921. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه تعالى قال: مَن عادى لي وليّاً فقد آذنتُهُ بالحرب». البخاري.

---

[①] ئىبنى ماجە توپلىغان.
[②] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. ئىبنى ھەجەر، نەۋەۋى ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[③] ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن.

921. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: <كىمكى مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىمەن>».①

**922. وعن عائشة رضي اللَّه عنها ،قالت: قال النبي ﷺ: «أقيلوا ذوي الهيئات عثراتهم». صحيح الأدب المفرد: 362.**

922. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئابرۇيلۇقلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار».②

**923. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ: «أمرَني جبريلُ أن أُقدِّمَ الأكابِرَ». رواه أبو بكر الشافعي في الفوائد. السلسلة الصحيحة: 1555.**

923. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنى چوڭلارنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشۇمنى بۇيرۇدى».③

**924. وعن جابرٍ رضي اللَّه عنه: «أنَّ النبيَّ ﷺ كان يجمعُ بين الرجلين من قتلى أحدٍ ـ يعني في القبر ـ ثم يقول: <أيهما أكثرُ أخذاً للقرآن؟>، فإذا أُشيرَ إلى أحدِهما، قدَّمَه في اللحدِ». البخاري.**

924. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىدا شەھىد بولغانلاردىن ئىككى كىشىنى بىر قەبرىدە قويغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى قۇرئاننى كۆپ بىلىدۇ؟> دەپ سورايتتى ۋە قايسىسى كۆرسىتىلسە، شۇنى قەبرىگە بۇرۇن قوياتتى».④

**925. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لِيَلِيَنِي منكُم أُولُو**

---

① بۇخارى توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇبەكرى شافىئىي «الفوائد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1555ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ بۇخارى توپلىغان.

الأحلامِ والنُّهى، ثمَّ الذين يَلونَهم، ثم الذين يلونهم، ولا تختلفُوا فتختلفَ قُلوبُكُم، وإيَّاكم وهَيْشَاتِ الأسواق». أخرجه الترمذي وأبو داود، صحيح سنن الترمذي: 189.

925. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاراڭلاردىكى ئىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەر ماڭا يېقىن يانداشسۇن، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەنلەر، ئاندىن كېيىن ئۇلاردىن تۆۋەنلەر تۇرسۇن. قىڭغىر تۇرماڭلار، سېپىڭلار تۈز بولمىسا قەلبىڭلاردا بىرلىك بولمايدۇ. بازارلاردا سۈرەن سېلىشتىن ساقلىنىڭلار».[1]

926. قال أبو عيسى الترمذي: «وقد روي عن النبي ﷺ: أنه كان يُعجبُه أن يَليَهُ المهاجرون والأنصار؛ ليحفَظوا عنه. قال الشَّعْبي: «صلَّى زيدٌ بن ثابت على جنازةٍ، فقُرِّبَت إليه بغلتُه ليركَبها، فجاء ابن عباس، فأخذَ بركابِه، فقال زيد: <خلِّ عنه يا ابنَ عمِّ رسولِ اللَّه>، فقال ابنُ عباس: <هكذا أُمِرنا أن نفعلَ بالعلماءِ والكُبراء>، فقبَّل زيد بن ثابت يدَه، وقال: <هكذا أُمِرنا أن نفعَلَ بأهلِ بيتِ نبينا>». أخرجه الطبراني، والحاكم، والبيهقي،

926. ئەبۇ ئىيسا تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: «مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى) ياخشى ئەستە ساقلىۋېلىشى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېقىن تۇرۇشى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئەجەبلەندۈرىدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان. شەئبى مۇنداق دېگەن: «زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى بىر جىنازا نامىزى ئوقۇدى. ئۇنىڭ قېچىرى ئېلىپ كېلىنگەندە، ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئۇنىڭ ئۇلىغىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ بەردى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! ئۇنداق قىلما!> دېدى، ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بىز ئالىملىرىمىز ۋە چوڭلىرىمىزنى مۇشۇنداق ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز> دېدى. شۇنىڭ بىلەن زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ: <بىزمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىگە مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز>

[1] تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېدى».[1]

الله  تائالادىن بىزگە مەنپەئەتلىك ئىلىم، قوبۇل قىلىنغان خالىس ئەمەل، ھەققە رازى بولىدىغان ۋە الله تىن قورقىدىغان قەلب، الله نى دائىم ئەسلەيدىغان تىل ئاتا قىلىشىنى، بىزلەرنى ئالىملارنىڭ ھەققى ۋە قەدرىنى ئۆز لايىقىدا تونۇيدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى سورايمىز.

الله  تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] تەبەرانى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

# 14 ـ باب

## مېھماننىڭ ساھىبخانا ئۈستىدىكى ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيُطْعِمُونَ الطَّعَامَ عَلَى حُبِّهِ مِسْكِيناً وَيَتِيماً وَأَسِيراً﴾ «ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ جَاءَتْ رُسُلُنَا إِبْرَاهِيمَ بِالْبُشْرَى قَالُوا سَلَامًا قَالَ سَلَامٌ فَمَا لَبِثَ أَنْ جَاءَ بِعِجْلٍ حَنِيذٍ﴾ «شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: <ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز> دېدى. ئىبراھىم: <سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن> دېدى. ئۇ ئۇزاقىقا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ۝إِذْ دَخَلُوا عَلَيْهِ فَقَالُوا سَلَامًا قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُنْكَرُونَ۝فَرَاغَ إِلَى أَهْلِهِ فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ۝ فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ۝﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ [24] ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) <ناتونۇش ئادەملەرغۇ> دېدى [25]. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: <يېمەمسىلەر> دېدى [26ـ27]»[3].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

927. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ: «كان أوَّلَ من ضيَّفَ الضيفَ إبراهيمُ، وهو أولُ من اختَتَنَ على رأسِ ثمانينَ سنةٍ، واختتن بالقدُّومِ». رواه ابن عساكر، السلسلة الصحيحة: 725.

---

[1] سۈرە ئىنسان 8ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھۇد 69ـ ئايەت.

[3] سۈرە زارىيات 24ـ، 25ـ، 26ـ ۋە 27ـ ئايەتلەر.

927. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۇنجى بولۇپ مېھمان كۈتكەن كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام. تۇنجى بولۇپ خەتنە قىلىنغان كىشىمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئۇ 80 يېشىدا كەكە بىلەن خەتنە قىلىنغان».[1]

### ❖ مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى

**928. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه: «أنَّ رجلاً أتى النبَّي ﷺ فبعثَ إلى نسائه، فقلْنَ ما معَنا إلا الماءُ! فقال رسول اللَّه ﷺ: <من يَضمُّ أو يُضِيفُ هذا؟>، فقال رجلٌ من الأنصار: <أنا>، فانطلقَ به إلى امرأتِه، قال: <أكرمي ضيفَ رسولِ اللَّه ﷺ>، فقالت: <ما عندنا إلا قوتُ صبياني>، فقال: <هيِّئي طعامَكِ، وأصبحي سِراجَكِ>، ونوِّمي صبيانَكِ إذا أرادوا عَشاءً، فهيَّأت طعامَها، وأصبحَتْ سِراجَها، ونوَّمَت صبيانها، ثم قامت كأنها تُصلح سراجَها فأطفأَته، فجعَلا يُريانِه أنهما يأكلان فباتا طاويين، فلما أصبحَ غدا إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: <ضَحكَ اللَّه الليلةَ أو عَجِبَ من فِعَالِكُما>. فأنزل اللَّه: ﴿وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ﴾ الحشر: 9». رواه البخاري.**

928. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا (مېھمان بولۇپ) كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ (ئۇ كىشىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن) ئاياللىرىنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتتى، ھەممە ئاياللىرى بىردەك: <يېنىمىزدا سۇدىن باشقا يېگۈدەك نەرسە يوق> دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ كىشىنى كىم مېھمان قىلىدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: <مەن مېھمان قىلاي> دېدى. ئاندىن ئەنسارى ئۇ كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ ئايالىغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېھمىنىنى ھۆرمەتلەڭ!> دېگەنىدى، ئايالى: <يېنىمىزدا بالىلارنىڭ تائامىدىن باشقا يېگۈدەك نەرسە يوق> دېدى. ئەنسارى كىشى: <تامىقىڭىزنى تەييار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىراغنى ياندۇرۇپ بالىلارنى ئۇخلىتىڭ>

[1] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 725 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

دېدى. ئۇلار كەچلىك تاماق يېمەكچى بولغاندا، ئايالى تائامنى تەييارلاپ چىراغنى ياندۇردى ۋە بالىلىرىنى ئۇخلاتتى. ئاندىن كېيىن چىراغنى ئوڭشاۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە ئۇ ئىككىسى مېھمانغا ئۆزىنى تاماق يەۋاتقاندەك كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسى ئاچ قورساق تۈنىدى. ئەتىسى ئەنسارى كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <الله تائالا بۇ كېچە ئىككىڭلارنىڭ ئىشىدىن كۈلدى ۋە خۇرسەن بولدى> دېدى. ئاندىن كېيىن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ>[1]»[2].

929. وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إن اللّه كريم يحبُّ الكُرمَاء، جَوادٌ يحبُّ الجوَدَةَ، يحبُّ معالي الأخلاقِ ويكره سَفْسَافَها». أخرجه ابن عساكر، صحيح الجامع: 1800.

929. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ؛ مەردتۇر، مەردلىكنى ياخشى كۆرىدۇ؛ گۈزەل ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەخلاقسىزلىقلارنى يامان كۆرىدۇ»[3].

930. وعن صُهيب رضي اللّه عنه، قال: سمعتُ الرسولَ ﷺ يقول: «خيارُكم من أطعمَ الطعامَ». أخرجه أحمد، وابن ماجه، السلسلة الصحيحة: 44.

930. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار، مىسكىنلەرگە تائام بەرگەنلىرىڭلاردۇر»[4].

931. أبي شريحٍ، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «من كان يُؤمنُ باللّه واليومِ الآخر فليُكرِمِ

---

[1] سۈرە ھەشر 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

[4] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

ضيفَه». متفق عليه.

931. ئەبۇ شۇرەيھتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن!».[1]

932. وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه: «أنَّ رجلاً سأل النبيَّ ﷺ: <أي الإسلام خير؟>، قال ﷺ: <تُطعمُ الطعامَ، وتقرأ السلامَ على من عرَفْتَ وعلى من لم تَعرِف>». البخاري.

932. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: <ئىسلامدىكى ياخشى خىسلەتلەر قايسى؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئاچلارغا تائام بېرىشىڭ، تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىلەرگە سالام قىلىشىڭ> دەپ جاۋاب بەردى».[2]

933. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «اعبدوا الرحمن، وأطعموا الطعامَ، وأفشُوا السلامَ، تدخلوا الجنَّة بسلام». أخرجه البخاري في الأدب المفرد، والترمذي، السلسلة الصحيحة: 571.

933. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، مىسكىنلەرگە تاماق بېرىڭلار، سالامنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار! شۇنداق قىلساڭلار، جەننەتكە خاتىرجەم كىرەلەيسىلەر».[3]

934. وعن عليٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ في الجنَّةِ غُرَفاً تُرَى ظُهُورُها من بطُونها، وبطُونُها من ظُهُورها . فقام أعرابيٌّ فقال: <لمن هي يا رسولَ اللَّه؟>، فقال: <لمن أطَابَ الكلامَ، وأطعمَ الطعامَ، وأدامَ الصيامَ، وصلَّى بالليل والنَّاسُ نيامٌ>». صحيح سنن الترمذي: 1616.

934. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان.

«پەيغەمبەر ﷺ: <جەننەتتە بىر ساراي بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن سىرتى، سىرتىدىن ئىچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ> دېگەنىدى، بىر سەھرالىق كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ساراي كىمنىڭ؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ياخشى سۆز قىلغان، ئاچلارغا تائام بەرگەن، دائىم نەپلە روزا تۇتقان ۋە كىشىلەر كېچىسى ئۇخلاپ قالغاندا ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ> دەپ جاۋاب بەردى».[1]

935. **عن يزيد ابن المقدام بن شريح بن هاني عن المقدام عن أبيه، عن هاني: «أنه لما وفدَ على رسولِ اللَّه ﷺ قال: <يا رسولَ اللَّه أيُّ شيءٍ يوجبُ الجنَّةَ؟>، قال: <عليكَ بحُسْنِ الكلامِ، وبذلِ الطعامِ>». أخرجه البخاري.**

935. يەزىد ئىبنى مىقدام ئىبنى شۇرەيىھ دادىسى ھانىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى ئەمەل جەننەتكە كىرگۈزىدۇ؟> دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ياخشى سۆز قىلىش ۋە ئاچلارغا تائام بېرىش> دېدى».[2]

### ❖ بېخىللىق ۋە مېھمىنىنى كۈتمەسلىكنىڭ ئەيىبلىنىدىغانلىقى

936. **وعن عُقبة بن عامر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا خيرَ فيمن لا يُضِيف». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 2434.**

936. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېھمىنىنى كۈتمەيدىغان كىشىلەردە ياخشىلىق يوق».[3]

937. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «شَرُّ ما في الرجلِ شِحٌّ هالِعٌ، وجُبنٌ خالِعٌ». أخرجه أحمد، وأبو داود، السلسلة الصحيحة: 560.**

937. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چېكىدىن ئاشقان بېخىللىق ۋە ھەددىدىن زىيادە

[1] تىرمىزى توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان.

قورقۇنچاقلىق ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىللەتتۇر».①

938. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: خطبَ رسولُ اللَّه ﷺ فقال: «إيَّاكُم والشُّحَّ فإنما هلَكَ من كان قبلكُم بالشُّحِّ: أمرَهُم بالبُخلِ فبَخِلُوا، وأمرهُم بالقطِيعة فقطَعُوا، وأمرَهُم بالفجورِ ففجَرُوا». صحيح سنن أبي داود: 1489.

938. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ بىر خۇتبىدە مۇنداق دېگەن: «پىخسىقلىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر پىخسىقلىق سەۋەبىدىن ھالاك بولغان ئىدى. پىخسىقلىق ئۇلارنى بېخىللىققا بۇيرۇۋېدى، ئۇلار بېخىللىق قىلدى؛ سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشكە بۇيرۇۋېدى، ئۇلار سىلە-رەھىم قىلمايدىغان بولدى؛ گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇۋېدى، ئۇلار گۇناھ ئىشلارنى قىلدى».②

939. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إيَّاكُم والشُّحَّ، فإنَّه دعا مَن كان قبلَكُم فسَفَكُوا دِماءَهم، ودعا من كان قبلَكُم فقَطَّعوا أرحامَهم، ودعا من كان قبلَكُم فاستحَلُّوا حُرُماتِهم». رواه ابن حبّان في صحيحه، والحاكم.

939. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بېخىللىقتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى بېخىللىق سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى قان تۆكۈشكە ئۈندىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزئارا قان تۆكۈشتى؛ سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشكە ئۈندىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشتى؛ ھاراملارنى ھالال ساناشقا ئۈندىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھاراملارنى ھالال ساناشتى».③

940. وعن عمرو بن شُعيب، عن أبيه، عن جده، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «صلاحُ أوَّلِ هذه الأمة بالزُّهدِ واليقين، ويَهلِكُ آخِرُها بالبُخل والأمَل». أخرجه أحمد في الزهد وغيره، السلسلة الصحيحة: 3427.

940. ئەمىر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسىدىن، ئاتىسى ئۇنىڭ بوۋىسىدىن

---

① ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

③ ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان.

نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋۋىلى زاھىدلىق ۋە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئىسلاھ بولغان، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرى بېخىللىق ۋە قۇرۇق ئارزۇ بىلەن ھالاك بولىدۇ».[1]

941. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يجتمعُ غبارٌ في سبيل اللَّه ودُخانُ جهنَّم في جوفِ عبدٍ أبداً، ولا يجتمعُ شُحٌّ وإيمانٌ في قلبِ عبدٍ أبداً». رواه النسائي، وابن حبان في صحيحه،

941. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى چاڭ-توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بىر ئىنساننىڭ قورسىقىدا ھەرگىز جەم بولمايدۇ، پىخسىقلىق بىلەن ئىمان بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە ھەرگىز جەم بولمايدۇ».[2]

942. وفي رواية: «لا يجمعُ اللَّه في قلبِ امرئٍ مسلمٍ الإيمانَ، والشُّحَّ جميعاً». صحيح سنن النسائي: 2918.

942. يەنە بىر نەقىلدە: «الله تائالا مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن چېكىدىن ئاشقان بېخىللىقنى جەملىمەيدۇ» دەپ كەلگەن.[3]

943. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «خصلتان لا تجتمعان في مؤمن: البُخلُ، وسوءُ الخلُقِ». رواه الترمذي وغيره، صحيح الترغيب: 2608.

943. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بېخىللىق ۋە ناچار ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى ئىللەت مۆئمىننىدە جەملەشمەيدۇ».[4]

944. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «اجتنبوا السَّبعَ الموبقات»، قيل: «يا رسولَ اللَّه ما هي؟»، قال: «الشِّركُ باللَّه، والشُّحُّ، وقَتلُ النَفسِ التي حَرَّمَ اللَّه إلا بالحق، وأَكلُ الرِّبا، وَأَكلُ مَالِ اليَتيمِ، والتَوَلِّي يومَ الزَّحفِ، وقَذفُ المُحصَناتِ الغافلات

---

[1] ئەھمەد، بەيھەقى ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 2608- نومۇرلۇق ھەدىس.

المُؤمناتِ». صحيح سنن النسائي: 3432.

944. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار!» دېدى. بەزى ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «اللہ قا شېرىك كەلتۈرۈش، ھەددىدىن زىيادە بېخىللىق، اللہ ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭدىن قېچىش، ئىپپەتلىك ۋە پاك مۇئمىن ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلار» دېدى.[1]

945. قال أبو بكرٍ الصديق: «وأي داءٍ أدوأُ من البخل، قالها ثلاثاً». البخاري.

945. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بېخىللىقتىنمۇ ئېغىر كېسەل بارمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان.[2]

946. دخلت امرأةٌ على عائشةَ رضي اللَّه عنها، قد شُلَّت يدُها فقالت: «يا أمَّ المؤمنين، بتُّ البارحةَ صحيحةَ اليدِ فأصبَحَت شلاَّءَ!»، قالت عائشة: «وما ذاك؟»، قالت: «كان لي أبَوان موسِران، كان أبي يُعطي الزكاة ويُقرِي الضيف ويُعطي السائلَ ولا يحقرَ من الخير شيئاً إلا فعلَه، وكانت أمي امرأةً بخيلةً مُمسِكةً، لا تصنعُ في مالها خيراً، فمات أبي ثم ماتت أمي بعده بشهرين، فرأيتُ البارِحةَ في منامي أبي وعليه ثوبان أصفران، بين يديه نهرٌ جارٍ، قلت: <يا أبَه ما هذا؟>، قال: <يا بنية من يعمل في هذه الدنيا خيراً يره، هذا أعطانيهِ اللَّه تعالى>. قلت: <فما فعلت أمي؟>، قال: <وقد ماتت أمك؟>، قلت: <نعم>، قال: <هيهات! عدلت عنا، فاذهبي فالتمسيها ذاتَ الشمال>. فملتُ عن شمالي، فإذا أنا بأمي قائمة عريانة متزرة بخرقةٍ، بيدها شُحيمة تنادي: <والهفاه، واحسرتاه، واعطَشَاه>. فإذا بلغها الجهد دلكت تلك الشحيمة براحتها ثم لحستها، وإذا بين يديها نهرٌ جارٍ، قلت: <يا أُمَّاه ما لك تنادين العطشَ، وبين يديك نهرٌ جار؟!>، قالت: <لا أُترَكُ أن أَشربَ منه>. قلت: <أفلا أسقيك؟>، قالت: وددتُ أنَّك فعلت، فغرفتُ لها غُرفةً فسقيتها، فلما شربت نادى منادٍ من ذات اليمين: <ألا من سقى هذه المرأة شُلَّت> يمينه ـ مرتين ـ فأصبحتُ

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەسائى توپلىغان.

شلاَّء اليمين، لا أستطيع أن أعمل بيميني». قالت لها عائشة: «وعرَفْتِ الخرقَة؟»، قالت: «نعم يا أمَّ المؤمنين، وهي التي رأيتها عليها، ما رأيت أمي تصدقت بشيء قط، إلا أن أبي نحرَ ذاتَ يومٍ ثوراً، فجاء سائلٌ فعمدت أمي إلى عظمٍ عليه شُحيمة فناولته إيَّاه، وما رأيتُها تصدَّقت بشيءٍ إلا أنَّ سائلاً جاء يسأل، فعمدت أمي إلى خرقة فناولتها إياه! فكبَّرت». عائشة رضي اللَّه عنها وقالت: «صدق اللَّه وبلَّغ رسولُه: ﴿فَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ ۝ وَمَنْ يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ ۝﴾». الزلزلة:7-8 . قال ابن رجب في مجموع رسائله 430/2:

946. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا قولى چولاق بىر ئايال كېلىپ: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن تۈنۈگۈن كېچە قولۇم ساق ياتقان ئىدىم، ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرسام قولۇم ئىشلىمەيۋاتىدۇ» دېگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: «مېنىڭ ئاتا-ئانام ناھايىتى باي كىشىلەردىن ئىدى، ئاتام زاكات بېرەتتى، مېھماننى ھۆرمەتلەيتتى، سائىلغا پۇل-مال بېرەتتى، كىچىككىنە ياخشىلىق بولسىمۇ ئۇنى قولدىن بەرمەيتتى. ئانام بولسا بېخىل، مېلىنى ھېچبىر ياخشىلىققا ئىشلەتمەيدىغان ئايال ئىدى. ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، ئاتام ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى. مەن تۈنۈگۈن كېچە چۈشۈمدە ئاتامنى كۆرۈپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى سېرىق كىيىم تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن. مەن: ‹ئى ئاتا! بۇ نېمە ئۆستەڭ؟› دەپ سورىسام، ئاتام: ‹قىزىم! كىم دۇنيادا ياخشى ئەمەل قىلسا، ئەمىلىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدىكەن، الله تائالا ماڭا بۇ نېئمەتلەرنى ئاتا قىلدى› دېدى. مەن: ‹ئانامچۇ؟› دەپ سورىسام، ئاتام: ‹ئانىڭىز ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟› دەپ سورىدى. مەن: ‹ھەئە› دەپ جاۋاب بەردىم. ئاتام: ‹ئانىڭىز بىزدىن يىراقتا، سول تەرەپلەردىن ئىزدەپ بېقىڭ› دېدى. مەن سول تەرىپىمگە شۇنداقلا قارىسام ئانام بىر پارچە رەختتە ئەۋرىتىنى يۆگەپ، بەدىنىنىڭ باشقا يېرى كىيىمسىز تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا كىچىككىنە بىر پارچە ياغ تۇرغۇدەك، ئۇ: ‹ۋاي ھەسرەت! ۋاي ئۇسسۇزلۇق!› دەپ تۈۋلاۋاتقۇدەك. ئەگەر ئۇسسۇزلۇق

كۈچەيسە شۇ ياغنى ئالقىنىدا ئۆلاپ ئۇنى يالاۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن، مەن: <ئى ئانا! ئالدىڭىزدا ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ تۇرسا، نېمىگە ۋاي ئۇسسۇزلۇق دەپ توۋلايسىز؟> دەپ سورىسام، ئانام: <ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىشىمگە رۇخسەت بېرىلمەيدۇ> دېدى. مەن: <سىزگە سۇ ئېلىپ بېرەيمۇ؟> دەپ سورىسام، ئانام: <شۇنداق قىلىشىڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتىم> دېدى. مەن بىر ئۇچۇم سۇنى ئېلىپ ئانامغا ئىچۈردۈم، ئانام سۇنى ئىچىپ بولغاندا، ئوڭ تەرەپتىن: <بۇ ئايالغا سۇ بەرگەن كىشىنىڭ ئوڭ قولى چولاق بولۇپ كەتسۇن!> دەپ ئىككى قېتىم نىدا ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئەتىگەن تۇرسام ئوڭ قولۇم ئىشلىمىدى. ئوڭ قولۇمنى ئىشلىتەلمەيۋاتىمەن» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ ئايالغا: «ھېلىقى رەخت ئېسىڭىزدە بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئايال: «ھەئە، ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! مەن ئانامنىڭ ئۈستىدە كۆرگەن ھېلىقى رەختنى تونۇيالايمەن. مەلۇم بىر كۈنى دادام كالا ئۆلتۈرگەندە بىر ھاجەتمەن كېلىۋېدى، ئانام ئۇنىڭغا ئازراق يېغى بار سۆڭەكنى بەرگەن ئىدى. مەن ئانامنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە سەدىقە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم، بىراق بىر سائىل بىرنەرسە سوراپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىر پارچە رەخت بەرگەنىدى» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەكبىر ئېيتىپ: «<الله تائالا راست ئېيتقان ۋە الله نىڭ ئەلچىسى يەتكۈزگەن> دەپ مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: <كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ [7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ [8]>».①

**❖ مېھماننى ئۈچ كۈن كۈتۈش مېھماننىڭ ساھىبخانا ئۈستىدىكى ھەققىدۇر، ئارتۇقى ساھىبخانىغا سەدىقىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ**

**947. عن أبي شريح الخزاعي رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «الضيافةُ ثلاثةٌ**

① ئىبنى رەجەبنىڭ «مجموع رسائله» ناملىق كىتابى 2- توم 430- بەت.

أيامٍ، وجائزَتُه يومٌ وليلة، ولا يحلُّ لرجلٍ مسلم أن يقيم عند أخيه حتى يُؤثِمَهُ، قالوا: <يا رسول اللَّه وكيف يُؤثِمُه؟>، قال: <يقيم عنده ولا شيء له يقريه به>». مسلم.

947. ئەبۇ شۇرەيھ ئەلخۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «مېھماننى كۈتۈش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ، ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش بىر كېچە-كۈندۈز بولىدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنى گۇناھكار قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە (ئۇزۇن) تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس» دېگەندى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قانداق گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋالىدۇ، بىراق ساھىبخانىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغۇدەك نەرسىسى قالمايدۇ> دەپ جاۋاب بەردى».[①]

948. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «من كان يؤمنُ باللَّه واليومِ الآخرِ فليُكرِم ضيفَه؛ جائزَتُه يومٌ وليلةٌ، والضيافةُ ثلاثة أيامٍ، فما بعد ذلك فهو صَدقة، ولا يحلُّ له أن يَثويَ عنده حتى يُحَرِّجَه». متفق عليه.

948. ئەبۇ شۇرەيھ ئەلخۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن! مېھماننى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش بىر كېچە-كۈندۈز بولىدۇ. مېھمان قىلىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ، ئۈچ كۈندىن ئارتۇقى سەدىقىدۇر. مېھماننىڭ قېرىندىشىنىڭ يېنىدا ئۇنى گۇناھكار قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن تۇرۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ».[②]

949. سئل مالك عن قول النبي ﷺ: «جائزته يوم وليلة». فقال: «يُكرمه ويُتحفِه ويحفظَه يوماً وليلة، وثلاثةُ أيامٍ ضيافة». صحيح سنن أبي داود: 3188.

949. ئىمام مالىكتىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «مېھماننى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىش بىر كېچە-كۈندۈز بولىدۇ» دېگەن سۆزى توغرۇلۇق سورالغاندا، ئۇ: «مېھماننى

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىر كېچە ـ كۈندۈز هۆرمەتلەيدۇ، قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەمما مېهمان قىلىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

950. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن النبي ﷺ قال: «الضيافَةُ ثلاثةُ أيامٍ فما سوى ذلك فهو صدقةٌ». صحيح سنن أبي داود: 3189.

950. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېهمان قىلىش ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن ئارتۇقى سەدىقىدۇر».[2]

951. وعنه، قال سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «للضيف على مَن نزَلَ به من الحقِّ ثلاثٌ، فما زادَ فهو صدقةٌ، وعلى الضيفِ أن يرتحِلَ؛ لا يؤثِّمَ أهلَ المنزِلِ». رواه أبو يعلى والبزار، صحيح الترغيب: 2590.

951. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مېهماننىڭ ساهىبخانا ئۈستىدىكى هەققى ئۈچ كۈن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇقى سەدىقە بولىدۇ. مېهمان بولغۇچى ئۆي ئىگىسىنى گۇناهكار قىلماستىن قايتىپ كېتىشى لازىم».[3]

952. وعن أبي كريمة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ليلةُ الضيفِ حقٌّ على كلِّ مسلم، فمن أصبحَ بفنائه، فهو عليه دَينٌ؛ إن شاءَ اقتضى، وإن شاء ترك». رواه أبو داود، وابن ماجه، صحيح سنن أبي داود: 3190.

952. ئەبۇ كەرىمە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېهماننى بىر كېچە كۈتۈش هەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتتۇر. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر كېچە قونۇپ قالسا، ئۇ مۇسۇلمان ئۇنىڭغا قەرزداردۇر. ئۇ مېهمان خالىسا هەققىنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا تەلەپ قىلمايدۇ».[4][5]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

[3] بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

[5] «خالىسا هەققىنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا تەلەپ قىلمايدۇ» دېگىنى ــ خۇددى قەرز بەرگۈچىنىڭ هالىتىگە

**❖ ئەگەر بىر كىشى بېخىل بىر قەۋمگە مېھمان بولۇپ بېرىپ، ئۇلار ئۇنى مېھمان قىلمىسا، ئۇ مېھمان ئۆزىگە يېتەرلىك ھەققىنى ئۆزى ئالسا ئۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن ھەققىنى ئالالمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ كىشى ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى لازىم بولىدۇ.**

953. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه ،أن النبي ﷺ قال: «أيما ضيفٍ نزلَ بقومٍ، فأصبحَ الضيفُ محروماً، فله أن يأخذَ بقدْرِ قِراه، ولا حرجَ عليه». أخرجه أحمد، والحاكم، صحيح الجامع: 2730.

953. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر مېھمان بىر قەۋمگە چۈشكۈن قىلىپ ھەققى بېرىلمەي تاڭ ئاتقۇزغان بولسا، ئۆزىنىڭ مېھمان قىلىنىش مىقدارىدا بىرنەرسە ئالسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ».①

954. وعن عقبة بن عامر رضي اللّه عنه: قال: قلنا: «يا رسول اللّه إنك تبعثُنا، فننزِلُ بقومٍ فلا يُقروننا، فما ترى؟»، فقال لنا رسول اللّه ﷺ: «إن نزلتم بقومٍ فأمروا لكم بما ينبغي للضيفِ فاقبلوا، فإن لم يفعلوا فخذوا منهم حقَّ الضيفِ الذي ينبغي لهم» متفق عليه.

954. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنى (بىر يەرلەرگە) ئەۋەتىپ، مېھمان قوبۇل قىلمايدىغان بىر قەۋمگە چۈشكۈن قىلىپ قالساق قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر شۇنداق بىر قەۋمگە مېھمان بولۇپ چۈشكۈن قىلىپ قالساڭلار، ئۇلاردىن مېھمانغا بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى تەلەپ قىلىڭلار، ئەگەر مېھمان قىلسا قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر قىلمىسا تېگىشلىك بولغان ھەققىڭلارنى ئۇلاردىن ئېلىڭلار» دېدى.②

955. وعن المقداد بن مَعْدِ يكرِبَ الكِنْدِي رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «أيُّما رجُلٍ

---

ئوخشاش بولۇپ، قەرز بەرگۈچى خالىسا قەرزىنى سۈيلەپ ئالىدۇ، خالىسا ئالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ مېھمان خالىسا ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئالىدۇ، خالىسا ئۆتۈۋېتىدۇ.

① ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

أضافَ قوماً فأصبحَ الضيفُ محروماً، فإنَّ نصرَهُ حقٌّ على كلِّ مسلم حتى يأخذَ بِقِرَى ليلتهِ من زرعِه ومالِه». رواه أبو داود، والحاكم، وقال: صحيح الإسناد.

955. مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىب كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئادەم بىر قەۋمگە مېھمان بولۇپ چۈشسە، بىراق ئۇ قەۋم ئۇنى مېھمان قىلمىسا، ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ زىرائەت ياكى مېلىدىن بىر كېچىلىك ھەققىنى ئالغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر».[1]

**❖ ساھىبخانىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇربىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردا مېھمىنىغا تەكەللۇپ قىلىشى لايىق ئەمەس، ئىسلام تەكەللۇپ قىلىشتىن توسىدۇ**

956. عن شقيق، قال: «دخلت أنا وصاحبٌ لي على سَلمان، فقرَّب إلينا خبزاً وملحاً، فقال: <لولا أن رسولَ اللَّه ﷺ نهانا عن التكلُّف لتكلَّفتُ لكم ثم جاء بخبز وملح>، فقال صاحبي: <لو كان في ملحنا سَعْتَرُ>، فبعثَ بمطهرَته إلى البقال فرهنَها، فجاءَ بِسَعْتَرٍ فألقاه فيه، فلما أكلنا، قال صاحبي: <الحمد اللَّه الذي قنعنا بما رزَقنا>، فقال سلمان: <لو قنعتَ بما رُزِقتَ لم تَكن مطهرَتي مرهونةٌ عند البقال>». أخرجه الحاكم وغيره، السلسلة الصحيحة: 2392.

956. شەقىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ھەمراھىم بىلەن سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرگەنىدىم، ئۇ: <ئەگەر پەيغەمبەر ﷺ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشتىن توسمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەرنى ئالاھىدە كۈتكەن بولاتتىم> دېدى، ئاندىن نان بىلەن تۇز ئېلىپ كەلدى. ھەمراھىم: <تۇز بىلەن يالپۇز بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە؟!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇيۇنىدىغان دېسىنى مېۋە ـ چېۋە سودىگىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇنى گۆرۈگە قويۇپ يالپۇز ئەكەلدۇردى. بىز تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ھەمراھىم: <بىزگە بەرگەن رىزىق بىلەن بىزنى قانائەتلەندۈرگەن الله قا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن!> دەپ دۇئا

[1] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ﷲ تەرىپىدىن بېرىلگەن رىزىققا قانائەت قىلغان بولساڭ، مېنىڭ دېسىم مېۋە ـ چېۋە سودىگىرىگە گۆرۈگە قويۇلمىغان بولاتتى› دېدى».①

957. وعنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يتكلَّفَنَّ أحدٌ لِضيفِه ما لايَقدِرُ عليه». السلسلة الصحيحة: 2440.

957. شەقىقتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى تاپالمىغان نەرسىسى ئۈچۈن مېھمىنىغا تەكەللۇپ② قىلمىسۇن».③

958. وعن أم هانئ بنت أبي طالب قالت: «دخل عليَّ رسولُ اللَّه ﷺ فقال: ‹هلْ عندكُم شيء؟›، فقلت: ‹لا؛ إلا كِسَرٌ يابسةٌ وخَلٌّ›. فقال النبي ﷺ: ‹قربيه فما أقفَرَ بيتٌ من أدْمٍ فيه خَلٌّ›». صحيح سنن الترمذي: 1502.

958. ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ: ‹يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟› دەپ سورىدى، مەن: ‹بىر پارچە قۇرۇق نان بىلەن ئازراق سىركىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق› دېدىم. پەيغەمبەرﷺ: ‹شۇنى ئېلىپ كەلگىن! سىركە بار ئۆيدە نان قۇرۇق يېيىلگەن ھېسابلانمايدۇ› دېدى».④

959. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، عن النبي ﷺ قال: «نعمَ الإدَامُ الخلُّ». مسلم.

959. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىركە بەك ياخشى تېتىتقۇ».⑤

960. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «طعامُ الواحد يكفي الاثنين، وطعامُ الاثنين يكفي الأربعةَ، وطعامُ الأربعةِ يكفي الثَّمانيةَ». مسلم.

---

① ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2392 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② «السلسلة الصحيحة» 2440 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ تەكەللۇپ ــ «يالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئۆزىنى قىيناش ۋە جاپا تارتىش» دېگەن مەنىدىدۇر. نۇرغۇن ئايالالار كىشىلەرگە ئۆزىنى باياشات قىياپەتتە كۆرسىتىش ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى مەقسەت قىلىپ، ئەرلىرىنى قىيىنچىلىقتا قويىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە، ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەن ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدۇ. بۇ ھەدىس بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چەكلەيدۇ.

④ تىرمىزى توپلىغان.

⑤ مۇسلىم توپلىغان.

960. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بىر كىشىلىك تاماق ئىككى كىشىگە يېتىدۇ، ئىككى كىشىلىك تاماق تۆت كىشىگە يېتىدۇ، تۆت كىشىلىك تاماق سەككىز كىشىگە يېتىدۇ».[1]

961. وعن عبدِ اللَّه بن عُبَيد بن عَميرَةَ، قال: «دخل على جابر نفرٌ من أصحاب النبيِّ ﷺ فقدَّمَ إليهم خُبزاً وخَلاًّ، فقال: كلوا، فإني سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <نِعْمَ الإدامُ الخلُّ، إنه هلاكٌ بالرجلِ أن يدخُلَ إليه النَّفرُ من إخوانه فيَحتقرَ ما في بيتِه أن يُقدِّمَهُ إليهم، وهلاكٌ بالقومِ أن يحتقروا ما قُدِّمَ إليهم>». رواه أحمد، والطبراني.

961. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئەمىيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرقانچە نەپەر كىشى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىردى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «نان ۋە سىركە ئېلىپ كېلىپ يەڭلار! مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <سىركە نېمىدېگەن ياخشى تېتىتقۇ-ھە! قېرىنداشلىرى ئۆيىگە كىرسە، ئۆيىدىكى بار نەرسىنى ئۇلارغا ئەكىلىشنى تۆۋەن كۆرگەن كىشى ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. ئالدىغا قويۇلغان تائامنى تۆۋەن كۆرگەن كىشىلەرمۇ ھالاك بولۇپ كېتىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى.[2]

962. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: دخَلَ عليه قومٌ يعودونَه في مرَضٍ له، فقال: «يا جاريَةُ هلُمِّي لأصحابنا ولو كِسَراً، فإني سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <مَكارمُ الأخلاقِ من أعمالِ الجنَّة». رواه الطبراني في الأوسط بإسنادٍ جيد.

962. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئاغرىپ قالغاندا بىر بۆلۈك كىشىلەر مېنى يوقلاپ كىرگەن بولۇپ، مەن دېدىكىمگە: «ئى قىزچاق! ھەمراھلىرىمىزغا پارچە نان بولسىمۇ ئېلىپ كېلىڭ، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <گۈزەل ئەخلاق جەننەت ئەمەللىرىنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

قاتارىدىن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدىم.①

**❖ بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان توي زىياپىتى ئەڭ ناچار زىياپەتتۇر**

963. **عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «شرُّ الطعامِ طعامُ الوليمةِ؛ يُدعَى لها الأغنياء، ويُترَكُ الفقراء، ومَن تركَ الدعوةَ فقد عصى اللّه تَعالى ورسولَه». البخاري.**

963. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: « بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمايدىغان توي تائامى نېمىدېگەن يامان ـ ھە! كىمكى چاقىرىلغان يەرگە بارمىسا، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».②

964. **وكان أبو هريرة رضي اللّه عنه، يقول: «بئسَ الطعامُ طعامُ الوليمةِ؛ يُدعى إليه الأغنياء ويُترَكُ المساكين». مسلم.**

964. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر تاشلاپ قويۇلىدىغان توي زىياپىتى ئەڭ ناچار زىياپەتتۇر» دەيتتى.③

965. **وعنه، عن النبي ﷺ قال: «شرُّ الطعام طعام الوليمةِ؛ يُمنَعَها من يأتيها ويُدعى إليها مَن يأباها». مسلم**

965. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزلۈكىدىن كېلىدىغان كىشىلەر (يەنى مىسكىنلەر) چەكلىنىپ، كېلىشنى خالاپ كەتمەيدىغان كىشىلەر (يەنى بايلار) چاقىرىلىدىغان توي زىياپىتى نېمىدېگەن يامان ـ ھە».④

**❖ كۆپ كىشىلەر توپلىشىپ بىرلىكتە تائام يېيىلگەن زىياپەت الله تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان زىياپەتتۇر**

---

① تەبەرانى توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ مۇسلىم توپلىغان.

966 . عن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ أحبَّ الطعامِ إلى اللَّه ما كَثُرَت عليه الأيدِي». رواه أبو يعلى والطبراني، صحيح الترغيب: 2133.

966. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا كۆپ كىشىلەر داخىل بولغان تاماقنى بەك ياخشى كۆرىدۇ».①

967. وعن وحشي بن حرب رضي اللَّه عنه، عن أبيه عن جده قال: «قالوا يا رسولَ اللَّه إنَّا نأكلُ ولا نشبَعُ؟»، قال: «تجتمعون على طعامِكم أو تتفرقون؟». قالوا: «نتفرَّقُ». قال:«اجتمعوا على طعامِكُم، واذكروا اسمَ اللَّه؛ يُبارَكْ لكم فيه». رواه أبو داود وابن ماجه وابن حبان، صحيح الترغيب: 2128.

967. ۋەھشى ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوۋىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز تاماق يەيمىز-يۇ، لېكىن تويمايمىز» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەر تائامنى بىرلىكتە يەمسىلەر ياكى ئايرىم-ئايرىم يەمسىلەر؟» دەپ سورىدى. ساھابىلەر: «ئايرىم-ئايرىم يەيمىز» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بىر يەرگە جەم بولۇپ، تاماقنى بىرلىكتە يەڭلار! تاماقنى يېگەندە: <بىسمىللاھ> دەپ باشلاڭلار! شۇنداق قىلساڭلار الله تامىقىڭلارغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ» دېدى.②

968. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنهما قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «كلوا جميعاً ولا تَتفرَّقوا». رواه الطبراني في الأوسط، صحيح الترغيب: 2132.

968. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «توپلىشىپ يەڭلار، بۆلۈنمەڭلار».③

### ❖ زىيارەت قىلىش ۋە مېھمان قىلىشقا ئالاقىدار ئومۇمىي ئەدەپلەر

969. عن عبد اللَّه بن بُسْر صاحب النبيِّ ﷺ: «أنَّ النبيَّ ﷺ كان إذا أتى باباً يريدُ أن يستأذِنَ لم يستقبلْهُ؛ جاء يميناً وشمالاً؛ فإن أُذِنَ له وإلا انصرفَ». صحيح الأدب المفرد:

① ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

③ تەبەرانى «الاوسط»ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

.822

969. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەمراھى ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىرەر كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سورىماقچى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىشىكىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرماستىن، ئوڭ ياكى سول تەرەپتە تۇرۇپ ئىزنى سورايتتى. ئەگەر رۇخسەت بېرىلسە كىرەتتى، بېرىلمىسە قايتىپ كېتەتتى».[1]

970. وعن سَهْل بن سعْد رضي اللّه عنه: **«أن رجلاً اطَّلَعَ من جحر في باب النبيِّ ﷺ ومع النبيِّ ﷺ مِدْرَى يحكُّ به رأسَه، فلما رآهُ النبيُّ ﷺ قال: <لو أعلمُ أَنَّكَ تنظرُني لطعنتُ به عينَكَ، إنَّما جُعِلَ الإذنُ من أجلِ البصَرِ>». صحيح الأدب المفرد: 816.**

970. سەھىل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن يوشۇرۇنچە قارىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ۋاقىتتا تارغاق بىلەن بېشىنى قاشلاۋاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىنى ئۇچراتقاندا ئۇنىڭغا: <ئەگەر سېنىڭ قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، تارغاقنى كۆزۈڭگە سانجىۋەتكەن بولاتتىم. رۇخسەت سوراش — كۆزنىڭ (نامەھرەمنى كۆرۈپ قېلىشتىن) ساقلىنىشى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان> دېدى».[2]

971. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: **«لو اطَّلَع رجلٌ في بيتِك، فخذفته بحصاةٍ، ففقأت عينَه، ما كان عليكَ جناح». صحيح الأدب المفرد: .814**

971. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى ئۆيۈڭگە يوشۇرۇنچە قارىسا، ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ كۆزىنى قۇيۇۋەتسەڭمۇ ساڭا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ».[3]

972. وعن مسلم بن نُذَير: **«قال استأذَنَ رجلٌ على حُذيفة، فاطَّلَعَ وقال: <أدخلُ؟!>، قال حذيفة: <أما عينُك فقد دخلت، وأما استُكَ فلم تدخل>». صحيح الأدب المفرد: 830.**

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 812- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 816- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 814- نومۇرلۇق ھەدىس.

972. مۇسلىم ئىبنى نۇزەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ئۆيىگە) قاراپ: ‹كىرسەم بولامدۇ؟› دەپ سورىۋېدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹كۆزۈڭ ئالدىبۇرۇن ئۆيگە كىرىپ بولدى، ئەمما سەنلا قالدىڭ› دەپ جاۋاب بەردى».①

973. وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: «أتيتُ النبيَّ ﷺ في دَينٍ كان على أبي، فدقَقْتُ البابَ، فقالَ: ‹مَن ذا؟›، فقلتُ: ‹أنا›، فقال: ‹أنا، أنا؟! ›،كأنه كرهه». صحيح الأدب المفرد: 828.

973. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئاتامنىڭ ئۈستىدىكى قەرز توغرۇلۇق پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كەلگەن ئىدىم. مەن كېلىپ ئىشىكنى چەكتىم. پەيغەمبەر ﷺ: ‹كىم؟› دەپ سورىۋېدى، مەن: ‹مەن› دەپ جاۋاب بەرسەم. پەيغەمبەر ﷺ خۇددى ‹مەن› دېگەن سۆزنى ياقتۇرمىغاندەك مەندە: ‹مەن، مەن› دېدى».②③

974. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: «استأذنَ عمر على النبيِّ ﷺ فقال: السلام على رسول اللَّه، السلام عليكم، أيَدخلُ عمر». صحيح الأدب المفرد: 827.

974. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كىرمەكچى بولۇپ: ‹ئەسسالام، رەسۇلۇللاھ! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆمەر كىرسە بولامدۇ؟› دېگەن ئىدى».④

975. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا استأذَنَ أحدُكُم ثلاثاً فلم يؤذَن له؛ فليرجِعْ». متفق عليه.

975. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

① «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 830- نومۇرلۇق ھەدىس.

② «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 828- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ بىر كىشى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سورىغاندا ياكى يوقلاپ كەلگەندە: «مەن» دېمەي، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى دېيىش سۈننەتتۇر.

④ «صحيح الأدب المفرد» ناملىق كىتاب 827- نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ئۈچ قېتىم رۇخسەت سورىسىمۇ رۇخسەت بېرىلمىسە، قايتىپ كەتسۇن». [1]

976. وفي رواية عند الترمذي: «الاستئذانُ ثلاثٌ؛ فإن أُذِن لك وإلا فارجِعْ». قال الترمذي: حديث حسنٌ صحيح.

976. تىرمىزىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «رۇخسەت سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ. ئەگەر ساڭا رۇخسەت بېرىلسە كىرگىن، بېرىلمىسە قايتىپ كەتكىن». [2]

977. وعن مصعب بن شَيبَة، عن أبيه مرفوعاً: «إذا انتهى أحدُكم إلى المجلسِ فإن وُسِّعَ له فليجلِس، وإلا فلينظر أوسعَ مكانٍ يراهُ فليجلِس فيه». رواه ابن عساكر وغيره، السلسلة الصحيحة: 1321.

977. مۇسئەب ئىبنى شەيبە ئاتىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار بىرەر سورۇنغا كىرسە، ئورۇن بوشىتىپ بېرىلسە ئولتۇرسۇن، بوشىتىپ بېرىلمىسە ئۆزى كەڭرى دەپ قارىغان جايغا بېرىپ ئولتۇرسۇن». [3]

978. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه ،مرفوعاً: «إذا انتهى أحدُكم إلى المجلس؛ فليُسلِّم فإذا أرادَ أن يقومَ فيُسلِّم؛ فليسَت الأولى بأحقِّ من الآخرةِ». وأبو داود، والترمذي، السلسلة الصحيحة: 183.

978. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار بىرەر سورۇنغا بارسا سالام قىلسۇن، ئەگەر سورۇندىن قايتماقچى بولسىمۇ يەنە سالام قىلسۇن. ئاۋۋالقى سالام كېيىنكى سالامدىن ئارتۇق ئەمەس». [4]

979. عن أبي مسعود الأنصاري رضي اللَّه عنه، قال: «كان من الأنصار رجلٌ يُقالُ له أبو

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1321 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 183 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**شُعَيب، وكان له غلامٌ لحَّامٌ، فقال: ‹اصنَعْ لي طعاماً أدعو رسولَ اللَّه ﷺ خامِسَ خمسةٍ›، فدعا رسولَ اللَّه ﷺ خامِسَ خمسةٍ فتبعَهُم رجلٌ، فقال النبيُّ ﷺ: ‹إنَّك دعوتَنا خامِسَ خمسةٍ، وهذا رجلٌ قد تَبِعَنا، فإن شئتَ أذِنتَ له وإن شِئتَ ترَكْتَهُ ؟›، قال: ‹بل أذِنتُ له›». متفق عليه.**

979. ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ شۇئەيب ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قاسساپلىق قىلىدىغان بىر قۇلى بار ئىدى. ئەبۇ شۇئەيب ئۇ قۇلىغا: ‹ماڭا تائام تەييارلاپ بەرگىن! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى بەش كىشىنىڭ قاتارىدا چاقىرىمەن› دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوشۇپ بەش كىشىنى چاقىردى. ئاندىن مېھمانلارغا چاقىرىلمىغان بىرەيلەن ئەگىشىپ بىرگە كەلدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: ‹سەن بەش كىشى چاقىرغانىدىڭ، بۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، خالىساڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغىن، خالىساڭ قايتىپ كەتسۇن› دېدى. ئۇ كىشى: ‹ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! بەلكى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىمەن› دېدى».[1]

**980. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا زارَ أحدُكم أخاهُ فجَلَسَ عندهُ، فلا يَقومَنَّ حتى يستأذِنَهُ». رواه أبو الشيخ في تاريخ أصبهان، السلسلة الصحيحة: 182.**

980. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار قېرىندىشىنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسا، قېرىندىشىدىن رۇخسەت سورىماستىن ھەرگىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىسۇن».[2]

**981. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا قامَ أحدُكُم من مجلسِهِ ثمَّ رجَعَ إليه فهو أحقُّ به». مسلم.**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ شەيخ «تاريخ أصبهان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 182 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

981. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، يەنە شۇ يەرگە قايتىپ كەلسە، ئۇ شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇشقا باشقىلاردىن ھەقلىقتۇر».①

**982. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «لا يقومُ الرجلُ للرجلِ من مجلِسِه، ولكن أفسِحُوا يَفْسَحِ اللَّه لكُم». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:** 228.

982. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرغۇزۇۋەتمىسۇن، ئەمما (كەلگەن كىشى) <ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، الله سىلەرگە (رەھمىتى ۋە جەننىتىنى) كەڭرى قىلىپ بەرسۇن!> دېسۇن».②

**983. وعنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «إذا كان ثلاثةٌ جميعاً فلا يتناجَ اثنانِ دونَ الثَّالِثِ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:** 1402.

983. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى بار يەردە ئىككى كىشى بىر كىشىنى ئايرىپ قويۇپ پىچىرلاشمىسۇن».③

**984. وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «نهَى أن يجلِسَ الرجُلُ بين الرَّجُلَينِ إلا بإذنهما». رواه البيهقي في السنن وغيره، السلسلة الصحيحة:** 2385.

984. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرماقچى بولسا، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئولتۇرسۇن».④

**985. وعن سهل بن سعد قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يجلس الرجلُ بين الرجلِ وابنهِ في المجلسِ». أخرجه الطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة:** 3556.

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 228- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1402- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ بەيھەقى «السنن» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2385- نومۇرلۇق ھەدىس.

985. سەھىل ئىبنى سەئىدتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى سورۇندا ئاتا ـ بالىنىڭ ئارىلىقىغا كىرىپ ئولتۇرمىسۇن!». ①

986. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا دخلَ أحدُكُم على أخيه المسلم، فأطعَمَهُ من طعامِه فليأكُلْ ولا يَسألْهُ عنه، وإن سَقاهُ من شرابِه فليشْرَبْ من شرابِه ولا يَسألْهُ عنه». أخرجه الحاكم، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 627.

986. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈلسە، تاماق توغرىسىدا سوئال سورىماستىنلا يېسۇن. ئەگەر ئالدىغا ئىچىملىك ئېلىپ كەلسە، ئىچىملىك ھەققىدە سوئال سورىماستىنلا ئىچسۇن». ②

987. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «ما عابَ رسولُ اللّه ﷺ طعاماً قط؛ إن رضيَه أكلَه، وإلا تركَه». متفق عليه.

987. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ھېچبىر تائامنى ئەيىبلىمىگەن. ئالدىغا كەلگەن تاماقنى كۆڭلى تارتسا يەيتتى، كۆڭلى تارتمىسا (ئارتۇق گەپ قىلماستىن) يېمەيتتى». ③

988. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ثلاثةٌ لا تُرَدُّ: الوسائِدُ، والدُّهنُ، واللَّبَنُ». أخرجه الترمذي وغيره، السلسلة الصحيحة: 619.

988. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئۈچ نەرسە رەت قىلىنمايدۇ: ياستۇق، خۇشپۇراق نەرسىلەر ۋە سۈت». ④

989. وعن جابر بن عبد اللّه رضي اللّه عنه، قال سمعتُ رسولَ اللّه ﷺ يقول: «غطُّوا

① تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3356 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
② ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 627 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 619 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

الإناءَ، وأَوكُوا السِّقاءَ؛ فإنَّ في السَّنَةِ ليلةً ينزلُ فيها وباءٌ، لا يمرُّ بإناءٍ ليس عليه غطاءٌ، أو سِقاءٍ ليس عليه وِكَاءٌ، إلا نزَلَ من ذلك الوبَاء». مسلم.

989. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قاچىنىڭ ئاغزىنى يۆگەپ، تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قويۇڭلار! چۈنكى ھەر يىلنىڭ ئىچىدە بىر كېچە بار بولۇپ، ئۇ كېچىدە ۋابا چۈشىدۇ. بۇ ۋابانىڭ بىر قىسمى شۇ كېچىسى ئاغزى ئوچۇق قالغان قاچا، تۇلۇم قاتارلىقلارغا چۈشىدۇ».[1]

990. عن عبيد اللَّه بن علي بن أبي رافع، عن جدته سلمى، قالت: «كان ﷺ يكرَه أن يُؤخَذَ من رأسِ الطعامِ». أخرجَ الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3125.

990. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ رافىئ چوڭ ئانىسى سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ تائامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېيىشنى يامان كۆرەتتى».[2]

991. وعن ابن عباس مرفوعاً: «إن البركَةَ وسطُ القصعةِ؛ فكلوا من نواحِيها، ولا تأكلوا من رأسِها». السلسلة الصحيحة: 1587.

991. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن بەرىكەت قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. تاماق يېمەكچى بولغاندا قاچىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاڭلار، ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ يېمەڭلار».[3]

992. وعن عمر بن أبي سلمة رضي اللَّه عنه، قال: «كنتُ غلاماً في حجرِ رسولِ اللَّه ﷺ كانت يدي تطيشُ في الصحفةِ، فقال لي رسولُ اللَّه ﷺ: «يا غلام! إذا أكلتَ فقلْ: <بسمِ اللَّه>، وكُلْ بيمينِك، وكُلْ ممَّا يَليك». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 344.

992. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3125ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] «السلسلة الصحيحة» 1587ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تەربىيىسىدىكى بالا ئىدىم، تاماق يېگەندە قوللىرىم لېگەننىڭ مۇقىم بىر يېرىدە تۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ھەي بالا! <بىسمىللاھ> دەپ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئالدىدىن يېگىن!» دېدى.[①]

993. وعن أبي الدرداء رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «لا تأكُلْ مُتَّكِئاً». أخرجه ابن عساكر في تاريخ دمشق، السلسلة الصحيحة: 3122.

993. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگىن> دېگەن ئىدى».[②]

994. وعن عبد اللّٰه بن عمرو رضي اللّٰه عنه، قال: «ما رُئِيَ رسولُ اللّٰه ﷺ يأكُلُ مُتَّكِئاً قط، ولا يطَأُ عَقِبَهُ رجُلانِ». أخرجه أبو داود، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2104.

994. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ھېچكىم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگىنىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىزىغا ئىككى كىشى دەسسەپ ماڭمايتتى».[③][④]

995. وعن ابن عمر رضي اللّٰه عنه، قال: «نهى ﷺ عن مَطعمَين: عن الجلوسِ على مائدةٍ يُشرَبُ عليها الخمرُ، وأن ياكلَ الرجلُ وهو منبطحٌ على بطنِه». أخرجه أبو داود، والحاكم، وابن ماجه، السلسلة الصحيحة: 2394.

995. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلدا تائام يېيىشتىن توسقان: بىرى ھاراق ئىچىلىۋاتقان داستىخاندا ئولتۇرۇپ تائام يېيىش؛ يەنە

---

① تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 344 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ئەساكىر «تاريخ دمشق» ناملىق كىتابىتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3122 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2104 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا بىرەر كىشىنىڭ مېڭىشىنى ياقتۇرمايتتى، كىشىلەر پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ياندىشىپ ماڭاتتى. مانا بۇ ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇئمىنلەرگە ناھايىتى كەمتەر بولغانلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

بىرى دۈم يېتىپ تائام يېيىش». [1]

**996. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه: «أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ أُتِي بلبنٍ قد شِيبَ بماءٍ، وعن يمينه أعرابي، وعن شمالِه أبو بكر، فشَرِبَ ثمَّ أعطى الأعرابيَّ، وقال: <الأيمَنُ فالأيمنُ وفي طريق الأيمنون، الأيمنون، ألا فيمِّنوا>». متفق عليه.**

996. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ گە سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سۈت كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئەئرابى، سول تەرىپىدە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ سۈتنى ئىچىپ بولۇپ، ئۇنى ھېلىقى ئەئرابىغا سۇندى ۋە: <ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار، ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار ۋە يولدىمۇ ئوڭ تەرەپتە مېڭىڭلار! ئۇنتۇماڭلاركى، ھەممە ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار> دېدى». [2]

**997. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن النبيَّ ﷺ قال: «ليأكُلْ أحدُكم بيمينِه، وليَشرَبْ بيمينِه، وليأخُذْ بيمينه، وليُعْطِ بيمينِه؛ فإنَّ الشيطانَ يأكلُ بشمالِه، ويَشرَبُ بشماله، ويُعطِي بشمالِه، ويأخذُ بشمالِه». أخرجه ابن ماجه، السلسلة الصحيحة: 1236.**

997. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار تاماقنى ئوڭ قولى بىلەن يېسۇن، سۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، بىرنەرسىنى ئوڭ قولى بىلەن ئالسۇن ۋە ئوڭ قولى بىلەن بەرسۇن، چۈنكى شەيتان سول قولى بىلەن تاماق يەيدۇ، سول قولى بىلەن سۇ ئىچىدۇ، بىرنەرسىنى سول قولى بىلەن بېرىدۇ ۋە سول قولى بىلەن ئالىدۇ». [3]

**998. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إذا شَرِبَ أحدُكم فلا يتنفس في الإناءِ؛ فإذا أراد أن يعود؛ فليُنِحِ الإناءَ، ثم لِيَعُدْ إن كان يُريد». أخرجه ابن ماجه، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 386.**

998. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2394- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1236- نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار بىرنەرسە ئىچكەندە قاچىغا تىنمىسۇن. ئەگەر قايتا ئىچمەكچى بولسا ئېغىزىنى قاچىدىن يىراق قىلىپ تىنسۇن، ئاندىن كېيىن قايتا ئىچسۇن».[①]

**999. وعن أبي المثنى الجهني رضي اللَّه عنه، قال: «نهى ﷺ عن النفخ في الشراب، فقال له رجلٌ: <يا رسولَ اللَّه إني لا أُروَى من نفَسٍ واحدٍ؟>، فقال له رسولُ اللَّه ﷺ: <فأبِنِ القدَح عن فِيكَ، ثمَّ تنفَّس>، قال: <فإني أرى القذاةَ فيه؟>. قال: <فأهرِقها>». أخرجه مالك، والترمذي، وأحمد، السلسلة الصحيحة.**

999. ئەبۇ مۇسەننا جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىرنەرسە ئىچكەندە پۈۋلەپ ئىچىشتىن توسۇۋېدى، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بىر تىنىقتا ئىچسەم، ئۇسسۇزلۇقۇم قانمايدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە: «ئۇنداقتا، قاچىدىن ئېغىزىڭنى يىراق قىلىپ تىنغىن» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر قاچىدا ئەخلەت كۆرۈپ قالسامچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ ئەخلەتنى تۆكىۋەتكىن» دېدى».[②]

**1000. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «كان ﷺ إذا شَرِبَ تنفَّس ثَلاثاً، وقال: <هو أَهنَأ وأمرَأُ وأبرَأُ>». مسلم.**

1000. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ سۇ ئىچسە ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى ۋە: <سۇنى مۇشۇنداق ئىچىش ئۇسسۇزلۇقنى ئوبدان قاندۇرىدۇ، ئاسان سىڭىدۇ ۋە تەننى ساغلام قىلىدۇ> دەيتتى».[③]

**1001. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «تجشَّأ رجلٌ عندَ النبيِّ ﷺ فقال: <كُفَّ عنَّا جُشاءَكَ؛ فإنَّ أكثرَهُم شَبعَاً في الدنيا أطولُهُم جوعاً يومَ القيامةِ>». أخرجَه الترمذي، وابن ماجه، السلسلة الصحيحة: 343.**

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1236 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد، تىرمىزى ۋە مالىك توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 385ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ مۇسلىم توپلىغان.

1001. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا كېكىرگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <بىزنىڭ قېشىمىزدا كېكىرمە! بۇ دۇنيادا قورسىقى بەك تويغانلار قىيامەت كۈنى بەك ئاچ قالىدىغانلاردۇر> دېدى».[1]

1002. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «كان يُؤتَى بالتمرِ فيه دودٌ، فيُفتِّشه يُخرِجُ السُّوسَ منه». أخرجه أبو داود، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2113.

1002. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ گە قۇرتلاپ قالغان خورما كەلتۈرۈلسە، قۇرتىنى تازىلىۋېتىپ ئاندىن يەيتتى».[2]

1003. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: «من نسيَ أن يَذكرَ اللَّه في أوَّلِ طعامِه؛ فيقُل حين يذكرَ: بسمِ اللَّه في أوَّلِه وآخِرِه؛ فإنَّه يستقبلُ طعاماً جديداً، ويمنعُ الخبيثَ ما كان يصيبُ منه». رواه ابن حبان وغيره، السلسلة الصحيحة: 198.

1003. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تاماق يېيىشنىڭ ئالدىدا: <بسمِ اللَّه> دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندە: <بسمِ اللَّه في أوَّلِه وآخِرِه>[3] دېسۇن، چۈنكى ئۇ كىشى يېيىشنى يېڭىدىن باشلىغان بولىدۇ ۋە شەيتاننى ئۇ تائامدىن چەكلىگەن بولىدۇ».[4]

1004. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه ليرضى عن العبدِ أن يَأكلَ الأكلةَ فيَحمَدَهُ عليها، أو يَشربَ الشَّرْبَةَ فيَحمَدَهُ عليها». مسلم.

1004. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا يەپ ـ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ھەمدە ئېيتقان بەندىسىدىن رازى بولىدۇ».[5]

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 343 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2113 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تائامنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىنى الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

[4] ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 198 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

**1005. وعن عبد الرحمن بن جبير، أنه حدثه رجلٌ خدَمَ رسولَ اللّه ﷺ ثمانِ سنين: «أنه كان يسمعُ رسولَ اللّه ﷺ إذا قُرِّبَ إليه الطعامُ؛ يقول: <بسم اللّه>، فإذا فرَغَ، قال: <اللّهم أطعمتَ، وأسقيتَ، وأَقنَيتَ، وهَدَيتَ، وأحييتَ، فلك الحمدُ على ما أعطيتَ>». رواه أحمد، السلسلة الصحيحة: 71.**

1005. ئابدۇراھمان ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ گە سەككىز يىل خىزمەت قىلغان بىر كىشى، پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا تائام كەلسە: <بسم اللّه> <الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن> دەيتتى، يەپ بولغاندا: <اللّهم أطعمتَ، وأسقيتَ، وأَقنَيتَ، وهَدَيتَ، وأحييتَ، فلك الحمدُ على ما أعطيتَ> <ئى الله! تائام بەردىڭ، سۇغاردىڭ، قانائەتلەندۈردۈڭ، ھىدايەت قىلدىڭ ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلدىڭ. بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە ھەمدىلەر بولسۇن!> دەيتتى».①

**1006. وعن أبي أيوب الأنصاري رضي اللّه عنه، قال: «كان رسولُ اللّه ﷺ إذا أكَلَ أو شَرِبَ قال: الحمدُ اللّه الذي أطعمَ وسَقَى، وسوَّغَه، وجعَلَ له مخرَجاً». أخرجه أبو داود وغيره، السلسلة الصحيحة: 2061.**

1006. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ يېگەن ۋە ئىچكەن ۋاقىتتا: <الحمدُ اللّه الذي أطعمَ وسَقَى، وسوَّغَه، وجعَلَ له مخرَجاً> <تائام بەرگەن، سۇغارغان، ئۇنى سىڭىشلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭغا چىقىش يولى ئاتا قىلغان اللهقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!> دەيتتى».②

**1007. وعن معاذ بن أنس الجهني رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من أكَلَ طعاماً فقال: <الحمدُ للّه الذي أطعمني هذا ورزَقَنِيه من غيرِ حولٍ ولا قوَّةٍ>، غُفِرَ لهُ ما تقدَّمَ من ذَنبِه». صحيح سنن ابن ماجه: 2656.**

1007. مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل

① ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 71- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2061- نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تائام يەپ بولغاندىن كېيىن: ‹الحَمْدُ للهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هَذَا، وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ› <بارلىق ھەمدۇ-سانالار الله قا خاستۇر، ئۇ ماڭا بۇ تائامنى مېنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىمسىز رىزىق قىلىپ بەردى> دېسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[1]

مانا بۇ — زىيارەت قىلىش ۋە مېھماندارچىلىقتا ئالاقىدار ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئومۇمىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، الله تىن بىزنى ئىسلامنىڭ ئەدەپلىرى بىلەن تەربىيىلىشىنى، ئەخلاقلىرىمىزنى سېخىيلىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن بېزىشىنى، بىزلەرنى قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن ساقلىشىنى سورايمىز! الله تائالا ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىن زاتتۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

# 15 ـ باب

## نەپسىنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئىنسان يەككە ـ يېگانە الله تائالانىڭ قۇلى ۋە مەخلۇقاتىدۇر، شۇڭلاشقا ئۆز نەپسى ھەققىدە پەقەت الله نىڭ خاھىشىغىلا بويسۇنۇشى لازىم، چۈنكى الله تائالا ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسىدۇر. مەسىلەن: بەندە بىر ئىشنى باشلىماقچى ۋە ئۇنىڭغا قۇربانلىق بەرمەكچى بولغاندا پەقەت الله تائالا بۇيرۇغانلىقى سەۋەبلىكلا ئۇ ئىشنى باشلىشى ۋە قۇربانلىق بېرىشى، بىر ئىشتىن توختىماقچى ۋە ۋاز كەچمەكچى بولغاندا پەقەت الله تائالا توسقانلىقى سەۋەبلىكلا توختىشى ۋە ۋاز كېچىشى لازىم. بەندە ئۆز نەپسىنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئۆز نەپسىگە ئىگە بولۇپ، قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ ئالدىدا، بەدىنىنى قانداق ئىشلار بىلەن چىرىتكەنلىكى ھەمدە بەدىنى ھەققىدە الله تائالادىن قورققان ياكى قورقمىغانلىقىدىن سورىلىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا**﴾ «سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ**﴾ «الله سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ**﴾ «الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لا يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلَّا وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا**

---

[1] سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

اكْتَسَبَتْ﴾ «الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ رَهِينَةٌ﴾ «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقِفُوهُمْ إِنَّهُمْ مَسْؤُولُونَ﴾ «ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار (جىمى سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن) سوئال-سوراق قىلىنىدۇ»[4].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1008. عن أبي برزة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «لا تزولُ قدما عبدٍ يومَ القيامة حتى يُسأل عن أربعٍ: عن عُمُرِه فيمَ أفناهُ، وعن علمه ماذا عمِل به، وعن مالِه من أين اكتسبَه وفِيمَ أنفقَهُ، وعن جسمِه فِيمَ أبلاهُ». رواه الترمذي وقال: حديث حسنٌ صحيح.

1008. «قىيامەت كۈنى ھېساب مەيدانىدا بەندىنىڭ ئىككى قەدىمى يۆتكەلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قانداق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۆگەنگەن ئىلمى بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇنىڭ مالىنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز جىسمىنى قانداق ئىشلاردا چىرىتكەنلىكى (تۈگەتكەنلىكى)دىن ئىبارەت تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ».[5]

1009. عن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لن تزولَ قدما عبدٍ يومَ القيامةِ حتى يُسألَ عن أربعِ خِصالٍ: عن عمُره فيمَ أفناه، وعن شبابِه فيمَ أبلاه، وعن مالِه من أينَ اكتسبَهُ وفيمَ أنفقَه، وعن عِلمِه ماذا عَمِلَ فيه». رواه البزار، والطبراني بإسنادٍ

[1] سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇددەسسىر 38 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ساففات 24 ـ ئايەت.
[5] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

صحيح.

1009. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندە رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا مۇنۇ تۆت نەرسىنىڭ سورىقىنى بەرمىگۈچە جايىدىن مىدىرلىمايدۇ: ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلغىنى، ياشلىقىنى نېمىدە تۈگەتكىنى، مېلىنى نەدىن تاپقىنى ۋە نېمىگە خىراجەت قىلغىنى، بىلگىنىگە قانداق ئەمەل قىلغىنى».[1]

1010. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه مرفوعاً: «إن أوَّلَ ما يُحاسَب به العبدُ يومَ القيامة أن يُقال له: <ألم أُصِحَّ لكَ جسمكَ، وأروِكَ من الماءِ البارِدِ؟>». أخرجه الترمذي، وابن حبان، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 539.

1010. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندە تۇنجى ھېساب ئېلىنىدىغان ئىش بولسا الله تائالا تەرىپىدىن: <مەن سېنىڭ تېنىڭنى ساق ـ سالامەت قىلمىدىممۇ؟ ئۇسسۇزلۇقۇڭنى سوغۇق سۇدا قاندۇرمىدىممۇ؟> دېيىلىشتۇر».[2]

❖ **ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ھاراملىقى**

1011. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من قَتلَ نَفْسَهُ بحديدة فحديدَتُه في يدِه يتَوجَّأُ بها في بطنِهِ في نارِ جهنَّم خالداً مخلداً فيها أبداً، ومن شَرِبَ سماً فقتل نفسَه فهو يتحسَّاهُ في نار جهنم خالداً مخلداً فيها أبَداً، ومن تَردَّى من جبلٍ فقتلَ نفسَهُ فهو يَتردَّى في نارِ جهنَّم خالداً مخلداً فيها أبداً». مسلم.

1011. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنى تۆمۈر ئەسۋاب بىلەن ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا شۇ تۆمۈر ئەسۋابنى قورسىقىغا تىقىپ مەڭگۈدىن مەڭگۈگە ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، بىر قولىدا زەھەر تۇتقان ھالەتتە جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن مەڭگۈگە زەھەر ئىچىپ ئازابلىنىدۇ.

[1] بەززار ۋە تەبەرانى توپلىغان.
[2] تىرمىزى توپلىغان.

كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈدىن مەڭگۈگە ئۆزىنى تاشلاپ ئازابلىنىدۇ».[1]

**1012. وعنه، عن النبيِّ ﷺ: «الذي يَطعنُ نفسَهُ، إنما يطعنها في النار، والذي يتقحَّم فيها يتقَحَّمُ في النار، والذي يخنقُ نفْسَهُ يخنقها في النَّار». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة:** 3421.

1012. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىگە بىرەر ئەسۋابنى تىقىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىگە شۇ ئەسۋابنى تىقىپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئوتقا كىرىپ ئۆلۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئوتقا كىرىپ ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى بوغۇپ ئازابلىنىدۇ».[2]

**1013. وعن ثابت بن الضحَّاك رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن قتَلَ نفْسَهُ بشيءٍ في الدنيا عُذِّبَ به يومَ القيامة». مسلم**

1013. سابىت ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى دۇنيادا بىرەر نەرسە بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ».[3]

**1014. وعن جندب بن عبد اللَّه البجلي رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «جُرِحَ رجلٌ فيمَن كانَ قبلَكم جرحاً، فجَزِعَ منه، فأخذَ سكيناً فحزَّ بها يدَه، فما رقي الدمُ حتى ماتَ، فقال اللَّه: عبدي بادرني نفسَه، حرَّمتُ عليه الجنَّة». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة:** 462.

1014. جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ بەجەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ئىچىدە بىر كىشى ئېغىر جاراھەتلەنگەن ئىدى، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي قولىنى پىچاقتا كېسىۋالدى، نەتىجىدە ئۇ قانسىراپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: <بەندەم ئالدىراپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، مەن ئۇنىڭغا

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3421 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

جەننەتنى ھارام قىلدىم> دېگەن».[1]

1015. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: شَهِدْنا معَ رسولِ اللَّه ﷺ حُنَيناً، فقالَ لرجل ممن يُدعى بالإسلام: «هذا من أهلِ النار»، فلما حَضَرنا القتالَ قاتلَ الرجلُ قتالاً شديداً فأصابته جراحَةٌ، فقيل: «يا رسولَ اللَّه الرجل الذي قلت له آنفاً أنه من أهل النار فإنه قاتل اليوم قتالاً شديداً وقد ماتَ، فقال النبيُّ ﷺ: «إلى النار»، فكادَ بعضُ المسلمين أن يرتابَ. فبينما هم على ذلك إذْ قِيلَ إنه لم يمتْ، ولكن به جراحاً شديداً فلما كان من الليلِ لم يصبرْ على الجراحِ فقتل نفْسَهُ، فأُخبِرَ النبيُّ ﷺ بذلك، فقال: «اللَّه أكبر، أَشهدُ أني عبدُ اللَّه ورسولُه»، ثم أمر بلالاً فنادى في الناس: «أنه لا يدخلُ الجنَّةَ إلا نفسٌ مسلمةٌ، وأنَّ اللَّه يؤيد هذا الدين بالرجلِ الفاجرِ». مسلم.

1015. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ھۇنەيىن ئۇرۇشىغا قاتناشقانىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن بىر كىشى ھەققىدە: «بۇ ئادەم دوزاخ ئەھلىدىندۇر» دېدى.

ئۇرۇش باشلانغاندا ھېلىقى كىشى باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن، بەزىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن دوزاختا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان كىشى بۈگۈن باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن ئىدى. ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ يەنىلا: «ئۇ كىشى دوزاختا كىرىدۇ» دېدى. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار شەكلىنىپ قالغىلى تاس ـ تاس قالدى. ئۇلار ئاشۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا: «ئۇ كىشى ئۆلمەپتۇ، لېكىن قاتتىق جاراھەتلىنىپتۇ» دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىنىڭ بىر قىسمى بولغاندا ئۇ كىشى جاراھىتىگە سەۋر قىلالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئاشۇ ئەھۋال خەۋەر قىلىنىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «الله ئەكبەر! مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى. ئاندىن كېيىن بىلالنى كىشىلەر ئىچىدە: «جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرىدۇ، الله تائالا بۇ دىننى

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 462 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

پاسىق كىشى بىلەنمۇ كۈچلەندۈردۇ» دەپ ئېلان قىلىشقا بۇيرۇدى.①

1016. وعن سهل بن أبي حثمة رضي اللَّه عنه، عن أبيه، قال: «سمعتُ النبيَّ ﷺ على المنبر يقول: <اجتنبوا الكبائر السبع: الشركُ باللَّه، وقتلُ النَّفْسِ، والفرار من الزحفِ، وأكلُ مالِ اليتيم، وأكلُ الربا، وقذفُ المُحصَنَةِ، والتعرُّبُ بعد الهجرة>». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 2244.

1016. سەھل ئىبنى ئەبۇ ھەسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: <يەتتە چوڭ گۇناھتىن ساقلىنىڭلار! ئۇلار: الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جەڭدىن قېچىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جازانە يېيىش، پاك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش، ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن سەھراغا قايتىپ كېتىش② قاتارلىقلار>».③

1017. عن أبي عمران الجوني، قال: حدثني بعضُ أصحاب محمد، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من باتَ فوقَ بيتٍ ليسَ له إجّار فوقعَ فماتَ؛ فبرئت منه الذِّمَّةُ، ومن رَكِبَ البحرَ عندَ ارتجاجِه فماتَ؛ فقد بَرِئت منه الذِّمَّة». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 828.

1017. ئەبۇ ئىمران جەۋنى مۇنداق دېگەن: ماڭا ساھابىلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: «كىمكى (ئەتراپى) تام بىلەن توسۇلمىغان ئۆگزىدە ياتسا ۋە ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالسا، ئۇۋالى ئۆزىگە. كىمكى دولقۇنلىرى ئۆرلەۋاتقان دېڭىزدا (سەپەرگە) چىقىپ ئۆلۈپ قالسا ئۇۋالى ئۆزىگە».④

**❖ ئۆزىگە كۆيۈنۈش، تائەت ـ ئىبادەتلەردە نورمال بولۇش ۋە نەپسىنىڭ ھەقلىرىنى بېرىش**

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇنىڭدىن جىھاد پەرز بولغاندا جىھادنى تاشلاپ سەھراغا قايتىپ كەتكەن كىشى مەقسەت قىلىنىدۇ. — «تفسير الكشاف» 1 ـ توم 307 ـ بەت.

③ تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2244 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 828 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

1018. عن أبي جحيفة وهب بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: «آخى النبي ﷺ بين سَلمان وأبي الدرداء، فزار سلمانُ أبا الدرداء، فرأى أمَّ الدرداء مُتبَذِّلَةً، فقال: <ما شأنُكِ؟> قالت: <أخوك أبو الدرداء ليس له حاجةٌ في الدنيا>، فجاء أبو الدرداء فصنع له طعاماً، فقاله له: <كل فإني صائم>، قال: <ما أنا بآكلٍ> حتى تأكلَ، فلما كان الليلُ ذهبَ أبو الدرداء يقوم، فقال له: <نمْ>، فنام ثم ذهب يقومُ، فقال له: <نمْ>، فلما كان آخرُ الليلِ قال سلمان: <قم الآن>، فصلَّيا جميعاً، فقال له سلمان: <إنَّ لربِّكَ عليك حقّاً، وإنَّ لنفسكَ عليكَ حقّاً، ولأهلك عليك حقاً، فأعطِ كلَّ ذي حقٍّ حقه>، فأتى النبيَّ ﷺ فذكر ذلك له، فقال النبيُّ ﷺ: <صَدَقَ سَلمان>». البخاري.

1018. ئەبۇ جۇھەيفە ۋەھبى ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قېرىنداش قىلىپ قويدى. بىر قېتىم سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئەبۇ دەردانىڭ ئايالىنىڭ ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ: <نېمىگە بۇنداق كىيىنىۋالدىڭىز؟> دەپ سورىدى، ئۇ ئايال: <قېرىندىشىڭ ئەبۇ دەردانىڭ دۇنياغا ھېچ ئېھتىياجى يوق> دېدى. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاماق تەييارلىدى. ئاندىن: <سەن يېگىن، مەن روزا تۇتۇۋالغان> دېدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <سەن يېمىگۈچە مەنمۇ يېمەيمەن> دېدى. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچىدە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن تۇرماقچى بولغانىدى، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: <ئۇخلا!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇخلىدى. بىر ئازدىن كېيىن يەنە تۇرماقچى بولىۋېدى، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: <ئۇخلا!> دېدى. كېچىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئەمدى تۇرغىن!> دېدى، ئاندىن ئىككىسى بىللە ناماز ئوقۇدى. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ھەقىقەتەن سەندە رەببىڭنىڭ ھەققى بار، سېنىڭ بەدىنىڭ ۋە ئەھلىڭنىڭمۇ ھەم سەندە ھەققى بار. ھەربىر ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى جايىدا بەرگىن!> دېدى. ئەبۇ دەردا

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ، بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <سەلمان راست ئېيتىپتۇ> دېدى».[1]

1019. وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: «جاء ثلاثةُ رهطٍ إلى بيوتِ أزواجِ النبي ﷺ يَسألون عن عبادةِ النبي ﷺ فلما أُخبروا كأنهم تَقَالُّوها، وقالوا: <أين نحن من النبي ﷺ وقد غُفِر له ما تقدَّمَ من ذنبِهِ وما تأخَّرَ>، قال أحدهم: <أمَّا أنا فأصلي الليل أبداً>، وقال الآخر: <وأنا أصومُ الدَّهرَ أبداً ولا أُفْطِر>، وقال الآخر: <وأنا أعتزل النساء فلا أتزوج أبداً>، فجاء رسولُ اللَّه ﷺ إليهم فقال: <أنتم الذين قلتُم كذا وكذا؟! أمَا واللَّه إني لأخشاكُم للَّه وأتقاكُم له، لكنِّي أصومُ وأُفطِرُ وأُصلِّي وأَرقُد، وأتزوَّجُ النساءَ، فمَن رَغِبَ عن سُنَّتي فليس مني>». متفق عليه.

1019. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبادىتى توغرىسىدا سورىغىلى كەلدى. ئۇلارغا جاۋاب بېرىلگەندە، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ ئەمەللىرىنى ئاز سانىغاندەك قىلىپ: <بىز بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ الله ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا؟> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن بىرى: <مەن ئەمدى ھەر كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن> دېدى. يەنە بىرى: <مەن ئەمدى يىل بويى روزا تۇتىمەن ۋە روزىسىز يۈرمەيمەن> دېدى. يەنە بىرى: <مەن ئەمدى ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن، مەڭگۈ ئۆيلەنمەيمەن> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ، ئۇلارغا: <مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشىلەر سىلەرمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەقىقەتەن الله تىن سىلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورقىمەن ۋە سىلەردىن بەكرەك تەقۋادارمەن. لېكىن مەن روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن. نامازنىمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن، خوتۇنمۇ ئالىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس> دېدى».[2]

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**1020. وعن أنس رضي اللّه عنه، قال: «دخل النبيُّ ﷺ المسجدَ فإذا حبلٌ ممدودٌ بين السَّاريتين، فقال: <ما هذا الحبلُ؟>، قالوا: <هذا حبلٌ لزينب فإذا فترَت تَعلَّقَت به>. فقال النبيُّ ﷺ: <حُلُّوه؛ ليصلِّ أحدُكُم نشاطَه فإذا فترَ فليرقُدْ>». متفق عليه.**

1020. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەسجىدكە كىرىپ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىغا تارتىلغان ئارغامچىنى كۆردى ـ دە: <بۇ نېمە ئارغامچا؟> دەپ سورىدى. كىشىلەر: <بۇ، زەينەپنىڭ ناماز ئوقۇپ ھېرىپ قالغاندا ئېسىلىۋالىدىغان ئارغامچىسى> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى ئېلىۋېتىڭلار، بىرىڭلار نامازنى روھلۇق تۇرۇپ ئوقۇسۇن، ئەگەر بوشاپ قالسا ئارام ئالسۇن!> دېدى».[1]

**1021. وعن عائشة رضي اللّه عنها، أن رسول اللّه ﷺ قال: «إذا نعَسَ أحدُكُم وهو يُصلي فليَرقُدْ حتى يَذهبَ عنه النومُ؛ فإنَّه إذا صلَّى وهو ناعِسٌ لا يدري لعلَّه يَذهبُ يستغفرُ فيَسُبَّ نفسَه». متفق عليه.**

1021. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار ناماز ئوقۇۋېتىپ مۈگدەپ قالسا، ئۇيقۇسى قانغۇچە ئۇخلىۋالسۇن، چۈنكى مۈگدەپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان كىشى ئىستىغپار ئېيتىمەن دەپ، ئۆزىنى تىللاپ سېلىشى مۇمكىن».[2]

**1022. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، قال: «أُخبَر النبيُّ ﷺ أني أقول: <واللّه لأصومنَّ النَّهارَ، ولأقومنَّ الليلَ ما عِشتُ>، فقال رسولُ اللّه ﷺ: <أنت الذي تقول ذلك؟>، فقلت له: <قد قُلتُه بأبي أنت وأمي يا رسولَ اللّه>. قال: <فإنك لا تستطيعَ ذلك فصمْ وأَفطِرْ، ونَمْ وقُمْ، وصُمْ من الشهرِ ثلاثةَ أيامٍ فإنَّ الحسنةَ بعشرِ أمثالها، وذلك مثلُ صيامِ الدهرِ>». متفق عليه.**

1022. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «<كۈن بويى روزا تۇتىمەن ۋە ھاياتلا بولسام كېچىنى ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزىمەن> دېگەن سۆزۈم پەيغەمبەر ﷺ گە خەۋەر قىلىنىپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ مەندىن: <ئاشۇ سۆزلەرنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلغان سەنمۇ؟› دەپ سورىدى، مەن: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، مەن شۇنداق دېگەن› دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: ‹شۇبھىسىزكى، سەن بۇنىڭغا قادىر بولالمايسەن، روزىمۇ تۇتقىن، روزىسىزمۇ يۈرگىن. ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلىغىن، قوپۇپ ئىبادەتنىمۇ قىلغىن. (رامىزاندىن باشقا) ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن. ھەقىقەتەن ھەربىر ياخشىلىققا 10 ھەسسە ساۋاب يېزىلىدۇ. ئەنە شۇ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش يىل بويى روزا تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ› دېدى».[1]

**1023. وعن حمزة بن عمرو رضي اللَّه عنه: «أنه سألَ رسولَ اللَّه ﷺ عن الصيامِ في السفر؟ فقال: ‹أيَّ ذلك عليك أيسر فافعَلْ؛ يعني إفطارَ رمضانَ أو صيامَه في السَّفَرِ›». أخرجه تمام في الفوائد، السلسلة الصحيحة: 2884.**

1023. ھەمزە ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ دىن سەپەردە روزا تۇتۇش توغرۇلۇق سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ساڭا قايسىسى ئاسان بولسا شۇنى قىلغىن› دەپ جاۋاب بەردى».[2]

**1024. وعن عائشة رضي اللَّه عنها قالت: «ما خُيِّرَ رسولُ اللَّه ﷺ بين أمرين قَطُّ إلا أخذَ أيسرَهُما ما لم يكن إثماً؛ فإن كان إثماً كان أبعدَ الناسِ منه، وما انتقمَ رسولُ اللَّه ﷺ لنفْسِه في شيءٍ قطُّ إلا أن تُنتهَكَ حُرمَةُ اللَّه، فينتقمَ بها للَّه». البخاري.**

1024. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ گە (دۇنيالىق مۇباھ بولغان ئىشلاردىن)[3] ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئەگەر گۇناھ بولمىسىلا ئاسانراقىنى تاللايتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ گۇناھتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشى ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەرگىزمۇ بىرەر ئىشتا ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەتلا الله نىڭ ھۆرمىتى ھاقارەتلەنگەندە الله ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى».[4]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «السلسلة الصحيحة» 2884 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئىرناق ئىچىدىكى ئىزاھات «فتح الباري» دىن ئېلىندى.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**1025. وعنها، قالت: «ما ضَربَ ﷺ بيدِه خادماً ولا امرأةً، ولا ضربَ رسولُ اللَّه ﷺ شيئاً قطُّ إلا أن يُجاهدَ في سبيلِ اللَّه، ولا خُيِّرَ بين أمرين قطُّ إلا كان أحبُّهما إليه أيسَرَهما حتى يكون إثماً؛ فإذا كان إثماً كان أبعدَ الناسِ عن الإثم». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 507.**

1025. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ الله يولىدىكى جىھادتىن باشقا ۋاقىتتا ئۆز قولى بىلەن بىرنەرسىنى ياكى ئايال كىشىنى ۋە ياكى خىزمەتكارىنى ئۇرۇپ باقمىغان. پەيغەمبەر ﷺ گە (دۇنيالىق مۇباھ بولغان ئىشلاردىن) ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلسە، ئەگەر گۇناھ بولمىسىلا ئاسانراقىنى تاللاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر گۇناھ بولىدىغان بولسا، پەيغەمبەر ﷺ گۇناھتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشى ئىدى».[1]

**1026. وعن حَنْظَلَة الأسيدي رضي اللَّه عنه، وكان من كتَّاب رسولِ اللَّه ﷺ قال: «لقيني أبو بكرٍ فقال: <كيف أنت يا حنظلة؟>، قال: قلتُ: <نافقَ حنظلة!>، قال: <سبحانَ اللَّه، ما تقول؟!>، قال: قلت: <نكون عند رسولِ اللَّه ﷺ يُذكِّرنا بالنارِ والجَنَّةِ حتى كأنها رَأي عين، فإذا خرجنا من عند رسولِ اللَّه ﷺ عافَسْنا الأزواج والأولاد والضَّيعات فنسينا كثيراً>، قال أبو بكرٍ: <فواللَّه إنَّا لنلقى مثل هذا>، فانطلقت أنا وأبو بكرٍ حتى دخلنا على رسولِ اللَّه ﷺ قلت: <نافقَ حنظلةُ يا رسولَ اللَّه!>. فقال رسولُ اللَّه ﷺ: <وما ذاكَ؟>، قلت: <نكون عندك تذكِّرنا بالنار والجنة حتى كأنها رأي العين، فإذا خرجنا من عندك عافَسْنا الأزواجَ والأولادَ والضَّيعات فنسينا كثيراً>، فقال رسول اللَّه ﷺ: <والذي نفسي بيده إن لو تدومون على ما تكونون عندي وفي الذِّكر، لصافحتكم الملائكةُ على فُرشِكُم وفي طُرقِكُم، ولكن يا حنظلة! ساعةً وساعة>، ثلاثَ مرات». أخرجه مسلم، والترمذي، وابن ماجه.**

1026. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كاتىپلىرىدىن بولغان ھەنزەلە ئۇسەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا ئۇچراپ قېلىپ: <ئى ھەنزەلە! قانداق ئەھۋالىڭ؟> دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: <ھەنزەلە مۇناپىق بولدى> دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ: <سۇبھانەللاھ! نېمە

[1] ئەھمەد توپلىغان.

دەۋاتىسەن؟> دەپ سورىغانىدى، مەن: <پەيغەمبەر ﷺ بىزگە دوزاخ بىلەن جەننەتنى سۆزلەپ بەرگەندە، ئۇلارنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن چىققىنىمىزدا ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز> دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىۋاتىدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىمىز بىرلىكتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدۇق. مەن سۆزۈمنى باشلاپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ھەنزەلە مۇناپىق بولدى> دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ساڭا نېمە بولدى؟> دەپ سورىدى. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! يېنىڭدا ئولتۇرغىنىمىزدا جەننەت بىلەن دوزاخنى سۆزلەپ بەرسەڭ، خۇددى ئۇلارنى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولىمىز. ئەمما سېنىڭ يېنىڭدىن چىققىنىمىزدا ئاياللىرىمىز، ماللىرىمىز ۋە باللىرىمىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز> دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ﷺ: <جېنىم قولىدا بولغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سىلەر داۋاملىق مېنىڭ ئالدىمدا بولغان ھالىتىڭلاردا ۋە زىكرىدە بولساڭلار، پەرىشتىلەر ئۆيۈڭلار ۋە يولۇڭلارغا كېلىپ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكەن بولاتتى. ئى ھەنزەلە! ئەمما سەن بىر سائەتنى ئاخىرەتكە، بىر سائەتنى دۇنياغا ئاجراتقىن> دەپ، بۇ سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى». [1]

**❖ مۇشەققەت تۇغدۇرىدىغان، ئۆزىنى قىينايدىغان ۋە ئازابلايدىغان قەسەمگە ۋاپا قىلىنمايدۇ**

1027. **عن ابن عباس رضي اللّٰه عنه، قال: «بينما النبي ﷺ يخطُب إذا هو برجلٍ قائم فسأل عنه، فقالوا: <أبو إسرائيل نذَرَ أن يقومَ في الشمسِ ولايقْعُدَ ولا يستظِلَّ، ولا يتكلمَ ويصومَ>، فقال النبي ﷺ: <مُروهُ فليتكلَّم، وليستظِلَّ وليقعُد وليتمَّ صومَهُ>». البخاري.**

[1] مۇسلىم، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

1027. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر قېتىم پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا بىر كىشىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشى ھەققىدە سورىدى. كىشىلەر: <بۇ ئەبۇ ئىسرائىل دېگەن كىشىدۇر، ئۇ ئاپتاپتا ئۆرە تۇرۇشنى، ئولتۇرماسلىقنى، سايىدىماسلىقنى، گەپ قىلماسلىقنى ۋە روزا تۇتۇشنى الله يولىدا نەزىر قىلىپتۇ> دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، گەپ قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرسۇن، لېكىن روزىسىنى داۋاملاشتۇرسۇن> دېدى». [1]

1028. وعن أنس رضي اللّه عنه: «أن النبيَّ ﷺ رأى شَيخاً يُهادَى بين ابنيه، فقال: <ما بالُ هذا؟>، قالوا: <نذرَ أن يمشي إلى بيتِ اللّه>، قال: <إنَّ اللّه تعالى عن تعذيبِ هذا نفسَهُ لغني>، وأمرَهُ أن يركب». متفق عليه.

1028. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئىككى بالىسىغا يۆلىنىپ مېڭىۋاتقان بىر قېرى بوۋاينى كۆرۈپ: <بۇ بوۋايغا نېمە بوپتۇ؟> دەپ سورىدى، كىشىلەر: <ئۇ كەئبىگە مېڭىپ بېرىشنى ئۆزىگە نەزىر قىلغان ئىكەن> دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ئازابلىشىدىن بىھاجەتتۇر> دېدى ۋە ئۇ قېرى بوۋاينى ئۇلاغقا مىنىشكە بۇيرۇدى». [2]

1029. وفي رواية لمسلم، عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «اركَبْ أيها الشيخ! فإنَّ اللّه غنيٌّ عنك وعن نَذْرِك».

1029. «سەھىھ مۇسلىم»دا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «ئى شەيخ ئۇلاغقا مىنگىن! ھەقىقەتەن الله تائالا سەندىن ۋە سېنىڭ نەزرەڭدىن بىھاجەتتۇر».

❖ **نەپسىنىڭ دۇنيا نېئمەتلىرىدە نېسىۋىسى بار بولۇپ، بەندىنىڭ ئىشلارنى**

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## چىقىمدا ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، ئەمما ئۆزىگە، ئائىلىسىگە قىسماسلىق

## چىقتۇىلىپ نەپسنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قويۇشى توغرا بولمايدۇ

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلا تَنْسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِنْ كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ﴾ «الله ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (الله نىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ»[1].

1030. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «أمرَ النبيُّ ﷺ بصدَقةٍ، فقال رجلٌ: <عندي دينارٌ؟>، قال: <أنفقه على نفسِك>. قال: <عندي آخر؟> قال: <أنفقه على زوجتِك>. قال: <عندي آخر؟>، قال: <أنفقه على خادِمِك>، ثم أنت أبصَر». صحيح الأدب المفرد: 145.

1030. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغاندا، بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ يېنىمدا بىر دىنار بار، (كىمگە) سەدىقە قىلىمەن> دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى ئۆزەڭگە سەرپ قىل> دېدى. ئۇ كىشى: <مېنىڭ يېنىمدا يەنە بىر دىنار بار> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى ئايالىڭغا سەرپ قىل> دېدى. ئۇ كىشى: <يېنىمدا يەنە بىر دىنار بار> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى خىزمەتچىڭگە سەرپ قىل> دېدى ۋە: <سەن ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى ياخشى بىلىسەن> دېدى»[2].

1031. وعن عمران بن حُصين رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «إنَّ اللَّه إذا أنعم على عبدٍ نعمةً، يُحِبُّ أن يرى أثرَ نعمتِه على عبدِه». رواه ابن سعد، السلسلة الصحيحة: 1290.

1031. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا بەندىگە بىرەر نېئمەت ئاتا قىلسا، شۇ نېئمىتىنىڭ ئەسىرىنىڭ (ئىزناسىنىڭ) ئۇنىڭدا نامايان بولۇشىنى ياخشى

---

[1] سۈرە قەسەس 77 ـ ئايەت.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 145 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كۆرىدۇ». ①

1032. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه إذا أنعمَ على عبدٍ نعمةً؛ يُحبُّ أن يرى أثرَ النعمةِ عليه، ويكرهُ البؤسَ والتَّباؤس، ويبغَضُ السَّائِلَ الملحفَ، ويُحبُّ الحيي العفيف المتعفِّف». أخرجه البيهقي في الشعب، السلسلة الصحيحة: 1320.

1032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەندىگە بىرەر نېئمەت ئاتا قىلسا، بەندىدە شۇ نېئمەتنىڭ ئەسىرىنى (ئىزناسىنى) كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالا تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇللۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ يۈرگەن كىشىنى ھەمدە كىرىشىپ تۇرۇپ (كىشىلەردىن) بىرنەرسە سورىغان كىشىنى يامان كۆرىدۇ. ھايالىق ۋە باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىمايدىغان ئىپپەتلىك كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ». ②

1033. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «حُبِّبَ إليَّ من دُنياكُم: النساءُ، والطِّيبُ، وجُعِلَت قُرَّةُ عيني في الصَّلاة». أخرجه أحمد، والنسائي، والحاكم.

1033. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا دۇنيالىق نەرسىلەردىن خۇشپۇراقلىق نەرسىلەر ۋە ئاياللار ياخشى كۆرسىتىلدى. كۆزۈمنىڭ خۇرسەنلىكى نامازدا قىلىندى». ③

1034. وعن ابن شهاب، أن عثمان بن مظعون أرادَ أن يختصي ويَسيحَ في الأرضِ، فقال له رسولُ اللَّه ﷺ: <أليس لك فيَّ أسوةٌ حسنةٌ؛ فأنا آتي النساءَ، وآكلُ اللحمَ، وأصومُ وأفطر، وإنَّ خصاءَ أمَّتي الصيام، وليس من أمتي من خصى أو اختصى>». السلسلة الصحيحة: 445/4.

1034. ئىبنى شىھابتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئوسمان ئىبنى

① ئىبنى سەئىد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1290 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بەيھەقى «الشعب» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1320 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان.

مەزئۇن ئۆزىنى ئاختا قىلىۋېتىپ جاھانكەزدىلىك قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <سەن مېنىڭ بىرەر ئۇلگىلىك تەرىپىمنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن، گۆش يەيمەن، روزا تۇتىمەن ۋە روزىسىزمۇ يۈرىمەن. ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئاختا قىلىنىشى روزا تۇتۇشتۇر، ئاختا قىلغان ياكى ئاختا قىلدۇرغان كىشىلەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس> دېدى». [1]

1035. عن عبد اللّه بن الحارث رضي اللّه عنه، يقول: «كنا نأكلُ على عهدِ رسولِ اللّه ﷺ في المسجد الخبزَ واللحمَ». صحيح سنن ابن ماجه: 2669

1035. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە مەسجىدتە ئولتۇرۇپ نان ۋە گۆشلەرنى يەيتتۇق». [2]

1036. وعن سهل بن حُنَيْف، عن أبيه، عن جدِّه، عن النبي ﷺ قال: «لا تُشَدِّدوا على أنفُسكم؛ فإنَّما هلَكَ من قبلَكم بتشدِيدِهم على أنفُسِهم، وستجدونَ بقاياهم في الصوامع والدِّيارات». أخرجه البخاري في التاريخ، السلسلة الصحيحة: 3124.

1036. سەھل ئىبنى ھۇنەيف بوۋىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «(ئەمەل ـ ئىبادەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قىلىپ) ئۆزەڭلارنى قىيىنىماڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر (ئەمەل ـ ئىبادەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قىلىپ) ئۆزلىرىنى قىيىنىغانلىقتىن ھالاك بولۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنى چېركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلاردا ئۇچرىتالايسىلەر». [3]

**❖ بەدەن ۋە نەپسكە زىيانلىق بولغان ئادەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدىن يىراق تۇرۇش ـــ نەپسنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

1037. عن عبادَة بن الصَّامت رضي اللّه عنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قضى أن: «لا ضَرَرَ ولا

[1] «السلسلة الصحيحة» 4 ـ توم 445 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى «التاريخ» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3124 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ضِرارَ». صحيح سنن ابن ماجه: 1895.

1037. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «زىيان تارتىشقىمۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان.[1]

1038. وعن أبي صِرْمَةَ رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «من ضارَّ أضرَّ اللَّه به، ومن شَاقَّ شقَّ اللَّه عليه». صحيح سنن ابن ماجه: 1897.

1038. ئەبۇ سىرمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋغا زىيان سالسا، الله مۇ ئۇنىڭغا زىيان سالىدۇ؛ كىمكى بىراۋنى قىيىن ئەھۋالدا قويسا، الله مۇ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ».[2]

1039. عن المقدام بن معد يكرب الكندي رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: ما ملأ آدميٌّ وعاءً شرًّا من بطنٍ، بحسب ابن آدمَ أُكلاتٌ يقِمنَ صُلبَه، فإنَّ كان لا محالةَ فثُلثٌ لطعامِه، وثُلثٌ لِشرابِه، وثلثٌ لِنَفَسِه. أخرجه الترمذي، وابن حبان، والحاكم، السلسلة الصحيحة: 2265.

1039. مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب كىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئادەم بالىسىنىڭ تويمايدىغان قورسىقىدىنمۇ يامان نەرسە يوقتۇر. ئەسلىدە ئادەم بالىسىغا ھاياتىنى ساقلىيالىغۇدەك بىرقانچە لوقما كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر كۆپرەك يېمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالسا، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تائام يېسۇن. ئۈچتىن بىرىگە سۇ ئىچسۇن ۋە ئۈچتىن بىرىنى نەپەسلىنىشى ئۈچۈن بوش قويسۇن!».[3]

1040. وعن أُبي بن كعب رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ من شرار أمتي الذين غُذُّوا بالنَّعيمِ؛ الذين يطلبونَ ألوانَ الطعامِ وألوانَ الثيابِ، يتشدَّقون بالكلامِ». أخرجه أحمد في الزهد، وغيره، السلسلة الصحيحة: 1891.

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تىرمىزى توپلىغان ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن. «السلسلة الصحيحة» 2265 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

1040. ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۇبھىسىزكى، رەڭدار تائاملارنى ئىزدەپ غىزالىنىدىغان، رەڭگارەڭ كىيىملەرگە ئىنتىلىدىغان ۋە ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۈممىتىمدىكى ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر».[①]

1041. وعن أبي جُحَيْفَة رضي اللَّه عنه، قال: «تجشَّأتُ عندَ النبيِّ ﷺ فقال: <ما أكلتَ يا أبا جُحيفة؟!>، فقلتُ: <خبزٌ ولحمٌ>، فقال: <إنَّ أطولَ الناسِ جوعاً يومَ القيامَةِ؛ أكثرُهم شِبَعاً في الدُّنيا>». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3372.

1041. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا كېكىرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇ جۇھەيفە! نېمە يېگەنىدىڭ؟> دەپ سورىدى. مەن: <نان ۋە گۆش يېگەنىدىم> دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: <شەڭ ـ شۇبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى ئۇزۇن مۇددەت ئاچ قالىدىغانلار دۇنيادىكى ۋاقتىدا كۆپ توق يۈرگەن كىشىلەردۇر> دېدى».[②]

1042. وعن جُندُب بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من استطاعَ أن لا يجعلَ في بطنِهِ إلا طَيِّباً؛ فإنَّ أوَّلَ ما يُنْتِنُ من الإنسانِ بطنه». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، وغيره، السلسلة الصحيحة: 3379.

1042. جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى پاك، ھالال نەرسىنى يېيىشكە قادىر بولالىسا، ھالالنى يېسۇن، چۈنكى ئىنساننىڭ تۇنجى سېسىيدىغان ئەزاسى ئۇنىڭ قورسىقىدۇر».[③]

1043. وعن حذيفة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا ينبغي لمؤمنٍ أنْ يُذِلَّ نفْسَهُ ،قالوا: وكيف يذلُّ نفْسَهُ قال: يتعرَّض من البلاء لما لا يُطِيق». صحيح سنن ابن ماجه: 3243.

---

[①] ئەھمەد «الزهد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1891 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3372 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3379 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

1043. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹مۇئمىنىنىڭ ئۆزىنى خارلىشى لايىق ئەمەس› دېگەندە، ساھابىلەر: ‹ئۆزىنى قانداق خارلايدۇ؟› دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان قىيىن ئىشلارغا ئۇرۇنىدۇ[1]› دەپ جاۋاب بەردى».[2]

1044. عن جابر بن عبدِ اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: «أتانا رسولُ اللَّه ﷺ زائراً في منزلنا، فرأى رجلاً شَعِثاً قد تَفَرَّقَ شعرُه، فقال: أما كان يجدُ هذا ما يُسَكِّنُ به شعرَه؟! ، ورأى رجلاً آخرَ وعليه ثياباً وَسِخة، فقال: أما كانَ هذا يجدُ ماءً يَغسِلُ به ثوبَه؟!». أخرجه أبو داود، والنسائي، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 493.

1044. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىمىزگە بىزنى يوقلاپ كەلگەنىدى. ئۇ چاچلىرى قالايمىقان بىر كىشىنى كۆرۈپ: ‹بۇ كىشى چېچىنى تارايدىغان نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟› دېدى. كىيىملىرى كىرلەشكەن يەنە بىر كىشىنى كۆرۈپ: ‹بۇ كىشى كىيىملىرىنى يۇيغۇدەك سۇ تاپالمىغانمىدۇ؟› دېدى».[3]

1045. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «من فِطرة الإسلامِ الغُسلُ يومَ الجُمعَة، والاستِنانُ، وأخذُ الشَّارب، وإعفاء اللحى؛ فإنَّ المجوسَ تُعفي شواربَها، وتُحفي لِحاها، فخالفوهم: خُذوا شواربَكم، وأعفُوا لحاكُم». أخرجه ابن حبان، السلسلة الصحيحة: 3123.

1045. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «جۈمە كۈنىدىكى يۇيۇنۇش، مىسۋاك سېلىش، بۇرۇتنى قىرقىش

---

[1] بۇ ھەدىستە سەۋر قىلالمايدىغان بالا-مۇسىبەت، قاتتىقچىلىق ۋە ھالاكەتلىك ئىشلارنى ئۈمىد قىلىشتىن توسۇلغان. كۆپىنچە كىشىلەر بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن دىندىن يىراقلىشىۋاتىدۇ، ھەتتا دىندىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ. بالا-مۇسىبەتلەرنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئۇنى تەلەپ قىلىش بىلەن بالا-مۇسىبەتكە يولۇققاندا ئۇنىڭغا سەۋر قىلىش پەرقلىق بولۇپ، بالا-مۇسىبەت كېلىشىنى تىلىمەيمىز ھەم ئۇنىڭغا ئۇرۇنمايمىز. چۈنكى، بالا-مۇسىبەتنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى ئۈمىد قىلىش ــ ئۆزىنى الله تائالانىڭ ئالدىدا پاك ھېسابلىغانلىق بولۇپ، بۇ ــ مۆكەممەل ئىمانغا زىت بولغان ئىشتۇر. ئەمما، بالا-مۇسىبەتكە سەۋر قىلىشقا كەلسەك، مۇسىبەت كەلگەندە الله تائالادىن سەۋر ئاتا قىلىشىنى، مۇستەھكەم قىلىشىنى ۋە مۇسىبەتكە قارىتا ياردەم بېرىشىنى سورايمىز.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان.

[3] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 493- نومۇرلۇق ھەدىس.

ۋە ساقالنى قويۇپ بېرىش قاتارلىقلار ئىسلامدىكى قەدىمىي سۈننەتلەردۇر، چۈنكى مەجۇسىيلار بۇرۇتلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا زىت يول تۇتۇپ بۇرۇتلىرىڭلارنى ئېلىپ، ساقاللىرىڭلارنى قويۇپ بېرىڭلار» دېدى.[1]

**1046. وعن عائشة رضي اللَّه عنها، أن النبيَّ ﷺ قال: «أكرموا الشَّعْرَ». أخرجه ابن عدي في الكامل، السلسلة الصحيحة: 666.**

1046. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چاچنى ھۆرمەتلەڭلار».[2]

**1047. وعن سعيد بن عبد الرحمن الجحشي، أن النبي ﷺ قال لأبي قتادة: إن اتخذتَ شَعراً فأكرِمْه.أخرجه عبد الرزاق في المصنَّف، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2252.**

1047. سەئىد ئىبنى ئابدۇراھمان جەھشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەبۇ قەتادىگە مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئەگەر چاچ قويساڭ، ئۇنى ھۆرمەتلىگىن!».[3]

**1048. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن النبيَّ ﷺ قال: «عليكُم بالسِّواكِ؛ فإنَّه مطيبةٌ للفمِ، ومرضاةٌ للربِّ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 2517.**

1048. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مىسۋاك ئىشلىتىڭلار! ھەقىقەتەن مىسۋاك ئېغىزنى پاكلايدۇ ۋە الله نى رازى قىلىدۇ».[4]

**1049. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «من باتَ وفي يدِه غَمَرٌ فأصابَه شيء فلا يلومنَّ إلا نفْسَه». أخرجه الطبراني في المعجم الأوسط، السلسلة الصحيحة: 2956.**

1049. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قولىدا گۆش يۇقى بار ھالەتتە ئۇخلاپ قېلىپ،

---

[1] ئىبنى ھەببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3123 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئىبنى ئەدىي «الكامل» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 666 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئابدۇرازاق «المصنَّف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2252 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 5517 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بىرەر مۇسىبەت كېلىپ قالسا ئۆزىدىن كۆرسۇن».[1]

**1050. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لا تُكثِروا من الضَّحِك؛ فإنَّ كثرةَ الضحك تُميتُ القلبَ». أخرجه ابن ماجه، السلسلة الصحيحة: 506.**

1050. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۆپ كۈلمەڭلار، چۈنكى كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ».[2]

**1051. وعنه، أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «ليسَ الشديدُ بالصُّرعَةِ، إنَّما الشديدُ الذي يملكُ نفْسَهُ عند الغضبِ». البخاري.**

1051. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چېلىشقاندا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان كىشى ھەقىقىي باتۇردۇر».[3]

**1052. وعنه، أن رجلاً قال للنبي ﷺ: «أوصني، قال: لا تَغْضَبْ. فردَّدَ مراراً، قال: لا تَغضب». البخاري.**

1052. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <ماڭا نەسىھەت قىلسىلا> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <غەزەپلەنمە> دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم بۇ سۆزىنى يەنە بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىمدا ئۇنىڭغا: <غەزەپلەنمە> دېدى».[4]

**1053. عن ابن عباس رضي اللّه عنه: «كان ﷺ يمشي مشياً يُعرَفُ فيه أنه ليسَ بعاجزٍ ولا كَسلان». السلسلة الصحيحة: 2140.**

1053. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاجىز ۋە ھورۇن ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان كۆرۈنۈشتە ماڭاتتى».[5]

[1] تەبەرانى «المعجم الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2956- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 506- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

[5] «السلسلة الصحيحة» 2140- نومۇرلۇق ھەدىس.

### ❖ داۋالىنىشقا بۇيرۇش ـــ روھ ۋە تەنگە قىلىنغان رەھمەتتۇر

1054. عن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه: «أن رسولَ اللَّه ﷺ عادَ مريضاً، فقال: <ألا تدعو له طبيباً؟>، قالوا: <يا رسولَ اللَّه، وأنت تأمُرنا بهذا؟>. قال: فقال: <إنَّ اللَّه لم يُنزِل داءً إلا أُنزِلَ معه دواءٌ>». السلسلة الصحيحة: 2873.

1054. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر كېسەل كىشىنى يوقلاپ: <بۇنىڭغا دوختۇر چاقىرمامسىلەر؟> دېگەندە، كىشىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەنمۇ دوختۇر چاقىرىشقا بۇيرۇمسەن؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <شۈبھىسىزكى، الله تائالا بىر كېسەلنى چۈشۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە داۋاسىنىمۇ چۈشۈرگەن> دەپ جاۋاب بەردى».[1]

1055. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إنَّ اللَّه خلقَ الداءَ والدواءَ، فتداوَوا، ولا تتداوَوا بحرام». السلسلة الصحيحة: 1633.

1055. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ داۋاسىنى ياراتقان. شۇڭا داۋالىنىڭلار، ئەمما ھارام (قىلىنغان نەرسە) بىلەن داۋالانماڭلار».[2]

1056. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إنَّ اللَّه لم يُنزِل داءً أو لم يخلق داءً إلا أنزلَ أو خلقَ له دواءً، عَلِمَه من عَلِمَه، وجَهِلَه من جَهِلَه إلا السَّامَ»، قالوا: «يا رسولَ اللَّه وما السَّامُ؟». قال: «الموت». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 1650.

1056. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «الله تائالا سامدىن باشقا قايسى بىر كېسەلنى چۈشۈرسە ۋە ياراتسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىرگە چۈشۈرگەن ياكى بىرگە ياراتقان. كېسەلنىڭ داۋاسىنى بىلەلىگەنلەر بىلدى، بىلەلمىگەنلەر بىلەلمىدى» دېگەندە، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! سام دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

---

[1] «السلسلة الصحيحة» 2873 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «السلسلة الصحيحة» 1633 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

«ئۆلۈم» دەپ جاۋاب بەردى.①

1057. وعن رجلٍ من الأنصار، قال: عادَ رسولُ اللَّه رجلاً به جرحٌ، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: ادعوا له طبيب بني فلانٍ. قال: فدعَوهُ فجاء، فقال: يا رسولَ اللَّه ويُغني الدواءُ شيئاً؟ فقال: سبحان اللَّه، وهل أنزلَ اللَّه من داءٍ في الأرضِ إلا جَعلَ له شفاءً». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 517.

1057. ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ جاراھەتلەنگەن بىر كىشىنى يوقلاپ: <پالانى دوختۇرنى چاقىرىڭلار> دېۋىدى، ئۇلار دوختۇرنى چاقىردى. دوختۇر كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! داۋالاش كېسەلنى ساقايتالامدۇ؟> دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: <سۇبھانەللاھ! الله  تائالا زېمىنغا بىرەر كېسەلنى چۈشۈرسە، ئۇنىڭ شىپاسىنىمۇ بىرگە چۈشۈرگەن> دېدى».②③

**❖ مۇسۇلمان كىشىنىڭ شەرئىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇندىشى ۋە ھەقلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرالىشى ئۈچۈن، ئىسلام ئۇنىڭ جىسمىنىڭ سالامەت ھەم كۈچلۈك بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كىشىلەرگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىپ زېمىننى گۈللەندۈرۈشمۇ شۇ ھەقلەر قاتارىدىندۇر.**

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار»④.

1058. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «المؤمنُ القوي خيرٌ

---

① ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1650 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 517 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەبۇ بەسىر تارتۇسى مۇنداق دېگەن: «شىپالىق بەرگۈچى الله  تائالا دورىغا شىپالىق بېرىش خۇسۇسىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرغان. الله  خالىسا (دورا ئارقىلىق) شىپالىق بېرىدۇ، خالىسا شىپالىق بېرىش خۇسۇسىيىتىنى توختىتىپ قويىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ داۋالىنىش بىلەن، «داۋالاشقىلا كۈچەپ، كېسەلگە الله  شىپالىق بەرمىسىمۇ داۋالىنىش ئارقىلىق ساقىيىمەن» دېيىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. ئاۋۋالقىسى ھەق ۋە توغرا، كېيىنكىسى بولسا تۈپتىن خاتا قاراش بولۇپ، الله  تائالانىڭ: ﴿وَإِذَا مَرِضْتُ فَهُوَ يَشْفِينِ﴾ «ئاغرىپ قالسام ئۇ مېنى ساقايتىدۇ» دېگەن ئايىتىگە زىت كېلىدۇ.

④ سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

وأحبُّ إلى اللَّه من المؤمنِ الضعيفِ، وفي كلٍّ خير، احرص على ما ينفعُك واستعِن باللَّه، ولا تعجَز، وإن أصابَكَ شيءٌ فلا تقُل: <لو أنِّي فعلتُ كان كذا وكذا، ولكن>. قل: <قَدَرُ اللَّه، وما شاءَ فعل>، فإنَّ لو تفتح عملَ الشيطان». مسلم.

1058. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ياخشى ۋە الله قا ئەڭ سۆيۈملۈكتۇر، لېكىن ھەر ئىككىلىسىدە ياخشىلىق بار. ساڭا پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشقا ھېرىسمەن بولغىن، الله تىن ياردەم تىلىگىن، ئۆزەڭنى ئاجىز ھېس قىلمىغىن (ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۈمىدۋار بولغىن!) ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت يەتسە: <كاشكى مۇنداق قىلغان بولسام، بۇ ئىش ئۇنداق بولمايتتى> دېمەستىن، ئەكسىچە: <الله نىڭ تەقدىرى شۇنداقكەن، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ> دېگىن! چۈنكى <كاشكى> دېگەن سۆز شەيتاننىڭ ئەمەلىگە ئىشىك ئاچىدۇ».①

1059. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: «مثلُ المؤمنِ الضعيف كمثل الخامةِ من الزرع؛ تميلُها الريحُ، وتُقيمُها مرةً أخرى، والمؤمنُ القويُّ؛ مثل النخلة تؤتي أُكُلَها كل حينٍ في ظلِّها ذلك، ولا تقلبها الريحُ». قال الشيخ ناصر في تخريجه لكتاب الإيمان لابن أبي شيبة 88: إسناده صحيح.

1059. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئاجىز مۆمىننىڭ مىسالى شامال بىر قېتىم ئېگىپ قويۇپ، يەنە بىر قېتىم رۇسلاپ قويىدىغان قومۇشقا ئوخشايدۇ. كۈچلۈك مۆمىننىڭ مىسالى ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ، سايە تاشلاپ تۇرىدىغان شامال ئېگەلمەيدىغان خورما دەرىخىگە ئوخشايدۇ».②

1060. وعن عطاء بن أبي رباح، قال: رأيتُ جابر بن عبد اللَّه، وجابر بن عمير الأنصاري يرتميان، فملَّ أحدُهما فجلس، فقالَ له الآخرُ: «كسلتَ؟! سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <كلُّ شيء ليس من ذكر اللَّه فهو لهو أو سهوٌ، إلا أربعَ خصالٍ: مشيُ الرَّجلِ بين

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الغَرَضين، وتأديبُه فرسَه، ومُلاعبتُه أهلَه، وتعليمُ السِّباحة>».

1060. ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە جابىر ئىبنى ئۇمەير ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوق ئېتىشۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى زېرىكىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا: «ھورۇنلۇق قىلىۋاتامسەن؟! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: <الله نى زىكىر قىلىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىش ياكى خاتالىقتۇر، لېكىن تۆت خىسلەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا: ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش،[①] ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇش، ئۆز ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىش> دېدى».[②]

**❖ گۇناھ ـ مەئسىيەت بەندىنىڭ ئىمانى، جىسمى ۋە باشقا ئەزالىرىنى بۇزىدۇ. شۇڭلاشقا نەپسنى پاكلاش، تائەت ـ ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق نەپسنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا كۆندۈرۈش ـــ نەپسنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئىنسان روھ ۋە جىسمدىن تۈزۈلگەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىگىسى ئۈستىدە ھەقلىرى بار بولۇپ، بەندە بەدەن ۋە ئەزالىرىنىڭ سالامەت ۋە كۈچلۈك بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئىمان ۋە بەدەننىڭ قۇۋۋىتى مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولىدۇ ـ دە، بۇ ئىككى قۇۋۋەت ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتلەرنى روياپقا چىقىرىشتا بىرلىشىدۇ.**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى۞ فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى۞﴾ «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققان، ئۆزىنى نەپسى ـ خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك [40]، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى

---

[①] ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش ـــ نىشان تاختىسى بەلگىلەپ، ئوقنى شۇ نىشانغا تەگكۈزۈشنى مەشىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

[②] تەبەرانى، نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

جەننەت بولىدۇ [41]».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَأْكُلُونَ الرِّبَا لا يَقُومُونَ إِلَّا كَمَا يَقُومُ الَّذِي يَتَخَبَّطُهُ الشَّيْطَانُ مِنَ الْمَسِّ﴾ «جازانە، ئۆسۈم يېگەن ئادەملەر (قىيامەت كۈنى گۆرلىرىدىن) جىن چېپىلىپ قالغان ساراڭ ئادەملەردەك قوپىدۇ»②.

1061. عن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: سألتُ رسولَ اللَّه ﷺ: «أيُّ الجهادِ أفضل؟»، قال: «أن تُجاهدَ نفسَكَ وهواكَ في ذاتِ اللَّه». رواه أبو نعيم في الحلية، والديلمي، السلسلة الصحيحة: 1496.

1061. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى جىھاد ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «الله ئۈچۈن نەپسى-خاھىشىڭغا قارشى جىھاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.③

1062. وعن النعمان بن بشير رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ في ابنِ آدمَ مُضغةً إذا صَلُحت صلُحَ سائرُ جسدِه، وإذا فسدت فسدَ سائرُ جسدِه؛ ألا وهي القلب». أخرجه أبو داود الطيالسي، السلسلة الصحيحة: 2708.

1062. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «شۈبھىسىزكى، ئادەم بەدىنىدە بىر پارچە گۆش بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلىدۇ: ئەگەر ئۇ بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ گۆش — قەلبتۇر».④

1063. وعن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «الإثم حوَّاز القلوب، وما من نظرةٍ إلا وللشيطان فيها مَطمَعٌ». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان، السلسلة الصحيحة: 2613.

1063. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «گۇناھ-مەئسىيەت قەلبكە تەسىر

① سۈرە نازىئات 40- ۋە 41- ئايەت.

② سۈرە بەقەرە 275- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئەبۇ نۇئەيىم ۋە دەيلەمى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1496- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئەبۇ داۋۇد تەيالىسى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2708- نومۇرلۇق ھەدىس.

كۆرسەتكۈچىدۇر، قانداقلا بىر (نامەھرەمگە) قاراش بولسۇن، ئۇنىڭدا شەيتاننىڭ تەمەسى بولىدۇ».①

1064. وعن حذيفة بن اليمان رضي اللّٰه عنه، قال: سمعت رسول اللّٰه ﷺ يقول: «تُعرَضُ الفِتنُ على القلوبِ كالحصيرِ عوداً عوداً، فأيُّ قلبٍ أُشرِبَها نُكِتَ فيه نُكتَةٌ سوداءُ، وأيُّ قلبٍ أنكرَهَا نُكِتَ فيه نُكتَةٌ بيضاءُ، حتى تَصيرَ على قلبينِ: على أبيضَ مثلِ الصَّفا؛ فلا تَضرُّهُ فتنةٌ ما دامت السماواتُ والأرضُ، والآخرُ أسوَدُ مِربَاداً؛ كالكُوزِ مُجَخِّياً لا يَعرِفُ معروفاً ولا يُنكِرُ منكراً، إلا ما أُشرِبَ من هواهُ». مسلم.

1064. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «پىتنە-پاسات قەلبلەرگە خۇددى بورا توقۇلغاندەك توقۇلىدۇ. قايسى قەلبكە بەكرەك توقۇۋېتىلسە، ئۇنىڭغا بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ. قايسى قەلب ئۇنى رەت قىلسا، ئۇنىڭغا بىر ئاق چېكىت قويۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قەلب مەيدانغا كېلىدۇ. ئاق قەلب ياقۇتقا ئوخشاش نۇرلۇق بولۇپ، ئاسمان-زېمىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانغا قەدەر پىتنە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. يەنە بىرى قاپقارا بولغانلىقى ئۈچۈن، خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن كوزىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بىلمەيدۇ. پەقەت ھاۋايى-ھەۋەسىگىلا ئەگىشىدۇ».②

1065. وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، عن رسول اللّٰه ﷺ قال: «إنَّ العبدَ إذا أخطأَ خطيئةً نُكِتَت في قلبِه نُكتَةٌ سوداء، فإذا نزَعَ واستغفَرَ وتابَ سُقِلَ قلبُه؛ وإن عادَ زِيدَ فيها حتى تَعلُوَ قلبَهُ؛ وهو الرَّان الذي ذكَرَ اللّٰه: ﴿كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾». صحيح سنن الترمذي: 2654.

1065. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بەندە بىر خاتالىقنى ئۆتكۈزسە قەلبكە بىر

① بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2613- نومۇرلۇق ھەدىس.

② مۇسلىم توپلىغان.

قارا چېكىت قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ خاتالىقتىن قايتسا، مەغپىرەت تىلىسە ۋە تەۋبە قىلسا قەلبى ئاقىرىدۇ. ناۋادا خاتالىقنى داۋاملاشتۇرسا قەلبتىكى قارىلىق كېڭىيىپ بارىدۇ، ھەتتا قەلبنى قاپلايدۇ. مانا بۇ الله تائالانىڭ: <ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن>[1] دېگەن سۆزىدىكى قەلبنىڭ قارىلىقىدۇر».[2]

**1066. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من وقَاه اللَّه شرَّ ما بين لَحْيَيهِ، وشرَّ ما بين رجليه دخلَ الجنَّةَ».**

1066. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا قانداق بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئىككى ساقىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنىڭ (ئېغىزىنىڭ) يامانلىقىدىن ۋە ئىككى پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەرسىنىڭ (ئەۋرىتىنىڭ) يامانلىقىدىن ساقلىسا، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ».[3]

**1067. وعن أبي بكرٍ الصديق رضي اللَّه عنه ،مرفوعاً: «لا يدخلُ الجنَّةَ جسدٌ غُذِّي بالحرام». أخرجه أبو يعلى وغيره، السلسلة الصحيحة: 2609.**

1067. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھارام بىلەن ئوزۇقلانغان تەن جەننەتكە كىرمەيدۇ».[4]

**1068. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يدخلُ الجنَّةَ لحم نبتَ من السُّحتِ، وكلُّ لحمٍ نبتَ من السُّحتِ كانت النارُ أولى به». أخرجه أحمد، والدارمي.**

1068. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ئۆسكەن گۆش جەننەتكە كىرمەيدۇ،

---

[1] سۈرە مۇتەففىفىن 14 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى توپلىغان.

[3] تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 510 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] ئەبۇ يەئلا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2609 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ھارامدىن ئۆسكەن ھەرقانداق گۆشكە دوزاخ ئەڭ لايىقتۇر».[1]

1069. وعن عائشةَ رضي اللّه عنها، قالت: «كانَ لأبي بكرٍ غُلامٌ يُخرجُ له الخَراجَ، فكان أبو بكرٍ يأكلُ من خَراجِه، فجاءَ يوماً بشيءٍ، فأكلَ منه أبو بكرٍ، فقال له الغلامُ: <تَدري ما هذا؟>، فقال أبو بكرٍ: <وما هو؟>. قال: <كنتُ تكهَّنتُ لإنسانٍ في الجاهليَّةِ، وما أُحسِنُ الكهانَةَ إلا أنِّي خدعتُه، فلقيَني فأعطاني بذلك؛ فهذا الذي أكلتَ منهُ!> قالت: فأدخلَ أبو بكرٍ يدَهُ، فقاءَ كلَّ شيءٍ في بطنِه». البخاري.

1069. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇ تاپقان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى ئەبۇ بەكرىگە تاپشۇراتتى، ئەبۇبەكرى شۇنى خىراجەت قىلاتتى. بىر كۈنى ئەبۇبەكرى خىزمەتكارى ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن يېدى. ئۇ بالا: <بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟> دەپ سورىغانىدى، ئەبۇبەكرى: <ئۇ قانداق كەلگەن؟ > دېدى. ئۇ بالا: <مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە كاھىنلىقتىن تۈزۈك خەۋىرىم يوق تۇرۇپ بىر كىشىنى ئالداپ، ئۇنىڭغا كاھىنلىق قىلىپ بەرگەن ئىدىم. بۈگۈن شۇ كىشى ئۇچراپ قېلىپ بۇ نەرسىنى شۇ چاغدىكى كاھىنلىقنىڭ ھەققى ئۈچۈن بەرگەنىدى، سەن شۇ نەرسىنى يېدىڭ> دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىنى ئاغزىغا تىقىپ قورسىقىدىكى ھەممە نەرسىنى قۇسۇۋەتتى».[2]

1070. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يزني الزاني حين يزني وهو مؤمنٌ، ولا يشرَبُ الخمرَ حينَ يشرَبها وهو مؤمِنٌ، ولا يَسرقُ حين يسرِقُ وهو مؤمنٌ، ولا ينتهبُ نُهبةً يرفعُ الناسُ إليه أبصارَهم وهو مؤمنٌ». متفق عليه.

1070. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زىناخور مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ. ھاراقكەش مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرى مۇئمىنلىك

[1] ئەھمەد ۋە دارىمى توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

ھالىتىدە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ. بۇلاڭچى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا مۇئمىنلىك ھالىتىدە تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ».[1]

1071. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخمرُ أمُّ الفواحِش، وأكبر الكبائرِ؛ من شَرِبَها وقعَ على أمِّه وخالتهِ وعَمَّته». رواه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 1853.

1071. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھاراق پۈتۈن بۇزۇقچىلىقنىڭ ئانىسى ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بىرىدۇر. ئۇنى ئىچكەن كىشى ئۆزىنىڭ ئانىسى ۋە ھامما ئاچىلىرى بىلەن زىنا قىلىشتىن يانمايدۇ».[2]

1072. وعن عبد اللَّه بن بريدة، عن أبيه مرفوعاً: «ما نقضَ قوم العهد قطُّ؛ إلا كان القتلُ بينهم، وما ظهرت فاحشةٌ في قومٍ قط إلا سلَّط اللَّه عليهم الموت، ولا منع قومٌ الزكاةَ إلا حبسَ عنهم القَطْرَ». رواه الحاكم والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 107.

1072. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ؛ بىر قەۋمدە پاھىشە ئاشكارا بولسا، الله تائالا ئۇ قەۋمگە ئۆلۈمنى مۇسەللەت قىلىدۇ؛ بىر قەۋم زاكات بەرگىلى ئۇنىمىسا، الله تائالا ئۇ قەۋمدىن يامغۇرنى توختىتىپ قويىدۇ».[3]

1073. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: أقبلَ رسولُ اللَّه ﷺ فقال: يا معشَرَ المهاجرين! خمسٌ إذا ابتليتُم بهنَّ، وأعوذُ باللَّه أن تدركوهنَّ: لم تظهر الفاحِشة في قومٍ قط حتى يُعلنوا بها إلا فشا فيهم الطاعون والأوجاع التي لم تكن قد مضت في أسلافِهم الَّذين مضوا، ولم يُنقصوا الكيلَ والميزان إلا أُخِذوا بالسِّنين وشِدَّة المؤنةِ وجَوْرِ السلطان عليهم، ولم يمنعوا زكاةَ أموالهم إلا مُنعوا القطرَ من السماء، ولولا البهائمُ لم يُمطَروا، ولم ينقضوا عهدَ اللَّه وعهدَ رسولِه إلا سلَّطَ اللَّه عليهم عدواً من غيرِهم؛ فأخذوا بعض ما في أيديهم، وما لم تحكم أئمتهم بكتاب اللَّه ويتخيَّروا مما أنزلَ اللَّه إلا جعلَ اللَّه بأسَهم بينهم». رواه ابن ماجه

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1853 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 107 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

وغيره، السلسلة الصحيحة: 106.

1073. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! ئەگەر بەش ئىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنىپ قالساڭلار، سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشقا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! قايسى بىر قەۋم ئىچىدە پاھىشە پەيدا بولۇپ ھەتتا ئوچۇق ـ ئاشكارا تەشۋىق قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەردە بولۇپ باقمىغان يۇقۇملۇق كېسەل تارايدۇ؛ قايسى بىر قەۋم تارازىدا كەم بەرسە، ئۇلار قەھەتچىلىك ۋە پادىشاھنىڭ زۇلۇمى بىلەن جازالىنىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئۇلاردىن يامغۇر چەكلىنىدۇ. ئەگەر ھايۋاناتلار بولمايدىغان بولسا، ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇلمايدۇ؛ قايسى بىر قەۋم الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، الله تائالا ئۇلارغا باشقا بىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ ـ دە، دۈشمەنلەر ئۇ قەۋمنىڭ قوللىرىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ؛ ئىماملار الله نىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا ۋە الله تائالا چۈشۈرگەن ھۆكۈمنى تاللىمىسا، الله تائالا ئۇلارنى ئۆزئارا جەڭگە سېلىپ قويىدۇ».[1]

**1074. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «خَمسٌ بخمسٍ: ما نقضَ قومٌ العهدَ إلا سلَّطَ عليهم عدوَّهُم، وما حكموا بغيرِ ما أنزلَ اللَّه إلا فشا فيهم الفَقرُ، ولا ظَهرت فيهم الفاحِشةُ إلا فشا فيهم الموت، ولا مَنعوا الزكاةَ إلا حُبِسَ عنهم القَطرُ، ولا طفَّفوا المكيالَ إلا حُبِسَ عنهم النَّباتُ، وأُخِذُوا بالسِّنين». رواه الطبراني في الكبير، صحيح الترغيب:** 765.

1074. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش ئىش تۆۋەندىكى بەش ئىش سەۋەبلىك يۈز بېرىدۇ: قايسى بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزسا، الله تائالا ئۇلارغا دۈشمىنىنى مۇسەللەت

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 106 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىپ قويىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم الله چۈشۈرگەن قانۇندىن باشقا قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇلار ئىچىدە نامراتلىق يامراپ كېتىدۇ؛ قايسى بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۇلار ئىچىدە ئۆلۈم كۆپ بولىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم زاكات بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئۇلاردىن يامغۇر توختىتىلىپ قويۇلىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم ئۆلچەمدە كەم بەرسە، ئۇلارنىڭ تېرىغان زىرائەتلىرى ئۈنمەيدۇ، ئۇلار قەھەتچىلىك بىلەن جازالىنىدۇ».[1][2]

الله تائالادىن ئۇنىڭغا ۋە ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىشىمىز بىلەن نەپسىمىزنى پاكلىشىنى، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىشىنى، بىزنى الله ئۈچۈن نەپسى-خاھىشلىرىغا قارشى جىھاد قىلالايدىغان كىشىلەردىن قىلىشىنى سورايمىز!

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] تەبەرانى «الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «صحيح الترغيب» 765- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بىز بۇ ھەدىس ۋە مۇشۇ بابتا كەلگەن ئىلگىرىكى ھەدىسلەر ئارقىلىق كىتابخانلارغا خانۇ-ۋەيرانچىلىق، ھالاكەت ۋە زىيانكارلىق قاتارلىقلارنىڭ تۈپ سەۋەبىنىڭ ئىنسان نەپسىنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمگەنلىكتىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلدۇق.

# 16 ـ باب

## مالنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

مال الله تائالانىڭدۇر. الله تائالا مالنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ الله تائالانىڭ خالىشىغا مۇۋاپىق ھالدا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە سەرپلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا شۇ مال ئامانەت بېرىلگەن ۋە مالغا ئىگە قىلىنغان كىشىدۇر. ئىنسان قىيامەت كۈنى مالنى قەيەردىن تاپقانلىقى، نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى ۋە مالنىڭ پەرز بولغان ھەققىنى ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىدىن ھېساب بېرىدۇ.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَنْ تَشَاءُ وَتَنْزِعُ الْمُلْكَ مِمَّنْ تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَنْ تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَنْ تَشَاءُ بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**﴾ «ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى الله! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق (نىڭ خەزىنىسى يالغۇز) سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ**﴾ «ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر الله نىڭ (مۈلكى، مەخلۇقاتى ۋە بەندىلىرى) دۇر، ھەممە ئىشلار الله قا قايتۇرۇلىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَهُوَ الَّذِي جَعَلَكُمْ خَلَائِفَ الْأَرْضِ وَرَفَعَ بَعْضَكُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَبْلُوَكُمْ فِي مَا آتَاكُمْ إِنَّ رَبَّكَ سَرِيعُ الْعِقَابِ وَإِنَّهُ لَغَفُورٌ رَحِيمٌ**﴾ «الله سىلەرنى (ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ) ئورۇنباسارلىرى قىلدى، الله سىلەرنى بەرگەن

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 26 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئال ئىمران 109 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نېئمىتىگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن بىرقانچە دەرىجە يۇقىرى قىلدى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلاردىن) ئەلۋەتتە تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكُمْ خَلَائِفَ فِي الْأَرْضِ مِنْ بَعْدِهِمْ لِنَنْظُرَ كَيْفَ تَعْمَلُونَ﴾ «سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان) دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿آمِنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَأَنْفِقُوا مِمَّا جَعَلَكُمْ مُسْتَخْلَفِينَ فِيهِ فَالَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَأَنْفَقُوا لَهُمْ أَجْرٌ كَبِيرٌ﴾ «الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، الله سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار، سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە سەدىقە قىلغانلار چوڭ ساۋابقا ئىگە بولىدۇ»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَائِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الْأَرْضِ خَلِيفَةً قَالُوا أَتَجْعَلُ فِيهَا مَنْ يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ الدِّمَاءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ قَالَ إِنِّي أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن> دېدى. پەرىشتىلەر: <يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز> دېدى. الله : <مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن> دېدى»[④].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1075. عن أبي برزة رضي اللّه عنه، أن رسولَ اللّه ﷺ قال: «لا تزولُ قدما عبدٍ يومَ القيامة حتى يُسأل عن أربعٍ ـ منها ـ وعن مالِه من أين اكتسبَه وفِيمَ أنفقَهُ». رواه الترمذي

---

① سۈرە ئەنئام 165 ـ ئايەت.

② سۈرە يۇنۇس 14 ـ ئايەت.

③ سۈرە ھەدىد 7 ـ ئايەت.

④ سۈرە بەقەرە 30 ـ ئايەت.

وقال: حديث حسنٌ صحيح،

1075. ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەندە قىيامەت كۈنى ئىككى قەدىمى يۆتكەلمەي تۇرۇپ تۆت ئىشتىن سوئال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مالنى قەيەردىن تېپىپ قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكى شۇ تۆت ئىشنىڭ قاتارىدىندۇر».①

1076. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ: **«إنَّ الدُّنيا خَضرَةٌ حُلْوَةٌ، وإنَّ اللَّه مُستخلفَكُم فيها؛ لينظرَ كيف تعملون، فاتَّقوا الدُّنيا، واتقوا النِّساءَ، فإنَّ أوَّلَ فتنةِ بني إسرائيل كانت في النِّساءِ»**. أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 911.

1076. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا ھەقىقەتەن گۈزەل ۋە شېرىندۇر. الله سىلەرنى دۇنيادا ئورۇنباسار قىلىپ، سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ. مال - دۇنيا ۋە ئاياللاردىن پەخەس بولۇڭلار، چۈنكى بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىكى تۇنجى پىتنە ئاياللاردىن باشلانغان ئىدى».②

## ❖ مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىشنىڭ ۋاجىبلىقى ۋە زاكاتنىڭ ئىسلام ئاساسلىرىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَقِيمُوا الصَّلَاةَ وَآتُوا الزَّكَاةَ وَارْكَعُوا مَعَ الرَّاكِعِينَ**﴾ «نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ إِنْ مَكَّنَّاهُمْ فِي الْأَرْضِ أَقَامُوا الصَّلَاةَ وَآتَوُا الزَّكَاةَ**﴾ «(الله نىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ»④.

---

① تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 911 - نومۇرلۇق ھەدىس.

③ سۈرە بەقەرە 43 - ئايەت.

④ سۈرە ھەج 41 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ «ئۇلارنىڭ پۇل - ماللىرىدا سائىللار ۋە (ئىپپەتلىكىدىن سائىللىق قىلمايدىغان) موھتاجلار ھوقۇقى ئىگە ئىدى (يەنى ئۇلار سائىللارغا ۋە موھتاجلارغا سەدىقە قىلاتتى)»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ فِي أَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ﴿ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ﴾ «ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ [24-25]»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ «مېۋە (نىڭ ھوسۇلى) نى يىغقان كۈندە (يەنى يىغقان ۋاقىتتا) ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ»[4].

1077. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «بُني الإسلامُ على خمسٍ: شهادةِ أن لا إله إلا اللَّه، وأنَّ محمداً رسولُ اللَّه، وإقامِ الصلاةِ، وإيتاءِ الزكاةِ، والحجِّ، وصومِ رمضانَ». متفق عليه.

1077. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى <الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت بەش ئاساس

[1] سۈرە تەۋبە 103 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە زارىيات 19 - ئايەت.
[3] سۈرە مائارىج 24 - ۋە 25 - ئايەتلەر.
[4] سۈرە ئەنئام 141 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇستىگە قۇرۇلدى». ①

1078. وعنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «بُني الإسلامُ على خمسٍ: على أن يُعبَدَ اللَّه، ويُكفَرَ بما دُونِه، وإقامِ الصلاة، وإِيتاءِ الزكاة، وحجِّ البيتِ، وصومِ رمضان». مسلم.

1078. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنى ــ الله تىن باشقا بارچە مەبۇدلارنى ئىنكار قىلىپ ئىبادەتنى پەقەت الله قىلا قىلىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش ۋە رامىزان روزىسى تۇتۇشتىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۇستىگە قۇرۇلدى». ②

1079. عن ابن عباسٍ رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ لما بعَث مُعاذاً على اليمن، قال: «إنَّك تَقدُمُ على قومٍ أهلَ كتابٍ، فليكُن أوَّلَ ما تدعوهُم إليه عبادَةُ اللَّه فإذا عرَفُوا اللَّه، فأخبرهُم أنَّ اللَّه قد فَرَضَ عليهم خمس صلواتٍ في يومِهم وليلَتِهم، فإذا فعلُوا فأخبرهُم أنَّ اللَّه فرضَ عليهم زكاةً من أموالهم وتُردُّ على فُقرائهم، فإذا أطاعوا بها فخذ منهم وتوَقَّ كرائمَ أموالِ الناس». متفق عليه.

1079. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە يولغا سالغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەھلى كىتاب قەۋمگە قاراپ كېتىپ بارىسەن. ئۇلارنى ئالدى بىلەن الله تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغىن. ئەگەر ئۇلار الله نى تونۇسا، ئاندىن الله نىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قىلسا، ئاندىن الله نىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ۋە زاكاتنىڭ ئۇلارنىڭ پېقىرلىرىغا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئۇلاردىن زاكات ئالغىن. (زاكاتقا) ئۇلارنىڭ ئېسىل ماللىرىنى ئېلىشتىن ساقلانغىن». ③

1080. وفي رواية: «إنكَ تأتي قوماً أهلَ كتابٍ، فادعهم إلى شهادة أن لا إله إلا اللَّه، وأنِّي

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رسولُ اللَّه، فإن هم أطاعوكَ لذلك فأعلمهم: أن اللَّه افترَضَ عليهم خمسَ صلوات ٍ في كلِّ يوم وليلةٍ، فإن هم أطاعوك لذلك فأعلمهم: أن اللَّه افترَضَ عليهم صدَقةً في أموالهم؛ تؤخَذ منٍ أغنيائهم وتُرَدُّ في فقرائهم، فإن هم أطاعوك لذلك، فإيَّاكَ وكرائمَ أموالِهم، واتَّقِ دَعوةَ المظلوم؛ فإنها ليس بينها وبين اللَّه حِجابٌ». متفق عليه.

1080. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «سەن ئەھلى كىتابتىن بولغان قەۋمگە بارىسەن. ئۇلارنى بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرغىن. ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا ۋە ئىتائەت قىلسا، ئاندىن الله تائالانىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە ئۇلارغا بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭغا بويسۇنسا، الله نىڭ ئۇلارنىڭ ماللىرىغا زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى ۋە زاكاتنىڭ بايلىرىدىن ئېلىنىپ پېقىرلىرىگە بېرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىن. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ بويسۇنسا، (سەدىقىگە) ئۇلارنىڭ ئېسىل ماللىرىدىن ئېلىشتىن ھەزەر قىلغىن. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسىدىن قورققىن، ھەقىقەتەن زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى بىلەن الله نىڭ ئارىسىدا پەردە يوق».[1]

1081. وعن عبد اللَّه بن معاوية الغاضري رضي اللَّه عنه، قال: قال النبي ﷺ: «ثلاثٌ من فعلَهُنَّ فقد طعِمَ طعْمَ الإيمان: مَن عبدَ اللَّه وحدَه، وأنَّه لا إله إلا اللَّه، وأعطى زكاة ماله طيبةً بها نفْسُه رافدةً عليه كلَّ عام، ولا يُعطي الهَرِمَةِ، ولا الدَّرِنَة، ولا المريضَة، ولا الشَّرَطَ اللئيمةِ، ولكن من وسط أموالكم، فإنَّ اللَّه لم يسألكم خيرَه، ولم يأمرْكُم بشرِّه». صحيح سنن أبي داود: 1400.

1081. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئاۋىيە غازىرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر دەپ ئېتىقاد قىلغان، يېگانە الله قىلا ئىبادەت قىلغان ۋە مېلىنىڭ زاكىتىنى ھەر يىلى چىن قەلبىدىن رازى بولۇپ ئادا قىلغان كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. مۇنداق كىشى مېلىنىڭ قېرى، كېسەل ۋە ئەبگاللىرىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەمەس، بەلكى ئوتتۇراھاللىرىنى تاللاپ بېرىدۇ. چۈنكى الله سىلەردىن مېلىڭلارنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى زاكاتقا ھېسابلاپ بېرىۋېتىشىڭلارنى تەلەپ قىلمايدۇ، ماللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ناچارلىرىنى بېرىشىڭلارغىمۇ رۇخسەت قىلمايدۇ».①

❖ مېلىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان كىشىلەر ھەققىدە

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ۞ يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ۞**﴾ «ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى الله نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى الله نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35]»②.

1082. **عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: «أُمِرتُ أن أقاتِلَ الناسَ حتى <يشهدوا أن لا إله إلا اللَّه وأن محمداً رسولُ اللَّه>، ويُقيموا الصلاةَ، ويُؤتُوا الزكاةَ، فإذا فعلوا ذلك عصَمُوا مني دماءَهم وأموالَهم إلا بحقِّ الإسلام وحسابُهم على اللَّه». متفق عليه.**

1082. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار: <بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، ناماز ئوقۇغان ۋە زاكات بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇلدۇم، ئۇلار بۇلارنى ئىجرا قىلسا، جانلىرى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

② سۈرە تەۋبە 34 ـ ۋە 35 ـ ئايەتلەر.

ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ[1]، ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنىڭ ھېسابىنى الله ئالىدۇ».[2]

1083. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: لما توفي النبيُّ ﷺ واستُخْلِفَ أبو بكرٍ بعده، وكفَرَ من كفرَ من العرب، قال عمر بن الخطاب لأبي بكر: كيف تقاتل الناس وقد قال رسولُ اللَّه ﷺ: أُمِرتُ أن أقاتِلَ الناسَ حتى يَقولُوا: لا إله إلا اللَّه؛ فمن قال لا إله إلا اللَّه عَصمَ مني مالَهُ ونَفْسَهُ إلا بحقِّه وحسابُه على اللَّه، فقال أبو بكر: واللَّه لأقاتِلَنَّ مَن فَرَّق بين الصلاة والزَّكاة، فإنَّ الزكاةَ حقُّ المالِ، واللَّه لو منعوني عَناقاً كانوا يؤدونها إلى رسولِ اللَّه ﷺ لقاتلتُهم على منعها. قال عمر: فواللَّه ما هو إلا رأيتُ أنَّ اللَّه شرحَ صدرَ أبي بكرٍ للقتال، فعرفتُ أنَّه الحقُّ». متفق عليه.**

1083. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئورنىغا خەلىپە بولغاندا، ئەئرابىلارنىڭ ئارىسىدا مۇرتەدلىك باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: [ئى ئەبۇبەكرى! ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچساڭ قانداق بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ: «مەن باشقىلار بىلەن تاكى ئۇلار: <لا إله إلا اللَّه> <الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق> دېگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى: <لا إله إلا اللَّه> <الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق> دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ مەندىن مېلىنى ۋە جېنىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن ساقلاپ قالالمايدۇ. قالغان ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ» دېگەن تۇرسا؟!] دېدىم. لېكىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىمكى ناماز بىلەن زاكاتنى ئايرىۋەتسە، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن. چۈنكى زاكات مالنىڭ ھەققى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاقتىدا بېرىپ كېلىۋاتقان ئوغلاق چاغلىق بىرنەرسىنى بېرىشتىن يېنىۋالىدىغان بولسا، چوقۇم ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن» دېدى.

[1] يەنى بىرەر جىنايەت سادىر قىلسا، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازاسىنى تارتىدۇ.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله نىڭ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم» دېدى.[1]

1084. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن آتاه اللَّه مالاً فلم يؤدِّ زكاتَه، مثُلَ له يومَ القيامةِ شجاعاً أقرع له زبيبتان، يُطوِّقُه يوم القيامةِ ثم يأخذ بِلُهزُمَتيه يعني بشِدْقَيه، ثم يقول: <أنا مالُك، أنا كنزُك>». متفق عليه.

1084. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله بەرگەن مالىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ مېلى قىيامەت كۈنى زەھىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بېشىنىڭ قاسىرىقى چۈشۈپ كەتكەن، بېشىنىڭ ئۈستىدە ئىككى تال قارا چېكىت بولغان ئەركەك يىلانغا ئايلىنىپ ئۇنىڭغا يۆگىشىۋالىدۇ ۋە ئۇنى چىشلەپ: <مانا مەن سېنىڭ يىغىپ ـ توپلاپ (زاكىتىنى بەرمىگەن) مېلىڭ بولىمەن> دەيدۇ».[2]

1085. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما من صاحِب ذَهب ولا فضَّةٍ لا يُؤدي منها حقَّها، إلا إذا كان يومُ القيامة صُفِّحَت له صفائحُ من نار، فأحمي عليها في نارِ جهنم، فيُكوى بها جَنبُه وظَهرُه، كُلَّما رُدَّت أعيدَت له في يومٍ كان مِقدارُه خمسين ألفَ سنةٍ، حتى يُقضَى بين العباد، فيرى سبيله: إما إلى الجنَّةِ وإمَّا إلى النارِ». رواه مسلم.

1085. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەتتە بىر كۈنى 50 مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، الله تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن ـ كۈمۈش (لېگەندەك) كەڭ قىلىنىپ، جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ ئۇ كىشىنىڭ بېقىنى، پېشانىسى ۋە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

دۇمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار سوۋۇپ قالغان ھامان ئوتتا قايتا قىزىتىلىپ تۇرىلىدۇ». [1]

1086. وعن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما من رجلٍ يكونُ له إبلٌ أو بقرٌ أو غنَمٌ لا يُؤدي حقَّها؛ إلا أُتِيَ بها يومَ القيامةِ أعظمَ ما يكونُ وأسمنَه، تطوؤه بأخفافِها، وتنطحُه بقرونِها، كلما جازَت أُخراها رُدَّت عليه أُولاها، حتى يُقضى بين الناسِ». متفق عليه.

1086. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۆگىسى ياكى كالىسى ۋە ياكى قويى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەققىنى (يەنى زاكىتىنى) ئادا قىلمايدىكەن، قىيامەت كۈنى شۇ ماللار ئەڭ سېمىز ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئۇ ماللار ئۇ كىشىنى تۇياقلىرى بىلەن دەسسەپ، مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسۈپ ماڭىدۇ. ھەتتا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغانغا قەدەر بېشىدا ئۆتۈپ بولغان كالا-قويلار چۆرگىلەپ كېلىپ، ئارقىدىكى كالا-قويلارغا قوشۇلۇپ، توختىماستىن ئايلىنىپ تۇرىدۇ». [2]

1087. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما مِن رجلٍ له مال، لا يُؤدِّي حَقَّ مالِه إلا جُعِلَ له طَوقاً في عُنُقِه؛ شُجاعٌ أقرَعُ، وهو يفرُّ منه، وهو يتبَعُهُ، ثم قرأ مِصداقَهُ مِن كتابِ اللَّه: ﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾». صحيح سنن النسائي: 2289

1087. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى الله بەرگەن مالنىڭ ھەققىنى (زاكىتىنى) ئادا قىلمايدىكەن، ئۇ مال زەھەرنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن بېشىنىڭ قاسرىقى چۈشۈپ كەتكەن ئەركەك يىلانغا ئايلىنىپ ئۇ كىشىگە يۆگىشىۋالىدۇ. ئۇ كىشى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يىلاندىن قاچىدۇ، يىلان ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلايدۇ» دېدى. ئاندىن بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە: «الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل ـ مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر: ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى الله نىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ). الله قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر »[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.[2]

**1088. وعن أبي واقد الليثي رضي اللَّه عنه، قال: كنا نأتي النبيَّ ﷺ إذا أُنزِلَ عليه، فيُحدِّثنا، فقال لنا ذات يومٍ: «إنَّ اللَّه قال: إنَّا أنزلنا المالَ لإقامِ الصلاةِ، وإيتاءِ الزَّكاةِ، ولو كان لابنِ آدمَ وادٍ ـ وفي روايةٍ: من ذَهَبٍ ـ لأحبَّ أن يكون إليه ثانٍ، ولو كان له واديان لأحبَّ أن يكونَ إليهما ثالثٌ، ولا يملأ جوفَ ابنَ آدم إلا التُّرابُ، ثم يتوبُ اللَّه على من تاب». أخرجه أحمد، والطبراني في الكبير، السلسلة الصحيحة: 1639.**

1088. ئەبۇ ۋاقىد لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا باراتتۇق، ئۇ بىرەر ۋەھيي نازىل بولسا بىزگە سۆزلەپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ مەلۇم بىر كۈنى الله تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: <(شۈبھىسىزكى، بىز مالنى كىشىلەرنىڭ نامازنى ئادا قىلىشى ۋە زاكاتنى بېرىشى ئۈچۈن چۈشۈردۇق). ناۋادا ئادەم بالىسىنىڭ مالغا لىق تولغان بىر جىلغىسى بولسا (يەنە بىر نەقىلدە: <ئالتۇنى بولسا> دەپ كەلگەن)، ئىككىنچى جىلغىسىنىڭ بولۇشىنى خالايدۇ. ئىككى جىلغىسى بولسا، ئۈچىنچى جىلغىسى بولۇشىنى خالايدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقى (قەبرىگە كىرىپ) توپىغا توشقاندىلا ئاندىن تويىدۇ. الله

[1] سۈرە ئال ئىمران 180 ـ ئايەت.

[2] نەسائى توپلىغان.

تائالا تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».[1]

**❖ زاكات نىسابىغا يەتمىگەن تۆرلۈك مالدىن الله رازىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش ۋە سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّاءِ وَالضَّرَّاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ**﴾ «تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ الله يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. الله ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا السَّائِلَ فَلا تَنْهَرْ**﴾ «سائىلغا قوپاللىق قىلما».[3]

**1089. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «ما مِن يوم يُصبحُ العبادُ فيه، إلا مَلَكَان ينزلان، فيقول أحدُهما: <اللَّهمَّ أَعطِ مُنْفِقاً خلَفاً>، ويقول الآخر: <اللَّهمَّ أعطِ مُمسِكاً تَلَفاً>». متفق عليه.**

1089. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەر كۈنى سەھەردە ئىككى پەرىشتە زېمىنغا چۈشۈپ، بىرى: <ئى الله! سەدىقە بەرگۈچىگە ئۇنىڭ بەرگىنىدىن تېخىمۇ ياخشىسىنى ئاتا قىلغىن!> دېسە؛ يەنە بىرى: <ئى الله! سەدىقە بەرمەي، مېلىنى چىڭ سىقىمدىۋالىدىغان (پىخسىق)لارنىڭ مېلىنى يوق قىلغىن!> دەيدۇ».[4]

**1090. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «قالَ اللَّه تعالى: أنفِقْ يا ابنَ آدمَ أُنفِق عليك». متفق عليه.**

1090. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1639 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈرە ئال ئىمران 134 ـ ئايەت.

[3] سۈرە زۇھا 10 ـ ئايەت.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا: <ئى ئادەم بالىسى! نەپىقە قىلىپ تۇرغىن، مەنمۇ ساڭا بېرىمەن> دەيدۇ».[①]

**1091. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «لو كان لي مِثْلُ أُحُدٍ ذَهَباً لَسَرَّني أن لا تمُرَّ عليَّ ثلاثُ ليالٍ وعندي منه شيءٌ؛ إلا شيئاً أرصُدُه لِدَيْنٍ». متفق عليه.**

1091. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، قەرز تۆلەشكە ئايرىپ قويۇلغىنىدىن باشقا كىچىككىنە نەرسىنىڭمۇ ئۆيۈمدە ئۈچ كۈنگىچە تۇرۇپ قېلىشىنى ياقتۇرمايمەن».[②]

**1092. وعن أبي ذرٍّ رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «ما أحِبُّ أنَّ أُحُداً ذاكَ عندي ذهَبٌ، أمسَى ثالثةً عندي منه دينارٌ، إلا ديناراً أرصُدُه لِدَيْنٍ»، إلا أن أقولَ به في عبادِ اللّه هكذا ـ حثا بين يدَيه ـ وهكذا عن يمينه، وهكذا عن شمالِه». متفق عليه.**

1092. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر ﷺ: «مېنىڭ مۇشۇ ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇنۇم بولسا، قەرز تۆلەشكە ئايرىپ قويۇلغىنىدىن باشقا ئۇنىڭدىن بىر دىنارنىڭمۇ يېنىمدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قېلىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن، لېكىن الله نىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن مۇنچىلىك، مۇنچىلىك بېرىڭلار» دەپ ئۆزىنىڭ ئالدى، ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە ئىشارەت قىلدى.[③]

**1093. وعن عبيدِ اللّه بن عباس رضي اللّه عنه، قال: قال لي أبو ذَرٍّ: «يا ابنَ أخي كنتُ معَ رسول اللّه آخذاً بيدِه، فقال: <يا أبا ذَرٍّ! ما أُحِبُّ أنَّ لي أحُدَاً ذهباً وفضَّةً أُنفقه في سبيل اللّه؛ أموتُ يومَ أموتُ فأدعُ منه قِيراطاً>، قلت: <يا رسولَ اللّه قِنطاراً؟>. قال: <يا أبا ذرٍّ! أذهبُ إلى الأقلِّ وتذهبُ إلى الأكثَرِ! أريدُ الآخرةِ وتُريدُ الدُّنيا؟!>، قيراطاً ، أعادَها عليَّ ثلاثَ مراتٍ». أخرجه البزار في مسنده، السلسلة الصحيحة: 3491.**

1093. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

نەقىل قىلىنىدۇ: ماڭا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتقان ھالەتتە بىرگە ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇ زەر! ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشۈم بولسا، ئاندىن ئۇنى الله تائالانىڭ يولىدا خەجلىسەم، مەن ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭدىن بىر قىيراتنىمۇ (يەنى يېرىم دەرھەم) قالدۇرۇپ قويۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن> دېۋىدى، مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىر قىنتار (يەنى كۆپ مىقداردىكى مال) قالدۇرۇپ قويۇشنى دەملا؟> دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئەبۇ زەر! مەن ئازنى دەۋاتىمەن، سەن بولساڭ كۆپنى دەۋاتىسەن. مەن ئاخىرەتنى كۆزلەۋاتىمەن، سەن دۇنيانى كۆزلەۋاتىسەن> دېدى. ئاندىن: <بىر قىيرات قالدۇرۇپ قويۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن> دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى».①

**1094. وعن أسماءَ رضي اللَّه عنها ،قالت: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «أنفِقِي ولا تُحصي فيُحصِيَ اللَّه عليكِ، ولا تُوعِي فيوعِيَ اللَّه عليكِ، أرضِخِي ما استَطَعْتِ». متفق عليه.**

1094. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا بەرگەن نەرسىنى ھېسابلاپ ئولتۇرمىغىن، بولمىسا الله مۇ ساڭا بەرگەننى ھېسابلاپ بېرىدۇ. بېخىللىق قىلما، شۇنداق قىلساڭ الله مۇ سەندىن مالنى چەكلەپ قويىدۇ. تاقىتىڭنىڭ يېتىشىچە ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىپ تۇرغىن».②

**1095. وعن أبي أمامة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «يا ابنَ آدمَ إن تَبذُلِ الفضلَ خيرٌ لك، وإن تُمْسِكْهُ شَرٌّ لك، ولا تُلامُ على كفَافٍ، وابدأ بمن تَعُول». مسلم.**

1095. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئادەم بالىسى! ئارتۇق نەرسەڭنى سەرپ قىلىشىڭ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، چىڭ تۇتۇۋېلىشىڭ سەن ئۈچۈن ياماندۇر. رىزقىڭنىڭ يېتەرلىك بولغىنىغا قارىتا مالامەت قىلىنمايسەن، (سەدىقە قىلىشنى) ئۆزۈڭ

① بەززار «مسند» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3491 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چىقىمىغا ئىگە بولغان كىشىلىرىڭدىن باشلىغىن».[1]

1096. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رجلٌ: «يا رسولَ اللَّه أيُّ الصَّدَقةِ أعظم أجراً؟»، قال: «أن تَصدَّقَ وأنت صَحيحٌ شَحيحٌ؛ تخشى الفَقْرَ، وتأمَلُ الغِنى، ولا تُمهِل حتى إذا بلَغت الحلقومَ، قلت: <لفلانٍ كذا، ولفلان كذا>، وقد كان لفلان». متفق عليه.

1096. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! قايسى سەدىقىنىڭ ئەجرى ئەڭ كۆپ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «تېنىڭ ساغلام بولغان، كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بېخىللىق قىلىۋاتقان، باي بولۇشنى ئويلاۋاتقان ۋاقتىڭدا قىلغان سەدىقەڭدۇر، شۇڭا سەدىقە قىلىشنى كەينىگە سۈرمە، سەن جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغاندا: <بۇ پالانىغا قالسۇن، ئاۋۇ پالانىغا قالسۇن> دەيسەن، لېكىن بۇ ۋاقىتتا ماللىرىڭ ئاللىقاچان باشقا بىرىگە تەۋە بولۇپ كەتكەن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

1097. وعن بسر بن جحاش القرشي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: [يقولُ اللَّه: «يا ابنَ آدمَ أَنَّى تُعجزُني وقد خَلقتُك من مثلِ هذه، حتى إذا سويتُكَ وعدَّلتُكَ مشيتَ بين بُردتين، وللأرضِ منكَ وئيدٌ ـ يعني شكوى ـ فجمعتَ ومَنعتَ، حتى إذا بَلَغَتِ التراقي، قلت: <أتصدَّقُ>، وأنَّى أوانُ الصَّدَقةِ»]. أخرجه ابن ماجه، والحاكم، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 1143.

1097. بۇسرى ئىبنى جىھاش قۇرەيشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: [الله  تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەم بالىسى! مېنى قانداقمۇ ئاجىز ھېسابلايسەن؟ مەن سېنى مۇشۇنچىلىك خار نەرسىدىن يارىتىپ بىجىرىم، راۋۇرۇس ئادەم قىلدىم. ئىككى تونىنى كىيىپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭدىڭ، تەكەببۇرلۇقۇڭدىن زېمىنمۇ ئەيمىنىدۇ. سەن مال توپلىدىڭ، سەدىقە بەرمىدىڭ. ھەتتا جان ھەلقۇمىڭغا يەتكەندە: <سەدىقە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىمەن> دېدىڭ. ئۇ ۋاقىتتا سەدىقە قىلىشقا نەدىمۇ ۋاقىت بولسۇن!»].[1]

1098. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: كان أبو طلحةَ أكثرَ الأنصارِ بالمدينةِ مالاً من نخْلٍ، وكان أحبُّ أموالِه إليه بيرُحَاءَ، وكانت مستقبلَةَ المسجدِ، وكان رسولُ اللَّه ﷺ يَدخلُها ويَشربُ من ماءٍ فيها طيب. قال أنس: «فلما أُنزلت هذه الآية: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾، قامَ أبو طلحة إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: يا رسولَ اللَّه! إن اللَّه تباركَ وتعالى يقول: ﴿لَنْ تَنَالُوا الْبِرَّ حَتَّى تُنْفِقُوا مِمَّا تُحِبُّونَ﴾؛ وإنَّ أحبَّ أموالي إلي بيرُحاءَ، وإنها صدقةٌ للَّه؛ أرجو بِرَّها وذُخرَهَا عند اللَّه، فضَعها يا رسولَ اللَّه حيثُ أراكَ اللَّه». قال: فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «بَخٍ، ذلك مالٌ رابحٌ، ذلك مالٌ رابحٌ! وقد سمعتُ ما قلتَ، وإني أرى أن تجعلَها في الأقربين»، فقال أبو طلحة: «أفعلُ يا رسولَ اللَّه»؛ فقسَّمها أبو طلحةَ في أقاربِه وبني عَمِّه. متفق عليه.

1098. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئەڭ كۆپ خورمىلىق بېغى بار كىشى ئىدى. بەيرۇھا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان باغلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ باغقا كىرىپ، تاتلىق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ چىقاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر»[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، ئەبۇ تەلھە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ رەسۇلى! الله تائالا: <ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر> دەيدۇ، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مېلىم بەيرۇھا ئاتلىق بېغىمدۇر. مەن ئۇنى الله نىڭ رىزالىقىنى ئۈمىد قىلىپ سەدىقە قىلدىم، بۇنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە الله نىڭ

[1] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1143 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈرە ئال ئىمران 92 ـ ئايەت.

دەرگاھىدا ئاخىرەتلىكىم بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. سەن بۇنى الله بۇيرۇغان يەرگە ئىشلەتكەيسەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: «پاھ! بۇ ھەقىقەتەن پايدىلىق مال، بۇ ھەقىقەتەن پايدىلىق مال. سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى ئاڭلىدىم، بۇ باغنى ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭ پايدىلىنىدىغان سەدىقە قىلىۋېتىشىڭنى توغرا دەپ قارايمەن» دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن چوقۇم ئېيتقىنىڭدەك قىلىمەن» دېدى ۋە بېغىنى يېقىن تۇغقانلىرى ۋە تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەردى.[①]

1099. وعن عائشة رضي اللّه عنها: أنهم ذبحوا شاةً، فقالَ النبيُّ ﷺ: «ما بقي منها؟»، قالت: «ما بقي منها إلا كَتِفُها». قال: «بقي كلُّها غير كتفِها». أخرجه الترمذي وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2544.

1099. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىز بىر قوي سويغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ مەندىن: «ئۇ قوينىڭ گۆشىدىن قانچىلىك قالدى؟» دەپ سورىدى، مەن: «بىر قولىدىن باشقا يېرى قالمىدى (يەنى بىر قولىدىن باشقا ھەممە يېرىنى سەدىقە قىلىۋەتتۇق)» دېسەم. پەيغەمبەر ﷺ: «دېمەككى، بىر قولىدىن باشقا ھەممە يېرى قېلىپ قاپتۇ» دېدى.[②]

1100. وعن جابر رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «اتقوا الظُّلمَ؛ فإنَّ الظلمَ ظُلماتٌ يومَ القيامة، واتَّقُوا الشُّحَّ؛ فإن الشُّحَّ أهلكَ مَن كان قبلَكُم؛ حملهم على أن سفَكُوا دماءَهم، واستحلُّوا محارِمَهم». مسلم.

1100. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ھەقىقەتەن زۇلۇم قىيامەت كۈنىدىكى زۇلمەتلەردۇر. ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاچكۆزلۈك سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنى ئۆزئارا قانلىرىنى تۆكۈشكە، ھارام نەرسىلەرنى ھالال

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2544- نومۇرلۇق ھەدىس.

ساناشقا ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى ھالاك قىلغان». [1][2]

**1101. وعن أبي ذَرّ رضي اللَّه عنه ،قال: انتهيتُ إلى النبيِّ ﷺ وهوجالسٌ في ظلِّ الكعبةِ، فلمَّا رآني قال: «هم الأخسرون وربِّ الكعبةِ». فقلت: «فداك أبي وأمي، من هم؟»، قال: «هم الأكثرون مالاً؛ إلا من قال: هكذا وهكذا وهكذا، من بين يديه ومن خَلفِه وعن يمينه وعن شمالِه، وقليلٌ ما هم». متفق عليه.**

1101. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بارسام ، ئۇ كەئبە سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن، مېنى كۆرۈپ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئاشۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېدى. مەن دەرھال: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار كۆپ مال ـ دۇنيا توپلىغانلاردۇر. پەقەت توپلىغان مال ـ دۇنيالىرىنى الله يولىدا ئالدى ـ كەينىگە قارىماستىن سېخىيلارچە خەجلەيدىغانلار ئۇلاردىن ئەمەس، بىراق بۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز» دېدى. [3]

**1102. وعن عُقبة بن عامر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ الصدقةَ لتُطفئ عن أهلها حرَّ القبورِ، وإنما يَستظلُّ المؤمنُ يومَ القيامة في ظلِّ صدَقتِه». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3484.**

1102. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، سەدىقە شۇ سەدىقە قىلغۇچىدىن قەبرە ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. مۇئمىن قىيامەت كۈنى قىلغان سەدىقىسىنىڭ سايىسىدا سايىدايدۇ». [4]

**1103. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «صَدَقَةُ السرِّ تُطفِئُ**

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] قىيامەت كۈنىدە الله تائالا نۇر ئاتا قىلغان كىشىلەردىن باشقا كىشىنىڭ نۇرى بولمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ مىقدارىدا نۇرى بولىدۇ. ئەگەر زۇلۇم قىلغان بولسا، زۇلۇمىنىڭ مىقدارىدا ئۇنىڭدىن نۇر يوقاپ كېتىدۇ. — «شرح رياض الصالحين».

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3484 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

غَضَبَ الربِّ». أخرجه الطبراني وغيره، السلسلة الصحيحة: 1908.

1103. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يوشۇرۇن قىلىنغان سەدىقە رەب تائالانىڭ غەزىپىنى ياندۇرىدۇ».①

1104. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «سبعةٌ يُظِلُّهُمُ اللَّه يومَ القيامَةِ في ظِلِّه يومَ لا ظِلَّ إلاَّظِلُّه ـ منهم: ورجلٌ تَصدَّقَ بِصَدَقةٍ فأخْفَاها حتَّى لا تَعلَمَ شِمالُهُ ما صَنَعت يمينُه». متفق عليه.

1104. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ سايىسىدىن باشقا ھېچقانداق سايە يوق كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە)، الله تائالا يەتتە تۈرلۈك كىشىنى ئۆزىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ. ئوڭ قولى قىلغان سەدىقىنى سول قولى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپىي سەدىقە قىلغان كىشى، شۇ يەتتە تۈرلۈك كىشىنىڭ قاتارىدا بولىدۇ».②

1105. وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: «كنتُ مع النبيِّ ﷺ في سفَر، فقال: <ألا أدلُّكَ على أبوابِ الخير؟>، قلتُ: <بلى يا رسولَ اللَّه>، قال: <الصَّومُ جُنَّةٌ، والصَّدقةُ تُطفئُ الخطيئةَ كما تُطفئُ الماءُ النار>». رواه الترمذي وقال: حديث حسنٌ صحيح، صحيح الترغيب: 868.

1105. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <سېنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە باشلاپ قويايمۇ؟> دەپ سورىدى، مەن: <شۇنداق قىلسىلا، ئى الله نىڭ ئەلچىسى!> دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ: <روزا قالقاندۇر، سەدىقە خۇددى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ> دېدى».③

1106. وعن عَدِيِّ بنِ حاتِم رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ النبيَّ ﷺ يقول: «مَن استطاعَ

① تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1908 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن، «صحيح الترغيب» 868 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

منكُم أن يستَتِرَ من النَّار ولو بِشِقِّ تمرةٍ، فليفْعَل». مسلم.

1106. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «سىلەردىن بىر كىشى يېرىم خورما (سەدىقە قىلىش) ئارقىلىق بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنالىسا، شۇنداق قىلسۇن». [1]

1107. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أنَّ النبيَّ ﷺ دخلَ على بلال، وعنده صُبرةٌ من تمر، فقال: «ما هذا يا بلالُ؟»، قال: «شيءٌ ادَّخَرته لِغَد». فقال: «أمَا تخشى أن ترى له غداً بخاراً في نارِ جهنَّم يومَ القيامة؛ أنفِق بلالُ، ولا تخشى من ذِي العرشِ إقلالاً». قال الألباني: حديث صحيح لطرقه.

1107. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ قېشىدا بىر دۆۋە خورما تۇرغىنىنى كۆرۈپ: «ئى بىلال! بۇ نېمە خورما؟» دەپ سورىدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن ئۇنى ئەتىگە (يەنى كېيىنچە لازىم بولار) دەپ ئېلىپ قويغان ئىدىم> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئى بىلال! بۇنىڭ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ تۈتۈنى بولۇشىدىن قورقمامسەن؟ بۇنى سەدىقە قىلىۋەتكىن ۋە ئەرش ئىگىسىنىڭ سېنى ئاچ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلمىغىن!» دېدى. [2]

1108. وعنه، قال: أُتيَ رسولُ اللَّه ﷺ بجنازةِ رجلٍ من الأنصار، فصلى عليه، ثمَّ قال: «ما ترَكَ؟»، قالوا: «تركَ دينارين أو ثلاثة»، قال: «تركَ كَيَّتَيْنِ، أو ثلاثَ كيَّات». أخرجه ابن أبي شيبة في المصنف، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 3483.

1108. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنىڭ جىنازىسى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن: «بۇ كىشى بىرەر نەرسە قالدۇردىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ساھابىلەر: «ئىككى ياكى ئۈچ دىنار قالدۇردى» دەپ جاۋاب بەردى.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «مشكاة المصابيح» 1885 ـ نومۇرلۇق ھەدىس، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ ئىككى ياكى ئۈچ دانە داغلايدىغان ئوتنى قالدۇرۇپتۇ» دېدى.①②

1109. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ للَّه أقواماً يختصُّهم بالنِّعَمِ لمنافِعِ العبادِ، ويُقِرُّهم فيها ما بذلوها، فإذا منعوها نزعَها منهم، فحوَّلها إلى غيرِهم». أخرجه ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج والطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة 1692.

1109. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «الله تائالا بەندىلەرگە مەنپەئەتلىك بولغان ياخشىلىقلارغا ئىگە قىلغان بىر بۆلۈك كىشىلەر بار. ئۇلار ئۇ ياخشىلىقتىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرسە، الله تائالا شۇ ياخشىلىقلارنى ئۇلارنىڭ قولىدا قالدۇرۇپ قويىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار ياخشىلىقتىن كىشىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرمىسە الله تائالا ياخشىلىقنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ باشقىلارغا بېرىدۇ».③

1110. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، كتبَ إلى عاملٍ له على أرضٍ له، أن لا تمنعَ فضلَ مائِكَ فإنِّي سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: مَن منعَ فضلَ مائِه أو فضلَ كَلَئِه منعه اللَّه فضلَهُ يومَ القيامَةِ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1422.

1110. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۇ ئېتىزىدا ئىشلەۋاتقان ئىشلەمچىسىگە: «ئېشىنچا سۈيۈڭنى باشقىلاردىن چەكلەپ قويمىغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىمكى ئېشىنچا سۈيى ياكى ئوت-چۆپىنى باشقىلاردىن چەكلەپ قويسا، الله تائالامۇ قىيامەت كۈنى پەزلى-رەھمىتىنى شۇ كىشىدىن چەكلەپ قويىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دەپ خەت يازغان.④

1111. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «المسلمون شُركاءَ في ثلاثٍ: في الماء، والكَلأ، والنار». صحيح سنن ابن ماجه 2004

---

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3483- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئۇ كىشى سۇيا ئەھلىدىن بولغان نامرات كىشى بولۇپ، مېلىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە باشقىلاردىن سورىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىككى ياكى ئۈچ دانە داغلايدىغان ئوت قالدۇرۇپتۇ» دېگەن. — تەرجىماندىن

③ تەبەرانى، ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1692- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1422- نومۇرلۇق ھەدىس.

1111. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار سۇ، ئوت ـ چۆپ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە ئۆزئارا شېرىكتۇر (يەنى تەڭ پايدىلىنىدۇ)».[1]

1112. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «ثلاثٌ لا يُمْنَعْنَ: الماءُ، والكلأُ، والنَّارُ». صحيح سنن ابن ماجه: 2005.

1112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئۈچ نەرسە (باشقىلاردىن) چەكلەنمەيدۇ: سۇ، ئوت ـ چۆپ ۋە ئوت».[2]

1113. وعن سعيد بن جبير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَصَدَّقُوا إلا على أهلِ دينِكُم»، فأنزَلَ اللَّه تعالى: ﴿لَيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ﴾ إلى قوله: ﴿وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ﴾، قال: قال رسولُ اللَّه: «تصَدَّقوا على أهلِ الأديانِ». أخرجه ابن أبي شيبة في المصنَّف، السلسلة الصحيحة: 2766.

1113. سەئىد ئىبنى جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «پەقەت سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىكى كىشىلەرگىلا سەدىقە قىلىڭلار» دېۋىدى، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەت) ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن، الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير ـ ئېھسانىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ»[3]. شۇنىڭ

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە 272 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «بارچە دىندىكىلەرگە سەدىقە قىلىڭلار» دېدى.[①②]

**1114. وعن سعد بن أبي وقاص رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن اللَّه كريمٌ يحبُّ الكرماء، جوادٌ يحب الجوَدَة، يحبُّ معالي الأخلاقِ، ويكره سَفْسَافَها». صحيح الجامع الصغير:** 1800.

1114. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله سېخىيدۇر، سېخىيلارنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالا مەردتۇر، مەردلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئېسىل ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەخلاقسىزلىقلارنى يامان كۆرىدۇ».[③]

**1115. وعن أبي أمامَة رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «دخَلَ رجلٌ الجنَّة فرأى على بابها مكتوباً: الصَّدَقةُ بِعَشْرِ أمثالها، والقَرْضُ بثمانية عَشَرِ».**

1115. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم جەننەتكە كىرگەندە، ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا: <سەدىقىنىڭ ساۋابى ئون ھەسسە، قەرز بېرىپ تۇرغاننىڭ ساۋابى 18 ھەسسە> دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن».[④]

**❖ سەدىقە قىلىنىدىغان مالنىڭ پاك ۋە ھالال كەسپتىن تېپىلغان بولۇشى ئۇنىڭ توغرا ھەم قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىندۇر، چۈنكى الله تائالا پەقەت پاك نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا كَسَبْتُمْ وَمِمَّا أَخْرَجْنَا لَكُمْ مِنَ الْأَرْضِ وَلَا تَيَمَّمُوا الْخَبِيثَ مِنْهُ تُنْفِقُونَ وَلَسْتُمْ بِآخِذِيهِ إِلَّا أَنْ تُغْمِضُوا فِيهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ حَمِيدٌ**﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ۋە بىز سىلەرگە زېمىندىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىلەر (يەنى ئاشلىقلار، مېۋىلەر) نىڭ

① ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنَّف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2766 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكى موھتاج كىشىلەرگە ياردەم ۋە سەدىقە قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

③ «صحيح الجامع الصغير» 1800 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ تەبەرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3407 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ياخشىلىرىدىن سەدىقە قىلىڭلار؛ ئۆزۈڭلارمۇ پەقەت كۆزۈڭلارنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئالىدىغان ناچارلىرىنى ئېلىپ سەدىقە قىلماڭلار. بىلىڭلاركى، الله (بۇنداق سەدىقەڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، ھەمدىگە لايىقتۇر»[1].

1116. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «أيُّها الناسُ إنَّ اللّه طيِّبٌ لا يَقبلُ إلا طيِّباً، وإن اللّه امرَ المؤمنين بما أمَرَ به المُرسَلين، فقال: ﴿يَا أَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنَ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحاً إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾ المؤمنون:51. وقال: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾. البقرة:172. ثمَّ ذَكَرَ الرجلَ يُطيلُ السَّفَرَ أشعَثَ أغبَرَ يَمُدُّ يدَيْه إلى السماءِ: يا رَبِّ، يا رَبِّ! ومَطعَمُهُ حَرامٌ، ومَشْرَبُهُ حرامٌ، ومَلبَسُهُ حرامٌ، وغُذِّيَ بالحَرامِ؛ فأنَّى يُستجَابُ لذلِكَ». مسلم.

1116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! الله تائالا پاكتۇر، پەقەت پاك نەرسىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا پەيغەمبەرلەرنى پاك نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇغاندەك مۇئمىنلەرنىمۇ پاك نەرسىلەرنى يېيىشكە بۇيرۇدى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن>[2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: <ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار>[3]». ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ ئادەم (ھەج ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن) ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدۇ ۋە چاچلىرى چۇۋۇق، يۈز ـ كۆزىنى توپا ـ چاڭ باسقان ھالەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: <ئى رەببىم! ئى رەببىم!> دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى ھارامدىن بولغان ۋە (ۋۇجۇدى) ھارام (تائام) بىلەن غىزالانغان تۇرسا، ئۇنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە 267 ـ ئايەت.
[2] سۈر مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەت.
[3] سۈر بەقەرە 172 ـ ئايەت.

دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟!» دېدى.[1]

1117. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن جمَعَ مالاً حراماً ثمَّ تصدَّق به، لم يكن له فيه أجرٌ، وكان إصْرُه عليه». رواه ابن خزيمة، وابن حبان، صحيح الترغيب والترهيب: 880

1117. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھارامدىن تاپقان مېلىنى سەدىقە قىلسا، قىلغان سەدىقىسىگە ئەجىر بېرىلمەيدۇ. ھارامدىن مال توپلىغانلىقنىڭ گۇناھى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ».[2]

1118. وعن أبي الطفيل عامر بن واثلة الكناني، قال: قال رسولُ الله ﷺ: من كسَبَ مالاً من حرامٍ فأعتقَ منه، ووصلَ رحمَهُ؛ كان ذلك إصراً عليه. رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 1720.

1118. ئەبۇ تۇفەيل ئامىر ئىبنى كەنانىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى ھارام كەسىپتىن مال تېپىپ قۇل ئازاد قىلسىمۇ ۋە سىلە-رەھىم قىلسىمۇ، ھارامدىن مال توپلىغانلىقنىڭ گۇناھى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ».[3]

1119. وعن القاسم بن مخيمرة قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من اكتسَبَ مالاً من مأثَمٍ، فوصَلَ به رَحِمَهُ، أو تَصدَّقَ به، أو أنفقَهُ في سبيلِ اللَّه؛ جُمِعَ ذلك كلُّهُ جميعاً فقُذِفَ به في جهنَّمَ». رواه أبو داود، صحيح الترغيب: 1721.

1119. قاسىم ئىبنى مۇخەيمەرەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى گۇناھتىن مال تاپقان بولسا (يەنى الله تائالا چەكلىگەن يول ئارقىلىق مال تاپقان بولسا)، ئاندىن شۇ مال بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانچىلىقنى ئۇلىغان ياكى ئۇنى سەدىقە قىلغان ۋە ياكى الله تائالا يولىدا خەجلىگەن بولسا، شۇ مالنىڭ ھەممىسى توپلىنىپ شۇ كىشى بىلەن بىرگە

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 3407- نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] تەبەرانى توپلىغان.

جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ».[1]

1120. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن تَصدَّقَ بعَدْلِ تمرةٍ من كَسْب طيِّب، ولا يَقبلُ اللَّه إلا الطيِّبَ، وإنَّ اللَّه يتقبَّلُها بيمينه، ثم يُرَبِّيهَا لصاحبِها كما يُربي أَحَدُكُم فَلُوَّهُ، حتى تكونَ مِثلَ الجَبَلِ». متفق عليه.

1120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالاھ پەقەت پاك نەرسىنىلا قوبۇل قىلىدۇ. كىمكى ھالال كەسپتىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلسا، الله تائالا ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ سەدىقىنى ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن كۆپەيتىپ، خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار تېيىنى بېقىپ چوڭ ئات قىلىۋالغىنىدەك چوڭايتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇ سەدىقە تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ».[2]

1121. وعن عوف بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «خَرَجَ رسولُ اللَّه ﷺ وبيدِه عَصًا، وقد علَّقَ رجلٌ قِنْوَ حَشَفٍ، فجعلَ يطعنُ في ذلك القِنْوَ، فقال: لو شاءَ رَبُّ هذه الصدقة تصدَّقَ بأطيبَ من هذا، إنَّ ربَّ هذه الصدقة يأكل حَشَفاً يومَ القيامة». رواه النسائي، وأبو داود، وابن ماجه،

1121. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا چىقىپ كەلدى. مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن مەسجىدكە ئېسىپ قويۇلغان ناچار بىر ساپ خورمىنى كۆرۈپ، ئۇنى ھاسا بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ: ‹بۇنى سەدىقە قىلغان كىشى خالىسا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقلىرىنى سەدىقە قىلالايتتى. بۇ ئادەممۇ قىيامەت كۈنى شۇنىڭغا ئوخشاش خورما يەيدۇ› دەپ ئەيىبلىدى».[3]

**❖ مالنىڭ ھالال كەسپتىن تېپىلغان بولۇشى، مال ئىگىسىنىڭ ھارامدىن مال تېپىشتىن ۋە شۈبھىلىك ئورۇنلار ياكى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان مەنبەلەردىن**

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1721- نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] نەسائى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

**يىراق تۇرۇشى ــــ مالنىڭ ئىگىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَنْ يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا ۞ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ**﴾ «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [2]. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ [3]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَحَلَّ اللَّهُ الْبَيْعَ وَحَرَّمَ الرِّبَا فَمَنْ جَاءَهُ مَوْعِظَةٌ مِنْ رَبِّهِ فَانْتَهَى فَلَهُ مَا سَلَفَ وَأَمْرُهُ إِلَى اللَّهِ وَمَنْ عَادَ فَأُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ**﴾ «الله سودا ـ سېتىقنى ھالال قىلدى، جازانىنى، (بەدەلسىز بولغانلىقى، شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) ھارام قىلدى. كىمكى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ۋەز ـ نەسىھەت كەلگەندىن كېيىن (يەنى جازانە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن) يانسا، بۇرۇن ئالغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىشى الله قا تاپشۇرۇلىدۇ (يەنى الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا جازالايدۇ). قايتا جازانە قىلغانلار ئەھلى دوزاخ بولۇپ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَمْحَقُ اللَّه الرِّبا وَيُرْبِي الصَّدَقَاتِ وَاللَّه لا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ**﴾ «الله جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. الله ھەربىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنْصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار»④.

---

① سۈرە تەلاق 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە بەقەرە 275 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە بەقەرە 276 ـ ئايەت.

④ سۈرە مائىدە 90 ـ ئايەت.

**1122. عن النُّعمان بن بشيرٍ رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «الحلالُ بَيِّنٌ، والحرامُ بَيِّنٌ، وبينهما مُشَبَّهاتٌ لا يعلَمُها كثيرٌ من الناسِ، فمن اتَّقى المشَبَّهاتِ استبرأ لدينِه وعِرضِه، ومن وقَع في الشُّبُهَاتِ كراعٍ يرعى حولَ الحِمَى؛ يُوشِكُ أن يُواقِعَه، ألا وإنَّ لكلِّ مَلِكٍ حمىً؛ ألا إن حِمَى اللَّه في أرضِه محارِمُه». متفق عليه.**

1122. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھالال ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى، ھارام ئىشلارمۇ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر بىلمەيدىغان شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلانسا، دىنىنى ۋە ئابرۇيىنى ساقلىغان بولىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بولغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلسا، ھاراملىقى ئېنىق ئىشلارنىمۇ قىلىپ سېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئۇ، ماللىرىنى چېگرا ئەتراپىدا بېقىۋاتقان پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر دىققەت قىلمىسا، ماللىرى چېگرادىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىلىڭلاركى، ھەربىر پادىشاھنىڭ چېگراسى بار. بىلىڭلاركى، ﷲ نىڭ زېمىنىدىكى چېگراسى بولسا ھارام قىلىنغان نەرسىلىرىدۇر».①

**1123. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «يأتي على الناسِ زمانٌ ما يُبالي الرجلُ من أينَ أصابَ المالَ؛ من حلالٍ أو حرامٍ». البخاري.**

1123. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر كىشى مېلىنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىغا ئېتىبارسىز قارايدۇ. يەنى ھالالدىنمۇ ياكى ھارامدىنمۇ ئېتىبار بەرمەيدۇ».②

**1124. وقال رسولُ اللَّه ﷺ: «دِرهَمُ ربًا يأكُلُه الرَّجلُ ـ وهو يَعلَم ـ أشدُّ عند اللَّه من سِتَّةٍ وثَلاثِينَ زَنيَّةٍ». رواه الطبراني وغيره، السلسلة الصحيحة: 1033.**

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

1124. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىر دەرھەم جازانە يېيىشى، الله تائالانىڭ نەزىرىدە 36 قېتىم زىنا قىلغاندىنمۇ ئېغىردۇر».[①]

1125. وعن عبد اللَّه بن سلاَّم رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ أبوابَ الرِّبا اثنان وسبعون حُوباً، أدناهُ كالذي يأتي أُمَّهُ في الإسلامِ». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 153.

1125. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جازانىنىڭ ئىشىكلىرى (يەنى تۈرلىرى) گۇناھ جەھەتتە 72 قىسىمدۇر. ئەڭ يەڭگىل جازانىمۇ بىر كىشىنىڭ ئىسلامدىكى ئانىسى بىلەن زىنا قىلغانغا باراۋەردۇر».[②]

1126. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من غَشَّنا فليس مِنَّا، والمكرُ والخِداع في النَّار». أخرجه ابن حبان، والطبراني، وأبو نعيم، السلسلة الصحيحة: 1058.

1126. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىزنى ئالدىغان كىشىلەر بىزدىن ئەمەس. ھىيلىگەر ۋە ئالدامچى كىشى دوزاختا بولىدۇ».[③]

1127. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه: «أنه ﷺ نهى عن ثمن الخمر، ومهر البغي، وثمن الكلب، وقال: إذا جاءكَ يَطلبُ ثمن الكلب فاملأ كفيه تراباً». أخرجه أبو داود، والبيهقي، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 1303.

1127. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ھاراقنىڭ پۇلى، پاھىشە ئايالنىڭ كىرىمى ۋە ئىتنىڭ پۇلىدىن توستى. ئاندىن: ‹ئەگەر سەندىن ئىتنىڭ پۇلىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە، كەلگەن كىشىنىڭ ئالقىنىنى توپا بىلەن توشتۇرۇپ قويغىن› دېدى».[④]

---

[①] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 153 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 1033 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[③] ئىبنى ھىببان، تەبەرانى ۋە ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1058 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[④] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1303 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**1128. وعن أبي هريرة، عن النبي ﷺ قال: ثلاثةٌ كلهنَّ سحتٌ: كسبُ الحَجَّامِ، ومهرُ البغي، وثمنُ الكلبِ؛ إلا الكلبَ الضَّاري ». أخرجه الدارقطني، السلسلة الصحيحة:** 2990.

1128. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆۋەندىكى ئۈچ خىل كەسىپتىن تېپىلغان پۇل ھارامدۇر: قان ئالدىغان كىشىنىڭ كىرىمى[1]، پاھىشە ئايالنىڭ تاپقان كىرىمى ۋە ئىتنىڭ پۇلى. لېكىن ئوۋ ئىتى بۇنىڭدىن مۇستەسنا».[2]

**1129. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إنَّ اللَّه حرَّم الخمر وثمنَها، وحرَّم الميتَةَ وثمنَها، وحَرَّم الخنزيرَ وثمَنَهُ». صحيح سنن أبي داود:** 2976.

1129. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەكسىزكى، الله تائالا ھاراق ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى. توڭگۇز ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ھارام قىلدى».[3]

**1130. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ: «نهى عن كَسبِ الزَّمَّارِ». السلسلة الصحيحة:** 3275.

1130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەيچىلىك كەسپىدىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم».[4]

**1131. وعن أبي أمامة رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ: «لا تبيعوا القَيْنات، ولا تَشتروهنَّ، ولا تُعلِّموهنَّ، ولا خيرَ في تجارةٍ فيهنَّ، وثمنهنَّ حرامٌ، وفي مثل هذا أنزلَت هذه الآية: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾». أخرجه الترمذي، وأحمد، السلسلة الصحيحة:** 2922.

---

[1] كۆپچىلىك ئالىملار بۇ ھەدىسنى باشقا ھەدىسلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، قان ئالدىغان كىشىنىڭ كەسپى ھارام ئەمەس، بەلكى مەكرۇھ دەپ قارىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۆزىگە مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان: «عن ابن عباس ان رسول اللّٰه ﷺ احتجم واعطى الحجام اجره رواه مسلم» «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ قان ئالدۇرۇپ، قان ئېلىپ قويغان كىشىگە ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرگەن». مۇسلىم توپلىغان.

[2] دارقۇتنى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2990 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[4] «السلسلة الصحيحة» 3275 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

1131. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ناخشىچى ئاياللارنى ساتماڭلار ۋە سېتىۋالماڭلار! ئاياللارغا ناخشا ئوقۇشنى ئۆگەتمەڭلار! ئۇلارنى ئۇسۇل ئوينىتىپ تىجارەت قىلىشتا ياخشىلىق يوق، ئۇنداق تاپقان پۇل ھارامدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: <بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە الله نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ>[1]».[2]

1132. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «**ليكونَنَّ في هذه الأُمَّةِ خَسْفٌ، وقَذْفٌ، ومَسْخٌ، وذلك إذا شَرِبوا الخمورَ، واتَّخذوا القَيْناتِ، وضَرَبوا بالمعازِفِ**». **أخرجه ابن أبي الدنيا في ذم الملاهي. السلسلة الصحيحة**: 2203.

1132. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ھاراق ئىچكەن، ناخشىچى ئاياللارنى ئوتتۇرىغا چىقارغان، چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتتا بۇ ئۈممەتتە يەر يۇتۇش، تاش يېغىش ۋە سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ».[3]

1133. وعن أبي مالك الأشعري رضي اللَّه عنه، أنه سمعَ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «**يَشرَبُ ناسٌ من أمَّتي الخمرَ؛ يُضرَبُ على رؤوسِهم بالمعازِفِ والقَيْناتِ، يَخْسِفُ اللَّه بهمُ الأرضَ، ويجعلُ اللَّه منهم القِرَدَةَ والخنازيرَ**». رواه ابن ماجه، وابن حبان في صحيحه، **صحيح الترغيب والترهيب**: 2378.

1133. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھاراق ئىچىۋاتقان، ناخشىچى ئاياللار چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ناخشا ئوقۇۋاتقان ھالەتلىرىدە الله تائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ ۋە بەزىلىرىنى مايمۇن،

---

[1] سۈرە لوقمان 6 ـ ئايەت.

[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2922 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا «ذم الملاهي» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2203 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

توڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋېتىلىدۇ». [1]

1134. وعن عمران بن حُصين، أنَّ رسولَ الله ﷺ قال: «في هذه الأمةِ خَسْفٌ ومَسْخٌ وقَذْفٌ»، قال رجلٌ من المسلمين: «يا رسولَ الله متى ذلك؟». قال: «إذا ظهَرَت القيانُ والمعازِفُ، وشُرِبَتِ الخمور». رواه الترمذي، صحيح الترغيب والترهيب: 2379.

1134. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇ ئۇممەتتە يەر يۇتۇش، سۈرىتى ئۆزگىرىپ كېتىش ۋە تاش يېغىش بولىدۇ» دېگەنىدى، بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئىشلار قاچان بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ناخشىچى ئاياللار ۋە چالغۇ ئەسۋابلار ئاشكارا بولغان ۋە ھاراقلار ئىچىلگەن چاغدا» دېدى. [2]

1135. وعن رافع بن خديج رضي اللَّه عنه، قال: سُئِلَ رسولُ اللَّه ﷺ: «أيُّ الكَسْبِ أطيب؟» قال: «أطيبُ الكسبِ عملُ الرجلِ بيده، وكلُّ بيعٍ مبرورٍ». أخرجه أحمد، والطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة: 607.

1135. رافىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەڭ پاكىز كەسىپ قايسى؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۆز قولى بىلەن قىلغان ئىش، خىيانەت ۋە ساختىپەزلىك ئارىلاشمىغان سودا-سېتىق دەپ جاۋاب بەردى. [3]

1136. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «أربعة يبغضهم اللَّه منهم، البيَّاعُ الحلاَّفُ». أخرجه النسائي وغيره، السلسلة الصحيحة: 363.

1136. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا تۆت كىشىنى يامان كۆرىدۇ. كۆپ قەسەم قىلىپ سودا-سېتىق قىلغان كىشى شۇ تۆت كىشىنىڭ قاتارىدىندۇر». [4]

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 607- نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] نەسائى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 363- نومۇرلۇق ھەدىس.

1137. وعن عبد الرحمن بن شبل رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ التجَّار هم الفُجَّار»، قيل: «يا رسولَ اللّه أوليسَ قد أحلَّ اللّه البيعَ؟». قال: «بلى؛ ولكنهم يُحدِّثون فيَكذِبون، ويَحلِفونَ فيأثمون». رواه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 366.

1137. ئابدۇراھمان ئىبنى شىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ھەقىقەتەن سودىگەرلەر پاسىق كىشىلەردۇر» دېۋىدى، بەزى ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا سودا-سېتىقنى ھالال قىلمىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «شۇنداق، الله تائالا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى، ئەمما بۇلار سۆزلىسە يالغان ئېيتىدۇ، قەسەم قىلىپ گۇناھكار بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

1138. وعن البراء بن عازب رضي اللّه عنه، قال: «أتانا رسولُ اللّه ﷺ على البقيع، فقال: «يا مَعْشَرَ التجار»، حتى إذا اشرَأبُّوا، قال: «إنَّ التجَّارَ يُحشرون يوم القيامةِ فُجَّاراً؛ إلا من اتقى وبَرَّ وصدَقَ». أخرجه البيهقي في شُعب الإيمان، السلسلة الصحيحة: 1458.

1138. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ بەقىئ دېگەن ئورۇندا بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ: «ئى سودىگەرلەر!» دەپ توۋلىغانىدى، كىشىلەر دەرھال باشلىرىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ﷺ گە قاراشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: «سودىگەرلەر قىيامەت كۈنى پاسىقلار قاتارىدا ھەشىر قىلىنىدۇ، پەقەت الله تىن قورققان، تىجارەتلىرىدە توغرا ۋە راستچىل بولغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر» دېدى.[2]

1139. وعن أبي سعيد رضي اللّه عنه، قال: مرَّ أعرابيٌّ بشاة، فقلتُ: تبيعها بثلاثةِ دراهم؟ فقال: لا واللّه. ثم باعها، فذكرتُ ذلك لرسولِ اللّه ﷺ فقال: باعَ آخِرَتَهُ بدُنياه. أخرجه ابن حبان، السلسلة الصحيحة: 364.

1139. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى بىر قوينى ئېلىپ يېنىمىدىن ئۆتتى، مەن ئۇنىڭدىن:

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 366- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بەيھەقى «شُعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1458- نومۇرلۇق ھەدىس.

«بۇ قوينى ئۈچ دەرھەمگە ساتامسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، ساتمايمەن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى قوينى ئۈچ دەرھەمگە ساتتى. مەن بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ كىشى دۇنيالىقىنى دەپ ئاخىرەتلىكىنى سېتىپتۇ» دېدى.①

1140. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «التاجرُ الأمينُ الصَّدوقُ المسلمُ: مع النبيين، والصِّديقين، والشُّهداءِ يومَ القيامةِ». أخرجه ابن ماجه، وابن أبي الدنيا في إصلاح المال، السلسلة الصحيحة: 3453.

1140. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «راستچىل، ئىشەنچلىك مۇسۇلمان سودىگەر قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ».②

1141. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «نهى رسولُ اللَّه ﷺ أن يبيعَ حاضرٌ لِبادٍ، وكان يقول: لا تَلَقَّوا البيوعَ، ولا يَبِعْ بَعضٌ على بعضٍ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1030.

1141. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ شەھەرلىكنىڭ يېزىلىقنىڭ مېلىنى سېتىپ بېرىشىنى توسقان ۋە: <(بازارغا ئېلىپ كېلىنىۋاتقان بىرەر نەرسىنى بازارغا كېلىشتىن بۇرۇن) ئالدىغا چىقىپ سېتىۋالماڭلار ۋە بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى يەنە بىرىڭلار بۇزماڭلار> دېگەن ئىدى».③

1142. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «لا صاعَي تمرٍ بصاعٍ، ولا صَاعَي حِنطةٍ بصاعٍ، ولا دِرهمَ بِدرْهَمَين». متفق عليه.

1142. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى سا④ ناچار خورمىنى بىر سا ياخشى خورمىنىڭ باراۋىرىدە ساتماڭلار. ئىككى سا بۇغداينى بىر سا بۇغداينىڭ

① ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3453 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 364 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1030 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ بىر سا 2.04 كىلوگرامغا تەڭ.

باراۋىرىدە ساتماڭلار ۋە ئىككى دەرھەمنى بىر دەرھەمنىڭ باراۋىرىدە ساتماڭلار».[1]

**1143. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من احتكَرَ حُكْرَةً يُريدُ أن يُغْلِي بها على المسلمين فهو خاطِئ». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة:** 3362.

1143. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارغا قىممەت سېتىشنى مەقسەت قىلىپ (مۇسۇلمانلار ئېھتىياجلىق بولغان) بىرەر تاۋارنى يىغىۋالسا، خاتا ئىش قىلغان بولىدۇ».[2]

**1144. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «مَن باعَ بيعتين في بيعةٍ، فله أوكَسُهُما أو الرِّبا». رواه ابن أبي شيبة في المصنف وغيره، السلسلة الصحيحة:** 2326.

1144. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر مالنى ئىككى خىل تىجارەت يولى بىلەن ساتسا (يەنى بىر تاۋارنى: <نەق ئالسىڭىز 100 دەرھەم، نېسى ئالسىڭىز 200 دەرھەم> دەپ ساتسا)، ئۇ كىشى مېلىنى شۇ ئىككى خىل يول ئارقىلىق باھاسىنى چۈشۈرۈپ ياكى جازانە قىلىپ ساتقان بولىدۇ».[3]

**1145. وعن عبد اللَّه بن أنيس رضي اللَّه عنه، أنه تذاكر هو وعمر بن الخطاب يوماً الصَّدَقَةَ، فقالَ عمر: «ألم تسمَع رسولَ اللَّه ﷺ حين يذكر غلولَ الصّدقة أنه: <من غلَّ منها ـ يعني الصَّدَقة ـ بعيراً أو شاةً أُتيَ به يومَ القيامَةِ يحملُه؟>»، قال عبد اللَّه بن أنيس: «بلى». أخرجه ابن ماجه، السلسلة الصحيحة:** 2354.

1145. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سەدىقە توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «سەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سەدىقىگە خىيانەت قىلىش توغرۇلۇق سۆزلىگەندە: <كىمكى سەدىقىدىن بولغان

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3362 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2326 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بىر تۆگە ياكى بىر قويغا خىيانەت قىلسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى شۇ مالنى كۆتۈرگەن ھالەتتە كەلتۈرۈلىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، مەن: «ھەئە، ئاڭلىغان» دەپ جاۋاب بەردىم.[1]

1146. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أدِّ الأمانةَ على مَن ائتَمَنَكَ، ولا تَخُنْ من خانَك». أخرجه الترمذي، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 423.

1146. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساڭا ئىشىنىپ ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلغىن، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما».[2]

1147. وعن أبي الخير رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إنَّ صاحِبَ المَكْسِ في النَّارِ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 3405.

1147. ئەبۇلخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، (كىشىلەردىن) ناھەق باج يىغقۇچىلار دوزاختا بولىدۇ».[3]

1148. وعن عبد اللَّه بن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه إذا حرَّمَ على قومٍ أكلَ شيءٍ، حرَّمَ عليهم ثمَنَهُ». صحيح سنن أبي داود: 2978.

1148. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله  تائالا بىر قەۋمگە بىرەر يېمەكلىكنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇلارغا شۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان ئىدى».[4]

1149. وعن أبي حميد الساعدي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أجمِلُوا في طلبِ الدنيا؛ فإنَّ كلاًّ مُيَسَّرٌ لما خُلِقَ له». أخرجه ابن ماجه، وابن أبي عاصم في السنة، السلسلة الصحيحة: 898.

1149. ئەبۇ ھۇمەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2354 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 423 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3405 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۇنيا تىرىكچىلىكىدە ئوتتۇراھال يول تۇتۇڭلار، چۈنكى ھەربىر كىشىگە يارىتىلغان (يەنى پۈتۈلگەن) رىزقى ئاسانلاشتۇرۇلغان».①

1150. وعن جابر رضي اللّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «لو أن ابنَ آدَمَ هَربَ من رِزقِه كما يَهربُ من الموتِ؛ لأدركَهُ رِزْقُه كما يُدركُه الموتُ». رواه أبو نعيم في الحلية، وابن عساكر، السلسلة الصحيحة: 952.

1150. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئادەم بالىسى خۇددى ئۆلۈمدىن قاچقاندەك رىزىق ئىزدەشتىن قاچسا، رىزقىمۇ ئۇنى ئۆلۈم ئۇنى تاپقانغا ئوخشاش تاپىدۇ».②

1151. وعن جابر بن عبد اللّه رضي اللّه عنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «لا تستبطئوا الرِّزقَ؛ فإنَّه لم يكن عبدٌ ليموتَ حتَّى يبلُغَ آخِرَ رزقٍ هو له، فأجمِلُوا في الطَّلَبِ؛ أخذِ الحلالِ، وتركِ الحرامِ». أخرجه ابن حبان في صحيحه، السلسلة الصحيحة: 2607.

1151. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رىزىقنى كېچىكتى دەپ قارىماڭلار! چۈنكى ھەرقانداق بەندە ئۆزىگە پۈتۈلگەن ئاخىرقى رىزقىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ ۋاپات بولمايدۇ. ھالالنى ئېلىپ، ھارامنى تاشلاڭلار، رىزىق تەلەپ قىلىشتا ئوتتۇراھال يولنى تۇتۇڭلار».③

1152. وعن أبي موسى رضي اللّه عنه ، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ هذا الدينارَ والدِّرهمَ أهلكا مَن كان قبلَكُم، وهما مُهلِكاكُم». رواه أبو محمد بن شيبان العدل في الفوائد، السلسلة الصحيحة: 1703.

1152. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن تەڭگە ۋە تىللا سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى

---

① ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ئەبۇ ئاسىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 898 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەبۇ نۇئەيىم ۋە ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 952 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئىبنى ھىببان توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2607 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

ھالاك قىلغانىدى. ئۇ ئىككىسى سىلەرنىمۇ ھالاك قىلىدۇ». [1]

## ❖ مالنى ئىسراپ قىلماستىن شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ئورۇنلارغا ئىشلىتىشمۇ مالنىڭ ھەقلىرىدىندۇر

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ «ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (ياكى تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ». [2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا۝ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهِ كَفُورًا۝﴾ «تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى ـ سەبىلگە (خەيرى ـ ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل ـ مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن [26]. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېئمەت قىلغان ئىدى [27]». [3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ وَلا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُوماً مَحْسُوراً﴾ «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن». [4]

1153. وعن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، نهى ﷺ عن الأكلِ والشِّربِ في آنيَةِ الذَّهبِ والفِضَّةِ. أخرجه النسائي، والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 3568.

1153. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل

---

[1] ئەبۇ مۇھەممەد شەيبانى ئەدلى «الفوائد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئەئراف 31 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەنى ئىسرائىل 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەتلەر.

[4] سۈرە بەنى ئىسرائىل 29 ـ ئايەت.

قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىدا يەپ ـ ئىچىشتىن توسقان». ①

1154. عن أم سلمة رضي اللَّه عنها، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إنَّ الذي يَشربُ في إناءِ الفضَّةِ والذَّهبِ؛ إنَّما يجرجرُ في بطنِه نارَ جهنَّمَ؛ إلا أن يتوب». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3417.

1154. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىدا ئىچىملىك ئىچكەن كىشى، قورسىقىغا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى ئىچكەن بولىدۇ. تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا». ②

1155. وعن عمرو بن شُعيب عن أبيه، عن جده، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ:«كلوا، واشرَبوا، وتصدَّقوا، والبَسوا ما لم يُخالِطْه إسرافٌ أو مَخِيلَ». رواه النسائي، وابن ماجه.

1155. ئەمر ئىبنى شۇئەيب بوۋىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسراپچىلىق ۋە تەكەببۇرلۇق ئارىلاشمىسىلا يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار». ③

1156. وعن عبادة بن الصَّامتِ رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «والذي نفسي بيده لَيَبِيتَنَّ أُناسٌ من أمَّتي على أشَرٍ وبَطَرٍ، ولَعِبٍ ولهوٍ، فيُصبحوا قِردةً وخنازيرَ باستِحلالهم المحارِمَ، واتخاذِهم القَيْنَاتِ، وشُربِهُمُ الخمرَ، وبأكْلِهم الرِّبا، ولبسِهم الحريرَ». رواه عبد اللَّه بن الإمام أحمد في زوائده، صحيح الترغيب والترهيب: 2377.

1156. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر يامان ئىش ۋە ئويۇن ـ تاماشا قىلغان ھالىتىدە ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئۇلار ھارام ئىشلارنى ھالال سانىغانلىقى، ئۇسسۇلچى ئاياللارنى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى، ھاراق ئىچكەنلىكى، جازانە يېگەنلىكى ۋە

① نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3568 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3417 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

يېپەك كىيىملەرنى كىيگەنلىكى سەۋەبلىك سۈرىتى مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئۆزگىرىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ».[1]

1157. وعن فاطمة رضي اللّه عنها قالت: إنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «إنَّ مِن شِرارِ أُمَّتي الذين غُذُّوا بالنَّعيمِ؛ الذين يطلبونَ ألوانَ الطعامِ، وألوانَ الثِّيابِ، يتَشدَّقونَ بالكلامِ». أخرجه أحمد في الزهد، السلسلة الصحيحة: 1891.

1157. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك-شۈبھىسىزكى، رەڭدار تائاملارنى ئىزدەپ غىزالىنىدىغان، رەڭگارەڭ كىيىملەرگە ئىنتىلىدىغان ۋە ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئۈممىتىمدىكى ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر».[2]

1158. وعن أبي أُمامَة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «سيكون رجالٌ من أمَّتي يأكلون ألوانَ الطعامِ، ويشربون ألوانَ الشَّراب، ويلبسونَ ألوانَ الثيابِ، ويتشدَّقونَ في الكلامِ؛ فأولئك شِرارُ أمَّتي». رواه ابن أبي الدنيا، والطبراني، صحيح الترغيب والترهيب: 2147.

1158. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يېقىن كەلگۈسىدە ئۈممىتىمدە رەڭدار تائاملارنى يەيدىغان، رەڭدار ئىچىملىكلەرنى ئىچىدىغان، رەڭدار كىيىملەرنى كىيىدىغان ۋە ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلەيدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ. ئەنە شۇلار ئۈممىتىمدىكى ناچار كىشىلەردۇر».[3]

1159. وعن ابن عبَّاس رضي اللّه عنه: «كان ﷺ يبيتُ اللياليَ المُتتابعةَ طاوياً وأهلُهُ؛ لا يجدون عَشَاءً، وكان أكثَرُ خُبزِهِمُ الشَّعيرَ». أخرجه الترمذي، وابن ماجه، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2119.

1159. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ:

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى ئىمام ئەھمەد «زوائد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 2377- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد «الزهد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» ناملىق كىتاب 1891- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تەبەرانى ۋە ئىبنى ئەبۇ دۇنيا توپلىغان، «صحيح الترغيب والترهيب» 2147- نومۇرلۇق ھەدىس.

«پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە كۈن قورسىقى ئاچ ھالەتتە قونۇپ قالاتتى. ئۇلار كەچلىك تائام تاپالمايتتى، ئۇلارنىڭ كۆپرەك يەيدىغان نېنى ئارپا نېنى ئىدى».[1]

**❖ ئەقلى كەم كىشىلەرنىڭ ئۆز مېلىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشىنى ھەمدە مېلىنى باشقىلارنىڭ نازارىتىسىز خالىغانچە ئىشلىتىشىنى چەكلەش مالنىڭ ھەقلىرىدىندۇر**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ قِيَاماً**﴾ «الله تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار»[2].

1160. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللَّه عنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «ثَلاثَةٌ يَدعون اللَّه فلا يُستجابُ لهم: رجلٌ كانت تحته امرأةٌ سَيئةُ الخُلُقِ فلم يُطلِّقْها، ورجلٌ كان له على رجلٍ مالٌ فلم يُشهِدْ عليه، ورجلٌ آتى سَفيهاً مالَه، وقال اللَّه تعالى: ﴿وَلا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُم﴾». رواه الحاكم، صحيح الجامع الصغير: 3075.

1160. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئۈچ كىشى الله تائالاغا دۇئا قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ. ئۇلار: ئەخلاقى ناچار ئايال نىكاھىدا بولۇپ ئۇنى تالاق قىلىۋەتمىگەن كىشى؛ بىر كىشىدە مېلى بولۇپ، شۇ مالنى بەرگەنلىكىگە گۇۋاھچى كەلتۈرمىگەن كىشى؛ ئۆز مېلىنى ئەقىلسىز كىشىگە تاپشۇرغان كىشى» دەپ الله تائالانىڭ «ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار»[3] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى.[4]

**❖ مالنى ناھەق ھالدا زورلۇق ئىشلىتىپ بۇلىماقچى بولغانلارغا قارشى، مالنى قوغداش ئۈچۈن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىش**

---

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2119 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈرە نىسا 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نىسا 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] ھاكىم توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 3075 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَصَابَهُمُ الْبَغْيُ هُمْ يَنْتَصِرُونَ﴾ «ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا (الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر)»[1].

1161. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: جاء رجلٌ إلى رسول اللّه ﷺ فقال: «يا رسولَ اللّه أرأيتَ إن جاءَ رجلٌ يريدُ أخذَ مالي؟»، قال: «لا تُعْطِه مالَك»، قال: «أرأيتَ إن قاتلَني؟»، قال: «قاتِلْه»، قال: «أرأيتَ إن قَتلَني؟»، قال: «فأنتَ شهيدٌ». قال: «أرأيتَ إنْ قَتَلْتُه؟»، قال: «هو في النَّارِ». مسلم.

1161. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بىر كىشى مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا قانداق قىلىمەن؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «مېلىڭنى ئۇنىڭغا بەرمە» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن شەھىد بولىسەن» دېدى. ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ ئورنى دوزاختا بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

1162. وعن عبد اللّه بن عمرو رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «مَن قُتِلَ دونَ مالِه فهو شَهيدٌ». متفق عليه.

1162. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مال-مۈلكىنى قوغداش يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر».[3]

1163. وعنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «من أُرِيدَ مالُه بغيرِ حَقٍّ فقاتلَ فَقُتِلَ فهو شَهيدٌ». صحيح سنن الترمذي: 1174.

1163. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] سۈرە شۇرا 39- ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېلىنى باشقىلار ناھەق ئېلىۋالماقچى بولغان كىشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر». [1]

1164. قال ابن المبارك: يُقاتِلُ عن مالِه ولو درهمين. صحيح سنن الترمذي: 62/2.

1164. ئىبنى مۇبارەك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «ئىككى دەرھەم مال ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇرۇش قىلىنىدۇ». [2]

**❖ ئۇرۇش ــــ تاجاۋۇزچىنى چېكىندۈرۈشتە قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ۋاستىدۇر[3]**

1165. عن مخارق قال: جاء رجلٌ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «الرجلُ يأتيني فيريدُ مالي؟»، قال: «ذَكِّرهُ باللَّه»، قال: «فإن لم يَذكُر؟». قال: «فاستعِن عليه مَن حولَك من المسلمين»، قال: «فإن لم يكن حولي أحدٌ من المسلمين؟»، قال: «فاستعن عليه بالسلطان»، قال: «فإن نأى السلطانُ عني؟». قال: «قاتِلْ دونَ مالِك؛ حتى تكونَ من شُهداءِ الآخرةِ أو تمنع مالَكَ». صحيح سنن النسائي: 3803.

1165. مۇخارىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىراۋ پۇل-مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ كەلسە قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ كىشىگە الله نى ئەسلەتكىن!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر ئۇ الله تىن قورقمىسىچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەتراپىڭدىكى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم ئالغىن!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەتراپىمدا بىرمۇ مۇسۇلمان بولماي قالسىچۇ؟» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «سۇلتاندىن ياردەم سورىغىن!» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر سۇلتان

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان.

[3] مال ئىگىسى مېلىنى ئېلىۋالغۇچىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئاۋۋال ۋەزىيەتنى، ئۆزىنىڭ ۋە قارشى تەرەپنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ياخشى مۆلچەرلىشى لازىم. ئەگەر مال ئىگىسىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى تاجاۋۇزچىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىگە يېقىن بولۇپ، مالنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى 50%تىن ئاز بولمىسىلا، نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇرۇش قىلىش يوللۇق بولىدۇ. ئەگەر مال ئىگىسى تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، سانى ۋە قورال-ياراغلىرىغا قاراپ ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ ۋاقىتتا، كىچىك زىيان بولغان مالدىن كېچىش ئارقىلىق چوڭ زىيان بولغان جاننى ھالاك قىلىشتىن ساقلىنىش نەقىل (ئايەت ۋە ھەدىس) ۋە ئەقىلنىڭ تەلىپىدۇر.

يىراقتا بولۇپ قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «پۇل-مېلىڭنى قوغداپ ئاخىرەتنىڭ شەھىدلىرىدىن بولغانغا ياكى پۇل-مېلىڭنى قوغداپ قالغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن!» دېدى.[1]

الله تائالادىن بىزلەرنى ھالال بىلەن قانائەتلەندۈرۈپ ھارامدىن ساقلىشىنى ۋە ھالالغا قانائەتلەندۈرۈش بىلەن ھارامدىن بىھاجەت قىلىشىنى، ئۆز پەزلى بىلەن ئۆزىدىن باشقىلارغا موھتاج قىلماسلىقىنى سورايمىز! شەك-شۈبھىسىزكى، الله تائالا دۇئالارنى ئاڭلاپ ئىجابەت قىلغۇچى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىن زاتتۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

❁ ❁ ❁

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

# 17 ـ باب

# يولنىڭ ھەقلىرى

يولدا ھەممە كىشىلەرنىڭ ھەققى بولۇپ، بۇ ھەق مەلۇم بىر كىشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن يوللاردا ئولتۇرغانلار يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى لازىم.

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ﴾ «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن»[1].

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1166. **عن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إيَّاكُم والجلوس في الطُّرُقات، قالوا: يا رسولَ اللَّه ما لَنا من مجالِسنا بُدٌّ؛ نتَحَدَّث فيها. فقال رسولُ اللَّه ﷺ: فإذا أبيتُم إلا المجلِسَ فأَعطُوا الطريقَ حَقَّهُ، قالوا: وما حَقُّ الطريقِ يا رسولَ اللَّه؟ قال: غَضُّ البَصَرِ، وكَفُّ الأذَى، ورَدُّ السَّلامِ، والأمرُ بالمعروفِ والنَّهي عن المنكر». متفق عليه.**

1166. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار!» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز يوللاردا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ قالىدىكەنمىز» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: «ئۇنداقتا، يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار!» دېدى. ئۇلار: «يولنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «يولنىڭ ھەققى ھارامدىن كۆزنى يىغىش، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزمەسلىك، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇش» دېدى.[2]

---

[1] سۈرە نۇر 30 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**1167. وعن أبي طلحة زيد بن سهل رضي اللَّه عنه، قال: «كنَّا قُعُوداً بالأفنِيَةِ نتحدَّثُ فيها، فجاءَ رسولُ اللَّه ﷺ فقامَ علينا، فقال: <ما لَكُم ولِمَجَالِسِ الصُّعُدات>. فقلنا: <إنما قَعَدنا لغيرِ ما بأسٍ؛ قعدنا نتذاكَرُ، ونتحدَّثُ>. قال: <إمَّا لا فأدُّوا حقَّها: غضُّ البَصرِ، وردُّ السَّلامِ، وحُسنُ الكلام>». مسلم.**

1167. ئەبۇ تەلھە زەيد ئىبنى سەھل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ، توختاپ تۇرۇپ: <نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالدىڭلار؟> دېدى. بىز: <گۇناھ ئىش قىلماي، ئۆزئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق> دېسەك، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر بۇ يەرلەردە بەك ئولتۇرغۇڭلار كەلسە، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار. يەنى نامەھرەملەرگە قارىماڭلار، سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇڭلار!> دېدى».[1]

**1168. وعن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إيَّاكُم والجلوس في الصُّعُداتِ ـ وفي روايةٍ: الطرق ـ فإن كنتم لا بُدَّ فاعلين، فأَعطوا الطريقَ حَقَّهُ». قيل: «وما حقُّه؟». قال: «غَضُّ البصَرِ، ورَدُّ السَّلامِ، وإرشادُ الضَّالِّ». أخرجه الطحاوي في مشكل الآثار، والبزار في مسنده، السلسلة الصحيحة: 2501.**

1168. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «يوللاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار! ئەگەر ئولتۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالسا، يولنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار» دېگەندە، بەزى ساھابىلەر: «يولنىڭ ھەققى نېمە دەپ» سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «نامەھرەملەرگە قارىماسلىق، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىش ۋە ئېزىپ قالغانلارغا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش» دېدى.[2]

**1169. وعن البراء رضي اللَّه عنه، قال: مرَّ رسُولُ اللَّه ﷺ على مجلسٍ من الأنصارِ، فقال: «إن أبيتُم إلا أن تجلِسُوا فاهْدُوا السَّبيلَ، ورُدُّوا السَّلامَ، وأعينوا المظلومَ». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 1561.**

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەھاۋى ۋە بەززار توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2501ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

1169. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلار ئولتۇرۇۋاتقان بىر سورۇننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئەگەر بۇ يەردە بەك ئولتۇرغۇڭلار بولسا مۇساپىرغا يول كۆرسىتىپ قويۇڭلار، سالامنى قايتۇرۇڭلار ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىڭلار» دېدى.[1]

**❖ يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىش يولنىڭ ھەقلىرىدىن بولۇپ، بۇ سەدىقىنىڭ بىر تۈرى ۋە ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر**

1170. **عن أبي ذَرٍّ رضي اللّه عنه، قال: قال النبي ﷺ: «عُرِضَتْ عليَّ أعمالُ أُمَّتي حَسَنُها وسَيِّئُها، فوجَدْتُ في محاسِنِ أعمالِها الأذى يُماطُ عن الطريقِ، ووجدتُ في مَساوِئ أعمالِها النُّخَاعَةُ تكونُ في المسجدِ لا تُدفَنُ». مسلم.**

1170. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرى كۆرسىتىلدى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئىچىدە زىيانلىق نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىشمۇ؛ يامان ئەمەللىرى ئىچىدە مەسجىدكە مىشقىرىپ كۆمۈۋەتمەسلىكمۇ بار ئىكەن».[2]

1171. **وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: تُميطُ الأذَى عن الطَّريقِ صَدَقَةٌ. متفق عليه.**

1171. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يولدىن ئەزىيەتنى ئېلىۋېتىش سەدىقىدۇر».[3]

1172. **وعن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إنه خُلِقَ كلُّ إنسانٍ من بني آدمَ على سِتِّينَ وثلاثمائة مفْصَل؛ فمَن كبَّرَ اللّه، وحمَدَ اللّه، وهلَّلَ، وسَبَّحَ، واستغْفَرَ اللّه، وعَزَلَ حَجَراً عن طريقِ النَّاسِ، أو شَوْكَةً أو عظماً عن طريقِ الناس، أو أمرَ بمعروفٍ، أو نهى عن مُنكرٍ عددَ الستينَ والثلاثمائة فإنَّه يمشي يومئذٍ وقد زَحْزَ نَفْسَهُ عن النَّار». مسلم.**

1172. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەۋلادىدىن ھەرقانداق ئادەم 360 دانە ئۇگىلىك قىلىپ يارىتىلدى. كىمكى اللە قا تەكبىر ئېيتسا، ھەمدە ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا، يەنى ‹لا اله الا اللّه› دېسە، تەسبىھ ئېيتسا، اللە تىن مەغپىرەت تىلىسە، كىشىلەرنىڭ يولىدىن تاش، تىكەن ياكى سۆڭەككە ئوخشاش بىرەر نەرسىنى ئېلىۋەتسە ياكى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسسا، نەتىجىدە 360 دانە ياخشىلىق قىلالىسا، شۇ كۈنى ئۆزىنى دوزاختىن يىراق قىلغان ھالەتتە كەچ قىلغان بولىدۇ».①

1173. وعن أبي برزة الأسلمي رضي اللَّه عنه، قال: قلت: «يا رسولَ اللَّه مُرْنِي بعملٍ أعمَلُه»، قال: «أمِطْ الأذى عن الطَّريق، فإنَّه لك صدقةٌ». رواه البخاري في الأدب المفرد.

1173. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى بىر ئەمەلگە بۇيرۇساڭ، مەن شۇنى قىلسام» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «يولدىن ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتكىن، چۈنكى يولدىن ئەزىيەتنى يوقىتىش سەدىقىدۇر» دېدى.②

1174. وعنه، قال: قلتُ: «يا رسولَ اللَّه دلَّني على عملٍ أنتفِعُ به؟»، قال: «نَحِّ الأذَى عن طريقِ المسلمين». رواه أبو بكر ابن أبي شيبة في الأدب، السلسلة الصحيحة: 2373.

1174. ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى پايدىلىق بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويسىلا» دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ئەزىيەتنى يوقاتقىن» دېدى.③

1175. وعن أبي ذَرٍّ رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «تبَسُّمُكَ في وجهِ أخيكَ لَكَ صدقةٌ، وأمرُكَ بالمعروفِ ونهيُكَ عن المنكرِ صدقةٌ، وإرشادُكَ الرجلَ في أرضِ الضَّلالِ لك صَدقةٌ، وبَصَرُكَ الرجلَ الرديءَ البصرِ لك صَدقةٌ، وإماطَتُكَ الحجَرَ والشَّوكَةَ والعظمَ عن الطَّريقِ لك صَدقةٌ، وإفراغُكَ من دَلوِكَ في دَلْوِ أخيكَ لك صدقةٌ». أخرجه الترمذي،

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

③ ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە «الأدب» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2373- نومۇرلۇق ھەدىس.

**والبخاري في الأدب المفرد، السلسلة الصحيحة**: 572.

1175. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قېرىندىشىڭغا تەبەسسۇم قىلىپ قارىشىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقىدۇر؛ ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇشۇڭ سەدىقىدۇر؛ ئېزىپ قالىدىغان ئورۇندا بىر كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەدىقىدۇر؛ كۆزى ئاجىز كىشىگە يول كۆرسىتىپ قويۇشۇڭ سەدىقىدۇر؛ يولدىن تاش، تىكەن ۋە سۆڭەككە ئوخشاش بىرەر نەرسىنى ئېلىۋېتىشىڭ سەدىقىدۇر؛ چېلىكىڭدىن قېرىندىشىڭنىڭ چېلىكىگە سۇ ئېلىپ بېرىشىڭ سەدىقىدۇر».[1]

1176. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لقد رأيتُ رجلاً يَتقلَّبُ في الجنَّةِ في شجرةٍ قطعَها من ظَهرِ الطريقِ كانت تُؤذِي المسلمين»**. مسلم.

1176. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، مەن يولدىكى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى كېسىۋەتكەن بىر كىشىنىڭ جەننەتتە يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم».[2]

1177. **وفي روايةٍ: مَرَّ رجلٌ بغصنِ شجرةٍ على ظهرِ طريقٍ، فقال: واللَّه لأنحينَّ هذا عن المسلمين لا يُؤذيهم، فأُدخِلَ الجنَّةَ**.

1177. يەنە بىر نەقىلدە: «بىر كىشى يولدىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ شاخنى چوقۇم ئېلىۋېتىمەن> دېدى ۋە ئېلىۋەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ جەننەتكە كىرگۈزۈلدى» دېيىلگەن.[3]

1178. **وفي رواية لهما: «بينما رجل يمشي بطريق وجد غصن شوك على الطريق فأخره فشكر الله له، فغفر له»**. مسلم.

1178. يەنە بىر نەقىلدە: «بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ يولدىكى تىكەنلىك

---

[1] بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 572 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىر شاخنى كۆردى، ئاندىن ئۇنى بىر چەتكە سۆرەپ ئېلىۋەتتى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىندى» دېيىلگەن. ①

**1179. وعن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «مَن أَخرَجَ من طريقِ المسلمين شيئاً يؤذيهم، كتَبَ اللَّه له به حسنةً؛ ومن كتبَ له عنده حسنةً، أدخلَه اللَّه بها الجنَّةَ». رواه الطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة: 2306.**

1179. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىرەر نەرسىنى مۇسۇلمانلار ماڭىدىغان يولدىن ئېلىۋەتسە، الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ شۇ ئەمەلىگە بىر ياخشىلىق پۈتىدۇ. الله تائالا قانداق بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا بىر ياخشىلىقنى پۈتكەن بولسا، ئۇ كىشىنى شۇ ياخشىلىق سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ». ②

**1180. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ أنه قال: «نَزَعَ رجلٌ ـ لم يعملْ خيراً قطُّ ـ غُصْنَ شوكٍ عن الطريق؛ إمَّا كان في شجرةٍ فقطَعَهُ وألقاهُ، وإمَّا كان موضوعاً فأماطَهُ، فشكَرَ اللَّه له بها فأدخلَه الجنَّة». صحيح سنن أبي داود: 4367.**

1180. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىغان بىر ئادەم يولدىكى تىكەنلىك بىر شاخنى ئېلىۋەتكەن ياكى دەرەختىكى تىكەنلىك بىر شاخنى كېسىپ تاشلىۋەتكەن ۋە ياكى يولغا تاشلاپ قويۇلغان تىكەنلىك بىر شاخنى يولدىن يىراقلاشتۇرغان، الله تائالا ئۇنىڭ شۇ ئەمەلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگەن». ③

### ❖ يولدىن ئەزىيەتنى يوقىتىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر

① مۇسلىم توپلىغان.

② تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

1181. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «الإيمانُ بِضْعٌ وسَبعونَ شُعبةً: فأفضَلُها قولُ لا إله إلا اللَّه، وأدناها إِماطَةُ الأذَى عن الطريقِ، والحياءُ شُعبةٌ من الإيمان». متفق عليه.

1181. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى <لا اله الا اللّه> دېگەن سۆز، ئەڭ تۆۋىنى يولدىكى ئەزىيەتنى يوقىتىشتۇر. ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر».[1]

**❖ كىشىلەرنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىغا ۋە سايىدايدىغان جايلىرىغا تەرەت قىلىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەزىيەتلەر بىلەن يوللاردا كىشىلەرگە ئازار بەرگەن كىشىلەر ھەققىدە**

1182. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «اتَّقوا اللاَّعِنَينِ»، قالوا: «وما اللاَّعِنَينِ؟». قال: «الذي يَتخلَّى في طريقِ النَّاسِ أو ظِلِّهم». مسلم.

1182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئىككى تۇرلۇك لەنەت قىلىنغۇچىدىن ساقلىنىڭلار!» دېۋىدى، ساھابىلەر: «ئۇلار كىم؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «كىشىلەر ماڭىدىغان يولغا ياكى سايىدايدىغان جايغا تەرەت قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

1183. وعن معاذ بن جبل رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اتَّقُوا الملاعِنَ الثَّلاثَ: البُرَازَ في الموارِدِ، وقارِعَةِ الطريقِ، والظِّلِّ». صحيح سنن أبي داود: 21.

1183. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لەنەتكە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدىغان مۇنداق ئۈچ تۇرلۇك ئىشتىن ساقلىنىڭلار: سۇ ئالغىلى كېلىدىغان يەرلەرگە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە كىشىلەر سايىدايدىغان ئورۇنلارغا تەرەت قىلىشتۇر».[3]

1184. وعن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «مَن آذَى المسلمين في طُرُقِهِمْ،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

وجُبَت عليه لَعْنَتُهُم». رواه الطبراني وغيره، السلسلة الصحيحة: 2294.

1184. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ماڭىدىغان يوللىرىنى مەينەت قىلىش ۋە بۇزۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت بەرسە، ئۇ كىشىگە ئۇلارنىڭ لەنەت قىلىشى ھەقلىق بولىدۇ».[1]

1185. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «مَنْ سَلَّ سَخِيمَتَهُ على طَريقٍ عامِرٍ من طُرِقِ المسلمين، فعليه لعنةُ اللَّه والملائكةِ والناسِ أجمعين». صححه الحاكم في المستدرك 186/1.

1185. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاۋات يولىغا تەرەت قىلىپ قويسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئومۇمي كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ».[2]

1186. وعن جابر بن عبد اللَّه، عن النبي ﷺ قال: «لا تَنزلوا على جَوَادِّ الطُّرُقِ، ولا تَقْضُوا عليها الحاجاتِ». رواه أبو بكر بن أبي شيبة في الأدب وغيره، السلسلة الصحيحة: 2433

1186. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «(يوڭ ـ تاقىلىرىڭلارنى) يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قويماڭلار ۋە يوللارغا تەرەت قىلماڭلار».[3]

1187. وعن معاذ بن أنس الجهني رضي اللَّه عنه، قال: «غزوتُ مع نبيِّ اللَّه ﷺ غزوَةَ كَذا وكذا، فضَيَّقَ الناسُ المنازِلَ، وقطعوا الطريقَ، فبعثَ نبيُّ اللَّه ﷺ مُنادياً يُنادي في النَّاسِ: أنَّ مَن ضيَّقَ مَنزِلاً، أو قطَعَ طريقاً، فلا جِهادَ له». صحيح سنن أبي داود: 2629.

1187. مۇئاز ئىبنى ئەنەس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرنەچچە ئۇرۇشقا بىرگە

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2294 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە «الأدب» ناملىق كىتابىدا توپلىغان. «السلسلة الصحيحة» 2433 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

چىققانىدىم، كىشىلەر چۈشكۈن قىلغان يەردە قىستىلىشىپ يولنى توسۇپ قويسا، پەيغەمبەر ﷺ بىر جاكارچىنى ئەۋەتىپ: «كىمكى چۈشكۈن قىلغان ئورۇننى تارلاشتۇرۇپ قويسا ياكى يولنى توسۇپ قويسا، ئۇنىڭ جىھادىغا (ساۋاب) يوق» دەپ جاكارلاشقا بۇيرۇيتتى.①

❖ **يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇشنى چەكلەش ھەققىدە**

1188. **وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تصلوا على جَوادِّ الطريقِ، ولا تنزلوا عليها». رواه أبو داود وغيره باختصار كثير، ورواه أبو يعلى ورجاله رجال الصحيح.**

1188. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇماڭلار ۋە (ئارام ئېلىش ئۈچۈن) يول ئوتتۇرىسىغا چۈشمەڭلار».②

1189. **وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إيَّاكُم والتعْرِيسَ على جوادِّ الطريقِ، والصلاةَ عليها؛ فإنها مأوى الحيَّاتِ والسِّباع، وقضاءَ الحاجةِ عليها؛ فإنَّها الملاعِنُ». قال المنذري في الترغيب والترهيب: رواه ابن ماجه**

1189. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارام ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئۇ يەر يىلان، چايان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەگىپ يۈرىدىغان جايىدۇر. يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھاجەت ئادا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھاجەت ئادا قىلىش لەنەت قىلىنىدىغان ئىشتۇر».③

1190. **وعن سَيَّار بن المعرور قال: سمعتُ عمر رضي اللَّه عنه، يخطبُ ويقول: «إن رسولَ اللَّه ﷺ بنى هذا المسجدِ ونحنُ معهُ المهاجرونَ والأنصار، فإذا اشتَدَّ الزِّحامُ فليسجُدِ الرجلُ منكم على ظهرِ أخيه، ورأى قوماً يُصلونَ في الطريقِ، فقال: «صلُّوا في المسجدِ».**

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان.

③ ئىبنى ماجە توپلىغان.

**أخرجه أحمد في المسند** 217.

1190. سەييار ئىبنى مەئرۇر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بۇ مەسجىدنى پەيغەمبەر ﷺ بىنا قىلغان، ئۇ ۋاقىتتا مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ئىدۇق. ئەگەر بەك قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتسە، ھەربىرىڭلار ئۆز قېرىندىشىڭلارنىڭ دۈمبىسىگە سەجدە قىلىڭلار». ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يولدا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ: «سىلەر مەسجىدتە ناماز ئوقۇڭلار» دېدى.[1]

### ❖ ئاياللارنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مېڭىشى توغرا بولمايدۇ

**1191. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «ليسَ للنساءِ وسَطُ الطريقِ». رواه ابن حبان في صحيحه، وابن عدي، وغيرهم، السلسلة الصحيحة**:856.

1191. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى لايىق ئەمەس».[2]

**1192. وعن أبي أسيد الأنصاري رضي اللَّه عنه، أنَّه سمعَ رسولَ اللَّه ﷺ وهو خارجٌ من المسجِد، فاختلَطَ الرِّجالُ مع النِّساء في الطريقِ، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «اسْتَأخِرْنَ؛ فإنه ليسَ لكنَّ أن تَحْقُقْنَ الطريقَ؛ عليكُنَّ بِحافَّاتِ الطريقِ». فكانت المرأةُ تَلْتَصِقُ بالجدارِ؛ حتى إنَّ ثوبَها ليتعلَّقُ بالجدارِ من لصُوقِها به. صحيح سنن أبي داود**: 4392.

1192. ئەبۇ ئۇسەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدتىن چىقىۋېتىپ يولدا ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاياللارغا: «سىلەر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭماي، چەتىرەك مېڭىڭلار!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاياللار تامنى ياقىلاپ ماڭىدىغان بولدى، ھەتتا (تامغا بەك يېقىن ماڭغانلىقتىن

---

[1] ئەھمەد «المسند» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[2] ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى ئەدىي توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 856 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بەزىلىرىنىڭ) كىيىمى تامغا ئىلىنىپمۇ قالاتتى.[1]

### ❖ يوللاردا سالام قىلىشنىڭ ئەدەپلىرى

**1193. عن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا مرَّ رجالٌ بقومٍ فسَلَّمَ رجلٌ عن الذين مَرُّوا على الجالِسين، ورَدَّ من هؤلاءِ واحدٌ؛ أجزَأ عن هؤلاءِ وعن هؤلاءٍ». أخرجه أبو نعيم في الحلية، السلسلة الصحيحة: 1412.**

1193. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر بۆلۈك كىشىلەر بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت بىرلا كىشى ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىپ، ئولتۇرغانلاردىنمۇ بىرىلا سالامغا جاۋاب قايتۇرغان بولسا، بۇ ئولتۇرغان كىشىلەر ۋە يولدىن ئۆتكەنلەرگە يېتەرلىك بولىدۇ».[2]

**1194. وعن زيد بن أسلم رضي اللّه عنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «يُسَلِّمُ الراكِبُ على الماشي، وإذا سلَّمَ من القومِ أحدٌ أجزَأ عنهم». أخرجه مالك، السلسلة الصحيحة: 1148.**

1194. زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلاغلىق كېتىۋاتقان كىشى پىيادە مېڭىۋاتقان كىشىگە سالام قىلىدۇ. ئەگەر قەۋم ئىچىدىن بىر كىشى باشقىلارغا سالام قىلغان بولسا، بۇ سالام شۇ قەۋم ئىچىدىكىلەرگە يېتەرلىك بولىدۇ».[3]

**1195. وعن عبد الرحمن بن شبل رضي اللّه عنه، قال: سمعتُ النبيَّ ﷺ قال: «يُسَلِّمُ الراكِبُ على الرَّاجِلِ، والرَّاجِلُ على الجالِسِ، والأقَلُّ على الأكثرِ، فمن أجابَ السَّلامَ كان له، ومَن لم يُجِبْ فلا شيءَ عليه». أخرجه البخاري في الأدب المفرد، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 1147.**

1195. ئابدۇراھمان ئىبنى شىبلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۇلاغلىق كېتىۋاتقان

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ نۇئەيىم «الحلية»ناملىق كىتابتا توپلىغان.

[3] مالىك توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1148 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

كىشى پىيادە كىشىگە، پىيادە مېڭىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىدۇ. (كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىچىدىن) سالامغا جاۋاب قايتۇرغان كىشىگە ئەجىر بېرىلىدۇ، جاۋاب قايتۇرمىغانلارغا ھېچبىر گۇناھ بولمايدۇ». [1]

196. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «يُسلِّمُ الراكِبُ على الماشِي، والماشي على القاعِد، والقليلُ على الكثيرِ». متفق عليه.

1196. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلاغلىق كېتىۋاتقان كىشى پىيادە كىشىگە، پىيادە مېڭىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام بېرىدۇ». [2]

❖ يولدا ماڭغاندا نورمال مېڭىش ۋە ئالدىراپ ماڭماسلىق ھەققىدە

1197. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إذا سمِعْتُم الإقامَةَ فامشُوا إلى الصلاةِ، وعليكُم بالسَّكينَةِ والوَقَار، ولا تُسْرِعُوا، فما أدرَكتُم فصَلُّوا، وما فاتَكُم فأتِمُّوا». متفق عليه.

1197. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر نامازغا تەكبىر ئېيتىلغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، نامازغا تەمكىنلىك بىلەن جىددىيلەشمەي مېڭىڭلار، ئالدىراپ كەتمەڭلار. قانچە رەكئەتكە ئۈلگۈرسەڭلار، شۇنى ئادا قىلىڭلار، ئۈلگۈرەلمەي قالغىنىڭلارنى تولۇقلاڭلار». [3]

❖ يولنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك بولىدۇ؟

1198. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أنَّ النبيَّ ﷺ قال: «إذا اختلَفْتُمْ في الطريقِ؛ جُعِلَ عَرْضُهُ سَبْعَ أذْرُعٍ». مسلم.

---

[1] بۇخارى «الأدب المفرد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1147- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

1198. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر يول ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، يولنىڭ كەڭلىكى يەتتە گەز قىلىنسۇن».[①]

1199. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اجعلوا الطَّريقَ سَبعةَ أذْرُعٍ». صحيح سنن ابن ماجه: 1893.

1199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يولنى يەتتە گەز قىلىڭلار».[②]

1200. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا اختلفتُمْ في الطريقِ فاجعلوه سَبعةَ أذرُعٍ». صحيح سنن ابن ماجه: 1894.

1200. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەر يولنىڭ قانچە گەز بولۇشىدا دەتالاشقا قالساڭلار، ئۇنى (كەڭلىكىنى) يەتتە گەز قىلىڭلار».[③]

1201. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من بَنى إلى جَنْبِ الطريقِ فليترُك للطريقِ سَبْعَةَ أَذْرُعٍ، ومَن بنى بناءً فَلْيَدْعَم على حائط جارِه، ولا تتخالَفُوا، ولا تَناجَشُوا، ولا تَسْتَقْبِلُوا السُّوقَ». رواه ابن جرير الطبري في مسند ابن عباس.

1201. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يول ياقىسىغا ئۆي سالماقچى بولغان كىشى يول ئۈچۈن يەتتە گەز يەر قالدۇرۇپ قويسۇن، ئۆي سالماقچى بولغان كىشى قوشنىسىنىڭ تېمىغا چاپلاپ سالسۇن. ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى يەنە بىرىڭلار بۇزماڭلار، ئۆيۈڭلارنىڭ ئىشىكلىرىنى بازارغا قارىتىپ سالماڭلار».[④]

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] ئىبنى ماجە توپلىغان.

[③] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[④] ئىبنى جەرىر «مسند ابن عباس» ناملىق كىتابتا توپلىغان.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# 18 ـ باب

## خىزمەتكار ۋە قۇللارنىڭ خوجايىنى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

الله تائالا ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرى ئارقىلىق ئىمتىھان قىلىش ۋە بەزىسىنى بەزىسىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى تۇرمۇش ۋە رىزىقتا بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلگەن.[1]

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُمْ مَعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُمْ بَعْضاً سُخْرِيّاً وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ**﴾ «بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل ـ ماللىرى)دىن ياخشىدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاللَّهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ فِي الرِّزْقِ**﴾ «الله سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَذَلِكَ فَتَنَّا بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لِيَقُولُوا أَهَؤُلاءِ مَنَّ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنْ بَيْنِنَا أَلَيْسَ اللَّهُ بِأَعْلَمَ بِالشَّاكِرِينَ**﴾ «ئۇلارنىڭ: <الله ئارىمىزدىن (ھىدايەت قىلىش بىلەن) ئىنئام قىلغان كىشىلەر مۇشۇلارمۇ؟> دېيىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشۇنداق سىنىدۇق (يەنى پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنى ئىمان

---

[1] ئويلاپ بېقىڭ! ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ، ياكى دوختۇر، ياكى ياغاچچى، ياكى تۆمۈرچى، ياكى دېھقان ۋە ياكى تىجارەتچى بولسا، يەنى ھەر نەرسىدە بىر خىل سەۋىيەدە بولسا، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئادەم باللىرىغا نىسبەتەن ھايات ئەھمىيەتسىز بىرنەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا دۇنيانىڭ گۈللىنىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. الله تائالانىڭ كىشىلەرنى ئوخشاش رىزىق ۋە بىر خىل تۇرمۇشقا ئىگە قىلمىغانلىقى، الله تائالانىڭ ھاياتىي دۇنيادا ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا قىلغان مەرھەمىتى ھېسابلىنىدۇ.

[2] سۈرە زۇخرۇف 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نەھل 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئېيتقۇزۇش بىلەن، باي، چوڭ كىشىلەرنى سىنىدۇق). الله شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ (يەنى شۈكۈر قىلغۇچىلارنى الله ھىدايەت قىلىدۇ)»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَكِنْ لِيَبْلُوَ بَعْضَكُمْ بِبَعْضٍ﴾ «لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمر قىلدى)»②.

**❖ خىزمەتكار ۋە قۇللارغا كىچىك پېئىل بولۇش، مېھرىبانلىق قىلىش، ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش؛ خوجايىن نېمە يېسە ياكى نېمە كىيسە ئۇلارغىمۇ شۇنى يېگۈزۈش، كىيدۈرۈش، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماسلىق ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالاً فَخُوراً﴾ «الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ»③.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

1202. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا أتى أحدَكُم خادِمُهُ بطعامٍ قد وَلِيَ حَرَّه ومَشَّقَتَه ومؤنَتَهُ، فلْيُجلِسْهُ معه، فإن أبى فليُناوِلْه أُكْلَةً بيَدِه». أخرجه البخاري.

1202. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

① سۈرە ئەنئام 53 ـ ئايەت.

② سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەت.

③ سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ خىزمەتكارى تەرلەپ-پىشىپ، جاپا چېكىپ ۋە ئېغىرچىلىق تارتىپ تائام ئېلىپ كەلسە، خىزمەتكارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزسۇن، ئەگەر ئولتۇرغىلى ئۇنىمىسا ئۇنىڭ قولىغا بىرەر لوقما تۇتقۇزۇپ قويسۇن». [1]

1203. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا جاءَ خادمُ أحَدِكُم بطعامِه؛ قد كفاهُ حرَّه وعملَهُ، فإن لم يُقعِدْه معه لياكُلَ، فليُناوِلْه أُكْلَةً من طعامِه». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 1043.

1203. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارغا خىزمەتكارى تەرلەپ-پىشىپ تاماق ئېتىپ ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزمىسىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر لوقما سۇنۇپ بەرسۇن». [2]

1204. وعنه، قال: قالَ رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا صَنَعَ لأحدِكُم خادمُهُ طعامَهُ ثم جاءَهُ به، وقد ولِيَ حَرَّهُ ودُخانَه، فلْيُقْعِدْهُ معهُ فلياْكُلْ، فإن كانَ الطعامُ مشْفوهاً قليلاً فليَضَعْ في يَدِهِ منهُ أُكْلَةً أو أكلَتَينِ». مسلم.

1204. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ خىزمەتكارى تەرلەپ-پىشىپ، ئىس يەپ يۈرۈپ تاماقلىرىنى ئېتىپ ئالدىڭلارغا ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇپ تاماقنى بىللە يەڭلار. ناۋادا تاماق بەك ئاز بولسا، ئۇنىڭ قولىغا بىر-ئىككى لوقما تۇتقۇزۇپ قويۇڭلار!». [3]

1205. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا جاء خادمُ أحَدِكُم بطعامِه فلْيُقْعِدْهُ معه أو ليُناوِلْهُ منه؛ فإنَّه هو الذي ولِيَ حرَّهُ ودُخانَهُ». أخرجه ابن ماجه، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 1042.

1205. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ خىزمەتكارى ئۇنىڭ تامىقىنى

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] ئەھمەد توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئېلىپ كەلسە، ئۇ خىزمەتكارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزسۇن ياكى ئۇنىڭغا تاماقتىن سۇنسۇن، چۈنكى ئۇ خىزمەتكارنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ، ئىس يەپ يۇرۇپ تاماقنى تەييارلاپ بەرگەن ئەجرى بار».①

1206. عن زيد بن جارية، قال: قال النبيُّ ﷺ في حجَّة الوداع: «أرقَّاءَكُم، أرقَّاءَكُم، أرقَّاءَكُم؛ أَطعموهم مما تأكلون، وأكْسُوهُم مما تلبسونَ، فإن جاؤوا بذَنبٍ لا تُريدونَ أن تَغفِرُوهُ؛ فبيعوا عبادَ اللَّه ولا تُعَذِّبوهُم». أخرجه أحمد والطبراني، السلسلة الصحيحة: 740.

1206. زەيد ئىبنى جارىيەدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەن: «قۇللىرىڭلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار، ئۆزۈڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. ئەگەر ئۇلار كەچۈرۈۋېتىشكە بولمايدىغان گۇناھ ئۆتكۈزسە، الله نىڭ بەندىلىرىنى سېتىۋېتىڭلار، ئۇلارنى ئازابلىماڭلار».②

1207. وعن أبي ذر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن لاءَمَكُم من خَدَمِكُم فأطعموهم مِمَّا تأكلون، وألبسوهُم مما تلْبَسُونَ، ومن لا يُلائِمُكُم من خدَمِكم فبيعوا، ولا تُعَذِّبوا خَلْقَ اللَّه». أخرجه أحمد، وأبو داود، السلسلة الصحيحة: 739.

1207. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خىزمەتكارىڭلار سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتسە (يەنى سىلەرگە ھەمنەپەس بولسا)، ئۇلارغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار، كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمىگەن خىزمەتكارىڭلارنى سېتىۋېتىڭلار، الله نىڭ مەخلۇقاتىنى ئازابلىماڭلار!».③

1208. وعن أبي ذر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إنَّ إخوانَكُم خوَلُكُم، جعلَهُم اللَّه تحتَ أيديكُم؛ فمن كان أخوه تحت يديه فليُطْعِمْهُ ممَّا يأكُلُ، وليُلبِسْهُ مما يلبَسُ، ولا تُكلِّفوهُم ما يغْلِبُهُم؛ فإنْ كلَّفتُمُوهم ما يَغلِبُهُم فأعينوهم». متفق عليه.

1208. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1042 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 740 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 739 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

مۇنداق دېگەن: «ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، الله  ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. الله  بىراۋنى قول ئاستىڭلاردا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈپ، ئۆزۈڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار، مۇبادا ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇساڭلار، ئۆزۈڭلار ياردەملىشىڭلار!». ①

1209. **وعن خادمٍ للنبي ﷺ ـ رَجُلٌ أو امرأةٌ، قال: كانَ مما يقولُ ﷺ للخادمِ: «ألكَ حاجَةٌ؟» قال: حتَّى كانَ ذاتَ يومٍ فقال: «يا رسولَ اللَّه حاجَتِي؟»، قال: «وما حاجَتُكَ؟». قال: «حاجتي أن تَشْفَعَ لي يومَ القيامةِ». قال: «ومَن دلَّكَ على هذا؟»، قال: «ربِّي». قال: «أمَّا لا؛ فأَعِنِّي بكثرةِ السجودِ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 2102.**

1209. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (ئەر ياكى ئايال) خىزمەتكارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دائىم خىزمەتكارىدىن: «ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دەپ سوراپ تۇراتتى. مەلۇم بىر كۈنى خىزمەتكارى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ھاجىتىم بار» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە ھاجىتىڭ بار؟» دەپ سورىدى. خىزمەتكار: «ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان بولسىلا» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟» دەپ سورىدى. خىزمەتكار: «الله » دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «مېنىڭ شاپائەت قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغان بولساڭ، كۆپ سەجدە قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن» دېدى. ②

1210. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما استَكْبَرَ مَنْ أكلَ معهُ خادِمُهُ، ورَكِبَ الحِمارَ بالأسواقِ، واعتَقَلَ الشَّاةَ فحَلَبَها». أخرجه البخاري في الأدب والمفرد، والديلمي، السلسلة الصحيحة: 2218.**

1210. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خىزمەتكارى بىلەن بىرگە تاماق يېگەن، ئېشەككە مىنىپ بازارغا بارغان، قوينى باغلاپ تۇرۇپ ساغقان كىشىدە كىبىر بولمايدۇ». ③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2102ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ بۇخارى ۋە دەيلەمى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2218ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**1211. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «المملوكُ أخوكَ؛ فإذا صنَعَ لكَ طعاماً فأجْلِسْهُ معَكَ، فإنْ أبَى فأَطعِمْهُ، ولا تَضربوا وجُوهَهُم». أخرجه الطيالسي، وأحمد، السلسلة الصحيحة:** 2527.

1211. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇلمۇ سىنىڭ قېرىنداشىڭدۇر، ئەگەر ئۇ ساڭا تائام ئېتىپ بەرسە، ئۇنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغىن؛ ئەگەر ئۇنىمىسا ئۇنىڭغا تائامدىن سۇنغىن. قۇللىرىڭلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرماڭلار».[1]

**1212. وعن أبي مَحْذُورةَ قال: «كنتُ جالساً عند عمر رضي اللَّه عنه، إذ جاء صفوان بنُ أُميَّةَ بجَفْنَةٍ يحملُها نفرٌ في عباءَةٍ، فوضعوها بين يدَي عمر، فدعا عمرُ ناساً مساكين وأرقَّاءَ من أرقَّاء النَّاسِ حولَه، فأكلوا معه، ثمَّ قال عندَ ذلك: فعلَ اللَّه بقومٍ. أو قال: <لحا اللَّه قوماً. يرغبون عن أرقَّائِهم أن يأكلوا معهم>». صحيح الأدب المفرد:** 148.

1212. ئەبۇ مەھزۇرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئىدىم، سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقانچە كىشى بىلەن تاماق بار چوڭ بىر قاچىنى بىر كىيىمگە يۆگەكلىك ھالەتتە كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىدا قويدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىسكىنلەر ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قۇللىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۇ تائامدىن يېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تائام يەپ بولغاندىن كېيىن: <قۇللىرى بىلەن بىرلىكتە تائام يېيىشنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرگە الله لەنەت قىلسۇن ياكى الله ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن> دېدى».[2]

**1213. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «كان ﷺ يجلسُ على الأرضِ، ويَعتَقِلُ الشَّاةَ، ويُجيبُ دعوةَ المملوكِ على خُبزِ الشَّعِيرِ». أخرجه الطبراني في الكبير، السلسلة الصحيحة:** 2125.

---

[1] ئەھمەد ۋە تەيالىسى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2527- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 148- نومۇرلۇق ھەدىس.

1213. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ يەردە ئولتۇراتتى، قويىنى باغلايتتى ۋە قۇل ئارپا نېنىغا چاقىرسىمۇ چاقىرغان يەرگە باراتتى». [1]

1214. وعن المقدام بن معدي كرب رضي اللَّه عنه، مرفوعاً: «ما أَطْعَمْتَ نفسَكَ فهو لك صدقةٌ، وما أطعمتَ ولدَكَ فهو لك صدقةٌ، وما أطعمتَ زوجَكَ فهو لك صدقةٌ، وما أطعمتَ خادِمَكَ فهو لك صدَقةٌ». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 452.

1214. مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭ يېگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە؛ پەرزەنتىڭگە بەرگەن تائاممۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە؛ ئايالىڭغا بەرگەن تائاممۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە؛ خىزمەتچىڭگە بەرگەن تائاممۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ». [2]

1215. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: «قدمَ رسولُ اللَّه ﷺ المدينَةَ ليس له خَادمٌ، فأخذَ أبو طلحَةَ بيدي، فانطلقَ بِي إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: يا رسولَ اللَّه إنَّ أنَساً غلامٌ كيِّسٌ فليخْدُمكَ، قال: فخَدَمتُه في الحَضَرِ والسَّفرِ، فواللَّه ما قال لي لشيءٍ صَنعتُهُ: <لِمَ صَنعتَ هذا هكَذا؟>، ولا لشيءٍ لم أصنَعْهُ: <لِمَ لم تصنَعْ هذا هكذا>». متفق عليه.

1215. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كەلگەندە خىزمەتكارى يوق ئىدى. ئەبۇ تەلھە مېنىڭ قولۇمدىن يېتىلەپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەنەس ئەقىللىق بالا، ئۇ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلسۇن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىدە تۇرغان ياكى سەپەرگە چىققان ھەممە ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا: <نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟>، ياكى قىلمىغان ئىشىمغا: <نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۇنداق قىلمىدىڭ؟> دەپ باقمىدى». [3]

---

[1] تەبەرانى «الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2125 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 452 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

1216. وعنه، قال: «خدَمتُ رسولَ اللَّه ﷺ عَشْرَ سِنِينَ، واللَّه ما قالَ لي أُفّاً قَطُّ، ولا قالَ لي لشيءٍ: لِمَ فَعَلتَ كذا، وهَلاَّ فَعلْتَ كذا؟». مسلم.

1216. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمىتىنى 10 يىل قىلدىم. ئۇ ماڭا بىرەر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىدى. ياكى قىلغان ئىشىمغا: <نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟> ۋە ياكى: <مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟> دەپ باقمىدى».[1]

1217. وعن أمِّ سلَمَة رضي اللَّه عنها: «أن رسولَ اللَّه ﷺ كانَ يقولُ في مرَضِه: اتَّقوا اللَّه في الصَّلاةِ، وما مَلَكت أَيْمَانُكُم وجعلَ يُكرِّرها». أخرجه الخطيب في تاريخ بغداد، وغيره، السلسلة الصحيحة: 868.

1217. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات تاپقان كېسىلىدە: <ناماز ۋە قول ئاستىڭلاردىكى قۇللار ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار> دەپ تەكرار دېگەنىدى».[2]

1218. وعن أبي هريرةَ رضي اللَّه عنه، عن رسولِ اللَّه ﷺ أنَّه قالَ: «للمملوكِ طعامُهُ وكُسْوَتُهُ، ولا يُكلَّفُ من العملِ إلا ما يُطيقُ». مسلم.

1218. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇللارغا تائام ۋە كىيىم-كېچەك بېرىلىدۇ. قۇل پەقەت كۈچى يېتىدىغان ئىشقىلا بۇيرۇلىدۇ».[3]

1219. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: «كان النبيُّ ﷺ يوصي بالمملوكين خيراً، ويقول: <أطعموهم مما تأكلون، وألبسوهم من لبوسِكم، ولا تُعَذِّبوا خلقَ اللَّه>». صحيح الأدب المفرد: 139.

1219. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ قۇللارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ: <ئۇلارغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار، ئۆزۈڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار ۋە

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] خەتىب «تاريخ بغداد» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 868- نومۇرلۇق ھەدىس.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

الله نىڭ مەخلۇقاتىنى ئازابلىماڭلار!> دېگەنىدى».[1]

1220. وعن المعرور بنِ سُوَيْدٍ قال: مرَرنا بأبي ذرٍّ بالرَّبَذَةِ، وعليه بُردٌ وعلى غُلامِه مثلُهُ، فقلنا: «يا أبَا ذَرٍّ لو جمعتَ بينهما كانت حُلَّةً»، فقال: «إنَّه كان بيني وبين رجلٍ من إخواني كلامٌ، وكانت أُمُّه أعجميَّةً، فعَيَّرْتُهُ بأُمِّه، فشكاني إلى النبيِّ ﷺ فلقيتُ النبيَّ ﷺ فقال: <يا أبَا ذَرٍّ إنَّكَ امرؤٌ فيكَ جاهليَّةٌ، هم إخوانُكم، جعلَهُمُ اللَّه تحتَ أيديكُم، فأطعموهُم مِمَّا تأكلُون، وألبِسُوهُم مِمَّا تلْبَسُونَ، ولا تُكَلِّفُوهم ما يَغلِبُهم، فإن كلَّفتُمُوهم فأعينُوهُم>». مسلم.

1220. مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىز رەبزە دېگەن جايدا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇچىسىدا بىر تون بار ھالىتىدە كۆردۇق. ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ئۇچىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تون بارلىقىنى كۆرۈپ: «ئى ئەبۇ زەر! ئەگەر بۇ ئىككى تونىنى بىرلەشتۈرگەن بولساڭ، ساڭا بىر قۇر كىيىم چىقاركەن» دېگەنىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى ئەجەم بولغان بىر قېرىندىشىم بىلەن ئارىمىزدا گەپ تالىشىش بولۇپ قېلىپ، مەن ئۇنى ئانىسى بىلەن ئەيىبلىگەنىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمدىن پەيغەمبەر ﷺ گە شىكايەت قىلىپتۇ. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇچراشقان ۋاقتىتا، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <ئى ئەبۇ زەر! سېنىڭدە تېخىچە جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ يامان تەسىرى بار ئىكەن، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، الله ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى. الله بىراۋنى قول ئاستىڭلاردا قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈپ، ئۆزۈڭلار كىيگەندىن كىيگۈزۈڭلار. ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار، مۇبادا ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇساڭلار، ئۆزۈڭلار ياردەملىشىڭلار!>دېدى».[2]

1221. عن عُبادةَ بنِ الوليدِ بنِ عُبادةَ بنُ الصَّامتِ قال: خرجتُ أنا وأبي نَطلُبُ العلمَ في هذا الحيِّ من الأنصارِ، قبل أن يَهلِكُوا، فكان أوَّلُ مَن لَقِينا أبا اليَسَرِ؛ صاحِبَ رسولِ اللَّه ﷺ ومعَهُ غلامٌ له، معهُ ضِمامةٌ من صُحُفٍ، وعلى أبي اليَسَرِ بُردَةٌ ومَعَافِرِيٌّ، وعلى غُلامِهِ بُردَةٌ

[1] «صحيح الأدب المفرد» 139 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ومعافريٌّ، قال: فقلت له: «ياعَمِّ لو أنَّكَ أخذتَ بُردَةَ غلامِكَ وأعْطَيتَهُ معَافِرِيَّكَ، وأخذتَ مَعَافِرِيَّهُ وأعطيتَهُ بُردَتَكَ، فكانت عليكَ حُلَّةٌ وعليه حُلَّةٌ»، فمسَحَ رأسي وقال: «اللَّهمَّ بارِكْ فيه»، «يا ابنَ أخي بَصَرُ عينَيَّ هاتَينِ، وسَمْعُ أُذُنَيَّ هاتَيْنِ، ووعَاهُ قلبي هذا ـ وأشار إلى مَناطِ قلبِه ـ رسولَ اللَّه ﷺ وهو يقول: <أطعِمُوهُم مِمَّا تأكلونَ، وألبِسوهُم مِمَّا تَلْبَسُونَ>، وكان أن أعطيتُهُ من متاعِ الدنيا أهونَ عليَّ من أن يأخُذَ من حسَناتي يومَ القيامةِ». مسلم

1221. ئۇبادە ئىبنى ۋەلىد ئىبنى ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن مۇنداق نەقىل قىلىندۇ: دادام ئىككىمىز بۇ مەھەللىدىكى ئەنسارىلار ۋاپات بولۇپ تۈگەپ كېتىشتىن بۇرۇن ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىققانىدۇق، بىز تۇنجى بولۇپ ئۇچراشقان كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن ئەبۇ يەسەر بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر قۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا بىر باغلام قەغەز تۇراتتى. ئەبۇ يەسەر ئۇچىسىغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان بىر كىيىم ۋە بىر يەكتەك كىيىۋالغان، ئۇنىڭ قۇلىمۇ ئۇچىسىغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان بىر كىيىم ۋە بىر يەكتەك كىيىۋالغان ئىدى. ئۇبادە ئىبنى ۋەلىد مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن مەن ئەبۇ يەسەرگە: «ئى تاغا! سەن قۇلۇڭنىڭ يەكتىكىنى ئۆزۈڭ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان كىيىمىڭنى بەرسەڭ، ياكى سەن ئۇنىڭ مەئافىر قەبىلىسىدە توقۇلغان كىيىمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ يەكتىكىنى ئۇنىڭغا بەرسەڭ، شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككىڭلار كىيىمىڭلارنى بىر جۈپ قىلىپ كىيسەڭلار بولماسمىدى؟» دېسەم، ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئى الله ! بۇ بالىغا بەرىكەت بەرگىن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئىككى كۆزۈم پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرگەن، ئىككى قۇلىقىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ۋە قەلبىمدە ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ساقلىۋالغانمەنكى، پەيغەمبەر ﷺ: <قۇللىرىڭلارغا ئۆزۈڭلار يېگەننى يېگۈزۈڭلار، ئۆزۈڭلار كىيگەننى كىيگۈزۈڭلار> دېگەن. ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىنى بەرگىنىم، مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلىرىمدىن

ئىبلىسۇبلىسىدىن يەڭگىل (بولىدۇ)» دېدى.[1]

**1222. وعن جابر بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ثلاثٌ مَن كُنَّ فيه نَشرَ اللَّه عليه كنَفَهُ، وأدخلَهُ الجنَّة: رِفقٌ بالضعيفِ، والشَّفَقَةُ على الوالدين، والإحسانُ على المملوكِ». أخرجه الترمذي في السنن 2494 .**

1222. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمدە ئاجىزغا ئىچ ئاغرىتىش، ئاتا-ئانىغا شەپقەت قىلىش ۋە قۇلغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت بولسا، الله تائالا ئۇ كىشىنى ئۆز رەھمىتىگە ئېلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ».[2]

**❖ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نەرسىنى خىزمەتكارىغا بەرمىگەن ياكى ئىش ھەققىنى بېرىشتە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان كىشى ھەققىدە**

**1223. عن معاوية بن حيدَة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يأتي رجلٌ مولاهُ يسألُهُ فضلاً عندَهُ فيمْنعهُ إيَّاه إلا دُعِيَ له يومَ القيامَةِ شُجَاعاً يتلمَّظُ فضلَه الذي منَعَ». رواه أبو داود، والنسائي، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2438.**

1223. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى خوجايىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىكى ئارتۇق (يەنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق) بىرنەرسىنى سوراپ خوجايىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى بەرمىگەن نەرسىسى بېشىنىڭ قاسرىقى چۈشۈپ كەتكەن، ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان يىلانغا ئايلىنىدۇ-دە، ئۇ يىلان شۇ كىشى ئۈچۈن چاقىرىلىدۇ».[3]

**1224. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إن أعظمَ الذنوبِ عند اللَّه رجلٌ استعملَ رجلاً فذهبَ بأجرته». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 999.**

1224. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئېغىر گۇناھ — بىر كىشىنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى «السنن» ناملىق كىتابتا توپلىغان.

[3] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2438- نومۇرلۇق ھەدىس.

بىر ئادەمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بەرمەسلىكىدۇر».[1]

1225. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «قالَ اللَّه: ثلاثةٌ أنا خَصمُهُم يومَ القيامة ـ منهم ـ ورجلٌ استأجرَ أجيراً فاستوفى مِنْهُ ولم يُعْطِهِ أجرَه». البخاري.

1225. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن قىيامەت كۈنى ئۈچ كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن. ئۇنىڭ بىرسى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئىشنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ھەققىنى بەرمىگەن كىشىدۇر>».[2]

### ❖ خوجايىن قۇلىنى ۋە قۇلىنىڭ خوجايىنىنى قانداق چاقىرىشى توغرىسىدا

1226. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: لا يَقولَنَّ أحدُكم: عَبدِي؛ فكلُّكم عبيدُ اللَّه، ولكن ليقُلْ: فتاي، ولا يَقل العبدُ: ربِّي، ولكن ليقُلْ: سيدي. مسلم.

1226. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھەرگىز: <مېنىڭ قۇلۇم> دېمىسۇن، چۈنكى ھەممىڭلار الله نىڭ قۇللىرى. لېكىن: <مېنىڭ ئوغۇلچىقىم> دەپ چاقىرسۇن. قۇلمۇ: <مېنىڭ ئىگەم> دېمىسۇن، <مېنىڭ خوجايىنىم> دېسۇن».[3]

1227. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يقولَنَّ أحدُكُم: عبدي وأمَتي، ولا يقولَنَّ المملوكُ: ربِّي وربَّتي، وليقُل: فتاي، وفتاتي، وسيدي وسيدتي؛ كلُّكُم مملوكٌ، والربُّ اللَّه عزَّ وجل». متفق عليه.

1227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھېچكىم قۇلى ۋە دېدىكىنى: <قۇلۇم ۋە دېدىكىم> دېمىسۇن! قۇلمۇ ھەرگىز خوجايىنىنى: <ئىگەم> دېمىسۇن! خوجايىن قۇلى ۋە دېدىكىنى: <ئوغۇلچىقىم ۋە قىزچىقىم> دېسۇن! قۇلمۇ ئەر ياكى ئايال

---

[1] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 999- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

خوجايىنىنى: <ئەر خوجايىنىم ياكى ئايال خوجايىنىم> دېسۇن! ھەممىڭلار قۇلسىلەر، ئىگە پەقەت الله تائالادۇر». [1]

1228. وعنه، عن النبي ﷺ أنه قال: «لا يَقُلْ أحدُكُم: <أطعِمْ ربَّكَ، وضِّئْ ربَّكَ، اسقِ ربَّكَ، وليقُل <سيدي مولاي>، ولا يقُلْ أحَدُكُم: <عبدي أمَتي>، وليَقُل: <فتَايَ وفتاتي، وغُلامي>». متفق عليه.

1228. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار: <ئىگەڭگە تائام بەرگىن، ئۇنى تاھارەت ئالدۇرۇپ قويغىن، ئۇنىڭغا سۇ بەرگىن> دېمىسۇن، <مېنىڭ خوجايىنىم> دېسۇن. سىلەرنىڭ بىرىڭلارمۇ: <مېنىڭ ئەر قۇلۇم، ئايال قۇلۇم> دېمىسۇن، ئوغۇلچىقىم، قىزچىقىم ۋە مېنىڭ خىزمەتچىم> دېسۇن». [2]

**❖ قۇلنىڭ نامازدا باشقا ھۆر كىشىلەرگە ئىمام بولۇشى، خەلىپە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرى تەرىپىدىن بىرەر ئىشقا مەسئۇل قىلىنسا ھۆكۈم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشى ھەققىدە**

1229. عن أبي سعيد مولى أبي أُسيد، قال: «تزوجتُ وأنا مملوكٌ، فدَعوتُ نفَراً من أصحابِ النبيِّ ﷺ فيهم ابن مسعود، وأبو ذر، وحذيفة، قال: وأُقيمَت الصلاة، قال: فذهبَ أبو ذر ليَتقدَّم، فقالوا: <إليك!>، قال: <أوَكَذلك؟>. قالوا: <نعم، قال: فتقدَّمتُ بهم وأنا عبدٌ مملوك». أخرجه أبو بكر بن أبي شيبة في المصنف وصححه الشيخ ناصر في كتابه آداب الزفاف، ص22.

1229. ئەبۇ ئۇسەيدنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن قۇل ھالەتتە تۇرۇپ ئۆيلەنگەن ئىدىم، تويۇمغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرقانچە كىشىنى چاقىردىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ زەر ۋە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ بار ئىدى. نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمام بولۇش ئۇچۇن ئالدىغا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆتمەكچى بولغانىدى، ساھابىلەر: <سەن ئىمام بولمىغىن!> دېيىشتى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئۇ ئىمام بولسا بولامدۇ؟> دېۋىدى، ساھابىلەر: <ھەئە، (ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئىمام بولۇشى سۈننەتتۇر)> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قۇل بولساممۇ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىمام بولغان ئىدىم». ①

1230. وعن أُمِّ الحصين رضي اللَّه عنها ،قالت: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن أُمِّرَ عليكم عبدٌ مُجَدَّعٌ يقودُكم بكتابِ اللَّه، فاسمعوا له وأطيعوا». مسلم.

1230. ئۇممۇ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «گەرچە سىلەرگە قۇلىقى چوناق قۇل ئەمىر قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ الله نىڭ كىتابى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىڭلار». ②

1231. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اسمعُوا وأَطيعُوا، وإن استُعمِلَ عليكم عبدٌ حبَشيٌّ، كأنَّ رأسَهُ زَبيبَةٌ». البخاري.

1231. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «گەرچە سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك (كۆرۈمسىز) قارا قۇل ئەمىر قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار». ③

1232. وعن العِرباض بن سارية رضي اللَّه عنه، قال: «صلَّى بنا رسولُ اللَّه ﷺ ذاتَ يومٍ، ثم أقبلَ علينا، فوعَظنا موعِظَةً بليغةً، ذرفَت منها العيون، ووَجلَت منها القلوب، فقال قائلٌ: <يا رسولَ اللَّه كأن هذه موعِظةُ مُودِّعٍ، فماذا تعهد إلينا؟>، فقال: <أُوصيكُم بتقوى اللَّه، والسَّمْعِ والطَّاعةِ وإن عبداً حبَشيَّاً، فإنَّه مَن يَعِشْ منكم بعدي فسيَرَى اختلافاً كثيراً، فعليكُم بسُنَّتي وسُنَّةِ الخُلفاءِ المهْدِيِّينَ الرَّاشدين؛ تمَسَّكوا بها، وعَضُّوا عليها بالنَّواجذِ، وإيَّاكُم ومُحْدَثاتِ الأمورِ فإنَّ كُلَّ مُحْدَثةٍ بِدْعَةٍ، وكُلَّ بدعةٍ ضلالةٌ>». صحيح سنن أبي داود: 3851.

1232. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى

---

① ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ ناھايىتى تەسىرلىك بىر نەسىھەت قىلدىكى، كۆزلىرىمىزدىن ياش تۆكۈلۈپ، قەلبلىرىمىز تىترەپ كەتتى. بىر كىشى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سۆز ۋىدالاشقۇچىنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدەك قىلىدۇ. بىزگە قىلىدىغان ۋەسىيىتىڭ بارمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <سىلەرگە الله تىن قورقۇشنى، سىلەرگە باش بولغان كىشى قارا قۇل بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇيرۇقىغا قەتئىي ئىتائەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئىچىڭلاردىن كىمكى مەندىن كېيىن ياشىسا، كۆپ ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ. سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ۋە توغرا يولغا يېتەكلەنگەن ھەم باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار. ئۇنى ئېزىق چىشىڭلار بىلەن چىشلەڭلار (يەنى چىڭ تۇتۇڭلار). (دىنغا) يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ھەقىقەتەن يېڭى پەيدا قىلىنغان ھەرقانداق ئىش بىدئەتتۇر. ھەرقانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر> دېدى»[1].

### ❖ قۇللارنى ئازاد قىلىشقا بۇيرۇش ھەققىدە

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ ۝ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ ۝ فَكُّ رَقَبَةٍ ۝**﴾ «ئۇ داۋان ئاشمىدى [11]. داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ [12] (داۋان ئېشىش دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر [13]»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّائِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلَاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُوا وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاءِ وَالضَّرَّاءِ وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ**﴾ «سىلەرنىڭ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە بەلەد 11-، 12- ۋە 13- ئايەتلەر.

كۇن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى الله نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، الله نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى پۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىقا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (الله نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**إِنَّمَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاءِ وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللَّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ**﴾ «زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ يَبْتَغُونَ الْكِتَابَ مِمَّا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ فَكَاتِبُوهُمْ إِنْ عَلِمْتُمْ فِيهِمْ خَيْرًا وَآتُوهُمْ مِنْ مَالِ اللَّهِ الَّذِي آتَاكُمْ**﴾ «قۇللىرىڭلاردىن توختام تۈزۈشنى تىلەيدىغانلار (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغانلار) بىلەن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ساداقىتىنى

---

[1] سۈرە بەقەرە 177 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەت.

بايقىساڭلار، توختام تۈزۈڭلار، سىلەرگە الله ئاتا قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى (ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىشقا ياردەم تەرىقىسىدە) ئۇلارغا بېرىڭلار»[1].

1233. وعن البراء بن عازب رضي اللَّه عنه، قال: جاء أعرابي إلى رسولِ اللَّه ﷺ فقال: «يا رسولَ اللَّه! علِّمني عمَلاً يُدخِلَني الجنَّة»، قال: «إن كنت أقصَرتَ الخُطبَة لقد أعرَضتَ المسألة؛ أعتِق النَّسمةَ، وفُكَّ الرقَبَةَ». قال: «أليستا واحدةً؟»، قال: «لا؛ عِتقُ النَّسمَةِ أن تَفرَّدَ بعتقِها، وفكُّ الرَّقَبَةِ أَن تُعطي في ثَمَنها». رواه أحمد، وابن حبان في صحيحه.

1233. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلنى ئۆگىتىپ قويسىلا» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ناھايىتى قىسقا سۆز قىلغان بولساڭمۇ، مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇڭ. قۇلنى ئازاد قىلغىن، قۇللۇقتىن بوشاتقىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەئرابى: «ئىككىسى بىر گەپ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ياق، قۇلنى مۇستەقىل ئازاد قىلغىنىڭ قۇل ئازاد قىلغانلىق بولىدۇ. قۇلنىڭ ئازاد بولۇشىغا پۇل ياردەم قىلغىنىڭ ئۇنى قۇللۇقتىن بوشىتىش بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[2]

1234. وعن أبي أُمامة رضي اللَّه عنه، قال: أقبَلَ النبيُّ ﷺ معهُ غُلامان، فوهبَ أحدَهُما لعليٍّ، وقال: «لا تضْربهُ؛ فإنِّي نُهيتُ عن ضرب أهلِ الصلاة، وإنِّي رأيتُهُ يُصلي منذُ أقبلنا». وأعطى أبا ذرٍّ غلاماً، وقال: «استوصِ به معروفاً، فأعتَقَهُ»، فقال: «ما فعل؟»، قال: «أمرتني أن أستوصي به خيراً؛ فأعتَقتُه». صحيح الأدب المفرد: 121.

1234. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئىككى خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، بىرىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى ۋە ئۇنىڭغا: «خىزمەتكارنى ئۇرمىغىن! چۈنكى مەن ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى ئۇرۇشتىن توسۇلغان، ئۇنىڭ يېنىمىزغا

[1] سۈرە نۇر 33- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

كەلگەندىن بېرى ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. يەنە بىرىنى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بېرىپ: «خىزمەتكارىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلغىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ خىزمەتكارنى ئازاد قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «خىزمەتكار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدىڭ، شۇڭا مەن ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتىم» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

**1235. وعن أسماء بنت ابي بكر رضي اللّه عنها، قالت: «أمَرَ النبيُّ ﷺ بالعتَاقَةِ في كُسُوفِ الشمس». البخاري.**

1235. ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كۈن تۇتۇلغاندا قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى».[2]

**1236. وعنها، قالت: كنَّا نؤمَر عِندَ الخُسُوفِ بالعَتَاقَةِ.البخاري.**

1236. ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز كۈن تۇتۇلغاندا قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇلاتتۇق».[3]

**1237. وعن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: قال رسولُ اللّه ﷺ: «ما زالَ جبريلُ يُوصيني بالجارِ حتى ظننتُ أنه يُورِّثُه، وما زال يوصيني بالمملوكِ حتى ظننتُ أنه يَضربُ له أجَلاً أو وقتاً إذا بلغَه أُعتِقَ». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان 8554 ، وقال: حديث صحيح على شرط الشيخين.**

1237. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم ۋە ماڭا قۇلغا ياخشىلىق قىلىشنى

[1] «صحيح الأدب المفرد» 121_ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

تەۋسىيە قىلىشۇەرگەچكە، قۇلغا چەك ياكى ۋاقىت بېكىتىپ بېرىپ، شۇ ۋاقىت ئاخىرلاشسا قۇل ئازاد بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم».[①]

1238. ومما أوصى به عمر حين طُعِن، وحضرته الوفاة: «كلُّ مملوكٍ لي عَتِيق. أي هو حر». قال الشيخ ناصر في الإرواء 1686 إسناده صحيح.

1238. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەيزە ئۇرۇلۇپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا ۋەسىيەت قىلىپ: «مېنىڭ ھەممە قۇللىرىم ئازاد» دېگەن.[②]

❖ قۇل ئازاد قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئەجىر ۋە ساۋاب ھەققىدە

1239. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أيُّما رجلٍ أعتَقَ امرأً مسلماً؛ استنقَذَ اللَّه بكلِّ عُضوٍ منهُ عضواً منه منَ النارِ. قال سعيد بن مُرجانَة: فانطلقتُ به إلى عليِّ بن الحُسين، فعمَدَ عليُّ بنُ الحسين إلى عبدٍ له ـ قد أعطاهُ به عبدُ اللَّه بن جعفر عشرَةَ آلافِ درهم أو ألفَ دينارٍ ـ فأعتَقَه». متفق عليه.

1239. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئادەم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىشۇەتسە، الله ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ».

سەئىد ئىبنى مەرجانە مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى ئېلىپ، ئەلى ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بارغانىدىم، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەردىن 10 مىڭ تەڭگىگە ياكى مىڭ تىللاغا سېتىۋالغان قۇلىنى ئازاد قىلىشۇەتتى.[③]

1240. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «مَن أعتَقَ رقبةً مُسلمةً؛ أعتَقَ اللَّه بكلِّ عُضْوٍ منه عضواً من النارِ حتى فَرْجَهُ بِفَرْجِه». متفق عليه.

1240. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[①] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

[②] ئەلبانى «الا رواء» ناملىق كىتابتا «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، الله  تائالا ئۇ قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ ئەزاسىنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئۇ قۇلنىڭ ئەۋرىتىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ».①

1241. وعن أبي موسى رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن كانت له جاريةٌ فَعَالَهَا فأحسَنَ إليها، ثم أعتَقَهَا وتزوجَها كان له أجران». متفق عليه.

1241. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قولىدىكى دېدىكىنىڭ چىقىملىرىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى چىرايلىق رەۋىشتە تەربىيىلىسە، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالسا، ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجىر بولىدۇ».②

1242. وعن أبي أُمَامَةَ رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «أيما امرئٍ مسلم أعتقَ امرأً مسلماً؛ كان فكاكَه من النار؛ يُجزئُ كلُّ عضو منه عُضواً منه. وأيُّما امرئ مسلم أعتقَ امرأتين مُسلمتين كانت فكَاكَهُ من النار؛ يُجزئُ كلُّ عضو منهما عُضواً منه. وأيُّما امرأةٍ مُسلمةٍ أعتَقَت امرأةً مسلمةً؛ كانت فَكاكها من النار؛ يُجزئُ كلُّ عضوٍ منها عضواً منها». رواه الترمذي وقال حديث حسن صحيح، صحيح الترغيب: 1891.

1242. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئىككى مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ. قانداق بىر مۇسۇلمان ئايال يەنە بىر مۇسۇلمان ئايال قۇلنى ئازاد قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۇ قۇل ئايالنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ».③

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

1243. وعن عقبة بن عامر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «مَن أعتَقَ رقبةً مؤمِنةً فهي فَكَاكُه من النارِ». رواه أحمد بإسناد صحيح، وغيره، صحيح الترغيب: 1893.

1243. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشى دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ».[1]

1244. وعن شُعبة الكوفي قال: كنا عند أبي بردة بن أبي موسى فقال: «أي بَنيَّ! ألا أُحدثُكم حديثاً حدَّثني أبي عن رسول اللّٰه ﷺ ؟ قال: <من أعتقَ رقبةً؛ أعتَقَ اللّٰه بكلِّ عضوٍ منها عضواً منه من النارِ>». رواه أحمد، ورواته ثقاة، صحيح الترغيب: 1894.

1244. كۇفەلىك شۇئبە مۇنداق دېگەن: بىز ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبۇ مۇسانىڭ يېنىدا ئىدۇق. ئۇ: «ئى باللىرىم! دادام پەيغەمبەر ﷺ دىن سۆزلەپ بەرگەن بىر ھەدىسنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى بىر قۇلنى ئازاد قىلسا، الله تائالا ئازاد قىلىنغان شۇ قۇلنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ بىر ئەزاسىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ> دېگەن» دېدى.[2]

1245. وعن عبد الرحمن بن عوف رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسول اللّٰه ﷺ: «أيُّما امرئٍ مسلمٍ أعتَقَ امرأً مُسلماً، فهو فكاكُه من النَّارِ، يُجزَى بكلِّ عظمٍ منه عظماً منه. وأيَّما امرأةٍ مُسلمةٍ أعتَقَت امرأةً مُسلمةً فهي فكاكُها من النارِ؛ يُجزى بكلِّ عظمٍ منها عظماً منها، وأيَّما امرئٍ مُسلمٍ أعتَقَ امرأتين مُسلمتين فهما فَكاكُهُ من النَّارِ؛ يُجزى بكل عظمين من عِظامها عظماً منه». رواه الطبراني، صحيح الترغيب: 1869.

1245. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلغۇەتسە، ئۇ قۇلنىڭ ھەربىر سۆڭىكىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ بىر سۆڭىكى دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ؛ قانداق بىر مۇسۇلمان ئايال يەنە بىر مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلغۇەتسە، شۇ قۇلنىڭ ھەربىر سۆڭىكىنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئايالنىڭ بىر سۆڭىكى دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ؛ قانداق بىر

[1] ئەھمەد توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

مۇسۇلمان ئىككى مۇسۇلمان قۇل ئايالنى ئازاد قىلىۋەتسە، شۇ ئىككى ئايالنىڭ ھەر ئىككى سۆڭىكىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ بىر سۆڭىكى دوزاختىن ئازاد قىلىنىدۇ». ①

1246. وعن أبي نجيح السلمي رضي اللَّه عنه، قال: حاصَرنا مع رسول اللَّه ﷺ الطائفَ، وسمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «أيما رجلٍ مسلمٍ أعتقَ رجلاً مسلماً؛ فإنَّ اللَّه جاعلٌ وقاءَ كلِّ عظمٍ من عظامه عَظْماً من عِظامِ محرَّره، وأيما امرأةٍ مسلمةٍ أعتقت امرأةً مسلمةً؛ فإن اللَّه جاعلٌ وِقاءَ كلِّ عظمٍ من عظامِها عظماً من عظامِ مُحرَّرتِها من النار». رواه أبو داود، وابن حبان في صحيحه، صحيح الترغيب: 1897.

1246. ئەبۇ نەجىھ سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە تائىف قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى ئازاد قىلسا، الله تائالا ئازاد قىلىنغان مۇسۇلماننىڭ ھەربىر سۆڭىكىنىڭ بەدىلىگە ئازاد قىلغان مۇسۇلماننىڭ بىر سۆڭىكىنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ؛ بىر مۇسۇلمان ئايال يەنە بىر مۇسۇلمان ئايالنى ئازاد قىلسا، الله تائالا ئۇ ئازاد قىلىنغان مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھەربىر سۆڭىكىنىڭ بەدىلىگە، ئازاد قىلغان مۇسۇلمان ئايالنىڭ بىر سۆڭىكىنى دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ». ②

1247. وعنه قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن أعتَقَ رقبةً مؤمنةً؛ كانت فِداءَهُ من النار». رواه أبو داود والنسائي، صحيح الترغيب:

1247. ئەبۇ نەجىھ سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا، ئۇ مۇئمىن قۇل شۇ كىشىنىڭ دوزاختىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ». ③

1248. وعن أبي سعيدٍ الخدري رضي اللَّه عنه، أنه سمعَ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «خمسٌ

① تىرمىزى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1869 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1897 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1897 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

من عملَهُنَّ في يوم كَتَبهُ اللَّه من أهل الجنة: من عاد مريضاً، وشهِدَ جنازةً، وصامَ يوماً، وراحَ إلى الجمعَة، وأعتَقَ رَقَبَةً». رواه ابن حبان في صحيحه، صحيح الترغيب: 1899.

1248. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بەش تۈرلۈك ئىش بار بولۇپ، كىمكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈندە ئورۇندىيالىسا، الله ئۇنى جەننەت ئەھلىدىن دەپ يازىدۇ. ئۇ بەش ئىش تۆۋەندىكىچە: كېسەل يوقلاش، جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش، روزا تۇتۇش، جۈمە نامىزىغا بالدۇر بېرىش، ۋە قۇل ئازاد قىلىش».[1]

1249. وعن حكيم بنُ حِزامٍ رضي اللَّه عنه، وكان قد أعتَق في الجاهليَّةِ مائةَ رقَبَة، وحَمَلَ على مائةِ بعير، فلما أسلمَ حمَلَ على مائة بعير، وأعتَقَ مائةَ رقبةٍ، قال: فسألتُ رسولَ اللَّه ﷺ: «أرأيتَ أشياءَ كنتُ أصنَعُها في الجاهلية، كنتُ أتحَنَّثُ بها؛ يعني أتبرَّرُ بها؟»، قال: فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «أسلمْتَ على ما سَلَفَ من خيرٍ». متفق عليه.

1249. ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە 100 قۇل ئازاد قىلغان ۋە 100 تۆگە سەدىقە بەرگەن، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ 100 تۆگە سەدىقە بەرگەن ۋە 100 قۇل ئازاد قىلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى الله نىڭ رەسۇلى! مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرمۇنچە ئىشلارنى ياخشىلىق قىلىۋاتىمەن دەپ قىلاتتىم. ئۇ ئەمەللەر ئۈچۈن ماڭا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن ئىلگىرى قىلغان شۇ ياخشىلىقلىرىڭ سەۋەبلىك مۇسۇلمان بولدۇڭ» دېدى.[2]

1250. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «لا يجزي ولَدٌ والِدَهُ إلا أن يجِدَه مملوكاً فيشتريَهُ فيُعْتقَهُ». مسلم.

1250. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بالا ئاتىسىنىڭ ھەققىنى قايتۇرالمايدۇ. پەقەت ئاتىسىنىڭ

[1] ئىبنى ھىببان توپلىغان، «صحيح الترغيب» 1899 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇچراتسا، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى قايتۇرغان بولىدۇ».[1]

**❖ خىزمەتچىگە سەۋرچان بولۇش ھەمدە الله تائالا جازا بېكىتكەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش ھەققىدە**

**1251. عن العباس بن جُليدٍ الحجري، قال: سمعتُ عبد اللَّه بن عمرو يقول: جاءَ رجلٌ إلى النبيِّ ﷺ فقال: «يا رسولَ اللَّه كم نعفو عن الخادم؟»، فَصَمَتَ، ثمَّ أعادَ عليه الكلامَ، فصَمَت، فلما كان في الثَّالِثةِ، قال: «اعْفُوا عنه في كُلِّ يومٍ سَبعينَ مرةً». أخرجه أبو داود وغيره، السلسلة الصحيحة: 488.**

1251. ئاbbas ئىبنى جۇلەيد ھىجرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! خىزمەتچىنى قانچىلىك ئەپۇ قىلىمىز؟» دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ سۈكۈت قىلدى. ئۇ كىشى سوئالىنى قايتا سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە سۈكۈت قىلدى. ئۈچىنچى قېتىم سورىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەر كۈنى 70 قېتىم ئەپۇ قىلىڭلار!» دېدى.[2][3]

**1252. عن عمرو بن حبيب أنه قال لسعيد بن خالد بن عمرو بن عثمان: أمَا علِمتَ أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ قال: «خابَ عبدٌ وخَسِرَ لم يجعَلِ اللَّه تعالى في قلبِهِ رحمةً لِلبَشَرِ. أخرجه ابن عساكر في تاريخ دمشق، السلسلة الصحيحة: 456.**

1252. ئەمر ئىبنى ھەبىبنىڭ سەئىد ئىبنى خالىد ئىبنى ئەمر ئىبنى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 488- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! ئىسلامنىڭ بىر قۇل بەھرىمەن بولۇۋاتقان ياخشىلىقى ۋە مېھرىبانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىڭ. ئاندىن كېيىن زامانىمىزدىكى ھۆر خىزمەتكارلارنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. كىشىلەر ئۆزلىرى خىزمەتكە سېلىۋاتقان ھۆر خىزمەتكارلارغا مانا بۇ ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتامدۇ-يوق؟ ھازىرقى زامان قانۇنلىرىدىكى ھۆر ئىشلەمچى ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر، ئىسلامدىكى خوجايىنىنىڭ ئۆز قۇلى ۋە خىزمەتكارى ھەققىدە ئورۇنلىشى زۆرۈر دەپ قارالغان شەرتلەرنى تەلەپ قىلامدۇ-يوق؟ شۇندىلا سىز ئىسلامنىڭ قۇل ھەققىدىكى قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ باشقىلارنىڭ ھۆر خىزمەتكار ھەققىدىكى قانۇن-تۈزۈملىرىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيسىز.

ئوسمانغا مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <الله تائالا قەلبىگە ئىنسانغا مېھىر-شەپقەت قىلىشنى ئاتا قىلمىغان بەندە خار بولۇپ كەتتى ۋە زىيان تارتىپ كەتتى> دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟». ①

❖ قۇلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى ئۇرۇپ ئازابلىغان كىشى ھەققىدە

1253. وعن أبي مسعود رضي اللَّه عنه، قال: كنتُ أضربُ غلاماً لي فسمعتُ من خلفي صوتاً: «اعلَم أبا مسعود اللَّه أقدَرُ عليك منك عليه»، فالتفتُّ فإذا هو رسولُ اللَّه ﷺ قلتُ: «يا رسولَ اللَّه هو حُرٌّ لوجهِ اللَّه»، فقال: «أمَا لو لم تفعَلْ للفَحَتكَ النارُ أو لَمَسَّتْكَ النَّارُ». مسلم.

1253. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن بىر خىزمەتكارىمنى ئۇرۇۋاتقان ئىدىم. كەينى تەرىپىمدىن: «ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قوي. سېنىڭ بۇ قۇلغا كۈچۈڭ يەتكەندىنمۇ بەكرەك الله نىڭ كۈچى ساڭا يېتىدۇ» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن شۇنداقلا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ ئىكەن. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قۇلنى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد قىلىۋەتتىم» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە دوزاخ ئوتى سېنى كۆيدۈرگەن بولاتتى» دېدى. ②

1254. وعن زَاذَان أنَّ ابن عُمر دعا بغُلامٍ له، فرأى بظهره أثَراً، فقال له: «أوجعتُكَ؟»، قال: «لا»، قال: «فأنتَ عَتيقٌ». قال: «ثُمَّ أخذَ شيئاً من الأرضِ - وفي رواية: عوداً، فقال: ما لِي فيه من الأجرِ ما يَزِنُ هذا؛ إنِّي سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <مَن ضرَبَ غُلاماً له حدَّاً لم يأتِهِ، أو لَطمَهُ، فإنَّ كفَّارتَهُ أن يُعْتِقَهُ>». مسلم.

1254. زازاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىزمەتكارىنى چاقىردى ۋە ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تاياق ئىزىنى كۆردى. ئاندىن ئۇ: «مەن ساڭا ئەزىيەت بېرىپ قويدۇممۇ؟» دەپ

---

① ئىبنى ئەساكىر «تاريخ دمشق» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 456- نومۇرلۇق ھەدىس.

② مۇسلىم توپلىغان.

سورىدى، خىزمەتكار: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سېنى ئازاد قىلىۋەتتىم» دېدى. كېيىن يەردىن بىرتال تاياقچىلىك نەرسىنى ئېلىپ: «بۇ قۇلنى ئازاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنچىلىكمۇ ئەجىر بولمايدۇ، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىمكى قۇلىنى قىلمىغان ئىش ئۈچۈن جازالاپ ئۇرسا ياكى كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسا، بۇنىڭ كەففارىتى ئۇنى ئازاد قىلىشتۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.①

1255. وفي رواية عن ابن عمر رضي الله عنه، قال: سمعتُ رسولَ الله ﷺ يقول: «مَن لطمَ مملوكَهُ أو ضَرَبَه فكفَّارَتُه أن يُعْتِقَهُ». صحيح سنن أبي داود: 4305.

1255. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: <كىمكى قۇلىنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسا ياكى ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭ كەففارىتى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر>».②

1256. وعن هِلالِ بن يَسَافٍ، قال: عَجِلَ شيخٌ فلَطَمَ خادِماً له، فقال له سُوَيْدُ بنُ مُقَرِّنٍ: «عجَزَ عليكَ إلاَّ حُرُّ وجهها؟! لقد رأيتُني سابِعَ سَبعةٍ من بني مُقَرِّنٍ، ما لَنا خادِمٌ إلا واحدةٌ لطمَها أصغَرُنا، فأمَرنا رسولُ الله ﷺ أن نُعْتِقَها». مسلم.

1256. ھىلال ئىبنى يەسافنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر شەيخ ئۆزىنى تۇتالماي خىزمەتكارىنى بىر كاچات سېلىۋېدى، ئۇنىڭغا مۇقەررىنىنىڭ ئوغلى سۇۋەيد: «سەن ئۇنىڭ يۈزىدىن باشقا ئۇرىدىغان جاي تاپالمىدىڭمۇ؟ مەن مۇقەررىنىنىڭ يەتتە بالىسىنىڭ يەتتىنچىسى ئىدىم، بىزنىڭ پەقەت بىرلا خىزمەتكارىمىز بار ئىدى، بىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمىز ئۇ خىزمەتكارنى شاپىلاق بىلەن ئۇرغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خىزمەتكارنى ئازاد قىلىۋېتىشىمىزنى بۇيرۇغان» دېدى.③

1257. وعن أبي هريرة رضي الله عنه، قال: قال أبو القاسم ﷺ: «مَنْ قَذَفَ مَمْلوكَهُ بالزِّنا،

① مۇسلىم توپلىغان.
② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.

يُقامُ عليه الحدُّ يومَ القيامَةِ؛ إلا أن يكونَ كَما قالَ». مسلم.

1257. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى ئۆزىنىڭ قۇلىنى زىنا بىلەن قارىلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇلى ئۇنىڭ دېگىنىدەك زىنا قىلغان بولسا، خوجايىن جازاغا تارتىلمايدۇ» دېگەن.[1]

1258. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن ضربَ مملوكَهُ ظلماً اقتُصَّ منه يومَ القيامَةِ». رواه البزار، والطبراني بإسنادٍ حسن، صحيح الترغيب: 3607.

1258. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز قۇلىنى ناھەق ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ».[2]

1259. وعن عمَّار بن ياسر رضي اللَّه عنه، قال: «لا يضربُ أحدٌ عبداً له، وهو ظالمٌ له، إلا أُقِيدَ منهُ يومَ القيامَةِ». صحيح الأدب المفرد: 134.

1259. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇلىغا زۇلۇم قىلىپ ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ».[3]

1260. عن عائشة رضي اللَّه عنها، أنَّ رجلاً قعد بين يدي رسولِ اللَّه فقال: «يا رسولَ اللَّه إنَّ لي مملوكين؛ يكذبونني، ويخونونني، ويَعصونني، وأشتُمهم وأضربهم، فكيف أنا منهم؟». قال ﷺ: «يُحسَبُ ما خانُوكَ وعَصَوكَ وكذَّبُوكَ وعقابُك إيَّاهُم؛ فإن كان إيَّاهم بقَدْرِ ذنوبِهمْ كان كفَافَاً؛ لا لَكَ ولا عليك، وإن كان عِقابُكَ إيَّاهُم دونَ ذُنوبهم كان فَضْلاً لك، وإن كان عِقابُكَ إيَّاهُم فوقَ ذنوبِهم اقتُصَّ لهم مِنك الفضْلُ». قال: فتنحَّى الرجلُ فجعلَ يبكي ويهتفُ، فقال رسولُ اللَّه ﷺ أما تقرأ كتابَ اللَّه: ﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئاً﴾ الأنبياء:47.الآية. فقال الرجلُ: «واللَّه يا رسولَ اللَّه ما أجدُ لي ولهم شيئاً خيراً من مُفارقَتِهم؛ أُشهِدُك أنَّهم أحرارٌ كلُّهم». صحيح سنن الترمذي: 2531.

1260. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ:

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەبەرانى ۋە بەززار توپلىغان.

[3] «صحيح الأدب المفرد» 134 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئىككى قۇلۇم بار، ئۇلار ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى تىللايمەن ۋە ئۇرىمەن. مېنىڭ ھالىم قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان خىيانىتى، ئاسىيلىقى ۋە يالغانچىلىقلىرى بىلەن سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ھېساب-كىتاب قىلىنىدۇ. ئەگەر سېنىڭ بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئەگەر جازا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن پەزىلەت؛ ئەگەر بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئۈچۈن سەندىن قىساس ئېلىنىدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن الله تائالانىڭ: «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ)»[1] دېگەن مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟ — دېگەنىدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزۈم ھەم ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشى بىر يول تاپالمايمەن. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىردىن باشلاپ ئازادتۇر، — دېدى.[2]

**1261. وعن سَمُرَةَ بن جُندب رضي اللَّه عنه، أنَّ النبيَّ ﷺ قال: «مَن قتَلَ عبدَه قتلناهُ، ومَن جدَعَ عبدَهُ جدَعْناهُ، ومَن أخصَى عبدَهُ أخْصيناه». أخرج البغوي في شرح السنة، وقال: حديث حسن غريب.**

1261. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 47- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] تىرمىزى توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇلىنى ئۆلتۈرىدىكەن، (قىساس ئۈچۈن) بىز ئۇنى ئۆلتۈرىمىز. كىمكى قۇلىنىڭ ئەزالىرىنى كېسىدىكەن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىپ، قىساس ئېلىپ بېرىمىز. كىمكى قۇلىنى ئاختا قىلسا، (قىساس ئۈچۈن) بىز ئۇنى ئاختا قىلىمىز».[1]

1262. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: جاء رجلٌ مُستصرِخ إلى النبيِّ ﷺ فقال: جاريةٌ له «يا رسولَ اللَّه!»، فقال: «وَيْحَك ما لَكَ؟». قال: «شرًّا؛ أبصرَ لسيدِه جارية له، فغارَ؛ فجبَّ مذاكيرَه»، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «عليَّ بالرجلِ، فطُلِبَ فلم يُقدَر عليه»، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «اذهَبْ فأنتَ حُرٌّ، فقال: يا رسولَ اللَّه على مَن نُصرَتي؟»، قال: «على كلِّ مؤمنٍ أو قال كُلِّ مُسلمٍ». صحيح سنن أبي داود: 3789.

1262. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەريات قىلغانچە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! خوجايىنىنىڭ چۆرىسى...» دېدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھالىڭغا ۋاي! ساڭا نېمە بولدى؟» دېدى. ئۇ كىشى: «بەك يامان ئىش بولدى، مەن خوجايىنىمنىڭ بىر دېدەكگە قاراپ سالغانىدىم، خوجايىنىمنىڭ كۆندەشلىكى تۇتۇپ زەكىرىمنى كېسىۋەتتى» دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە: «سېنىڭ قىساسىڭنى ئېلىپ بېرىشكە مەن كاپالەتلىك قىلىمەن» دېدى. ئۇلار ئۇ خوجايىننى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «سەن كەتكىن! ئازاد بولدۇڭ» دېدى. قۇل: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم بېرىش (يەنى خوجايىننى تۇتۇش) كىملەرگە ۋاجىب بولىدۇ» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەرقانداق مۇئمىن ۋە ھەربىر مۇسۇلمانغا ۋاجىب بولىدۇ» دېدى.[2]

### ❖ قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

1263. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ أنه قال: «ألَا كلُّكُم راعٍ، وكلُّكُم مسؤولٌ عن رعيَّتِه؛ فالأميرُ الذي على النَّاس راعٍ، وهو مسؤولٌ عن رعيَّتِه، والرجلُ راعٍ على أهلِ

[1] بەغەۋىي «شرح السنة» ناملىق كىتابىدا توپلىغان ۋە «ھەسەن غەرىب» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

بيتِه وهو مسؤولٌ عنهم، والمرأةُ راعيةٌ على بيت بَعلها ووَلَدِه، وهي مسؤولةٌ عنهُم، والعَبْدُ راعٍ على مالِ سيِّدِه وهو مسؤولٌ عنه، أَلا فكلُّكُم راعٍ، وكلُّكم مسؤولٌ عن رعِيَّتِهِ متفق عليه. وفي رواية عند البخاري: والخادِمُ في مالِ سيِّدِه راعٍ، وهو مَسؤولٌ عن رعيَّتِه».

1263. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر. ئەمىرمۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن پادىچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە پادىچى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆيدىكىلىرىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيى ۋە بالىسىغا نىسبەتەن پادىچى بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز پادىسىدىن ھېساب بېرىدۇ؛ قۇلمۇ خوجايىنىنىڭ مال-مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر».[1]

بۇخارىنىڭ نەقىلىدە: «خىزمەتچىمۇ خوجايىنىنىڭ مال-مۈلكىگە مەسئۇل بولۇپ، ئۇمۇ ئۇنىڭدىن ھېساب بېرىدۇ» دەپ كەلگەن.

1264. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، أنَّ رسولَ اللّه ﷺ قال: «نِعِمَّا لأحَدِهم أن يُطيعَ اللّه، ويؤدِّي حقَّ سيِّدِه؛ يعني المملوك». رواه الترمذي وقال: حديث حسن صحيح، صحيح الترغيب: 1884.

1264. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇللارنىڭ الله قا ئىتائەت قىلىشى ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى نېمىدېگەن ياخشى-ھە!».[2]

### ❖ قۇلنىڭ خوجايىنىغا ئۇقتۇرماي خوجايىنىنىڭ مېلىدىن سەدىقە قىلىشى ھەققىدە

1265. عن عُمير مولى آبِي اللَّحمِ، قال: كُنتُ مملوكاً، فسألتُ رسولَ اللّه ﷺ: «أأتصدَّقُ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

من مالِ مواليَّ بشيءٍ؟»، قال: «نعم، والأجرُ بينكما». مسلم.

1265. ئەبۇ لەھىمنىڭ ئازادگەردىسى ئۇمەيىر مۇنداق دېگەن: مەن بىر قۇل ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ دىن: «خوجايىنىمنىڭ مېلىدىن بىرەر نەرسە سەدىقە قىلسام بولامدۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «بولىدۇ، ئىككىڭلارغا ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ» دېدى.[①]

### ❖ خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇلغا بېرىلىدىغان ئەجىر ھەققىدە

1266. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا أدَّى العبدُ حقَّ اللَّه وحقَّ مواليه؛ كانَ له أجران». مسلم.

1266. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر قۇل الله تائالانىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ».[②]

1267. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه ،أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «العبدُ إذا نصحَ سيِّدَهُ، وأحسنَ عبادَةَ ربهِ، كان له أجرُهُ مرتين». متفق عليه.

1267. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر قۇل خوجايىنىغا سەمىمىي بولسا ۋە رەببىنىڭ ئىبادىتىنى ياخشى قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بولىدۇ».[③]

1268. عن أبي هريرةَ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «للعبد المملوك المُصْلِح أجران؛ والذي نفسُ أبي هريرة بيده، لولا الجهادُ في سبيلِ اللَّه، والحَجُّ، وبِرُّ أُمي؛ لأحببتُ أن أموتَ وأنا مملوكٌ». متفق عليه.

1268. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ياخشى ئىش قىلغۇچى قۇلغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن: «ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ جېنى قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قەسەمكى، الله يولىدا جىھاد قىلىش، ھەج قىلىش ۋە ئانامغا ياخشىلىق قىلىش مەسئۇلىيەتلىرىم بولمىسا ئىدى، قۇل ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم» دېگەن.[1]

1269. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إنَّ العبدَ إذا نصحَ لسيِّدِه، وأَحْسَنَ عِبادَةَ اللَّه؛ فله أجرُهُ مرتين». متفق عليه.

1269. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قۇل خوجايىنىغا سەمىمىي بولۇش بىلەن بىرگە الله قا ياخشى ئىبادەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ».[2]

1270. وعن أبي هريرة، قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إذا أدَّى العبدُ حقَّ اللهِ وحَقَّ مواليِه، كان له أجران». مسلم

1270. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ ۋە خوجايىنلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالىغان قۇلغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ».

1271. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «نِعِمَّا للمَمْلُوكِ أنْ يُتَوفَّى؛ يُحسِنُ عِبادَةَ اللَّه، وصحَابَةَ سيِّدِه، نِعِمَّا له». مسلم.

1271. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالاغا ياخشى ئىبادەت قىلىپ، خوجايىنىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي ۋاپات تاپقان قۇل نېمىدېگەن بەختلىك ـ ھە!».[3]

1272. وعن أبي موسى الأشعري رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «المملوكُ الذي يُحسِنُ عبادَةَ رَبِّه، ويؤدِّي على سيِّدِه الذي عليه من الحقِّ والنصيحة والطاعة؛ له أجران». البخاري.

1272. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رەببىگە ياخشى ئىبادەت قىلغان، شۇنداقلا خوجايىنىنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان، سەمىمىي بولغان، ئىتائەتچان بولغان قۇلغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ».①

1273. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ثلاثةٌ لهم أجران: رجلٌ من أهلِ الكتاب آمنَ بنبيِّه وآمَنَ بمحمدٍ ﷺ والعبدُ المملوكُ إذا أدَّى حقَّ اللَّه وحقَّ مواليه، ورجلٌ كانت له أمَةٌ فأدَّبها فأحسنَ تأديبَها، وعلَّمَها فأحسَنَ تعليمَها، ثمَّ أعتقَها فتزوَّجها؛ فله أجران». متفق عليه.

1273. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆز پەيغەمبىرىگە ۋە مۇھەممەد ﷺ گە ئىمان كەلتۈرگەن ئەھلى كىتاب؛ ئىككىنچىسى، الله نىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان قۇل؛ ئۈچىنچىسى، دېدىكىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئىلىم ئۆگىتىپ، ئاندىن ئۇنى ئازاد قىلىپ نىكاھىغا ئالغان كىشىدۇر».②

1274. وعن أبي بكر الصديق رضي اللَّه عنه، قال: «لا يدخل الجنَّةَ بخيل، ولا خبٌّ، ولا خائنٌ، ولا سيءُ الملكَةِ، وأول من يقرع بابَ الجنةِ المملوكون إذا أحسنوا فيما بينهم وبين اللَّه وفيما بينهم وبينَ مواليهم». رواه الترمذي، وابن ماجه، وأحمد، وأبو يعلى.

1274. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بېخىل، ئالدامچى، خائىن ۋە قۇلىغا يامانلىق قىلغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەگەر قۇللار الله بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە خوجايىنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەقلەرنى ياخشى ئادا قىلالىسا، جەننەتنىڭ ئىشىكىنى تۇنجى بولۇپ قاقىدىغان كىشىلەردىن بولىدۇ».③

1275. وعن أبي رافع قال: مرَّ بي عمر بن الخطاب وأنا أصوغُ وأقرأ القرآنَ، قال: «يا أبا رافعٍ لأنتَ خيرٌ من عمر؛ تؤدي حقَّ اللَّه، وحقَّ مواليك». أخرجه البيهقي في شعب الإيمان: 8613.

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان.

1275. ئەبۇ رافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتتى، مەن ئۇ ۋاقىتتا (خوجايىنىمنىڭ مېلىنى) كەملىگەچ قۇرئان ئوقۇۋاتقان ئىدىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئەبۇ رافىئ! سەن ئۆمەردىن ياخشى، چۈنكى سەن الله نىڭ ۋە خوجايىنلىرىڭنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىۋاتىسەن» دېدى.[1]

1276. وعن أنس بن مالك رضي اللّٰه عنه، أن النبيَّ ﷺ مرَّ في بعضِ سِككِ المدينة، فرأى رجلاً أسودَ ميتاً قد رموا به في الطريق، فسألَ بعضَ من ثمَّ عنه، فقال: «مملوكُ مَن هذا؟»، قالوا: «مملوكٌ لآلِ فلان»، فقال: «أكنتم ترونَه يُصلي؟»، قالوا: «كنا نراهُ أحياناً يُصلي وأحياناً لا يُصلي»، فقال: «قوموا فاغسلوه». وكفِّنُوه، فقاموا فغسَّلُوه وكفَّنوه، وقامَ رسولُ اللّٰه ﷺ فصلَّى عليه، فلمَّا كبَّر، قال: «سُبحانَ اللّٰه، سبحان اللّٰه، فلما قضَى رسولُ اللّٰه ﷺ صلاتَه قال له أصحابُه: يا رسولَ اللّٰه سمعناك لما كبَّرت تقول: «<سبحان اللّٰه، سبحان اللّٰه<، فلِمَ قلتَ سبحان اللّٰه سبحان اللّٰه؟»، قال: «كادَتِ الملائكةُ أن تحولَ بيني وبينَهُ من كثرةِ ما صلُّوا عليه». رواه الطبراني في الأوسط، وإسناده جيد.

1276. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەدىنە كوچىلىرىنىڭ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىر قۇلنىڭ كوچىغا تاشلانغان جەسىتىنى ئۇچراتتى. كىشىلەردىن: «بۇ كىمنىڭ قۇلى؟» دەپ سورىۋېدى، كىشىلەر: «پالانى ئائىلىنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلاردىن: «بۇ قۇلنىڭ ناماز ئوقۇغىنىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا، كىشىلەر: «بەزىدە ئوقۇپ بەزىدە ئوقۇمايتتى» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداقتا تۇرۇڭلار! ئۇنى يۇيۇپ كېپەنلەڭلار» دېدى. كىشىلەر ئۇ قۇلنى يۇيۇپ كېپەنلەپ بولۇۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ﷺ تەكبىر ئېيتقان ۋاقىتتا: «سۇبھانەللاھ، سۇبھانەللاھ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ قۇلنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندا: ساھابىلەر «بىز سىنىڭ تەكبىر ئېيتقان ۋاقىتتا: <سۇبھانەللاھ، سۇبھانەللاھ> دېگەنلىكىڭنى ئاڭلىدۇق، نېمە ئۈچۈن

[1] بەيھەقى «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا توپلىغان.

شۇنداق دېدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «نامازغا قاتناشقان پەرىشتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن، پەرىشتىلەر مەن بىلەن ئۇ قۇلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ قويغىلى تاس قالدى» دەپ جاۋاب بەردى.①

## ❖ خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلىپ قاچقان قۇل توغرىسىدا

**1277. وعن جرير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ايُّما عبدٍ أبَقَ فقد بَرِئَتْ منهُ الذِّمَّةُ». مسلم.**

1277. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قۇل قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن ئىسلام ئەھدىسى ئۈزۈلگەن بولىدۇ».②

**1278. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا أبَقَ العبدُ لم تُقبَل له صلاةٌ». وفي رواية: «فقد كفَرَ حتى يَرْجِعَ إليهم». مسلم.**

1278. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ناۋادا قۇل قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ». يەنە بىر نەقىلدە: «خوجايىنىنىڭ يېنىغا قايتمىغۇچە كاپىر بولغان (يەنى نېئمەتكە تانغان) بولىدۇ» دەپ كەلگەن.③

**1279. وعن فضالة بن عُبيدٍ رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «ثلاثة لا تسأل عنهم ـ منهم ـ وعبدٌ أَبَقَ من سيِّدِه فماتَ». رواه ابن حبان في صحيحه، صحيح الترغيب: 1887.**

1279. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى ھەققىدە (قىيامەتتە ئۇلارغا قانچىلىك ئازاب بولىدىغانلىقىنى) سورىما. خوجايىنىدىن قېچىپ كېتىپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن قۇل شۇلارنىڭ بىرىدۇر».④

**1280. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اثنانِ لا تُجاوِزُ صلاتُهما**

---

① تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابىدا توپلىغان ۋە «ئىسنادى ياخشى» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ تەبەرانى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رؤوسَهما: عبدٌ أبَقَ من مواليه حتى يرجِعَ، وامرأةٌ عصَت زوجَها حتى تَرْجِعَ.» رواه الطبراني في الأوسط، والصغير بإسنادٍ جيد.

1280. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشىنىڭ نامىزى باشلىرىدىن ئۆرلىمەيدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ). بىرى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل بولۇپ، تاكى ئۇ خوجايىنىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)؛ يەنە بىرى، ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغان ئايال بولۇپ، ئۇمۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)». [1]

## ❖ قۇل بىلەن خوجايىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزغان ۋە قۇلنى خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتكەن كىشى ھەققىدە

1281. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن خَبَّبَ زوجةَ امرئٍ، أو مملوكَهُ فليس مِنَّا». صحيح سنن أبي داود: 4307.

1281. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئايالىنى ياكى قۇلىنى ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتسا، ئۇ كىشى بىزدىن ئەمەس». [2]

1282. عن بُرَيْدةَ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ليس منَّا من حلَفَ بالأمانةِ، ومَن خَبَّبَ على امرئٍ زوجَتَهُ أو مَمْلُوكَهُ فليس مِنَّا». رواه أحمد بإسنادٍ صحيح.

1282. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئامانەتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى ۋە بىراۋنىڭ ئايالىنى ياكى قۇلىنى ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتقان كىشى بىزدىن ئەمەس». [3]

---

[1] ھاكىم ۋە تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد توپلىغان.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 19 ـ باب

# يېتىمنىڭ ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ﴾ «يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَآتُوا الْيَتَامَى أَمْوَالَهُمْ وَلا تَتَبَدَّلُوا الْخَبِيثَ بِالطَّيِّبِ وَلا تَأْكُلُوا أَمْوَالَهُمْ إِلَى أَمْوَالِكُمْ إِنَّهُ كَانَ حُوباً كَبِيراً﴾ «يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇلار بالاغەتكە يەتكەن چاغدا) بېرىڭلار، ياخشىسىنى يامانغا (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىسىنى ئۆزۈڭلارنىڭ ماللىرىڭلارنىڭ يامىنىغا) تېگىشىۋالماڭلار؛ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْيَتَامَى قُلْ إِصْلَاحٌ لَهُمْ خَيْرٌ وَإِنْ تُخَالِطُوهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن يېتىملەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، ئېيتقىنكى، <(تەربىيىلەش، ماللىرىنى ئۆستۈرۈپ) ئۇلارنى تۈزەش ياخشىدۇر، ئۇلار بىلەن (ئۇلارغا پايدىلىق بولغان رەۋىشتە) ئارىلىشىپ ياشىساڭلار، ئۇ چاغدا (يەنى ئۇلارغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىڭلار)، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر. الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر الله خالىسا، سىلەرنى (قىيىن ئىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن) چوقۇم جاپاغا سالاتتى». الله ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن

[1] سۈرە ئەنئام 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نىسا 2 ـ ئايەت.

ئىش قىلغۇچىدۇر>»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَى ظُلْماً إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَاراً وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيراً﴾ «زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا (قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَلَّا بَلْ لا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ۞وَلا تَحَاضُّونَ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر [17]. بىر-بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش، نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر [18]» ③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلا تَقْهَرْ۞وَأَمَّا السَّائِلَ فَلا تَنْهَرْ﴾ «يېتىمنى خارلىما [9]. سائىلغا قوپاللىق قىلما [10]»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَذَلِكَ الَّذِي يَدُعُّ الْيَتِيمَ۞ وَلا يَحُضُّ عَلَى طَعَامِ الْمِسْكِينِ﴾ «ئۇ يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر [2-3]»⑤.

### ❖ زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلىپ يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش يەتتە چوڭ ھالاك قىلغۇچى گۇناھنىڭ بىرىدۇر

1283. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «اجتنبوا السَّبعَ الموبقات. قالوا: يا رسولَ اللَّه، وما هُنَّ؟ قال: الشِّركُ باللَّه، والسِّحرُ، وقتلُ النَّفسِ التي حرَّمَ اللَّه إلا بالحقِّ، وأكلُ الرِّبا، وأكلُ مالِ اليَتِيمِ، والتولِّي يومَ الزَّحْفِ، وقَذفُ المُحصَناتِ المؤمناتِ الغافِلات». متفق عليه.

1283. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «يەتتە خىل ھالاكەتلىك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار!»

① سۈرە بەقەرە 220- ئايەت.
② سۈرە نىسا 10- ئايەت.
③ سۈرە فەجر 17- ۋە 18- ئايەتلەر.
④ سۈرە زۇھا 9- ۋە 10- ئايەتلەر.
⑤ سۈرە مائۇن 2- ۋە 3- ئايەتلەر.

دېيىشتى، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسى گۇناھلار؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، لېكىن ھەقلىق ھالدا ئۆلتۈرۈش بۇنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭدىن قېچىش، پاك مۇئمىن ئاياللارغا بوھتان چاپلاش قاتارلىقلار» دېدى.[①]

1284. **وفي رواية عند مسلم: «وأكلُ مَالِ اليتيمِ، وأكلُ الرِّبا. فقدَّم أكلَ مالِ اليتيم على أكلِ الرِّبا».**

1284. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە: «يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش ۋە جازانە يېيىش» دەپ كەلگەن بولۇپ، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش جازانە يېيىشتىن ئىلگىرى بايان قىلىنغان.

1285. **وعن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أبْشِروا، أبْشِروا؛ إنه مَن صلَّى الصلواتِ الخَمْس، واجتنبَ الكبائرَ، دخلَ من أيِّ أبوابِ الجنَّةِ شاء: عُقوقَ الوالدين، والشِّركَ باللَّه، وقتلَ النَّفسِ، وقَذفَ المُحصناتِ، وأكلَ مالِ اليتيمِ، والفِرارَ من الزَّحفِ، وأكلَ الرِّبا». أخرجه الطبراني في المعجم الكبير، السلسلة الصحيحة: 3451.**

1285. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار! كىمكى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىش، الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، پاك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جەڭدىن قېچىش ۋە جازانە يېيىشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنالىسا، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ خالىغىنىدىن كىرەلەيدۇ».[②]

1286. **وعن عُمير بن قتادة الليثي، عن النبي ﷺ قال: «الكبائرُ تِسعٌ: أعظمَهنَّ إشراكٌ**

---

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] تەبەرانى «المعجم الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3451- نومۇرلۇق ھەدىس.

باللَّه، وقتلُ النَّفسِ بغيرِ حقٍّ، وأكلُ الرِّبا، وأكلُ مالِ اليتيم، وقذفُ المُحصنة، والفِرارُ يومَ الزَّحفِ، وعُقوقُ الوالدين، واستحلالُ البيتِ الحرامِ؛ قِبلَتِكُم أحياءً وأمواتاً». أخرجه أبو داود وغيره، صحيح الجامع الصغير: 4605

1286. ئۇمەيىر ئىبنى قەتادە لەيسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «چوڭ گۇناھلار توققۇزدۇر: ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى اللە قا شېرىك كەلتۈرۈش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، پاك ئاياللاغا بوھتان چاپلاش، جەڭدىن قېچىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقتىكى قىبلە بولغان بەيتۇل ھەرەمدە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق قاتارلىقلاردۇر».①

1287. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «اللَّهمَّ إنِّي أحَرِّجُ حَقَّ الضَّعِيفَين: اليتيمِ، والمرأةِ». صحيح سنن ابن ماجه: 2967.

1287. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى اللە! مەن يېتىم ۋە تۇل ئاياالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىدىن (ھەققىگە خىيانەت قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدىن) قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن».②

**❖ يېتىمگە كېپىل بولغان، ئۇنى تۇزىگەن ۋە چوڭ قىلغان كىشىنىڭ يېتىمنىڭ مېلىدىن مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسە بولىدىغانلىقى ھەققىدە**

1288. عن عروة بن الزبير رضي اللَّه عنه، أنه سمع عائشة رضي اللَّه عنها تقول: ﴿وَمَنْ كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ وَمَنْ كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ﴾ النساء:6. أُنزِلَت في والي اليتيم الذي يُقيم عليه ويُصلِحُ في مالِه، إن كان فقيراً أكل منه بالمعروف. متفق عليه.

1288. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: «﴿(يېتىمگە ۋەسىي بولغانلاردىن) كىمكى

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

باي ئىكەن، (ۋەسىي بولغانلىق ھەققى ئۈچۈن) يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، (سىلەردىن) كىمكى يوقسۇل ئىكەن، ئۇ (ئۆز ئەمگىكىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسۇن>[1] دېگەن ئايەت يېتىمگە ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭ مېلىنى ساقلاۋاتقان كىشى ھەققىدە نازىل بولغان. ئەگەر يېتىمنىڭ ۋەلىيسى كەمبەغەل بولسا، يېتىمنىڭ مېلىدىن مۇۋاپىق رەۋىشتە يېسە بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.[2]

1289. وفي رواية عند مسلم: «**أُنزِلَت في والي مالِ اليتيمِ الذي يَقومُ عليه ويُصْلِحُهُ، إذا كان مُحتَاجاً أن يَأكلَ منه**».

1289. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە: «بۇ ئايەت يېتىمگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئۇنى تۈزىگەن ۋە ئۇنىڭ مېلىغا ئىگە بولغان كىشى ھەققىدە نازىل بولغان. ئەگەر يېتىمگە ئىگە بولغۇچى موھتاجلىقتا قالسا يېتىمنىڭ مېلىدىن يېسە بولىدۇ» دەپ كەلگەن.

1290. وفي رواية: «**أن يُصيبَ من مالِه، إذا كان محتاجاً بِقَدْرِ مَا لَهُ بالمعروفِ**».

1290. يەنە بىر نەقلىدە: «ئەگەر يېتىمگە ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان كىشى موھتاجلىقتا قالسا، ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق رەۋىشتە ئىشلەتسە بولىدۇ» دەپ كەلگەن.

## ❖ يېتىم ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىدىغان ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان چەك ـ چېگرا ھەققىدە[3]

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَابْتَلُوا الْيَتَامَى حَتَّى إِذَا بَلَغُوا النِّكَاحَ فَإِنْ آنَسْتُمْ مِنْهُمْ رُشْدًا فَادْفَعُوا إِلَيْهِمْ أَمْوَالَهُمْ**﴾ «يېتىملەرنى بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر سىناپ

---

[1] سۈرە نىسا 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئاتىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بالا يېتىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كۆڭۈل بۆلۈش، ئىگە بولۇش ۋە نەپىقە بېرىش دادىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت بولۇپ، بۇ دادىدىن باشقا كىشىلەرگە يۈكلەنمەيدۇ. ئىگە بولۇش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە نەپىقە بېرىش شەرتلىرىنى ئەقلىنى يوقاتقان سەۋەبلىك ئورۇندىيالمايدىغان كىشىلەرنىڭ باللىرىمۇ يېتىم ھېسابلىنىدۇ ۋە ئومۇمىي تەسەررۇپاتتىن توسۇپ قويىدىغان دەرىجىدىكى كېسەل كىشىلەرنىڭ باللىرىمۇ يېتىم دائىرىسىگە كىرىدۇ.

تۇرۇشلار، ئۇلاردا ماللىرىنى باشقۇرالايدىغان ھالەتنى بايقىساڭلار، ئۇلارغا مال-مۈلكىنى تاپشۇرۇپ بېرىڭلار»[1].

1291. عن ذَيَّال بن عبيد، قال: سمعتُ جدِّي حنظلَة يقول: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا يُتْمَ بعدَ احتلامٍ، ولا يُتْمَ على جاريَةٍ إذا هي حاضَت». أخرجه الطبراني في الكبير، السلسلة الصحيحة: 3180.

1291. زەيال ئىبنى ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن بوۋام ھەنزەلەدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ ۋە قىز بالا ھەيز كۆرگەن ۋاقىتتىن تارتىپ يېتىم ھېسابلانمايدۇ»[2].

1292. وعن علي بن أبي طالب رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لا يُتمَ بعد احتلامٍ». أخرجه أبو داود وغيره، وصححه الشيخ ناصر في الإرواء: 1244.

1292. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىھتىلام بولغاندىن كېيىن يېتىم ھېسابلانمايدۇ»[3].

1293. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: «أما الصبي فينقطعُ عنه اليُتْمُ إذا احتلَمَ». أخرجه أحمد في المسند، وصححه الشيخ ناصر في الإرواء: 1244.

1293. ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «نارەسىدە بالا ئىھتىلام بولسا، يېتىملىق مۇددىتى ئاخىرلىشىدۇ»[4].

1294. وفي رواية عنه عند مسلم: لا ينقطعُ عنه اسمُ اليُتمِ حتى يبلُغَ، ويُؤنسَ منه رُشْدٌ. وفي رواية: إنَّ الرجلَ لتنبتُ لحيَتُهُ وإنَّهُ لضعيفُ الأخذِ لنفسِه، ضعيف العطاءِ منها، فإذا أخذَ لنفسِه من صالحِ ما يأخذُ النَّاسُ، فقد ذهبَ عنه اليُتمُ. مسلم

---

[1] سۈرە نىسا 6- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] تەبەرانى «الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3180- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

1294. «سەھىھ مۇسلىم»دا ئىبنى ئابباستىن يەنە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «يېتىم بالاغەتكە يەتمىگۈچە ۋە ئۇنىڭدا مال-مۈلۈكنى باشقۇرالايدىغان ئىقتىدار بايقالمىغۇچە، ئۇنىڭدىن <يېتىم> دېگەن نام كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ».

يەنە بىر نەقىلدە: «بەزى كىشىگە ساقال چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇ تېخىچە ئۆزىگە مەنپەئەتلىك نەرسىنى ئېلىپ، بىرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى بېرىش ئىقتىدارى ئاجىز بولىدۇ. ئەگەر ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىنى ئالغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ يېتىملىك مۇددىتى ئاخىرلىشىدۇ» دېيىلگەن.①

**❖ يېتىمگە ئىگە بولۇپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنى تەربىيىلىگەن ۋە نەپىقە قىلغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋاب ۋە پەزىلەت ھەققىدە**

1295. **عن سهل بن سعد السَّاعدي رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «أنا وكافِلُ اليتيمِ في الجنَّةِ هكَذا؛ وأشارَ بالسَّبَّابةِ والوسطى، وفرَّجَ بينهما شيئاً». البخاري.**

1295. سەھىل ئىبنى سەئىد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «يېتىمگە ئىگە بولغۇچى مەن بىلەن جەننەتتە مانا مۇشۇنداق يېقىن بولىمىز» دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئازراق ئاراچ قىلغان.②

1296. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «كافِلُ اليتيمِ، له أو لغيره، أنا وهو كهاتينِ في الجنةِ». وأشارَ مالِكٌ بالسَّبَّابةِ والوُسْطَى. مسلم.**

1296. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ياكى باشقىلاردىن بولسۇن، يېتىمغا ئىگە بولغۇچى مەن بىلەن جەننەتتە مۇشۇ ئىككىسىگە ئوخشاش بولىدۇ» دېدى. مالىك (چۈشەندۈرۈپ) كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بارمىقىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.[①]

1297. وفي رواية عند أحمد: كافِلُ اليتيمِ، له أو لغيره، أنا وهو كهاتينِ في الجنةِ، إذا اتقى اللَّه.

1297. ئەھمەدنىڭ نەقلىدە: «ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ياكى باشقىلاردىن بولغان يېتىمگە ئىگە بولغۇچى ئەگەر الله تىن قورقسىلا، مەن بىلەن جەننەتتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ» دەپ كەلگەن.

1298. وعن بِشر بن عقربة رضي اللَّه عنه، قال: «استُشهِدَ أبي مع النبيِّ ﷺ في بعضِ غزواته، فمرَّ بي النبيُّ ﷺ وأنا أبكي، فقال لي: <اسكُتْ أما ترضى أن أكونَ أنا أبوكَ، وعائشةُ أمَّكَ؟>». أخرجه البخاري في التاريخ، السلسلة الصحيحة: 3249.

1298. بىشرى ئىبنى ئەقرەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئاتام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غازاتلىرىنىڭ بىرىدە شەھىد قىلىنغان ئىدى. مەن يىغلاۋاتسام پەيغەمبەر ﷺ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <يىغلىما! مەن سېنىڭ ئاتاڭ، ئائىشە سېنىڭ ئاناڭ بولسا رازى بولماسەن؟> دېگەنىدى».[②][③]

1299. وعن مالك بن الحارث رضي اللَّه عنه، أنه سمعَ النبيَّ ﷺ يقول: «مَن ضَمَّ يتيماً بين أبوين مسلمين إلى طعامِه وشَرابِه حتى يستغني عنه؛ وجَبَت له الجنَّةُ». أخرجه أحمد، صحيح الترغيب والترهيب: 1895.

1299. مالىك ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ: «قانداق بىر كىشى مۇسۇلمان ئاتا-ئانىدىن قالغان يېتىم بالىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە، ھەتتا شۇ يېتىم بالا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بولغانغا قەدەر ئىگە بولغان

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى «التاريخ» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3249- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ھەدىستىكى ئاتا بولۇشتىن ــ كۆڭۈل بۆلۈش، مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ». [1]

1300. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّه عنه، قال: قال رسول اللّه ﷺ: «إن هذا المالَ خَضِرٌ حُلوٌ، ونِعمَ صاحِبُ المسلمِ هو لمن أعطَى منه المسكينَ واليتيمَ وابنَ السبيلِ، وإنه من يأخُذُه بغيرِ حقِّهِ كان كالذي يأكُلُ ولا يَشبَعُ، ويكونُ عليهِ شهيداً يومَ القيامةِ». متفق عليه.

1300. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن مال ـ دۇنيا شۇنداق شېرىن، تاتلىقتۇر! بۇ مالغا مىسكىن، يېتىم ۋە مۇساپىرغا بېرەلەيدىغان مۇسۇلمان كىشى ئىگە بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟ بۇ مالنى ھەقلىق بولماي تۇرۇپ ئالغان كىشىلەر يەپ تويمايدىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ مال ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھ بولىدۇ». [2]

1301. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «السَّاعي على الأرملَةِ والمِسْكِينِ كالمجاهدِ في سبيلِ اللّه، وكالقائمِ لا يَفْتُرُ، وكالصَّائمِ لا يُفْطِرُ». متفق عليه.

1301. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشى الله يولىدا جىھاد قىلغان، بوشاپ قالماي قىيامدا تۇرغان ۋە دائىم روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ». [3]

1302. وعن أبي بكر بن حَفْص: «أنَّ عبدَ اللّه ـ أي ابن مسعود ـ كان لا يأكلُ طعاماً إلا وعلى خِوانِه يَتيم». صحيح الأدب المفرد: 103.

1302. ئەبۇبەكرى ئىبنى ھەفسىدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داستىخىنىدا يېتىم بولغاندىلا ئاندىن تائام يەيتتى». [4]

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] «صحيح الأدب المفرد» 103 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

### ❖ يېتىمگە مېھرىبانلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش قەلبلەرنى يۇمشىتىدۇ، ھاجەتلەرنى راۋا قىلىدۇ

**1303. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه: «أنَّ رجلاً شكا إلى رسولِ اللّه ﷺ قَسوةَ قلبه، فقال له: <إن أرَدْتَ تليينَ قلبكَ؛ فأطعم المسكيَن، وامسَح رأسَ اليتيم>». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة: 854.**

1303. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر قەلبىڭنى يۇمشىتىشنى خالىساڭ، مىسكىنلەرگە تاماق بەرگىن، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىغىن!> دېدى».①

**1304. وعن أبي الدرداء رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أدنِ اليتيمَ منكَ، وألطفهُ، وامسَحْ برأسِهِ، وأطعمهُ من طعامِكَ، فإنَّ ذلك يلينُ قلبَكَ، ويُدرِكُ حاجتَكَ». أخرجه الخرائطي في مكارم الأخلاق، وابن عساكر، صحيح الجامع الصغير: 250.**

1304. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭگە يېتىمنى يېقىن قىل، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ بېشىنى سىلا ۋە تائامىڭدىن بەر. چۈنكى، بۇنداق قىلىش قەلبىڭنى يۇمشىتىدۇ، ھاجىتىڭنى راۋا قىلىدۇ».②

**1305. وفي رواية عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «أتحبُّ أن يَلينَ قلبُكَ، وتُدرِكَ حاجَتَكَ؟ ارحم اليتيمَ، وامسَحْ رأسَهُ، وأطعِمْهُ من طعامِكَ، يلِنْ قلبُكَ، وتُدرِك حاجَتَكَ. قاله لرجلٍ أتاه يشكو إليه قَسوة القلب».**

1305. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قەلبىڭنىڭ يۇمشىشىنى ۋە ھاجىتىڭنىڭ راۋا بولۇشىنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ئۇنداقتا، يېتىمگە رەھىم-شەپقەت قىلىپ بېشىنى سىلىغىن ۋە تائامىڭدىن بەرگىن. شۇنداق قىلساڭ، قەلبىڭ

---

① «صحيح الأدب المفرد» 103- نومۇرلۇق ھەدىس.

② ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

يۇمشايدۇ ۋە ھاجىتىنىڭ راۋا بولىدۇ». [1] پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزنى قەلبىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن كىشىگە ئېيتقان.

**1306. عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «اللَّهمَّ أحْيِنِي مِسكيناً، وأمتني مسكيناً، واحْشُرْني في زُمْرَةِ المساكين يومَ القيامة». قالت عائشةُ: «لِمَ يا رسولَ اللَّه؟»، قال: «إنهم يدخلون الجنَّةَ قبل أغنيائهم بأربعين خريفاً، يا عائشةُ لا ترُدِّي المِسكينَ ولو بِشِقِّ تمرةٍ، يا عائشةُ أحبي المساكينَ وقرِّبيهم فإنَّ اللَّه يُقرِّبُكِ يومَ القيامَةِ». أخرجه الترمذي في السنن . 2352 .**

1306. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «ئى الله ! مېنى مىسكىن ھالەتتە ياشاتقىن، مىسكىن ھالەتتە قەبزى روھ قىلغىن. قىيامەت كۈنىمۇ مېنى مىسكىنلەر قاتارىدا تىرىلدۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن بۇنداق دۇئا قىلىسەن؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: مۇنداق دېدى: «چۈنكى ئۇلار جەننەتكە بايلاردىن 40 يىل بۇرۇن كىرىدۇ. ئى ئائىشە! يوقسۇللارنى قۇرۇق قول قايتۇرما، ئۇلارغا يېرىم خورما بولسىمۇ بەرگىن. ئى ئائىشە! يوقسۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇتقىن. (شۇنداق قىلساڭ) قىيامەت كۈنى الله تائالا سېنى ئۆزىگە يېقىن قىلىدۇ». [2]

الله تائالادىن قەلبلىرىمىزنى يېقىن، مىسكىن ۋە ئاجىزلارغا، بولۇپمۇ يېتىملارغا نىسبەتەن مېھىر-شەپقەتلىك قىلىشنى ۋە بىزلەرگە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بېرىشنى سورايمىز. بىزلەرنى مىسكىنلەرنى

[1] تەبەرانى «الكبير» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «صحيح الجامع الصغير» 80- نومۇرلۇق ھەدىس.
[2] تەبەرانى «السنن» ناملىق كىتابتا توپلىغان.

ياخشى كۆرىدىغانلاردىن قىلىشنى ۋە قىيامەت كۈنى مىسكىنلەر قاتارىدا ھەشىر قىلىشنى سورايمىز. ھەقىقەتەن الله تائالا بەندىلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىن زاتتۇر.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

## 20 ـ باب

# مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھدىلەشكەن زىممىيلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى

زىممىي ــ مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشايدىغان ۋە ئامانلىققا ئېرىشكەن كاپىرلاردۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتى ۋە ھىمايىسىگە كىرىپ ئەھدىلەشكەن زىممىينىڭ ھەقلىرى قوغدىلىدۇ. ئۇلارنىڭ جېنى، مېلى ۋە يۈز ـ ئابرۇيلىرىدىن ئىبارەت ھۆرمەتلىرى ۋە ھەقلىرىگە زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، كاپىرلارنىڭ دىيارلىرىدا كاپىرلارنىڭ كاپالىتى ۋە ھىمايىسىگە كىرگەن مۇسۇلمان كىشىمۇ ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، ھېچقانداق ئىشتا ئۇلارنى ئالدىمايدۇ.

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْفُواْ بِعَهْدِ اللَّه إِذَا عَاهَدتُّمْ وَلاَ تَنقُضُواْ الأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللَّه عَلَيْكُمْ كَفِيلاً إِنَّ اللَّه يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ﴾ «سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، الله نىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (الله نىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر الله نى گۇۋاھچى قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، الله قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ»[1].

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾ «ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، (قىيامەت كۈنى) ئەھدە ئۈستىدە (يەنى ئەھدىگە ۋاپا قىلغان ـ قىلمىغانلىق ئۈستىدە) ئەلۋەتتە سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر»[2].

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَوْفُواْ بِالْعُقُودِ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز

[1] سۈرە نەھل 91 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەنى ئىسرائىل 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ آمَنُواْ وَلَمْ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلاَيَتِهِم مِّن شَيْءٍ حَتَّى يُهَاجِرُواْ وَإِنِ اسْتَنصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلاَّ عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُم مِّيثَاقٌ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «ئىمان ئېيتقان، ئەمما (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلمىغانلار بىلەن سىلەرنىڭ ئوتتۇراڭلاردا تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ئۆزئارا ئىگە بولۇش (يەنى ياردەملىشىش، مىراسخور بولۇش) بولمايدۇ؛ ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلاَمَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لاَّ يَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يُوفُونَ بِعَهْدِ اللَّهِ وَلَا يَنْقُضُونَ الْمِيثَاقَ﴿وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ﴿وَالَّذِينَ صَبَرُوا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِمْ وَأَقَامُوا الصَّلَاةَ وَأَنْفَقُوا مِمَّا رَزَقْنَاهُمْ سِرًّا وَعَلَانِيَةً وَيَدْرَءُونَ بِالْحَسَنَةِ السَّيِّئَةَ أُولَئِكَ لَهُمْ عُقْبَى الدَّارِ﴿جَنَّاتُ عَدْنٍ يَدْخُلُونَهَا وَمَنْ صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ وَالْمَلَائِكَةُ يَدْخُلُونَ عَلَيْهِمْ مِنْ كُلِّ بَابٍ﴿سَلَامٌ عَلَيْكُمْ بِمَا صَبَرْتُمْ فَنِعْمَ عُقْبَى الدَّارِ﴾ «ئۇلار الله نىڭ ئەھدىگە (يەنى الله تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ [20]. ئۇلار

① سۈرە مائىدە 1- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە ئەنفال 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە تەۋبە 6- ئايەت.

الله نىڭ (خىش-ئەقرىبالارغا) سىلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدۇ، الله تىن قورقىدۇ، قاتتىق ھېساب ئېلىنىشىدىن قورقىدۇ [21]. پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ (يەتكەن كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز) نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكتىن (الله يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىقى ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار (يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا، ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار) ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ [22]. ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، خوتۇنلىرى ۋە ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلارمۇ جەننەتكە كىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ [23]. (پەرىشتىلەر ئۇ دۇنيادا) <سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!> دەيدۇ [24]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ**﴾ «ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**الَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِن بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَٰئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ**﴾ «پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە-رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّهِ مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا**

① سۈرە رەئد 20- ئايەتتىن 24- ئايەتكىچە.
② سۈرە مائارىج 32- ئايەت.
③ سۈرە بەقەرە 27- ئايەت.

أَمَرَ اللَّهُ بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ «الله قا بەرگەن ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، الله نىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ»①.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەر تۆۋەندىكىچە:

**1307. عن أبي رافع رضي اللّه عنه، قال: «بعثَتني قريشٌ إلى رسولِ اللّه ﷺ فلما رأيت رسولَ اللّه ﷺ أُلقِيَ في قلبي الإسلامُ، فقلت: <يا رسولَ اللّه إني واللّه لا أرجعُ إليهم أبداً>، فقال رسولُ اللّه ﷺ: <إني لا أَخِيسُ بالعَهْدِ ولا أَحبِسُ البُرُدَ، ولكن ارجعْ فإن كان في نفسك الذي في نفسك الآن ـ أي الإسلام ـ فارجِعْ>. قال فذهبت ثم أتيت النبيَّ ﷺ فأسلمتُ». صحيح سنن أبي داود: 2397.**

1307. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «قۇرەيشلەر مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا (ئەلچى قىلىپ) ئەۋەتتى، مەن پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرۈپلا قەلبىم ئىسلامغا مايىل بولدى. شۇڭا مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا ھەرگىزمۇ قايتمايمەن> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن ئەھدىنى بۇزمايمەن، ئەلچىنى تۇتۇۋالمايمەن، سەن ھازىرچە قايتىپ كەتكىن، ئەگەر ھازىر ھېس قىلغانلىرىڭنى يەنە ھېس قىلالىساڭ، قايتىپ كەلسەڭ بولىدۇ> دېدى. مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپ، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا قايتا كەلدىم ۋە مۇسۇلمان بولدۇم».②

**1308. وعن حذيفة بن اليمان رضي اللّه عنه، قال: «ما منعني أن أشهد بدراً إلا أني خرجت أنا وأبي حُسيل ـ والده ـ قال: فأخذَنا كفارُ قريش، قالوا: <إنكم تريدونَ محمداً>، فقلنا: <ما نريدُه، ما نريدُ إلا المدينَةَ>، فأخذوا علينا عهدَ اللّه وميثاقَه لننصرفنَّ إلى المدينة ولا نقاتِلُ معَهُ، فأتينا رسولَ اللّه ﷺ فأخبرناه الخبرَ، فقال: <انصرفا؛ نفي لهم بعهدِهم، ونستعينُ اللّه عليهم>». مسلم.**

---

① سۈرە رەئد 25 ـ ئايەت.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

1308. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مېنىڭ بەدر غازىتىغا قاتنىشىشىمغا مۇنداق بىر ئىش توسالغۇ بولۇپ قالدى. مەن ئاتام ئەبۇ ھۇسەيل بىلەن بىللە بەدرگە قاراپ يولغا چىققاندىم، لېكىن قۇرەيش كاپىرلىرى بىزنى تۇتۇۋېلىپ: <سىلەر مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بارماقچى ئىكەنسىلەر> دەپ تۇرۇۋالدى. بىز: <ئۇنىڭ قېشىغا بارماقچى ئەمەسمىز، بىز پەقەت مەدىنىگە بارماقچى> دەپ تۇرۇۋالساق، ئۇلار بىزدىن: <مەدىنىگە قايتىپ كېتىمىز، ئۇنىڭغا قېتىلىپ ئۇرۇش قىلمايمىز> دەپ، الله نىڭ نامىدا ئەھدە ئېلىپ قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرسەك، پەيغەمبەر ﷺ: <قايتىپ كېتىڭلار، بىز ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىمىزدە تۇرىمىز. الله تىن ئۇلارغا قارشى ياردەم تىلەيمىز> دېدى».[1]

**1309. وعن عمرو بن عبسةَ السَّلمي رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «مَن كان بينَهُ وبينَ قومٍ عهدٌ فلا يَشدُّ عُقدةً، ولا يَحُلُّها حتى ينقضِيَ أمَدُها، أو يَنْبِذَ إليهم على سواء». صحيح سنن أبي داود: 2397.**

1309. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى بىرەر قەۋم بىلەن كېلىشىم تۈزسە، كېلىشىم مۇددىتى توگىگەنگە ياكى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇپ ئۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا قەدەر، ئۇ كېلىشىمنى ھەددىدىن زىيادە چىڭىتىۋېتىشكىمۇ، بۇزۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ».[2]

**1310. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إن كُنتُم تُحبون أن يُحبَّكُم اللَّه ورسولهُ فحافظوا على ثلاثِ خِصالٍ: صِدقِ الحديثِ، وأداءِ الأمانةِ، وحسنِ الجوارِ». رواه الخلعي في الفوائد، وغيره، السلسلة الصحيحة: 2998.**

1310. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ سىلەرنى دوست تۇتۇشىنى ياخشى كۆرسەڭلار، راستچىل بولۇش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتكە ئەھمىيەت بېرىڭلار».[①]

1311. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أدِّ الأمانةَ إلى من ائتمنك، ولا تخن من خانَك». أخرجه أبو داود وغيره، السلسلة الصحيحة: 423.

1311. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ساڭا ئىشىنىپ ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئامانىتىنى ئادا قىلغىن، ساڭا خىيانەت قىلغان كىشىگە سەن خىيانەت قىلما».[②]

1312. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «ما خطَبنا رسولُ اللَّه ﷺ إلا قال: لا إيمانَ لِمَن لا أمانَةَ له، ولا دينَ لمن لا عهدَ له». أخرجه أحمد، والبزار، والطبراني في الأوسط.

1312. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە خۇتبە سۆزلىسىلا: «ئامانەتكە خىيانەت قىلىدىغان كىشىنىڭ ئىمانى يوق، ئەھدىدە تۇرمايدىغان كىشىنىڭ دىنى يوق» دەيتتى.[③]

1313. عن المقداد بن معد يكرب رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ألا لا يحلُّ ذُو نابٍ من السِّباع، ولا الحمارُ الأهلي، ولا اللقطَةُ من مالِ مُعاهدٍ إلا أن يَستغني عنها». صحيح سنن أبي داود: 3229.

1313. مىقداد ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەگەن چىشلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يەرلىك ئېشەك ھالال بولمايدۇ، ئەھدە تۈزۈشكەن كاپىرنىڭ مېلىدىن چۈشۈپ قالغان نەرسە ھالال بولمايدۇ. ئەمما ئىگىسى

---

[①] خەلئى «الفوائد» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2998- نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان.

[③] ئەھمەد، تەبەرانى ۋە بەززار توپلىغان.

ئۇنىڭدىن بېھاجەت بولىدىغان (ئەرزىمەس) نەرسە بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ». [1]

1314. وعن سُليمان بن بُرَيدَة، عن أبيه، قال: «كان رسولُ اللَّه ﷺ إذا أمَّرَ أميراً على جيشٍ أو سريَّةٍ، أوصاهُ في خاصَّتهِ بتقوى اللَّه ومن معه من المسلمين خيراً، ثم قال: <اغزوا باسم اللَّه، في سبيل اللَّه، قاتلوا من كفَرَ باللَّه، اغزوا ولا تَغُلُّوا، ولا تغدِرُوا، ولا تَمْثُلُوا، ولا تقتلوا وليداً>». مسلم.

1314. سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر قوشۇنغا ياكى بىرەر جامائەتكە ئەمىر بېكىتسە، ئۇ كىشىگە الله تائالاغا تەقۋادار بولۇش ۋە قوماندانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئايرىم نەسىھەت قىلاتتى. ئاندىن مۇنداق دەيتتى: <الله يولىدا الله نىڭ نامى بىلەن غازات قىلىڭلار، الله قا كاپىر بولغانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىڭلار. غازات قىلىڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئالدىماڭلار، جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى كەسمەڭلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار>». [2]

### ❖ ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاقىۋەتلىرى

1315. عن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إن الغادر يُنصب له لواءٌ يوم القيامة فيُقال: هذه غدرة فلان بن فلان». متفق عليه.

1315. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، قىيامەت كۈنى خىيانەتچى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدۇ. ئاندىن: <بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ خىيانىتى> دېيىلىدۇ». [3]

1316. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال ﷺ: «لكل غادرٍ لواء يوم

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**القيامة يُعرَف به». متفق عليه .**

1316. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ بايرىقى بولۇپ، ئۇ كىشى شۇ بايراق ئارقىلىق تونۇلىدۇ».[1]

**1317. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لكل غادرٍ لواءٌ عند إسته يوم القيامة». مسلم . وفي رواية: «لكل غادرٍ لواء يوم القيامة يُرفع له بقدر غدره». مسلم.**

1317. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ ساغرىسىدا بىر بايراق بولىدۇ».[2] يەنە بىر نەقىلدە: «ھەربىر خىيانەتچى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ خىيانىتىگە قارىتا ئېگىزلىتىلىدۇ» دەپ كەلگەن.[3]

**1318. وعن ابن عمر رضي اللّٰه عنه، قال: قال رسولُ اللّٰه ﷺ: «إذا جَمعَ اللّٰه الأولين والآخرين يومَ القيامةِ، رُفِعَ لكل غادرٍ لواء، فقيل: <هذه غَدْرةُ فلان بن فلان>». رواه أحمد.**

1318. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى الله  تائالا ئىلگىرىكى ۋە ئاخىرقى بارلىق كىشىلەرنى توپلىغان ۋاقىتتا ھەربىر خىيانەتچى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاندىن: <بۇ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ خىيانىتى> دېيىلىدۇ».[4]

**1319. وعن عمرو بن الحمق الخزاعي، عن النبي ﷺ قال: «من أمّن رجلاً على دمه فقتله فأنا بريء من القاتل، وإن كان المقتول كافراً».**

1319. ئەمرى ئىبنى ھەمىقىل خۇزائىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنىڭ جېنىغا ئامانلىق بېرىپ، ئاندىن

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئەھمەد توپلىغان.

ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، گەرچە ئۆلتۈرۈلگىنى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ مەن ئۇنىڭ بۇ قاتىللىقىدىن ئادا ـ جۇدامەن».[1]

1320. وفي رواية: «مَن أمَّن رجلاً على دمه فقتله فإنه يحمل لواء غدرٍ يوم القيامة». السلسلة الصحيحة: 440.

1320. يەنە بىر نەقىلدە: «كىمكى بىر كىشىنىڭ جېنىغا ئامانلىق بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە قىيامەت كۈنى خىيانەتچىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرىدۇ» دەپ كەلگەن.[2]

1321. وعنه، عن النبي ﷺ قال: «إذا اطمأنَّ الرجلُ إلى الرجلِ ثمَّ قتلَهُ بعد ما اطمأنَّ إليه، نُصِبَ له يومَ القيامةِ لواءُ غدرٍ». رواه الحاكم، صحيح الجامع: 357.

1321. ئەمرى ئىبنى ھەمقىل خۇزائى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئۆلتۈرگۈچىگە خىيانەتچىنىڭ بايرىقى تىكىلىدۇ».[3]

1322. وعن أبي بكرة رضي اللَّه عنه، قال، قال رسول اللَّه ﷺ: «من قَتل نفساً معاهدة بغير حِلِّها، حرَّم اللَّه عليه الجنَّة أن يشمَّ ريحها». صحيح سنن النسائي: 4423.

1322. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەھدىلەشكەن بىر جاننى سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرسە، الله تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ پۇرىقىنى ھارام قىلىدۇ».[4]

1323. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «مَن قتلَ قتيلاً من أهل الذمَّة، لم يجد ريحَ الجنَّة، وإن ريحها ليوجدُ من مسيرةِ أربعين عاماً». صحيح سنن النسائي: 4425.

1323. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[2] «السلسلة الصحيحة» 440 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ھاكىم توپلىغان.

[4] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى زىممىيلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرسە جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ. ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ھىدى 40 يىللىق مۇساپىگىچە يېتىپ بارىدۇ».①

1324. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من قتل معاهداً لم يُرح رائحة الجنة ـ أي لم يشمها وإن ريحها توجد من مسيرة أربعين عاماً». البخاري

1324. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەھدىلەشكەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ھىدى 40 يىللىق مۇساپىگىچە يېتىپ بارىدۇ».②

1325. وفي رواية: «من قتل نفساً معاهداً لم يرح رائحة الجنة، وإن ريحها ليوجد من مسيرة أربعين عاماً» البخاري

1325. يەنە بىر نەقىلدە: «ئەھدىلەشكەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن كىشى جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇرىيالمايدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ھىدى 40 يىللىق مۇساپىگىچە يېتىپ بارىدۇ» دەپ كەلگەن.③

1326. وعن أبي بكرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «من قتل مُعاهِداً في غير كُنْهِهِ حرَّم اللَّه عليه الجنَّةَ». صحيح سنن أبي داود: 2398.

1326. ئەبۇبەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەھدىلەشكەن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولىدىغان ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا ئۆلتۈرسە، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ».④

1327. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «قالَ اللَّه: «ثلاثةٌ أنا خَصمُهُم يومَ القيامة: رجلٌ أعطى بيَ ثمَّ غدَر، ورجلٌ باعَ حُرّاً ثم أكلَ ثمنَه، ورجلٌ استأجرَ أجيراً

---

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

④ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**فاستوفى مِنْهُ ولم يُعْطِهِ أجرَه>». البخاري.**

1327. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: قىيامەت كۈنى، مەن مۇنداق ئۈچ كىشىنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن: بىرىنچىسى، مېنىڭ نامىم بىلەن ۋەدە بېرىپ، ئالدىغان كىشى؛ ئىككىنچىسى، ھۆر ئادەمنى (ئالداپ) سېتىپ پۇلىنى يېگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئىشنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى».①②

**1328. وعن عبد اللَّه بن بريدة، عن أبيه، عن النبي ﷺ قال: «ما نقضَ قومٌ العهدَ قطُّ؛ إلا كان القتلُ بينهم، وما ظهرت الفاحِشة في قوم قطُّ إلا سلَّط اللَّه عليهم الموتَ، ولا منعَ قومٌ الزكاةَ؛ إلا حبسَ اللَّه عنهم القَطرَ». رواه الحاكم والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 107.**

1328. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ئاتىسىدىن نەقىل قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ؛ قايسى بىر قەۋمدە پاھىشە ئاشكارا بولسا، الله تائالا ئۇ قەۋمگە ئۆلۈمنى مۇسەللەت قىلىدۇ؛ قايسى بىر قەۋم زاكات بەرگىلى ئۇنىمىسا، الله تائالا ئۇ قەۋمدىن يامغۇرنى توختىتىپ قويىدۇ».③

**1329. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «ما نقضَ قومٌ العهدَ إلا سُلِّطَ عليهم عدوُّهم». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 3240.**

1329. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر قەۋم ئەھدىنى بۇزسا، الله ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ».④

**1330. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: «أقبل علينا رسولُ اللَّه ﷺ فقال: يا**

---

① بۇخارى توپلىغان.

② الله تائالا دەۋالىشىدىغان بۇ ئۈچ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرى، جىنايەتلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار گەۋدىلىك بىر سۈپەتتە ئورتاقتۇر، ئۇ سۈپەت بولسا خىيانەتتۇر.

③ ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 107 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 3240 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

معشرَ المهاجرين! خمسٌ إذا ابتُليتُم بهنَّ، وأعوذ باللَّه أن تُدركوهُنَّ ـ منها ولم يَنقُضوا عهدَ اللَّه وعهدَ رسولِه، إلا سَلَّطَ اللَّه عليهم عدوّاً من غيرِهم، فأخَذوا بعضَ ما في أيدِيهم. صحيح سنن ابن ماجه: 3246.

1330. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار جامائەسى! ئەگەر بەش ئىش بىلەن ئىمتىھان قىلىنىپ قالساڭلار (سىلەرگە تۆۋەندىكى ئازابلار چۈشىدۇ). سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشقا ئۇچراپ قېلىشىڭلاردىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن! ئۇلارنىڭ بىرى، قايسى بىر قەۋم الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، الله تائالا ئۇلارغا باشقا بىر دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ-دە، دۈشمەنلەر ئۇ قەۋمنىڭ قوللىرىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ». [1]

1331. وقال ﷺ: «لَنْ يَهلكَ الناسُ حتى يَعْذِرُوا». صحيح سنن أبي داود: 3653.

1331. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر خىيانەت قىلمىغۇچە ھەرگىز ھالاك بولۇپ كەتمەيدۇ». [2]

### ❖ خىيانەت قىلىش مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّه مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّه بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ﴾ «پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە-رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ: ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر». [3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يَنْقُضُونَ عَهْدَ اللَّه مِنْ بَعْدِ مِيثَاقِهِ وَيَقْطَعُونَ مَا أَمَرَ اللَّه بِهِ أَنْ يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِي الْأَرْضِ أُولَئِكَ لَهُمُ اللَّعْنَةُ وَلَهُمْ سُوءُ الدَّارِ﴾ «الله قا بەرگەن

---

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، «السلسلة الصحيحة» 106 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە 27 ـ ئايەت.

ۋەدىسىنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن بۇزغانلار، الله نىڭ سىلە-رەھىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى تۇتمىغانلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار ئەنە شۇلار لەنەتكە دۇچار بولىدۇ ۋە (ئۇلارنىڭ) ئاخىرەتلىكى يامان بولىدۇ»[1].

1332. **عن عبد اللَّه بن عمرو بن العاص رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أربعٌ من كنَّ فيه كان منافقاً خالصاً، ومن كانت فيه خصلة منهن كانت فيه خصلة من النفاق حتى يدعها: إذا ائتمن خان، وإذا حدَّث كذب، وإذا عاهد غدَر، وإذا خاصمَ فجر». متفق عليه.**

1332. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆت خىل سۈپەت بار بولۇپ، قانداق بىر ئادەمدە مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، ھەقىقىي مۇناپىق بولىدۇ. بىرى تېپىلسا، تاكى ئۇنى تاشلىمىغۇچە نىپاقنىڭ بىر سۈپىتى ئۇنىڭدا بولغان بولىدۇ: 1-، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ 2-، يالغان سۆزلەش؛ 3-، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ 4-، مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاش»[2].

1333. **وفي رواية عند مسلم: «أربعٌ من كُنَّ فيه كان منافقاً خالصاً، ومن كانت فيه خِلَّةٌ منهنَّ كانت فيه خِلة من نفاق حتى يدعها: إذا حدَّث كذب، وإذا عاهدَ غدر، وإذا وعَد أخلف، وإذا خاصم فجر».**

1333. مۇسلىمنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «تۆت خىسلەت بار بولۇپ، قانداق بىر ئادەمدە مۇشۇ خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلسا، ھەقىقىي مۇناپىق بولىدۇ. بىرى تېپىلسا، تاكى ئۇنى تاشلىمىغۇچە ئۇنىڭدا نىپاقنىڭ بىر ئالامىتى بولغان بولىدۇ: 1-، يالغان سۆزلەش؛ 2-، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ 3-، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش؛ 4-، مۇنازىرىلەشكەندە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاش».

❖ **مۇسۇلمانلارنىڭ كاپالىتى ۋە ھىمايىسىدىكىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش،**

---

[1] سۈرە رەئد 25- ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كۆيۈنۈش، ئادىللىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ للّه شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا اعْدِلُوا هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُوا اللَّه إِنَّ اللَّه خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله تىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر»[①].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّه يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾ «الله ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، الله سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ»[②].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلاَمَ اللَّه ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لاَّ يَعْلَمُونَ﴾ «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ الله نىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى (جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر»[③].

1334. عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «والذي نفسي بيده، لا يَضعُ

---

[①] سۈرە مائىدە 8- ئايەت.

[②] سۈرە نەھل 90- ئايەت.

[③] سۈرە تەۋبە 6- ئايەت.

اللَّه رحمتَه إلا على رحيمٍ». قالوا: «كُلُّنا يَرْحَمُ». قال: «ليس برحمة أحدِكم صاحبَهُ؛ يرحمُ النَّاسَ كافَّةً». السلسلة الصحيحة: 167.

1334. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى پەقەت رەھىمدىل كىشىلەرگىلا ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دېۋىدى، ساھابىلەر: «بىز ھەممىمىز رەھىم قىلىمىز» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ بىرىڭلارنىڭ ھەمراھىغىلا رەھىم قىلىشى بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي كىشىلەرگە رەھىم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ» دېدى.[①]

1335. وعن جرير بن عبد اللَّه رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مَن لا يرحم الناسَ، لا يرحمهُ اللَّه». صحيح الأدب المفرد: 71.

1335. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرگە رەھىم قىلمايدىغانلارغا الله رەھىم قىلمايدۇ».[②]

1336. عن صفوان بن سليم، عن عِدة ـ وقال البيهقي: ثلاثين ـ من أبناء أصحاب رسولِ اللَّه ﷺ عن آبائهم عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: ألا من ظلمَ معاهداً، او انتقصه، أو كلَّفه فوقَ طاقته، أو أخذ منه شيئاً بغير طيبِ نفسٍ، فأنا حَجِيجُه يومَ القيامة. أخرجه أبو داود، والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 445.

1336. سەفۋان ئىبنى سۇلەيىم كۆپ كىشىلەردىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: (بەيھەقى ئۇلارنى ساھابىلەرنىڭ ئوغۇللىرىدىن 30 كىشى دېگەن) ئۇلار ئاتىلىرىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، كىم ئەھدە تۈزۈلگەن بىرەر كىشىگە زۇلۇم قىلسا، ياكى ئۇنىڭغا بىرىشكە تېگىشلىك نەرسىنى كەم بەرسە، ياكى ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا

[①] «السلسلة الصحيحة» 167 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[②] «صحيح الأدب المفرد» 71 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

بۇيرۇسا ۋە ياكى ئۇنىڭ بىرەر نەرسىسىنى رازىلىقىسىز ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن».[1]

**1337. وفي رواية: «ألا مَن ظلَمَ معاهداً، أو انتقصه حقَّه، أو كلَّفه فوق طاقته، أو أخذ منه شيئاً بغير طيب نفس منه، فأنا حجيجه يوم القيامة». صحيح الجامع الصغير: 2655.**

1337. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، كىمكى ئەھدىلەشكەن بىر كىشىگە زۇلۇم قىلسا، ياكى ئۇنىڭ ھەققىنى كەم بەرسە ياكى ئۇنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇسا ۋە ياكى ئۇنىڭ بىرەر نەرسىسىنى رازىلىقىسىز ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن».[2]

**1338. وعن العِرباض بن سارية رضي اللَّه عنه، أنَّ صاحبَ خيبرَ جاءَ إلى رسولِ اللَّه ﷺ فشَكا إليه بعض ما يلقون، فأمر الناسَ فاجتمعوا، وخطَبهُم، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «وإن اللَّه لم يُحلَّ لكم أن تدخُلوا بيوتَ أهلِ الكتاب إلا بإذنٍ، ولا ضربَ نسائهم، ولا أكل ثمارِهم إذا أعطوكم الذي عليهم». رواه أبو داود.**

1338. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: خەيبەرلىك بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزى ئۇچرىغان بەزى ئەھۋاللارنى شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى يىغىلىشقا بۇيرۇدى، كىشىلەر يىغىلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا خۇتبە سۆزلەپ: «ناۋادا ئەھلى كىتاب ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى سىلەرگە بەرسە، الله تائالا ئەھلى كىتابلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت ئالماي تۇرۇپ كىرىشىڭلارنى، ئاياللىرىنى ئۇرۇشۇڭلارنى، مېۋىلىرىنى يېيىشىڭلارنى ھالال قىلمىدى» دېدى.[3]

**1339. وعن عروة بن الزبير رضي اللَّه عنه، أن هشام بن حكيم بن حزام، وجدَ رجلاً ـ وهو على حمص ـ يُشمِّسُ ناساً من القبْطِ في أداء الجزية، فقال: «ما هذا؟! سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <إنَّ اللَّه يُعَذِّبُ الذينَ يُعذِّبون الناسَ في الدُّنيا>». صحيح سنن أبي داود: 2625.**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[2] «صحيح الجامع الصغير» 2655_ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

1339. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ھىشام ئىبنى ھەكىم ئىبنى ھىزام ھۇمۇسقا ئەمىر بولغان بىر كىشىنى ئۇچراتتى، ئۇ كىشى قىبتىيلىق (ئەسلى مىسىرلىق) بىر بۆلۈك كىشىلەرنى جىزيە بېرىش ھەققىدە كۈن نۇرىدا ئازابلاۋاتاتتى. ھىشام ئىبنى ھەكىم ئىبنى ھىزام: «بۇ نېمە ئىش؟ مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <دۇنيادا باشقىلارنى ئازابلىغان كىشىلەرنى الله تائالا ئازابلايدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.①

**1340. وعن سعيد بن جبير رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَصَدَّقُوا إلا على أهلِ دينِكُم، فأنزَلَ اللَّه تعالى: ﴿لَيْسَ عَلَيْكَ هُدَاهُمْ﴾ إلى قولِه: ﴿وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ﴾، قال: قال رسولُ اللَّه: تصَدَّقوا على أهلِ الأديانِ». أخرجه ابن أبي شيبة في المصنَّف، السلسلة الصحيحة: 2766.**

1340. سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «پەقەت دىنىڭلاردىكى كىشىلەرگىلا سەدىقە قىلىڭلار» دېۋىدى، الله تائالا تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۇلارنى ھىدايەت قىلىش سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئەمەس (ساڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە پەقەت كىشىلەرگە الله نىڭ ۋەھيىسىنى يەتكۈزۈشتۇر). لېكىن، الله خالىغان بەندىسىنى ھىدايەت قىلىدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير-ئېھسان قىلىسىلەر (يەنى خەير-ئېھسانىڭلار ئۈچۈن الله نىڭ رازىلىقىدىن باشقىنى كۆزدە تۇتماڭلار)، مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ»②. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «بارچە دىندىكىلەرگە سەدىقە قىلىڭلار» دېدى.③

**1341. وعن عبد اللَّه بن عمرو رضي اللَّه عنه، أنه ذُبحت له شاةٌ، فجعل يقول لغلامه: «أهديتَ لجارنا اليهودي؟ أهديتَ لجارنا اليهودي؟ سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: <ما زال**

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② سۈرە بەقەرە 272- ئايەت.

③ ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنَّف» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2766- نومۇرلۇق ھەدىس.

**جبريلُ يوصيني بالجار حتى ظننتُ أنَّه سيورِّثُه>». صحيح الأدب المفرد:** 78.

1341. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: خىزمەتكارى ئۇنىڭغا بىر قوي سويغانىدى، ئۇ خىزمەتكارىغا: «يەھۇدىي قوشنىمىزغا ھەدىيە قىلدىڭمۇ؟ يەھۇدىي قوشنىمىزغا ھەدىيە قىلدىڭمۇ؟ مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.[1]

1342. **وعن أنس رضي اللَّه عنه، قال: كان غلامٌ يهوديٌّ يخدمُ رسولَ اللَّه ﷺ فمرض فأتاهُ النبيُّ ﷺ يعودُهُ، وقَعدَ عند رأسه، فقال له: «أَسْلِم»، فنظرَ إلى أبيه وهو عندَهُ، فقال: «أَطِع أبا القاسِم»، فأَسلَمَ، فخرجَ النبيُّ ﷺ وهو يقول: «الحمدُ اللَّه الذي أنقذَهُ من النار». البخاري.**

1342. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ گە خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار بولۇپ، ئۇ ئاغرىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بالىنى يوقلاپ كېلىپ، بېشىدا ئولتۇرۇپ: «مۇسۇلمان بولغىن!» دېدى. ئۇ بالا دادىسىغا قارىدى، دادىسى ئۇ بالىنىڭ يېنىدا ئىدى، دادىسى: «ئەبۇلقاسىمغا (يەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە) بويسۇنغىن!» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ كېتىۋېتىپ: «بۇ بالىنى دوزاختىن قۇتقۇزغان الله تائالاغا ھەمدۇ-سانا بولسۇن!» دېدى.[2]

1343. **وعن أبي عثمان النهدي، قال: كتبَ أبو موسى إلى رُهبانٍ يُسلِّم عليه في كتابه، فقيل له: «أتُسلِّمَ عليه وهو كافر؟»، قال: «إنه كتبَ إليَّ فسلَّمَ عليَّ، فرددتُ عليه». صحيح الأدب المفرد:** 837.

1343. ئەبۇ ئوسمان نەھدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ

---

[1] «صحيح الأدب المفرد» 78- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

مۇسا بىر راھىبقا خەت يېزىپ، خېتىدە ئۇ راھىبقا سالام قىلدى. ئۇنىڭغا باشقىلار تەرىپىدىن: «ئۇ كاپىر تۇرسا، ئۇنىڭغا سالام قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟» دېيىلىۋىدى، ئەبۇ مۇسا: «ئۇ ماڭا خەت يېزىپ، خەتتە ماڭا سالام يوللىغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇردۇم» دېدى.[①]

1344. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، قال: «ردُّوا السلامَ على من كان يهودياً أو نصرانياً أو مجوسياً؛ وذلك أن اللَّه يقول: ﴿وَإِذَا حُيِّيْتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا﴾». النساء:86. صحيح الأدب المفرد: 843.

1344. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «يەھۇدىي، ناسارا ياكى مەجۇسىي بولسۇن، ئۇلارنىڭ سالامىنى قايتۇرۇڭلار! الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: <سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)>[②]».[③]

1345. وعنه، قال: «لو قال لي فرعون: بارك اللَّه فيك، قلت: وفيك، وفرعون قد مات». صحيح الأدب المفرد: 848.

1345. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ئەگەر پىرئەۋن ماڭا: <الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!> دېگەن بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا: <ساڭىمۇ> دېگەن بولاتتىم. ھالبۇكى، پىرئەۋن ئۆلۈپ كەتتى».[④]

**❖ ئەھدىلەشكەن كاپىرلار ئۆز دىنلىرىنى تاشلاپ ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا جىزيە تۆلەش تەلەپ قىلىنىپ،**

---

① «صحيح الأدب المفرد» 837 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

② سۈرە نىسا 86 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ «صحيح الأدب المفرد» 843 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

④ «صحيح د» 848 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

**ئاندىن ئۇلار ئەھدىسىگە رىئايە قىلىشقا ۋاتقان بولسا، ئۇلارنى ۋە ھۆرمەتلىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر.**

الله  تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ﴾ «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى»[1].

1346. **ومن وصَايا النبيِّ ﷺ لأمراء الجيوش والجند، كما في حديث بُريدَة المتقدم: وإذا لقيتَ عدوَّك من المشركين فادعهم إلى ثلاث خصال ـ أو خِلال ـ منها: فإن هم أبَوا ـ أي الدخول في الإسلام ـ فسَلْهُم الجزيةَ، فإن هم أجابوكَ فاقبلْ منهم وكُفَّ عنهم، فإن هم أبَوا فاستعن باللَّه وقاتلهم». مسلم.**

1346. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلگىرى نەقىل قىلىنغان ھەدىسىدە كەلگەندەك، پەيغەمبەر ﷺ قوشۇن ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئەمىرلىرىگە تۆۋەندىكىدەك نەسىھەت قىلاتتى: «مۇشرىكلاردىن بولغان دۈشمىنىڭگە ئۇچراشساڭ ئۇلارنى مۇنۇ ئۈچ شەرتكە چاقىرغىن: بىر شەرت شۇكى، ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرىشنى رەت قىلسا، ئۇلارنى جىزيە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇغىن؛ ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا كۆنسە ئۇلاردىن قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇرۇشتىن قولۇڭنى يىغقىن؛ ئەگەر ئۇلار جىزيە بېرىشنى رەت قىلسا، الله  تائالادىن ياردەم تىلەپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغىن»[2].

1347. **وقال عمر بن الخطاب رضي اللَّه عنه، في وصيته: وأُوصي الخليفة بعدي بذِمّة اللَّه، وذِمّةِ رسولِه؛ أن يُوفي لهم بعهدِهم، وأن يُقاتِل مِن ورائِهم، ولا يُكلَّفوا إلا طاقَتهم». البخاري.**

1347. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «مەن ئۆزۈمدىن كېيىنكى خەلىپىگە الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆرمىتى بىلەن ئەھدىلەشكەن كاپىرلارنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشنى، ئۇلارنى قوغداپ

[1] سۈرە بەقەرە 256 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇرۇش قىلىشنى ۋە ئۇلارنى پەقەت قىلالايدىغان ئىشقىلا بۇيرۇشنى ۋەسىيەت قىلىمەن». [1]

1348. وعن غُرْفَةَ بنِ الحارثِ الكِنديّ رضي اللّه عنه، أنه مرَّ به نصرانيٌّ، فدعاه إلى الإسلام، فتناول النبي ﷺ وذكرَه، فرفَعَ غُرفَةُ يدَه فدقَّ أنفَه، فرُفِعَ إلى عمرو بن العاص، فقال عمرو: «أعطيناهم العهدَ؟». فقال غُرفَةُ: «معاذَ اللّه أن نكونَ أعطيناهم على أن يُظهِروا شتمَ النبيِّ ﷺ إنما أعطيناهم على أن نُخلّيَ بينهم وبينَ كنائسهم يقولون فيها ما بَدا لهم، وأن لا نُحمِّلَهم ما لا يُطيقون، وإن أرادهم عدوٌّ قاتلناهم من ورائهم، ونُخلِّي بينهم وبين أحكامِهم، إلا أن يأتونا راضين بأحكامِنا، فنحكم بينهم بحكم اللّه وحكم رسولِه، وإن غيَّبوا عنّا لم نَعْرِضْ لهم»، فقال له عمرو: «صدقت»، وكان غرفةُ له صحبةٌ. رواه البيهقي بإسنادٍ صحيح.

1348. غۇرفە ئىبنى ھارىس ئەلكىندى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: غۇرفە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ناسارانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدى، بىراق ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە تىل تەگكۈزگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن غۇرفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشتى بىلەن ئۇ ناسارانىڭ بۇرنىنى ماكچايتىۋەتتى. ئاندىن ناسارانىڭ بۇ ئىشى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلىنغانىدى، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز ئۇلارغا ئەھدە بەرگەن ئەمەسمۇ؟» دېدى. غۇرفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ﷺ نى ئاشكارا تىللىشىغا ئەھدە بەرگەن بولۇپ قېلىشىمىزدىن الله ساقلىسۇن. بىز پەقەت ئۇلارغا چېركاۋلىرىدا ئۆزلىرى خالىغان شەكىلدە ئىبادەت قىلىشىغا يول قويۇش، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا مەجبۇرلىماسلىق، دۈشمەنگە قارشى ئۇلارنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈملىرىنى ئۆزلىرىگە قويۇپ بېرىش قاتارلىقلارغا ئەھدە بەرگەنمىز. ناۋادا ئۇلار بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزگە رازى بولۇپ يېنىمىزغا كەلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ۋە الله نىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىمىز. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلمىسە (يەنى بىزدىن ھۆكۈم سوراپ كەلمىسە)، ئۇلارنى تەكلىپ قىلمايمىز» دېدى. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

«راست ئېيتتىڭ» دېدى. غۇرفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دوستى ئىدى.[1]

### ❖ مىسىردىكى قىبتىيلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە

1349. وعن كعب بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إذا افتتحتم مصرَ فاستوصُوا بالقبطِ خيراً؛ فإنَّ لهم ذِمَّةً ورحماً». أخرجه الحاكم، وغيره، السلسلة الصحيحة: 1374.

1349. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر مىسىرنى فەتىھ قىلساڭلار، قىبتىيلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن ئەھدىسى ۋە تۇغقاندارچىلىقى بار».[2][3]

1350. وعن أم سلمة رضي اللَّه عنها، أن رسولَ اللَّه ﷺ أوصى عند وفاته فقال: «اللَّه اللَّه في قِبطِ مصر؛ فإنَّكم ستظهرون عليهم، ويكونون لكم عُدَّةً وأعواناً في سبيلِ اللَّه». أخرجه الطبراني، السلسلة الصحيحة: 3113.

1350. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ۋاپاتىغا يېقىن مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «مىسىردىكى قىبتىيلار ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار، چۈنكى سىلەر يېقىن كەلگۈسىدە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىلەر، ئۇلار الله يولىدىكى ياردەمچىڭلارغا ئايلىنىدۇ».[4]

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

❁ ❁ ❁

---

[1] بەيھەقى توپلىغان ۋە ئىسنادى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1374 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] قىبتىيلىق مۇقاۋقىس پەيغەمبەر ﷺ گە قىبتىلىق مارىيەنى ھەدىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ.

[4] ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1374 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

## 21 ـ باب

## ھايۋاناتلارنىڭ ھەقلىرى

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِي الأَرْضِ وَلاَ طَائِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلاَّ أُمَمٌ أَمْثَالُكُم مَّا فَرَّطْنَا فِي الكِتَابِ مِن شَيْءٍ ثُمَّ إِلَى رَبِّهِمْ يُحْشَرُونَ﴾ «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر (يەنى الله تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق پۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (الله ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ)»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاللَّهُ خَلَقَ كُلَّ دَابَّةٍ مِن مَّاء فَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَى بَطْنِهِ وَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَى رِجْلَيْنِ وَمِنْهُم مَّن يَمْشِي عَلَى أَرْبَعٍ يَخْلُقُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ﴾ «الله ھەربىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، الله خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّ لَكُمْ فِي الْأَنْعَامِ لَعِبْرَةً نُّسْقِيكُمْ مِمَّا فِي بُطُونِهَا وَلَكُمْ فِيهَا مَنَافِعُ كَثِيرَةٌ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾ «چارۋىلاردا ھەقىقەتەن سىلەرگە ئىبرەت بار، ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەر (يەنى سۈتلەر) بىلەن سىلەرنى سۇغىرىمىز، ئۇلاردا سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار، ئۇلارنىڭ گۆشىنى يەيسىلەر»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْأَنْعَامَ خَلَقَهَا لَكُمْ فِيهَا دِفْءٌ وَمَنَافِعُ وَمِنْهَا تَأْكُلُونَ﴾ «الله چارۋا ماللارنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇلار (نىڭ

---

[1] سۈرە ئەنئام 38ـ ئايەت.
[2] سۈرە نۇر 45ـ ئايەت.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن 21ـ ئايەت.

يوْغى ۋە تېرىسى) بىلەن ئىسسىنىسىلەر، ئۇلار (نىڭ نەسلى، سۈتى، سۆڭىكى ۋە قىغى)دىن پايدىلىنىسىلەر ۋە ئۇلار (نىڭ گۆشلىرى)نى يەيسىلەر»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَنظُرُونَ إِلَى الْإِبِلِ كَيْفَ خُلِقَتْ﴾ «ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً وَيَخْلُقُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ «الله ئاتنى، خېچىرنى ۋە ئېشەكنى مىنىشىڭلار ئۈچۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى، الله يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ»[3].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يُسَبِّحُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَالطَّيْرُ صَافَّاتٍ كُلٌّ قَدْ عَلِمَ صَلَاتَهُ وَتَسْبِيحَهُ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِمَا يَفْعَلُونَ﴾ «الله قا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ۋە قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا (ئۇچۇپ كېتىۋاتقان) قۇشلارنىڭ تەسبىھ ئېيتىدىغانلىقىنى سەن بىلمەمسەن؟ الله ھەر (مەخلۇق)نىڭ دۇئاسىنى ۋە تەسبىھىنى بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر»[4].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمْ يَرَوْا إِلَى الطَّيْرِ فَوْقَهُمْ صَافَّاتٍ وَيَقْبِضْنَ مَا يُمْسِكُهُنَّ إِلَّا الرَّحْمَنُ إِنَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ بَصِيرٌ﴾ «ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟ (قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا) ئۈستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت الله (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[5].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَتَّى إِذَا أَتَوْا عَلَى وَادِ النَّمْلِ قَالَتْ نَمْلَةٌ يَا أَيُّهَا النَّمْلُ ادْخُلُوا مَسَاكِنَكُمْ لَا يَحْطِمَنَّكُمْ سُلَيْمَانُ وَجُنُودُهُ وَهُمْ لَا يَشْعُرُونَ﴾ «ئۇلار (شامدىكى بىر

---

[1] سۈرە نەھل 5- ئايەت.
[2] سۈرە غاشىيە 17- ئايەت.
[3] سۈرە نەھل 8- ئايەت.
[4] سۈرە نۇر 41- ئايەت.
[5] سۈرە مۇلك 19- ئايەت.

چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى: <ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن>»[1].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَوْحَى رَبُّكَ إِلَى النَّحْلِ أَنِ اتَّخِذِي مِنَ الْجِبَالِ بُيُوتًا وَمِنَ الشَّجَرِ وَمِمَّا يَعْرِشُونَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى: «تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَفَقَّدَ الطَّيْرَ فَقَالَ مَا لِيَ لَا أَرَى الْهُدْهُدَ أَمْ كَانَ مِنَ الْغَائِبِينَ۝ لَأُعَذِّبَنَّهُ عَذَابًا شَدِيدًا أَوْ لَأَذْبَحَنَّهُ أَوْ لَيَأْتِيَنِّي بِسُلْطَانٍ مُبِينٍ۝ فَمَكَثَ غَيْرَ بَعِيدٍ فَقَالَ أَحَطْتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِهِ وَجِئْتُكَ مِنْ سَبَإٍ بِنَبَإٍ يَقِينٍ۝ إِنِّي وَجَدْتُ امْرَأَةً تَمْلِكُهُمْ وَأُوتِيَتْ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظِيمٌ۝ وَجَدْتُهَا وَقَوْمَهَا يَسْجُدُونَ لِلشَّمْسِ مِنْ دُونِ اللَّهِ وَزَيَّنَ لَهُمُ الشَّيْطَانُ أَعْمَالَهُمْ فَصَدَّهُمْ عَنِ السَّبِيلِ فَهُمْ لَا يَهْتَدُونَ۝ أَلَّا يَسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي يُخْرِجُ الْخَبْءَ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَيَعْلَمُ مَا تُخْفُونَ وَمَا تُعْلِنُونَ۝ اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ۝﴾ «ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: <ماڭا نېمە بولدى؟ ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ! يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ[3] [20]. ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ> [121]. ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ ئېيتتى: <مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلىپ (كەلدىم)، ساڭا مەن سەبەدىن (يەنى يەمەندىكى سەبە شەھىرىدىن) بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم [22]. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن

---

[1] سۈرە نەمل 18 ـ ئايەت.

[2] سۈرە نەھل 68 ـ ئايەت.

[3] سۇلايمان ئەلەيھىسسالام قوشۇنى بىلەن چۈمۈلىلەر ۋادىسىدىن ئايرىلىپ سۇسىز بىر قاقاس چۆلگە كېلىپ چۈشتى، قوشۇنى تەشنا بولۇپ ئۇنىڭدىن سۇ سورىدى، ھۆپۈپ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا سۇ بار جاينى تېپىپ بېرەتتى، شۇ كۈنى ئۇ ھۆپۈپنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن [23]. ئۇنىڭ ۋە قەۋمىنىڭ الله نى قويۇپ قۇياشقا چوقۇنىدىغانلىقىنى بايقىدىم، شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى (يەنى الله نى قويۇپ، قۇياشقا چوقۇنغانلىقلىرىنى) چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ [24]. ئۇلار ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىرلارنى ئاشكارىلىغۇچى، سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچى الله قا سەجدە قىلمايدۇ [25]. الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بۈيۈك ئەرشىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر> [26]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَلْبُهُمْ بَاسِطٌ ذِرَاعَيْهِ بِالْوَصِيدِ﴾ «ئۇلارنىڭ ئىتى (غار) نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ»②.

### ❖ ھايۋاناتلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان كىشىلەر ھەققىدە

**1351. عن شَدَّاد بن أوسٍ رضي اللَّه عنه، قال: ثنتان حفظتُهما عن رسولِ اللَّه ﷺ قال: «إن اللَّه كتبَ الإحسانَ على كل شيءٍ؛ فإذا قتلتُم فأحسِنوا القِتلَةَ، وإذا ذبحتُم فأحسِنوا الذَّبحَ، وليُحِدَّ أحدُكم شفرَتَهُ، فلْيُرِحْ ذبيحتَه». مسلم.**

1351. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى جۈملە سۆزىنى ئاڭلاپ يادلىۋالدىم. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، الله ھەرقانداق ئىشتا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇدى. ئەگەر جانلىق نەرسىنى ئۆلتۈرمەكچى ياكى مال بوغۇزلىماقچى بولساڭلار، ئۇنى چىرايلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىڭلار (يەنى ئۇنى قىينىۋەتمەڭلار). مال بوغۇزلىماقچى بولغىنىڭلاردا، مالنىڭ قىينىلىپ كەتمەسلىكى ئۇچۇن پىچاقنى ياخشى بىلەڭلار!»③.

**1352.وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ أمرَ بحدِّ الشِّفَار، وأن تُوارى عن البهائم، «وإذا ذبحَ أحدُكم فليُجْهِز». أخرجه أحمد في المسند،**

---

① سۈرە نەمله 20 ـ ئايەتتىن 26 ـ ئايەتكىچە.
② سۈرە كەھف 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ مۇسلىم توپلىغان.

1352. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مال سويغۇچىلارنى پىچاقنى ياخشى بىلەشكە ۋە ئۇنى مالغا كۆرسەتمەسلىككە بۇيرۇدى، ئاندىن: «مال سويماقچى بولساڭلار، ئۇنى تېز بوغۇزلاڭلار!» دېدى.①

1353. عن أبي أمامة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «من رَحِمَ ولو ذبيحةَ عصفورٍ رَحِمه اللّه يومَ القيامة». رواه البخاري في الأدب المفرد.

1353. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇشقاچ چاغلىق نەرسە بوغۇزلىسىمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ».②

1354. عن معاوية بن قرّة، عن أبيه، قال: «قال رجلٌ: <يا رسولَ اللّه! إنِّي لأَذبَحُ الشاةَ فأرحمها>. قال: <والشَّاةَ إن رحمتَهَا رحِمَكَ اللّه>». رواه البخاري في الأدب، والطبراني، وأحمد وغيرهم.

1354. مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن قوي بوغۇزلىسام چوقۇم ئۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن> دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <ناۋادا قويغا رەھىم قىلساڭ، الله تائالامۇ ساڭا رەھىم قىلىدۇ> دېدى».③

1355. عن أنس بن مالك رضي اللّه عنه، أن رسول اللّه ﷺ قال: «إذا أخصبَت الأرض فانزلوا عن ظهركم، وأعطوه حقَّه من الكَلأ، وإذا أجدبت الأرض فامضوا عليها، وعليكم بالدلجة؛ فإن الأرض تُطوى بالليل». أخرجه الطحاوي في المشكل، والخطيب، والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 682.

1355. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «زېمىن يېشىللىققا تولغاندا ئۇلاغلىرىڭلاردىن چۈشۈپ ئۇلاغلارنىڭ ئوت-چۆپلەردىن بولغان ھەققىنى بېرىڭلار، زېمىننى

① ئەھمەد توپلىغان.

② بۇخارى ۋە تەبەرانى توپلىغان.

③ بۇخارى، ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

قۇرغاقچىلىق قاپلىغاندا تېز مېڭىڭلار ۋە كېچىدە سەپەر قىلىڭلار، چۈنكى كېچىدە زېمىن قاتلىنىدۇ (ماڭغان يول ئاز بىلىنىدۇ)».[1]

**1356. وعنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إذا سرتم في أرض خصبة، فأعطوا الدواب حقَّها أو حظَّها، وإذا سرتم في أرضٍ جدبة فانجوا عليها، وعليكم بالدُّلجة؛ فإن الأرض تُطوى بالليل، وإذا عرَّستم، فلا تُعرِّسوا على قارعة الطريق فإنها مأوى كل دابة». أخرجه البزار والبيهقي، السلسلة الصحيحة: 1357.**

1356. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مولچىلىققا تولغان يەردىن ئۆتۈپ قالساڭلار، ئۇلاغلارنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار؛ قۇرغاقچىلىق قاپلىغان يەردىن ئۆتۈپ قالساڭلار، ئۇ يەردىن تېز ئۆتۈپ كېتىڭلار. سەپەرنى كېچىدە قىلىڭلار، چۈنكى كېچىدە زېمىن قاتلىنىدۇ (ماڭغان يول ئاز بىلىنىدۇ). ئەگەر ئارام ئېلىش مەقسىتىدە يۈك ـ تاقلىرىڭلارنى چۈشۈرمەكچى بولساڭلار، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈرمەڭلار، چۈنكى يولنىڭ ئوتتۇرىسى ھايۋانلار ئەگىپ يۈرىدىغان جايدۇر».[2]

**1357. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسول اللَّه ﷺ قال: إذا سافرتم في الخصبِ فأعطوا الإبل حقَّها، وإذا سافرتم في الجدب فأسرعوا السَّيرَ، فإذا أردتم التَّعريس فتنكبوا عن الطريق». صحيح سنن أبي داود: 2239.**

1357. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مولچىلىق ۋاقىتتا سەپەر قىلساڭلار تۆگىنىڭ ھەققىنى بېرىڭلار، قۇرغاقچىلىق ۋاقىتتا سەپەر قىلساڭلار تېز مېڭىڭلار. ئەگەر كېچىدە ئارام ئالماقچى بولساڭلار، يولدىن يىراق يەرگە چۈشۈڭلار».[3]

**1358. عن سراقة بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: أتيت رسولَ اللَّه ﷺ بالجعرانة فلم أدرِ ما أسأله عنه، فقلت: «يا رسولَ اللَّه! إني أملأ حوضي انتظر ظهري يرد علي، فتجيء البهيمة فتشرب، فهل في ذلك من أجر؟»، فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «لك في كلِّ كَبدٍ حَرَّى أَجرٌ». أخرجه**

[1] تەھاۋى، خەتىب ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[2] بەززار ۋە بەيھەقى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1357 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**الحميدي في مسنده، السلسلة الصحيحة: 2152.**

1358. سۇراقە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن جىئران دېگەن جايدا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمە سوئال سوراشنى بىلەلمەي: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كۆلۈمگە لىق سۇ قاچىلاپ تۆگەمنىڭ كېلىپ سۇ ئىچىشىنى ساقلايمەن، دەل شۇ ۋاقىتتا چارۋا ماللار كېلىپ كۆلۈمدىن سۇ ئىچىدۇ، شۇنىڭدىمۇ ماڭا ئەجىر بولامدۇ؟» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەرقانداق چاڭقىغان جىگەرنى ئۇسسۇزلۇقتا قاندۇرساڭ، ساڭا ئەجىر بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

1359. **وعن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ قال: «بينما رجلٌ يمشي بطريق؛ إذا اشتدَّ عليه العطَشُ، فوجد بئراً، فنزلَ فيها فشرب ثم خرج، فإذا كلبٌ يلهَثُ يأكل الثَّرَى من العطش، فقال الرجلُ: <لقد بلغَ هذا الكلبَ من العطَشِ مِثلُ الذي كان بلغَ بي>، فنزل البئرَ، فمَلأ خُفَّهُ، ثم أمسكَهُ بفِيه حتى رَقِيَ فسقى الكلبَ، فشكرَ اللّٰه له»، فغفرَ له. قالوا: «يا رسولَ اللّٰه! وإنّ لنا في البهائِم لأجراً؟». فقال: «في كل ذاتِ كَبِدٍ رطَبَةٍ أجرٌ». متفق عليه.**

1359. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «بىر كىشى يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بىر قۇدۇقنى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ قانغۇچە سۇ ئىچتى. قۇدۇقتىن چىققاندا بىر ئىتنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن نەم توپىنى يالاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: <بۇ ئىتمۇ خۇددى مەن ئۇسساپ كەتكەندەكلا ئۇسساپ كېتىپتۇ> دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئاندىن قۇدۇققا قايتا چۈشۈپ ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ، ئۆتۈكنى چىڭ چىشلەپ يامىشىپ سىرتقا چىقىپ ئۇ ئىتنى سۇغۇرغان ئىدى. الله ئۇ كىشىنىڭ بۇ ياخشىلىقىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن» دېگەندى، بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلساقمۇ بىزگە ئەجىر بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھەرقانداق ھۆل جىگەر ئىگىسىگە (يەنى تىرىك جانلىققا)

[1] ھەمىيدى «مسند» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1357 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىنغان ياخشىلىقنى ئەجىر بېرىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.①

1360. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «بينما كَلبٌ يُطِيفُ بِرَكِيّةٍ قد كادَ يقتلُه العطَشُ؛ إذْ رأته بغيٌّ من بغَايا بني إسرائيل، فنَزَعت مُوقَها، فاستقت له به فسقته إياه، فغُفِرَ لها به». متفق عليه.

1360. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئىت قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، بەنى ئىسرائىلدىن بولغان بىر پاھىشە ئايال كېلىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ ئۆتۈكى بىلەن سۇ تارتىپ ئۇ ئىتنى سۇغاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال مەغپىرەت قىلىندى».②

1361. عن المنهال بن عمرو عن يعلى بن مرة، عن أبيه، قال: سافرتُ مع رسول اللَّه ﷺ فرأيتُ منه شيئاً عجباً، أتاه بعير فقام بين يديه، فرأى عينيه تدمُعان، فبعث إلى أصحابه، فقال: «ما لبعيركم هذا يشكوكم؟»، فقالوا: «كنا نعملُ عليه، فلما كبر وذهبَ عملُه، تواعدنا لننحره غداً». فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تنحروه، واجعلوه في الإبل يكون معها». أخرجه الحاكم في المستدرك، وقال صحيح الإسناد، ووافقه الذهبي، السلسلة الصحيحة: 485.

1361. مىنھال ئىبنى ئەمىر يەئلا ئىبنى مۇررەدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: يەئلا ئىبنى مۇررەنىڭ ئاتىسى مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىپ ھەيران قالارلىق بىر ئىشنى كۆرگەن ئىدىم. بىر تۆگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى، پەيغەمبەر ﷺ تۆگىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۆگىنىڭ ئىگىلىرىنى چاقىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ تۆگەڭلەرگە نېمە بولدى؟ ئۇ سىلەرنى شىكايەت قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇلار: «بۇ تۆگىنى ئىشلەتكەن ئىدۇق، ئۇ چوڭىيىپ كارغا كەلمەس بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئەتە ئۇنى بوغۇزلاشقا كېلىشكەنىدۇق» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنى بوغۇزلىماڭلار، ھەمراھلىرى يېنىغا قويۇپ

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بېرىڭلار» دېدى.①

1362. عن يحيى بن سعيد: أن رسولَ اللَّه ﷺ رُؤي وهو يمسح وجه فرسه بردائِه، فسُئِل عن ذلك؟ فقال: <إني عُوتِبتُ الليلةَ في الخيل>». أخرجه مالك في الموطأ، السلسلة الصحيحة: 3187.

1362. يەھيا ئىبنى سەئىدتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئېتىنىڭ يۈزىنى تونىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن بۇ كېچە ئات توغرىسىدا مالامەتكە ئۇچرىغان ئىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.②

**❖ ھايۋانلارنى ئازابلاش، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سېلىش، ناتوغرا يولغا ئىشلىتىش ۋە سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈشتىن توسۇش ھەققىدە**

1363. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «أخِّروا الأحمالَ على الإبل؛ فإن اليدَ معلَّقةٌ والرِجلَ موثَّقَةٌ». السلسلة الصحيحة: 1130.

1363. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆگىگە يۈك ئارتقاندا تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئارتىڭلار، چۈنكى (ئۇنداق بولمىسا) ئالدى پۇت ئېسىلىپ ئارقا پۇت چېگىلىپ قالىدۇ».③

1364. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، قال: «كنَّا إذا نزلنا منزلاً، لا نُسبِّح حتى نَحُلَّ الرِّحال». صحيح سنن أبي داود: 2224.

1364. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «ھەرقاچان سەپەردە بىرەر جايغا چۈشسەك، يۈك-تاقلىرىمىزنى يېشىپ تۆگىلەرگە ئارام بەرمىگۈچە نەپلە ناماز ئوقۇمايتتۇق».④

1365. وعن جابر رضي اللَّه عنه، أنَّ النبي ﷺ مُرَّ عليه بحمار قد وُسِمَ في وجهه، فقال: «أما بلَغَكُم أني قد لعنتُ من وسَمَ البهيمةَ في وجهها، أو ضربها في وجهها؟» فنهى عن ذلك.

---

① ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، «السلسلة الصحيحة» 485- نومۇرلۇق ھەدىس.

② مالىك «الموطأ» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3187- نومۇرلۇق ھەدىس.

③ «السلسلة الصحيحة» 1130- نومۇرلۇق ھەدىس.

④ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**صحيح سنن أبي داود**: 2235.

1365. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىن يۇزى داغلىنىپ بەلگە سېلىنغان بىر ئېشەك ئۆتكەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھايۋانلارنىڭ يۇزىگە داغلاپ بەلگە سالغان ياكى يۇزىگە ئۇرغان كىشىگە لەنەت قىلغانلىقىم سىلەرگە يەتمىدىمۇ؟» دەپ ئۇلارنى ئۇنىڭدىن چەكلىدى.[①]

1366. **وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ: أمر بحدِّ الشِّفار، وأن تُوارى عن البهائم، «وإذا ذبح أحدكم؛ فليُجهِز». أخرجه أحمد وغيره، السلسلة الصحيحة**: 3130.

1366. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مال سويغۇچىلارنى پىچاقنى ياخشى بىلەشكە ۋە ئۇنى مالغا كۆرسەتمەسلىككە بۇيرۇدى، ئاندىن: «مال سويماقچى بولساڭلار، ئۇنى تېز بوغۇزلاڭلار!» دېدى.[②]

1367. **وعن أنس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «اركبوا هذه الدَّوابَ سالمةً، وايتدِعوها سالمةً، ولا تتخذوها كراسِيَّ». أخرجه الحاكم، والبيهقي، وأحمد، السلسلة الصحيحة**: 21.

1367. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھايۋانلارنى سالامەت ھالىتىدە مىنىڭلار، ھايۋانلارنى سالامەت ھالدا ئامانەت قالدۇرۇڭلار ۋە ھايۋانلارنى ئورۇندۇق قىلىۋالماڭلار».[③]

1368. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إيَّاكم أن تتخذوا ظهورَ دوابِّكم منابرَ؛ فإن اللَّه إنما سخَّرها لكم لتبلغكم إلى بلدٍ لم تكونوا بالغيه إلا بِشِقِّ الأنفُسِ، وجعل لكم الأرضَ؛ فعليها فاقضوا حاجاتكم». صحيح سنن أبي داود**: 2238.

1368. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ دۈمبىسىنى مۇنبەر قىلىۋېلىشتىن

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 3130 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

③ ئەھمەد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 21 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

قەتئىي ساقلىنىڭلار! شەك-شۈبھىسىزكى، الله سىلەرگە ئۇنى سىلەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتتە ئاران يېتىپ بارىدىغان جايلارغا بېرىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى. زېمىننى سىلەرگە قولايلىق قىلىپ بەردى. زېمىن ئۈستىدە ھاجەتلىرىڭلارنى ئادا قىلىڭلار».①

1369. وعن سهل بن الحنظليَّة رضي اللَّه عنه، قال: مرَّ رسولُ اللَّه ﷺ ببعير قد لحقَ ظهرَه ببطنِه، فقال: «اتقوا اللَّه في هذه البهائم المُعجمَة؛ فاركبوها صالحةً، وكلوها صالحةً». صحيح سنن أبي داود: 2221.

1369. سەھل ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئورۇقلاپ تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن بىر تۆگىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «سۆزلىيەلمەيدىغان بۇ ھايۋانلار ھەققىدە الله تىن قورقۇڭلار. ئۇنى ياخشى بېقىپ مىنىڭلار، ياخشى بېقىپ يەڭلار» دېدى.②

1370. عن عبد اللَّه بن جعفر رضي اللَّه عنه، قال: دخل النبيُّ ﷺحائطاً لرجلٍ من الأنصار، فإذا جمل، فلما رأى النبيَّ ﷺ حَنَّ وذرفت عيناه، فأتاه النبيُّ ﷺ فمسَحَ ذَفرَاه، فسكَتَ، فقال: «من ربُّ هذا الجمل؟ لمن هذا الجمل؟!»، فجاء فتى من الأنصار، فقال: «لي يا رسولَ اللَّه!». فقال: «أفلا تتقي اللَّه في هذه البهيمة التي ملَّكَكَ اللَّه إيَّاها، فإنه شكا إليَّ أنك تُجيعهُ وتُدئِبه». صحيح سنن أبي داود: 2222.

1370. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر ئەنسارىنىڭ بېغىغا كىردى. باغدا بىر تۆگە بار بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرۈپلا زارلاشقا باشلىدى، ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلاقلىرىنى سىلاپ قويغانىدى، تۆگە جىمىپ قالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ تۆگىنىڭ ئىگىسى كىم؟ بۇ تۆگە كىمنىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، بىر ئەنسارى يىگىت

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ تۆگەم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «الله ساڭا بەرگەن بۇ ھايۋان ھەققىدە الله تىن قورقساڭ بولمامدۇ؟ ئۇ ماڭا سېنىڭ ئۇنى ئاچ قويغانلىقىڭنى ۋە قاتتىق ئىشلەتكەنلىكىڭنى ئېيتىپ شىكايەت قىلدى» دېدى.[1]

1371. عن ابن عباس رضي اللّه عنه، قال: مرَّ رسولُ اللّه ﷺ على رجل واضعٌ رجلَه على صَفحَةِ شاة، وهو يحدُّ شفرَته، وهي تلحظُ إليه ببصرها، فقال: أفلا قبلَ هذا؟! أتُريد أن تُميتها موتتين؟!. رواه الطبراني في الكبير، وغيره، السلسلة الصحيحة: 24.

1371. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ يولدا كېتىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ قوينىڭ بوينىغا دەسسەپ تۇرۇپ، پىچىقىنى بىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. قوي (پىچاق بىلەۋاتقان ئادەمگە) قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <قوينى ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن پىچىقىڭنى بىلىۋالساڭ بولمامتى؟ ياكى سەن بۇ قوينى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟> دېدى».[2]

1372. وفي رواية: «أتريدُ أن تُميتَها موتات؟! هلاَّ حدَدتَ شفرَتَك قبلَ أن تَضجَعها». أخرجه الحاكم في المستدرك 231/4، وقال: صحيح على شرط البخاري.

1372. يەنە بىر نەقىلدە: «سەن بۇ قوينى بىرقانچە قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ نېمىشقا پىچىقىڭنى قوينى ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن بىلىمىدىڭ؟» دەپ كەلگەن.[3]

1373. وعن عبد اللّه بن عمر رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «عُذِّبت امرأةٌ في هرَّةٍ سجنتها حتى ماتت فدخلت فيها النار؛ لا هي أطعمتها ولا سقتها إذْ حبستها، ولا هي تركتها تأكلُ من خشَاشِ الأرض». متفق عليه.

1373. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈككە يېمەك ـ ئىچمەك بەرمەي ياكى ئۇنى سىرتتىكى جانلىقلارنى يېيىشكە قويۇپ بەرمەي، ئۆلۈپ قالغۇچە

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تەبەرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىپ ئازابلانغان».[1]

**1374. وعن أسماء بنت أبي بكر رضي اللّٰه عنها: أنَّ النبيَّ صلَّى صلاةَ الكُسوف، فقال: «دنَت منِّي النارُ، حتى قلت: <أي رَبِّ وأنا معهم>، فإذا امرأةٌ تخدشُها هِرَّةٌ، فقال: <ما شأنُ هذه؟>، قالوا: <حبَسَتْها حتى ماتتْ جُوعاً؛ لا أطعَمَتها ولا أرسَلَتْها تأكُلُ من خَشَاشِ الأرض>». البخاري.**

1374. ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئوقۇپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «دوزاخ ماڭا يېقىنلاشتى، ھەتتا مەن: <ئى رەببىم! مەن ئۇلار بىلەن بىرگە بولامدىم؟> دەپ سورىدىم. مەن يەنە بىر مۈشۈكنىڭ تىرناقلىرى بىلەن بىر ئايالنى تاتىلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن: <بۇ ئايالغا نېمە بوپتۇ؟> دەپ سورىسام، پەرىشتىلەر: <ئۇ ئايال مۈشۈكنى ئاچ ھالەتتە تائام بەرمەي ئۆلۈپ قالغۇچە سولاپ قويغان. ئۇ ئايال مۈشۈكنى قويۇپ بەرگەن بولسا ھاشارەت تۇتۇپ يەيتتى> دېدى».[2]

**1375. عن أبي الدرداء رضي اللّٰه عنه، عن النبي ﷺ: «لو غُفِر لكم ما تأتون إلى البهائم لغُفِر لكم كثيراً». أخرجه أحمد، السلسلة الصحيحة: 514.**

1375. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ناۋادا سىلەرنىڭ ھايۋانلارغا بەرگەن ئەزىيەتلىرىڭلار كەچۈرۈلسە، كۆپ گۇناھىڭلار كەچۈرۈلگەن بولاتتى».[3]

**1376. عن سوادة بن الربيع، قال: أتيت النبيﷺ وأمر لي بذَود، قال لي: «مُرْ بنيك أن يقصوا أظافِرَهم عن ضروعِ إبلهم ومواشِيهم، وقل لهم: فليحتلبوا عليها سِخَالها، لا تدركها السَّنَةُ وهي عِجَافٌ». أخرجه البخاري في التاريخ، السلسلة الصحيحة: 1936.**

1376. سەۋاد ئىبنى رەبىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، ئۇ ماڭا بىر دانە تۆگە بېرىپ:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئەھمەد توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 514 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

«بالىلىرىڭىزنى بۇيرۇڭ، ئۇلار تۆگە ۋە چارۋا ماللارنى ساغقاندا ئىرناقلىرىنى قىسقارتىپ ساغسۇن. يەنە بالىلىرىڭىزغا ئېيتىڭكى، چارۋا ماللارنىڭ بالىلىرىنى ئانىلىرىنى ئەمگىلى قويسۇن، چارۋا ماللارنىڭ بالىلىرى ئورۇق تۇرۇپ بىر ياشقا كىرىپ قالمىسۇن» دېدى.①

1377. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: قال رسولُ اللّه ﷺ: «إذا باع أحدُكم الشاةَ واللِّقحة؛ فلا يُحفِّلها». صحيح سنن النسائي: 4178.

1377. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار سۈتلۈك قويىنى ۋە سۈتلۈك تۆگىسىنى ساتماقچى بولسا، ئۇنىڭ سۈتىنى (بىرنەچچە كۈن ساغماي) چىڭقاپ قويمىسۇن».②

1378. وعن عبد اللّه بن مسعود رضي اللّه عنه: أنَّ النَّبي ﷺ نزل منزلاً فأخذ رجلٌ بيضَ حُمَّرة، فجاءت تَرِفُّ على رأسِ رسول اللّه ﷺ فقال: «أيُّكم فَجَعَ هذه بيضتها؟»، فقال رجل: «يا رسولَ اللّه أنا أخذتُ بيضتها»، فقال النبيُّ ﷺ: «اردُدْهُ؛ رحمةً لها». صحيح الأدب المفرد: 295.

1378. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ سەپەردە بىر يەرگە چۈشكەندە بىر كىشى كىچىك بىر قىزىل قۇشنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىۋالغان ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ قۇش ئۇچۇپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلانغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ قۇشنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلغان قايسىڭلار؟» دەپ سورىدى. قۇشنىڭ تۇخۇمىنى ئالغان كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ تۇخۇمىنى مەن ئالغان ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: «قۇشقا رەھىم قىلىپ تۇخۇمىنى قايتۇرۇپ بەرگىن» دېدى.③

1379. وفي رواية عنه، قال: كنا مع رسولِ اللّه ﷺ في سفر، فانطلَقَ لحاجته، فرأينا حُمَّرةً معها فرخان، فأخذنا فرخَيها، فجاءت الحمَّرة فجعلت تَفرِشُ، فجاء النبيُّ ﷺ فقال:

① بۇخارى «التاريخ» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1936 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.
② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«مَن فجعَ هذه بولدها؟ رُدُّوا ولَدَها إليها». ورأى قرية نمل قد حرقناها، فقال: «من حرَقَ هذه؟»، قلنا: «نحنُ»، قال: «إنه لا ينبغي أن يُعذِّبَ بالنارِ إلا ربُّ النار». صحيح سنن أبي داود: 2329.

1379. يەنە بىر نەقىلدە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مەلۇم بىر سەپەردە بىرگە ئىدۇق. ئۇ بىر ھاجەت بىلەن كېتىپ قالدى. شۇ ئەسنادا بىز ئىككى بالىسى بار قىزىل بىر قۇشنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى تۇتۇۋالغانىدۇق، قۇش قاناتلىرىنى يېيىپ ئەتراپىمىزغا كېلىۋالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ كېلىپ: «كىم بۇ قۇشنى ئۈركۈتۈپ، بالىلىرىنى تۇتۇۋالدى؟ بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!» دېدى. كېيىن ئۇ بىز كۆيدۈرۈۋەتكەن چۈمۈلە ئۇۋىلىرىنى كۆرۈپ: «بۇلارغا كىم ئوت قويۇۋەتتى؟» دەپ سورىدى، بىز: «بىز ئوت قويدۇق» دېسەك، پەيغەمبەر ﷺ: «پەقەت ئوتنىڭ ئىگىسى بولغان الله لا جانلىقلارنى ئوت بىلەن ئازابلاشقا ھەقلىقتۇر» دېدى.[1]

1380. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن رسول اللَّه ﷺ: «أنَّ نملةً قرصَت نبياً من الأنبياء، فأمرَ بقريَّة النَّملِ فأُحرِقَت، فأوحى اللَّه إليه: <أفي أنْ قَرصَتْكَ نملةٌ، أهلكتَ أمَّةً من الأممِ تُسَبِّحُ>». متفق عليه.

1380. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەردىن بىرىنى چۈمۈلە چېقىۋالغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. نەتىجىدە، چۈمۈلە ئۇۋىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. شۇ چاغدا الله ئۇنىڭغا: <سېنى بىر چۈمۈلە چاقسا، سەن الله قا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بىر ئۇممەتنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتتىڭ> دەپ ۋەھيى نازىل قىلدى».[2]

1381. وعنه، أن النبيَّ ﷺ قال: «نزلَ نبيٌّ من الأنبياء تحتَ شجرةٍ، فلدَغَتْهُ نملةٌ، فأمرَ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**بجهازه، فأُخرِجَ مِن تحتِها، ثم أمرَ بها فأُحرِقت، فأوحى اللّٰه إليه: <فهَلاَّ نملةً واحدةً>». مسلم.**

1381. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەردىن بىرى (ئارام ئېلىش ئۈچۈن) بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشكەن ئىدى، ئۇ پەيغەمبەرنى بىر چۈمۈلە چېقىۋالدى. ئۇ پەيغەمبەر نەرسە-كېرەكلىرىنى دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، نەرسە-كېرەكلىرى ئېلىپ كېتىلگەندىن كېيىن چۈمۈلىلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. نەتىجىدە، چۈمۈلىلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: <نېمە ئۈچۈن سېنى چاققان بىرلا چۈمۈلىنى جازالىمىدىڭ؟> دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدى».[1]

**1382. وفي رواية، عن الحسن: «نزل نبي من الأنبياء تحت شجرةٍ، فلدغته نملةٌ، فأمرَ ببيتهنَّ فحُرق على ما فيها، فأوحى اللّٰه إليه: <فهَلاَّ نملةً واحدةً>». صحيح سنن النسائي 4066.**

1382. ھەسەننىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەرلەردىن بىرى (ئارام ئېلىش ئۈچۈن) دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشكەندە بىر چۈمۈلە ئۇنى چېقىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيغەمبەر چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىلىرىغا ئوت قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. الله تائالا ئۇۋىدىكى چۈمۈلىلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن سەۋەبلىك: <نېمە ئۈچۈن شۇ بىرلا چۈمۈلىنى جازالىمىدىڭ؟> دەپ ۋەھيي قىلغان ئىدى».[2]

**1383. وعن عبد اللّٰه بن عباس رضي اللّٰه عنه، قال: إنَّ النبيَّ ﷺ نهى عن قتل أربعٍ من الدواب: النَّملةُ، والنَّحْلةُ، والهُدهُد، والصُّرَد. صحيح سنن أبي داود: 4387.**

1383. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۆپ ۋە سۇرەد

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

(بېشى، تۇمشۇقى ۋە پەيلىرى چوڭ، يېرىمى ئاق، يېرىمى قارا رەڭدىكى قۇش) قاتارلىق تۆت خىل جانلىقنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى».①

1384. وعن أبي هريرة رضي اللّه عنه، قال: «نهى رسولُ اللّه ﷺ عن قتلِ الصُّرَدِ، والضُّفدَعِ، والنملَةِ، والهُدهد». صحيح سنن ابن ماجه: 2608.

1384. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ سۇرەد، پاقا، چۈمۈلە ۋە ھۆپۈپ قاتارلىق جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىدى».②

1385. وعن هشام بن زيدٍ قال: «دخلتُ مع أنسٍ على الحَكَم بن أيوب، فرأى غلماناً أو فتياناً نصبوا دجاجةً يرمونَها، فقال أنَس: <نهى النبيُّ ﷺ أن تُصْبَرَ البهائمُ>». متفق عليه.

1385. ھىشام ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئەنەس بىلەن بىرگە ھەكەم ئىبنى ئەييۇبنىڭ يېنىغا كىرگەن ئىدىم. ئەنەس ياش يىگىتلەرنىڭ توخۇنى نىشان قىلىۋېلىپ ئوق ئېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: <پەيغەمبەر ﷺ ھايۋانلارنى نىشان قىلىپ تۇختىتىپ قويۇشتىن توسقان> دېدى».③

1386. وعن ابن عمر رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إن أعظمَ الذنوبِ عند اللّه رجلٌ تزوَّجَ امرأةً، فلمَّا قضى حاجتَه منها طلَّقها وذَهبَ بمهرها، ورجلٌ استعملَ رجلاً فذهبَ بأجرته، وآخَرُ يقتلُ دابَّةً عَبَثاً». أخرجه الحاكم، السلسلة الصحيحة: 999.

1386. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھ قىلغۇچى بولسا، بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئاندىن ئۇ ئايالدىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىۋېتىپ، تويلۇقىنى ھەم ئېلىۋالغان كىشى؛ يەنە بىرى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى؛

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

يەنە بىرى، بىرەر ھايۋاننى بىھۇدە ئۆلتۈرگەن كىشى».①

1387. وعن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه ،أنه دخلَ على يحيى بن سعيد، وغلامٌ من بني يحيى رابطٌ دجاجةً يرميها، فمشى إليها ابن عمرَ حتَّى حلَّها، ثم أقبلَ وبالغلام معهُ فقال: ازجروا غلامَكُم عن أن يَصْبِرَ هذا الطيرَ للقتلِ، «فإني سمعتُ النبيَّ ﷺ نهى أن تُصبَرَ بهيمةٌ أو غيرُها للقتل». متفق عليه.

1387. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدى، يەھيانىڭ بالىلىرىدىن بىرى بىر توخۇنى باغلاپ قويۇپ نىشانغا ئېلىۋاتقان ئىدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توخۇنىڭ يېنىغا بېرىپ توخۇنى يېشىۋەتتى ۋە ھېلىقى بالىنى ئېلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «بالىلىرىڭلارنى قۇشلارنى تىكلەپ قويۇپ نىشانغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشتىن توسۇڭلار، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چارۋا مال ياكى ئۇنىڭدىن باشقا جانلىقنى تىكلەپ قويۇپ نىشانغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم».②

1388. وعن سعيد بن جُبير رضي اللَّه عنه، قال: «كنتُ عند ابن عمرَ، فمرُّوا بفتيةٍ أو نفر، نصبوا دجاجةً يرمونَها، فلما رأَوا ابن عمر تفرَّقوا عنها. وقال ابن عمر: <من فعلَ هذا؟! إنَّ النبيَّ ﷺ لعنَ مَن فعلَ هذا>». متفق عليه.

1388. سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ بىر توخۇنى نىشان ئۈچۈن تىكلەپ قويۇپ ئوق ئېتىپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇلار ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كەتتى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بۇنى كىم قىلدى؟ پەيغەمبەر ﷺ بۇنداق قىلغان كىشىگە لەنەت قىلغان> دېدى».③

1389. وفي رواية عنه: «لعنَ النبيُّ ﷺ مَن مثَّلَ بالحيوان». متفق عليه.

① ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

1389. سەئىد ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھايۋانلارنىڭ سۇرىتىنى سەتلەشتۈرگەن كىشىلەرگە لەنەت قىلغان».[1]

1390. وعن عبد اللَّه بن جعفر رضي اللَّه عنه، قال: مرَّ رسولُ اللَّه ﷺ على أناسٍ وهم يرمون كَبشًا بالنبلِ، فكره ذلك، وقال: «لا تُمثِّلوا بالبهائم». صحيح سنن النسائي: 4137.

1390. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىر قوچقارنى ئوق ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <ھايۋانلارنىڭ جىسمىنى سەتلەشتۈرمەڭلار> دېدى».[2]

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك ئەسەرلەر خاتىرىلەنگەن:

1391. وفي الأثر، عن المسيب بن دار، قال: رأيتُ عمرَ بن الخطاب رضي اللَّه عنه ضرَبَ جمَّالاً، وقال: «لِمَ تحملُ على بعيرك مالا يُطيق؟!».

1391. مۇسەييەب ئىبنى دارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «تۆگەڭ كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى نېمىشقا تۆگەڭگە ئارتىسەن؟» دەپ تۆگىچىلەرنى ئۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

1392. وعن عاصم بن عبيد اللَّه بن عاصم بن عمر بن الخطاب: أن رجلاً حدَّ شفرة، وأخذ شاةً ليذبحها، فضربَهُ عمرُ بالدُّرَّةِ وقال: «أتعذِّبُ الروحَ، ألا فعلتَ هذا قبل أن تأخذَها؟!».

1392. ئاسىم ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاسىم ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوينى باغلاپ تەييار قىلىپ بولۇپ، ئاندىن پىچىقىنى بىلىگەن بىر كىشىنى دەررە بىلەن ئۇرغان ئىدى ۋە: «ئۇنى قىينىماقچىمۇ؟ نېمىشقا پىچىقىڭنى قوينى تۇتۇشتىن بۇرۇن بىلىمەيسەن؟» دېگەن.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**1393. وعن محمد بن سيرين أن عمرَ رضي اللّٰه عنه رأى رجلاً يجرُّ شاةً ليذبحها فضربه بالدُّرَّةِ وقال: «سقها ـ لا أمَّ لك ـ إلى الموتِ سَوقاً جميلاً».**

1393. مۇھەممەد ئىبنى سىيرىندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قوينى بوغۇزلاش ئۈچۈن سۆرەۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرغان. ئاندىن: «ئۆلگۇر! قوينى بوغۇزلايدىغان يەرگە چىرايلىق ئېلىپ بارغىن» دېگەن.

**1394. وعن وهب بن كيسان أن ابن عمر رأى غنماً في مكانٍ قبيحٍ، وقد رأى ابن عمر مكاناً أمثلَ منه، فقال ابن عمر: ويحكَ يا راعي حوِّلها، فإني سمعت النبيَّ ﷺ يقول: «كلُّ راعٍ مسؤولٌ عن رعيته».**

1394. ۋەھب ئىبنى كەيساندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قوينىڭ مەينەت بىر ئورۇندا بېقىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئورۇننى كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ: «ئى پادىچى! ۋاي ئىسىت ساڭا، قوينى يۆتكىگىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <ھەربىر پادىچى ئۆز پادىسىدىن سوئال قىلىنىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.

**1395. وعن معاوية بن قرة قال: كان لأبي الدرداء جمل يُقال له دمون، فكان إذا استعاروه منه قال: لا تحملوا عليه إلا كذا وكذا؛ فإنه لا يطيق أكثر من ذلك، فلما حضرته الوفاة قال: «يا دمون لا تخاصمني غداً عند ربي، فإني لم أكن أحمل عليك إلا ما تُطيق!».**

1395. مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەمون دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۆگىسى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن بۇ تۆگىسىنى ئارىيەتكە سورىسا: «تۆگىگە ئانچىلىك مۇنچىلىك يۈك ئارتىڭلار، تۆگە ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى كۆتۈرەلمەيدۇ» دەيتتى. ئۇنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا: «ئى دەمون! ئەتە رەببىمنىڭ ھۇزۇرىدا مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلما! چۈنكى، مەن ساڭا سەن كۆتۈرەلەيدىغان يۈكنىلا ئارتتىم» دېگەن ئىدى.

1396. وعن أبي عثمان الثقفي قال: كان لعمر بن عبد العزيز رضي اللّٰه عنه غلام يعمل على بغلٍ له يأتيه بدرهم كل يوم، فجاء يوماً بدرهم ونصف، فقال: «أما بَدا لك؟»، قال: «نفقت السوقُ». قال: «لا ولكنك أتعبت البغل؛ أجمّه ثلاثَةَ أيام». السلسلة الصحيحة 37/1.

1396. ئەبۇ ئوسمان سەقەفىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بىر خىزمەتكارى بولۇپ، ئۇ خىزمەتكار ئۇنىڭ قېچىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئىشلەپ پۇل تاپاتتى. ھەر كۈنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە بىر دەرھەم ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ مەلۇم بىر كۈنى بىر يېرىم دەرھەم ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭغا: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىۋېدى، خىزمەتكار: «بازارنىڭ ئەھۋالى شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «ياق ئۇنداق ئەمەس، بەلكى سەن قېچىرنى قاتتىق ئىشلىتىپسەن. ئۇنى ئۈچ كۈن ئارام ئالدۇرغىن» دېدى.[1]

❖ **ھايۋانلارغا لەنەت ئوقۇشتىن توسۇش ھەققىدە**

1397. عن عمران بنُ حُصَين رضي اللّٰه عنه، قال: بينما رسولُ اللّٰه ﷺ في بعضِ أسفاره، وامرأةٌ من الأنصار على ناقة، فضَجِرت فلعَنَتْها، فسمعَ ذلك رسولُ اللّٰه ﷺ فقال: «خُذوا ما عليها ودَعُوها؛ فإنها ملعونةٌ». قال عمران: «فكأنِّي أراها الآنَ تمشي في النَّاسِ، ما يَعرِضُ لها أحدٌ». مسلم.

1397. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىر سەپەردە كېتىۋاتاتتى. بىر ئەنسارى ئايال مىنىۋالغان تۆگىسىنىڭ ئەسكى خۇيىدىن تېرىكىپ تۆگىسىگە لەنەت قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ: «ئۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىپ، قويۇپ بېرىڭلار، چۈنكى ئۇ لەنەتلەندى» دېدى. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تۆگىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرگىنى، ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلمىغىنى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ» دېدى.[2]

---

[1] «السلسلة الصحيحة» 1- توم 37- بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

1398. وفي رواية عن أبي بَرْزَةَ الأسلمي، قال: بينما جاريةٌ على ناقة، عليها بعضُ متاعِ القومِ إذْ بَصُرَت بالنبيِّ ﷺ وتَضايقَ بهم الجبلُ، فقالت: حَلْ اللَّهمَّ العنها، قال النبيُّ ﷺ: لا تُصاحِبُنَا ناقةٌ عليها لَعنةٌ. مسلم.

1398. يەنە بىر نەقىلدە ئەبۇ بەرزە ئەسلەمىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر سەپەردە بويىغا يەتكەن بىر قىز كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى بار بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ قىز پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرۈپ قېلىپ (ئۇزىنى قاچۇراي دېسە) تاغ يولى تار كېلىپ، تۆگىسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن «ھوش...» دېگىنىچە: «ئى الله ! بۇ تۆگىگە لەنەت قىلغىن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: «لەنەت ئېيتىلغان تۆگە بىزگە ھەمراھ بولمىسۇن» دېدى.[1]

❖ ھايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش ۋە ئاختا قىلىشتىن توسۇش ھەققىدە

1399. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه: «أنه كره أن يُحرَّش بين البهائم». صحيح الأدب المفرد: 936.

1399. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئۇ (ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ھايۋانلارنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشنى يامان كۆرەتتى».[2]

1400. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «نهى عن صبر الروحِ، وخِصاء البهائم». رواه البيهقي في السنن، صحيح الجامع: 6960.

1400. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ جانلىقنى نىشان ئۈچۈن تىكلەپ قويۇشتىن ۋە ھايۋاناتلارنى ئاختا قىلىشتىن توسقان».[3]

1401. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ: «نهى عن خِصاء الخيل، والبهائم».

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «صحيح الأدب المفرد» 936- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] بەيھەقى «السنن» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «صحيح الجامع» 6960- نومۇرلۇق ھەدىس.

رواه أحمد، صحيح الجامع: 6956.

1401. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئات ۋە باشقا ھايۋانلارنى ئاختا قىلىشتىن توسقان ئىدى».[1]

1402. وعن ابن عباس رضي اللَّه عنه: أن رسولَ اللَّه ﷺ نهى عن صبرِ ذِي الروح، وعن إخصاء البهائم نهياً شديداً». رواه البزار، ورجاله رجال الصحيح.

1402. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ جانلىقنى نىشان قىلىپ تىكلەشتىن ۋە ھايۋانلارنى ئاختا قىلىشتىن قاتتىق توسقان».[2]

### ❖ ئادەم بالىلىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ ھايۋاناتلارغا بولغان يامان تەسىرى ھەققىدە

1403. عن ابن عمر رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «لم يمنَعْ قومٌ زكاةَ أموالهم إلا مُنِعُوا القَطْرَ من السَّماء، ولولا البهائم لم يُمطَروا». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 5204.

1403. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «‹ئەگەر ھايۋانلار بولمىغان بولسا ئىدى، ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن قەۋمگە يامغۇر ياغدۇرۇلمىغان بولاتتى›».[3]

1404. وعن أبي الأحوص، قال: قرأ ابن مسعود: ﴿وَلَوْ يُؤَاخِذُ اللَّهُ النَّاسَ بِمَا كَسَبُوا مَا تَرَكَ عَلَى ظَهْرِهَا مِن دَابَّةٍ وَلَكِن يُؤَخِّرُهُمْ﴾ الآية. فاطر:45. فقال: «كادَ الجُعَلُ يُعَذَّبُ في جُحْرِهِ بذنبِ ابنِ آدَمَ». رواه الحاكم، وقال: صحيح الإسناد.

1404. ئەبۇ ئەھۋەسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر الله ئىنسانلارنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالايدىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچبىر جان ئىگىسىنى قويمىغان بولاتتى، لېكىن الله ئۇلار (دىن ھېساب ئېلىش)نى مۇئەييەن ۋاقىتقىچە تەخىر

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.

[2] بەززار توپلىغان.

[3] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 5204 - نومۇرلۇق ھەدىس.

قىلىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئاندىن: «ئادەم بالىلىرىنىڭ گۇناھى سەۋەبلىك ھەتتا ئۆۋىسىدىكى قۇرۇتمۇ ئازابلانغىلى تاس قالدى» دېگەن.[2]

**❖ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگىتىدىغان ئالىمغا بېلىق ۋە چۈمۈلە قاتارلىق ھەممە ھايۋانلارنىڭ دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە**

1405. **عن أبي الدرداء رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «إن العالِمَ ليستغفرُ له مَن في السماواتِ ومَن في الأرض، حتى الحِيتان في الماءِ». رواه أبو داود، والترمذي، وابن ماجه.**

1405. ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئالىم ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە مەخلۇقلار (يەنى پەرىشتىلەر ئىنسانلار ۋە جىنلار)دىن تارتىپ، ھەتتاكى سۇدىكى بېلىقلارغىچە مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ».[3]

1406. **وعن جابر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «مُعَلِّمُ الخيرِ يَسْتَغْفِرُ له كُلُّ شيءٍ حتى الحيتانُ في البحارِ». أخرجه الطبراني في الأوسط، السلسلة الصحيحة: 3024.**

1406. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىقنى ئۆگەتكەن كىشىگە ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارغىچە ھەممە نەرسە مەغپىرەت تىلەيدۇ».[4]

1407. **وعن أبي أمامة الباهِلي رضي اللَّه عنه، قال: قال رسول اللَّه ﷺ: «إنَّ اللَّه وملائكتَهُ وأهلَ السماوات والأرض حتى النَّملَةَ في جُحرها، وحتى الحوتَ، ليصلون على معلِّمي الناسِ الخيرَ». رواه الترمذي، وقال: حديث حسن صحيح. صحيح الجامع: 1838.**

1407. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا ياخشىلىق ئۆگەتكەن كىشىلەرگە الله ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىدىن تارتىپ، ھەتتاكى ئۆۋىسىدىكى چۈمۈلە ۋە

---

[1] سۈرە فاتىر 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

[4] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.

بىلىقلارغىچە ھەممە جانلىق رەھمەت يوللايدۇ». [1]

**❖ ئات بېقىشنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭغا قىزىقتۇرۇش ۋە ئات بىلەن مۇسابىقىلىشىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە**

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحاً﴾ فَالْمُورِيَاتِ قَدْحاً﴾ فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحاً﴾ فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعاً﴾ فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعاً﴾ «(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى [1 ـ 5]» [2].

1408. عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخيلُ معقودٌ في نواصيها الخيرُ». متفق عليه.

1408. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر». [3]

1409. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه،أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «الخيلُ في نواصيها الخيرُ إلى يوم القيامة». متفق عليه.

1409. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر». [4]

1410. وعن عروة البارقي، عن النبي ﷺ قال: «الإبلُ عِز لأهلها، والغنمُ بَركةٌ، والخيرُ معقودٌ في نواصي الخيلِ إلى يومِ القيامة». أخرجه ابن ماجه، وغيره، السلسلة الصحيحة: 1763.

1410. ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە ئادىيات 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «تۆگە ئىگىسىگە ئىززەتتۇر، قوي بەرىكەتتۇر ۋە ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر».[1]

1411. وعنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «الخيلُ مَعقُودٌ في نواصيها الخيرُ إلى يومِ القيامةِ: الأجرُ، والمَغْنَمُ». متفق عليه.

1411. ئۇرۋە بارىقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر».[2]

1412. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «الخيلُ لثلاثة: لرجلٍ أجرٌ، ولرجلٍ سِترٌ، وعلى رجلٍ وزرٌ؛ فأما الذي له أجرٌ فرجلٌ ربطَها في سبيلِ اللَّه، فأطالَ لها مَرْجٍ أو روضةٍ، وما أصابت في طِيَلِهَا من المرج أو الروضةِ كانت له حسنات، ولو أنَّها قطَعَت طِيَلَهَا فاستَنَّتْ شَرَفاً أو شَرَفين، كانت آثَارُها وأوراثُها حسنات له، ولو أنها مَرَّت بنَهَرٍ فشَرِبَت ولم يُرِد أن يسقيَها، كان ذلك له حسناتٍ. ورجلٌ ربطَها تغنياً وستراً وتعفُّفاً، ولم ينسَ حقَّ اللَّه في رقابِها وظهورِها فهي له كذلك سِترٌ، ورجلٌ ربطَها فخراً ورياءً ونِوَاءً لأهلِ الإسلامِ فهي وِزْرٌ». متفق عليه.

1412. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: كىشىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان ئات، كىشىنىڭ ھاجىتىنى قامدايدىغان ئات، كىشىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات. ئىگىسىگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان ئات يايلاق ياكى باغچىدا ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قىلىپ الله يولىدا باغلاپ قويۇلغان ئات بولۇپ، ئات يايلاق ياكى باغچىدىن ئارغامچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا يېتىپ بارغانلىكى يەر شۇ كىشىگە ياخشىلىق بولىدۇ. ئەگەر ئات ئارغامچىنى ئۈزۈۋېتىپ بىر ياكى ئىككى دۆڭدە ئوتلىغان بولسا ئاتنىڭ ئىزلىرى ۋە تېزەكلىرى شۇ كىشىگە ياخشىلىق بولىدۇ؛ ئەگەر ئات ئىگىسى سۇغۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغان بولسىمۇ بىر

[1] ئىبنى ماجە توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1763 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆستەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئىچكەن بولسا، شۇمۇ ئىگىسىگە ياخشىلىق بولىدۇ. ھاجىتىنى قامدايدىغان ئات كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇش، ھاجىتىنى قامداش ۋە باشقىلاردىن بىرنەرسە سورىماسلىق ئۈچۈن بېقىلغان ھەمدە ئات ۋە ئات ئىگىسى بولغان اللہ نىڭ ھەققى ئۇنتۇلمىغان ئات بولۇپ، بۇنداق ئات ئىگىسىنىڭ ھاجىتىنى قامدايدۇ. گۇناھ بولىدىغان ئات ماختىنىش، رىيا قىلىش ۋە ئىسلام ئەھلىگە قارشىلىق قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئات بولۇپ، بۇنداق ئات ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ».[1]

1413. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه: «أنَّ نبيَّ اللَّه ﷺ كان يُضمِّرُ الخيلَ يُسابقُ بها». صحيح سنن أبي داود: 2246.

1413. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئورۇقلىتىلغان ئاتلارنى بەيگىگە چۈشۈرەتتى».[2]

1414. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا سبَقَ إلا في خُفٍّ أو حافِرٍ أو نَصْلٍ». صحيح سنن أبي داود: 2244.

1414. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەقەتلا تۆگە، ئات ۋە ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىشكە بولىدۇ».[3]

1415. وعن ابن عمر رضي اللَّه عنه: «أنَّ النبيَّ ﷺ سبَّقَ بين الخيلِ، وأعطى السَّابق». رواه أحمد، وصححه الشيخ ناصر في الإرواء: 1507.

1415. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاتلارنى بەيگىگە سېلىپ، بىرىنچى بولغىنىنى مۇكاپاتلايتتى».[4]

1416. وعن أنسٍ رضي اللَّه عنه، قال: كانت ناقةٌ لرسولِ اللَّه ﷺ تُسَمَّى العضباء؛ وكانت لا تُسْبَقُ، فجاء أعرابيٌّ على قُعُودٍ له فسبَقَها، فاشتدَّ ذلك على المسلمين، وقالوا:

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سُبِقَت العَضْبَاءُ! فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّ حقَّاً على اللَّه أن لا يَرفَعَ شيئاً من الدُّنيا إلا وضَعَهُ». البخاري.

1416. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەزبائ ئىسىملىك بىر تۆگىسى بار بولۇپ، باشقا تۆگىلەر ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. بىر ئەئرابى ئۆزى مىنىدىغان تۆگىسىدە (پەيغەمبەر ﷺ بىلەن) مۇسابىقىلىشىپ ئەزبائنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىپ «ئەزبائنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «الله  تائالا دۇنيادا بىرەر نەرسىنى ئۇستۈن قىلغان بولسا، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىشكىمۇ قادىر» دېدى.[①]

**❖ ئاتنى شەرتلىشىش ۋە قىمار ئويناش ئۈچۈن بەيگىگە سېلىشتىن توسۇش ھەققىدە**

1417. عن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «الخيلُ ثلاثةٌ: فَرَسٌ للرحمن، وفرسٌ للإنسانِ، وفرسٌ للشيطان؛ فأما فرسُ الرحمن؛ فالذي يُربَط في سبيلِ اللَّه، فعلفه و روثُه وبولُه ـ و ذكر ما شاء اللَّه ـ أجر، وأما فرسُ الإنسانِ؛ فالفرسُ يرتبطها يلتمسُ بطنَها، فهي سِترٌ من فقر، و أما فرسُ الشيطان؛ فالذي يُقامَر و يُرهَن عليه». أخرجه أحمد، والبيهقي، وصححه الشيخ ناصر في الإرواء: 1508.

1417. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتلار راھمان (يەنى الله )نىڭ ئېتى، ئىنساننىڭ ئېتى ۋە شەيتاننىڭ ئېتى دەپ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئېتى الله  يولىدا ئىشلىتىلىدىغان ئات بولۇپ، ئۇنىڭ ھەلپى، تېزىكى ۋە سۈيدۈكى قاتارلىق ھەممە نەرسىسى ئەجىر بولىدۇ؛ ئىنساننىڭ ئېتى ئاتنىڭ تۇغۇشىنى مەقسەت قىلىپ باققان ئات بولۇپ، ئىنساننىڭ نامراتلىق ھاجىتىدىن چىقىدۇ؛ ئەمما شەيتاننىڭ ئېتى قىمار ياكى قول باغلىشىشقا ئىشلىتىلىدىغان

[①] بۇخارى توپلىغان.

ئاتتۇر». [1]

**❖ ئاتنى بەيگىدە زىيادە ھارغۇزۇشتىن ۋە كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا سېلىشتىن توسۇش ھەققىدە**

1418. عن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه: «أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ سابقَ بين الخيل التي أُضمِرَت من الحَفْيَاء، وأمَدُها ثَنيَّة الوداع، وسابَقَ بين الخيل التي لم تُضمَّر من الثنيَّة إلى مسجدِ بني زُرَيق، وأنَّ عبد اللَّه بن عمر كان فيمن سابقَ بها». متفق عليه.

1418. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئورۇقلىتىلغان ئاتلارنى ھەفيادىن سەنىيەتۇل ۋىداغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئورۇقلىتىلمىغان ئاتلارنى سەنىيەدىن بەنى زۇرەيىق مەسجىدىگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇسابىقىلەشتۈرەتتى، مەن شۇ مۇسابىقىلەشتۈرۈلگەن كىشىلەر ئىچىدە بار ئىدىم». [2]

1419. وفي رواية عند الترمذي: «أنَّ رسولَ اللَّه ﷺ أجرى المضَمَّرَ من الخيل من الحَفْياء إلى ثَنيَّة الوداع، وبينهما ستَّةَ أميالٍ، وما لم يُضمَّر من الخيل من ثَنيَّة الوداع إلى مسجدِ بني زريق؛ وبينهما ميلٌ». صحيح سنن الترمذي: 1389.

1419. تىرمىزىنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئورۇقلىتىلغان ئاتلارنى ھەفيا بىلەن سەنىيەتۇلۋىدا ئارىلىقىدا بەيگىگە سالاتتى، ئۇ ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقى 6 مىل ئىدى. ئورۇقلىتىلمىغان ئاتلارنى سەنىيەتۇلۋىدا بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدى ئارىسىدا بەيگىگە سالاتتى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل ئىدى». [3]

1420. وعن ابن عباس، عن النبي ﷺ قال: «من جَلَبَ على الخَيْلِ يومِ الرِّهانِ، فليسَ منَّا».

1420. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنى بەيگىگە سالغان كۈنى ئاتقا ئەگىشىپ ئۇنى مېڭىشقا

[1] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىزىقتۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس».[1]

**❖ ﷲنىڭ يولىدىكى جىھادقا تەييارلانغان ئاتقا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى**

**1421. عن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «الخيرُ معقودٌ بنواصي الخيلِ إلى يوم القيامةِ، والمنفقُ على الخيلِ كالباسِطِ كفَّهُ بالنفقةِ لا يقبضُها». رواه الطبراني في الأوسط، صحيح الجامع: 3349.**

1421. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كوكۇلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر. ﷲ تائالا يولىدىكى ئاتقا مال سەرپ قىلغۇچى توختىماي خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ».[2]

**1422. وعن سهل بن الحنظليَّة رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «إن المنفِقَ على الخيلِ في سبيلِ اللَّه، كالباسِطِ يدَيهِ بالصدَقَةِ لا يقبِضُها». رواه الطبراني، صحيح الجامع: 1964.**

1422. سەھل ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ﷲ تائالا يولىدىكى ئاتقا مال سەرپ قىلغۇچى توختىماي سەدىقە قىلىپ تۇرىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ».[3]

**1423. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «الخيلُ لثلاثةٍ: هي لِرجُلٍ أجرٌ، وهي لرجلٍ سِترٌ، وهي على رجلٍ وزرٌ، فأما الذي هي له أجرٌ؛ فالذي يتخِذُها في سبيلِ اللَّه، فيُعِدُّها له، هي له أجرٌ لا يُغيِّبُ في بطونها شيئاً إلا كتَبَ اللَّه له أجراً». صحيح سنن الترمذي: 1336.**

1423. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ئۇ بەزىلەرگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، بەزىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما،

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 2331- نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابتا توپلىغان، «صحيح الجامع» 3349- نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] تەبەرانى توپلىغان، «صحيح الجامع» 1964- نومۇرلۇق ھەدىس.

ئېتى ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان كىشى ئېتىنى الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ باقچانلىقى ئۈچۈن، ئات ئۇ كىشىگە پەقەت ئەجىرلا ئېلىپ كېلىدۇ، ھەتتا ئېتى تېزەكلىسە ۋە سىيسە الله تائالا ئۇ كىشىگە ئەجىر يېزىدۇ».[1]

**❖ ئېشەك بىلەن ئاتنى جۈپلەشتۈرۈشتىن توسۇش ھەققىدە**

**1424. عن علي ابن أبي طالب رضي اللَّه عنه، قال: أُهديَت لرسولِ اللَّه بغلةٌ فركبها، فقال علي: «لو حملنا الحميرَ على الخيلِ، فكانت لنا مثلَ هذه»، قال رسولُ اللَّه ﷺ: «إنَّما يفعلُ ذلك الذين لا يعلمون». صحيح سنن أبي داود: 2236.**

1424. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ گە بىر قېچىر سوۋغا قىلىنغان ئىدى، ئۇنى ئۆزى مىندى. مەن: «ئېشەكنى ئاتقا چاپتۇرغان بولساق، بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق قېچىرىمىز بولغان بولسا» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنداق ئىشنى بىلمەيدىغانلار قىلىدۇ» دېدى.[2]

**1425. وعن عبد اللَّه بن عُبَيد اللَّه بن عباس، قال: «كنا جلوساً إلى عبدِ اللَّه بنِ عباس، فقال: <واللَّه ما خصَّنا رسولُ اللَّه بشيء دون الناسِ، إلا بثلاثةِ أشياءٍ: فإنه أمرَنا أن نسبغَ الوضوء، ولا نأكلَ الصَّدقَةَ، ولا نُنْزي الحمُر على الخيل>». صحيح سنن النسائي: 137.**

1425. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ئولتۇرغان ئىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: <الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ بىزنى (ئەھلى بەيتنى) تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىشتا باشقىلاردىن پەرقلىق قىلدى: بىزنى تاھارەتنى كامىل ئېلىشقا[3]، سەدىقە يېمەسلىككە، ئېشەك بىلەن ئاتنى

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇ يەردىكى تاھارەتنى كامىل ئېلىشتىن، ھەربىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن تولۇق يۇيۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى تاھارەتنى بۇ شەكىلدە ئېلىشقا بۇيرۇغان، باشقىلارنى بولسا بۇ شەكىلدە ئېلىشقا قىزىقتۇرغان، ئەمما بۇيرۇمىغان. چۈنكى ھەربىر ئەزانى بىر قېتىمدىن يۇيۇش بىلەن ئېلىنغان تاھارەتمۇ ساغلام تاھارەتتۇر.

جۇپلەشتۇرمەسلىككە بۇيرۇغانىدى».[1]

**❖ ئاتنىڭ كوكۇل چاچلىرى، يايلىسى ۋە قۇيرۇقلىرىنى كېسىشتىن توسۇش ھەققىدە**

1426. **عن عتبة بن عبد السلمي، أنه سمع رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «لا تَقُصُّوا نواصِيَ الخيلِ، ولا معارِفَها، ولا أذنابَها؛ فإن أذنابَها مذَابُّها، ومعارِفَها دِفاؤها، ونواصيها معقودٌ فيها الخير». صحيح سنن أبي داود:** 2217.

1426. ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسسۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاتلارنىڭ كوكۇلىسى، يايلىسى ياكى قۇيرۇقىنى قىسقارتىۋەتمەڭلار، چۈنكى قۇيرۇقى چىۋىن قورۇيدۇ، يايلىسى ئاتنى ئىسسىق ساقلايدۇ، كوكۇلىسىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەن بولىدۇ».[2]

1427. **وعن أبي وهب الجشمي، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ارتبطُوا الخيلَ، وامسحوا بنواصيها وأعجازِها ـ أو قال أكفالها ـ وقلِّدُوها، ولا تقلِّدُوها الأوتار». صحيح سنن أبي داود:** 2226.

1427. ئەبۇ ۋەھب جۇشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات بېقىڭلار، پېشانىسىنى ۋە ساغرىسىنى سىلاڭلار، بويىنىغا بىرنەرسە ئېسىپ قويۇڭلار، ئەمما تارا ئاسماڭلار!».[3]

**❖ ئەرەب ئېتىنىڭ ھەر كۈنى ئىگىسىگە دوستلۇق ئىزھار قىلىدىغانلىقى ھەققىدە**

1428. **عن أبي ذرٍّ رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «ما مِن فرَسٍ عربيٍّ إلا يُؤذَنُ له عندَ كل سحرٍ بكلمات يدعو بهنَّ: <اللَّهمَّ خوَّلْتني من خوَّلتني من بني آدم، وجعلتني له، فاجعلني أحبَّ أهلِهِ ومالِه، أو من أحبِّ أهلِهِ ومالِهِ إليه>». رواه النسائي، صحيح الترغيب والترهيب:** 1251.

---

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

1428. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئەرەب ئېتىغا ھەر سەھەر ۋاقتىدا مۇنداق ئىككى دۇئا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن: <ئى الله! مېنى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ مۈلكى قىلدىڭ، شۇڭا مېنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن ياكى مېنى ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكى ئىچىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن!>».[①]

### ❖ ئىت بېقىش ھەققىدە

1429. عن أبي طلحة الأنصاري رضي اللَّه عنه، قال: سمعتُ رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «لا تدخُلُ الملائكَةُ بيتاً فيه كلبٌ ولا صورةُ تماثِيل». متفق عليه.

1429. ئەبۇ تەلھە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئىت ۋە ھەيكەللەرنىڭ سۈرىتى بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ».[②]

### ❖ پادا بېقىش، ئوۋ ئوۋلاش، دېھقانچىلىق ۋە كۆزەتچىلىككە ئوخشاش مەقسەتلەردە ئىت بېقىشقا رۇخسەت بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدە

1430. عن عبد اللَّه بن عمر رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من اقتنى كلباً؛ إلا كلباً ضارياً لصيدٍ، أو كلبَ ماشيةٍ، فإنه ينقص من أجرِه كل يومٍ قيراطان». متفق عليه.

1430. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىتنى ئوۋ ئوۋلاش ياكى پادىسىنى قوغداش ئۈچۈن باقماي، باشقا مەقسەتتە باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن ئىككى قىيرات[③] كېمىيىدۇ».[④]

1431. وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «من أمسَكَ كلباً يَنقصُ

① نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ: «بىر قىيرات ئۇھۇد تېغىغا تەڭ بولىدۇ» دېگەن.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**من عملِه كلَّ يومٍ قيراطٌ، إلا كلبَ حَرْثٍ أو كلبَ ماشيةٍ». متفق عليه.**

1431. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى چارۋا ياكى ئېكىنزارلىقنى ساقلايدىغان ئىتتىن باشقا ئىت باقسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات كېمىيىپ بارىدۇ».[1]

1432. **وفي رواية: «إلا كلبَ غنمٍ، أو حَرْثٍ، أو صيدٍ». متفق عليه.**

1432. يەنە بىر نەقىلدە: «قوي ۋە زىرائەتنى قوغداش ئۈچۈن ھەمدە ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن بېقىلىدىغان ئىت بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ» دەپ كەلگەن.[2]

1433. **وعن سفيان بن أبي زُهير الشَّنئيِّ، أنه سمع رسولَ اللَّه ﷺ يقول: «من اقتنى كلباً، لا يُغني عنه زَرْعاً ولا ضَرْعاً، نَقَصَ من عَمله كلَّ يومٍ قِيراطٌ». متفق عليه.**

1433. سۇفيان ئىبنى ئەبۇ زۇھەير شەنئى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى زىرائەت ۋە چارۋىنى قوغدىيالمايدىغان ئىتنى باقسا، ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ياخشى ئەمەلىدىن بىر قىيرات كەملەپ كېتىدۇ».[3]

1434. **في رواية عند ابن ماجه، عن عبد اللَّه بن مُغَفَّل: «ثم رخَّص لهم في كلب الزرعِ وكلبِ العِينِ. قال بِندار: العِينُ حِيطانُ المدينة». صحيح سنن ابن ماجه: 2592.**

1434. ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلدىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ زىرائەتنى قوغدايدىغان ۋە كۆزەتچىلىك قىلىدىغان ئىتنى بېقىشىغا رۇخسەت بەرگەن». بىندار مۇنداق دېگەن: «كۆزەتچى ئىت خۇددى شەھەرنىڭ قورشاۋ تاملىرىغا ئوخشايدۇ».[4]

1435. **وعن أبي هريرة رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إذا شَرِبَ الكلبُ في إِناء أحَدِكُم، فليغسِلْهُ سبعَ مراتٍ». متفق عليه.**

1435. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلارنىڭ قاچىسىدا ئىت سۇ ئىچكەن بولسا، ئۇنى يەتتە قېتىم يۇيسۇن».①

1436. وعن عبد اللَّه بن المُغَفَّل رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «إذا ولَغَ الكلبُ في الإناءِ، فاغسلوه سَبْعَ مَرَّاتٍ، وعَفِّروهُ الثامِنَةَ في التُّرابِ». مسلم.

1436. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىت يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم سۇ بىلەن يۇيۇڭلار، سەككىزىنچى قېتىمى توپا بىلەن بولسۇن».②

❖ **مۇشۇك بېقىش ھەققىدە**

1437. عن داود بن صالح بن دينار التمار، عن أمه: أن مولاتها أرسلتها بهريسةٍ إلى عائشة فوجدتها تُصلي، فأشارت إلى أن ضعيها، فجاءت هِرَّةٌ فأكلت منها، فلما انصرفَت أكلت من حيثُ أكلت الهرّة، فقالت: «إن رسولَ اللَّه ﷺ قال: <إنها ليسَتْ بنجَسٍ؛ إنما هي من الطوَّافينَ عليكُم>، وقد رأيتُ رسولَ اللَّه ﷺ يتوضَّأ بفضلها». صحيح سنن أبي داود: 69.

1437. داۋۇد ئىبنى سالىھ ئىبنى دينارى تەممار ئانىسىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: ئۇنىڭ ئانىسى ئازاد قىلغان چۆرىسىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەرىيس دېگەن تاماقتىن ئەۋەتكەن. ئۇ چۆرە تاماقنى ئېلىپ بارغاندا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ناماز ئوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ نامازدا تۇرۇپ تاماقنى قويۇپ قويۇشقا ئىشارەت قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر مۇشۇك كېلىپ تاماقتىن يەۋاپتۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تاماقنىڭ مۇشۇك يەپ قويغان يېرىدىن يەپتۇ ۋە: «پەيغەمبەر ﷺ: <مۇشۇك پاسكىنا ئەمەس، ئۇ سىلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان ھايۋانلاردىن> دېگەن ئىدى، مەنمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۈكتىن ئاشقان سۇ بىلەن تاھارەت ئالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم» دەپتۇ.③

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

1438. وعن كَبْشَةَ بنتِ كعب بن مالك ـ وكانت تحت ابن أبي قَتادة ـ :أن أبا قَتَادَةَ دخل، فسكَبَت له وضوءاً، فجاءت هِرَّةٌ فشَرِبت منه، فأصغى لها الإناءَ حتى شربت. قالت كبشَةُ: فرآني أنظرُ إليه، فقال: «أتعجبين يا ابنة أخي؟»، فقلتُ: «نعم». فقال: «إن رسولَ اللّه ﷺ قال: <إنها ليسَتْ بِنَجَسٍ؛ إنها من الطَوّافينَ عليكم والطوّافات>». صحيح سنن أبي داود: 68.

1438. كەبشە بىنتى كەئب ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: (ئۇ، ئەبۇ قەتادەنىڭ ئوغلىنىڭ نىكاھىدا ئىدى) ئەبۇ قەتادە قېشىمغا كىرگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا تاھارەت ئۇچۇن سۇ قويۇپ بەردىم. بىر مۈشۈك كېلىپ تاھارەت سۈيىنى ئىچكىلى تۇرۇۋېدى، ئۇ قاچىنى سىڭايان قىلىپ بەردى، مۈشۈك ئىچىپ قاندى. ئۇ مېنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ قىزى! ھەيران قالدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «ھەئە» دېدىم. ئۇ: «پەيغەمبەر ﷺ: <مۈشۈك پاسكىنا ئەمەس، ئۇ سىلەرنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان ھايۋانلاردىن> دېگەنىدى» دېدى.①

1439. وعن عائشة رضي اللّه عنها، قالت: «كنتُ أتوضَّأ أنا ورسولُ اللّه ﷺ من إناءٍ واحدٍ، قد أصابت منه الهرَّة قبل ذلك». صحيح سنن ابن ماجه: 295.

1439. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئىككىمىز مۈشۈك ئىچىپ قويغان قاچىدىكى سۇدا تاھارەت ئالغان ئىدۇق».②

**❖ ھەممە جاي تىنچ ـ ئامان بولغان كۈندە يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن ئۆتخور ھايۋانلار بىر ـ بىرىگە زىيان سالماي كېلىشىپ ياشايدۇ، شۇ كۈندىكى كىشىلەرگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!**

1440. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «الأنبياءُ إخوة لِعَلاَّت؛ أمهاتُهُم شتَّى، ودينُهم واحدٌ، وأنا أولى الناس بعيسى ابن مريم، ليس بيني وبينَه نبيٌّ، وإنَّه نازلٌ، فإذا رأيتموه فاعرفوه: رجلٌ مربوعٌ، إلى الحُمْرَةِ والبيَاضِ، بين ممصَّرَتين، كأن رأسَه يَقطرُ،

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

وإنْ لم يُصبه بلَلٌ، فيقاتلِ الناسَ على الإسلام، فيَدُقُّ الصليبَ، ويَقتُلُ الخنزيرَ، ويضعُ الجزية، ويُهلِكُ اللَّه في زمانِه المِلَلَ كلَّها إلا الإسلامَ، ويُهلِكُ المسيحَ الدَّجالَ، وتَقَعُ الأمَنَةُ في الأرضِ حتى تَرتَعُ الأسودُ مع الإبلِ، والنِّمارُ مع البقَرِ، والذِّئابُ مع الغنمِ، ويلعَبُ الصبيانُ بالحيَّاتِ فلا تَضُرُّهم، فيمكُثُ في الأرضِ أربعين سنةً، ثم يُتوَفَّى، فيُصلي عليه المسلمون». أخرجه أبو داود، وابن حبان في صحيحه، وأحمد، السلسلة الصحيحة: 2182.

1440. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەر بىر ئاتىنىڭ بالىلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئانىلىرى باشقا-باشقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ دىنى بىردۇر. مەريەم ئوغلى ئىيساغا ئەڭ يېقىن كىشى مەندۇرمەن. چۈنكى، ئىككىمىز ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىدە شەك يوقتۇر. ئۇنى كۆرگەن چېغىڭلاردا تۆۋەندىكى ئالامەتلىرىدىن تونۇۋېلىڭلار! ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، رەڭگى ئاق قىزىل كېلىدۇ. ئۇستىگە سارغۇچ رەڭلىك ئىككى قۇر كىيىم كىيىدۇ. بېشى ھۆل بولمىسىمۇ، خۇددى سۇ تامچىلاۋاتقاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىسلام ئۇچۈن كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، كرىستنى سۇندۇرىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. الله  تائالا ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلامدىن باشقا ھەممە دىنلارنى يوقىتىدۇ، دەججالنى ھالاك قىلىدۇ. يەر يۈزىدە خاتىرجەملىك بەرپا بولىدۇ، ھەتتا يولۋاسلار تۆگىلەر بىلەن، يىلپىزلار كالىلار بىلەن، بۆرىلەر قويلار بىلەن ئوتلايدۇ. كىچىك باللار يىلانلارنى ئوينايدۇ، يىلانلار باللارغا چېقىلمايدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام زېمىندا 40 يىل تۇرغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى مۇسۇلمانلار چۈشۈرىدۇ».[1]

الله  تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان.

## 22 ـ باب

# جىننىڭ ھەقلىرى

جىنلار ئىچىدە مۇسۇلمان بولۇپ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەنلىرى بىزنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىمىزدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھەقلىرى بار.

اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾** «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[1].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿وَإِذْ صَرَفْنَا إِلَيْكَ نَفَراً مِّنَ الْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ الْقُرْآنَ فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوا أَنصِتُوا فَلَمَّا قُضِيَ وَلَّوْا إِلَى قَوْمِهِم مُّنذِرِينَ﴾** «(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق، ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): <جىم تۇرۇڭلار> دېيىشتى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى»[2].

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **﴿قُلْ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ اسْتَمَعَ نَفَرٌ مِّنَ الْجِنِّ فَقَالُوا إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآناً عَجَباً۝ يَهْدِي إِلَى الرُّشْدِ فَآمَنَّا بِهِ وَلَن نُّشْرِكَ بِرَبِّنَا أَحَداً﴾** «(ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، <بىرقانچە نەپەر جىننىڭ (قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھيى قىلىندى، ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق [1]. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز> [2]»[3].

**1441. عن عبد الله بن مسعود رضي الله عنه، في قوله تعالى: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ**

---

[1] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەھقاف 29 ـ ئايەت.

[3] سۈرە جىن 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەت.

**إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ﴾ الإسراء:57. قال: «كان نفرٌ من الجنِّ أسلموا، وكانوا يُعبَدون، فبقي الذين كانوا يَعبدون على عبادتهم، وقد أسلمَ النَّفرُ من الجِنِّ». مسلم.**

1441. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: «ئۇلار (الله نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەرۋەردىگارىغا) يېقىنراق بولغىنى (ھەم ئىبادەت ئارقىلىق الله قا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)» [1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار مەبۇد قىلىۋالغان بىرقانچە جىن بولۇپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار ئۆز ئىبادەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ مۇسۇلمان بولمىدى، ئەمما ئۇ جىنلار مۇسۇلمان بولدى». [2]

**1442. وفي رواية عنه: «كان نفرٌ من الإنسِ يَعبدون نفراً من الجنِّ، فأسلَمَ النَّفرُ من الجنِّ، واستمسَكَ الإنسُ بعبادتهم، فنزلت: ﴿أُولَئِكَ الَّذِينَ يَدْعُونَ يَبْتَغُونَ إِلَى رَبِّهِمُ الْوَسِيلَةَ﴾». مسلم.**

1442. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە بىر نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئىنسانلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر جىنلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار ئىبادەت قىلغان جىنلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئىنسانلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىبادىتىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ مۇسۇلمان بولمىدى. شۇ سەۋەبتىن الله تائالا: ‹ئۇلار (الله نى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ› [3] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى». [4]

**1443. عن جابر رضي اللّه عنه، قال: خرَجَ رسولُ اللّه ﷺ على أصحابه فقرأ عليهم، سورة الرحمن، من أوَّلها إلى آخرها، فسكتوا، فقال: «لقد قرأتُها ـ سورة الرحمن ـ على الجنِّ ليلَةَ الجِنِّ، فكانوا أحسَنَ مردوداً منكم، كنت إذا أتيتُ على قوله: ﴿فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا**

---

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] سۈرە بەنى ئىسرائىل 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

تُكَذِّبَانِ﴾، قالوا: لا بشيءٍ من نعمِكَ ربنا نُكذِّبُ، فلك الحمد». أخرجه الترمذي في السنن، السلسلة الصحيحة: 2150.

1443. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ، رەھمان سۈرىسىنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەرگەن ئىدى، ساھابىلەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: «مەن بۇ سۈرىنى جىنلار بىلەن ئۇچراشقان كېچىسى (ئۇلارغا) ئوقۇپ بەرگەنىدىم، ئۇلار سىلەردىن ياخشىراق ئىپادە بىلدۈردى. مەن ھەر قېتىم الله تائالانىڭ: <(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېئمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟ >[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇلار: <رەببىمىزنىڭ نېئمەتلىرىدىن ھېچنېمىگە تانمايمىز. ئى رەببىمىز! پۈتۈن ھەمدىلەر ساڭا خاستۇر> دېيىشتى» دېدى.[2]

## ❖ جىنلارنىڭ تائامى ۋە تۇرىدىغان جايلىرىغا يامانلىق قىلماسلىق ھەم جىننىڭ ھەقلىرىدىندۇر

1444. عن أبي هريرة رضي اللّه عنه، أنه كان يَحملُ معَ النبيِّ ﷺ إداوةً لوضوئه وحاجَتِه، فبينما هو يتبعه بها، فقال: «من هذا؟»، فقال: «أنا أبو هريرة»، فقال: «ابغِني أحجاراً أستَنفض بها، ولا تأتِني بعَظمٍ ولا بِرَوثَة». فأتيتُه بأحجارٍ أحمِلُها في طرفِ ثوبي، حتى وضعتها إلى جنبِه، ثم انصرفتُ، حتى إذا فرَغَ مشيتُ، فقلتُ: «ما بالُ العظمِ والرَّوثَة؟»، قال: «هما من طعامِ الجِنِّ، وإنَّه أتاني وفدُ جِنِّ نَصِيبِين، ونِعْمَ الجِنُّ، فسألوني الزَّادَ، فدعوتُ اللّه لهم أن لا يَمُرُّوا بعَظمٍ ولا بروثةٍ إلا وجَدُوا عليها طعاماً».البخاري.

1444. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاھارەت ئېلىشى ۋە ھاجەتتىن كېيىن پاكىزلىنىشى ئۈچۈن بىر قاچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «سەن كىم؟» دەپ سورىدى، مەن: «مەن ئەبۇ ھۇرەيرە» دەپ جاۋاب بەردىم.

---
[1] سۈرە رەھمان 13 ـ ئايەت.

[2] تىرمىزى «السنن» ناملىق كىتابىدا توپلىغان، «السلسلة الصحيحة» 1120 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ: «ھاجەتتىن كېيىن پاكىزلىنىشىم ئۈچۈن تاش ئىزدىگىن، سۆڭەك ۋە تېزەك ئېلىپ كەلمىگىن» دېدى. مەن كېيىمىمنىڭ پېشىدە بىرقانچە تال تاشنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قايتىپ كەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن يولدا كېتىۋېتىپ: «سۆڭەك ۋە تېزەك نېمىشقا بولمايدۇ؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇ ئىككىسى جىننىڭ تامىقى. مېنىڭ يېنىمغا نەسىبىيىن دېگەن جايدىن بىر توپ ياخشى جىنلار كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مەندىن ئوزۇق ـ تۈلۈك سورىغاندا، مەن ئۇلار ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلدىم. ئۇلار سۆڭەك ياكى تېزەكنى ئۇچراتسا تامىقىنى تاپقان بولىدۇ» دېدى.①

1445. وعن عبد اللَّه بن مسعود رضي اللَّه عنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «أتاني داعِي الجِنِّ، فذهبتُ معَهُ، فقرأتُ عليهمُ القرآنَ». وسألوه الزَّاد، فقال: «لكُم كلُّ عَظْمٍ ذُكِرَ اسمُ اللَّه عليه يقَعُ في أيديكُم أوفَرَ لحماً، وكُلَّ بَعْرَةٍ عَلَفٌ لِدوابِّكم». فقال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَستَنجُوا بهما؛ فإنَّهما طعامُ إخوانِكُم». مسلم.

1445. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىنلاردىن بىرى مېنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بەردىم». ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ دىن ئوزۇق ـ تۈلۈك سورىغانىكەن، پەيغەمبەر ﷺ: «الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ گۆشى يېيىلگەن ھەربىر سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا گۆشى ئەڭ تولۇق ھالەتتە قايتىدۇ، ھەربىر تېزەك سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلارغا ھەلەپ بولىدۇ» دەپتۇ. كېيىن پەيغەمبەر ﷺ بىزگە مۇنداق دېدى: «شۇڭا ئۇ ئىككى نەرسىدە ئىستىنجا قىلماڭلار، چۈنكى ئۇلار قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ تائامىدۇر» دېدى.②

1446. وعنه، قال: قال رسولُ اللَّه ﷺ: «لا تَسْتَنْجُوا بالرَّوثِ ولا بالعِظامِ؛ فإنه زادُ

---

① بۇخارى توپلىغان.

② مۇسلىم توپلىغان.

إخوانِكُم من الجنِّ». صحيح سنن الترمذي: 17.

1446. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تېزەك ۋە سۆڭەك بىلەن ھاجەت ئادا قىلماڭلار! چۈنكى ئۇلار قېرىنداشلىرىڭلار بولغان جىنلارنىڭ تائامىدۇر».①

1447. وعن قتادة، عن عبد اللَّه بن سرجس، أنَّ النبيَّ ﷺ قال: «لا يبولَنَّ أحدُكم في الجُحْرِ»، قالوا: «لقتادة ما يُكرَه من البول في الجحرِ؟». قال: «يُقال إنها مساكِنُ الجنِّ». رواه أحمد، والطبراني

1447. قەتادە ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار تۆشۈكلەرگە سىيمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئېيتقاندا، كىشىلەر قەتادەدىن: «تۆشۈكلەرگە سىيىش نېمە ئۈچۈن ياخشى ئەمەس؟» دەپ سورىدى. قەتادە: «چۈنكى تۆشۈكلەر جىنلارنىڭ ياشايدىغان ئۇۋىلىرى دەپ قارىلىدىكەن» دېدى.②

❖ جىنلارنى ئۈچ كۈن ئېچىدە ئۈچ قېتىم ئىزنى سورىماي ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەش ھەققىدە

1448. عن أبي ثعلبَةَ الخُشَني رضي اللَّه عنه، عن النبيِّ ﷺ قال: «الجنُّ ثلاثَةُ أصنافٍ: فصِنفٌ لهم أجنحةٌ يطيرون بها في الهواء، وصِنفٌ حيَّاتٌ وكِلابٌ، وصِنفٌ يحِلُّون ويَظعَنون». رواه الطبراني، والحاكم، والبيهقي، صحيح الجامع: 3114.

1448. ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىن ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىر قىسىملىرىنىڭ قاناتلىرى بولۇپ، ئۇلار ھاۋادا ئۇچىدۇ؛ يەنە بىر قىسىملىرى يىلانلار ۋە ئىتلار؛ يەنە بىر قىسىملىرى چۈشىدۇ ۋە كۆچۈپ كېتىدۇ».③

1449. وعن أبي سعيد الخدري رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ بالمدينةِ جِنًّاً قد أسلَمُوا، فإذا رأيتم منهم شيئاً فآذِنُوهُ ثلاثَةَ أيَّامٍ، فإن بدا لكُم بعدَ ذلك فاقتلوه؛ فإنما هو

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.
③ تەبەرانى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

شيطانٌ». مسلم.

1449. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەدىنىدىكى جىنلار مۇسۇلمان بولدى. ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر».[1]

1450. وفي رواية عنه، عن النبي ﷺ قال: «إنَّ لهذه البيوت عَوامِرَ، فإذا رأيتم شيئاً منها فحَرِّجوا عليها ثلاثاً؛ فإن ذهَبَ، وإلا فاقتلوه؛ فإنه كافر». مسلم.

1450. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۆيلەرگە سىلەردىن باشقىلار (يەنى جىنلار)مۇ كىرىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇڭلار. ئەگەر يەنە چىقىپ كەتمىسە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇ كاپىردۇر».[2]

1451. وفي رواية: «إنَّ بالمدينة نفراً من الجِنِّ قد أسلموا، فمن رأى شيئاً من هذه العوامِرِ فليؤْذِنْه ثلاثاً، فإن بدا له بعدُ، فليقْتُلْهُ؛ فإنَّه شيطانٌ». مسلم.

1451. يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «مەدىنىدە بىر توپ جىنلار مۇسۇلمان بولدى. كىمكى بۇ ئاۋات قىلغۇچىلاردىن بىرىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم رۇخسەت بەرسۇن[3]، ئەگەر يەنە كۆرۈپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر».[4]

1452. وفي رواية عند أبي داود: «فإن رأيتم أحداً منهم، فحذِّروه ثلاثَ مرَّاتٍ، ثم إن بدا لكم بعدُ أن تقتلوه، فاقتلوه بعد الثلاث». صحيح سنن أبي داود: 4378.

1452. ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار ئۇنى ئۈچ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇنىڭدىن ئۆيدىكى ھېچبىر كىشىگە ئەزىيەت بەرمەي چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

كۆرۈپ قالساڭلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار». [1]

**❖ ئىنسان كىيىمىنى سالغاندا جىننىڭ كۆزىدىن ئىنساننى پەردىلەيدىغان نەرسە ھەققىدە**

1453. عن علي بن أبي طالب رضي اللَّه عنه، أن رسولَ اللَّه ﷺ قال: «سَتْرُ ما بينَ أعيُنِ الجِنِّ، وعوراتِ بني آدَمَ، إذا دخلَ أحَدُهُم الخلاءَ، أن يقولَ: <بِسْمِ اللَّه>». صحيح سنن الترمذي: 496.

1453. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھاجەتخانىغا كىرگەندە <بىسمىللاھ> دېيىش جىننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرى ئارىسىدا پەردە بولىدۇ». [2]

1454. وعن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه، عن النبي ﷺ قال: «سَتْرُ ما بين أعيُنِ الجنِّ وعوراتِ بني آدمَ إذا وضَعَ أحدُهم ثوبَهُ أن يقول: <بِسْمِ اللَّه>». رواه الطبراني في الأوسط، صحيح الجامع: 3610.

1454. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىننىڭ كۆزلىرى بىلەن ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرى ئارىسىدىكى پەردە، ئۇلارنىڭ بىرى كىيىمىنى سالغاندا: <بىسمىللاھ> دېيىشىدۇر». [3]

الله تائالانىڭ پەزل ـ ئېھسان قىلىشى بىلەن بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنماقچى بولغان ھەقلەر توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز تاماملاندى.

ئى الله ! بىز سىلىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بىز بىلگەن ياكى بىلمىگەن بارلىق ياخشىلىقلارنى سورايمىز، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بىز بىلگەن ياكى بىلمىگەن بارلىق يامانلىقلاردىن سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] تەبەرانى «الأوسط» ناملىق كىتابتا توپلىغان.

سىلىنىڭ بەندىلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرى بولغان مۇھەممەد ﷺ سىلىدىن سورىغان بارلىق ياخشىلىقنى سورايمىز ۋە سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن بارلىق يامانلىقلاردىن سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئى الله ! بىز سىلىدىن جەننەت ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەلنى سورايمىز، دوزاخ ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەلدىن سىلىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، سىلىدىن بىزگە پۈتكەن بارلىق قازالارنى ياخشىلاپ بېرىشلىرىنى ۋە ئۇنى توغرا يول ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرۇپ بېرىشلىرىنى سورايمىز.

الله تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت ۋە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن!

# خاتىمە

ئىسلام 1400 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا بۇ ھەقلەرنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ چاغلاردا زېمىن كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى قۇل قىلىدىغان ئادىمىي ھايۋانلارغا توشۇپ كەتكەن بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ قىزىقىش، ئارزۇ ۋە ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئالدىدا ئاجىز ئىنسانلارنىڭ نە ھۆرمىتى، نە ھەق ـ ھوقۇقلىرى بولمىغان ئىدى. نەپسى ـ خاھىش ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى تەرتىپكە سالىدىغان نە پرىنسىپ، نە قىممەت قاراش، نە قانۇن يوق ئىدى. ھەتتا ئۇلار نەپسىنىڭ تەلەپلىرى ۋە چەكتىن ئېشىشلىرىغا ئىختىيارسىز تەسلىم بولاتتى. ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ۋە قىلمىشاتقانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئەخلاقىي قىممەت قاراش يوق تۇرسا، ئىنساندا قانداقمۇ ئويلىنىش پەيدا بولسۇن؟

ئىسلام بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئېلىپ كەلگەن شۇ كۈنلەردە زېمىندا بۇتپەرەسلىك كۈچىيىۋاتقان ۋە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئىدى. شۇنىڭدەك، بۇتپەرەسلىككە قارشى چىقىش، ئۇنى ئىنكار قىلىش ئەقىلسىزلىق ۋە ئالدىراقسانلىق دەپ قارىلاتتى، ھەتتا بۇ ــ ئۇلار بىرلىككە كەلگەن قانۇن ۋە ئادەتلەردىن ئايرىلىپ چىقىش ھېسابلىناتتى.

شۇ كۈنلەردە يەنە، زېمىندا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋە چەكتىن ئېشىۋاتقان زالىملارغا ۋە مەسخىرىلىك كەمسىتىشكە قارشى ھەق ـ ھوقۇق ۋە ئادىل قىممەت قاراشلار توغرۇلۇق سۆزلىنىۋاتقان ئىدى. ئىسلام ئېلىپ كەلگەن بۇ ھەق ـ ھوقۇق ۋە قىممەت قاراشلار جانىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئىنسان قەلبىدىكى ياخشىلىق، ئادىللىق ۋە كۆيۈنۈش مەنىلىرىنى قايتىدىن يالقۇنجاتتى. شۇنىڭ بىلەن خۇددى يامغۇر سۈيى زېمىندىكى مەينەتچىلىكنى يۇيۇپ پاكىزلىغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ يامانلىق، كۇفرىلىق، پاسىقلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ئاسارەتلىرىدىن پاكلاندى. نەتىجىدە، بۇ ھەقلەر ئىنساننى ئەسلىي يارىتىلغان

ساغلام تەبىئىتىگە قايتۇردى، ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان يوشۇرۇن ياخشىلىقلارنى ۋە بۇ ھاياتتىكى غايىسىنى ئەسلەتتى.

ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا قازانغان نەتىجىلىرىنى جار سېلىشىپ، ئىسلام 1400 يىل ئىلگىرى ئېلىپ كەلگەن شۇ ھەق ـ ھوقۇق ۋە قىممەت قاراشلارنى ئېتىراپ قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن ھەمدە شۇ ھەق ـ ھوقۇقلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئىسلامدىن قېزىلغانلىقىنى قوبۇل قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، ئۇلار ئىسلامدىن ئوزۇق ئېلىۋاتىدۇ ۋە پايدىلىنىۋاتىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ ھەقلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار ۋە كۆپىنچە كىشىلەر بۇ چاقناۋاتقان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ.

بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا چوڭ بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. ھەرقانداق ئىنساپلىق ئاقىل بىر كىشى بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئويلىنىپ بېقىشى لازىم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللاردىن ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ بۇ ھەق ـ ھوقۇقلار ۋە ئېسىل قىممەت قاراشلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن نەرسە ئۆزىنىڭ سۆزى بولماستىن بەلكى الله تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيي ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمامدۇ؟

ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ خەلقئارالىق ۋە يەرلىك ئورگانلىرىنى، قولىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋاستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپمۇ، ئىنسان ھەقلىرىدىن بىرەرسىنى ياكى ئۆزلىرى تۈزگەن بىرەر قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئىجرا قىلىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ بۇ قىممەت قاراش ۋە ئەخلاقىي قانۇنلارغا ئەمەل قىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، يول ۋە كوچىلارنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرى، كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزلىرىغا مىڭلارچە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كامېرالارنى ئورنىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بۇ قىممەت قاراش ياكى ئەخلاقىي قانۇنلار

رەسمىي ئېلان قىلىنغان ھەمدە بۇلارنى ئېلان قىلىشتا خەلقئارالىق ھەيئەت ۋە تەشكىلاتلارغا تايىنىلغان بولسىمۇ، شۇ قانۇنلارغا ئەمەل قىلغۇچىلارغا قارىغاندا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆنسېرى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان، ھازىرقى زاماندىكى ئىنسانىيەت ئىگە بولغان ھەيئەت ۋە ئورگانلارنىڭ ھېچبىرىگە ئىگە بولمىغان ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ﷺ 23 يىل جەريانىدا بارلىق ھەقلەرگە، خۇسۇسەن ئىنسان ھەقلىرىگە رىئايە قىلىش ساھەسىدە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئۆزگەرتىشكە: مىليونلىغان ئىنسانىنىڭ ئەنە شۇ قىممەت قاراش ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنى ھايات رېئاللىقىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆز ئەمەللىرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا قەدەر تەتبىقلايدىغان قىلىشقا الله نىڭ ئىزنى بىلەن قادىر بولالىغان.

ئى ئىنساپلىق ئوقۇرمەن! ئەجەبا يۇقىرىدىكى پاكىتلار بۇ ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ الله نىڭ ھەقىقىي ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟! ھەمدە بۇ ساۋاتسىز پەيغەمبەرنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا ئىنسان ھەقلىرى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ پەقەت الله نىڭ ۋەھيىسى بىلەن ھەقكە مۇۋەپپەق قىلىنغان پەيغەمبەردىلا نامايان بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەمدۇ؟

مۇھەممەد ﷺ نىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىدىن شەك ۋە ئىككىلىنىشتە ياشاۋاتقان ياۋروپادىكىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم شۇكى، سىلەرگە ۋە ئىنسانىيەتكە ئەخلاقىي قىممەت قاراش ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتنى تەقدىم قىلغان بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر سىلەرنىڭ ھۆرمەت قىلىشىڭلارغا، قەدىر ـ قىممىتىنى قىلىشىڭلارغا ۋە ئۇلۇغلىشىڭلارغا لايىق ئەمەسمۇ؟ سىلەر ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قىممەت قاراش ۋە ھەق ـ ھوقۇقلاردىن ئۇزۇن زامان ئايرىلىپ ياشىدىڭلار، ھەتتا ئىنسانىيەتمۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بۇ قىممەت قاراش ۋە ھەق ـ ھوقۇقلاردىن مەنپەئەت ئېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سىلەر ئىچىڭلاردىكى ئەقىلسىزلەرگە:

«سىلەر مەسخىرە قىلىشنى ۋە ئەقىلسىزلىقنى توختىتىڭلار، سىلەر خاتالىشىپ كېتىۋاتىسىلەر، بەلكى سىلەر بۇ ئۇلۇغ ئىنساننى مەسخىرە قىلىش بىلەن جىنايەتچى بولۇۋاتىسىلەر» دېيىشىڭلار كېرەك ئىدى.

بۇ ھەقتە بۇيۈك الله تائالا راست ئېيتقان: ﴿فَإِنَّهَا لا تَعْمَى الْأَبْصَارُ وَلَكِنْ تَعْمَى الْقُلُوبُ الَّتِي فِي الصُّدُورِ﴾ «ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ)»[1].

سۆزلىرىمىزنى ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

رەببىنىڭ ئەپۇ قىلىشى ۋە رەھىم قىلىشىغا موھتاج بەندە:

ـــ ئابدۇلمۇئمىن مۇستافا ھەلىمە ئەبۇ بەسىر تارتۇسى

الله تائالا ئۇ كىشىنى، ئاتا-ئانىسىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى مەغپىرەت قىلسۇن!

كەتسەم بىر كۈن دۇنيادىن، ئۇشبۇ كىتاب قېپ قالسا،
كىتابىمنى ئوقۇغان ھەر كىمسە دۇئا قىلسا،
شۇ سەۋەبلىك ئاللاھىم ماڭا ئەيلەپ مەرھەمەت،
ئەپۇ ئېتىپ گۇناھىم، مەغپىرەت ئاتا قىلسا.

---

[1] سۈرە ھەج 46- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

